
# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(ئوتتۇرا ئەسىر قىسمى)

(2)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(ئوتتۇرا ئەسىر قىسمى)

(2)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 978-7-228-14237-8

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(ئوتتۇرا ئەسىر قىسمى)

(2)

تۈزگۈچى: ليۇ مىڭخەن

يەممەت ئېلى
تەرجىمە قىلغۇچىلار: سانىيە قەمبەر
گۈلزار نىياز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يەتتىنچى باب

# ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئافرىقا ۋە ئامېرىكا قىتئەسى

## 1 - بۆلۈم 5 - ئەسىردىن 17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى ئافرىقا

ئافرىقا تەبىئىي جۇغراپىيەلىك ۋە تارىخىي تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۆت رايونغا بۆلۈنىدۇ: سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ شىمالى، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى رايونلار شىمالىي ئافرىقىغا تەۋە؛ سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ جەنۇبى، ئېكۋاتور سىزىقىنىڭ شىمالىدىكى بىپايان بەلباغ چاد كۆلىنى چېگرا قىلغان ھالدا ئايرىم - ئايرىم شەرقىي ئافرىقا بىلەن غەربىي ئافرىقىغا تەۋە؛ ئېكۋاتور سىزىقىنىڭ جەنۇبى ئوتتۇرا جەنۇبى ئافرىقىغا (ئافرىقىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان ھىندى ئوكياندىكى ماداغاسقار ئارىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تەۋە. سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلىك ئاھالىلەر ئاساسەن تېرىسى قارا بولغان سۇدانلار بىلەن بانتۇلار بولغاچقا، ئۇ يەنە نېگىرلار ئافرىقىسى دېيىلىدۇ.

ئافرىقىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى تەكشى بولمىغان. ئوتتۇرا ئەسىر مەزگىلىدە شىمالىي ئافرىقىدىكى مىسىر بىلەن مەغرىبتە① فېئوداللىق تۈزۈم ئاللىقاچان ئورنىتىلىپ بولغانىدى؛ شەرقىي ئافرىقىدىكى

① «مەغرىب» ئەرەبچە «غەرب» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەرەبلەر مىسىرنىڭ غەربىدىكى شىمالىي ئافرىقا زېمىنىنى مەغرىب دەپ ئاتايدۇ، ئۇ ماراكەش، ئالجىرىيە، تۇنىس ۋە لىبىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سۇدان بىلەن ئېفىئوفىيەمۇ فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويغانىدى؛ غەربىي ئافرىقىدىكى سۇدان رايونى، ئوتتۇرا جەنۇبىي ئافرىقا ۋە ماداغاسقار ئارىلىدىمۇ دەسلەپكى فېئوداللىق دۆلەت قۇرۇلغانىدى؛ ئەمما غەربىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز بويلىرى، شەرقىي ئافرىقا ئىچكى قۇرۇقلۇقى ۋە جەنۇبىي ئافرىقا رايونىدا يەنە بەزى ئۇرۇقداش قەبىلىلەر ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا تۇراتتى.

## 1. مىسىر

مىسىردا فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ بارلىققا كېلىشى مىلادىيە 395 ـ يىلى ۋىزانتىيە مىسىرغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن باج ـ سېلىق ئېغىرلاشتى، مىسىرنىڭ كولونىستلىق (بېقىندى دېھقان) تۈزۈمى ۋە ھامىيلىق تۈزۈمى تېز راۋاجلاندى. ئىمپېرىيە باجگىرلىرىنىڭ شىلىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مۇستەقىل يەككە دېھقانلار يەرلىرىنى نوپۇزلۇق ئەمەلدارلارغا تەقدىم قىلىپ ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشكە مەجبۇر بولدى. 6 ـ ئەسىرگە كەلگەندە نۇرغۇن كەنتلەردىكى يەككە دېھقانلار «ھامىيلىق» قا ئېرىشكەن ئىجارىكەش دېھقانلارغا ئايلاندى. ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى، يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر ۋە كوپىت خىرىستىيان دىنى موناستىرلىرىنىڭ چوڭ يەر مۈلكى مىسىر ئىقتىسادىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى[1]. چوڭ زېمىندارلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيەسىگە ۋە ۋىزانتىيە ھاكىمىيىتى بىلەن پراۋوسلاۋىيە روھانىيلىرىنىڭ ئېزىشىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كوپىت خەلقى بىر قاتار قوراللىق قوزغىلاڭلارنى كۆتۈردى.

639 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئەرەب سەردارى ئەمىر ئىبنى ئاس ئەسكەرلىرىنى باشلاپ مىسىرغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. 642 ـ

---

[1] «سوۋېت ئىنتىپاقى ئېنسىكلوپېدىيەسى»، 9 ـ توم، 42 ـ بەت، موسكۋا 1972 ـ يىلى رۇسچە نەشرى.

www.uyghurkitap.com

يىلى ئالېكساندرىيە ئىشغال قىلىنىپ، مىسىر ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر مەمۇرىي ئۆلكىسى بولۇپ قالدى. خەلىپە ئامۇرنى باش ۋالىيلىققا تەيىنلىدى. ۋىستات (مېمفىس ئەتراپىدا) مىسىر ئۆلكىسىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولۇپ قالدى.

ئەرەبلەر مىسىرنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، مىسىردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان دەسلەپكى فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزگەرتمىدى، يەرلىك زېمىندارلارنىڭ ئىمتىيازىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزمىدى، پەقەت ئۇلاردىن باج ـ سېلىق ئالدى[①]؛ ۋىزانتىيە پادىشاھ جەمەتىنىڭ يەرلىرى، ئۆلتۈرۈلگەن ياكى قېچىپ كەتكەن زېمىندارلارنىڭ يەرلىرى ۋە ئىگىسىز قالغان ئۇنۇمسىز يەرلەر دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىندى، فىرەخلەر (دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرنى تېرىيدىغان دېھقانلار فىرەخلەر) ئالغان ھوسۇلىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئۈچتىن ئىككىسىگىچە بولغان قىسمىنى يەر بېجىغا تاپشۇراتتى؛ خەلىپە مۇسادىرە قىلىنغان يەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر، مەسچىتلەر ۋە ئەرەب كۆچمەنلىرىگە تەقسىم قىلىپ بەردى. ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر بىلەن مەسچىتلەر يەر بېجى تاپشۇرمايتتى. ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئاخۇنلار مىسىرلىق زېمىندارلارنى دوراپ قورۇق قورۇپ ئۇنى بېقىندى دېھقانلار بىلەن قۇللارغا مەجبۇرىي تېرىتقۇزۇپ، يېڭى فېئوداللارغا ئايلاندى؛ يەرگە ئىگە بولغان ئەرەب كۆچمەنلىرى ھوسۇلىنىڭ ئوندىن بىرىنى يەر بېجى ئورنىدا دۆلەتكە تاپشۇراتتى، ئۇلار ماھىيەتتە ئىجارىگە ئالغان دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئىجارىكەش دېھقانلارغا ئايلانغانىدى. ئەرەبلەر مىسىرنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر تېخىمۇ راۋاجلاندى.

مىسىرنىڭ **مۇستەقىل بولۇشى** ئەرەب ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مىسىردىكى ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى مىللىي ئېزىش ۋە دىنىي

---

① «سوۋېت ئېنتسىپاقى ئېنسىكلوپېدىيەسى»، 9 ـ توم، 42 ـ بەت، موسكۋا 1971 ـ يىلى رۇسچە نەشرى.

كەمسىتىش پرىنسىپلىرىغا سىغىپ كەتكەنىدى؛ غەيرىي مۇسۇلمانلاردىن يەر بېجىنى ناھايىتى كۆپ ئېلىپلا قالماي، يەنە غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرامىغا يەتكەن ئەرلىرىدىن مەخسۇس جان بېجى ئېلىپ، يەرلىك كوپۇتلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ۋە ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىدى. 8 ـ ئەسىردە ئەرەب تىلى ھۆكۈمەت تەرەپ ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىدىغان تىل بولۇپ قالدى. 17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە كوپۇت تىلى مىسىر خىرىستىيان دىنى مۇرىتلىرىنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەت مۇراسىملىرىدىلا ساقلىنىپ قالدى.

ئۇمەييە خانىدانلىقى دەۋرىدە خەلىپە مىسىرنى شىمالىي ئافرىقىغا قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلىدىغان تايانچ نۇقتا قىلىپ، ھەربىي خىراجەتنى تولۇقلاش ئۈچۈن باج ـ سېلىق ئارقىلىق كوپۇتلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلدى، كوپۇتلار بۇنداق ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمىدى، ئەرەب كۆچمەنلىرىمۇ ئۇنىڭ ئېغىر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى. 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئەرەب كۆچمەنلىرى ھەر قايسى جايلاردا ئىسيان كۆتۈرۈپ، كوپۇتلار بىلەن بىرلىكتە ئەرەب قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىپ، فېئوداللارنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىنى ئىگىلىۋالدى، مىسىرنىڭ كۆپ قىسمى قوزغىلاڭچى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ، ئۇمەۋىيەلەر خانىدانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى تېزلەشتى.

ئابباسىيلار خانىدانلىقى دەۋرىدىكى رەھىمسىزلىك بىلەن تالان ـ تاراج قىلىش ئەرەب كۆچمەنلىرى بىلەن كوپۇتلارنى تېخىمۇ ۋەيران قىلىپ، مىسىردا تېخىمۇ زور كۆلەملىك قوزغىلاڭ پارتلىدى. 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىسىرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئەرەب دېھقانلىرى، شەھەرلەردىكى نامراتلار، چېگرا رايونلاردىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ۋە نىل دەرياسى دېلتىسىدىكى كوپۇتلار بىرلىشىپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى تەشكىل قىلىپ، ئىجارە ھەققى ۋە باج تاپشۇرۇشقا قارشىلىق كۆرسىتىپ، باي سودىگەرلەرگە زەربە بەردى ھەمدە

815 ـ يىلى ئالېكساندرىيەنى ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋالغان ئەرەب قوزغىلاڭچى مۇساپىرلار قوشۇنى بىلەن ئۆزئارا ھەمكارلاشتى. 831 ـ يىلى خەلىپە مەئمۇن ئۆزى قوشۇن باشلاپ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇردى، كوپۇتلار تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ ئۆلتۇرۇلدى. نامرات ئەرەب خەلقى بىلەن كوپۇت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىشى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيانقى مىسىر خەلق قوزغىلىڭىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

خەلق قوزغىلىڭى ئابباسىيلار خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، مىسىرنىڭ مۇستەقىل بولۇش قەدىمىنى تېزلەتتى. 868 ـ يىلدىن 969 ـ يىلىغىچە بولغان 100 يىل ئىچىدە مىسىرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى گەرچە نامدا يەنىلا ئابباسىيلار خانىدانلىقىنىڭ باش ۋالىيسى بولسىمۇ، ماھىيەتتە مۇستەقىل پادىشاھلىق ئىدى. 969 ـ يىلدىن 1517 ـ يىلىغىچە بولغان 500 نەچچە يىل ئىچىدە مىسىر بىر مۇستەقىل ئەرەب دۆلىتىلىك ئورنىنى ساقلاپ كەلدى. 970 ـ يىلدىن 972 ـ يىلىغىچە سېلىنغان قاھىرە شەھىرى (ۋىستانىنىڭ شىمالىي ئەتراپىدا) ئۇنىڭ پايتەختى بولۇپ، تېررىتورىيەسى مىسىر، سۈرىيە، پەلەستىن ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. فاتىمە خانىدانلىقى (909 — 1171) مەغرىبكە بىر مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئەييۇبىيلار خانىدانلىقى (1171 — 1250) مېسوپوتامىيەنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىستېلا قىلدى. مەملۇكىيلەر خانىدانلىقى (1250 Mamiuk — 1517) سۇداننىڭ شىمالىي قىسمىنى ئىشغال قىلدى.

**مىسىر خەلقىنىڭ ئەھلىسەلىپ ۋە موڭغۇل قوشۇنىغا قارشى كۆرشى**

11 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە مىسىر ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقى شەرق ۋە غەرب تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۆرەش قىلدى.

1096 ـ يىلدىن باشلاپ غەربىي ياۋروپا فېئوداللىرى

ئەھلىسەلىپنىڭ شەرقتە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغاپ، سۈرىيە ۋە پەلەستىننىڭ بىر قىسىم زېمىنىنى ئىشغال قىلدى ھەمدە ئۇلارنى تايانچ نۇقتا قىلىپ مىسىر زېمىنىغا كۆپ قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ، غايەت زور بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلدى. غەربىي ئاسىيا ۋە مىسىر خەلقى تاجاۋۇزچىلارغا قايتۇرما زەربە بېرىشكە ئاتلاندى. 1098 ـ يىلى ئېدېسسا شەھىرىدىكى خەلق ئىككى قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئەھلىسەلىپنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇردى. 1113 ـ يىلى ئېرۇسالېم پادىشاھلىقىدىكى ناپلېس قەلئەسى قوزغىلاڭچى خەلق تەرىپىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل ۋەيران قىلىۋېتىلدى. 1125 ـ يىلى بېيرۇت بىلەن سىدوندا دېھقانلارنىڭ ئىجارە ھەققى ۋە باجغا قارشىلىق كۆرسىتىش قوزغىلىڭى پارتىلىدى. 1131 ـ يىلى ترىپولى بەگلىكىدىكى قوزغىلاڭچى دېھقانلار گراف پونسىنى ئۆلتۈردى. خەلق كۈرىشىنىڭ تۈرتكىسىدە مىسىرنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرىمۇ ئەھلىسەلىپنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە پائال ئىشتىراك قىلدى. ئەييۇبىيلار خانىدانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سالاھىددىن يۇسۇف ئىبنى ئەييۇب (ياۋروپالىقلار سالاھىددىن دەپ ئاتايدۇ، 1138 — 1193) ئەھلىسەلىپكە زور كۆلەمدە قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىدى. 1187 ـ يىلى 7 ـ ئايدىكى خاتتىن جېڭىدە سالاھىددىن ئەھلىسەلىپنىڭ 20 مىڭ كىشىلىك ئاساسلىق كۈچىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، ئېرۇسالېم پادىشاھىنى تىرىك تۇتتى. 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئېرۇسالېم شەھىرىنى قايتۇرۇۋالدى، ئارقىدىنلا يەنە تىرۇس، ترىپولى ۋە ئانتىيوكتىن باشقا بارلىق شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋالدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە پادىشاھلىرىنىڭ باشچىلىقىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپمۇ مەغلۇپ قىلىندى. سالاھىددىننىڭ غەلىبىسى غەربىي ياۋروپانى لەرزىگە كەلتۈردى. ئۇ ئەھلىسەلىپكە قارشى تۇرۇش قەھرىمانى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ۋارىسلىرى مىسىر خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ 5 ـ قېتىملىق

ئەھلىسەلىپنى تارمار قىلدى، 7 ـ قېتىملىق ئەھلىسەلىپنى پۈتۈنلەي يوقاتتى.

1258 ـ يىلى، ھىلاكو موڭغۇل تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنى باشلاپ باغدادنى ئىشغال قىلىپ ئاببासىيلار خانىدانلىقىنى مۇنقەرز قىلدى، داۋاملىق غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ سۈرىيەگە يۈرۈش قىلدى. ئەينى چاغدا ئەھلىسەلىپ موڭغۇل قوشۇنى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ مىسىرنى شەرق ۋە غەرب تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئالماقچى بولغانىدى، مەملۇكىيلەر خانىدانلىقى دەۋرىدىكى مىسىر ۋە غەربىي ئاسىيا خەلقى قەھرىمانلىق بىلەن كۈرەش قىلدى. 1291 ـ يىلى ئەھلىسەلىبنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تايانچ نۇقتىسى ئاقنى ھۇجۇم قىلىپ ئېلىپ، ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە قىلغان 200 يىللىق تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۈزۈل ـ كېسىل خاتىمە بەردى. 1260 — 1281 ـ يىللىرى پەلەستىن بىلەن سۈرىيە زېمىنىدا موڭغۇل قوشۇنلىرىنى ئىككى قېتىم زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى، 1300 ـ، 1301 ـ، 1303 ـ يىللىرى موڭغۇل قازانخانىنىڭ ئۈچ قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىقىنى تارمار قىلىپ، موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ غەربكە قىلغان يۈرۈشىنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلدى.

شەرق ۋە غەرب فېئوداللىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى مىسىر خەلقىنىڭ جاپالىق كۈرەش قىلىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، مىسىرنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيىتىنى قوغداپ قالدى، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولدى.

**مىسىر فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى** دۆلەتنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق. مەملۇكىيلەر سۇلتانى ناسىر تەختتىكى ۋاقتى (1299 — 1341) دا فاتىمە خانىدانلىقى دەۋرىدە ياسالغان سۇ ئىنشائاتلىرىنى ئوڭشاتتى ۋە كېڭەيتتى. ئۇ سۈرىيەدىن نۇرغۇن ئادەم يۆتكەپ كېلىپ نىل دەرياسىنىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرىدىكى توسمىلارنى

رېمونت قىلدۇرۇپ، دېلتىدىكى دەريا ئېقىنىنى راۋانلاشتۇردى، يېڭىدىن نۇرغۇن ئېرىق ـ ئۆستەڭ ۋە كۆللەرنى قازدۇردى. سۇغىرىش كۆلىمى كېڭەيگەنلىكتىن تېرىلغۇ يەر 100 مىڭ فېدان كۆپەيدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە چارۋىچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئۇرۇق تاللاش، ئوغۇتلاشنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتى زور دەرىجىدە ئاشتى. نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ ئاشلىق زاپىسى بار بولدى، دانلىق زىرائەتلەر ۋە زىغىر چەت ئەللەرگە تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ توشۇلۇپ سېتىلدى.

مىسىرنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى ئۇستىخانىلاردا ئۇستىلاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم قۇللار ئىشلەيتتى. سۇرۇپ (چىگە يىپ)، پاختا رەخت، يۇڭ توقۇلما، يىپەك (زەرلىك كىمخابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قاتارلىق توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى 11 ـ ئەسىردىلا خەلقئارادا ناھايىتى يۇقىرى شۆھرەت قازانغان بولۇپ، 14 ـ ئەسىردە ياۋروپادا تېخىمۇ بازىرى ئىتتىك تاۋارلارغا ئايلاندى. قومۇش شېكىرى، سوپۇن، ئەينەك، ساپال قاچا ـ قۇچا، مىس قاچا ـ قۇچا ۋە خۇرۇم بۇيۇملىرىنىڭ بازىرىمۇ چەت ئەللەردە ئىتتىك ئىدى.

ئۆتەڭلەر قۇرۇلۇپ، كۆۋرۈكلەر ياسىلىپ، كېمىلەر ياسىلىپ، پورتلار كېڭەيتىلگەنلىكتىن، 14 ـ ئەسىردە مىسىرنىڭ ئىچكى تاشقى سۇ ـ قۇرۇقلۇق قاتنىشى ئىنتايىن تەرەققىي قىلدى. پايتەخت قاھىرە، پورت شەھىرى ئىسكەندەرىيە (ئالېكساندرىيە) بىلەن دۇمىيات داۋاملىق گۈللەنگەندىن باشقا، ئىچكىرى رايونلاردا يەنە نۇرغۇن سودا ـ سانائەت شەھەرلىرى بارلىققا كەلدى ۋە گۈللەندى. مەسىلەن، مانسۇرە (قاھىرە بىلەن دۇمىياتنىڭ ئوتتۇرىسىدا)، كاينا، قۇس (نىل دەرياسى بىلەن قىزىل دېڭىز ئارىسىدا)، ئەسيۇت (يۇقىرى مىسىر) قاتارلىقلار. مىسىرنىڭ سودا كېمىلىرى ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى دۆلەتلەرنى قاپلىغان بولۇپ، ئۇلار ھەتتا قىزىل دېڭىز، پېرسىيە قولتۇقى ۋە

ھىندىستانلارغا يېتىپ بارغانىدى. مىسىر نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن سودا كېلىشىمى تۈزگەنىدى، قاھىرە، ئىسكەندەرىيە ۋە دۇمياتلاردا چەت ئەللىك سودىگەرلەر سالغان راباتلار ۋە ئامبارلار بار ئىدى. مىسىرنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سودىسى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە جانلانغانىدى.

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى مىسىرغا غايەت زور كىرىم ئېلىپ كىردى. 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىسىرنىڭ يىللىق باج كىرىمى 4 مىليون 257 مىڭ دىنار① غا يەتتى. ھۆكۈمرانلار بۇنداق مول بايلىق مەنبەسىدىن پايدىلىنىپ، قۇللارنى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى مەشىق قىلدۇرۇپ مەملۇك مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى (قۇللار قوشۇنى) قۇردى. بۇنداق قوشۇننىڭ ئادەم سانى ئەييۇبىيلار خاندانلىقىدا ئاز دېگەندىمۇ 10 مىڭغا، كۆپ دېگەندىمۇ 25 مىڭغا يەتكەن بولۇپ، مەملۇكىيلەر خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئومۇمىي سانى 40 مىڭغا يەتكەنىدى.

مىسىرنىڭ قۇدرەتلىك قوشۇنى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۈزۈكسىز كېڭىيىۋاتقان بيۇروكرات ئورگىنىمۇ بار ئىدى. شۇڭا، 10 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە مىسىردا قۇدرەتلىك مەركىزىي ھاكىمىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. مەملۇكىيلەر خاندانلىقىنىڭ بيۇروكرات ئورگانلىرى ھەربىيلەشكەن بولۇپ، سۇلتاندىن تارتىپ ھەر دەرىجىلىك مەنسەپلەرنى مەملۇك مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ چوڭ ـ كىچىك كاتتىباشلىرى ئۆستىگە ئالغانىدى، بۇنداق ھەربىي ـ مەمۇرىيەت بىر گەۋدىلەشكەن تۈزۈم دۆلەت ئاپپاراتىنى مىسلىسىز كۈچەيتتى.

11 ـ ئەسىردىن بۇرۇن مىسىرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم يېرى دۆلەت ئىلكىدە ئىدى. 11 ـ ئەسىردە، فاتىمە خاندانلىقى دۆلەت

---

① دىنار (Dinar) ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ تىللاسى، دەسلەپ 696 ـ يىلى قۇيۇلغان، كېيىن ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپالارغا تارقالغان.

ئىلكىدىكى نۇرغۇن يەرنى ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان سەركەردىلەرگە ئىكتا[1] قىلىپ بەردى. كېيىن ئەييۇبىيلار خاندانلىقى بىلەن مەملۇكىيلەر خاندانلىقىمۇ يەرلەرنى ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلارغا كەڭ كۆلەمدە تەقسىم قىلىپ بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نوپۇزلۇق ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەرلەرنى قوشۇۋېلىشى ۋە يۇتۇۋېلىشى تۈپەيلىدىن مىسىردىكى يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى شەخسلەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتتى. دەسلەپتە ئىكتاغا ئېرىشكەن چوڭ ـ كىچىك فېئوداللار ئىكتادىن ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەشنىڭ ھەققىي سۈپىتىدە ئىجارە ھەققىنى يىغىۋالاتتى ھەمدە ئىكتاغا پەقەت ھايات چېغىدىلا ئىگىدارلىق قىلاتتى، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن يەرنى دۆلەت قايتۇرۇۋالاتتى؛ بىراق 12 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئادەتتە ئىكتاغا ۋارىسلىق قىلىشقا بولىدىغان بولدى؛ 13 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىكتا مىراسلىق خوجىلىق زېمىنغا ئايلاندى. مەملۇك مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئاتامانلىرى ئىكتاغا ئىگە بولغاندىن كېيىن ھەم قوشۇنغا، ھەم يەرگە ئىگە چوڭ فېئوداللارغا ئايلاندى. 14 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئۇلار خوجىلىق زېمىنلىرىدا خۇددى مۇستەقىل بەگلىكلەرگە ئوخشاش مەمۇرىي ۋە ئەدلىيە جەھەتتە كەچۈرۈم قىلىنىش ھوقۇقى بىلەن يەر ئىجارىسىنىڭ ھەققىنى خالىغىنىچە ئېلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولدى[2]. بۇ مەركىزىي ھاكىمىيەتنى ئاجىزلاشتۇرۇپلا قالماي، فېئودال تەپرىقىچىلىكنى كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.

فېئوداللىق چوڭ يەر ئىگىدارلىق تۈزۈمىنىڭ تەرەققىي

---

① ئەرەبلەرنىڭ يەر تۈزۈمى بولۇپ، ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئەسكەرلەرگە ئىنئام قىلىنغان يەر «ئىكتا» دېيىلەتتى، بۇ غەربىي ياۋروپادىكى سۇيۇرغال يەرگە ئوخشايدۇ.

② «سوۋېت ئىتتىپاقى ئېنسىكلوپېدىيەسى»، 9 ـ توم، 43 ـ بەت، موسكۋا 1972 ـ يىلى، رۇسچە نەشرى.

قىلىشغا ئەگىشىپ، فېئوداللار ئوتتۇرىسىدا ئىچكى نىزالار يۈز بېرىپ ئۇرۇش ـ يېغىلىقلار توختىمىدى، سۇ ئىنشائاتلىرىنى رېمونت قىلىش تاشلىنىپ قالدى، يەرلەر قاقاسلىشىپ كەتتى كەينى ـ كەينىدىن ئاچارچىلىق، ۋابا پەيدا بولدى. ئىكتا غوجايىنلىرىنىڭ ۋەھشىيلەرچە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى، سۇلتان ھۆكۈمىتىنىڭ زورلۇق بىلەن ئالۋان ـ ياساق سېلىشى تۈپەيلىدىن خەلق جېنىنى ساقلاپ قېلىشقا ئامالسىز قالدى. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۈزۈكسىز پارتلىغان خەلق قوزغىلىڭى باستۇرۇلدى، مىسىرنىڭ ئىقتىسادىمۇ زاۋاللىققا يۈزلەندى. مەملۇكىيلەر خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى مىسىر بىلەن سۈرىيەنىڭ نوپۇسى مەملۇكىيلەر خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىنىڭكىنىڭ ئۈچتىن بىرىچىلىكىلا قالدى. يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، قىزىل دېڭىز بىلەن ھىندى ئوكياندا قاتنايدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ كېمىلىرى دائىم ھۇجۇمغا ئۇچرىغاچقا، شەرق ـ غەرب سودا يولى مىسىردىن ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالدى، شۇڭا چېگرادىن ئۆتۈش بېجىدىن كۆپلەپ كىرىدىغان كىرىم ئۈزۈلۈپ قالدى، دۆلەت تېخىمۇ نامراتلاشتى، خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتى چېكىگە يەتتى.

**مىسىر مەدەنىيىتى** فاتىمە خاندانلىقىدىن باشلاپ مىسىرنىڭ مەدەنىيىتى گۈللەندى. 972 ـ يىلى قاھىرەدە سېلىنغان ئەزھەر مەسچىتى تەرەققىي قىلىپ 1005 ـ يىلى ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئايلاندى. غايەت زور كۇتۇپخانا سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا 200 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ساقلانغانىدى، بۇ بىلىم يۇرتىدا يەنە نۇرغۇن ئىنستىتۇتلار تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مەشھۇر ئۆلىمالار تۈرلۈك دەرسلەرنى ئۆتەتتى. ئوقۇغۇچىلار ئىسپانىيە، شىمالىي ئافرىقا، سۈرىيە، ئىراق ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن كېلەتتى. قاھىرە ئەينى چاغدا ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغانىدى. فاتىمە خاندانلىقى بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىنى قۇرۇشتا شىئە مەزھىپىنى تەشۋىق قىلىپ ئەسلى

خەلىپىلىكنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغانىدى، بىراق ئەزھەر باغداد مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى. نۇرغۇن مەشھۇر ئۆلىمالار ۋە تېۋىپلارنى يېتىشتۈردى، مول مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇردى.

ئاسترونومىيە ۋە ئوپتىكا ئىلمى جەھەتتە مىسىرلىق ئالىملار كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. ئەلى ئىبىن يۇنۇس (1009 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەڭ مەشھۇر ئاسترونوم بولۇپ، ئۇ ئاسمان گىلوبۇسى بىلەن ئازىموت چەمبىرىكىدىن پايدىلىنىپ ئەمەلىي ئۆلچەش نەتىجىسىگە ئاساسەن تۈزگەن ھاجى كالىپنىدارى ئەينى چاغدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان كالىپنداردىن توغرا ئىدى. سۈڭ ۋە يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە ھاجى كالىپندارى جۇڭگوغا تارقالغان بولۇپ، جۇڭگولۇق ئاسترونوم گو شۇجىڭغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئەل ھەسەن ئىبنى ئەل ھېيسام (ياۋروپالىقلار ئۇنى ئەل ھارىن دەيدۇ، تەخمىنەن 965 — 1039) بىر تېۋىپ بولۇپ، ئۇ پەلسەپە، ماتېماتىكا، ئوپتىكا، تېبابەتچىلىك ۋە ئاسترونومىيەگە ئائىت 100 دىن ئارتۇق ئەسەر يازغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ «كىتابۇ ئەل ماناسىر» ناملىق ئوپتىكا ئىلمىگە ئائىت ئەسىرى ئەڭ مەشھۇر بولۇپ، 1573 ـ يىلى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنىپ «ئوپتىكا قامۇسى» دەپ ئاتالغان. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوپتىكا ئىلمىگە ئائىت بارلىق ئەسەرلەر پۈتۈنلەي دېگۈدەك مەزكۇر كىتاب ئاساسىدا يېزىلغان. روگېرباكۇن، لىئوناردو داۋىنكى، جون كىبىرلار ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

12 ـ ۋە 13 ـ ئەسىردە مىسىردا نۇرغۇن مەشھۇر كۆز كېسەللىكلىرى تېۋىپلىرى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار كۆزگە چۈشكەن ئاقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالىغان. 1289 ـ يىلى دەمەشقتە ۋاپات بولغان ئىبىن ئەل نافىس ئەينى زاماندىكى مەشھۇر تېۋىپ بولۇپ، ئۇ «تېبابەتچىلىك قانۇنى» توغرىسىدا ئىزاھلار ناملىق ئەسىرىدە قان ئايلىنىشنىڭ

روشەنلىك ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ بايقاش ئىسپانىيەلىك سىرۋېتنىڭكىدىن 300 يىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

مىسىردا نۇرغۇن تارىخىي ئەسەرلەر يېزىلغان. ماكرىزى (1364 ـ 1442) مىسىر تارىخشۇناسلىقىنىڭ پىرى دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ 3000 بەتلىك «خانلىق تارىخىنىڭ يەشمىسى» ناملىق ئەسىرى قىممەتلىك تارىخىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. «مىڭبىر كېچە» ناملىق ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇسخىسىنى مىسىرلىق مەدداھلار 15 ـ ئەسىردە تۈزۈپ چىققان بولۇپ، بۇنىڭغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھلىسەلىپكە قارشى قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر قوشۇلغان («ئالايلۇق»، «چەۋەنداز»)①.

**تۈركىيەنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى** 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈركىيە مىسىرغا زور كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. 1516 ـ يىلىدىكى ھەلەب جېڭىدە تۈركىيە قوشۇنى مەملۇك قوشۇنىنى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، سۈرىيەنى ئىشغال قىلدى. 1517 ـ يىلىدىكى قاھىرە جېڭىدە تۈركىيە قوشۇنى يەنە غەلىبە قىلىپ مەملۇكىيلەر خانىدانلىقىنى مۇنقەرز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مىسىر ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر مەمۇرىي ئۆلكىسى بولۇپ قالدى.

ئوسمان ئىمپېرىيەسى مىسىردا ھەربىي ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويدى، سۇلتاننىڭ ۋاكالەتچىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن باش ۋالىي ئىقتىساد، سىياسىي، ھەربىي ئىشلاردىن ئىبارەت چوڭ ھوقۇقلارنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، مىسىردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلار ۋە ئەمەلدارلارغا تايىنىپ مىسىر خەلقىنى تالان ـ تاراج قىلدى. پۈتكۈل يەر ـ زېمىن سۇلتانغا تەۋە بولۇپ، مەسچىتلەرنىڭ يەر مۈلكىدىن باشقا يەرلەردىن يەر بېجى ئېلىناتتى. ئۇنىڭ بىر قىسمىنى باش ۋالىي ئىستانبۇلدىكى

① «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، ئىنگلىزچە نەشرى، 1 ـ توم، 362 ـ بەت، 1960 ـ يىلى.

خەزىنىگە تاپشۇراتتى. بۇ چاغدا، مەملۇك فېئودالىرى گەرچە ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان ھەمدە باش ۋالىيغا ئۇلپان تاپشۇرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مەملىكەت يېرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا ئىگىدارلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىدىن يەنىلا بەھرىمەن بولغان ھەمدە ھەر قايسى ئايماقلارغا ئايماق بېگى بولۇپ تەيىنلىنىپ، تۈركىيەنىڭ مىسىر خەلقىنى ئېزىشتىكى قۇلدارلىق رولىنى ئوينىغانىدى. 1600 - يىلىدىن باشلاپ، تۈركىيەنىڭ مىسىردىكى ھۆكۈمرانلىقى تەۋرىنىپ قالدى، باش ۋالىينىڭ ئابرۇيى چۈشۈپ كەتتى، مەملۇك فېئودالىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇلار ئۆز - ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، بىر - بىرى بىلەن تالاش - تارتىش قىلىشىپ، مىسىرنى چاك - چېكىدىن پارچىلىۋەتتى.

تۈركىيە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە مىسىر دېھقانلىرى ئىنتايىن پاجىئەلىك يانچىلىق ئورنىدا ياشايتتى، ئىجارە ھەققىنى تۆلىيەلمىگەنلەر قاتتىق جازاغا تارتىلاتتى، قاچقانلار ھەممىشە دەررە ئاستىدا ئۆلۈپ كېتەتتى، ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەر بىلەن ئۇششاق تىجارەتچىلەردىن ئىنتايىن ئېغىر ئالۋان - ياساق ئېلىنىپ شىلىۋېلىناتتى.

باش ۋالىيلىقنى پارا بېرىپ قىسقا مۇددەتلىك بولسىمۇ سېتىۋالغىلى بولاتتى، تۈركىيە مىسىرغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 280 يىل ئىچىدە 100 نەپەر باش ۋالىي ئالماشتۇرۇلدى. ھەر بىر باش ۋالىي ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغاندا خەلقنى شىلىۋېلىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ئوڭشاتمىغانىدى، كەينى - كەينىدىن يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر پەيدا بولۇپ، 1619 - يىلى 500 مىڭ ئادەم ۋابا كېسىلى تۈپەيلىدىن ئۆلدى. تارىخشۇناس سىھاج مۇنداق دەپ يازغان: قاھىرەدىكى دۇكانلارنىڭ كۆپىنچىسى تاقالدى. پەقەت كېپەنلىك ساتىدىغان دۇكانلارلا

كېچە ـ كۈندۈز دېمەي تىجارەت قىلاتتى[1]. 1643 ـ يىلىدىكى ۋابا كېسەللى تۈپەيلىدىن 230 كەنت چۆلدەرەپ قالدى. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مىسىرنىڭ نوپۇسى 6 مىليون ئىدى، 18 ـ ئەسىردە نوپۇسى 2 مىليون 500 مىڭدىن 3 مىليونغىچە قالدى. 18 ـ ئەسىردىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلات مىقدارى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكىسىنىڭ تۆتتىن بىرىگىمۇ يەتمەيتتى، ئاز ساندىكى چوڭراق سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنى تۈركلەر ئىگىلىۋالدى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك زاۋاللىققا يۈزلەندى. سودا كاساتلاشتى، قاھىرە ۋە ئىسكەندەرىيە مىسىر، سۇدان ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبى ئارىسىدىكى ئاز مىقداردىكى سودىنى ساقلاپ قالالىغان بولۇپ، ئادەملەر ئازىيىپ، بازارلار چۆلدەرەپ قالدى. تۈركىيەنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، مىسىر دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى زادىلا توختاپ قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەممىنى تۈركىيە باستۇرۇپ تاشلىدى.

## 2. مەغرىب

**8 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى مەغرىب** مەغرىبنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئاھالىلىرى بېربېرلەر بولۇپ، ئۇلار يەنە موئورلار دەپ ئاتالغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 814 ـ يىلىدىن مىلادىيە 439 ـ يىلىغىچە فىنىكلار بىلەن رىملىقلار بۇ يەردە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مۇستەملىكە تايانچ پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، بېربېرلەر دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلىپ، بېربېرلەرنى قۇل قىلدى. بېربېرلەر قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئېزىشىگە قارشىلىق كۆرسىتىپ ئالدىنقىسى يىقىلسا، كېيىنكىسى ئىز بېسىپ كۈرەش قىلدى.

429 ـ يىلى، گېرمانلار ۋاندالالارنى باشلاپ شىمالىي ئافرىقىغا كىرگەن بولۇپ، 439 ـ يىلى كارفاگېنىنى

[1] ھىتى: «ئەرەب ئۇمۇمىي تارىخى»، 3 ـ قىسىم، 861 ـ بەت، سودا باسمىخانىسى 1979 ـ يىلى نەشرى.



www.uygurkitap.com

بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى پايتەخت قىلغان فېئوداللىق دۆلەت قۇردى. 534 ـ يىلى ۋىزانتىيە ۋانداللار پادىشاھلىقىنى مۇنقەرز قىلدى. ۋانداللار مۇسادىرە قىلغان رىم قۇلدارلىرىنىڭ زېمىنلىرى ئەسلىي ئىگىسىنىڭ ئەۋلادلىرىغا قايتۇرۇپ بېرىلدى، بېربېرلەرنىڭ ئۇنۇملۇك يەرلىرىنى ۋىزانتىيەنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئىگىلىۋېلىپ، قايتىدىن قۇللار قورۇقلىرىنى قۇردى. بېربېر دېھقانلىرىمۇ قۇللارغا ياكى يېرىم قۇل سانىلىدىغان كولونىست (بېقىندى دېھقان)لارغا ئايلاندى. بېربېر خەلقى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىگە قەتئىي قارشى تۇردى. 536 ـ يىلدىن باشلاپ ئۈزلۈكسىز تۇردە كەڭ كۆلەملىك خەلق قوزغىلىڭى پارتلاپ، ۋىزانتىيەنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقى تەۋرىنىپ قالدى.

642 ـ يىلى كۈزدە مىسىرنىڭ باش ۋالىيسى ئەمىر ئىبنى ئاس باركا شەھىرىنى ئىگىلەپ، سىرېنايكانى پايتەختى قىلدى. 644 ـ يىلدىن 665 ـ يىلغىچە ئەرەبلەر تۇنىسقا ئىككى قېتىم لەشكەر تارتىپ، ۋىزانتىيە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، ۋىزانتىيەنىڭ باش ۋالىيسىنى ئۆلتۈردى. 670 ـ يىلى ئەرەب سەردارى ئەكبەر يىفرىگىيە (تۇنىس رايونى)نى پايتەخت قىلغان كايرۇۋان شەھىرىنى بەرپا قىلدى. 681 ـ يىلى ئەكبەرنىڭ قوشۇنى ئاتلانتىك ئوكيان قىرغىقىغىچە يېتىپ باردى. بۇ چاغدا ۋىزانتىيەنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ بېربېر قەبىلىلىرى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىنى بۇزۇپ، توقۇنۇش پەيدا قىلدى ھەمدە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كارفاگېننى قايتۇرۇۋالدى. 698 ـ يىلى يىفرىگىيەنىڭ باش ۋالىيسى ھەسەن ئىبنى ئامان كارفاگېننى قايتىدىن ئىشغال قىلىپ يېڭى شەھەر تۇنىسنى سالدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋىزانتىيە فلوتىنى يوقىتىپ، مەغرىبنى ئاساسەن بويسۇندۇردى. 702 ـ يىلى، ئۇ بېربېر قەبىلىلىرىنىڭ قارشىلىقىنى باستۇردى. 710 ـ يىلى، ۋىزانتىيەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تايانچ پونكىتى تانگېرنى ئىشغال

قىلىپ، مەغرىبنى پۈتۈنلەي بويسۇندۇردى. ئەرەبلەر بېربېرلەر ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى، بېربېرلەرنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلدى. 711 ـ يىلىدىن 714 ـ يىلىغىچە بېربېرلەردىن تەركىب تاپقان قوشۇن ئىبېرىيە يېرىم ئارىلىدىكى غەربىي گوت پادىشاھلىقىنى بويسۇندۇردى.

ئەرەبلەر ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى يانتاياق بولغان فېئودال كۈچلەرنى تازىلىدى، ئىسلام دىنىنىڭ يەرگە دۆلەت ئىگىدارلىق قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، يەرگە ئىگىدارلىق قىلغۇچىلاردىن يەر بېجى ئېلىپ، مەغرىبتە فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنى قايتا ئورناتتى ھەمدە يېتەكچى ئورۇنغا ئىگە قىلدى. ئەمما بېربېرلەر ئارىسىدا ئۇرۇقداشلىق تۈزۈم ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، دېڭىز بويى ۋە تۈزلەڭلىكلەردە ئولتۇراقلاشقان دېھقانلار ئارىسىدا قەبىلە تەشكىلى ساقلىنىپ قالغانىدى، تاغلىق رايون ۋە بوستانلىقلاردىكى قەبىلىلەر ئارىسىدا بولسا ئۇرۇقداشلىق تۈزۈم ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى، بۇ مەغرىبنىڭ ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ باشقا رايونلىرىغا ئوخشىمايدىغان بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى. فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ قۇللۇق تۈزۈمنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشى مەغرىبنىڭ تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى بىر ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ، بىراق فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە ۋە مىللىي ئېزىش بېربېرلەرنى يېڭى ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار قىلدى. ئەرەب باش ۋالىيسى بېربېرلەردىن خىلمۇ خىل باج ـ سېلىقلارنى ئېلىپلا قالماي، يەنە تېخى يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلار ۋە غەيرىي مۇسۇلمانلارنى ئوخشاشلا جان بېجى تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلايتتى، شۇڭا مەغرىب خەلقىنىڭ ئەرەب ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۈزۈكسىز داۋاملاشتى.

739 ـ يىلى، ماراكەشنىڭ شىمالىي رايونىدا باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى ئۆزىنى ئۆزى خەلىپە دەپ ئاتىدى، قوزغىلاڭچىلار

تانگېر قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرنى ئىگىلىدى، 740 ـ، 742 ـ يىللىرى ئەرەب قوشۇنلىرىنى ئىككى قېتىم مەغلۇپ قىلدى. 788 ـ يىلى، ئەرەب ئاقسۆڭەك ئىدرىس بىن ئابدۇللا بېربېر قەبىلىلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ماراكەشنىڭ شىمالىدا مۇستەقىل فېئوداللىق دۆلەت — ئىدرىس خاندانلىقىنى قۇردى.

755 ـ يىلى، تۇنىسنىڭ جەنۇبىدىكى ۋە نېۋشا تېغىدىكى قوزغىلاڭچى قەبىلىلەر كايىرووۋان شەھىرىنى، يىفرىگىيە ۋە ترىپولىتانىيەنى ئىگىلىدى. 761 ـ يىلى ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ قوشۇنى كايىرووۋاننى ئىگىلىدى، قوزغىلاڭچى قەبىلىلەر ئوتتۇرا مەغرىبكە يۆتكەلدى. 776 ـ يىلى ياكى 778 ـ يىلى قوزغىلاڭچىلار ئاتامان ئىبىن رۇستەمنى ئىمام قىلىپ تىكلەپ، تاھېرت (تىئارېت ئەتراپىدا)نى پايتەخت قىلىپ رۇستەم خاندانلىقىنى قۇردى. بۇ خاۋارىجلارنىڭ ئەقىدىسى بويىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دۆلەت ئىدى. 800 ـ يىلىدىن باشلاپ، مەغرىبنىڭ باش ۋالىيلىق ۋەزىپىسىگە ئەگرەب جەمەتى ۋارىسلىق قىلدى. گەرچە نامدا ئۇلار يەنىلا ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ خەلىپىسى تەيىنلىگەن باش ۋالىيلار بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شەرقىي مەغرىبنىڭ مۇستەقىل پادىشاھلىرى بولۇپ قالغانىدى.

**مەغرىبتىكى فېئودالىق چوڭ يەر ئىگىدارلىق تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتى**

9 ـ ئەسىردە، مەغرىب رايونىدا فېئودالىق چوڭ يەر ئىگىدارلىق تۈزۈمى تەرەققىي قىلدى. ئىدرىس خاندانلىقى (788 — 985) بىلەن ئەگرەب خاندانلىقى (800 — 909) نىڭ پادىشاھلىرى يەرلەرنى خان جەمەتى ۋە بيۇروكراتلارغا باشتا مائاش يېرى سۈپىتىدە ئىنئام قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەرلەر ناھايىتى تېزلا مىراسلىق خوجىلىق زېمىنلارغا ئايلىنىپ، مەغرىبنى تېخىمۇ پارچىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندۈردى. 828 ـ يىلى، ئىدرىس II ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى ھەر قايسى شاھزادىلەرنىڭ سۇيۇرغاللىقىغا ئايلاندى، پەقەت چوڭ

شاھزادە پادىشاھ دېگەن نامىلا ساقلاپ قالدى. 909 ـ يىلى، شىئەلەر خەلق قوزغىلىڭىدىن پايدىلىنىپ، ئەغلەب خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، فاتىمە خاندانلىقىنى قۇرۇپ، مەغرىبنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئەمما 973 ـ يىلى فاتىمە خاندانلىقىنىڭ پايتەختى قاھىرەگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، مەغرىبكە ھۆكۈمرانلىق قىلغان زىرى خاندانلىقى (973 — 1156) يەنە نۇرغۇن يەرنى خان جەمەتى ۋە ئۇنىڭ شىرەم تۇغقانلىرى بىلەن چوڭ ئەمەلدارلار ۋە ئېسىلزادىلەرگە ئىنئام قىلدى، سۈيۈرغال يەرگە ئىگە بولغۇچىلارنىڭ بىرى ئوتتۇرا مەغرىبتە كالا شەھىرىنى پايتەخت قىلغان ھەمماد خاندانلىقى (1008 — 1152) نى قۇردى. مەغرىبتە فېئوداللىق چوڭ يەر ئىگىدارلىق تۈزۈمى تېخىمۇ راۋاجلاندى.

11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەرەب كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرىدىن ھىلاللار بىلەن سۇلايملار يىفرىگىيەگە كەڭ كۆلەمدە بېسىپ كىرىپ، مەغرىبتە بىر خىل يېڭىچە فېئودالىق چوڭ يەر ئىگىدارلىق تۈزۈمى — مەھزىن قەبىلە يېرى تۈزۈمى پەيدا بولدى. ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان بەگ ـ تۆرىلەر ئىچكى ماجىرا يۈز بەرگەندە دائىم ئەرەب قەبىلىلىرىدىن ياردەم سورايتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پادىشاھقا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىشىنى شەرت قىلىپ، چوڭ ـ چوڭ زېمىنلىرىنى ئۇلارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى. سۈيۈرغال يەرگە ئېرىشىپ ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان بۇنداق قەبىلىلەر مەھزىن قەبىلىسى دېيىلەتتى. مەھزىن قەبىلىلىرىنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى ھەم يەرگە، ھەم ھەربىي قوشۇنغا ئىگىدارلىق قىلىدىغان كۆچمەن چارۋىچى ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرگە ئايلاندى. مەھزىن قەبىلىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر بولۇپ، ئۇلار يەرلىرىنى ئۆز قەبىلىسىدىكىلەر ماللىرىنى ئەركىن ئوتلىتىدىغان ئوتلاققا ئايلاندۇردى، نەتىجىدە دەل ـ دەرەخلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، تېرىلغۇ يەرلەر

تارايدى. 10 ـ ئەسىردە گۈللىنىشكە باشلىغان دېھقانچىلىق يەنە زاۋالىلىققا يۈزلەندى. مەھزىن قەبىلىلىرىنىڭ زېمىنى 16 ـ ئەسىرگە قەدەر مەغرىبتە يەنىلا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى.

فېئودالىلىق چوڭ يەرگە ئىگىدارلىق قىلغۇچىلار، بولۇپمۇ كۆچمەن چارۋىچى ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچى ئۈزۈكسىز زورايدى، تەپرىقىچىلىك ئېغىرلاشتى، خاندانلىقلار تېخىمۇ كۆپ ئالماشتى، خەلق قوزغىلىڭى ئۈزۈكسىز پارتلىدى، بۇلار مەغرىب تارىخىنىڭ بىر روشەن ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

**ئەلموھاد خاندانلىقىنىڭ مەغرىبنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى** 11 ـ ئەسىردە ماراكەش رايونىدا زور كۆلەملىك خەلق قوزغىلىڭى پارتلىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىرى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ شەھۋەتپەرەسلىكى، چىرىكلەشكەنلىكىنى ئېچىپ تاشلىدى، ئۇلارنى ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلدى دەپ ئەيىبلەپ، ئېتىقادنىڭ ساپلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ، خەلقنى ئىسلام دىنىغا ئاسىيلىق قىلغان فېئوداللار ۋە يات دىنى مۇرىتلارغا قارشى «غازات قىلىش» قا چاقىردى. 1061 ـ يىلى يۇسۇف ئىبنى تاشغىن (1061 — 1106 ـ يىللار) ھەربىي فېئودالىلىق ئىلاھىي ھاكىمىيەتلىك دۆلەت ئەلموراۋىد خاندانلىقىنى① قۇرۇپ، 1063 ـ يىلى بەرپا قىلىنغان ماراكەش شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى. ئۇ خەلق قوزغىلىڭىدىن پايدىلىنىپ ماراكەش ۋە ئالجىرىيەنىڭ غەربىي رايونلىرىدىكى فېئودالىلىق تەپرىقىچى ھاكىمىيەتلەرنى يوقاتتى. 11 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا، يەنە ئىبېرىيە يېرىم ئارىلىغا ئىككى قېتىم لەشكەر تارتىپ، تېررىتورىيەسىنى ئىسپانىيەنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىي رايونلىرىغىچە كېڭەيتتى.

---

① ئەسلىدە «ئەلمورابىت» بولۇپ، يات دىنىي مۇرىتلارغا قارشى تۇرغۇچى جەڭچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئىسپانلار «ئەلموراۋىد» دەپ تەلەپپۇز قىلغان، كېيىن بۇ نام يېڭى خاندانلىقنىڭ نامى بولۇپ قالغان.

ئەلموراۋىد خاندانلىقىنىڭ سەردارلىرى ۋە دىنىي ئاقساقاللىرى ھۆكۈمرانلارنىڭ قولىدىن يەر مۈلكىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن يېڭى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرگە ئايلىنىپ، خەلقنى شەپقەتسىزلەرچە ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى. شۇڭلاشقا، بۇ دۆلەت قۇرۇلۇپ 50 يىلغا يەتمەيلا ماراكەش رايونىدا خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. يېڭى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى مۇھەممەد ئىبن تۇرمات 12 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بارغاندى، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى مەھدىي دەپ ئاتاپ، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى، 1129 - يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ شاگىرتى ئابدۇل مۆمىن ئۆزىنى ئۆزى خەلىپە دەپ ئاتاپ، قوراللىق كۈرەشكە داۋاملىق رەھبەرلىك قىلدى. 1146 - يىلى، قوزغىلاڭچىلار ئەلموراۋىد خاندانلىقىنىڭ ئىسپانىيەدىكى زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلدى، 1147 - يىلى ماراكەش شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ ئەلموھاد خاندانلىقى (1147 — 1269) نى قۇردى. 1152 - يىلى ھەمماد خاندانلىقىنىڭ بەجە يەدىكى قالدۇقلىرىنى يوقاتتى، 1160 - يىلى نورمانلار 1148 - يىلىدىن بۇيان ئىشغال قىلىۋالغان تۇنىسنىڭ دېڭىز بويىدىكى شەھەرلىرىنى قايتۇرۇۋالدى، شەرقىي مەغرىبتىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنى يوقىتىپ، مەغرىبنى بىرلىككە كەلتۈردى.

ئەلموھاد خاندانلىقى خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە بىر قۇدرەتلىك قۇرۇقلۇق قوشۇنى ۋە دېڭىز فلوتىنى قولىدا تۇتۇپ تۇردى. 1196 - يىلى ئىسپانىيەنىڭ خىرىستىيان چەۋەندازلار قوشۇنىغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، ئىسپانىيەنىڭ قولدىن كەتكەن زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ھەرىكىتىنى ئۇڭۇشسىزلىققا ئۇچراتتى. مەغرىبنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن ئىقتىساد بىر مەھەل ئەسلىگە كېلىپ ۋە گۈللىنىپ، ئاندا لۇتسىيەنىڭ ئىقتىسادى قايتىدىن گۈللەندى.

فېئوداللىققا قارشى خەلق قوزغىلىڭلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى، فېئوداللىق تەپرىقىچىلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى، خان جەمەتىدە ھوقۇق تالىشىش نىزالىرىنىڭ يۈز بېرىشى تۈپەيلىدىن ئەلموھاد خاندانلىقى ئاخىر بارا ـ بارا زەئىپلەشتى ھەمدە 1269 ـ يىلى مۇنقەرز بولدى.

ئەلموھاد خاندانلىقىنىڭ خارابىسى ئۈستىدە مەغرىبنىڭ شەرقىدە تۇنىس شەھىرىنى پايتەخت قىلغان ھەفس خاندانلىقى (1236 ـــ 1574)، مەغرىبنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا تىرىمسېننى پايتەخت قىلغان ئابدۇۋاد خاندانلىقى (1235 ـــ 1554)، مەغرىبنىڭ غەربىدە فېسنى پايتەخت قىلغان مارىن خاندانلىقى (1248 ـــ 1554)دىن ئىبارەت ئۈچ فېئودال خاندانلىق قۇرۇلدى. ھەفس خاندانلىقى بىلەن مارىن خاندانلىق كۈچلۈكرەك، ئابدۇۋارد خاندانلىقى ئاجىزراق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار 300 يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئۇلار بۈگۈنكى مەغرىبتىكى ئۈچ دۆلەت، يەنى تۇنىس، ئالجىرىيە، ماراكەشنىڭ ئاساسىنى ھازىرلاپ بەردى.

مەغرىب مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ داڭلىق ۋەكىلى ـــ مەشھۇر تارىخشۇناس، مۇتەپەككۇر ئىبنى خەلدۇن (1332 ـــ 1406). مەغرىب تارىخىنى يېزىشقا ئاساس سالغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ «ئافرىقا بېربېرلىرى ۋە مۇسۇلمان خاندانلىقلىرى تارىخى» ناملىق ئەسىرى بار. ئۇ ئىلگىرى مەغرىبتىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ۋە گرانادادىكى ئوردىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن، ئۇنىڭ نۇرغۇن ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى كىرگۈزۈلگەن كىتابى مەغرىب تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا كەم تېپىلىدىغان ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**مەغرىب خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرىشى** مەغرىبنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى يات مەملىكەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. 1415ـ يىلىدىن 1520 ـ

يىلىغىچە پورتۇگالىيەلىكلەر ماراكەشنىڭ ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىدىن گىبرالتار بوغۇزىغىچە بولغان بارلىق رايونىنى بېسىۋالدى. ئۇلار دېڭىز بويىدىكى تايانچ پونكىتلىرىدىن پايدىلىنىپ قەبىلىلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى، ئەسىرلەرنى قۇلغا ئايلاندۇردى؛ ئىچكىرى جايلاردىن ئاشلىق، ئات ۋە يۇڭ ئەدىياللارنى سېتىۋېلىپ، نېگىرلار ئافرىقىسىغا ئاپىرىپ قۇل ۋە ئالتۇنغا ئالماشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار ئاسىيادىن بۇلاپ كەلگەن تاۋارلىرىنى سېتىپ، ماركەشلىكلەرنىڭ بايلىقىنى بۇلىدى. قىسمەن فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ پورتۇگالىيە تاجاۋۇزچىلىرىدىن خورلۇق تارتىشىمۇ يەنە سۇلھى تەلەپ قىلىشى خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى، مىللىي كۈرەش دىنىي نىقاب ئاستىدا زاۋىيانى① مەركەز قىلغان ھالدا قانات يايدۇرۇلدى. ئىماملار زاۋىيادىن ھەر قايسى جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ كىشىلەرنى «غازات» قىلىشقا چاقىردى. خەلقنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى بۇنداق ئىستىخىيەلىك ھەرىكىتى بىر يەردە بېسىلسا، يەنە بىر يەردە كۆتۈرۈلۈپ، يۈز يىلغا يېقىن داۋاملاشتى. 1525 ـ يىلى سۇستىكى سائاد قەبىلىسىنىڭ باشلىقى پورتۇگالىيەنى مەغلۇپ قىلىپ ماراكەشنى قايتۇرۇۋېلىپ، «غازات» قا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى ئىگىلىدى. 1554 ـ يىلى، مارىن خانىدانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ سائادىيلار خانىدانلىقى (1554 ـــ 1659) قۇرۇلدى. 1578 ـ يىلى ماخازىن دەرياسى ئۇرۇشىدا ماراكەش زور غەلىبىگە ئېرىشىپ، پورتۇگالىيەنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى، پورتۇگالىيە پادىشاھى چېكىنىش جەريانىدا سۇغا چۆكۈپ ئۆلدى. ئارقىدىنلا ماراكەش پورتۇگالىيە بېسىۋالغان بارلىق تايانچ پونكىتلارنى قايتۇرۇۋالدى، بۇ ئىش ياۋروپانى زىلزىلىگە كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، يەنە تۈركىيە

---

① زاۋىيا مەغرىب رايونىدىكى ئىسلام دىنى جامەسى، ھەم مەدرىسە، ھەم ھەربىي ھەرىكەت ۋە دىن تارقىتىش پائالىيىتىنىڭ تايانچ پونكىتى.

تاجاۋۇزچىلىرىنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلدى. ماراكەش تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەغرىبتە ئۆزئۆزىچە مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالغان بىردىنبىر دۆلەت بولۇپ قالدى.

1492 ـ يىلى، ئىسپانىيە گرانادانى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يەنە مەغرىبكە قاراپ كېڭەيدى. 1479 ـ يىلى تۈزۈلگەن پورتۇگالىيە ـ ئىسپانىيە شەرتنامىسىدە ئىسپانىيەنىڭ ماراكەشنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئىسپانىيە تىغ ئۇچىنى ئاساسلىق ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسىمدىكى مەغرىبكە قاراتتى. 1505 ـ يىلىدىن 1511 ـ يىلىغىچە ئىسپانىيە دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى مۇھىم تايانچ پونكىتلارنى ئىشغال قىلدى. چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەن ئابدۇۋاد خانىدانلىقى بىلەن ھەفس خانىدانلىقىنىڭ فېئودال خان ـ بەگلىرى ئىسپانىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قۇللۇق بىلدۈرۈپ ئولپان تاپشۇرىدىغان بولدى، خەلق ئىستىخىيەلىك ھالدا ئىسپانىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى «غازات» قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

1516 ـ يىلى تۈركىيەلىك دېڭىز قاراقچىسى ئارۇجە ئالجىرىيەگە كىردى. 1518 ـ يىلى ئارۇجەنىڭ ئىنىسى خالدىن تۈركىيە سۇلتانى سەلىمدىن ياردەم تەلەپ قىلدى، سۇلتان ئۇنىڭغا باش ۋالىيلىق مەرتىۋىسى بېرىپ، بېلىبېي (ئالىي ئەمىر)لىققا تەيىنلەپ، ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىپ تۈركىيەنىڭ ئالجىرىيەدىكى نائىب خانلىقىنى قۇردى. تۈركىيە 1551 ـ يىلى ترىپولىنى، 1554 ـ يىلى ترېمسېننى، 1574 ـ يىلى تۇنىسنى بېسىۋالدى، 1587 ـ يىلى ئالجىرىيە نائىب خانلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، باش ۋالىيلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ترىپولى، تۇنىس ئالجىرىيەلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن شەرقىي مەغرىبنىڭ ھەر قايسى جايلىرى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ مەمۇرىي ئۆلكىسى بولۇپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

## 3. شەرقىي ئافرىقا

سۇدان بىلەن ئېفىئوپىيە شەرقىي ئافرىقىدىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمكى دۆلەتلەردىن بولۇپ، ئۇلار قۇللۇق تۈزۈمدىكى قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرغان ھەمدە خېلى يۇقىرى مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى. 7 ــ ئەسىردىن باشلاپ بۇ ئىككى دۆلەت فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويدى، بىراق قۇللۇق تۈزۈم ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىدا يەنىلا ئۇزۇن مەزگىل مۇھىم ئورۇندا تۇردى.

**شەرقىي سۇداندىكى دۆلەتلەر** قەدىمكى مىسىر دەۋرىدە سۇدان نۇبىيە دەپ ئاتىلاتتى، ئۇنىڭ تېررىتورىيەسىدىكى كۇش دۆلىتى 4 ــ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاقسۇم خاندانلىقى تەرىپىدىن يوقىتىلغان ① ئىدى. 6 ــ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سۇداندا خىرىستىيان دىنى تارقىلىشقا باشلىدى ②. 6 ــ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 7 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاقسۇم خاندانلىقى زاۋاللىققا يۈزلەندى، بۇ يەردە يەنە ئىككى مۇستەقىل خىرىستىيان دىنى دۆلىتى باش كۆتۈرۈپ چىقتى: بىرى، 6 ــ ئەسىردە بارلىققا كەلگەن دونگولانى پايتەخت قىلغان مۇكۇلا پادىشاھلىقى بولۇپ، ئاتباراھ دەرياسى ئېغىزىدىن ئىككىنچى شارقىراتمىغىچە بولغان زېمىنلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى؛ يەنە بىرى، 7 ــ ئەسىردە قۇرۇلغان ئاللېۋارد پادىشاھلىقى بولۇپ، ئاتباراھ دەرياسى ئېغىزىنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىنلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى،

---

① كۇش دۆلىتى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 ــ يىللاردا بارلىققا كەلگەن، مىسىر فىرئەۋنى سەينۇ سلەيت I (تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1970 ــ 1936) ۋادىخالفانىڭ قارشى تەرىپىدىكى بۇخاندا تۆھپىسىنى خاتىرىلەپ ئورناتقان تاش تۈۋرۈكتىكى ئويما يېزىقتا «كۇش» تىلغا ئېلىنغان. مىلادىيە 330 ــ يىلىدىن 340 ــ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا كۇش دۆلىتى ئاقسۇم پادىشاھى ئېزانا تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

② خىرىستىيان دىنى 6 ــ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مىسىردىن موكۇلاغا تارقالغان، 7 ــ ئەسىردە مۇكۇلادىن ئاللېۋاردقا تارقالغان.

پايتەختى سوبا (بۈگۈنكى خارتومنىڭ يېقىن ئەتراپىدا) ئىدى.

مۇكۇلا فېئودالLىق جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان دۆلەت بولۇپ، 651 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەرەبلەرنىڭ مىسىر باش ۋالىيسى ئۇنىڭغا ئۈزۈكسىز لەشكەر تارتىپ تاجاۋۇز قىلدى، مۇكۇلالىقلار قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، تاجاۋۇزچىلار قوشۇنىنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلدى، ئاخىرىدا ئەرەبلەر بىلەن سۈلھى شەرتنامىسى تۈزدى؛ نوبىيەلىكلەر ھەر يىلى مۇسۇلمانلارغا ئۈچ ـ تۆت يۈز قۇل بېرىدىغان، مۇسۇلمانلار نوبىيەلىكلەرگە بەلگىلىك مىقداردا ئاشلىق (بۇغداي بىلەن يېسمۇق) ① بېرىدىغان بولدى. بۇنداق ئېكسپلاتاتسىيە شەكلى فاتىمە خانىدانلىقىغىچە 500 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتى. 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سالاھىددىن لەشكەر تارتىپ مۇكۇلا پادىشاھلىقىنى تالان ـ تاراج قىلدى. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەملۇكىيلەر خانىدانلىقى يەنە بىر قېتىم تاجاۋۇز قىلدى ھەمدە پادىشاھلىقنىڭ شىمالىي قىسمىنى مەملۇكىيلەرنىڭ سۇيۇزرىغال يېرى قىلىپ بۆلۈۋالدى، ئىسلام دىنى بۇ يەردە تېز تارقالدى.

ئالليۋارد فېئودالLىق پادىشاھلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى كۆپ ساقلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ پايتەختى سوبا ئەڭ چوڭ سودا مەركىزى بولۇپ، چېگرا ئاتلايدىغان سودا بۇ دۆلەتكە غايەت زور بايلىق ئېلىپ كەلگەنىدى. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مىسىرلىق ئىبن سالام ئۇسۋاننىڭ خاتىرىسىدە مۇنداق قەيت قىلىنغان، ئالليۋارد پادىشاھىنىڭ زېمىنى ۋە ئاتلىرى مۇكۇلا پادىشاھىنىڭكىدىنمۇ كۆپ؛ سوبادا ھەشەمەتلىك، كۆركەم بىنالار ۋە ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن چېركاۋلار بار؛ چېركاۋلاردا يۇناننىڭ

① سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۈزگەن «سەھرايى كەبىر ئافرىقىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ 7 ـ ئەسىردىن 8 ـ ئەسىرگىچە بولغان تەزكىرىسى ۋە تارىخىغا دائىر ئەرەبچە ماتېرىياللار»، رۇسچە نەشرى، 27 ـــ 29 ـ بەتلەر، 1960 ـ يىلى.

نوبىيە تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان كىتابلىرى ساقلىنىدۇ؛ مۇسۇلمانلار شەھەرنىڭ ئالاھىدە بەلگىلەنگەن رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان. 11 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگە قەدەر ئاللىپۇرلار پادىشاھلىقى گۈللىنىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى. 16 ـ ئەسىردە مۇكۇلا بىلەن بىرلىكتە فىنجى سۇلتانلىقىغا قوشۇۋېلىندى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىلا ئەرەب قەبىلىلىرى سۇدانغا كۆچۈپ كېلىشكە باشلىغانىدى. 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە يەنە نۇرغۇن ئەرەب قەبىلىلىرى سۇدانغا كۆچۈپ كېلىپ، سۇداننىڭ پۈتۈن زېمىنىغا تارقالدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سۇداندا ئىككى قۇدرەتلىك ئىسلام دىنى دۆلىتى بارلىققا كەلدى: ئۇلارنىڭ بىرى، سۇداننىڭ غەربىي قىسمىدىكى دارفۇر سۇلتانلىقى، يەنە بىرى بولسا، سۇداننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى فىنجى سۇلتانلىقى ئىدى.

دارفۇر سۇلتانلىقى 16 ـ ئەسىردە بورنۇ ئىمپېرىيەسى[①]نىڭ پارچىلىنىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ، پايتەختى ئېرفاشي[②] ئىدى. ئۇ تازا روناق تاپقان چاغدا تېررىتورىيەسى پۈتكۈل كولدوفاننى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، يەنە نىل دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغاقلىرىدىكى بىر مۇنچە ئايماقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. سۇلتان فۇر مىللىتىدىن بولۇپ، سۇلتانلىقتىكى ھەر قايسى ئەرەب قەبىلىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. دافۇر سۇلتانلىقى فېئوداللىق دۆلەت بولۇپ، مەركەزدىن يەرلىككىچە بىر يۈرۈش مۇستەھكەم

---

① بورنو ئىمپېرىيەسى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كانېم ئىمپېرىيەسى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزىي رايونى چاد كۆلى ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② ئېرفاشي بۈگۈنكى سۇداننىڭ دارفۇر ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى فاشېرنىڭ غەربىي شىمالىدا.

هۆكۈمرانلىق ئورگانلىرى بار ئىدى. مەملىكەتنىڭ بارلىق ئاھالىلىرى دۆلەت خەزىنىسىگە ماددىي بويۇم بىلەن تۆلىنىدىغان باج تاپشۇراتتى. «قۇرئان كەرىم» ئەقىدىلىرى ئاساسىدىكى يازما قانۇن ئادەت قانۇنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەنىدى. دۆلەت ئىچىدە يەنە قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى مەۋجۇت ئىدى. جەنۇبتىكى ئېكۋاتور رايونىدىن ئېلىپ كېلىنگەن قۇللار تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قىلىشقا مەجبۇر قىلىنىپلا قالماي، يەنە سۇلتان قوشۇنىدا ئەسكەر بولاتتى.

دارفۇر سۇلتانلىقىنىڭ فۇرلار خاندانلىقى 1718 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتى. ئاخىرقى سۇلتان ئەلى دىنار ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن تەختتىن چۈشۈرۈلدى.

فىنجى سۇلتانلىقى 1504 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئۇ تازا روناق تاپقان دەۋر (17 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرگىچە) دە ئۇنىڭ تېررىتورىيەسى شەرقتە قىزىل دېڭىزغا يېقىنلاشقانىدى، غەربتە كولدوفاننىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، دارفۇر دۆلىتى بىلەن چېگرالانغانىدى، شىمالدا دونگولادىن ئۈچىنچى شارقىراتمىغىچە بولغان رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى، جەنۇبتا «بۇزغۇن دۆلىتى» ــ نىروتىلار قەبىلىلىرىگە يېقىنلاشقانىدى. پايتەختى سامنار ئاق نىل دەرياسى بىلەن كۆك نىل دەرياسى ئارىلىقىدىكى مۇنبەت، باياشات جەزىرە تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، 16 ـ ئەسىردە تەخمىنەن 100 مىڭ ئاھالىسى بار چوڭ شەھەر ئىدى. دۆلەت ئىچىدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەر دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاشلىقتىن سىرت كۆپ مىقداردا پاختا ئىشلەپچىقىراتتى. سامناردا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا توقۇلما «دامۇر»نىڭ چەت ئەللەردە داڭقى بار ئىدى. فىنجى سۇلتانلىقى بىلەن دارفۇر، ئېفىئوپىيە ۋە قىزىل دېڭىز بويىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ سودىسى ناھايىتى جانلانغانىدى، پىل چىشى، كېپەك ئالتۇن، قۇل، رەخت ئېكسپورت قىلىنىپ، قەغەز، مىس قاچا ـ

www.uyghurkitap.com

قوچا، توْمۇر ئەسۋاب ۋە ئېسىل بېزەك بۇيۇملىرى ئىمپورت قىلىناتتى.

فىنجى سۇلتانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى فىنجىلار بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئۇمەۋىيە جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ ئاتايتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلار تېرىسى قارا كەلگەن ئەرەبلەشكەن يەرلىك قەبىلە ـ ئۇلۇسلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. دۆلەت ئىچىدە فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇراتتى، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نېگىر قۇللارنى ئىشلىتەتتى، چەت ـ ياقا چېگرا رايونلاردا يەنە ئۇرۇقداش قەبىلە تۈزۈمى ساقلىنىپ قالغانىدى. ھەرقايسى رايونلارنىڭ باش ۋالىيلىرىنى سۇلتان تەيىنلىسىمۇ، لېكىن ھەمىشە ئۇلارنىڭ تەپرىقىچىلىك خاھىشىغا قارشى كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بۆلگۈنچىلىك فىنجى سۇلتانلىقىنى ئاجىزلاشتۇردى. 17 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە فىنجى دارفۇر بىر مەھەل يۇتۇۋالدى، 1821 ـ يىلى فىنجىنى تۈركىيە ـ مىسىر قوشۇنى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى.

**ئاقسۇم پادىشاھلىقى ۋە ئېفىئوپىيە پادىشاھلىقى** ئېفىئوپىيە زېمىنىدا تۇنجى قۇرۇلغان دۆلەت ئاقسۇم شەھىرى (بۈگۈنكى تىگرې ئۆلكىسىدە)نى پايتەخت قىلغان ئاقسۇم پادىشاھلىقىدۇر. ئۇ تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بارلىققا كەلگەنىدى.

ئاقسۇملۇقلار ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. مىلادىيەدىن كېيىن تۆمۈر جابدۇق ـ سايمانلار ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلگەنلىكتىن، سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىقى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. كالا بىلەن ساپان تارتىلىپ يەر ئاغدۇرۇلىدىغان، بوغداي تېرىلىدىغان، ئۈزۈم ئۆستۈرۈلىدىغان، كالا، قوي ۋە ئېشەك ـ قېچىرلار بېقىلىدىغان بولدى، ھەتتا ئوردىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن پىللار تۇتۇلۇپ كۆندۈرۈلدى. قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە تۆمۈرچىلىك قاتارلىق مېتالچىلىق ئۆستىلىرى

ۋە كۆلالچىلار، تاشچىلار، بىناكارلار، ئويمىچى ئۇستىلارنىڭ ماھارىتى خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتتى. دۆلەت ئىچىدە تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلدى، بازارلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىستىن قۇيۇلغان ئۈچ خىل پۇلى ئوبوروت قىلىندى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردە ياسالغان ئادۇرس پورتى (قىزىل دېڭىزنىڭ غەربىي قىرغىقىدا) شەرق ۋە غەرب تاۋارلىرى توپلىنىدىغان ۋە تارقىتىلىدىغان جاي بولۇپ، بۇ يەرگە ئاقسۇمنىڭ يەرلىك خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى، تاشپاقىنىڭ قورساق چىغىنىقى، دەرەخ يېلىمى، كۆشنىڭ پىل چىشى، ئالتۇنى، كەركىدان مۈڭگۈزى، شۇنىڭدەك ھىندىستان، سىرى لانكا، غەربىي ئاسىيا، مىسىر، يۇنان ۋە رىمنىڭ ماللىرى توپلىناتتى. بۇنداق گۈللەنگەن خەلقئارا سودا ئىچكى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

3 ـ ئەسىردىن 6 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىل ئاقسۇم پادىشاھلىقىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. 4 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئاقسۇم پادىشاھلىقى كۆشنى ئىستېلا قىلدى؛ 6 ـ ئەسىردە ئاقسۇم پادىشاھلىقىنىڭ ئەسكەرلىرى قىزىل دېڭىزدىن ئۆتۈپ، يەمەننى ئىشغال قىلدى. پادىشاھلىقىنىڭ تېررىتورىيەسى شەرقتە يەمەندىن غەربتە سەھرايى كەبىرگىچە، شىمالدا مىسىر چېگراسىدىن جەنۇبتا سىدامالىدىن ئىبارەت خۇش پۇراق ماتېرىياللار يۇرتىغىچە يېتىپ باردى. 3 ـ ئەسىردە ئۇنىڭ داڭقى يىراق پېرسىيەگە يېتىپ بېرىپ، دۇنيا بويىچە تۆت چوڭ ئىمپېرىيەنىڭ بىرى دەپ ئاتالدى.① پادىشاھ ئۆزىنى ئۆزى «نېگۇس» («شاھلارنىڭ شاھى» ياكى «ئىمپېراتور» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىدى، ئىستېلا قىلىنغان ھەر قايسى بېقىندى دۆلەتلەر بىلەن ئۇلۇس ـ قەبىلىلەردىن تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئولپان

---

① ب د ت پەن ـ مائارىپ ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارالىق ئىلمىي ـ پەن كومىتېتى تۈزدۈرگەن «ئافرىقىنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، ئىنگلىزچە نەشرى، 2 ـ توم، 383 ـ بەت، 1981 ـ يىلى.

ئالدى.

4 ـ ئەسىردە خىرىستىيان دىنى سۈرىيەدىن ئاقسۇمغا تارقالدى، پادىشاھ ئىزانا يەھۇدىي دىنىدىن ۋاز كېچىپ، خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلدى، 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەردە خىرىستىيان دىنى بارا ـ بارا دۆلەت دىنىغا ئايلاندى. ئېزانا يەنە يېزىق ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، پەقەت ساپ ئۈزۈك تاۋۇشلۇق ھەرپلەردىن تەركىب تاپقان سابىيە قوشۇپ يېزىش ئۇسۇلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، سوزۇق تاۋۇشلارنىمۇ ئىپادىلىگىلى بولىدىغان لايىھەنى قوبۇل قىلىپ، بوغۇملىرى ئېنىق بولغان ھازىرغىچە قوللىنىلىۋاتقان ئېفىئوپىيە يېزىق سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى.

570 ـ يىلى، پېرسىيە يەمەننى ئىشغال قىلىۋالدى ھەمدە قىزىل دېڭىزنىڭ غەربىي قىرغاقلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، قىسمەن بېقىندى رايونلار ۋە سودا ئالاقە بازارلىرىنى بېسىۋالدى. 7 ـ ئەسىردە ئەرەبلەرنىڭ خەلىپىلىك دۆلىتى باش كۆتۈرۈپ چىقتى، ئەرەبلەر سودا كارۋانلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغاچقا، ئادۇرس پورتى شەرق ۋە غەربنىڭ سودا مەركىزىدىن ئىبارەت مۇھىم ئورنىدىن مەھرۇم بولدى. ئارقىدىنلا ئەرەب ئىمپېرىيەسى ئافرىقىنىڭ قىزىل دېڭىز قىرغاقلىرىنى ئىشغال قىلدى، 710 ـ يىلى ئادۇرس پورتى ۋەيران قىلىندى، شۇنداق قىلىپ، چەت ئەللەر بىلەن مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەن ئاقسۇم پادىشاھلىقى زاۋاللىققا قاراپ يۈز تۇتتى.

9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردە، ئاقسۇم پادىشاھلىقى قىزىل دېڭىز بويىدىكى بىر قىسىم رايونلارنى قايتىدىن ئىشغال قىلدى ھەمدە ئېفىئوپىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى نۇرغۇن قەبىلىلەرنى بويسۇندۇردى. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاگائۇ قەبىلىسى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، چېركاۋلارنى بۇزۇپ تۈپتۈز قىلىۋەتتى، پايتەختنى ئىشغال قىلىپ، روخا (بۈگۈنكى ۋورو ئۆلكىسىدىكى لالىبېلا)نى پايتەخت قىلغان زاگۋې خاندانلىقىنى قۇردى. ئاقسۇم

پادىشاھى ئوردىنى شۇئاغا كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى، 13 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئاقسۇم قايتىدىن قۇدرەتلىنىپ زاگۋې خانىدانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سۇلايمان خاندانلىقى ھۆكۈملىق يۈرگۈزگەن ئېفىئوپىيە پادىشاھلىقىنى قۇردى①.

ئاقسۇم دۆلىتىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ: 7 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى، ئۇ قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت بولۇپ، ئەتراپىدىكى ھەر قايسى دۆلەت ۋە قەبىلىلەردىن قۇللارنى تۇركۇم ـ تۈركۈملەپ بۇلاپ كېلىپ، ئۇلارنى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا، شەھەر ـ قەلئە ۋە ئوردا ـ قەسىرلەرنى ياساش ئىشلىرىغا سالغانىدى؛ 7 ـ ئەسىردىن كېيىن پادىشاھلىقنىڭ زاۋال تېپىشىغا ئەگىشىپ قۇللارنىڭ مەنبەسى ئازايدى، پادىشاھلىق جەنۇبقا كېڭەيمىچىلىك قىلىش جەريانىدا، پادىشاھ يېڭىدىن ئىشغال قىلىنغان زېمىنلارنى تۆھپە ياراتقان ئەمەلدارلارغا سۇيۇرغال قىلىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر يېڭى ھەربىي فېئودال ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى بارلىققا كېلىپ، فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر تەرەققىي قىلدى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تىگرې، ئامخارا قاتارلىق خوجىلىق زېمىنلىرى تەرەققىي قىلىپ، مۇستەقىل كىچىك فېئوداللىق بەگلىكلەرگە ئايلاندى، 13 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇلار ئېفىئوپىيە پادىشاھلىقى تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

1270 ـ يىلى قۇرۇلغان ئېفىئوپىيە پادىشاھلىقى گاڭدار (بۈگۈنكى بېگمۇدېر ئۆلكىسىدە)نى پايتەخت قىلىپ، بۈگۈنكى ئېفىئوپىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمى بىلەن شىمالىي قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. ئۇزاق مەزگىللىك بويسۇنىدۇرۇش ئۇرۇشى ئارقىلىق، 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە،

① ئاقسۇم پادىشاھ جەمەتىدىكىلەر ئۆزلىرىنى سۇلايمان پادىشاھنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ ئاتىغان، ئۇلارنىڭ خانىدانلىقى ئۇزۇنغىچە سۇلايمان خاندانلىقى دەپ ئاتالغان. ئېفىئوپىيە پادىشاھلىرىمۇ ئۆزلىرىنى سۇلايمان خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى دەپ ئاتىغان.

پادىشاھلىقىنىڭ تېررىتورىيەسى قىزىل دېڭىز ساھىلىدىكى مېسېۋادىن غەربىي جەنۇبتىكى ئابايا كۆلىگىچە سوزۇلۇپ، ھازىرقى تېررىتورىيەسىگە ئاساسەن يېقىنلاشقانىدى.

ئېفىئوپىيە پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنى ئىمپېراتور (نېگۇس)قا تەۋە ئىدى. زېمىنىنى ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ئاقسۆڭەكلەرگە سۇيۇرغال قىلىپ بېرەتتى، چوڭ ئاقسۆڭەكلەر سۇيۇرغاللىق يەرلىرىنى ئوتتۇرا - كىچىك ئاقسۆڭەكلەرگە سۇيۇرغال قىلىپ بېرەتتى. فېئوداللىق دەرىجە تۈزۈمى مانا مۇشۇنداق قاتلاممۇ قاتلام سۇيۇرغال قىلىپ بېرىش ئاساسىغا ئورنىتىلغانىدى. چوڭ - كىچىك ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدا خوجىلىق زېمىن تالىشىش ئۇرۇشلىرى توختىماي يۈز بېرىپ تۇراتتى، ئىمپېراتورمۇ ھەمىشە بۇيرۇققا بويسۇنمايدىغان ئاقسۆڭەكلەر بىلەن جەڭ قىلىپ تۇراتتى.

ئېفىئوپىيە ئاقسۆڭەكلىرى ئۇرۇشنى كەسىپ قىلغان بولۇپ، پادىشاھ جەمەتىدىكىلەر بىلەن ئاقسۆڭەكلەر قوشۇنلىرىنى تالان - تاراج قىلىپ ۋە سودا بېجى ئېلىپ غايەت زور كىرىمگە ئېرىشكەندىن باشقا، ئۇلار ئاساسلىق دېھقانلارنىڭ قان - تەرىنى شوراش ئارقىلىق كىرىمگە ئېرىشەتتى. ھەر قايسى خوجىلىق زېمىنلاردىكى دېھقانلار قاتتىق فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىناتتى. ئۇلار پادىشاھ جەمەتىگە ئۆشرە تاپشۇرغاندىن سىرت، يەنە ئاقسۆڭەكلەرگە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ بەشتىن بىرىدىن ئۈچتىن بىرىگىچىلىكىنى، شۇنىڭدەك بەلگىلىك مىقداردا چارۋا، ھەسەل ۋە تۇز بېرەتتى؛ ئاقسۆڭەكلەر مەنسەپدار بولغاندا دېھقانلار ئۇلارغا سوۋغات بېرىشى، ئاقسۆڭەكلەر توي قىلغان ياكى چوقۇندۇرۇلغاندا دېھقانلار زىياپەتكە ياردەم قىلىشى كېرەك ئىدى، دېھقانلار يەنە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆيلىرىنى سېلىپ بېرەتتى، ئۇنلىرىنى تارتىپ بېرەتتى، ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بىللە جەڭگە ئاتلىناتتى. بۇنىڭدىن سىرت، قۇللارنىڭ ئەمگىكى ئاقسۆڭەكلەر ئىقتىسادىدا مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى.

14 - ئەسىردىن باشلاپ، سومالى رايوندىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەر ئېفىئوپىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۇزاق مۇددەتكىچە ئۇرۇش قىلدى؛ 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوسمان تۈركلىرى ئېفىئوپىيەگە تاجاۋۇز قىلغاندا سومالىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. 16 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاددارسۇلتانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى ئېفىئوپىيەگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ۋەيران قىلدى. 16 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كۆچمەن چارۋىچى غەررەلەر ئېفىئوپىيەگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ جەنۇبتىن شىمالىغىچە بولغان ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىشغال قىلىپ، يېرىم ئەسىر ھۆكۈمرانلىق قىلدى. 16 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئېفىئوپىيە پادىشاھ جەمەتى پورتۇگالىيە قوشۇنلىرىغا تايىنىپ تۈركلەرنى قوغلاپ چىقاردى ۋە قىسمەن غەررە ئۇلۇس - قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇردى. بۇ ئۇرۇشلار ۋە فېئوداللارنىڭ ئىچكى نىزالىرى دۆلەتنى ۋەيران قىلىپ، خەلققە ئېغىر بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى.

17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئىسپانىيە خىرىستوس دىنى جەمئىيىتىنىڭ مىسسىيونېرلىرى① ئىتتىپاقداشلىق سالاھىيىتى بىلەن ئېفىئوپىيەگە بۆسۈپ كىرىپ، تاجاۋۇزچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغاچقا، خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. پادىشاھ ياۋروپا بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىقتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولۇپ، 1632 - يىلى خىرىستوس دىنى جەمئىيىتىنىڭ مىسسىيونېرلىرىنى چېگرادىن قوغلاپ چىقاردى. خەلق قەتئىي كۈرەش قىلغانلىقتىن، ئېفىئوپىيە ئافرىقىدا كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان مۇستەقىللىقنى ئۇزۇنغىچە ساقلاپ قالغان دۆلەت بولۇپ قالدى.

**سومالى ۋە «زانزى ئىمپېرىيەسى»** ھازىرقى سومالى، كېنىيە،

① 1581 — 1640 - يىللىرى پورتۇگالىيە بىلەن ئىسپانىيە بىرلەشكەن بولۇپ، ئېفىئوپىيە ئىسپانىيەنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزۈلگەنىدى.

تانزانىيە رايونلىرىنىڭ شەرقىي ئافرىقا دېڭىز قىرغاقلىرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىلى ئەتراپىدا كۆش تىلىدا سۆزلىشىدىغان بەستلىك دېھقانلارنىڭ ماكانى ئىدى. مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تۆمۈر سايمانلارنى ئىشلىتىدىغان بانتۇلار بۇ رايونغا كۆچۈپ كىردى، مىلادىيە 1000 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇلار ئەسلىدىكى ئاھالىلەر بىلەن ئاسسىمىلياتسىيەلىشىپ كەتتى.[①] شەرقىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز بويلىرىدا قەدىمكى سۇ ئىنشائاتلىرى ۋە نەچچە ئون كىلومېتىرغا سوزۇلغان پەلەمپەي ئېتىزلارنىڭ خارابىلىرى كەڭ دائىرىدە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇلار بۇ رايوندا تەرەققىي قىلغان سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىقنىڭ ئاللىبۇرۇنلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 6 ـ ئەسىرگىچە، شەرقىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز بويلىرىغا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئەرەب، پارس، ھىندى، مىسىر، يۇنان، رىم سودىگەرلىرى يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار تەسۋى، رەخت، نەيزە، پالتا، قىلىچ، خەنجەر، بىگىز قاتارلىق بۇيۇملارنى ئېلىپ كېلىپ، خۇش پۇراق ماتېرىياللار، پىل چىشى، كەركىدان مۈڭگۈزى، تاشپاقا قورسىقىنىڭ چىغىنىقى، قۇل، كوكۇس مېيى قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېتەتتى. بۇنداق گۈللەنگەن خەلقئارا سودا جەريانىدا ئاددار ۋە لاپتا دۆلەتلىرى[②]، شۇنىڭدەك بىر قاتار دېڭىز بويى شەھەر ـ بازارلىرى پەيدا بولدى ۋە روناق تاپتى. شەرقىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز بويىدىكى ئاھالىلەر، شىمالىي قىسمىدىكى ئاھالىلەر ئاساسەن سومالىلار، جەنۇبىي قىسمىدىكى ئاھالىلەر

---

① ب د ت مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارا ئىلمىي ـ پەن كومىتېتى تۈزدۈرگەن «ئافرىقىنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، ئىنگلىزچە نەشرى، 2 ـ توم، 1981 ـ يىلى.

② لاپتا دۆلىتى بۈگۈنكى تانزانىيە تېررىتورىيەسى ئىچىدە، پوڭگان دەرياسى ۋادىسىدا ياكى رۇخى دەرياسى دېلتىسىدا بولۇشى مۇمكىن.

ئاساسەن بانتۇلار بولسىمۇ، يەنە ناھايىتى نۇرغۇن ئەرەب، پارس، ھىندى كۆچمەنلىرى بار ئىدى، 7 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئۇرۇش ئاپىتى ۋە سىياسىي زىيانكەشلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەرەبلەر بۇ رايونغا تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كۆچۈپ كەلدى. سىرتتىن كەلگەن بۇ كۆچمەنلەر يەرلىك ئاھالىلەرگە سىڭىشىپ، ئۇنىڭ شىمالدا سومالىي ـ ئەرەب مەدەنىيىتىنى، جەنۇبىدا سىۋاخىلى مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن ئۇلار مۇسۇلمان شەھەر دۆلەتلىرىنى قۇردى.

شىمالىي سومالىدا سېيلاكنى پايتەخت قىلغان ئاددار قەدىمكى دۆلىتى بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردە جەنۇبىي ئەرەبىيەلىك ئابرې كۆچمەنلىرى پادىشاھلىقنى ئىستېلا قىلدى ھەمدە ئىككى دۆلەتكە پارچىلىۋەتتى: ئۇنىڭ شىمالىي يېرىم قىسمى (ماندېب بوغۇزى بىلەن تىئاۋ پورتى) ئانكالى دەپ ئاتالدى؛ جەنۇبىي قىسمى ئاددار دېگەن نامنى ساقلاپ قالدى. 4 ـ، 5 ـ ئەسىرلەردە ئاقسۇم پادىشاھلىقى ئابرىلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى دۆلەت ئاقسۇمنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلاندى. شۇنىڭدىن بېرى سومالىلار تارىخىدا ئېفىئوپىيەلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى باشلاندى.

7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەردە ئەرەب مۇسۇلمانلىرى سومالى يېرىم ئارىلىغا تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كۆچۈپ كەلدى. 9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە سومالىلار قەبىلىلىرى ئىچىدە بەزى مۇسۇلمان دۆلەتلىرى پەيدا بولدى ۋە گۈللەندى، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلار خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاقسۇم ئەزگۈچىلىرىگە قارشى «غازات»نى قانات يايدۇردى.

بۇ دۆلەتلەر ئىچىدە خارارنى پايتەخت قىلغان ئىفات سۇلتانلىقى ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ سېيلاك پورتىدىكى قەدىمكى ئاددار پادىشاھلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپلا قالماي، يەنە ئانكالى پادىشاھلىقىنىڭ تاجۇرا قولتۇقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى

بىرقىسىم زېمىنىنى يۇتۇۋالغانىدى. 14 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئىفات سۇلتانلىقى ئېفىئوپىيەگە قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۈرەش مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. 1415 ـ يىلى سىيلاك پورتى ئىشغال قىلىنىپ، سۇلتان ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئوغلى يەمەنگە قېچىپ كەتتى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن سۇلتاننىڭ ئوغلى قايتىپ كېلىپ، داكارنى پايتەخت قىلىپ ئاددار دۆلىتىنى قايتا قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئېفىئوپىيەگە ئولپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاددار دۆلىتى كۈچىيىشكە باشلىدى، ئىمام ئەھمەد ئىبراھىم غازى (1506 ــ 1543) شىمالىي سومالىدىكى قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئېفىئوپىيەگە ئولپان تاپشۇرۇشنى توختاتتى. 1527 ـ ۋە 1529 ـ يىللىرى ئېفىئوپىيەنىڭ بارى باش ۋالىيسىنى مەغلۇپ قىلدى؛ 1531 ـ يىلىدىن 1543 ـ يىلىغىچە ئېفىئوپىيەنى قاپلىغان ئۇرۇشنى قوزغىدى. غازى ئۇرۇشتا قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جىيەنى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى ھەمدە 1559 ـ يىلى ئېفىئوپىيە پادىشاھى گالالادېئوسنى ئۆلتۈردى. بۇ بىر قاتار ئۇرۇشلار مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئېفىئوپىيەنىڭ كېڭەيمىچىلىكى توسۇپ قېلىنىپ، سومالىنىڭ مۇستەقىللىقى قوغداپ قېلىندى.

17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئاددار دۆلىتى كۆچمەن چارۋىچى ئەففارلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى، سومالىلار بىر قاتار كىچىك مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ۋە نۇرغۇن تارقاق قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ، بىپايان شەرقىي ئافرىقا رايونىغا تارقىلىپ كەتتى[①].

10 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە زانزى ئىمپېرىيەسى

---

① 10 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرگىچە داۋاملاشقان چوڭ كۆچۈشتە سومالىلار تۆۋەندىكى بىپايان رايونلارغا تارقالدى: بۈگۈنكى سومالى زېمىنى، جىبۇتى جۇمھۇرىيىتىنىڭ جەنۇبىي رايونى، ئېفىئوپىيەنىڭ ئوگادېن رايونى ۋە كېنىيەنىڭ شەرقىي شىمال رايونى.

شەرقىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز بويىدا دەۋران سۈردى. «زانزى ئىمپېرىيەسى» ھەقىقىي تۈردە بىرلىككە كەلگەن دۆلەت ئەمەس ئىدى، ھەر قايسى شەھەر دۆلەتلىرى ئىچىدە كىلۋا سۇلتانلىقى ئۆزئۆزىنچە زوراۋانلىق ئورنىنى قولدىن بەرمەي كەلدى.

كىلۋا سۇلتانلىقى پارس ھەسەن ئەلى ئىبىن 975 ـ يىلى يەتتە كېمىگە باشچىلىق قىلىپ كىلۋا ۋە ئۇنىڭغا قوشنا ئاراللارنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن قۇرۇلغان. ئۇ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ شەرقىي ئافرىقا دېڭىز قىرغىقىدىكى سودا مەركىزىگە ئايلاندى. كىلۋا سۇلتانلىقى 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ياكى 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موزامبىك رايونىدىكى ئالتۇن توپلىنىدىغان ۋە تارقىتىلىدىغان جاي سوفارانى كونترول قىلىۋېلىپ، تازا روناق تاپتى، سوفارا، ئانگوشە، موزامبىك، زانزىبار①، پېمبا، مومباسا، مالىندى، كىسمائايو، مۇقدشو قاتارلىق شەھەر بەگلىكى سۇلتانلىقلىرى ئۇنىڭ ۋاسساللىرىغا ئايلاندى. باشقا شەھەر دۆلەتلىرى بىلەن رىقابەتلىشىشكە توغرا كەلگەنلىكتىن، گەرچە زوراۋانلىق دائىرىسى بەزىدە تارايغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى زاۋال تاپقانغا قەدەر دەۋران سۈردى.

زانزى ئىمپېرىيەسىدىكى ھەر قايسى شەھەر دۆلەتلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك قۇللۇق تۈزۈم يولغا قويۇلغانىدى. شەھەر ئەتراپىدىكى ئېكىنزارلىقلار، قەلئە ـ قورغانلار سېلىنىۋاتقان ئورۇنلاردا ۋە ئائىلىلەردە قۇللار ناھايىتى كۆپ ئىشقا سېلىناتتى.

بىپايان ئىچكى قۇرۇقلۇقتا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىچكى جايلاردىكى دۆلەتلەرنىڭ گۈللىنىشىگە

① «زانزىبار» پارسچە سۆزلۈكنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. «زانزى» (رەڭگى) يەنىلا نېگىر ياكى قارا تەنلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «بار» دېڭىز قىرغىقى ياكى يەر ـ زېمىن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. زانزىبار نېگىرلار زېمىنى ياكى نېگىرلار دۆلىتى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگىشىپ، زانزى ئىمپېرىيەسىنىڭ سودىسى مىسلىسىز روناق تاپتى. ئەرەب، سىۋاخىلى سودىگەرلىرى ئىچكى قۇرۇقلۇقتا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئالتۇن، پىل چىشى، ئەنبەر ۋە قۇللارنى ئاچىقىپ، ھىندى ئوكيان، ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ۋە جۇڭگودىن شايى، گەزمال، فارفور قاچا ـ قۇچا، ئالتۇن بۇيۇملار ۋە ئەينەك قاچىلارنى ئەكىرەتتى. 12 ـ ئەسىردە مالىندى، مومباسا ۋە براۋادىكى زانزىلار تۆمۈر رۇدىسى كانى قېزىپ، تاۋلاش مەيدانىنى ھازىرلاپ، تۆمۈر سودىسى قىلدى. زانزى ئىمپېرىيەسى بۇنداق خەلقئارالىق سودىدىن غايەت زور بايلىققا ئېرىشىپ، ھەشەمەتلىك ئوردا ـ قەسىرلەر، ھەيۋەتلىك مەسچىتلەر ۋە مۇستەھكەم قورغانلارنى سالدۇردى. 14 ـ ئەسىردە ئىبنى باتۇتە شەرقىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز بويىغا كېلىپ، ھەرقايسى شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ باي ـ باياشاتلىق ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ: كىلۋا «ئەڭ گۈزەل، ئەڭ رەتلىك شەھەر»، مومباسا «غايەت چوڭ» شەھەر، مۇقدىشو «ئالاھىدە كاتتا شەھەر» دېگەن.

شەرقىي ئافرىقىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر گۈللىنىۋاتقان پەيتتە، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىدى. 1498 ـ يىلى ۋىلاۋاسكو داگاما مالىندىلار بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ياردىمىدە ھىندىستانغا بارىدىغان يېڭى دېڭىز يولىنى تاپتى. 1502 ـ يىلىدىن كېيىن قىسقىغىنا بىر نەچچە يىل ئىچىدە پورتۇگالىيە ئىنتايىن ياۋۇز ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، شەرقىي ئافرىقا دېڭىز قىرغىقىدىكى شەھەرلەرنى ئىستىلا قىلدى. 1509 ـ يىلى موزامبېكتا مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تالان ـ تاراج قىلىدىغان قوماندانلىق ئىشتابى بولغان ۋالىي مەھكىمىسىنى قۇردى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 200 يىل جەريانىدا، پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى شەرقىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز بويى رايونىدا ماددىي ئەشيالارنى بۇلاپ، ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق

قىلىپ، نىگىر قۇللارنى تۇتۇپ، ئىلگىرى گۇللەنگەن مەركىزىي شەھەرلەرنى چۆلدەرىتىپ ئىنسۇجىنىسىز شەھەر ـ بازارلارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. بىراق، شەرقىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز بويى رايونىدىكى خەلق ئەزەلدىن باش ئەگمىدى، ئۇلار ئالدىنقىسى يىقىلسا كېيىنكىسى ئىزىنى بېسىپ، مەردانىلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئاخىر 1699 ـ يىلىغا كەلگەندە پورتۇگالىيەلىكلەرنى موزامبىكنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردىن قوغلاپ چىقاردى.

## 4. غەربىي ئافرىقا

ئوتتۇرا ئەسىردە سېنېگال دەرياسى بىلەن نىگىر دەرياسى ۋادىسىدىكى گانا، مالى ۋە سوڭخايلەر غەربىي ئافرىقىدىكى مەشھۇر قەدىمكى دۆلەتلەردۇر. ئۇلار شىمالىي ئافرىقا رايونى بىلەن قويۇق سودا ئالاقىسى ئورناتقان بولۇپ، غەربىي سۇداندىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرى ھېسابلىنىدۇ.

**گانا** قەدىمكى گانا دۆلىتىنى ماندىنگ قوۋمىدىكى سونىنكېلار سېنېگال دەرياسى بىلەن نىگىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى ئەتراپلىرىدا قۇرغان، ئۇنىڭ پايتەختى كۇمبىسالىي (بۈگۈنكى مالى جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىئورو شەھىرى ئەتراپىدا، ھازىر ئىزى تامامەن يوقالغان) بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ دۆلەت 4 ـ ئەسىردە قۇرۇلغانىكەن. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب يازغۇچىلىرىنىڭ ئۇچۇرلىرى ۋە 20 ـ ئەسىردىن بۇيانقى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار بىزنى گانا دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ئەھۋالىغا ئائىت ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

گانانىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي تارمىقى — دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىدى. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئىلغارراق بولغان ئاغدۇرۇش ـ سۇغىرىش دېھقانچىلىقى بولۇپ، بۇغداي تۆرىدىكى زىرائەتلەر، ئاققۇناق، تېرىق ۋە شال تېرىلاتتى. تۆمۈر تاۋلاش كەسپى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، تۆمۈردىن ياسالغان

دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە قورال ـ ياراغلار ئۇمۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلەتتى. سودا مۇئەييەن دەرىجىدە راۋاجلانغان بولۇپ، دۆلەت ئىچى بازارلىرىدا «كاۋلى» دەپ ئاتىلىدىغان قولۇلە قېپى پۇل ئورنىدا ئوبوروت قىلىناتتى.

گانا ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۆھرەت قازانغانىدى. ئالتۇن كانىدىن قېزىۋېلىنغان ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھقا تاپشۇرۇلاتتى. خەلق پەقەت دەريالاردىن كېپەك ئالتۇننىلا سۈزۈۋالاتتى، ئەمما سۈزۈۋېلىنغان ئەڭ چوڭ ئالتۇن دانىچىسىنى پادىشاھقا تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى.

8 ـ ئەسىردە ئەرەبلەر شىمالىي ئافرىقىنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، گانادىن ئالتۇن كۆپ چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ، دەرھال سودا كارۋانلىرىنى سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدىكى قەدىمكى سودا يولى ئارقىلىق يولغا سېلىپ، تۇز، قولۇلە قېپى، توقۇلما بۇيۇملارنى غەربىي ئافرىقىدا ئالتۇن، قول ۋە پىل چىشىغا ئالماشتۇردى. غەربىي ياۋروپالىقلار ئامېرىكا قىتئەسىگە بارىدىغان يېڭى دېڭىز يولىنى ئېچىشتىن بۇرۇن، ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنى ئاساسەن غەربىي ئافرىقا ئالتۇن بىلەن تەمىنلەيتتى. شۇڭلاشقا گاناغا كېلىپ ـ كېتىدىغان سودا كارۋانلىرى بەك كۆپ ئىدى. پايتەختتە كۆلىمى بىر كىۋادرات مىل كېلىدىغان مەخسۇس شىمالىي ئافرىقا ۋە سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدىن كەلگەن سودىگەرلەر ئولتۇراقلاشقان سودىگەرلەر رايونى بولۇپ، ئۇنىڭدا تەخمىنەن 30 مىڭ ئاھالە بار ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمانلار بولغاچقا، بۇ سودىگەرلەر رايونىدا 12 مەسچىت بار ئىدى. گانا پادىشاھى ئالتۇن كانلىرىنى مونوپول قىلىش ۋە سودا بېجى ئېلىش ئارقىلىق نۇرغۇن بايلىق توپلىغان بولۇپ، ئۇنى ئوردىنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشى ۋە غايەت زور قوشۇننى ساقلاپ قېلىشقا ئىشلىتەتتى. 9 ـ ، 10 ـ ئەسىرلەردە گانا دۆلىتى كۈچىيىپ تازا روناق تاپقان مەزگىلدە غەربىي ئافرىقىدىكى بىپايان رايونلارنى ئىستېلا قىلدى، غەربتە

ئاتلانتىك ئوكياندىن باشلاپ، شەرقتە نىگىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى كۆل رايونىغىچە، جەنۇبتا سېنېگال دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئالتۇن چىقىدىغان جاي بانبۇك ۋە ۋانگارالارغىچە، شىمالدا سەھرايى كەبىردىكى ئاۋدا گوستقىچە بولغان زېمىنلار گانانىڭ تېررىتورىيەسىگە كىرگۈزۈلدى. ئىستېلا قىلىنغان ئۇرۇق ـ ئۇلۇس ـ قەبىلىلەر ۋە بېقىندى دۆلەتلەر گانا پادىشاھىغا ئولپان تاپشۇردى.

گانادا ماترىئارخاللىق تۈزۈم ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، پادىشاھلىق تەختكە پادىشاھنىڭ نەۋرىسى (قىزىنىڭ ئوغلى) ۋارىسلىق قىلاتتى. سېنېگال دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى فۇتا ۋە جاملون رايونى گانانىڭ قۇل بۇلايدىغان سورۇنى بولۇپ، بۇ قۇللار سېتىلغاندىن سىرت، يەنە پادىشاھ جەمەتىنىڭ تامغاچىلىقى ۋە پاسىبانلىقىنى قىلاتتى، پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن نۇرغۇن قۇل ـ دېدەكلەر ھەمدەپنە قىلىناتتى (بۇ پادىشاھلارنىڭ قەبرىلىرىنى قېزىش جەريانىدا دەلىللەنگەن). گانانىڭ كوممۇنا ئەزالىرىغا ئائىت ماتېرىياللار كەمچىل بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىنى بېكىتكىلى بولماي قالدى.

8 ـ ئەسىردىن باشلاپ، ئىسلام دىنى گانادا تەدرىجىي تارقالدى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەرەب يېزىقى تارقالدى، بەزى شەھەرلەردە ئىسلام دىنى مەكتەپلىرى قۇرۇلدى، كېيىنچە بۇ شەھەرلەر غەربىي ئافرىقىنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە ئايلاندى.

11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئەلمورابىتلار گاناغا ئۇزۇكسىز تاجاۋۇز قىلدى. 1048 ـــ 1049 ـ يىللىرى ئەلمورابىتلارنىڭ ئاتامانى ئابابەكرى گانانىڭ پايتەختىنى بۇلاپ قۇرۇقداپ قويدى. 1055 ـ يىلى ئاۋدا گوستىنى بېسىۋالدى. 1076 ـ يىلى گانانى بويسۇندۇردى. پادىشاھ ئىسلام دىنىغا ئېتقاد قىلىشقا، قۇللۇق بىلدۈرۈپ ئولپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، خەلق نائىلاج جان بېجى تاپشۇردى. 1087 ـ يىلى گانا خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئابابەكرىنى ئۆلتۈرۈپ، دۆلىتىنىڭ

www.uyghurkitap.com

مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ىىراق دۆلەتىنىڭ كۈچى كۈنسېرى ئاجىزلىشىپ كەتكەچكە، ئەسلىدىكى بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەر ۋە بېقىندى دۆلەتلەر بەس ـ بەستە مۇستەقىل بولۇۋالدى. 1203 ـ يىلى گانا بۇرۇنقى ۋاسسال سوسو قەبىلىسى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى؛ 1235 ـ يىلى مالى پادىشاھى سۇندىياتا سوسو قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلدى. 1240 ـ يىلى مالى گانانى يۇتۇۋالدى.

مالى مالى ئەسلىدە گانانىڭ ۋاسسالى بولۇپ، نىگېر دەرياسى ۋە باكوي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان. ئالاھازەل 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۆلەت قۇرۇلغان، ماندىنگ ئۇرۇقىدىكى مارىنكېلاردىن چىققان كېتا جەمەتى پادىشاھ جەمەتى بولغان. كانگابا بۇ پادىشاھلىقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پايتەختى ئىدى. مالىنىڭ تارىختا خاتىرىلەنگەن تۇنجى پادىشاھى 11 ـ ئەسىردىكى بارامونداندۇر. ئالاھازەل 1050 ـ يىلى، ئۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى؛ مەككىگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ سۇلتانلىق نامىغا ئىگە بولدى. ئۇ دۆلەت ئىچىدە ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشنى مونوپول قىلىپ، شىمالىي ئافرىقا بىلەن سودا ئالاقىسى ئورنىتىپ، دۆلىتىنى تەدرىجىي باي ـ قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندۇردى ھەمدە گانانىڭ زاۋال تاپقانلىقىدىن پايدىلىنىپ مالىنى مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈردى.

پادىشاھ مۇسا ئاراكوي (1200 ــ 1217) 1212 ـ يىلىدىن بۇيان مەككىگە ئۈچ قېتىم ھەج قىلغىلى باردى، گەرچە ئۇ نۇرغۇن بايلىقنى بۇزۇپ ـ چاپقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئابرۇيى ئۈستى، ھەتتا ئۇ مالى دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى دەپ قارالدى.

1224 ـ يىلى، مالى پادىشاھلىقى سوسو قەبىلىسى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى، پادىشاھ جەمەتى ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلىندى، تەلىيى ئوڭىدىن كېلىپ بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇپ قالغان شاھزادە سۇندىياتا (1230 ــ 1255) 1230 ـ يىلى ھەر

قايسى ماندىنىڭ قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قوشۇن تەشكىللەپ، ئەزگۈچى سوسولارغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇردى. 1235 ـ يىلى كۆلىكورو ئەتراپىدىكى گىلىنا جېڭىدە سۇندىياتا سوسو پادىشاھى سۇمانگۇرۇنى مەغلۇپ قىلىپ ئۆلتۈردى، ئارقىدىنلا سوسو قەبىلىسىنى بويسۇندۇردى. 1240 ـ يىلى گانا پادىشاھلىقىنى يوقىتىپ، سېنېگال دەرياسىدىن نىگېر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغىچە بولغان زېمىنلارنى مالى پادىشاھلىقىنىڭ تېررىتورىيەسىگە قوشۇۋالدى. سۇندىياتا پايتەختىنى كانگابادىن جەنۇب تەرەپتىكى نىيانى (سانكارانى دەرياسى ساھىلىدا، ھازىر ئانچە چوڭ بولمىغان بىر كەنتلا ساقلىنىپ قالغان) غا كۆچۈردى. ئۇ مالى ئىمپېرىيەسىنىڭ ھەقىقىي ئاساس سالغۇچىسى ھېسابلىنىدۇ.

سۇندىياتا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئورمانلارنى كېسىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى كېڭەيتتى. شال، ئاققۇناق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئالتۇن كانلىرىنى ئاچتى، توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنى يېڭىلىدى، يوللارنى رېمونت قىلىپ، تاشقى سودىنى تېخىمۇ گۈللەندۈردى. مالى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى، پاختا توقۇلمىلىرى چەت ئەللەردە كەڭ سېتىلدى، ئالتۇنلارنى تۆركۆملەپ شىمالىي ئافرىقىغا يۆتكىدى. مالىنىڭ بازارلىرىدا «كاۋلى» دەپ ئاتىلىدىغان قولۇلە قېپى پۇلى ئىشلىتىلگەندىن باشقا، نوكچا مىسمۇ ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسى قىلىندى. دۆلەت باي ـ قۇدرەتلىك بولغانلىقتىن سۇندىياتانىڭ ئوغلى ۋۆلاي (1255 — 1270) ئۆزىگە تۇنجى بولۇپ «مانسا» («شاھلارنىڭ شاھى» دېگەن مەنىدە) نامنى قويدى.

ۋۆلايدىن كېيىن 15 يىل داۋاملاشقان ئىچكى نىزا تۇپەيلىدىن گانا پارچىلىنىپ كەتتى. 1285 ـ يىلى ئوردا ئازاد قىلغان قۇل زاكۇرا تەختنى تارتىۋالدى (1285 — 1300). ئۇ مالىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈردى. 1300 ـ يىلى زاكۇرا مەككىگە

ھەج قىلىشقا بېرىپ، دۆلىتىگە قايتىش سەپىرىدە، قىزىل دېڭىزدىن ئۆتكەندىن كېيىن جىبۇتى ئەتراپىدا داناكىللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھلىق تەختى قايتىدىن كېتا جەمەتىنىڭ قولىغا ئۆتتى①.

14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مالى دۆلىتى گۈللىنىپ يۇقىرى پەللىگە يەتتى. كانكان مۇسا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1307 — 1332) دە مالىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 10 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەر بار ئىدى. ئۇ سوڭخەينى بويسۇندۇرۇپ (1325 - يىلى)، زېمىنىنى يۇتۇۋالدى. ئەينى چاغدا مالىنىڭ تېررىتورىيەسى جەنۇبتا ئېكۋاتور ئورمانلىقىنىڭ چېتىدىن باشلىنىپ، شىمالدا سەھرايى كەبىر چۆللۈكىگىچە، غەربتە ئاتلانتىك ئوكيانىغىچە، شەرقتە خاۋسا رايونى (بۈگۈنكى نىگېرىيە چېگراسى) غىچە يېتىپ بارغان بولۇپ، ئۇ غەربىي ئافرىقا تارىخىدا گانادىنمۇ قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلانغانىدى.

كانكان مۇسا دېھقانچىلىقنى رىغبەتلەندۈرۈپ، سودىنى راۋاجلاندۇردى، بۇنىڭ بىلەن دېنېي، ۋالاتا، يېنىباكتۇ ۋە گائۇ قاتارلىق شەھەرلەر ئاۋاتلاشتى. مىسىر ۋە مەغرىبنىڭ ئەرەبلىرىنىڭ سودا كارۋانلىرى بۇ يەرگە تۆچ، ئاشتۇزى، ۋېنىتسىيەنىڭ تىزىق مەرۋايىتى، ياۋروپا بىلەن دەمەشقنىڭ قىلىچ - شەمشەرلىرىنى ئەكېلىپ، ئالتۇن ۋە قۇللارغا ئالماشتۇراتتى. يېنىباكتۇدا مەخسۇس چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئولتۇراقلاشقان بىر كوچا بار ئىدى.

1324 — 1326 - يىللىرى، كانكان مۇسا نۇرغۇن ھەمراھلىرى بىلەن بىللە مىسىر ئارقىلىق مەككىگە ھەج - تاۋاب قىلغىلى بارغاندا، 500 نەپەر قۇلىنىڭ قولىدا ئالتۇن ھاسا بولۇپ، 80 تۇياقتىن 100 تۇياقىچە بولغان تۆگىگە كېپەك

① مورىس دېلافوس: «ئافرىقا نېگىرلىرى»، ئىنگلىزچە نەشرى، 63 - بەت، 1931 - يىلى ۋاشىنگتون.



www.uyghurkitap.com

ئالتۇن ئارتىلغانىدى. مالى پادىشاھلىقىنىڭ باي ــ قۇدرەتلىك داڭقى يىراق ياۋروپاغىچە يېتىپ باردى. 1339 ــ يىلى ياۋروپادا تۈزۈلگەن بىر پارچە خەرىتىدە تۇنجى قېتىم مالىنىڭ ئىسمى خاتىرىلەنگەن. 1357 ــ يىلى فىرانسىيەدە تۈزۈلگەن چارلېز V خەرىتىلىرى توپلىمىدىكى سۇدان خەرىتىسىدە پادىشاھنىڭ تەختتە ئولتۇرغان رەسىمى بولۇپ، ئاستى تەرىپىگە «گىنىيە نېگىرلىرىنىڭ پادىشاھى مۇسا مالى» دېگەن خەت يېزىلغان. كانكان مۇسا ماراكەش مارىن سۇلتانى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان بولۇپ، ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ تۇرغان.

كانكان مۇسا ھەج قىلىپ قايتقاندا ئەرەب بىناكارى، ئاندالۇتسىيەلىك ئەس زاھىرىنى تەكلىپ قىلىپ، پايتەختتە ۋە چوڭ شەھەرلەردە كەپە ــ لاپاسلار ئورنىغا خىش بىلەن كاتتا ئوردا ــ سارايلارنى ۋە ئۆگزىسى تۈز كەلگەن مۇنارلىق مەسچىتلەرنى سالدۇردى. يېنىباكتۇدىكى سانكور مەسچىتى ئەتراپىغا سانكور ئالىي بىلىم يۇرتىنى قۇردى، ئۇنىڭ نەچچە مىڭ تالىپلىرى ئىچىدە نۇرغۇن ئاق تەنلىك تالىپلار بار ئىدى. كانكان مۇسا ئالىم ــ ئۆلىمالارنى ھۆرمەت قىلاتتى، قازى، تېۋىپ، مۇدەررىسلەرگە ناھايىتى يۇقىرى تەمىنات بەرگەنىدى.

ئۇخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1332 ــ 1336)دە، سوڭخاي پادىشاھلىقىنىڭ مۇستەقىللىقى ئەسلىگە كەلدى. (1335 ــ يىلى). سۇلايمان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1336 ــ 1359) مالى داۋاملىق گۈللەندى. مەشھۇر ئەرەب سەيياھ ئىبنى باتۇتە 1352 ــ 1353 ــ يىللىرى مالى پادىشاھلىقىنى ئايلىنىپ چىقىپ، ساياھەت خاتىرىسىگە مالى دۆلىتىگە ئائىت نۇرغۇن قىممەت ماتېرىياللارنى يېزىپ قالدۇرغان.

14 ــ ئەسىرنىڭ 60 ــ يىللىرىدىن باشلاپ يۈز بەرگەن تەخت تالىشىش نىزالىرى تۈپەيلىدىن مالى دۆلىتى زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەندى. 15 ــ ئەسىردە قوشنا قەبىلىلەرنىڭ ئۈزۈكسىز تاجاۋۇز قىلىشىغا ئۇچرىدى؛ ئالاھازەل 1400 ــ يىلى موسىلار

www.uyghurkitap.com

مالىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەردىن باشلاپ دابو كۆلىگىچە بولغان جايلارنى ۋەيران قىلىۋەتتى؛ 1435 ـ يىلى تۇئارېگلارنىڭ قەبىلە باشلىقى ئاچىل ئاراۋان، يېنباكتۇ، ۋالاتا قاتارلىق سودا مەركەزلىرىنى بېسىۋالدى؛ 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سوڭخاي نىگېر دەرياسى رايونىدىكى ئۆلكىلەرنى يۇتۇۋالدى، 16 ـ ئەسىردە سوڭخەي سېنېگال دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قاراپ تېخىمۇ ئىلگىرىلىدى ھەمدە مالىنىڭ پايتەختى (1545 ــ 1546) گە ھۇجۇم قىلدى؛ 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربىي شىمال تەرەپتە فۇرلار باش كۆتۈرۈپ چىقىپ تېكلۇرنى ئىشغال قىلدى. مالى پادىشاھلىقىنىڭ تېررىتورىيەسى كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىپ دۆلەت كۈچى بارغانسېرى ئاجىزلىدى. 1599 ـ يىلى مالى پادىشاھى دېنىنىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنغانىدى، لېكىن ماراكەش تاجاۋۇزچى قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى مالىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى سېگوۋ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن مالى دۆلىتى پارچىلىنىپ كەتتى.

مالىدا دەسلەپكى مەزگىللەردە فېئودالىلىق مۇناسىۋەتلەر ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە قۇللۇق تۈزۈممۇ مەۋجۇت ئىدى. پادىشاھنىڭ نۇرغۇن «قۇل قەبىلىسى» بار ئىدى. 14 ـ ۋە 15 ـ ئەسىرلەردە «قۇل قەبىلىسى»دىكى ھەر بىر تۇتۇن يىلىغا 40 جەينەكلىك① ئولپان تاپشۇرۇشى، يەنى كۆلىمى 40 جەينەك كېلىدىغان يەردىن بەلگىلەنگەن ئاشلىقنى يۇقىرىغا تاپشۇرۇشى شەرت، دەپ بەلگىلەندى. ئولپان ئېلىش شەكلىدىكى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش قۇللارنىڭ ئورنىنىڭ بېقىندى دېھقانلارنىڭ ئورنىغا يېقىنلاشقانلىقىنى، قۇللۇق تۈزۈم بارا ـ بارا فېئوداللىق

---

① جەينەك: قەدىمدىكى بىر خىل ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى بىرلىكى، ئوتتۇرا بارماقنىڭ ئۇچىدىن جەينەككىچە بولغان ئۇزۇنلۇق بىر جەينەك بولۇپ، تەخمىنەن يېرىم مېتىرغا تەڭ، بۇ يەردە ئۇ كۆلەم بىرلىكى قىلىنغان.

تۈزۈمگە ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**سونگاي** سونگاي پادىشاھلىقىنى سونگايلار① قۇرغان. ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ تۇنجى خاندانلىقى دىئا خاندانلىقى (690 — 1335 - يىللار) بولۇپ، كۇگىيە (گائو دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا تەخمىنەن 150 كىلومېتىر كېلىدىغان جاي) پايتەخت قىلىنغان. ئۇ شىمالدا بانىباغىچە، جەنۇبتا رۇپتىكى نىگىر دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى يەرلەرگىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. سونگا 890 - يىلى گائۇ شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. دىئا خاندانلىقىنىڭ 15 - ئەۋلاد پادىشاھى كوسېي گائودىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى، 1010 - يىلى پايتەختنى گائوغا كۆچۈردى.

1325 - يىلى، مالى قوشۇنى گائۇنى ئىشغال قىلدى، سونگاي مالىنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلاندى. 1335 - يىلى، مالى بارىمتايلىققا ئەكەتكەن سونگاي شاھزادىلىرى ئەلى گلېن ۋە سېرما نار گائۇغا قېچىپ كېلىپ، سونگاي خاندانلىقى (1335 — 1493 - يىللار) نى قۇرۇپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە سونگاي دۆلىتى كۈچىيىشكە باشلىدى. سونگاي خاندانلىقىنىڭ 18 - ئەۋلاد پادىشاھى سانى ئەلى (1464 — 1492 - يىللار) غايەت زور قوشۇننى توپلاپ، بىر قاتار جازا يۈرۈشلىرىنى قىلدى. 1468 - يىلى تۇئارېگلارنىڭ قولىدىن يېڭىباكتۇنى تارتىۋالدى، 1473 - يىلى مالىنىڭ دېڭىي شەھىرى بىلەن ماسىنا رايونىنىڭ بىر

① «سونگاي» (松加依) يەنە «سونگاي» (桑海) دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ. «سونگايلار» بېلىقچىلىق قىلىدىغان سالكو، دېھقانچىلىق قىلىدىغان كاپېپ ۋە ئوۋچىلىق قىلىدىغان گوئۇدىن ئىبارەت ئۈچ قەبىلىدىن تەركىب تاپقان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئەسلىي يۇرتى نىگىر دەرياسىدىكى بۇسا شارقىراتمىسىنىڭ سەل تۆۋەن تەرىپىدىكى دېندى رايونى بولۇپ، ئۇلار خاۋسالارنىڭ ئېزىشىگە ئۇچرىغانلىقتىن نىگىر دەرياسى جىلغىسىنى بويلاپ يۇقىرىغا كۆچكەنىكەن.

www.uyghurkitap.com

قىسمىنى ئىشغال قىلدى، ئارقىدىنلا يەنە ماسىنادىن شەرققە قاراپ كېڭەيمەكچى بولغان فورلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ۋالاتانى ئىشغال قىلدى. 1483 ـ يىلى دابو كۆلىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە ئىلگىرى ماسىنانى ۋەيران قىلغان (1477 ـ يىلى) ۋە ۋالاتانى تالان ـ تاراج قىلغان (1480 ـ يىلى) موسلارنى مەغلۇپ قىلىپ، غەلىبىسىرى قوغلاپ زەربە بېرىپ موسى چېگراسىغىچە يېتىپ باردى. 1492 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سانى ئەلى تاغ ئارىسىدىكى ئېقىندىن كېسىپ ئۆتۈش جەريانىدا سۇغا چۆكۈپ ئۆلدى. ئۇ غەربىي سۇداندىكى مۇھىم سودا مەركەزلىرىنى تارتىۋېلىپ، سونگاي دۆلىتىنىڭ باي ـ قۇدرەتلىك بولۇشىغا ئاساس هازىرلىدى.

1493 ـ يىلى سونگاي پادىشاھلىقىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى سورىنكې مۇھەممەددۇر سانى ئەلىنىڭ ئوغلى بالودىن تەختنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى ئاسكىيە مۇھەممەد I دەپ ئاتاپ (1493 ــ 1528)، سونگاي تارىخىدا ئاسكىيە خاندانلىقىنى بەرپا قىلدى. ئۇنىڭ بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشى بىلەن، سونگاي دۆلىتى گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى.

ھەربىي ئىشلار جەھەتتە، ئۇ قۇللار بىلەن ئەسىرلەردىن تەركىب تاپقان دائىمىي قوشۇن تۈزۈمىنى ئورۇش مەزگىلىدە ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. دېھقانلار بىلەن قول ھۈنەرۋەنلەر ئەسكەر بولغان تەقدىردىمۇ ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمىدى، شۇنىڭدەك ھەر قايسى جايلاردا تۇرىدىغان پادىشاھ ئەسكەرلىرىنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئۇ دائىمىي قوشۇنغا تايىنىپ زېمىنىنى كېڭەيتتى؛ جەنۇب تەرەپتە مورسلاردىن يۇقىرى ۋولتا ئويمانلىقىنى قايتۇرۇۋالدى (1499 ـ يىلى)؛ غەرب تەرەپتە فۇرلارنى مەغلۇپ قىلىپ پۇتكۇل ماسىنانى يۇتۇۋالدى (1494 ـ يىلى)، سېنېگال دەرياسى بويىدىكى باكىر رايونىنى ئىشغال قىلدى (1508 ـ يىلى)؛ شەرق تەرەپتە خاۋسا شەھەر دۆلىتىنىڭ يەتتىدىن بەش قىسمىنى بويسۇندۇردى

(1512 — 1513 ـ يىللىرى)؛ شىمال تەرەپتە تۇئارېگلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئېير ئېگىزلىكىدىكى ئاگادېز (1515 ـ يىلى) بىلەن سەھرايى كەبىر چۆللۈكىدىكى ئاشتۇزى چىقىدىغان جاي تاگازا (بۇگۇنكى تاۋتىنىنىڭ شىمالى، تۇئاتنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ) نى ئىشغال قىلدى. غەربتە سېنېگال دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن، شەرقتە ئېير ئېگىزلىكىگىچە، جەنۇبتا بۇسا شارقىراتمىسىدىن، شىمالدا مەركىزىي سەھرايى كەبىردىكى بىپايان رايونلارغىچە بولغان بارلىق زېمىنغا مۇھەممەد I ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

سىياسىي جەھەتتە، ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلدى. مەركەزدە بىر قاتار مەنسەپلەر تەسىس قىلىندى، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مالىيە، ترانسپورت، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق، دىن قاتارلىقلارغا مەسئۇل قىلىندى. مەملىكەت بويىچە تۆت مەمۇرىي ئۆلكە قۇرۇلۇپ، ئۆلكە باشلىقلىرى پادىشاھنىڭ ئۆزۈق ـ جەمەتىدىن تاللىنىپ تەيىنلەندى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، نىگېر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن قانال قېزىلدى، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى ياخشىلاندى، تۇز كانلىرى ئېچىلدى، ئۆلچەم سىستېمىسى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، مۈكەممەل باج ئېلىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. گائۇ، يېنىباكتۇ، دىنىي قاتارلىق شەھەرلەردە ئاھالىلەر كۆپەيدى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك تەرەققىي قىلدى، توقۇمىچىلىقى ناھايىتى داڭلىق ئىدى، يېنىباكتۇدا 50 تىن 100 گىچە شاگىرت ئىشلەيدىغان 26 تىككۈچىلىك ئۇستىخانىسى بار ئىدى.

دىن جەھەتتە مۇھەممەد I تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئىسلام دىنى ئارقىلىق مۇستەھكەملىدى. 1495 — 1497 ـ يىللىرى ئۇ ھەمراھلىرىنى باشلاپ مەككىگە ھەج ـ تاۋاپ قىلغىلى بارغاندا، 10 مىڭ دىنارنى سەدىقە قىلىپ يەر سېتىۋېلىپ، سۇدانلىق ھاجىلارغا بىر رابات

سىلىپ بەردى. ئۇ مەككە شېرىپى ئىنئام قىلغان «سۇدان رايونىنىڭ خەلىپىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە مەخسۇس بىر يۇقىرى دەرىجىلىك كاھىننى پۈتۈن مەملىكەتتىكى غەيرىي مۇسۇلمانلارنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى.

مەدەنىيەت جەھەتتە ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە ئەدىبلەرنى كەڭ دائىرىدە جەلپ قىلدى. گائۇ، يېنباكتۇ ۋە دېنىي قاتارلىق شەھەرلەر مەشھۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە ئايلاندى. 1492 ـ يىلى گىرانادا قولدىن كەتكەندىن كېيىن، مۇھەممەد I ئىسپانىيەدىن قېچىپ چىققان نۇرغۇن سەنئەتكار، مۇتەپەككۇر، تېۋىپ ۋە ئالىملارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئۇلارنى سانكور ئالىي بىلىم يۇرتىدا دەرس ئۆتكۈزدى. ئەينى چاغدا، سانكور ئالىي بىلىم يۇرتىدا «قۇرئان كەرىم» تەتقىق قىلىنغاندىن سىرت، يەنە قانۇن، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەر بويىچە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلاتتى. كىتابلار قىممەت باھادا سېتىۋېلىنىپ، سانكور ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ كۇتۇپخانىسى تولۇقلىناتتى. ئەينى چاغدا يېنباكتۇ ئەڭ چوڭ مۇسۇلمانلار مائارىپ مەركىزى بولۇپ، ئەرەب مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قالغان ۋە راۋاجلاندۇرغان. سونگاي پادىشاھلىقىدا نۇرغۇن يەرلىك ئىلىم ئەھلىلىرى يېتىشىپ چىققان بولۇپ، ئۇلار نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن ئاز ساندىكى قولىيازمىلارلا ساقلىنىپ قالغان①، ئۇلار سۇدان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتا قۇللار يەنىلا مۇھىم رول ئوينايتتى، لېكىن فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە مۇناسىۋەتلىرى

① ئالايلۇق، 1569 ـ يىلى يېباكتۇدا تۇغۇلغان ئابدۇراھمان سادى «سۇدان تارىخى» نى يازغان بولۇپ، بۇ كىتاب 1655 ـ يىلىنىڭ ئالدىدىكى سۇداندىكى ھەرقايسى پادىشاھلارنىڭ سالنامىسىدۇر. يېنباكتۇلۇق ئالىم مەھمۇد كادى يازغان «ئىزدەنگۈچىلەر تارىخى» دا 1520 ـ يىلىنىڭ ئالدىدا سونكايدا يۈز بەرگەن چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن، ئۇنىڭ نەۋرىسى 1599 ـ يىلىغىچىلىكنى تولۇقلىغان، بىر نامسىز ئاپتور 1660 ـ يىلىدىكى چوڭ ۋەقەلەرنى قوشۇپ يازغان.

مالى پادىشاھلىقى دەۋرىدىكىدىن تېخىمۇ تەرەققىي قىلغانىدى. ئاسكىيە مۇھەممەد ئۆزىنىڭ بارلىق قۇللىرىنى 24 قەبىلىگە بۆلۈپ، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلار تاپشۇرىدىغان ماددىي بۇيۇم بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى بىلەن ئالۋان ـ ياساقنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتتى. پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ جەددى ـ جەمەتىنى مالاي ـ دېدەكلەر بىلەن تەمىنلەيدىغان قەبىلىلەرنىڭ ماددىي بۇيۇم بىلەن تۆلىنىدىغان باج ـ سېلىقى كەچۈرۈم قىلىنغاندىن سىرت، ئادەتتە قەبىلىلەر بەلگىلىمە بويىچە شال قاتارلىقلار ئارقىلىق ماددىي بۇيۇم بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى تاپشۇراتتى. بەزى قەبىلىلەر ئاتلارغا يەم ـ خەشەك تەييارلاپ بېرەتتى، بەزى قەبىلىلەر بەلگىلىك ساندىكى قورۇتۇلغان بېلىق تاپشۇراتتى، بەزى قەبىلىلەردىكى ھەر بىر ئائىلە ھەر يىلى 100 تالدىن نەيزە ۋە 100 تالدىن ئوق تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى. روشەنكى، بۇ يانچىلىق تۈزۈمگە يېقىنلاشقان يېڭىچە ئېكسپلاتاتسىيە شەكلىدۇر. قۇللار باشقىلارغا يەر بىلەن بىللە سوۋغا قىلىناتتى. مۇھەممەد I ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى خوجىلىق زېمىن ۋە قۇللارنى ئىمام ـ ئىشانلار ۋە ئاقسۆڭەكلەرگە سوۋغا قىلىپ بەرگەنىدى. ئىمام ـ ئىشان ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يېرىدىكى قۇللارمۇ ئادەتتە يەرگە باغلانغان بولۇپ، بەلگىلىك ساندا ماددىي بۇيۇم بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى تاپشۇراتتى. يەرگە باغلىنىپ قالغان ھەمدە ماددىي بۇيۇم بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى تاپشۇرىدىغان بۇنداق قۇللارنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى يانچىلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى، ئۇلار يانچىلاردىن پەقەت قانۇن ۋە ئىجتىمائىي ئورۇن جەھەتتىلا پەرقلىنەتتى. ئۇلارنىڭ ھۆر كىشىلەر بىلەن قۇدىلىشىشى چەكلەنگەنىدى، ئۇلارنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرى ھۆر كىشىلەر يېزا ـ قىشلاقلىرىنىڭ ئارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىچكى قىسىمدىلا نىكاھلىنىدىغان ھەمدە

كەمستىلىدىغان يات ئۇرۇقلار ماكانى ئىدى.

1517 — 1528 - يىللىرى، سونگايدا ئىچكى توپىلاڭ يۈز بەردى، ئالدى بىلەن نىگېر دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى كېبىنىڭ بېگى كانتا قوزغىلاڭ كۆتۈردى، ئارقىدىنلا مۇھەممەد I نىڭ ئۈچ ئوغلى ئاتىسىغا قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. 1528 - يىلى مۇھەممەد I مەغلۇپ بولدى، ئوغۇللىرى ئۇنىڭ كۆزىنى ئويۇپ، ئۇنى نىگېر دەرياسىدىكى بىر ئارالغا سۈرگۈن قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تەخت تالىشىش باشلاندى. داۋۇد ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغ (1549 — 1582) دا، گەرچە دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى.

ماراكەش سۇلتانى ئەھمەد مەنسۇر (1578 — 1603) 1590 - يىلى سونگايغا تاجاۋۇز قىلىشقا قوشۇن ئەۋەتتى. 1591 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تومدىبى (گائونىڭ شىمالىغا 50 كىلومېتىر كېلىدۇ) جېڭىدە، تاجاۋۇزچىلارنىڭ تەخمىنەن 2000 كىشىلىك قارا مىلتىقلىق قوشۇنى قىلىچ، نەيزە، ئوقيا، چوماق، تېرە ياكى ئوت - چۆپتىن ياسالغان قالقان بىلەن قوراللانغان نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك سونگاي قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى①. جەڭ باشلىنىش ئالدىدا سونگاي پادىشاھى ئاسكىيە ئىسھاق II (1588 — 1591) قوغدىنىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپ قوشۇنى ئوتتۇرىسىغا كالا توپىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. كۈتۈلمىگەندە تاجاۋۇزچىلار ئاتقان ئوقتىن يارىلانغان ۋە ئۈركۈپ كەتكەن كالىلار ئەسەبىيلىشىپ ئارقىسىغا قېچىپ سونگاي قوشۇنىنىڭ

① تومدىبى جېڭىدىكى ئىككى قوشۇننىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار ئوخشاش ئەمەس. ماراكەش قوشۇنى ماراكەشتىن ئاتلانغاندا 3000 نەپەر ئەسكىرى بار ئىدى بەزىلەر ئۇلار نىگېر دەرياسى بويىغا كەلگەندە، 2000 نەپەر قالغان دېسە، يەنە بەزىلەر 1000 نەپەر قالغان دەيدۇ. سونگاي قوشۇنىنىڭ ئەسكىري سانى ھەققىدە «سۇدان تارىخى»دا پىيادە ئەسكەر 30 مىڭ، ئاتلىق ئەسكەر 12 مىڭ 500 دېيىلسە، «ئىزدەنگۈچىلەر تارىخى» دا پىيادە ئەسكەر 9700، ئاتلىق ئەسكەر 18 مىڭ دېيىلگەن.



www.uyghurkitap.com

تارمار بولۇشىنى تېزلىتىۋەتتى[1]. سونگاينىڭ پادىشاھى گوما (بوگونكى ۋولتانىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) غا بېرىپ پاناھلانغاندا، يەرلىك ئاھالىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. تاجاۋۇزچىلار قوشۇنى گائو، يېنىباكتو ۋە دېنىنىنى ناھايىتى تېزلا ئىشغال قىلدى ۋە تالان ـ تاراج قىلىپ ۋەيران قىلدى. مەشھۇر سانكور ئالىي بىلىم يۇرتىنىمۇ ئوت يالقۇنى قاپلىدى، 100 مىڭ تىللا ۋە 1000 نەپەر قۇل (ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە ئاخۇنلار خېلى كۆپ ئىدى) ئولجا قاتارىدا ماراكەشكە ئېلىپ كېتىلدى.

سونگاي خان جەمەتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن دېندىغا چېكىندى. گەرچە پارتىزانلىق تاكتىكىسىنى قوللىنىپ تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ ئىچكىرىلەپ كىرىشىنى توسقان بولسىمۇ، بىراق قايتۇرما زەربە بېرىشكە مادارى يەتمىدى. دېندىدىكى كىچىك ئوردىنىڭ تەسىرىمۇ بارا ـ بارا يوقالدى، 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سونگاي پادىشاھلىقى يوقالدى.

سونگاي پادىشاھىنىڭ قوشۇنى ماراكەش تاجاۋۇزچى قوشۇنى تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، دېئوكران قۇللار قەبىلىسى دەرھال قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 1591 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇلار يېنىباكتوغا يۈرۈش قىلدى، 1593 ـ يىلى يەنە تۇئارېگلار بىلەن بىرلىشىپ گائودىن دېنىيغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق رايونلاردا تازىلاش ئېلىپ باردى. قوزغىلاڭچى قۇللار قوشۇنى تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى باشتىن ـ ئاخىر گائو، دېنىي ۋە يېنىباكتو قاتارلىق ئاز ساندىكى شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار بىلەنلا چەكلەپ قويدى. بۇ قېتىمقى قۇللار قوزغىلىڭى 1652 ـ يىلى مەغلۇپ بولغانغا قەدەر 61 يىل داۋاملاشتى.

---

① مورس دېلافوس: «ئافرىقا نېگىرلىرى»، ئىنگلىزچە نەشرى، 1931 ـ يىلى ۋاشىنگتون.

نىگىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى يېنىباكتۇ تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولۇپ، تۇنجى باش ۋالىي يوردال (1591 — 1612) ماراكەش سۇلتانى ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگەن تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ كاتتىبېشى ئىدى. 1612 — 1660 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى 21 باش ۋالىينى ئەسكەرلەر سايلىغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە سۇلتاندىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولدى. 1660 — 1750 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى 128 باش ۋالىي ئۆزىنى ئۆزى باش ۋالىيلىققا تەيىنلىگەن. 1670 ـ يىلىدىن كېيىن سېگوۋ پادشاھلىقى دېنېيىنى تارتىۋالدى، 1680 ـ يىلى تۇئارېگلار گائونى ئىشغال قىلدى، يېنباكتۇدىكى باش ۋالىي بۇ ئىككى كۈچلۈك قوشنىسىغا ئولپان تاپشۇرىدىغان بولدى.

## 5. ئوتتۇرا جەنۇبىي ئافرىقا ۋە مالگاش

17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئوتتۇرا جەنۇبىي ئافرىقا رايونىدا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى كويسالار يەنىلا ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا تۇرغاندىن سىرت، بانتۇلار بىر قاتار دۆلەتلەرنى قۇرغانىدى. بۇ دۆلەتلەر ئىچىدە كونگو بىلەن زىمبابۋې ئەڭ مەشھۇر بولۇپ، ئۇلار خېلى يۇقىرى سەۋىيەلىك مەدەنىيەت يارىتىپلا قالماي، يەنە پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىغا قارشى كۈرەش قىلدى.

ئوتتۇرا ئەسىر مەزگىلىدە ماداغاسقار ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تاغلىق رايوندا ئىمېرىنا① دەپ ئاتىلىدىغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى فېئوداللىق دۆلەت باش كۆتۈرۈپ چىقتى،

① «ئىمېرىنا» مالگاش تىلىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، مەنىسى «تاغلىق دۆلەت» دېگەنلىك بولۇپ، «مېرىنا» (ئەڭ ئېگىز چوققا دېگەن مەنىدە) دېگەن سۆيەت سۆزىدىن ياسالغان.

ئۇ كېيىن پۈتكۈل ئارالنى بىرلىككە كەلتۈرگەن مەركەزگە ئايلاندى.

كونگو پادىشاھلىقى كونگو پادىشاھلىقىنى غەربىي بانتۇلاردىن بولغان كونگولۇقلار قۇرغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى كونگو دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى بېنگو پادىشاھلىقىنىڭ كەنجى شاھزادىسى ئىكەن. ئالاھازەل 14 ـ ئەسىردە ئۇ قوشۇننى باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، ئالدى بىلەن ئاھالىسى زىچ بولغان باكونگو رايونىنى ئىشغال قىلىپ، پايتەخت بانزانى① قۇرغان، ئاندىن كېيىن ئۇ قورال كۈچى ۋە قۇدىلىشىش ئارقىلىق نۇرغۇن قەبىلە ۋە كىچىك پادىشاھلىقلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇ دۆلەت تازا روناق تاپقان، ئۇنىڭ چېگراسى شىمالدا ئوگوۋې دەرياسىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا بېنگېراغىچە، غەربتە ئاتلانتىك ئوكيانغىچە، شەرقتە كاساي دەرياسى بىلەن زامبېزى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغىچە يېتىپ بارغان. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇنىڭ چېگراسى ئەتراپىدىكى كىچىك دۆلەتلەر مۇستەقىل بولۇپ، تېررىتورىيەسى كىچىكلىگەن بولسىمۇ، يەنىلا شىمالدا كارپېنتادىن باشلىنىپ، جەنۇبتا لۇئانداغىچە، غەربتە ئاتلانتىك ئوكيان بويىغىچە، شەرقتە كۋاڭپو دەرياسىغىچە بولغان بىپايان رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.

كونگو ئىقتىسادىدا دېھقانچىلىق ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى. ئوتىغۇچ ئاساسلىق دېھقانچىلىق سايمىنى ئىدى، تېرىق، ئاققوناق، بۇغداي تۇرىدىكى زىرائەتلەر ۋە شال تېرىلاتتى. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنە پورتۇگالىيەلىكلەر برازىلىيەدىن

① بانزا — كونگو تىلىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئوردا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ ئۆتۈش قىيىن بولغان ئېگىز تاغ ئۈستىدىكى تۈزلەڭلىكتە قۇرۇلغان، مەزكۇر تۈزلەڭلىكنىڭ ئەتراپىدا 16 كىلومېتىردىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر ۋە يېزا ـ قىشلاقلار، 100 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە بار.

ئېلىپ كەلگەن تاتلىق بەرەڭگە بىلەن كۆممىقوناق ئۆستۇرۇلىدى. كونگودا ھەر خىل كۆكتات ۋە مېۋە - چېۋىلەر ئۆستۈرۈلىدۇ، كونگولۇقلار يەنە كونگو خەلقىنى ماي، ھاراق، ئاچچىقسۇ، مېۋە ۋە بولكا بىلەن تەمىنلەيدىغان ۋىندىمل پالما دەرىخىنى[1] يېتىشتۈردى. ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى ئاساسەن ئاياللار قىلاتتى. ئەرلەر دەرەخ كېسىش، يەر ئاغدۇرۇش قاتارلىق ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلغاندىن باشقا، ئاساسلىقى قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى.

قول سانائەتتە مېتال تاۋلاش كەسپى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، تۆمۈردىن قورال - ياراغ ۋە سايمانلار ئىشلەپچىقىرىلاتتى. ئالتۇن، كۈمۈش، مىستىن ھەر خىل ئەسۋابلار ۋە بېزەك بۇيۇملىرى ياسىلاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كونگونىڭ تۇنجى پادىشاھى ماھارەتتە كامالەتكە يەتكەن تۆمۈرچىلەر ئىچىدىن تاللاپ چىقىلغانىكەن. كونگو خەلقى فارفور قاچىلار، ياغاچ قاچىلارنى ئىشلەپچىقىراتتى، پىل چىشىدىن ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياسايتتى، ۋىندىمل تالاسىدىن رەخت توقۇپ، يوپۇرمىقىدىن بورا، سېۋەت توقۇيتتى، كۆندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ياسايتتى، كونگونىڭ كېمىسازلىقى خېلى تەرەققىي قىلغانىدى. پايتەخت بانزا پۇتۇن مەملىكەتنىڭ سىياسىي مەركىزى، شۇنداقلا ئەڭ چوڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەركىزى ئىدى.

دۆلەت ئىچىدە سودا ئىنتايىن جانلانغان، ھەر قايسى جايلاردا قەرەللىك ھالدا بازار بولىدۇ. دېڭىز بويلىرىدىن ئېچىكىرىگە

---

① بۇنداق دەرەخنىڭ يېشىل ۋە رەڭلىك مېۋىسىنى خام ياكى سۇدا پىشۇرۇپ يېگىلى بولىدۇ؛ مېۋىسىنىڭ گۆشىدىن ياغ چىقىرىپ، ئۇنى جىنچىراغ يېقىشقا، بەدەنگە سۈرتۈشكە ياكى مەسكە (ئاقماي) ئورنىدا ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ؛ مېغىزىدىن ئۇن تارتىپ، بولكا پىشۇرغىلى بولىدۇ؛ دەرەخنىڭ ئۇستىدىن سۇتتەك تامچىلاپ ئاققان سۇيۇقلۇقتىن ھاراق، ئاچچىقسۇ ياسىغىلى بولىدۇ.

ئاشتۇزى[1] كىرگوزۇلۇپ ئۇ يەردىن پىل چىشى، يىلپىز تېرىسى، ۋىندىمىل تالاسىدىن ئىشلەنگەن رەخت، ۋىندىمىل يوپۇرمىقىدىن ئىشلەنگەن بەلباغ قاتارلىقلار چىقىرىلىدۇ. پۇل ئاساسەن قۇلۇلە قېپىدىن ياسىلىدۇ[2]. سودىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پادىشاھلىق يەرلىك ئەمەلدارلار ھەمىشە يوللاردىكى ئوت ـ چۆپلەر، چاتقاللارنى تازىلاپ تۇرۇشى، كۆۋرۈك، كېچىك كېمىلىرىنى رېمونت قىلىشى ھەمدە مېھمانسارايلارنى سېلىشى كېرەك، دەپ بەلگىلىگەن.

كونگو پادىشاھلىقى ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىنىڭ پارچىلىنىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن.

پادىشاھ «مانى كونگو»[3] دېگەن ھۆرمەت نامغا ئىگە بولغانىدى، دۆلەت ئىچىدىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا تەۋە ئىدى. ئۇ ئىلكىدىكى يەر ـ زېمىن ۋە بايلىقىنى ئاقسۆڭەكلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەنىدى. پايتەخت ئەتراپىدىكى 32 كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلىدىغان رايون پادىشاھقا بىۋاسىتە قارىغاندىن باشقا، پۈتۈن مەملىكەت ئالتە ئۆلكىگە[4]، ئۆلكىلەر بىر نەچچە ئايماققا ئايرىلغان بولۇپ، پادىشاھ بۇ ئۆلكە، ئايماقلارنى شاھزادە ۋە ئاقسۆڭەكلەرگە بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارغا ئۆلكە، ئايماقلارنىڭ

---

① ئاشتۇزى ئاساسلىق كونگو دەرياسى ئېغىزىدىكى مىپاندا تۇزچىلىق مەيدانى بىلەن لوزى دەرياسى ئېغىزىدىكى ئامبرىز تۇزچىلىق مەيدانىدىن چىقىدۇ.

② قۇلۇلە قېپى لوئاندا ئارىلىدىن چىقىدۇ. ئاياللار تەخمىنەن 2 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى دېڭىزغا كىرىپ بىر خىل سېرىق رەڭلىك سۈزۈك قۇلۇلە قېپىنى ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇ پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ، بۇنداق قۇلۇلە قېپىنىڭ 30 كىلوگىرامى بىر قىلىپ ئورلىپ پايتەختكە توشۇلىدۇ.

③ «مانى» كونگو تىلىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، «غوجايىن، زېمىندار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «مانى كونگو» دېگەنلىك، «كونگونىڭ غوجايىنى» دېگەنلىكتۇر.

④ كونگودىكى ئالتە ئۆلكە: پاڭبا ئۆلكىسى، سويو ئۆلكىسى، باڭبا ئۆلكىسى، پاڭگۇ ئۆلكىسى، سوندى ئۆلكىسى ۋە باتا ئۆلكىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

«مانى» لىرى دېگەن نامنى بەرگەنىدى. ئۆلكە، ئايماقلارنىڭ مانىلىرى پادىشاھقا يىلىلىق ئولپان (ئاشلىق ۋە كىيىم ـ كېچەك ۋە نەرسە ـ كېرەكلەر) تاپشۇراتتى. ئۇلارنى پادىشاھ خالىغان چاغدا ئالماشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن ئىدى، بىراق بەزى ئۆلكە، ئايماقلار بارا ـ بارا مىراسلىق خوجىلىق زېمىنلارغا ئايلىنىپ كەتتى. ئالايلۇق، سوندى ئۆلكىسىگە پادىشاھنىڭ چوڭ ئوغلى ياكى ۋارىسى ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئادەتكە ئايلاندى، باتا ئۆلكىسى ھەمىشە سابىق خان جەمەتى ئەزالىرىغا تەۋە بولدى①.

كونگونىڭ ھۆر دېھقانلىرى پادىشاھ بىلەن ئاقسۆڭەكلەرگە باج تاپشۇراتتى ھەمدە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەيتتى. ئۇلار ئارىسىدا يېزا كوممۇناسى تۈزۈمى يەنىلا ساقلىنىپ قالغانىدى. يەر كوممۇنانىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇپ، ھەر قايسى ئائىلىلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلەتتى. ھەر بىر كوممۇنا بىر پارچە يەرنى كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ بىرلىكتە تېرىشى ئۈچۈن ئايرىپ قوياتتى، ئۇنىڭدىن ئېلىنغان ھوسۇل خەزىنىگە تاپشۇرۇلاتتى، دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ھوسۇلى ۋە ئولجىسىنىڭ بىر قىسمىنى كەنت باشلىقىغا تاپشۇرغاندىن سىرت، يەنە كەنت باشلىقىنىڭ يېرىنى تېرىپ بېرەتتى. كونگودا يەنە ھۆرلۈككە ئېرىشمىگەن ئاھالىلەر خېلىلا كۆپ بولۇپ، ئۇلار خان جەمەتى ۋە ئاقسۆڭەكلەرگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بېقىناتتى. كونگودا قۇللارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئوردا ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆيلىرىدە مالاي ـ دېدەكلىك قىلاتتى.

پادىشاھ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 1 مىل (1.59 كىلومېتىردىن ئۇزۇنراق) كېلىدىغان ھەشەمەتلىك ئوردىدا تۇراتتى. پادىشاھلىق تەختكە ئانا جەمەت بويىچە ۋارىسلىق قىلىناتتى، يەنى ئانا جەمەت تاغىسى جىيەنى (ھەدىسى ياكى سىڭلىسىنىڭ ئوغلى) گە قالدۇراتتى ياكى ئىنىسى ئاكىسىغا ۋارىسلىق قىلاتتى؛ پادىشاھلىق

① باتا ئۆلكىسى كونگوغا قوشۇۋېلىنىشتىن ئىلگىرى بىر كىچىك پادىشاھلىق ئىدى.

ھوقۇقىنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ، تەختكە پادىشاھنىڭ ئوغلى ۋارىسلىق قىلىشقا ئۆزگەردى. شاھسانىيە، خانىش (كۆپىنچە پادىشاھنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرى) ۋە ئوردىدىكى ئاقسۆڭەكلەر تەخت ۋارىسىنى بەلگىلەشكە زور تەسىر كۆرسەتتى. پايتەختتىكى ھەر بىر ئاقسۆڭەك ھويلا ـ ئاران ۋە يەر ـ زېمىنلىرىنى خۇددى كىچىك شەھەرلەردەك تام بىلەن قورشىۋالاتتى.

كونگو ئوردىسى دىپلوماتىيە، ھەربىي ئىشلار، سودا، دەريا ـ ئېقىنلار ۋە ئورمانچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئايرىم ـ ئايرىم ۋەزىرلىكلەرنى تەسىس قىلغانىدى. ھەر قايسى ۋەزىرلىكلەرنىڭ ۋەزىرلىرىنى پادىشاھ ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدىن تاللاپ تەيىنلەيتتى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پادىشاھنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ئىدى. مەخسۇس جاكارچى تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئۇ پۈتۈن مەملىكەتكە پادىشاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈشكە مەسئۇل ئىدى. مەملىكەت بويىچە دائىمىي قوشۇن قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇرۇش مەزگىلىدە قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەيتتى. ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى ھەر قايسى ئۆلكىلەرگە ئەسكەر قوبۇل قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرەتتى. ئەڭ چوڭ باشتا ئۆلكىسىدىنلا 400 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلىغىلى، ئەڭ كىچىك باتا ئۆلكىسىدىنمۇ 70 — 80 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلىغىلى بولاتتى. ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر كۆپىنچە قاقاس ئارالغا سۈرگۈن قىلىناتتى. كىشىلەر سۈرگۈن قىلىنىشنى ئۆلۈم جازاسىدىنمۇ ئېغىر جازا، دەپ قارايتتى.

1482 ـ يىلى پورتۇگالىيەلىكلەر كونگو دەرياسى ئېغىزىغا يېتىپ كېلىپ، 1487 ـ يىلى كونگو پايتەختىنى ئىشغال قىلدى. 1491 ـ يىلى كونگو پادىشاھى ئېنزانگا كۇۋۇ (؟ — 1506) بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بىللە چوقۇندۇرۇلۇپ، خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. 1499 ـ يىلىدىن باشلاپ،

پورتۇگالىيە مىسسىئونېرلىرى بىلەن قۇل سودىگەرلىرى گويا ئۇۋۇسى چۇۋۇلغان ھەسەل ھەرىلىرىدەك كونگوغا ئاتلاندى. 1506 ـ يىلى چوقۇندۇرۇلغان شاھزادە ئالفونسو I (1506 ـــ 1543) تەختكە يۆلەپ چىقىرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن خىرىستىيان دىنىنىڭ تارقىلىشى كۈچىيىپ، ھەممىلا جايدا چېركاۋلار سېلىندى ھەمدە پايتەختنىڭ نامى سان سالۋادورغا ئۆزگەرتىلدى. 1514 ـ يىلىدىن باشلاپ، پورتۇگالىيەلىكلەر پادىشاھلىقتا ئىچكىرىلەپ كىرىپ قۇللارنى بۇلىدى، ھەتتا خان جەمەتىدىكىلەرنىمۇ تۇتۇپ كەتتى. 1536 ـ يىلى، قۇل سودىسى مەركىزى مىپاندا پورتىدىن 5000 نېگىر كېمە بىلەن ئېلىپ كېتىلدى.

پورتۇگالىيەلىكلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى كونگوغا ئېغىر بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى. قۇل سودىسى كونگونى مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئەر كىشىلىرىدىن مەھرۇم قىلدى؛ كونگو قۇللارنى ئولجا ئېلىش ئۈچۈن ئەتراپىدىكى قەبىلىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلدى، بۇ پادىشاھلىقنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىنى ئاجىزلاشتۇردى؛ پورتۇگالىيەلىكلەرنىڭ ئارىغا زىددىيەت سېلىشى يەنە پادىشاھلىقنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە ئىچكى نىزاسىنى كۈچەيتىپ، كونگونىڭ ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلدى.

16 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا كونگو خەلقى پورتۇگالىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، پورتۇگالىيەلىكلەرنى 1575 ـ يىلىدىن باشلاپ دىن تارقىتىش ۋە قۇل سودىسى پائالىيىتىنىڭ مەركىزىنى كۆەنزا دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئانگولا پادىشاھلىقىغا يۆتكەشكە مەجبۇر قىلدى. 1665 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى پادىشاھ ئېنرازا (ياكى ئانتونىئو I ـ 1662 ـــ 1665) پورتۇگالىيەنىڭ تىزگىنىدىن قۇتۇلۇش خىتابنامىسىنى جاكارلاپ، 1649 ـ يىلى تۈزۈلگەن تەڭسىز شەرتنامە ۋە پورتۇگالىيەلىكلەرنىڭ ئالتۇن كانلىرىنى مونوپول قىلىش

ھوقۇقىغا قارشى چىقتى. 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى مىۋىرا جېڭىدە پادىشاھ قۇربان بولۇپ، پادىشاھلىق ئۈچكە بۆلۈنۈپ كەتتى. كونگو خەلقى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇ- شىنى قانات يايدۇرۇپ، پورتۇگالىيەلىكلەرگە تەرەپ ـ تەرەپتىن زەربە بېرىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلارنى كونگودىن قوغلاپ چىقاردى. كونگو خەلقى كۈرەش قىلىش ئارقىلىق مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە بۇ مۇستەقىللىقنى 200 نەچچە يىل ساقلاپ قالدى.

**زىمبابۋې** زىمبابۋې (تاش قەلئە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قەدىمكى دۆلەت مونوموتاپا①نىڭ پايتەختى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە يەرلىك خەلق ئۇنى ئۆز ۋەتىنىنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىۋاتىدۇ.

زىمبابۋې قەدىمكى شەھىرى ئالاھازەل 6 ـ ئەسىردىن 8 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا قۇرۇلغان، مونوموتاپا دۆلىتىمۇ ئالاھازەل 5 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قۇرۇلغان. 12 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىل بۇ دۆلەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەنگەن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. 15 ـ ئەسىردە بۇ دۆلەتنىڭ تېررىتورىيەسى شىمالدا زامبېزى دەرياسىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا لىمپوپو دەرياسىنىڭ قارشى قىرغاقلىرىغىچە، شەرقتە ھىندى ئوكيان قىرغىقىغىچە يېتىپ بارغانىدى. يالغۇز بۈگۈنكى زىمبابۋېلا ئەمەس، يەنە تېخى ترانسۋال رايونىنىڭ بىر قىسمى بىلەن موزامبىكنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مونوموتاپا دۆلىتىنىڭ ئاھالىسى جەنۇبىي بانتۇ تىل سىستېمىسى ماشاۋنا تىلى گۇرۇپپىسىغا تەۋە

① موتوموتاپا بانتۇ تىلىدا ئەسلىدە «مۇۋېنىنا مۇتاپا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىپ، «بۇلانغان رايوننىڭ غوجايىنى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇ- رىلىرىدا ئۆتكەن بىر ھۆكۈمراننىڭ نامى، كېيىن پورتۇگالىيەلىكلەر تەرجىمىدە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ موتوموتاپا دەپ تەرجىمە قىلغان ھەمدە ئۇنى دۆلەت نامى قىلىپ قوللانغان. بۇ دۆلەت ئەسلىدە «ماگارانگا»، يەنى «قۇياش دۆلىتى» دەپ ئاتىلاتتى.

ۋاكارانگالاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىق دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. زىمبابۋېنىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن موزامبىكنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلارنىڭ يانباغىرىدىكى پەلەمپەي ئېتىز خارابىلىكىنىڭ كۆلىمى 2000 — 3000 كۋادرات مىل كېلىدۇ، پەلەمپەي ئېتىزنىڭ تۆت ئەتراپىغا قۇدۇق قېزىلغان، يەنە ئۇزۇنلۇقى نەچچە مىل، چوڭقۇرلۇقى بىر مېتىر كېلىدىغان ئېرىق ياسالغان. سۈنئىي سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىقتىن باشقا، يەنە ئائىلىلەردە باقمىچىلىق يولغا قويۇلغان، ئاھالىلەر باج ـ سېلىق ئورنىدا بۇقا تاپشۇراتتى.

قول ھۈنەرۋەنچىلىك ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، رەخت توقۇش، فارفورچىلىق، ئويمىچىلىق ۋە مېتال تاۋلاشتا ئىنتايىن شۆھرەت قازانغانىدى. زىمبابۋې ۋە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن قەدىمكى كان ئىزلىرى بايقالغان بولۇپ، بۇلار كان ئىشچىلىرى، كاسىپلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. 4 ـ ئەسىر ياكى 6 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تۆمۈر تاۋلاپ ئوتىغۇچ، ئوقيا ئىشلەپچىقىرىلغان، يەنە مىس، كۈمۈش، ئالتۇنلار قېزىلىپ، ئۇلاردىن ھەر خىل بېزەك بۇيۇملىرى ياسالغانىدى. لىمپوپو دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ماپاڭگۇبۋېدىكى پادىشاھ جەمەتى قەبرىستانلىقىدىن نۇرغۇن ئالتۇن بېزەك بۇيۇملار قېزىۋېلىندى. بىناكارلىق سەۋىيەسىمۇ خېلىلا يۇقىرى ئىدى، زىمبابۋېدىكى تۆت يۈزدىن ئارتۇق خارابىلىك ئىچىدە زىمبابۋې قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى ئەڭ مەشھۇر، ئۇ سېپىل، مۇنار، ئىبادەتخانا، ئوردا، ئامبار، قۇدۇق، گەمە ۋە ھويلا ـ ئاران قاتارلىق ئىمارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىمارەتلەر ئاساسەن خىشقا ئوخشاش يونۇلۇپ، سىلىقلانغان گرانت تاشتا سېلىنغان، بۇ ئىمارەتلەر نەپىس، كۆركەم بولۇپلا قالماي، ئېگىزلىكى 9.15 مېتىر، قېلىنلىقى 6.1 مېتىر كېلىدىغان سېپىل ئىنتايىن ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ.

زىمبابۋې قەدىمكى شەھەر خارابىلىكىدىن تېپىلغان مىس پۇل قويىدىغان قېلىپ بۇ دۆلەتتە سودىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى، تاشقى سودىنىڭمۇ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. 9 ـ ئەسىردە ئىبىن مەسئۇدى «ئالتۇن ئوتلاق» ناملىق ئەسىرىدە سوفارادىكى ئالتۇن سودىسىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغان. 12 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىدرىس ئۆزىنىڭ مەشھۇر جۇغراپىيەۋى ئەسىرىدە، تۆمۈر سودىسى سوفارا رايونىدىكى چوڭ سودا، سوفارانىڭ تۆمۈرى مەيلى سان ۋە سۈپەت جەھەتتە ياكى سوزۇلۇشچانلىق جەھەتتە بولسۇن، ھىندىستاننىڭ تۆمۈرىنى بېسىپ چۈشىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. بۇ تۆمۈرلەر دېڭىز بويلىرىدىكى ھەر قايسى ئاراللار بىلەن ھىندىستان قۇرۇقلۇقىغا توشۇلۇپ يۇقىرى باھادا سېتىلاتتى. تۆمۈر بىلەن ئالتۇندىن باشقا، يەنە ئاساسلىق پىل چىشى، مىس ۋە قۇل قاتارلىق تاۋارلار ئېكسپورت قىلىنىپ، ئاساسلىق ياختا توقۇلمىلار بىلەن بېزەك بۇيۇملار ئىمپورت قىلىناتتى.

مونوموتاپا ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمى پارچىلىنىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن دەسلەپكى دۆلەت بولۇپ، ئۇرۇقداش قەبىلىلەر ئاقسۆڭەكلىرى سىياسىي تۇرمۇشتا ئىنتايىن زور رول ئوينىغانىدى. ئۇنىڭدا يەنە ماترىئارخاللىق تۈزۈمىنىڭ كونا يوسۇنلىرى ساقلىنىپ قالغانىدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ پورتۇگالىيەلىكلەر شەرقىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز بويلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى، 16 ـ ئەسىردە مونوموتاپا پادىشاھلىقىنىڭ ئوردىسىغا بېسىپ كىردى. پورتۇگالىيەلىكلەرنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ دۆلەتنىڭ بىر يۈرۈش مۇكەممەل بيۇروكرات ئورگىنى بار ئىكەن. پادىشاھنىڭ ھەرىمىدە بىر نەچچە مىڭ بانۇ ـ توقال ۋە كېنىزەكلەر بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە توققۇز نەپىرى (كۆپىنچىسى پادىشاھنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرى ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى) نىڭ خانىشلىق نامى بار ئىكەن، ئۇلار تەخت

ۋارىسىنى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەن. دۆلەتنىڭ چوڭ ھوقۇقى پادىشاھنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، رەئىيەتنىڭ ھەممە نەرسىسىنى ئۇ قەرز بېرىپ تۇرغان ھېسابلىنىدىكەن، پادىشاھ خالىغان چاغدا رەئىيەتنى ئۆلتۈرەلەيدىكەن.

16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مونوموتاپا پادىشاھلىقى زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەندى. 1506 ـ يىلىغىچە بۇ دۆلەت 13 يىلدىن ئارتۇق ئۇرۇش قىلدى. بىر تەرەپتىن ئىچكى نىزا ۋە يېغىلىق، يەنە بىر تەرەپتىن پورتۇگالىيەلىكلەرنىڭ دېڭىز سودىسىنى مونوپول قىلىۋېلىشى بۇ دۆلەتنى ئەڭ مۇھىم بايلىق مەنبەسىدىن مەھرۇم قىلدى. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ پورتۇگالىيەلىكلەرنىڭ 16 ـ ئەسىردە بۇ دۆلەتنى دىن تارقىتىش ۋە قوراللىق ئىستېلا قىلىش غەرىزى ئەمەلگە ئاشمىدى. 1560 ـ يىلى، بىر خىرىستىيان دىنى مىسسىيونېرى پادىشاھنى چوقۇندۇرغان بولسىمۇ، بۇ مىسسىيونېر يەرلىكنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشقاندا دەرھال ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. ئارقىدىنلا يەرلىك خەلق يەنە پورتۇگالىيەنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى يوقىتىپ، پورتۇگالىيەلىكلەرنى پادىشاھقا سودا بېجى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى، پادىشاھلىقنىڭ ئەمەلدارلىرى ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم پورتۇگالىيەلىكلەرنىڭ سودا سورۇنلىرىغا بېرىپ سودا بېجى يىغىپ كېتەتتى.

1628 ــ 1629 ـ يىللىرى پورتۇگالىيەلىكلەر جېدەل ـ ماجىرا قوزغاپ مونوموتاپانىڭ ئىككى چوڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان يېڭى پادىشاھنى تەختكە يۆلەپ چىقاردى. پورتۇگالىيەلىكلەر يەنە تەڭسىز شەرتنامە ئارقىلىق پادىشاھنى ئالتۇن كانلىرىنى مونوپول قىلىش ھوقۇقىنى ئۆزلىرىگە بېرىشكە مەجبۇر قىلدى، پورتۇگالىيەلىكلەر بولسا پادىشاھنىڭ تەختىگە كاپالەتلىك قىلدى. 1667 ـ يىلى، پورتۇگالىيەلىكلەر تېت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى مۇستەھكەم كونترول قىلدى. پورتۇگالىيەلىكلەرنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشى ئارقىسىدا

مونوموتاپا تېخىمۇ زاۋاللىققا يۈزلەندى. 1693 ـ يىلى مونوموتاپا ماشاۋنا ئۆرۈقىدىكى روزۋىلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

**مالگاش** ماداغاسقار ئارىلى ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى ھىندى ئوكيانىغا جايلاشقان. ئارالدىكى دەسلەپكى ئاھالىلەر نېگىرولار بولۇشى مۇمكىن. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 10 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 10 ـ ئەسىرگىچە بۇ جايغا مالايلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كۆچۈپ كەلگەن، ئۇلار بۇ يەرگە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كۆچۈپ كەلگەن يەھۇدىيلار، ئەرەبلەر، پارسلار، ھىندىلار ۋە بانتۇ نېگىرلىرى بىلەن ئۆز ئارا سىڭىشىپ مالگاشلارنى شەكىللەندۈرگەن. مالگاشلار ھەم نېگىرولار ھەم جەنۇبىي ئاسىيا موڭغۇلىيانلىرىنىڭ خاراكتېرىستىكىغا ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 10 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە ماداغاسقار ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئانگاراترا تاغلىق رايونىدا مەلىنالارنىڭ نۇرغۇن ئۇلۇس ـ قەبىلىلىرى ياشىغان بولۇپ، ئۇلار بەزىدە ئىتتىپاقلاشسا، بەزىدە ئۆزئارا ئۇرۇش قىلاتتى، مىلادىيە 1300 ـ يىلى ئاندرىيا نارىنا (1300 ــ 1320) ھەر قايسى قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئىمېرىنا دۆلىتىنى بەرپا قىلدى.

16 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئايال پادىشاھ لانگىتا (تەخمىنەن ئالاھازەل 1500 ــ 1520) ۋەسىيەتنامىسىدە مۇستەبىت ھاكىمىيەت قۇرۇش ۋە چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىنى بەلگىلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئىمېرىنا ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ۋارىسلىق قىلىنىدىغان پادىشاھلىق دۆلىتىگە ئايلاندى، ئۈزۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئۆزئارا تەخت تالىشىپ ئۇرۇشۇش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىلىپ، دۆلەت تىنچ ـ خاتىرجەم روناق تېپىشقا باشلىدى.

17 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، لاندرىيا ئانزاكا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئانالامانگانى ئىشغال قىلىپ، نامىنى

تانارۋقا ئۆزگەرتىپ، پادىشاھلىقنىڭ پايتەختى قىلدى①. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەڭ كۆلەملىك سۇغىرىش ئىنشائاتلىرىنى ياسىتىپ شاللىق كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، پايتەختنى پادىشاھلىقنىڭ ئاشلىق ئامبىرىغا ئايلاندۇردى.

16 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرگىچە ئىمېرىنا دۆلىتىدە فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر تېز راۋاجلاندى. كېيىن 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى پادىشاھ يارلىقى («كابارى») دا تۆۋەندىكى فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: ئىمېرىنا دۆلىتىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىلىرى يېزا كوممۇناسىدىكى ھۆر دېھقانلار بولۇپ، ئۇلار خوۋالار دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار كوممۇنا تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئۇلۇشلۇك يەردە ئەمگەك قىلىشى ھەمدە باج تاپشۇرۇشى ۋە ئالۋان ـ ھاشارنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. كوممۇنادىن ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ كېتىپ قالغانلار قولۇقا سېتىۋېتىلىدۇ. خوۋالار ماھىيەتتە كوممۇنا يېرىگە باغلىنىپ قالغان يانچىلار ئىدى. ئىمېرىنانىڭ يېزا كوممۇناسى فكانئولونا دېيىلەتتى، ئۇلارنىڭ باشلىقى مپىئاددى دېيىلەتتى، ئۇ سايلام ئارقىلىق بارلىققا كېلەتتى، ئۇلار ئۇلۇشلۇك يەر تەقسىم قىلىش، ئامانلىقنى ساقلاش، باج يىغىش ۋە ھاشارنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلارغا مەسئۇل بولاتتى.

فېئوداللىشىش جەريانىدا ئۇلۇس ـ قەبىلىلەردىكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر فېئودال ھۆكۈمرانلارغا ئايلاندى، ئۇلار ئاندرىيانا دېيىلەتتى. ئۇلار نۇرغۇن يەرگە ئىگىدارلىق قىلاتتى، ھاشارغا چىقماسلىق، باج تاپشۇرماسلىق قاتارلىق ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولاتتى. ئاندرىيانالار ئىچىدە پادىشاھنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن قەبىلە باشلىقلىرى ئەۋلادلىرىنىڭ تەسىرى

① «ئانالامانگا» «ئورمانلىق»دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، «تانانارىۋ» يەنە «ئانتانانارىۋ» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ، ئۇ «مىڭ كىشىلىك يەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئەسلىدە لاندرىيا ئانزاكا بۇ يەردە مىڭ كىشىلىك قوشۇن تۇرغۇزغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار چوڭ يەر مۈلكىگە ئىگە فېئوداللار ئىدى. چوڭ يەر مۈلكى سېتىشقا بولمايدىغان، ئەمما مىراسلىق فېئودallıq خوجىلىق زېمىن بولۇپ، «ۋودۋونا» دەپ ئاتىلاتتى. چوڭ يەر مۈلكىگە باغلانغان دېھقانلار «مېناكلى» لار دەپ ئاتىلاتتى، ئۇلار دۆلەت ئۈچۈن مەجبۇرىي ئەمگەك قىلاتتى ھەمدە دۆلەت بەلگىلىگەن باج ـ سېلىقنى فېئوداللارغا تاپشۇرۇش بۇرچىنى ئادا قىلاتتى. بۇنداق فېئوداللار «تومپو ـ مېناكلى» لار دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار باج ـ سېلىقنى يىغىش ۋە مېناكلىلارنى سوراق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. دېھقانلار دۆلەتكە تاپشۇرغان باج ـ سېلىقنىڭ خېلى كۆپ قىسمىدىن ئۇلار بەھرىمەن بولاتتى. پادىشاھ فېئوداللارنىڭ كاتتىبېشى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ زېمىنى ئۇنىڭ ئىگىدارلىقىدا ئىدى، ئۇ رەئىيەتكە يەر تەقسىم قىلىپ بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تۈرلۈك باج ـ سېلىقلارنى يىغاتتى ۋە ئالۋان ـ ھاشارلارنى ئورۇنلاشتۇراتتى.

ھەر خىل قۇللار جەمئىيەتتىكى ئەڭ تۆۋەن تەبىقە ھېسابلىناتتى. ئۇرۇش ئەسىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى «ئانادېۋ» لار دەپ ئاتىلاتتى؛ قەرزدار بولۇپ قۇلغا ئايلانغانلار، جىنايەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى «زازا ـ خوۋا» لار دەپ ئاتىلاتتى؛ قۇللار بەزى ۋاقىتلاردا بەزى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىگە قاتناشسىمۇ، لېكىن ئاساسلىقى ئائىلىدە مالايلىق قىلاتتى. ئائىلە قۇللۇق تۈزۈمىنى ئاساس قىلغان قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، ئېغىر ئالۋان ـ ھاشارغا سېلىنىدىغان ھەمدە خوجىلىق زېمىنغا باغلىنىپ قالغان ھۆر دېھقانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە پادىشاھلىق ھوقۇقىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ئىمېرىنا دۆلىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

16 ـ ئەسىردە ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى ماداغاسقارغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى. 1500 ـ يىلى ئالدى بىلەن

www.uyghurkitap.com

پورتۇگالىيەلىكلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. كېيىنكى 150 يىل ئىچىدە گوللاندىيە، فىرانسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىرى ئارقىمۇئارقا كېلىپ، بەس ـ بەستە قول سودىسى قىلدى. 1642 ـ يىلى فىرانسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇن («ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى») ئەۋەتىپ، ماداغاسقار ئارىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا تۇنجى مۇستەملىكە بازىسىنى قۇردى. ئارقىدىنلا پۈتۈن ئارالغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى بەش ۋالىينى ئەۋەتىپ، مۇستەملىكىچىلەرنى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ يۆتكەپ كېلىپ، ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرنى ئولپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى، ئىچكىرىلەپ كىرىپ يېزا ـ كەنتلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، ماداغاسقارنى فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى. ماداغاسقار خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، دۈشمەنگە بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇپ، ئاخىر فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكە بازىسىنى ۋەيران قىلىپ، فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى چېگرادىن تامامەن قوغلاپ چىقاردى.

## 2 ـ بۆلۈم 16 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى ئامېرىكا قىتئەسى

ئامېرىكا قىتئەسى شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى كانادا، ئامېرىكا ۋە بەزى ئاراللاردىن تەركىب تاپقان؛ لاتىن ئامېرىكىسى مېكسىكا قولتۇقىدىكى گىراند دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىن ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى خورن تۇمشۇقىغىچە بولغان زېمىنلارنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ جۇغراپىيەدە مېكسىكا، ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسى، غەربىي ئىندىئان تاقىم ئاراللىرى ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىن ئىبارەت تۆت رايونغا بۆلۈنىدۇ. ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسى، غەربىي ھىندى

تاقىم ئاراللىرى ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى ئارىسىدا كارىب دېڭىزى بولغاچقا، بۇ رايون ئادەتتە يەنە كارىب رايونى دېيىلىدۇ.

15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇرۇن، ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ مۇستەقىل تەرەققىيات تارىخى بار ئىدى. 1492 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كولومبو تۇنجى قېتىم ئامېرىكا قىتئەسىگە كەلگەندە، خاتالىشىپ ئۆزى ئاچماقچى بولغان شەرقىي ئاسىيا يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى — ھىندىستانغا كەلدىم دەپ ئويلاپ، يەرلىك ئاھالىلەرنى «ئىندىئان» لار (ھىندىلار) دەپ ئاتىغان، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تارىخىي نام ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

ئىندىئانلار بىپايان ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى غوجايىنلىرىدۇر، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياۋروپالىق مۇستەملىكىچىلەر بېسىپ كىرىشتىن ئاۋۋال جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىندىئانلار دەپ ئاتالغان. ھازىرقى زامان ئىنسانشۇناسلىرى، ئىندىئانلار موڭغۇلئىد ئىرقىغا تەۋە، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئالاھازەل 50 مىڭ يىل ئىلگىرى ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بېرىڭ بوغۇزى (ئەينى چاغدا بۇ جاي قۇرۇقلۇق بىلەن تۇتاش ئىدى) دىن ئۆتكەن ھەمدە مۇشۇ يەردىن جەنۇبقا قاراپ ئاتلىنىپ بارا ـ بارا ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر، موڭغۇلئىد ئىرقىدىن باشقا، يەنە بىر قىسىم ئىندىئانلار ئاۋستىرالىيە ـ مېلانېسىيە ئىرقىغا تەۋە، ئۇلار ئاساسلىق جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىگە تارقالغان، دەپ قارايدۇ. ئىندىئانلارنىڭ تېرىسىنىڭ تۇق ـ ئاچلىق دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان سېرىق ياكى قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك كېلىدۇ، ئىندىئانلارنىڭ يۈزى ۋە بەدىنىگە قىزىل بوياق سۈرۈش ئادىتى بولغاچقا، ئۆزۈندىن بېرى ئۇلار قىزىل تەنلىك ئىرق، دەپ قارىلىپ كەلگەن. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئىلگىرى ئىندىئانلار ئارىسىدا تىلى ۋە مەدەنىيىتى ئوخشاش بولمىغان

نۇرغۇن قەبىلىلەر گۇرۇھى بارلىققا كەلگەن.

## 1. ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئانلارنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى

15 ـ ئەسىردە، شىمالىي ئامېرىكىدا تەخمىنەن 1 مىليون ئىندىئان ياشايتتى، ئۇلار نۇرغۇن قەبىلە ـ ئۇلۇسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلارنى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئومۇمەن يەتتە گۇرۇھقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

شىمالىي مۇز ئوكيان بويلىرىدا ياشايدىغان ئېسكىموس (ئىندىئان تىلىدا «خام گۆش يەيدىغان كىشىلەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ)لار بىلەن شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكىدىكى ئوۋچىلىق ۋە بېلىقچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئالىئۇتلار. ئۇلار قاردا ياسالغان ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. چانا ياساپ ئۇنى ئىشلىتەتتى، بېلىق تۇتۇش ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىدا ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى. بېلىق تۇتۇش ئارىسى بىلەن نەيزە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قورالى ئىدى.

شىمالىي ئامېرىكىنىڭ غەربىي شىمال دېڭىز بويلىرىدىكى تلىنگىتلار بىلەن ھېيدالار ۋەكىللىكىدىكى قەبىلىلەر. ئۇلار دېڭىز ھايۋانلىرىنى نەيزە ۋە تور بىلەن ئوۋلاشنى ئاساسلىق تۇرمۇش ۋاسىتىسى قىلغان ئوۋچىلار ۋە بېلىقچىلاردۇر. ئۇلار ساپال ياساشنى بىلمەيتتى، كۆپىنچىسى پاترىئارخاللىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىن پاترىئارخاللىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىگە ئۆتۈشنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىدا ياشايتتى، ئۇلار ئارىسىدا ئەسىر قۇللار بولۇپ، ئۇششاق ـ چۈششەك ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش ۋە بېلىق تۇتۇش بىلەن مەشغۇل بولاتتى.

كانادا ۋە ئامېرىكىنىڭ شىمالىدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىق بەلباغلاردا ياشايدىغان ھەر قايسى قەبىلىلەر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە

ئاساسلىق ئاتاباسكلار ۋە ئاكگونكئانلار قاتارلىق گۇرۇھلار بار بولۇپ، ئۇلار ئوقيا، نەيزە ۋە توقماق بىلەن ئوۋچىلىق قىلىپ ھايات كەچۈرەتتى.

شىمالىي ئامېرىكىنىڭ شەرقىي ۋە شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى مۇسكوگلار، ئىروكۇئۇئىسلار ۋە قىسمەن ئاكگونكئانلارنى ئاساس قىلغان ھەر قايسى قەبىلىلەر. ئۇلار ئوتىغۇچ بىلەن دېھقانچىلىق قىلاتتى. قوشۇمچە ئوۋچىلىق ۋە تەرمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى، مۇسكوگلار كوممىقوناق تېرىيتتى، كۇلالچىلىق، توقۇمىچىلىق ۋە بوغا تېرىسىنى ئاشلاپ كىيىم تىكىشكە ماھىر ئىدى. ئىروكۇئۇئىسلار كوممىقوناق، پۇرچاق، ئاپتاپپەرەس، كاۋا ۋە تاماكا تېرىيتتى. يەرگە ئۇرۇقداشلار ئورتاق ئىگىدارلىق قىلاتتى. كوللېكتىپ ئەمگەك قىلىش، تەڭ ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلاتتى، ئۇرۇق ئىچىدە سىرتتىن نىكاھلىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، يات ئۇرۇق كىشىلىرىنى بېقىۋېلىش ئادىتى بار ئىدى. ئۇرۇق ئەزالىرى قەبىلە باشلىقى ۋە ھەربىي ئاتامانىنى سايلاش ۋە ئالماشتۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ئۇرۇقنىڭ ئۆزىگە خاس دىنىي مۇراسىمى ۋە ئايرىم قەبرىستانلىقى بار ئىدى، ۋەھاكازالار. ماركس ئىروكۇئۇئىسلار ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئادەتتىكى تەرەققىيات دەرىجىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار يېڭى مېكسىكىنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان ئىندىئان قەبىلە ـ ئۇرۇقلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋەكىلى بولالايدۇ.»[①]

ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا غەربىي قىسمىدىكى چوڭ يايلاق (مىسسىسىپى دەرياسىنىڭ غەربى) ياشايدىغان داكوتا (يەنە «غەرب قۇشى» مۇ دېيىلىدۇ) كومانچې، شېيېن قاتارلىق قەبىلە گۇرۇھلىرى. ئۇلار ئوقيا ۋە ئوۋ ئىتلىرى بىلەن ياۋا كالا

① ماركس: «مورگاننىڭ (قەدىمكى جەمئىيەت) ناملىق ئەسىرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى»، 77 ــ 78 ـ بەتلەر، خەلق نەشرىياتى 1978 ـ يىلى.

www.uyghurkitap.com

قاتارلىق چوڭ هايۋانلارنى ئوۋلاش بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى، بۇ قەبىلىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى كالا تېرىسىدىن ياسالغان چېدىرلاردا ئولتۇراتتى، ماترىئارخاللىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىن پاترىئارخاللىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىگە ئۆتۈش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتاتتى.

ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدا ياشايدىغان كالىفورنىيەلىكلەر گۇرۇھى شىمالىي ئامېرىكىدىكى يەرلىك ئاھالىلەر ئىچىدە ئەڭ قالاق كىشىلەر توپى ھېسابلىنىدۇ، ئۇلار ياۋايى يېمەكلىكلەرنى تېرىپ ئىستېمال قىلاتتى، قوشۇمچە ئوۋچىلىق ۋە بېلىق تۇتۇش بىلەن شۇغۇللىناتتى. دەرەخ يوپۇرماقلىرى ۋە هايۋان تېرىسى بىلەن ياسالغان ۋاقىتلىق كەپىلەردە ئولتۇراتتى، يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ مۇقىم ئولتۇراقلاشمىغان شارائىتتا ياشايتتى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇقى ئىچىدە ماترىئارخاللىق يەنىلا قويۇق ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئاياللار ئىشلەپچىقىرىشتا ئالاھىدە ئورۇندا تۇراتتى.

ئامېرىكىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمى ۋە مېكسىكىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى پۇئېبلورا («كەنت» دېگەن مەنىدە) ئىندىئانلىرى ئاللىقاچان ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىقى تەرەققىي قىلغان قەبىلىدۇر. ئۇلار كومىقوناق، پۇرچاق، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىيتتى، كېسەك بىلەن ئۆي سالاتتى، ئۇلارنىڭ كۇلالچىلىق تېخنىكىسى ۋە توقۇمىچىلىقى تەرەققىي قىلغانىدى. ئۇلار ئۇرۇقداشلار كوممۇناسىدىن يېزا كوممۇناسىغا ئۆتۈش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتاتتى.

ئومۇمەن، 16 ـ ئەسىردىن بۇرۇن شىمالىي ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي فورماتسىيەسى ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمى دەۋرىدىن هالقىپ كېتەلمىگەنىدى.

15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى كېلىشتىن بۇرۇن، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى

ئۆزلىرىنىڭ تارىخى بىلەن مەدەنىيىتىنى مۇستەقىل تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقانىدى، ئىقتىسادىي فورماتسىيەسى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىگە ئاساسەن ئۇلارنى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ:

شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسى ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى تەرەققىي قىلغان دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقان ھەرقايسى مىللەتلەر. بۇلارنىڭ ئىچىدە مايالار، تولتېكلار، زاپوتېكلار، ئازتېكلار، چىبچالار ۋە ئىنكالار بار.

ئامازون دەرياسى ۋادىسىدىكى جەنۇبىي ئامېرىكا ئىسسىق بەلباغ ئورمانلىقلىرى ۋە ئوتلاقلىرىدىكى قەبىلىلەر. ئۇلار ئۆرتەپ ـ چوقۇلاپ تېرىقچىلىق قىلاتتى، بېلىق ئوۋلاش ۋە تەرمىچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۇلار ئاراۋاكلار، كاربىلار ۋە تۇپى، گۇئارانى قاتارلىق گۇرۇھلارغا ئايرىلىدۇ.

برازىلىيەنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە جەنۇبىي قىسمىدىكى ئوۋچى، تەرمىچى قەبىلىلەر، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ژېسىي ئۇرۇقى گۇرۇھى ۋە بوتوكۇدو قاتارلىق قەبىلىلەرگە مەنسۇپ.

پامپاس ۋە پاتاگونىيە رايونى (ئارگېنتىنانىڭ جەنۇبىي قىسمى) دىكى كۆچمەن ئوۋچى ۋە تەرمىچى گۇئارانىلار، كراندىلار، خېتلار ۋە قىسمەن ئاراكانلار قەبىلىلىرى. ئۇلار ئوقيا، ئۇمۇت ۋە سالما قاتارلىق قوراللارنى ئىشلىتەتتى.

جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدا ياشايدىغان، يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلارنى تۇتۇش، دېڭىز دىكى ۋە دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى ھايۋانلار، قۇشلار ۋە بېلىقلارنى ئوۋلاش ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلىدىغان فۇئېگىيانلارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرى.

## 2. مايالار

يىراق قەدىمكى دەۋردىن باشلاپ، مېكسىكا ۋە ئوتتۇرا

ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئان ھەرمىللەت خەلقى ئۈزۈلدۈرمەي ئارقىدىن پارلاق ئورمېك مەدەنىيىتى، مايا مەدەنىيىتى، تورتېك مەدەنىيىتى ۋە ئازتېك مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىغا زور تۆھپە قوشتى.

تەخمىنەن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى، مېكسىكا رايونىدا خېلى يۇقىرى سەۋىيەلىك تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەنىدى. مېكسىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن تەخمىنەن 11 مىڭ يىل بۇرۇنقى ئادەمنىڭ تاشقاتمىسى — تېپېخان ئادىمى بايقالدى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللى ئۆپچۆرىسىدە مېكسىكىلىقلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىگە قەدەم قويدى. بىر مۇنچە رايونلاردا ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش، كومىمىقوناق، پۇرچاق ۋە كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىش باشلاندى. تاش توقماق، تاش ھاۋانچا قاتارلىق تاش قوراللار بارلىققا كەلدى. ساپال قاچىلار تۈركۈملەپ ياسالدى ھەمدە يىپ ئىگىرىپ رەخت توقۇيالايدىغان بولدى.

ئالاھازەل مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مېكسىكا رايونىدا تۇنجى قېتىم تەرەققىيات سەۋىيەسى خېلىلا يۇقىرى بولغان مەدەنىيەت — ئورمېك مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى. ئورمېكلار تەسۋىرىي يېزىق، ھېسابلاش ئۇسۇلى ۋە كالېندارنى كەشىپ قىلدى، ئېغىرلىقى نەچچە توننا كېلىدىغان بىر پۈتۈن تاشقا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئادەم بېشىنىڭ سۈرىتىنى ئويۇپ چىقتى. ئۇلار چىرايى غەلىتە ئادەملەرنىڭ سۈرىتى ئويۇلغان نۇرغۇن قاتتىق قاشتاشلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئورمېك مەدەنىيىتى مېكسىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى، شۇڭلاشقا ئۇ «ئالدىنقى كىلاسسىك دەۋر» دەپ ئاتالدى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، مېكسىكا ۋە ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان رايونلار «كىلاسسىك دەۋر» گە قەدەم قويدى،



www.uyghurkitap.com

چوڭ تىپلىق پىرامىدا شەكلىدىكى سۇپىلىق ئىبادەتخانا ئىمارەتلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. ئىپتىدائىي كوممۇنانىڭ تەدرىجىي پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈش باشلاندى، شەھەر دۆلەتلىرى پەيدا بولدى. كىلاسسىك دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تۆت مەدەنىيەت مەركىزى بار: بىرىنچى، مېكسىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئېگىزلىك شەھىرى تېئوتىۋاكان («ئىلاھ چۈشكەن زېمىن» دېگەن مەنىدە)نى مەركەز قىلغان تېئوتىۋاكان مەدەنىيىتى؛ ئىككىنچى، مېكسىكا قولتۇقى قىرغىقىدىكى ۋېراكرۇز ئىشتاتىنىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئېرداتخانغ مەدەنىيىتى؛ ئۈچىنچى، ۋاخاكا ئىشتاتىدىكى مونتې ئاربان تېغىنى مەركەز قىلغان زاپوتېك مەدەنىيىتى؛ تۆتىنچى، مايا مەدەنىيىتى.

مايا مەدەنىيىتى كىلاسسىك دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدۇ، كۆپىنچە ئالىملار مايا مەدەنىيىتى بىلەن ئورمېك مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا روشەن ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇت، دەپ قارايدۇ. تەخمىنەن مىلادىيە 300 ـ يىلىدىن 900 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىل مايا مەدەنىيىتى گۈللەنگەن باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. .

**مايالارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى** مايالار بۈگۈنكى مېكسىكىنىڭ تۆت ئىشتات ۋە بىر رايونى (يەنى، چىياپاس ئىشتاتىنىڭ شەرقىي قىسمى، تابەسك ئىشتاتىنىڭ شەرقىي قىسمى، يۇكاتان ئىشتاتى، كامپې ئىشتاتى ۋە كۋىنتانا روئو رايونى) ۋە بۈگۈنكى گۋاتېمالا، گوندۇراس، سالۋادورنىڭ غەربىي قىسمىغا تارقالغان.

تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا مايالار ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىش تۇرمۇشىنى باشلىغانىدى، ئۇلار ئۆرتەپ تېرىقچىلىق قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغانىدى، ياۋايى ئۆسۈملۈكلەردىن كومىقوناق، شوخلا، تاتلىق بەرەڭگە، كاۋا، پۇرچاق، قىزىل (كۆك) مۇچ، كاكائۇ قاتارلىق زىرائەتلەرنى يېتىشتۈرگەنىدى. ئۇلار يەنە

كېۋەز، ئامېرىكا ئاگاۋىسى ۋە نىل كۆك بوياق ياسىغىلى بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرگەنىدى. مايالار كۈركە توخۇ، ئىت ۋە ھەسەل ھەرىسى باققانىدى، كوللېكتىپ ئوۋچىلىق قىلغان ۋە بېلىق تۇتقانىدى. قول ھۈنەرۋەنچىلىك جەھەتتە، مايالار چىنە توپىسى، ياغاچ ۋە تاشلاردىن قاچا ـ قۇچىلارنى ياسىغان، چاقماق تېشى ۋە ئوبسىدىئانىتتا قورال ـ ياراغ ۋە جابدۇق ـ سايمانلارنى ئىشلەپچىقارغانىدى.

ئۇلارنىڭ پەي بىلەن رەختكە توقۇپ چىقارغان مول سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە توقۇلما بۇيۇملىرى، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قەلەي قاتارلىقلارنى بىرىكتۈرۈپ ياسىغان قاچا ـ قۇچا، جابدۇق ۋە بېزەك بۇيۇملىرى بار ئىدى. مايالارنىڭ ئالماشتۇرۇشمۇ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ھەر بىر شەھەر ۋە يېزا ـ قىشلاقتا ئالماشتۇرۇش سورۇنى قىلىنىدىغان مەيدان بار ئىدى، بازاردا ھەر خىل يېمەكلىكلەر ۋە كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ سودىسى بولاتتى ھەمدە كاكائو بىلەن پۇرچاق ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى قىلىنىشقا باشلىغانىدى.

**مايالارنىڭ شەھەر بەگلىكلىرى ۋە دەسلەپكى قۇللۇق تۈزۈم** تەخمىنەن 328 ـ يىلى ۋاشاكدۇن شەھىرىدىكى تاش ئابىدىگە ئويۇلغان يازمىلار مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مايالارنىڭ يۇكاتان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى بىيدېن ئىتزاي كۆلىنىڭ شەرقىي شىمالى (بۈگۈنكى گۋاتېمالانىڭ شىمالىي قىسمى) دا بەزى قۇللۇق تۈزۈمدىكى شەھەر بەگلىكلىرىنى قۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئارخېئولوگلار مايالار رايونىدا مىڭدىن ئارتۇق قەدىمكى شەھەر بەگلىكلىرى خارابىلىكىنى بايقىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋاشاكدۇن، كوبان ۋە تىكال قاتارلىقلار ئەڭ چوڭ.

يۇكاتان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي ئۇچى، ئۇسۇماتسىنتا دەرياسى ۋادىسىدىكى كوبان شەھىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن كەڭلىكى بىر نەچچە كىلومېتىرغا يېتىدۇ، ئۇنىڭ مەركىزىي رايونىدا بەش مەيدان ۋە ئىبادەتخانا، ئوردا، قەسىر، توپ مەيدانى

قاتارلىق ئىمارەتلەر توپى بار، پەلەمپەيسىمان يولنىڭ كەڭلىكى سەككىز مېتىردىن ئاشىدۇ، توقسان نەچچە باسقۇچلۇق تاش پەلەمپەيدە ئىككى مىڭدىن ئارتۇق تەسۋىرىي يېزىق بەلگىسى بولۇپ، ئۇ دۇنيا ئويما يېزىقچىلىقىدا كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ.

مېكسىكىنىڭ چياپاس ئىشتاتى تەۋەلىكىدىكى يەنە بىر مايا شەھەر بەگلىكى پالېنكىمۇ ئىمارەتلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن مەشھۇر. «مەڭگۈلۈك ئەسلىمە ئىبادەتخانىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر پىرامىدانىڭ ئىچىدىن قاپارتما نەقىشلىك ئادەم ھەيكىلى بىلەن تولغان كەڭرى لەھەت بايقالغان بولۇپ، تاش جەسەت ساندۇقى بىر پۈتۈن يوغان تاش تاختا بىلەن يېپىلغان، تاش تاختىنىڭ يۈزىگە خۇددى تىرىكتەك كۆرۈنىدىغان مايالارنىڭ ئىلاھى ۋە تەسەۋۋۇرغا باي ئىسخېمىلار ئويۇلغان. تاشقا ئويۇلغان تەسۋىرىي يېزىققا ئاساسەن، ئۇنىڭ 7 ـ ئەسىردىكى ئەسەر ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىندى، مېيىتنىڭ بېشىغا قاشتاشتىن ياسالغان نىقاب كىيدۈرۈلگەن ھەمدە قاشتېشىدىن ياسالغان بېزەك بۇيۇمى قاتارلىق ھەمدەپنە بۇيۇملىرى بار ئىدى، بۇ قەبرە ئەينى چاغدا مايا جەمئىيىتىدە سىنىپىي بۆلۈنۈشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، شۇنداقلا قەدىمكى ئامېرىكا قىتئەسىدە «پىرامىدا»لار پەقەت ئىبادەتخانا ئىمارەتلىرىنىڭ سۈپىتى قىلىنغان، قەبرىستانلىق قىلىنمىغان، دەپ قارىلىپ كېلىنىۋاتقان ئەنئەنىۋى كۆز قاراشنىمۇ ئىنكار قىلدى.

كىلاسسىك دەۋردىكى يەنە بىر شەھەر تىكال ئىچكى قۇرۇقلۇقتىن كارىب دېڭىزى بىلەن مېكسىكا قولتۇقىغا قاراپ ئاقىدىغان ئاساسلىق دەريالارنىڭ ئارىسىغا، ئوتتۇرا ئامېرىكىدىن مېكسىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا بارىدىغان سودا يولىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، سودا تەرەققىي قىلغانلىقتىن، ئۇ مايا مەدەنىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تۆۋرۈكىگە ئايلانغان.

ئېپتىشلارغا قارىغاندا، كىلاسسىك دەۋرنىڭ ئاخىرلىرىدا تىكالنىڭ ئاھالىسى تەخمىنەن 70 مىڭغا يەتكەن.

9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مايالارنىڭ شەھەر بەگلىكلىرى ئۆشتۈمتۈت زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، بۇنى تاش ئابىدىلەردىكى يىلنامىلەرنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئارخېئولوگلار مايا شەھەر بەگلىكلىرىنىڭ 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇرۇنقى دەۋرىنى «كونا بەگلىكلەر دەۋرى» دەپ ئاتىدى.

بەلكىم يات مىللەتلەرنىڭ باستۇرۇپ كىرگەنلىكىدىن بولسا كېرەك، «كونا بەگلىكلەر»دىكى مايالارنىڭ بىر قىسمى 5 ـ ئەسىرگە كەلگەندە يۇكاتان يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي قىسمىغا كۆچۈشكە باشلىغان. 5 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىككى قۇدۇق (بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قۇدۇق «مۇقەددەس قۇدۇق» دېيىلىدۇ) دېگەن جايدا چىچېن ـ ئىتزاي («ئىتزايلارنىڭ قۇدۇقى» دېگەن مەنىدە) شەھەر بەگلىكىنى قۇرغان. 7 ـ ئەسىردە چىچېن ـ ئىتزاي ئاھالىلىرى شەھىرىدىن ۋاز كېچىپ، يېرىم ئارالنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا كۆچكەن. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مېكسىكىدىكى تورتېكلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئىتزايلار چىچېن ـ ئىتزايغا قايتىپ كېلىپ، يۇكاتان يېرىم ئارىلىدىكى مايا شەھەر بەگلىكلىرىنى يەنە گۈللەندۈرگەن. ئىتزايلارنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدىكى داھىيسى كۇكۇرچىن دەل تورتېكلار چوقۇنىدىغان باش ئىلاھ — ھاۋا ۋە سۇ ئىلاھى كزاركۇ تىلىنىڭ ماياچە تەرجىمىسىدۇر، بۇنىڭدىن يېڭى مايا شەھەر بەگلىكلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بىلەن تورتېك مەدەنىيىتىنىڭ مۇئەييەن باغلىنىشى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

10 ـ ئەسىردىن كېيىن چىچېن ـ ئىتزايىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا يەنە ئۇكسمال ۋە ماياپاندىن ئىبارەت ئىككى شەھەر بەگلىكى باش كۆتۈرۈپ چىقتى. 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا

چىچېن ـ ئىتزاي بەگلىكى ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. 1194 ـ يىلى ماياپان بەگلىكى مېكسىكىلىقلارنىڭ ياردىمىدە چىچېن ـ ئىتزاي ۋە ئۇكسمال بەگلىكلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، رەھبەرلىك ئورنىغا ئىگە بولدى، «مايا» دېگەن نام ماياپان («مايالارنىڭ تۇغى» دېگەن مەنىدە) بەگلىكى شىمالىي يۇكاتان يېرىم ئارىلىنىڭ سىياسىي مەركىزىگە ئايلانغاندا ئومۇمىي نامغا ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. 1441 ـ يىلى ئۇكسمال باشقا شەھەر بەگلىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ ماياپاننى مەغلۇپ قىلدى ۋە تالان ـ تاراج قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى، يۇكاتان يېرىم ئارىلى بىر مۇنچە مۇستەقىل شەھەر بەگلىكلىرىگە بۆلۈنۈپ، ئۇلار ئۆزئارا ئۇستۇنلۇك تالاشتى. 1485 ـ يىلى كەڭ تارقالغان ۋابا كېسىلى شەھەر بەگلىكلىرىنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. ئارخېئولوگلار 10 ـ ئەسىردىن ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئىستېلا قىلغان ۋاقىتقىچە بولغان بۇ تارىخىي دەۋرنى «يېڭى بەگلىكلەر دەۋرى» دەپ ئاتىدى.

مايالار شەھەر بەگلىكلىرىنى قۇرغاندا، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن قۇللۇق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇپ بولغانىدى، ماياپان سىياسىي مەركەزگە ئايلانغان چاغدا، قۇللۇق تۈزۈم خېلىلا راۋاجلانغانىدى. ئۇرۇش ئەسىرلىرى قۇللارنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ئىدى. ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر قۇللارغا ئاۋۋال ئىگە بولاتتى. نام ـ ئابرۇيلۇق ئەسىرلەر ئىلاھقا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىناتتى، بەزىلەر بەلگىلىك ھەق تۆلەپ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى سېتىۋالاتتى. ئەسىرلەردىن باشقا ئوغرى ـ يانچۇقچىلارمۇ قۇل قىلىناتتى، قۇللارنىڭ پەرزەنتلىرى جىسمانىي ئەركىنلىكىنى سېتىۋېلىشتىن ئىلگىرى يەنىلا قۇل ھېسابلىناتتى. قاتىللار، نىكاھتىن ئاجراشقان ئاياللار، يېتىم بالىلار، قەرزدارلار ۋە قۇللار بىلەن توي قىلغان ھۆر كىشىلەر قۇللارغا ئايلىناتتى. قۇل سودىسى يۇكاتان رايونىدا ئومۇملىشىپلا قالماي، ھەتتا شۇنچە يىراق بولغان گوندۇراس

بىلەن مېكسىكىغىمۇ يېتىپ بارغانىدى. قۇللار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەرلىرىنى تېرىش، ئۆي ـ ئىمارەت سېلىش، سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى يۆتكەش، ھەتتا كېمە سۆرەش ۋە دېڭىزدا بېلىق تۇتۇش قاتارلىق ھەممە ئىشنى قىلاتتى.

ھۆر كىشىلەر ئاقسۆڭەكلەر ۋە راھىبلارغا ئايرىلغانىدى، ئالىي ھۆكۈمرانىنىڭ ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى بارلىق چوڭ ھوقۇقلارنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۇۋالاتتى. ئۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن يەرلىك ئەمەلدارلار ھەر قايسى يېزا ـ قىشلاقلارنى باشقۇراتتى، «يېزا باشلىقى» ئۆمۈرۋايەت مەنسەپ تۇتاتتى. ئۇ ئالىي ھۆكۈمرانغا مۇتلەق بويسۇنۇشى شەرت ئىدى. ئۇلار تەۋەلىكىدىكى ئاھالىلەردىن باج ئېلىش، ئەرز ـ شىكايەت دېلولىرىنى سوراش، ئۇرۇش بولۇپ قالسا، يېزا ـ كوممۇنادىكى ئاھالىلەرنى باشلاپ جەڭگە ئاتلىنىشقا مەسئۇل ئىدى. راھىبلار ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدىكى ئالاھىدە تەبىقە بولۇپ، ئادەتتە راھىبلارنىڭ ئوغۇللىرى ياكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كەنجى ئوغۇللىرى راھىب بولاتتى. ئالىي راھىبنىڭ ۋەزىپىسى مىراس قالاتتى. راھىبلار بارلىق دىنىي مۇراسىملارنى باشقۇراتتى، ئالىي راھىب يەنە مايالارنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىدى، ئۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ھەر قايسى يېزا كوممۇنالىرىنىڭ راھىبلىرى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ مەسلىھەتچىسى بولاتتى. راھىبلار ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن، بىردىنبىر كالېندارنى پىششىق بىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنى ئۇلار قارار قىلاتتى. راھىبلار ئىلاھنىڭ ۋەكىلى ۋە ئىلاھنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئىجراچىلىرى بولغاچقا، ئۇلار جامائەتنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنىڭ كېسىمچىسى ھېسابلىناتتى.

يېزا كوممۇناسى مايا جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي بىرلىكى ئىدى، يەر كوممۇنانىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇپ، ھەرقايسى

ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلەتتى، يېرىنىسىپ جەھەتتە يەر ھەر ئۈچ يىلدا قايتىدىن تەقسىم قىلىناتتى. يەرلەرنى ھەممىشە نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ۋە ئاق قالدۇرۇشقا توغرا كەلگەچكە، يەرنىڭ ئايرىم ئائىلىلەرنىڭ مۇقىم مۈلكىگە ئايلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىغان باغلار ۋە كاكائۇزارلىقلارنى ئاقسۆڭەكلەر، ئۇزاق مۇددەت ئىگىلىۋالاتتى. يېزا ـ قىشلاق ئاھالىلىرى تۇرلۇك ئالۋان ـ ھاشار ۋە باج ـ سېلىقلارنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، راھىبلارغا سوۋغات بېرەتتى، قوشۇننىڭ چىقىملىرى ئۇلارنىڭ زىممىسىگە ئارتىلغانىدى. بەزى ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر ھەتتا بېقىندى ئورۇندىكى كوممۇنا ئەزالىرىنى چەت ئەل سودىگەرلىرىگە سېتىپ، ئۇلارنى قۇللارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان بولۇپ، سىنىپىي كۆرەش تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتكەنىدى.

**مايا مەدەنىيىتى** مايا مەدەنىيىتى دۇنيادىكى مەشھۇر قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئىندىئان مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەتلىرى ئىچىدە ئەڭ تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەت ھېسابلىنىدۇ.

مايالار دېھقانچىلىقنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق، ماتېماتىكا جەھەتلەردە ئاجايىپ مۆۋەپپەقىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن، ئۇلار 365 كۈن بىر يىل سانىلىدىغان شەمسىيە كالېندارىنى كەشىپ قىلغان، بۇ كالېندار بويىچە بىر يىل 18 ئاي، بىر ئاي 20 كۈن ھېسابلىنىپ، بەش كۈنلۈك يىل قالدۇقى قوشۇپ قويۇلاتتى. ئايلارنىڭ نامى دېھقانچىلىق ئەمگىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن قويۇلغان، ئالايلۇق، «توك»، يەنى ئۆرتەش (يەرگە ئوت قويۇش)، «تسۇرىن» تېرىش، «مول» يىغىش قاتالىقلار. ئۇلار زۆھرە يۇلتۇزى (ۋېنېرا) ھەرىكىتىنىڭ دەۋرلىنىشىنى ھېسابلاپ چىققان، كېچىدە يۇلتۇزلارنىڭ ئورنىغا قاراپ ۋاقىتنى بەلگىلىگەن. مايالار ئادەمنىڭ قول ۋە پۇت بارماقلىرىنىڭ سانى ئاساسىدا

www.uyghurkitap.com

يىگىرمىلىك سىستېما بويىچە خانە سۈرۈپ ھېسابلاش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلغان، بىراق ئىككىنچى خانىدىن ئۈچىنچى خانىغا سۈرۈلگەندە ئون سەككىزلىك سىستېما بويىچە خانە سۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان. مايالار يەنە «0» بەلگىسىنى رەقەملىك ھېسابلاشتا قوللانغان، بۇ ئەينى چاغدا دۇنيا بويىچە ناھايىتى ئىلغارلىق ھېسابلىناتتى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە مايالار تەسۋىرىي يېزىقنى ئىجاد قىلغان. بۇ يېزىق نۇرغۇن شەكىل ۋە بەلگىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سەككىز يۈزدىن ئارتۇق بەلگە بار ئىدى، ئۇلار ھەم تاۋۇشنى، ھەم مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، تەخمىنەن 30 مىڭدىن ئارتۇق سۆزلۈك بار. خەت ئادەتتە سولدىن ئوڭغا، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىلىپ يېزىلىدۇ. تەسۋىرىي يېزىقلار تاش تۈۋرۈكلەرگە ياكى ياغاچ، قاشتاش ۋە قۇلۇلە قېپىغا ئويۇلغان، موي قەلەم بىلەن ئەنجۈر يوپۇرمىقىدىن ئىشلەنگەن قەغەزگە يېزىلغانلىرىمۇ بار. ئۇلارنىڭ ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق قاتارلىقلارغا ئائىت ئىلمىي ئەسەرلىرى بار، تارىخ، ئەپسانە ـ رىۋايەت، شېئىر، كومېدىيە قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى ئەسەرلىرىمۇ بار. تەسۋىرىي يېزىقنىڭ پەقەت تۆت خىل نۇسخىسىلا ساقلىنىپ قالغان، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى مايا كاھىنلىرى نەزىر ـ چىراغ مۇراسىملىرىدا ئىشلەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى «درېستون كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى» دا يەنە كۈن، ئايلارنىڭ تۇتۇلۇش ۋاقتى جەدۋىلى بار. ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە كۆچۈرۈلگەن قولىيازمىلارنىڭ خەت شەكلى تازا ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ، تەسۋىرىي يېزىقلارنىڭ يېنىغا رەسىملەر ماسلاشتۇرۇلۇپ سىزىلغان، «رەسىمنىڭ سىزىلىشىمۇ، خەتلەرنىڭ يېزىلىشىمۇ» ھەقىقەتەن «چىرايلىق» ۋە رەڭدار ئىدى. ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، بەزى قىممەتلىك قەدىمكى مايا قولىيازمىلىرى ئىبلىسنىڭ ئەسىرى دەپ قارىلىپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى، مايا

يېزىقىنى بىلىدىغان نۇرغۇن راھىبقا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش جازاسى بېرىلدى.

مايالار تارىختا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن، مايالارنىڭ كۆپلىگەن شەھەر بەگلىكلىرىدە مەلۇم يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئادەتتە 20 يىلدا بىر قېتىم تارىخىي جەريانىنى خاتىرىلەپ ئابىدە ئورنىتىدىغان ئادەت بار ئىدى. شۇڭلاشقا، مايا مەدەنىيىتى ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا ئېنىق يىلنامىسى بولغان بىردىنبىر مەدەنىيەت ھېسابلىنىدۇ. ھازىرغىچە نەچچە يۈز تاش تۈۋرۈك بايقالدى، ئەڭ بۇرۇنقى تاش تۈۋرۈكنىڭ يىلنامىسى 292 ـ يىلغا ①، ئەڭ كېيىنكىسىنىڭ 1516 ـ يىلغا توغرا كېلىدۇ.

مايالارنىڭ قەدىمكى مەشھۇر شەھىرى پىدلاسنېگراس ئەتراپىدىكى پوناماپاك رەڭلىك تام رەسىملىرى ھازىرغىچە بىردىنبىر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى مايا تام رەسىمى بولۇپ، ئۇ دۇنيا كىلاسسىك تام رەسىمى خەزىنىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تام رەسىملىرى 6 ـ ئەسىردىن 8 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋردە بىر تاغ تۆپىلىكىنىڭ يانباغرىدىكى ئىبادەتخانىنىڭ «رەسىم زالى» دەپ ئاتالغان ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيىنىڭ تېمىغا سىزىلغان. تام رەسىملىرى رەڭگى كۆركەم، سىزىقلىرى رەتلىك، ئادەملەرنىڭ ئوبرازى ئېنىق، بەدىئىي قۇرۇلمىسى پۇختا سىزىلغان. بۇ تام رەسىملىرى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مۇراسىملىرى، ئۇرۇش ۋە زەپەر قۇچۇش، تەبرىكلەش نامايىشى، ئولجان تاپشۇرۇش، ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى سوراق قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ،

① بۇ 1959 ـ يىلى تىكالدا بايقالغان. بۇنىڭدىن باشقا بايقالغان تاش تۈۋرۈكلەر ئىچىدىن ئەڭ چوڭى گۋاتېمالانىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى كىۋىرىگرادىن بايقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى سۇيىلىق ئۆلچىنى قوشقاندا 35 فوت، ئېغىرلىقى 65 توننا كېلىدۇ.

مايا جەمئىيىتىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئەھۋالىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئارخېئولوگ سەنئەتكارلار: «مايا سەنئىتى مىسىر، جۇڭگو ۋە ھىندىستاننىڭ سەنئەت ئۇسلۇبىنى قوشۇمچە قىلىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە» ①، دەپ قارايدۇ.

قەدىمكى مايا شەھەر بەگلىكلىرى خارابىلىكىدە يەنە نۇرغۇن كاتتا ئوردا ـ قەسىر ۋە ئىبادەتخانا ئىمارەتلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار ھاك، شېغىل ئارىلاشتۇرۇلغان بېتون ۋە تاشلار بىلەن سېلىنغان. چىچېن ـ ئىتزايدىكى كۇكۇركان ئىبادەتخانىسى ئېگىزلىكى 29 مېتىر، تۆت تەرىپىنىڭ كەڭلىكى 55 مېتىردىن ئارتۇق كېلىدىغان پىرامىدا شەكلىدىكى پەشتاق ئۈستىگە سېلىنغان، پىرامىدا شەكىللىك پەشتاق توققۇز قەۋەت بولۇپ، تۆت تەرىپىدە 90 باسقۇچلۇق پەلەمپەي بار، ئىبادەتخانىنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدىكى پەلەمپەينىڭ تۆۋىگە پەي قادالغان ئىككى تاش يىلان بېشى ئورنىتىلغان. ھەر يىلى باھار ۋە كۈز پەسلىدە كۈن ئولتۇرۇش ئالدىدا، قۇياش نۇرى شىمالىي يان تامدىكى سالاسۇننى يورۇتقاندا، «يورۇقلۇق چۈشكەن يىلان سايىسى» دىن ئىبارەت ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ چىچېن ـ ئىتزايلار ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرىدۇر.

چىچېن ـ ئىتزايلارنىڭ مەشھۇر قۇرۇلۇشلىرى ئىچىدە يەنە رەسەتخانا بار. ئۇ ئىككى قەۋەتلىك سۇپا ئۈستىگە سېلىنغان يۇمىلاق ئىمارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئايلانما پەلەمپەي ۋە ئايۋان بار. گەرچە ئۇنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكى كۆزىتىش خانىسى بەك ۋەيران بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن قالدۇق قىسمىدىن بۇ ئاسترونومىيەلىك كۆزىتىش ئىمارىتى قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۈستۈنكى قەۋەتنىڭ شىمالىي تېمىدىكى كۆزنەك بىلەن قىبلىنىلىقى ئۈچ مېتىر كېلىدىغان تام يۈزى ئىككى تال

① مىكار كاۋۋاراپاس: «ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن مېكسىكىدىكى ھىندىيانلار سەنئىتى»، 204 ـ بەت 1957 ـ يىلى، نيۇيورك ئىنگلىزچە نەشرى، 204 ـ بەت .

دىياگونالنى ھاسىل قىلىدۇ، دىياگونالىلار بويىچە قارىغاندا، ئوڭ تەرەپتە دەل ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدىكى كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەندە قۇياشنىڭ يېرىم ئولتۇرغان ھالىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ؛ جەنۇب تەرەپتىكى كۆزنەك دىياگونالى بولسا دەل يەر شارىنىڭ جەنۇبىي قۇتۇپى بىلەن شىمالىي قۇتۇپىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 3. ئازتېكلار

1 ـ ئەسىردە مېكسىكا رايونىدا، تېسكوكو كۆلىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تېئوتىۋاكان شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا مەشھۇر تېئوتىۋاكان مەدەنىيىتى گۈللەنگەندى. تەخمىنەن 4 ـ ۋە 5 ـ ئەسىرلەردە تورتېكلارنىڭ بىر تارمىقى جەنۇب تەرەپتىن مېكسىكا جىلغىسىغا كىرىپ، تېئوتىۋاكان مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ يېڭى مەدەنىيەت ياراتتى. تېئوتىۋاكان شەھىرى خارابىلىكىنىڭ كۆلىمى 18 كىۋادرات كىلومېتىر، مەركىزىي قىسمى ئالتە كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاساسلىق ئىمارەتلەر چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، چوڭ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2500 مېتىر كېلىدۇ، سۇ چىقىرىلىدىغان ئېرىق ياسالغان. چوڭ يولنىڭ باش تەرىپىدىكى تۆت چاسا مەيدانغا مەشھۇر «قۇياش پىرامىداسى» سېلىنغان بولۇپ، مەيداننىڭ شىمالىي تەرىپىدە «ئاي پىرامىداسى» بار. قۇياش پىرامىداسىنىڭ ئېگىزلىكى 64.46 مېتىر، ئاستىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 225 مېتىر بولۇپ، ئۇ مىسىردىكى ئەڭ چوڭ پىرامىدادىن قېلىشمايدۇ. تېئوتىۋاكان بولسا ھەم دىنىي مۇراسىم مەركىزىدۇر، كۈيزاركورتور ئىبادەتخانىسى، دېھقانچىلىق ئىبادەتخانىسى قاتارلىق ئىمارەتلەرنىڭ تاملىرىدىكى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان رەسىملەر بىلەن پەيلىك يىلان بېشى بىلەن قوشۇلۇپ تېخىمۇ كۆركەم كۆرۈنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

10 ـ ئەسىردە تورتېكلار تۈركۈملەپ جەنۇبقا كۆچتى، ئۇلار مېكسىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمى بىلەن يۇكاتاندا مايالار بىلەن تورتېكلارنىڭ يېڭى ئارىلاشما مەدەنىيىتىنى ياراتتى. 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، تورتېكلار شىمالدىكى يېڭى ئۇلۇس — ئازتېكلارنىڭ باستۇرۇپ كىرىشى تۈپەيلىدىن زاۋال تاپتى.

ئازتېكلارنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئازتېكلار ئەڭ دەسلەپتە مېكسىكىنىڭ غەربىدىكى دېڭىز ئاراللىرىدا ياشىغانىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتى ئازتران («كۆك قوتان زېمىنى» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدىكەن، ئازتېك دېگەن نام مۇشۇ ئاتالغۇ ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. 11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇلار مېكسىكا جىلغىسىغا كۆچۈشكە باشلىغان. ئېيتىلىشىچە، ئۇرۇش ئىلاھى ۋىزىروپوچتېلى ئۇلارغا، ئەگەر بىر بۈركۈتنىڭ ئالىقانسىمان كاكتۇستا تۇرۇپ بىر يىلاننى يەۋاتقانلىقىنى ئۇچراتساڭلار، ئۇ سىلەر ماكانلىشىدىغان يەر دەپ يول كۆرسەتكەنىكەن. هازىرقى مېكسىكا دېگەن نام «مېكسىتېلى» دېگەن ئاتالغۇ ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇ ئۇرۇش ئىلاھىنىڭ يەنە بىر نامى بولۇپ، «تېلى» مورفېمىسى ئېلىۋېتىلىپ، «كا» (يەر، جاي دېگەن مەنىدە) مورفېمىسى قوشۇلغاندىن كېيىن، «ئۇرۇش ئىلاھى بەلگىلەپ بەرگەن يەر» گە ئۆزگەرگەن، بۈركۈتنىڭ يىلان يەۋاتقان رەسىمى بۈگۈنكى كۈندە مېكسىكىنىڭ دۆلەت گېربى بولۇپ قالدى ①. 1325 ـ يىلى ئازتېكلار تېسكوكو كۆلىدىكى ئىككى ئارالدا تېنوچىتىلان («سۇدىن چىقىپ تۇرغان تاش» دېگەن مەنىدە) شەھىرىنى، يەنى كېيىنكى مېكسىكا شەھىرىنى بەرپا قىلدى.

15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئازتېكلار كۈچىيىشكە باشلىدى. 1426 ـ يىلى ئۇلارنىڭ داهىيسى ئىتزكۇئارتېل ئازتېكلارغا

---

① دۆلەت گېربى مېكسىكىنىڭ قىزىل، ئاق، يېشىلدىن ئىبارەت ئۈچ خىل رەڭلىك بايرىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېسىلغان.

رەھبەرلىك قىلىپ ھەر قايسى قوشنا قەبىلىلەرنى بويسۇندۇردى ھەمدە تېسكوكولار، تلاكوبانلار بىلەن ئۈچ قەبىلە ئىتتىپاقى بولۇپ ئۇيۇشتى. كېيىن ئۆزلۈكسىز ھالدا مېكسىكا قولتۇقى ۋە تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە كېڭەيدى، شەرقتە گۋاتېمالاغىچە يېتىپ باردى. مونتېزۇما I (1440 ــ 1486)دىن باشلاپ، ئازتېك قەبىلىسى ئىتتىپاقنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىغا ئېرىشتى، باشقا ئىككى قەبىلىنىڭ ھەر بىرى بىردىن ھەربىي ئاتامانىنى ئىتتىپاقنىڭ رەھبەرلىكىگە قاتناشتۇردى، ئازتېكلارنىڭ ھەربىي ئاتامانى ئىتتىپاق قوشۇنىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. ئىتتىپاقتا ئولجىلارنى بەلگىلەنگەن نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلىش، بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەردىن ئولپان ئېلىش بەلگىلەنگەن. شۇڭلاشقا، ئەمەلىيەتتە 15 ـ ئەسىردە ئازتېكلار رەھبەرلىكىدىكى ئىتتىپاق تەرەققىي قىلىپ دەسلەپكى قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەتكە ئايلانغانىدى.

16 ـ ئەسىردە تېنوچتىتلان ئىنتايىن گۈللەندى، ئاھالىسى تەخمىنەن 100 مىڭغا يېتىپ، ئەينى چاغدىكى ئامېرىكا قىتئەسى بويىچە ئەڭ چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. پۈتكۈل شەھەردە كۆلنىڭ قىرغىقىغا تۇتاشتۇرۇلغان كەڭ كۆتۈرمە يول بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىرسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى يەتتە مىل كېلەتتى، توسما بىلەن كۆلنىڭ قىرغىقى ئاسما كۆۋرۈك بىلەن تۇتاشتۇرۇلغانىدى. شەھەردە سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان نور ياسالغان. شەھەر ئىچىدە پىرامىدا شەكىللىك ئىبادەتخانىدىن 40 ى بولۇپ، ئەڭ چوڭىنىڭ ئېگىزلىكى 35 مېتىر كېلەتتى، ئۇنىڭ 144 باسقۇچلۇق پەلەمپىيى بار ئىدى. شەھەر كوچىلىرى كەڭتاشا بولۇپ، شەھەر مەركىزىدە بىر مەيدان بار ئىدى. ھەممىلا يەر گۈلزارلىق، ھەتتا ئۆگزىلىرىمۇ گۈللەر بىلەن قاپلانغانىدى، يەنە ھەشەمەتلىك ئوردا سارىيى ۋە مېھمانسارايلار بار ئىدى. گەج سۇۋۇلۇپ ئاقارتىلغان چوڭ ـ چوڭ ئاممىۋى ئىمارەتلەر كىشىنىڭ كۆزىنى چاقنىتىپ، ناھايىتى ھەيۋەتلىك

كۆرۈنەتتى. بازاردا ماللارنىڭ تۈرى بەك كۆپ ئىدى، ھەتتا كىشەنلەنگەن قۇللارمۇ مەيداندا ئاشكارا سېتىلاتتى.

ئازتېكلار كېسەك ۋە تاشلار بىلەن ئاممىۋى تۇرالغۇلارنى سالغان بولۇپ، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار بىر نەچچە جەمەت بىر «چوڭ ئۆي» دە بىللە ئولتۇراتتى. يەر كوممۇنانىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇپ، بىر نەچچە جەمەت بىرلىكتە تېرىيتتى. ئەرلەر ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئۇلۇشلۇك يەرگە ئىگە بولاتتى، بىراق ئۇنى سېتىشقا ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا بولمايتتى. چوڭ جەمەتلەر بىرلىكتە تېرىيدىغان يەرلەردىن باشقا، راھىبلار، ھەربىي ئاتامانلارنىڭ يەرلىرى ۋە ھەربىي تەمىنات يەرلىرىنى تېرىيتتى. قۇللارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز ئۇلۇسىنىڭ ئادەملىرى بولۇپ، ئۇلار قەرزدار بولۇپ قالغاچقا ياكى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى سېتىۋېلىش ھەققىنى تاپشۇرالمىغاچقا قۇل بولۇپ قالغانلار ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە ئەسىر قۇللارمۇ بار ئىدى. ئەسىرلەر يەنە نەزىرلىك ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىناتتى.

ئالىي ھۆكۈمران شەكىل جەھەتتىكى قەبىلە كېڭىشىدە سايلاپ چىقىلاتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا بىر جەمەت ۋارىسلىق قىلاتتى. راھىبلار ۋە باشقا ھۆكۈمەت خادىملىرى ئاز سانلىق ئاقسۆڭەكلەر جەمەتى ئىچىدىن تەيىنلىنەتتى. ئالىي ھۆكۈمران ئىلاھلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ھەربىي، مەمۇرىي، سوت ۋە كاھىنلىق فونكسىيەلىرىنى قوشۇمچە ئادا قىلاتتى.

**ئازتېك مەدەنىيىتى** سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق ئازتېكلارنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش تارمىقى بولۇپ، ئوۋچىلىق ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. ئۇلار تۆمۈردىن باشقا ھەر خىل تەبىئىي مېتاللارنى تاۋلىيالايتتى، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قورالى ياغاچ ئەسۋاب ۋە تاش ئەسۋابلار بولۇپ، ئوقيا بىلەن نەيزىنىمۇ ئىشلىتەتتى، بىس ۋە نەيزە ئۇچىنى ئوبسىدىئانتتىن ياسايتتى. تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئازتېكلار كۆلنىڭ لېيىنى قولۋاقتا يېيىتىپ كۆكتات تېرىيتتى، ئۇ «لەيلىمە

كۆكتاتلىق» دېيىلەتتى.

ئازتېكلارنىڭ ساپال قاچىلىرى قوڭۇر رەڭلىك، قارا سىزىقچىلار بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. سىزىقچىلارنىڭ شەكىللىرى خىلمۇخىل بولۇپ، مۇرەككەپ گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەرنى تېما قىلىشتىن راۋاجلىنىپ گۈل ـ گىياھ، ئۇچار قانات، بېلىق، ھاشارات قاتارلىق رېئال نەرسىلەرنى تېما قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەنىدى. ساپال قاچىلارنىڭ شەكلى كۆركەم، سۈپىتى بەك ئېسىل، ئازتېكلار تەبىئىي مىستىن مىس ئەسۋابلارنى سوققاندىن سىرت، ئالتۇن قۇيۇش ۋە ئۇنى قېلىپتا بېسىش جەھەتتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ماھارەتكە يەتكەنىدى، بولۇپمۇ پەي ئورنىتىلغان بېزەكلەردە خېلى يۇقىرى ھۈنەر ـ سەنئەت سەۋىيەسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. 1520 ـ يىلى ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن دەۋردە ياشىغان گېرمانىيەلىك سەنئەتكار دىئول مۇنتېزۇمانىڭ ئىسپانىيە پادىشاھىغا ئەۋەتكەن سوۋغىتىنى كۆرگەندە، ئازتېكلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستىدىن ھەيران ـ ھەس بولغانىكەن.

ئازتېكلار روھنىڭ مەڭگۈ ياشايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى ھەمدە قۇياش ئىلاھى، ئاي ئىلاھى، بۇلۇت ئىلاھى، يامغۇر ئىلاھى، گۈل ئىلاھى، كومىسقوناق ئىلاھى ۋە قەبىلە ئىلاھى قاتارلىق ئىلاھلارغا چوقۇناتتى. ئالىي ئاتامانىنىمۇ ئىلاھنىڭ نامايەندىسى دەپ قارايتتى. ئىلاھقا ئاتاپ نەزىر قىلىنغاندا ناتونۇش ئادەملەر قۇربانلىق قىلىناتتى. بەزىدە قۇربانلىق قىلىنىدىغانلار ناھايىتى كۆپ بولاتتى. تېنومىتتىلان ئىبادەتخانىسىدا بەش مىڭدىن ئارتۇق راھىب بېقىلاتتى.

ئازتېكلار تورتېكلار بىلەن مايالارنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغان، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىيەتلىرىمۇ بار. ئۇلارنىڭ رەسىملىك يېزىقى تورتېكلارنىڭ تەسۋىرىي يېزىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، كالېندارى بولسا مايالانىڭكىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىلگەن. ئۇلار 365 كۈننى بىر يىل ھېسابلىغان، كەبىسە

يىلىغا بىر كۈننى قوشقان. ئۇلار كۈننىڭ تۇتۇلۇش ۋاقتىنى توغرا ھېسابلاپ چىققان، ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان يۇمىلاق كالېندار تېشى («قۇياش تېشى»مۇ دېيىلىدۇ)نىڭ دىيامېتىرى تۆت مېتىرغا يېقىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە گېئومېتىرىك شەكىللەر بار، ئۈستىگە ئازتېكلارنىڭ كالېندارى ئويۇلغان. 1978 ـ يىلى ئارخېئولوگلار مېكسىكا شەھىرىدە يەنە دىيامېتىرى ئۈچ مېتىردىن چوڭ، ئېغىرلىقى 10 توننا كېلىدىغان بىر چوڭ كالېندار تېشىنى قېزىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا «ئاي تېشى» دەپ نام بەردى، بۇ ئازتېكلارنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ. ئازتېكچە تەسۋىرىي يېزىقتا يېزىلغان ئىككى پارچە «باج ـ سېلىق قوللانمىسى» ناملىق كىتاب ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار بىزنى ئازتېكلارنىڭ زېمىن دائىرىسى، ھەر قايسى رايونلارنىڭ تەشكىلى ۋە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج ـ سېلىق قاتارلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئازتېكلار يەنە توپلىغان بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ 1200 دىن ئارتۇق ئۆسۈملۈك ۋە يىلان، ھاشارات، مىنېراللارنى تۈرلەرگە ئايرىپ چىققانىدى، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ زوراۋانلىقى تۈپەيلىدىن بۇنداق يازما خاتىرىلەرنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىرى ئىنتايىن ئاز.

## 4. ئىنكالار

جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ئاندېس ئېگىزلىكى قەدىمكى ئامېرىكا قىتئەسى مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر بۆشۈكىدۇر. بۇ يەرنىڭ دەسلەپكى ئاھالىلىرى موچىكالار، ئايمارالار ۋە كۇېچو ئالار بولۇپ، ئىنكالار كۇېچۇئالارنىڭ بىر تارمىقى ھېسابلىنىدۇ. ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشلارغا ئاساسلانغاندا، تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 8500 ـ يىلى ئۆپچۆرىسىدە ئاندېس ئېگىزلىكىدە تەرمىچىلىك ۋە بېلىق تۇتۇش بىلەن تىرىكچىلىك



www.uyghurkitap.com

قىلىدىغان ئاھالىلەر پەيدا بولغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4000 ـ يىلى ئەتراپىدا ئۇلار ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1200 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇلار، يەنە ساپالچىلىق تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغان ھەمدە بىناكارلىق، مېتال تاۋلاش سۇ ئىنشائاتى، سۇغىرىش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان، ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئاندېس ئېگىزلىكى چاۋىن، موچىكا، ئىتاھۇاناكو، چىمۇ قاتارلىق مەدەنىيەت دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن، ئىنكا مەدەنىيىتى ئاندېس ئېگىزلىكىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا بەرپا قىلىنغان مەدەنىيەتتۇر.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1500 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللارغىچە بولغان مەزگىلگە مەنسۇپ ئاندېس خارابىلىكى پېرۇدىكى موناس دەرياسى بويىدىكى كىچىك تاغلىق كەنت چاۋىندا بايقالغان. شۇنىڭ بىلەن «چاۋىن مەدەنىيىتى» دېگەن ئاتالغۇ بارلىققا كەلگەن. چاۋىن مەدەنىيىتى يوغان تاشتا ياسالغان ئىمارەتلىرى، تاش ئويما ۋە ساپال قاچىلىرى بىلەن مەشھۇردۇر. دىنىي جەھەتتە چاۋىنلىقلار يولۋاس ئىلاھىغا چوقۇنغاچقا، ئىبادەتخانا بىنالىرى، تاش ئويما ۋە ساپال قاچىلىرىغا چۈشۈرۈلگەن شەكىللەردە تاغىل سىزىقلار ئاساس قىلىنغان. چاۋىننىڭ مېتال ھۈنەرۋەنچىلىكىدە قوشۇق، چوكا ۋە ھالقا قاتارلىقلار ياسالغاندىن باشقا، يەنە قېلىپ بىلەن ئالتۇن ياپراقچىغا ئىلاھىي ھايۋان، ئايلانما سىزىقچە قاتارلىق نەپىس ئىسخېمىلار چېقىرىلغان.

شىمالدىكى دېڭىز بويى رايونىدىكى موچىكا مەدەنىيىتى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتتا تازا گۈللەنگەن باسقۇچقا قەدەم

قويغان. ئۇنىڭ دېھقانچىلىقى سۇغىرىش ئىنشائاتلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى يۈز نەچچە كىلومېتىرغا يېتەتتى، تاغدىن ۋە جىلغىلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەن جايلاردا نور ياسالغان بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 15 مېتىرغا، ئۇزۇنلۇقى 1400 مېتىرغا يېتەتتى. موچىكا ساپال قاچىلىرىنىڭ شەكلى ئاجايىپ بولۇپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە، ساپال قاچىلار ھەمىشە ئادەم ۋە قۇش، ھايۋانلارنىڭ شەكلىدە ياسىلاتتى، ھەتتا ئادەم بېشى شەكلىدىمۇ ياسىلاتتى. ساپال قاچىلاردىكى تەختىراۋان كۆتۈرگەن قۇللار، كۇرسىدا ئولتۇرغان ئاقسۆڭەك، ئەسىر ياكى گۇناھكارلارنى ياردىن تاشلاۋاتقان كۆرۈنۈشلەردىن موچىكا جەمئىيىتى پارچىلىنىپ، ئاقسۆڭەك، ئاددىي پۇقرا ۋە قۇللار پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئالدىنقى ئىنكا دەۋرىدىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەت تەخمىنەن 500 — 600 ـ يىللار ئارىلىقىدا پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇ 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان. ئۇنىڭ ئىزى بۈگۈنكى بولىۋىيە چېگراسى ئىچىدىكى كاكا كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىتاھۋاناكو قىشلىقىدىن بايقالدى، بۇ يەر ئەسلىدە ئامارالارنىڭ يۇرتى ئىدى. ئىتاھۋاناكو مەدەنىيىتى تاش بىلەن كۆركەم ئىمارەتلەرنى ياسىغانلىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان، مەشھۇر «قۇياش دەرۋازىسى» قەدىمكى ئامېرىكا قىتئەسىدىكى قالتىس يادىكارلىقلارنىڭ بىرى. پۈتكۈل ئىمارەتنىڭ ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر، كەڭلىكى 4.5 مېتىر، ئېغىرلىقى 100 توننا كېلىدىغان يوغان تاشنى ئويۇپ ياسالغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىن ئىشىك ئېچىلغان، ئىشىك بېشى نەپىس قاپارتما نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن.

11 ـ ئەسىردىن كېيىن شىمالدىكى دېڭىز بويىغا جايلاشقان چىمۇ دۆلىتى گۈللىنىشكە باشلىدى، چىمۇ مەدەنىيىتى موچىكا

مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مىتال تاۋلاش ۋە بازغانلاش تېخنىكىسى جەھەتتە يۈكسەك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇلار برونزا، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىستىن خىلمۇخىل سايمان ۋە بېزەك بۇيۇملارنى ياسىغاندى.

**ئىنكالار دۆلىتى** ئىنكالار ① نىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا مۇنداق بىر ئەپسانە بار: قۇياش ئىلاھى كاكا كۆلىدىكى ئارالدا بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنى ئاپىرىدە قىلىپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇپتۇ، قۇياش ئىلاھى ئۇلارغا ئۆزى ياراتقان يېڭى ئىرقنى تەرەققىيات ئىستىقبالى بولغان يەنە بىر جايغا باشلاپ بېرىشنى تاپىلاپتۇ. ئۇلار ئىلاھنىڭ پەرمانىغا ئىتائەت قىلىپ، بىر ئالتۇن ھاسىنى تۇتۇپ ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلەپتۇ، بىر يەرگە كەلگەندە ئالتۇن ھاسا تۇيۇقسىز يەرگە كىرىپ كېتىپ غايىب بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ، بۇ يەر ئاندېس ئېگىزلىكىدىكى مۇنبەت جىلغا كۇزكو ئىكەن.

11 ـ ئەسىردە ئىنكالار ۋە باشقا بىر نەچچە كىچىك قەبىلىلەر ئاندېس تاغلىق رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئولتۇراقلاشتى. 13 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئىنكالار كۇزكو جىلغىسى ئەتراپىدا يەرلىك خاراكتېرگە ئىگە دۆلەت قۇردى. 9 ـ ئەۋلاد ئىنكا كاپاك («مۇستەبىت ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى» دېگەن مەنىدە) پاچاكۇتى (1438 ــ 1463) ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى تۇپاك (1471 ــ 1493)نىڭ دەۋرىدە، ئىنكالار ئۇرغۇن قوشنا قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇپ، دۆلىتى تېز تەرەققىي قىلدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ئىنكا دۆلىتى تازا گۈللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيەسى پېرۇنى مەركەز قىلغان ھالدا چىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغىچە يېتىپ بارغان، ئېكۋاتورنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىنى، بولىۋىيەنىڭ كۆپ قىسمىنى ۋە ئارگېنتىنانىڭ غەربىي شىمالىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندى. جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى

① «ئىنكا» ئىندىئان تىلىدا «قۇياشنىڭ ئەۋلادلىرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

3000 مىل، غەربتە ئاتلانتىك ئوكياننىڭ قىرغاقلىرىغا يېتىپ بارىدىغان، شەرقتە ئامازون ئورمانلىقلىرىغا كىرىپ كېتىدىغان بۇ زېمىننىڭ كۆلىمى 800 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى تەخمىنەن 6 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇ ئامېرىكا قىتئەسى بويىچە مىسلىسىز دۆلەتكە ئايلانغانىدى. توپاكىنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ تەخت تالىشىشى توپەيلىدىن ئىچكى ئۇرۇش توختىماي، دۆلەت بارا ـ بارا ئاجىزلاشتى. ئاتاۋالپا قوشۇنىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئاكىسى — قانۇنلۇق ۋارىس ۋاسكارنى مەغلۇپ قىلىپ تەختنى تارتىۋالدى، ئىچكى نىزا ئۇنىمۇ ماغدۇرىدىن كەتكۈزۈۋەتتى. دەل مانا مۇشۇ چاغدا ئىسپانىيە تاجاۋۇزچىلىرى باستۇرۇپ كىرىپ، ئىنكا دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلدى.

ئىنكا جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى ئۇرۇقداشلىقنى ئاساس قىلغان يېزا كوممۇناسى بولۇپ، ئۇ «ئېيلىيۇ» دەپ ئاتىلاتتى. ئېيلىيۇ — سىياسىي، ئىقتىساد ۋە دىن بىرلەشتۇرۇلگەن تەشكىلات ئىدى.

ئىنكا جەمئىيىتىدە يەر نەزىر ـ چىراغ ياكى دىنىي پائالىيەتلەرنى تەمىنلەشكە ئىشلىتىلىدىغان، راھىب ۋە ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى «قۇياش ئېتىزلىقى»، ئىنكا جەمەتىنى تەمىنلەيدىغان ۋە ئامىمۇۋى چىقىملار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان «ئىنكا ئېتىزلىقى»، يېزا كوممۇناسى ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايدىغان «كوممۇنا ئېتىزلىقى» دىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ. كوممۇنا يېرىگە كوممۇنا ئەزالىرى ئورتاق ئىگىدارلىق قىلىدۇ، يەر ئائىلە جان سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بويىچە ھەر قايسى ئائىلىلەرنىڭ تېرىشىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ ① پىرىنسىپ جەھەتتە يەر ھەر يىلى نوپۇسنىڭ

① پلېسكات: «پېرۇنىڭ ئىستېلا قىلىنىش تارىخى»، 1 ـ توم، 51 ـ بەت، 1902 ـ يىلى نەشرى.

ئۆزگىرىشى بويىچە قايتىدىن تەقسىم قىلىناتتى. ئەگەر ھەر قايسى ئائىلىلەرنىڭ نوپۇسىدا ئۆزگىرىش بولمىسا، قايتا تەقسىم قىلغاندا يەنىلا ئەسلىدىكى يېرىنى تېرىيتتى. بۇنىڭدىن تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى ھەر قايسى ئائىلىلەر ۋاقىتلىق ئىشلىتىشتىن پەيدىنپەي ئۇمۇرۋايەت ئىشلىتىشكە قاراپ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تېرىلغۇ يەرلەردىن سىرت، ھويلا ـ ئارام، ئۆي، كۆكتاتلىق، ئاشلىق ئامبىرى قاتارلىقلار ۋارىسلىق قىلىنىدىغان خۇسۇسىي مۈلۈك ھېسابلىناتتى.

يەرلەرنىڭ تېرىلىش تەرتىپى مۇنداق: ئالدى بىلەن قۇياش ئېتىزلىقى، ئاندىن كېيىن ئىنكا ئېتىزلىقى، ئاخىرىدا كوممۇنا ئېتىزلىقى تېرىلاتتى. ئىنكا ئېتىزلىقىدىن ئېلىنغان ھوسۇل خان جەمەتىدىكىلەر، ھەربىي قوشۇن ۋە ئاممىۋى قۇرۇلۇشلارغا ئىشلىتىلگەندىن سىرت، يەنە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، قېرى ـ ئاجىز، مېيىپ ۋە تۇل خوتۇن قاتارلىقلارغا ياردەم بېرىشكە ئىشلىتىلەتتى. بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەر كوممۇناسىدىكى ئەرلەر دۆلەت ئورۇنلاشتۇرغان مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى ئالۋان ـ ھاشارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقاتتى، ئۇلار «مىدا» دېيىلەتتى، مىدالار يول ياساش، ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىش، كان ئېچىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى، ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەيتتى.

ئىنكا ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئاددىي خەلقنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە چاچ پاسونى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى بار ئىدى. ناھايىتى يوغان ئالتۇن ھالقا تاقاشقا ئادەتلەنگەنىدى. ئالىي ھۆكۈمران سەپەرگە چىققاندا، ئاددىي خەلق ئۇنى دۇم يېتىپ قارشى ئالاتتى ۋە ئۇزىتىپ قوياتتى. پۈتكۈل ئىنكا دۆلىتى «تاۋانتىنسۇ»، («زېمىنى ئىنتايىن كەڭ دۆلەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) دەپ ئاتىلاتتى. ئىنكا كاپاك كۆپ مىقداردىكى ئىشلەپچىقىرىلغان ماددىي بايلىقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان، ئىچكى ـ تاشقى سودىنى قاتتىق كونترول

قىلىۋاتقانىدى. ئېلىۋلار ئىچىدىن تاللىنىپ پايتەختكە ئەۋەتىلگەن مۇنەۋۋەر ئۇستىلار ئالاھىدە بازار رايونىدا ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار «پادىشاھ»، مەنسەپدار ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئۈچۈن تۈرلۈك بۇيۇملارنى ياسايتتى. ئىنكا ھۆكۈمرانلىرى يەنە بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەردىن بالاغەتكە يەتمىگەن قىزلارنى تاللاپ، پايتەختتە ئۇلارغا توقۇمىچىلىق، كەشتىچىلىك ۋە تىكىمچىلىكنى ئۆگىتىپ، ئوردا، ئىبادەتخانا ۋە ھەربىي قوشۇن ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇراتتى. ئادەتتە، ئۇلار 33 ياشقىچە مۇلازىمەت قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ياتلىق بولۇشىغا يول قويۇلاتتى. ئالماشتۇرۇش تەرەققىي قىلمىغان، كۆلىمى چوڭ بازارلىرى يوق ئىدى، پۇل ئوبوروتىدىن ئېغىز ئاچقىلىمۇ بولمايتتى.

ئىنكا جەمئىيىتى دەسلەپكى قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت بولۇپ، ئىنكا خانلىرى، ئاقسۆڭەكلىرى، مەنسەپدارلار ۋە ئىبادەتخانا راھىبلىرى ھۆكۈمران سىنىپقا تەۋە ئىدى. ئىنكانىڭ ئاددىي خەلقى بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەردىكى ئاھالىلەر ۋە ئاساسلىق سالاھىيىتى قۇللارغا يېقىنلىشىدىغان ئەسىرلەر بىلەن جىنايەتچىلەر — «ياناكان» لاردىن تەركىب تاپقانلار ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپ ھېسابلىناتتى. ئالىي ئىنكانىڭ ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلىناتتى. ھۆكۈمرانىنىڭ قانداشلىقىنىڭ ساپلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئالىي ئىنكا ئۆزىنىڭ ئاچا - سىڭىللىرىنى ئەمرىگە ئېلىپ خانىشلىققا تەيىنلەيتتى، خانىشتىن تۇغۇلغان ئوغۇل تەخت ۋارىسى بولاتتى. باشقا توقاللاردىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەر ئىنكانىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولاتتى. ئالىي ئىنكا ئۆلگەندىن كېيىن مالاي - دېدەكلىرى، توقاللىرى ھەممىسى قىلىناتتى.

**ئىنكا مەدەنىيىتى** ئىنكا دۇنيا دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بىرى. ئىنكالار تەخمىنەن قىرىق خىل دېھقانچىلىق زىرائىتىنى يېتىشتۈرگەن. ئۇلار يېتىشتۈرگەن

تارۇنىڭ تۇرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇلاردىن سىرت، شوخىۇلا كۆلى بىھىسى، كاكائۇ، ئاناناس، ئامېرىكا ئاگاۋىسى، شۇنىڭدەك ئىندىئان قونىقى، يەر ياڭىقى، ئورمان ياڭىقى قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى بار ئىدى. ئىنكالار ئېتىزلىرىنى قۇشلارنىڭ مايىقلىرى بىلەن ئوغۇتلايتتى، ئېگىز تاغلىق رايوندا تېرىلغۇ يەرنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تاش بىلەن قەۋەت ـ قەۋەت پەلەمپەي ئېتىزلارنى ياسىغان ياكى تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان تاش ئۇلىلارنى ياساپ، تاغ ئارىلىرىدىكى ئېرىقلاردىن ئۆستەڭلەرگە سۇ باشلاپ ئېتىزلىرىنى سۇغارغان. بەزى ئېتىز بويلىرىدا سۇ مىقدارىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن تۇغانلارنى ياسىغان. شەھەرلەردە سۇ بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسى ناھايىتى ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كوزكودا سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئېرىقلار گىرەلىشىپ كەتكەن، ئېرىق ئاستىغا تاش ياتقۇزۇلغان، مۇھىم ئىمارەتلەرگە يېپىق ئېرىقلار ئارقىلىق سۇ باشلانغان.

ئىنكانىڭ بىناكارلىقى ۋە قاتناش ـ ترانسپورتى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئىبادەتخانا ۋە ئولتۇراق ئۆيلەردە تاش بىناكارلىقنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىنغان، تاش بىلەن تاشنىڭ ئارىسىغا ھېچقانداق چاپلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان نەرسە ياتقۇزمايمۇ ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە ھەم قىلىپ ياسىغان. ئىنكانىڭ پايتەختى كوزكو دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىر ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان ئېگىزلىكتىكى ئويمانلىققا بىنا قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزىدىكى مەيدان — دىنىي مۇراسىم ۋە شادلىق بايرىمىنى تەبرىكلەيدىغان ئورۇن ئىدى. قۇياش ئىلاھى ئىبادەتخانىسى ئالتۇن ۋە گۆھەرلەر بىلەن بېزەلگەن ناھايىتى چوڭ ئىمارەت بولۇپ، ئۇنىڭ زالى تام تۈۋىدىن تورۇسقىچە ئالتۇن تاختا بىلەن قاپلانغان، ئىككى تەرىپىدە تامغا يۆلەكلىك بىر قاتار ئالتۇن كۇرسىلار قويۇلغان بولۇپ، ئۇستىگە ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئىنكا كاپاكلىرىنىڭ مومىياسى قويۇلغان. «ئالتۇن

www.uyghurkitap.com

باغچە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىبادەتخانا باغچىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئوت ـ چۆپ، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ، ئۇچار قاناتلار پۈتۈنلەي ئالتۇن، كۈمۈش، گۆھەرلەردىن ياسالغان بولۇپ، بۇ سەنئەت بۇيۇملىرى راستتەكلا كۆرۈنىدۇ، مۇستەملىكىچىلەرمۇ ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمىغان.

كۇزكو شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 120 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى تاغلار ئارىسىدا قەدىمكى شەھەر خارابىسى «ماچۇپىچۇ» (يەنى «چوققىدىكى قەلئە») دېڭىز يۈزىدىن 2300 مېتىر ئېگىز بولغان ئېگىزلىكتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. قەلئە ئىككى چوققىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان ئېگەرسىمان جايغا سېلىنغان بولۇپ، ئېگىزدە تۇرۇپ پەسكە قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم جاي ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. قەلئەنىڭ ئەتراپى گرانىت تاش بىلەن قوپۇرۇلغان تام بىلەن قورشالغان بولۇپ، قەلئەگە كىرىش ئۈچۈن بىرلا دەرۋازا قالدۇرۇلغان، قەلئە ئىچىدە ئاق مەرمەر تاشتىن سېلىنغان بىر مۇنچە قەسىر، ئىبادەتخانا، قورغان، ئۇستىخانا ۋە ئاھالىلەر ئۆيلىرى بار، ئۆيلەر ئۆزئارا پەلەمپەي بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. ئىسپاتلىنىشىچە، بۇ خارابىلىك 15 ـ ئەسىردە سېلىنغان قەلئەنىڭ خارابىسى بولۇپ، ئۇ ئىچكىرى تاغ ئارىسىغا سېلىنغان بولغاچقا، مۇستەملىكىچىلەر ئىزچىل تۇردە بايقىيالمىغان، شۇڭا ئۇ مۇكەممەلرەك ساقلىنىپ قالغان.

ئىنكا دۆلىتىدە پۈتۈن مەملىكەتكە تۇتىشىدىغان ئىككى ئاساسلىق يول بار ئىدى: بىرى، ئېگىزلىكتىكى يول بولۇپ، ئۇ بۈگۈنكى كولۇمبىيەدىن باشلىنىپ، ئېكۋاتور، پېرۇ، بولىۋىيەنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاندىن ئارگېنتىنا ئارقىلىق چىلىغا يېتىپ باراتتى؛ يەنە بىرى، دېڭىز بويىدىكى يول بولۇپ، ئۇ تۇمبېستىن باشلىنىپ، جەنۇبتىكى پېرۇنىڭ دېڭىز بويىغا تۇتىشىپ، چىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا كىرىپ كېتەتتى. بىرۇگاستا يوغان پېلەكتە ياسالغان، ئۇزۇنلۇقى 60 مېتىر كېلىدىغان ئاسما

كۆۋرۈك بار ئىدى. يۇقىرىدىكى غول لىنىيەلەردىن باشقا، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تۇتاشقان تارماق لىنىيەلەر بار ئىدى. يولنىڭ بەلگىلىك ئارىلىقىدا پوچتا بېكەتلىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇلاردا كۈچ ئۇلاپ خەۋەر يەتكۈزۈشكە مەسئۇل پوچتىكەشلەر بار ئىدى. ئۆتكەللىرى ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى، يەنە قورغان ۋە تۇرلار سېلىنغانىدى.

ئىنكالار كانچىلىق، مېتالچىلىق، توقۇمىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك جەھەتلەردە خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەنىدى. ئۇلار تۆمۈر تاۋلاشتىن بىخەۋەر بولسىمۇ، لېكىن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قەلەي قاتارلىق مېتال كانلىرىنى قېزىشنى بىلەتتى. برونزىدىن قورال - ياراغ ۋە ئورغاق، ئوتىغۇچ قاتارلىق سايمانلارنى ياسىغان، قىلىچ، پالتا قاتارلىقلارنىڭ تىغلىرىنى سۇغۇرۇپ ۋە سوقۇپ تېخىمۇ قاتتىق قىلىغان، ئالتۇن، كۈمۈشلەردىن بېزەك بۇيۇملىرى بىلەن نەزىر - چىراغ قاچا - قۇچىلىرىنىمۇ ياسىغان. ئىنكالارنىڭ توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى نەپىس ۋە رەڭدار، گۈللىرى ئىنتايىن كۆركەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە گېئومېتىرىك شەكىللەر، بۇرمىسىمان گۈللەر بار، گۈل - گىياھ، ئۇچار قانات، بېلىق قاتارلىقلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرىمۇ بار. ئۇلار پاختا بىلەن قوي يۇڭىدىن تىۋىتلىق رەخت توقۇپ كىيىم كىيگەن، يەنە ئۇلاردىن كىگىز ئەتكەن، گىلەم توقۇغان. پەي ۋە زەر يىپ، كۈمۈش يىپلار بىلەن توقۇلغان رەختلەر ئىنتايىن كۆركەم ۋە يارقىن بولۇپ، ئۇلاردىن پەقەت ئاقسۆڭەكلەرلا بەھرىمەن بولالايتتى.

ئىنكالار ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇناتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاسترونومىيەلىك بىلىملىرى بىلەن دىنىي ئېتىقادىنىڭ باغلىنىشى قويۇق ئىدى. ئۇلار شەمسىيە ۋە قەمەرىيە كالېندارىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتكەن، قەمەرىيە ئېيىدا تولۇن ئايدىن ھىلال ئايغىچە بولغان ۋاقىت بىر ئاي ھېسابلانغان، ئادەتتە، بىر يىل 12 ئايغا ئايرىلغان، بىر ئاي ئوتتۇز كۈن ھېسابلانغان، بىر

يىلنىڭ كۈن سانىغا ئۇيغۇن بولۇش ئۈچۈن، يەنە ھەر يىلدا بىر بەش كۈنلۈك قىسقا ھەپتە بولغان. شەمسىيە يىلدا قىشلىق كۈن توختىغان كۈن يىل بېشى قىلىنغان.

ئىنكالار تېبابەتچىلىك جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇلار جەسەتنى مومىيالاشنى بىلەتتى؛ تاشقى كېسەللىكلەر جەھەتتە مېڭە ئوپېراتسىيەسى قىلالايتتى. ئۇلار ھەمىشە كوكا يوپۇرمىقىدىن ئاجرىتىۋېلىنغان كوكائىننى ناركوز دورىسى ئورنىدا ئىشلىتەتتى. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە خىنىن، دۈرۈنەج ئەقرەبى، پىننە مەلھىمى، ستىرىخنىن قاتارلىق دورىلىرى بار ئىدى.

ئىنكالار «كىپ» دەپ ئاتايدىغان ئارغامچىنى تۈگۈپ يۈز بەرگەن ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى خاتىرىلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان. بۇ ئۇسۇلدا بىر توم ئارغامچىغا نۇرغۇن ئىنچىكە رەڭلىك تانىلار باغلىنىپ ساڭگىلىتىپ قويۇلاتتى، بۇ ئىنچىكە ئارغامچىلاردا توم ئارغامچا بىلەن يىراق ـ يېقىنلىقى ئوخشاش بولمىغان تۈگۈنچەكلەر تۈگۈلەتتى، تۈگۈنچەكلەرنىڭ شەكلى ۋە ئورنى ئارقىلىق سانلار خاتىرىلىنەتتى، رەڭ بۇيۇملارنى ئىپادىلەيتتى.

ئىنكا دۆلىتىنىڭ زېمىنى كەڭ، مىللەتلەر ناھايىتى كۆپ، دىيالېكتلار مۇرەككەپ بولغاچقا، تىلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىنتايىن مۈشكۈل ئىدى. ئۇلار كاچىيۇيا تىلىنى ئۆلچەملىك تىل قىلىپ مەملىكەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك قوللانغان. ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى تيەنچى يىللىرىدا تۈزۈلگەن «چەت ئەل خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسەردە، پېرۇ تونۇشتۇرۇلۇپ مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇلارنىڭ يەرلىك تەلەپپۇزى ئوخشاش ئەمەس. بىر ئۆلچەملىك تەلەپپۇز بار بولۇپ، ھەممىلا جايدا ئاقىدۇ. ئومۇمەن دۇنيادىكى تىللار خىلمۇخىل، مىڭ چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن تىلماچ بولمىسا بولمايدۇ. ئۆلچەملىك تەلەپپۇز ھەممىلا جايدا ئاقىدىغان ئىش پەقەت جۇڭگو بىلەن پېرۇدىلا بار، خالاس.»

سەككىزىنچى باب

# غەربىي ياۋروپادا كاپىتالىزمنىڭ پەيدا بولۇشى، يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە دەسلەپكى مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىق

14 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە ئىتالىيە، فىرانسىيەنىڭ جەنۇبى ۋە نېدېرلاندىيەدىكى بەزى چوڭ شەھەرلەردە كاپىتالىزمنىڭ دەسلەپكى بىخلىرى بارلىققا كەلدى. غەربىي ياۋروپادا كاپىتالىزمنىڭ پەيدا بولۇش ۋە راۋاجلىنىش تارىخى — غەربىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەر ئەمگەكچى خەلقى بىلەن مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە خەلقىنىڭ قۇل قىلىنىش، زوراۋانلىققا ئۇچراپ ھەممىدىن مەھرۇم بولۇش تارىخىدۇر. غەربىي ياۋروپانىڭ دەسلەپكى مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشلىرى يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ قانات يايدى. غەربىي ياۋروپادىن شەرققە بىۋاسىتە بارغىلى بولىدىغان دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش چىقىدىغان جايلارنىڭ بايقىلىشى، شۇنىڭدەك ئافرىقىنىڭ نىگېرلارنى سودا خاراكتېرلىك ئوۋلايدىغان سورۇنغا ئايلىنىشى غەربىي ياۋروپا كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە دەسلەپكى مۇستەملىكىچىلىكنىڭ تارىخى «ئىنسانىيەت تارىخىغا قانلىق ۋە ئوتلۇق ھەرپلەر بىلەن خاتىرىلىنىدۇ»①. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قانلىق تاجاۋۇزچىلىقىغا دۇچ كەلگەن ئافرىقا، ئامېرىكا ۋە ئاسىـ

① ماركس: «كاپىتال»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى 2 ـ توم، 261 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

يا خەلقى ئالدىنقىسى يىقىلسا، كېيىنكىسى ئۇرنىنى بېسىپ، تىللاردا داستان قىلىنىشقا ئەرزىيدىغان دەسلەپكى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۆرەشنى قانات يايدۇردى.

## 1 ـ بۆلۈم غەربىي ياۋروپادا كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى

**16 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى** 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، غەربىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلىپ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىگە يەتتى. ئىلىم ـ پەندىكى نۇرغۇن يېڭى كەشپىيات ۋە بايقاشلار كونا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ ئورنىغا يېڭى تېخنىكىلارنى دەسسەتتى. بۇ چاغدا، غەربىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئاساسلىق سانائەت تارماقلىرىدىكى قول سانائەت مەشغۇلاتلىرى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. توقۇمىچىلىق بىلەن كانچىلىقتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولدى. توقۇمىچىلىقتا 13 ـ ئەسىردىن باشلاپ قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان يىپ ئېگىرىش چاقى كەڭ دائىرىدە ئومۇملىشىپ، ئىپتىدائىي قول بىلەن يىپ ئېگىرىشنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاپتوماتىك يىپ ئېگىرىش چاقى ئىشلىتىلىپ، يىپ ئېگىرىش بىلەن يىپ يۆگەش جەريانى بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭىدىن ئۆزگەرتىلگەن ياتما رەخت توقۇش ماشىنىسىنى ئىشلىتىش ئومۇملىشىپ، تىك توقۇش ماشىنىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى. يۇڭ توقۇلمىلار قول بىلەن ئۇۋۇلاپ يۇيۇلماي، سۇپىروپېللىرى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان ئېغىر توقماق بىلەن يۇيۇلۇپ چايقىلىدىغان بولدى. توقۇمىچىلىق

تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن يىپەك توقۇمىچىلىق ئىتالىيە، فىرانسىيە، ئىسپانىيە ۋە گېرمانىيەنىڭ ئايرىم شەھەرلىرىدە ئومۇملىشىشقا باشلىدى. ياختا توقۇمىچىلىق غەربىي ياۋروپادىمۇ تەرەققىي قىلدى.

كانچىلىقتا ئۆلاغ ياكى سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان سۇ تارتقۇ، رۇدا توشۇلىدىغان چىغرىق ۋە كاننىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش ئۈسكۈنىسى قاتارلىق مۇرەككەپ ئۈسكۈنىلەر ئىشلىتىلدى، كان ئېچىش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ياۋروپانىڭ كۆمۈش مەھسۇلات مىقدارى بىلەن سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئېھتىياجلىق بولغان تۆمۈر، مىس، زەمچە ۋە قەلەي قاتارلىق رۇدىلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى كۈندىن - كۈنگە ئاشۇردى.

مېتال تاۋلاش جەھەتتە، 14 - ئەسىردىن باشلاپ ئىككى مېتىردىن ئۈچ مېتىرغىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېگىز بولغان مەشلەر ۋە سۇپىروپىللىرى ياكى شامال كۈچىدىن پايدىلىنىدىغان شامال ساندۇقلىرى بارلىققا كېلىپ، مەشنىڭ تېمپېراتۇرىسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، تۆمۈرنى ئېرىتىپ ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى ياكى قورال - ياراغلارنى قۇيالايدىغان ھەمدە سۇپىتى خېلى ياخشى بولغان پولاتنى تاۋلىيالايدىغان بولدى. مېتال پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىدە ئېغىرلىقى بىر توننىغا يېتىدىغان سۇ بازغىنى ئىشلىتىلدى. يەنە سىم تارتقۇمۇ بارلىققا كەلدى.

بۇ چاغدا جۇڭگونىڭ پورۇخ، كومپاس ۋە مەتبەئە تېخنىكىسى قاتارلىق زور كەشپىياتلىرى ياۋروپادا كەڭ تارقالدى. پورۇخ زەمبىرەك ئېتىشقا ئىشلىتىلدى. 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ھەرخىل ئوت ئېچىش قوراللىرى (جۈملىدىن چاچما ئوق ئاتىدىغان مىلتىق، ئالايلۇق، چاقماق تېشلىق تەپكە ئورنىتىلغان يېنىك ماۋزۇلۇق مىلتىق) ئومۇملاشتى. 15 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ قەغەز باسمىلىق

كىتابلار قوي تېرىسىگە يېزىلىدىغان قولىيازمىلارنىڭ ئورنىنى تېز ئىگىلىدى، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تېزلىكتە تارقىلىشى تېخىمۇ قولايلىق بولدى.

دېڭىز قاتنىشى تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ناھايىتى تېز بولدى. 13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردە ياۋروپالىقلار دېڭىزدا كومپاس ئىشلىتىشكە باشلىدى. 15 ـ ئەسىردە توغرا ئاسترونومىيە جەدۋىلى تۈزۈلدى، 1000 توننىلىق، تېز سۈرئەتلىك يەلكەنلىك كېمىلەر بارلىققا كەلدى.

ئىلمىي كەشپىيات ۋە ئىلغار تېخنىكىلار يېڭى ئېھتىياجلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ۋە يېڭى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى ئىلگىرى سۈردى. مەسىلەن، ئوت چېچىش قوراللىرىنىڭ ئومۇملىشىشى چويۇن، مىس ۋە پولاتقا بولغان ئېھتىياجنى تېز كېڭەيتىپ، مېتاللۇرگىيە كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قۇيمىچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە يېڭىچە ئىستانوكلارنىڭ بارلىققا كېلىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. 1500 ـ يىلى ئۆپچۆرىسىدە غەربىي ياۋروپالىقلار مۇنار سائىتىنى ئىشلىتىش ئاساسىدا، نەپىسرەك بولغان پۇرژىنىلىق كىچىك سائەتنى ئىجاد قىلدى. پۇرژىنىلىق سائەتنىڭ ئىجاد قىلىنىشى نازۇك ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئىش تەقسىماتىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولدى.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى يەنە دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ئىلغارلىششىدىمۇ ئىپادىلەندى. كەڭ ئورمانلىق بەلباغلار يوقىتىلىپ، سازلىقلار قۇرۇتۇلۇپ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆلىمى زور دەرىجىدە كېڭەيتىلدى. 16 ـ ئەسىردە دېھقانچىلىق بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان نىدېرلاندىيەنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن ئەنگلىيەدە كۆپ كاندۇكلۇق تېرىش، يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، زىرائەتلەرنى

ئەتراپلىق پەرۋىش قىلىش يولىغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ئوغۇت ئىشلىتىشمۇ كېڭەيتىلدى. بەزى ئاق قالدۇرۇلغان يەرلەرگە ئوت ـ چۆپ تېرىلىپ، ئات ـ ئۇلاغلار تېخىمۇ كۆپ يەم ـ خەشەك بىلەن تەمىنلەندى. دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ چىغىرىقى، چاقپەلەكلەرمۇ ئۇزۇكسىز ياخشىلاندى. چارۋىلار (بولۇپمۇ قوي)نىڭ سورتىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. بۇ مەزگىلدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشتى.

**تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېشىشى ۋە تاۋار ـ پۇل ئىگىلىكىنىڭ تەسىرى**

ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئىش تەقسىماتىنى كېڭەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولدى، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تاۋار ئالماشتۇرۇشمۇ راۋاجلاندى. 15 ـ ئەسىردە غەربىي ياۋروپادىكى ئەللەرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى قول سانائەت نۇرغۇن كەسپىي تارماقلارغا ئايرىلدى، كەسىپلەرنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپەيدى. ياۋروپادىكى بەزى شەھەرلەردىكى قول سانائەتتە خىلمۇخىل كەسىپلەر بارلىققا كەلدى. ئالايلۇق، خېيدېلبېرگدا 103 خىل كەسىپ، باسېلدا 120 نەچچە خىل كەسىپ بار ئىدى، فرانكفورتتا 190 نەچچە خىلغا يەتكەن بولسا، پارىژدا 350 خىلدىن ئېشىپ كەتتى①. كەسىپلىشىشنىڭ تەرەققىياتى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ يۇكسىلىشى ۋە ئەمگەك قوراللىرىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئۆسكەندىن كېيىن مەھسۇلات مىقدارىمۇ ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىش ئىش تەقسىماتىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن دېھقانچىلىقتىن ئايرىلغان قول سانائەت كەسىپلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى. دېھقانچىلىق بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان

① سكازكىن قاتارلىقلار تۈزگەن «ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى»، رۇسچە نەشرى، 2 ـ توم، 10 ـ بەت، موسكۋا 1954 ـ يىلى.

توقۇمىچىلىق، هاراق ئېچىتىش، بولكا پىشۇرۇش، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش قاتارلىق قول سانائەت كەسىپلىرى دېھقانچىلىقتىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل قول سانائەت تارماقلىرىغا ئايلاندى.

بۇ چاغدا، غەربىي ياۋروپادا بەزى سانائەت مەركەزلىرى بارلىققا كەلدى. فلاندىر تىۋىتلىق توقۇلمىسى، مىلان ساۋۇت ـ دۇبۇلغا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن، تولېدو شەمشەر ياساش بىلەن شۆھرەت قازاندى. نېدېرلاندىيەنىڭ شىمالىدا كېمىسازلىق سانائىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلدى. ئەنگلىيەنىڭ قوي يۇڭى توقۇلما بۇيۇملىرى چەت ئەللەردە سېتىلدى، سانائەت مەركەزلىرى بارلىققا كېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاشلىق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە سانائەت خام ئەشيا ـ ماتېرىياللىرى ئىشلەپچىقىرىشىمۇ راۋاجلاندى. ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بىلەن داڭ چىقارغان دېھقانچىلىق رايونلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. ئىسپانىيەدىكى كاستىلىنىڭ قوي باقمىچىلىقى تەرەققىي تاپقانلىقتىن قوي يۇڭى كۆپ ئىشلەپچىقىرىلاتتى، گرانادانىڭ مەشۇتى داڭلىق ئىدى، نېدېرلاندىيە مەسكە ۋە پىشلاق ئېكسپورت قىلاتتى، رېين رايونى بىلەن فرانسىيەنىڭ چامپاگنې تەرەپلەردە ئۈزۈم ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، ھەر خىل هاراق ئىشلەپچىقىرىلاتتى.

تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئوبوروتى ياۋروپانىڭ پۇل ئىگىلىكىنى كۈچەيتتى. تاۋار ـ پۇل مۇناسىۋىتىنىڭ راۋاجلىنىشى يېزىلاردىكى ناتۇرال ئىگىلىكنى ئۆزگەرتتى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربىي ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى ئىجارە ھەققىنىڭ ئاساسلىق شەكلى بولۇپ قالدى. دېھقانلار ئىجارە ھەققىنى تۆلەش ۋە باج تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ قىسمەن مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولدى. سودىگەرلەر كۆپ ساندىكى دېھقانلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئەرزان

باھادا سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى؛ تۇرغۇن كىشىلەر ئىجارە ھەققىنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن قەرز ئېلىپ، جازانىخورلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالدى. دېھقانلار ئارىسىدا ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش سۈرئىتى تېزلەشتى، ۋەيران بولغان تۇركۇم ـ تۇركۇم دېھقانلار ياللانما دېھقانلارغا ئايلاندى، ۋاھالەنكى بەزى باي دېھقانلار بولسا دېھقانچىلىقتا كاپىتالىستىك تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى. 16 ـ ئەسىردە غەربىي ياۋروپانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا پۇل ئوبوروت شەكلى كەڭ دائىرىدە راۋاجلاندى. ئانتۋېرپ قاتارلىق جايلاردا بىرژا جانلاندى. سودا كاپىتالى، جازانە كاپىتالى، كىرېدىت ۋە بانكا كەسپى ئارقا ـ ئارقىدىن راۋاجلاندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ پارچىلىنىشىنى تېزلەتتى.

**كاپىتالىزمنىڭ بىخلىنىشى ۋە ئىپتىدائىي جۇغلانما** ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇرەككەپلىشىشى، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ بارغانسېرى ئىجتىمائىيلىشىشى تۇپەيلىدىن سودىگەرلەر كۈندىن ـ كۈنگە مۇھىم رول ئوينايدىغان بولۇپ قالدى. يەككە تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن ئايرىلىپ چىققان سودىگەرلەر تەبىقىسى يەككە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى قەرەللىك ھالدا سېتىۋېلىپ بازارغا ئاپىرىپ ساتاتتى، بۇنداق سودىگەرلەر سېتىشنى كۆتۈرە ئالغان غوجايىنلارغا ئايلاندى. نامرات يەككە ئىشلەپچىقارغۇچىلار رىقابەت جەريانىدا مەبلەغ يېتىشمەسلىك تۇپەيلىدىن ياكى زوراۋان بولغان يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ھەمىشە سېتىشنى كۆتۈرە ئالغان غوجايىنلاردىن ياردەم تەلەپ قىلاتتى. سېتىشنى كۆتۈرە ئالغان غوجايىنلار يەككە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، ئۇلارغا نەق پۇل، سايمان، خام ئەشيا ـ ماتېرىيال قاتارلىقلارنى قەرزگە بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ، ناھايىتى كۆپ يەككە ئىشلەپچىقارغۇچىلار بارا ـ بارا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىدىن

مەھرۇم بولدى، ئۇلار بىلەن سېتىشنى كۆتۈرە ئالغان غوجايىنلار ئارىسىدا بېقىنىش مۇناسىۋىتى شەكىللىنىپ، كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيە مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان يېڭى «يەككە ئىشلەپچىقارغۇچىلار»، يەنى سېتىشنى كۆتۈرە ئالغان غوجايىنلار ئۇچۇن تاۋار ئىشلەپچىقىرىپ «ھەق» (مۇئەييەن مائاش) ئالىدىغان ياللانما ئىشچىلار بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ياخشىراق بولغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى قول سانائەتچىلەر بېيىپ، كىچىك كارخانا غوجايىنلىرى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئايرىم كىشىلەر كۆپرەك مەبلەغ توپلىدى ھەمدە كەسىپداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ چەكلىمىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، ئىشچىلارنى كۆپرەك ياللاپ، پەيدىنپەي قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ غوجايىنلىرىغا ئايلاندى.

لېنىن كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى شەرھلىگەندە، ئۇ ھازىرلاش زۆرۈر بولغان تارىخىي شارائىت ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىرىنچى، ئادەتتىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلىپ يۇقىرىراق سەۋىيەگە يەتكەندە يەزى كىشىلەرنىڭ قولىغا مۇئەييەنساندا پۇل جۇغلىنىدۇ؛ ئىككىنچى، ئىككى ياقلىمىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە «ھۆر» ئىشچىلار مەۋجۇت بولىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماي ساتالايدىغانلىقىدىن ئېيتقاندا، ھۆر كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ يېرى ۋە ھېچقانداق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بولمىغانلىقىدىن ئېيتقاندىمۇ ھۆر كىشىلەردۇر... ئۇلار پەقەت ئەمگەك كۈچىنى سېتىشقا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئىشچىلار — (پىرولېتارلار) دۇر ①.» غەربىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەردە كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخىدا بۇ ئىككى شەرت

① «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ نەشرى، 2 ـ توم، 431 ـ بەت.

زورلۇق ـ زومبۇلۇققا تايىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. دۆلەت ئىچىدە، دۆلەت زايومى سېتىش، باجنى كۆتۈرە ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ۋە تۈرلۈك باج ـ سېلىقلارنى كۆپەيتتى، بولۇپمۇ بىۋاسىتە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىدىن مەجبۇرىي مەھرۇم قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى يالانما ئەمگەكچىلەرگە ئايلاندۇردى؛ چەت ئەللەردە ئاشكارا بۇلاڭچىلىق قىلىش، قۇل قىلىش ۋە مۇستەملىكە قىلىنغان خەلقنى يوقىتىش ئارقىلىق مەبلەغ توپلاش چارىسىنى قوللاندى. ماركس بۇ تارىخىي جەرياننى كاپىتالنىڭ «ئىپتىدائىي جۇغلىنىشى» دەپ ئاتىغان. «بۇ جەرياندا ـ بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى كاپىتالغا ئايلاندى، يەنە بىر تەرەپتىن بىۋاسىتە ئىشلەپچىقارغۇچىلار يالانما ئىشچىلارغا ئايلاندى.»①

ماركس ئىپتىدائىي جۇغلانمىنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىق بولغان ئىككى خىل كونكرېت شەكىلنى چوڭقۇر ۋە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ بىرىنچى خىلى، دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىش. ماركس ئەنگلىيەنى ئۆرنەك قىلىپ، ئەنگلىيەدىكى يەر قاشالاش ھەرىكىتىنىڭ «ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىنقىلابى» ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. يەر قاشالاش ھەرىكىتى بىر تەرەپتىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن يەرنى مۇجەسسەملەشتۈرۈش ھەمدە ئۇلارنى كاپىتالغا ئايلاندۇرۇش شەرتىنى ھازىرلاپ بەردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يەنە ۋەيران بولغان نۇرغۇن دېھقاننى قەلەندەر ۋە سەرگەردانلارغا ئايلاندۇردى، ئۇلار كاپىتالىزمنىڭ ئەرزان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالدى. ئىككىنچى خىلى، مۇستەملىكىلەرنى تالان ـ تاراج

---

① ماركس: «كاپىتال»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 2 ـ توم، 260 ـ بەت.

قىلىش. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى ئاسىيا، ئافرىقا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە چېكىگە يەتكەن ۋەھشىيلىك بىلەن بۇلاڭچىلىق قىلدى ۋە قۇل سودىسى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن پۇل كاپىتالى توپلىدى، ئىپتىدائىي جۇغلانما يەنە سودا جېڭى، «تاموژنا بېجىنى قوغداش تۈزۈمى» قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىقمۇ جوغلاندى. ئەمما ئەمگەكچى ئاممىنى زورلۇق بىلەن بۇلاش، پىرولېتارلارنى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ بازارغا يۈزلەندۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى كاپىتالىستلارنىڭ ئالىقىنىغا مەركەزلەشتۈرۈش ئىپتىدائىي جۇغلانمىنى ئەملەشنىڭ بارلىق ئۇسۇللىرىنىڭ ماھىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلى زورلۇق كۈچ ئارقىلىق كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلىگە ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كاپىتالنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ياۋايىلارچە زورلۇق بىلەن تالان ـ تاراج قىلىشنىڭ نەتىجىسى، «قولىنى قانغا بوياپ» ئىگىلىك تىكلىگەن دېيىشكە بولىدۇ.

**قول سانائەت ئىشخانىلىرى ۋە دەسلەپكى كاپىتالىستىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرى** سانائەتتە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئاددىي ھەمكارلىق، قول سانائەت ئىشخانىلىرى ۋە ماشىنا سانائىتىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. 16 ـ ئەسىردىكى غەربىي ياۋروپادا قول سانائەت ئىشخانىلىرى ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشتى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 18 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىكى سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ئالدىغىچە قول سانائەت ئىشخانىلىرى سانائەتتە ئىزچىل تۈردە ئىشلەپچىقىرىش تەشكىللىنىڭ ئاساسلىق شەكلى بولۇپ كەلدى. ئۇ ئەڭ دەسلەپتە يۇڭ ـ چىگە توقۇمىچىلىقى ۋە مېتالچىلىق ياساش كەسپىدە ئومۇملاشتى.

قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ تارقاق ئىشخانىلار ۋە

مەركەزلەشكەن ئىشخانىلاردىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكلى بار بولۇپ، دەسلەپتە ئاددىي ھەمكارلىقنى ئاساس قىلغان تارقاق ئىشخانىلار كۆپ ئىدى. ئىشلەپچىقارغۇچىلار زاكازنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ھەر بىر ئىشلەپچىقارغۇچى ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان ئىشنى ئۆز ئۆيىدە قىلاتتى. ئىشلەپچىقارغۇچىلار ھەمىشە مەلۇم بىر ئىشلەپچىقىرىش ھالقىسىدىكى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تېخنىكىسى كۆنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستى. گەرچە ئىشلەپچىقىرىش سورۇنى تارقاق بولسىمۇ، لېكىن ئىش تەقسىماتى جانلىق بىرلەشتۈرۈلگەنىدى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بەزى ئىش تەرتىپلىرىنى مەركەزلەشكەن ئىشخانىلارنىڭ ئارقىمۇ ئارقا ئىشلىشىگە توغرا كەلگەنلىكتىن مەركەزلەشكەن قول سانائەت ئىشخانىلىرى ئاستا ـ ئاستا تارقاق قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

قول سانائەت ئىشخانىلىرىدىكى ئەمگەك تەقسىماتى ۋە ھەمكارلىقنىڭ شەكلى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. بىر خىلدا بولسا، ئوخشاش بولمىغان تۈردىكى ئەمگەك بىرلەشتۈرۈلگەنىدى، ئالايلۇق، ئات ھارۋىسى ياسىغاندا ياغاچچى، ئات جابدۇقلىرى ئۇستىسى، سېلىسار، توكار، رەسسام، سىرچى قاتارلىق ئون نەچچە مۇستەقىل ھۈنەرۋەننىڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بويىچە بىرلىشىشى قول سانائەت ئىشخانىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىش تەقسىماتى ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر خىلدا بولسا، بىر تۈرلۈك ئەمگەك ئىش تەرتىپىدىكى پەرق بويىچە ئىش تەقسىم قىلىنىپ بىرلەشتۈرۈلگەنىدى. ئالايلۇق، ئاياغ ئىشلەپچىقىرىش كەسپى ماتېرىيال تەييارلاش، كېسىش، قېلىپلاش، چەملەش قاتارلىق ئىش تەرتىپلىرىگە بۆلۈنىدۇ. قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇستىخانىلىرىدا ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە خاس تەقسىم قىلىنغان ئىشى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ

كەسپلىشىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىشچىلار ئىشخانىلاردا ئىش تۈرى، ئىش تەرتىپى بويىچە كەسپىلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغاچقا، تېخنىكىنى ياخشىلاشنىڭ ئىمكانىيىتى كۆپىيىپ، كېيىنكى ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشنىڭ شارائىتى هازىرلاندى، بۇنداق كارخانىلار بارغانسېرى كېڭەيدى، كارخانا غوجايىنلىرى سانائەت كاپىتالىستلىرىغا ئايلاندى.

دېھقانچىلىقتىكى كاپىتالىزم بىخلىرى ئەڭ بۇرۇن ئەنگلىيە ۋە نېدېرلاندىيە قاتارلىق جايلاردا پەيدا بولدى. تاۋار ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلغانلىقتىن يېزىلاردا ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ئېغىرلاشتى. دېھقانلارنىڭ كۆپ قىسمى ۋەيران بولدى، ئاز ساندىكى بېيىغان دېھقانلار يەرلەرنى سېتىۋېلىپ، يېرى ئاز دېھقانلارنى ياللاپ تېرىقچىلىق قىلدۇرۇپ، كاپىتالىزم بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانى غوجايىنلىرىغا ئايلاندى؛ بەزىلەر چوڭ يەرنى كاپىتالىستىك دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتتى ياكى دېھقانچىلىق مەيدانى غوجايىنلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئىجارىگە بەردى.

**بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىياتنىڭ پەيدا بولۇشى** فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ پارچىلىنىشى ۋە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىخلىنىشى، ياللانما ئەمگەك بىلەن كاپىتالنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئىككى يېڭى ئىجتىمائىي سىنىپ — بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىيات پەيدا بولدى. دەسلەپكى كاپىتالىستىك كارخانىلارنىڭ غوجايىنلىرى دەسلەپكى بۇرژۇئازلار بولۇپ، ئۇلار ئىلغار كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. دەسلەپكى ياللانما ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ۋەيران بولغان ئۇششاق قول هۈنەرۋەنلەر ۋە ئائىلە قول هۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن مۇناسىۋىتى بار دېھقانلار، مەدىكار قول هۈنەرۋەنلەر ئىدى. دەسلەپكى قول سانائەت ئىشخانىلىرى مانا مۇشۇنداق تەجرىبىلىك

ۋە تېخنىكىسى بار ياللانما ئىشچىلارغا تايىنىپ قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار چوڭ ماشىنا سانائىتى پىرولېتارىياتلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ئىدى. بۇرژۇئازىيە بىلەن پىرولېتارىياتنىڭ مۇناسىۋىتى كاپىتالىستىك ياللانما ئەمگەك ئېكسپىلاتاتسىيەسى مۇناسىۋىتىدۇر. ئەنگلىيەنى مىسالغا ئالساق، 1563 ـ يىلىدىكى ئەنگلىيە قانۇنىدا ياللانما ئىشچىلارنىڭ ئىش ۋاقتى 3 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە ئەتىگەن سائەت بەشتىن كەچ سائەت يەتتىدىن سەككىزگىچە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن، ئارىلىقتىكى ناشتىلىق ۋە چۈشلۈك تاماق ۋە سۇ ئىچىش ۋاقتى ئۈچۈن ئىككى يېرىم سائەتلىك ۋاقىت چىقىرىۋېتىلسە ئىش ۋاقتى تەخمىنەن 12 سائەتكە يېتەتتى. قىشتا تاڭ يورۇغاندىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئىشلەيتتى. ئىشتىن بىر سائەت قالسا مائاشتىن بىر پېنىنى تۇتۇپ قېلىناتتى. 1588 ـ يىلى لوندوندىكى مەلىكىلىك ئىشچى ئەگەر يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلەنسە بىر كۈنلۈك مائاشى ئاران ئالتە پېنىدىن توققۇز پېنىغىچە، يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلەنمىسە بىر كۈنلۈك مائاشى 10 پېنىدىن 14 پېنىغىچە بولاتتى. يېزىلاردىكى توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى بىلەن دېھقانچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ مائاشى لوندون ئىشچىلىرىنىڭ مائاشىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلەتتى. باھا ئىنقىلابى يۈز بەرگەنلىكتىن، 16 ـ ئەسىردە ئەنگلىيەدە مال باھاسى ئومۇمەن 1.5 ھەسسە ئۆرلىدى، بەزى ماللارنىڭ باھاسى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى، ئالايلۇق، بۇغدايىنىڭ ھەر خاندىنىڭ باھاسى 1593 ـ يىلى 18 شىللىڭ $4\frac{1}{2}$ پېنى ئىدى، 1597 ـ يىلى 56 شىللىڭ $10\frac{1}{2}$ پېنىغا ئۆرلىدى. ئەمما 16 ـ ئەسىردە ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ مائاشى ئاران 40% ئۆستى.

پىرولېتارىيات دۇنياغا كەلگەندىن باشلاپ بۇرژۇئازىيە بىلەن مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلدى. 1539 ـــ 1542 ـ يىللاردىكى

فىرانسىيە لىئون مەتبە ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلاش كۈرىشى بۇنىڭ روشەن مىسالىدۇر. بۇ دەۋردىكى ئىشچىلار كۈرىشىنىڭ كۆلىمى چوڭ ئەمەس ئىدى، ئۇلار كۆپىنچە ئىقتىسادىي خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. يېڭىدىن شەكىللىنىۋاتقان پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە پەيدىنپەي مىللىي كۆلەمگە ئىگە بولدى. ھەر قايسىسىنىڭ سىنىپى مەنپەئەتى ۋە سىياسىي تەلىپى بارلىققا كەلدى.

## 2 ـ بۆلۈم يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى

يېڭى دېڭىز يولىنى ئېچىشنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، غەربىي ياۋروپادا فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلىپ، تاۋار ـ پۇل ئىگىلىكىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى، شۇنداقلا غەربىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەر بىلەن شەرق ئەللىرىنىڭ سودا ئالاقىسىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن يېڭى دېڭىز يولى ئېچىشنىڭ ئېھتىياجى تۇغۇلدى.

غەربىي ياۋروپادىكى فېئوداللار، ئاقسۆڭەكلەر ۋە چوڭ سودىگەرلەر شەرق بىلەن بولغان بىۋاستە سودا ئالاقىسىنى كۈچەيتىش ۋە يېڭى زېمىنلارنى ئىشغال قىلىشتا شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى سودا يولىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلىقتىن، يېڭى دېڭىز يولىنى ئېچىشقا پائال ئىلھام بەردى ۋە ئۇنى ئاكتىپ قوللىدى.

ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپانىڭ شەرق بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى 13 ـ ئەسىردە ناھايىتى زور تەرەققىي قىلدى. شەرقنىڭ تۈرلۈك ئەتىۋارلىق تاۋارلىرى، ئالايلۇق، خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى، گۆھەر ـ ياقۇت بۇيۇملىرى، گىرىم بۇيۇملىرى ۋە يىپەكلىرى غەربىي ياۋروپادىكى ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى تەبىقە

كىشىلىرى ئارىسىدا كۆندىن ـ كۆنگە كەڭ تارقالدى. شەرقتىن ياۋروپاغا كىرگەن مالنىڭ سانى 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئون نەچچە ھەسسە ئاشتى. يۇقىرىدىكى ماللارنى ئاساسلىق ئەرەب، پېرسىيەلىك ۋە ۋىزانتىيەلىك سودىگەرلەر كىچىك ئاسىياغا ياكى شەرقىي ياۋروپاغا ئەكېلەتتى، ئاندىن كېيىن ئىتالىيەنىڭ، فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ۋە ئىسپانىيەنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى سودىگەرلەر غەربىي ياۋروپاغا توشۇيتتى، ۋاستىچى سودىگەرلەر ناھايىتى كۆپ پايدا ئالاتتى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇن شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ئاساسلىق ئۈچ سودا يولى بار ئىدى؛ بىرى، قۇرۇقلۇق يولى بولۇپ، ئۇ كىچىك ئاسىيادىن باشلىنىپ، قارا دېڭىز، كاسپىي دېڭىزىنى بويلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتۈپ جۇڭگو بىلەن ھىندىستانغا تۇتىشاتتى. قالغان ئىككى يول ئاساسلىق دېڭىز يولى بولۇپ، دېڭىز ـ قۇرۇقلۇق بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلىدىغان جايلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى سۇرىيە، مىسوپوتامىيە ئارقىلىق پېرسىيە قولتۇقىغا بارغاندىن كېيىن، دېڭىز ئارقىلىق ھىندىستان بىلەن جۇڭگوغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى؛ يەنە بىرى بىلەن مىسىرنىڭ ئىسكەندەرىيە شەھىرى ئارقىلىق قىزىل دېڭىزغا چىقىپ، ھىندى ئوكيان ئارقىلىق ھىندىستان بىلەن جۇڭگوغا بارغىلى بولاتتى. ئەينى چاغدا قىزىل دېڭىزنىڭ شەرقى ۋە ئوتتۇرا دېڭىز ئەتراپلىرىدىكى سودىنى ئايرىم ـ ئايرىم ئەرەب سودىگەرلىرى بىلەن ئىتالىيە سودىگەرلىرى مونوپول قىلىۋالغانىدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوسمان ئىمپېرىيەسى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، بالقان، كىچىك ئاسىيا ۋە قىرىم قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى سودا يولىنى كونترول قىلىۋالدى. ئۇ كېڭەيمىچىلىكنى كۈچەيتىپ، دېڭىز قاراقچىلىرىدەك تالان ـ تاراج قىلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، يەنە ئۆتكەن ـ كەچكەن سودىگەرلەرنىڭ

مالللىرىدىن باج ئالدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ياۋروپاغا كېلىدىغان تاۋارلارنىڭ سانى زور دەرىجىدە كېمىيىپ، باھاسى قىممەتلىشىپ كەتتى، ئادەتتىكى تاۋارلارنىڭ باھاسى سەككىز ھەسسىدىن ئون ھەسسىگىچە ئۆرلىدى. ياۋروپانىڭ يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىدىكىلەر شەرقنىڭ زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى تۇرمۇشتا زۆرۈر دەپ قارايتتى، باھاسى قىممەت بولغان زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى ۋە خۇش پۇراق ماتېرىيال قاتارلىقلارنىڭ سودىسى غەربىي ياۋروپانىڭ تاشقى سودىسىدا ناھايىتى چوڭ پاسسىپ بالانس پەيدا قىلدى، پاسسىپ بالانس تۈپەيلىدىن غەربىي ياۋروپانىڭ ئالتۇنلىرى چەت ئەللەرگە ئېقىپ كەتتى. شۇڭلاشقا، غەربىي ياۋروپا، بولۇپمۇ ئىتالىيە ۋە ئاتلانتىك ئوكيان بويىدىكى دۆلەتلەرنىڭ سودىگەرلىرى تۈركىيەلىكلەر، ئەرەبلەردىن قۇتۇلۇپ، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، شەرققە بىۋاسىتە بارغىلى بولىدىغان يېڭى دېڭىز يولىنى تېپىشقا ئىنتايىن تەقەززا بولدى. پورتۇگالىيەلىك سودىگەرلەر مۇنداق تەھلىل قىلغان: ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئۆتمەيدىغان يېڭى دېڭىز يولى تېپىلغان ھامان، شەرقنىڭ مالللىرى ئۇچۇن تاپشۇرۇلىدىغان چېگرا بېجى بۇرۇن تاپشۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان چېگرا بېجىنىڭ سەكسەندىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ①.

يېڭى دېڭىز يولىنى ئېچىش غەربىي ياۋروپانىڭ ئالتۇنغا بولغان ئېھتىياجى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەندە بارلىققا كەلدى.

14 ـ، 15 ـ ئەسىردىن بۇيان، غەربىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ تاۋار ـ پۇل ئىگىلىكى راۋاجلىنىپ، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن كاپىتالىزمنىڭ بىخلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. تاۋار ئوبوروت مىقدارى كۆپەيگەنلىكتىن، ئادەتتىكى ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسى بولغان پۇلنىڭ ئېھتىياج

① تىرېند: «پورتۇگالىيە»، 1957 ـ يىلى ئېنگلىزچە نەشرى، 143 ـ بەت.

مىقدارى تېز كۆپەيدى. ئوتتۇرا ئەسىردە غەربىي ياۋروپانىڭ پۇلىدا دەسلەپتە كۇمۇش بىرلىكى تۇزۇمى قوللىنىلغانىدى. 15 ـ ئەسىردىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ھالدا ئالتۇن بىرلىكى تۇزۇمى ئىگىلىدى. ئالتۇن خەلقئارالىق سودىدا ئاساسلىق تۆلەم ۋاستىسىگە ئايلاندى. ياۋروپالىق سودىگەرلەر بىلەن فېئوداللار پۇل ئىشلىگىلى بولىدىغان ئەتىۋارلىق مېتال ـــ ئالتۇنغا ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى، يېڭى گۈللەنگەن بۇرژۇئازلار يېڭى قول سانائەت ئىشخانىلىرىنى ئېچىشتا ئالتۇنغا موھتاج ئىدى؛ ئاقسۆڭەكلەر راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇش ئۇچۇن ئالتۇنغا ئېھتىياجى چۈشەتتى. بىراق، ئەينى چاغدا غەربىي ياۋروپادا ئەتىۋارلىق مېتاللارنىڭ قېزىلىش مىقدارى بەك ئاز ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا غەربىي ياۋروپانىڭ تاشقى سودىسىدا پاسسىپ بالانس يۈز بېرىپ، ئالتۇن ـ كۇمۇشلىرى كۆپلەپ چەت ئەللەرگە ئېقىپ كەتكەنلىكتىن، غەربىي ياۋروپا جەمئىيىتىنىڭ ئالتۇنغا بولغان ئىستىكى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيدى. ئەينى چاغدا ياۋروپادا ناھايىتى كەڭ تارقالغان «ماركو پولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق كىتابتا شەرق ناھايىتى باي ـ ئاۋات تەسۋىرلەنگەن، جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ «ھەممىلا يېرىنى ئالتۇن قاپلاپ، دالالىرىدا خۇش پۇراق ماتېرىياللار ئېشىپ ـ تېشىپ ياتىدۇ» دېگەندەك سۆزلەر ناھايىتى كەڭ تارقالغان. بۇنداق گەپ ـ سۆزلەر غەربىي ياۋروپادىكى يۇقىرى تەبىقە ئۇنسۇرلىرىنى ناھايىتى زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلار ئالتۇن بۇلاش ئۇچۇن بەزى كىشىلەرنىڭ خەۋپكە قارىماي يىراق دېڭىز سەپىرىگە ئاتلىنىشىنى قوللىدى. غەربىي ياۋروپادىكى روھانىي ۋە دەھرىي فېئوداللار، رىتسارلار، مىسسىيونېرلار ۋە دېڭىز ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى قاتارلىق تەبىقىلەر ئىچىدە «ئالتۇن چۈشى» مودىغا ئايلاندى. كولۇمبو خېتىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ئالتۇن بارلىق تاۋارلار ئىچىدە ھەممىدىن ئەتىۋارلىق، ئالتۇن

دىمەك بايلىق دېمەكتۇر، كىم ئالتۇنغا ئىگە بولسا، شۇ كىشى دۇنيادا ئېھتىياجلىق بولغان ھەممە نەرسىسىگە ئېرىشەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، روھىنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقالايدىغان ھەمدە ئۇنى جەننەتنىڭ راھەت - پاراغىتىدىن بەھرىمەن قىلالايدىغان ۋاسىتىگە ئېرىشىدۇ.»[1] ئېنگېلس مۇنداق كۆرسەتكەن: «پورتۇگالىيەلىكلەرنىڭ ئافرىقا دېڭىز قىرغاقلىرى، ھىندىستان ۋە پۈتكۈل يىراق شەرقتىن ئاپماقچى بولغان نەرسىسى — ئالتۇن، ئالتۇن دېگەن سۆز — ئىسپانىيەلىكلەرنى ئاتلانتىك ئوكياندىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ ئامېرىكا قىتئەسىگە بېرىشقا مەجبۇر قىلغان ئەپسۇن؛ ئالتۇن — ئاق تەنلىكلەر بىر يېڭى بايقىغان دېڭىز قىرغىقىغا قەدەم قويغاندا تەلەپ قىلىدىغان تۇنجى نەرسە.»[2]

15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، غەربىي ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەردە فېئوداللىق تۈزۈم بوھرانى ئۇخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىپادىلەندى. فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئىگىلىكى ۋەيران بولدى ۋە ئۇنىڭ قەرزى كۆپەيدى، بولۇپمۇ خەلقنىڭ فېئودالىزمغا قارشى كۈرىشىنىڭ بارا - بارا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى بىلەن بەزى فېئودال پادىشاھ - كىنەزلەر يېڭى زېمىنلارنى ئىشغال قىلىپ، سىرتقا قارىتا مۇستەملىكە كېڭەيتىش ئارقىلىق بوھرانىنى پەسەيتىش، خەلقنىڭ دىققەت - نەزىرىنى بۇراشقا ئۇرۇندى، ئۇلار چەت ئەللەردە ئېكسپېدىتسىيە ئۇيۇشتۇرۇشتا دەل ئۇلجىغا ئېرىشىشنى، چەت ئەللەرگە قارىتا مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىقىنى مەقسەت قىلغانىدى.

---

① كولومبونىڭ ئىسپانىيە پادىشاھى ۋە خانىشىغا يازغان خېتى (1503 - يىلى). تەرجىمىسى «دۇنيا ئومۇمىي تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن تاللانمىلار» (ئوتتۇرا قەدىمكى زامان قىسمى)دىن نەقىل كەلتۈرۈلدى. سودا باسمىخانىسى، 304 - بەت، 1981 - يىلى.

② ئېنگېلس: «فېئودالىق تۈزۈمنىڭ پارچىلىنىشى ۋە مىللىي دۆلەتلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى»، «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى»، خەنزۇچە نەشرى، 21 - توم، 450 - بەت.

يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇقنى «بايقاش» نىڭ دىنىي ئامىلى بىلەن 15 ـ ئەسىردىكى خىرىستىيان دىنىنى سىرتقا كېڭەيتىشنىڭ يېڭى ئومۇمىي تەدبىرى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئەھلىسەلىپىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، خىرىستوس دۇنياغا كەلگەن جاي ۋە ئۇنىڭ قەبرىسى تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەيرىي دىن مۇرىتلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ۋە تۈركىيەلىكلەرنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كېلىشى غەربىي ياۋروپالىقلارنىڭ كۈچلۈك دىنىي كەيپىياتىنى قوزغىدى. خىرىستوسنىڭ ئىنجىلىنى پۈتۈن دۇنيادا تارقىتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، شەرقتىكى موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ قاغانى بىلەن بىرلىشىپ تۈركىيەلىكلەرگە ئىككى تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش غەربىي ياۋروپادىكى مىللىي دۆلەتلەرنىڭ كولومبونىڭ غەربكە دېڭىز سەپىرىگە ئاتلىنىپ، «جۇڭگوغا بېرىشى» نى قوللىشىغا تۈرتكە بولغان مۇھىم سەۋەب بولدى. كولومبونىڭ ئۆزىمۇ ئەسەبىي خىرىستىيان مۇرىتى ئىدى، ئۇ: باشتىن ـ ئاخىر «ئۇنىڭ قىلغان بارلىق ئىشلىرى تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن بولغان». ئۇ يېڭى دېڭىز يولىنى ئىزدەش جەريانىدا ئىزچىل تۈردە قويۇق دىنىي كەيپىياتقا چۆمگەنىدى. ئەينى چاغدا، گۇمانىزملىق ئىدىيەۋى دولقۇنى غەربىي ياۋروپادا شەخسنىڭ ئالغا ئىنتىلىش روھىنى قوزغىغان، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ چەت ئەللەرگە قاراپ تەرەققىي قىلىش، خىرىستىيان دىنىنىڭ تەسىرىنى تارقىتىش ۋە كېڭەيتىش، بولۇپمۇ يېڭى دېڭىز يولىنى ئېچىش ۋە تەۋەككۈلچىلىك قىلىشىغا تۈرتكە بولغانىدى.

يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشىغا ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيە ئەڭ كۆڭۈل بۆلدى. ئۇلار 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە كېلىش ۋە ھوقۇقنى

مەركەزلەشتۈرۈش جەريانىنى تاماملىغانىدى. مۇستەبىت پادىشاھلار يېڭى دېڭىز يولىنى ئېچىشنى زېمىن ئېچىش، تېررىتورىيەسىنى كېڭەيتىش بىلەن بىرلەشتۈردى. ئۇنى كىرىم مەنبەسىنى كېڭەيتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى، دەپ قارىدى. 15 ـ ئەسىردە ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ شەھەرلىرى، ئالايلۇق، بارسېلونا، سېۋىر، لىسبوئا قاتارلىق شەھەرلىرىدە سودا ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، شەرق بىلەن بولغان بىۋاسىتە سودىنى كېڭەيتمەكچى بولۇۋاتاتتى. ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيەدە نەچچە ئەسىر داۋاملاشقان قولدىن كەتكەن زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ھەرىكىتى جەريانىدا، ئۇرۇشنى كەسىپ قىلغان بىر تۈركۈم ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر بارلىققا كەلدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بۇ كىشىلەر ئاۋۋالقىدەكلا ھەربىي ئىشلار ۋە مۇستەملىكىچىلىك پائالىيەتلىرىگە ئىنتىلدى. ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيەنىڭ كېمىسازلىقى بىلەن دېڭىزچىلىق كەسپى خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بەزى دېڭىز قولتۇقلىرى ئىتالىيە بىلەن نېدېرلاندىيە ئوتتۇرىسىدىكى دېڭىز يولىدىكى كېمە توختىتىش نۇقتىلىرى ئىدى. ژېنوۋالىق نۇرغۇن دېڭىزچىلار پورتۇگالىيەدە ئولتۇراقلاشقانىدى. ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيە دېڭىز قاتنىشى ئەسلىھەلىرى ئېھتىياجلىق بولغان تۈرلۈك ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار غەربىي ياۋروپا بويىچە ئەڭ بۇرۇن يىراق دېڭىز سەپىرىنى ئويۇشتۇرغان ۋە مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىقى ئېلىپ بارغان دۆلەتلەر ھېسابلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، جۇغراپىيەگە ئائىت بىلىملەرنىڭ كېڭىيىشى ۋە پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىلغارلىشىشى، بولۇپمۇ دېڭىز سەپىرى تېخنىكىسى، كېمىسازلىق تېخنىكىسى قاتارلىق پەن ـ تېخنىكىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى يېڭى دېڭىز يولىنى ئېچىشنىڭ

زۆرۆر ھەمدە ئىمكانىيەتلىك شەرتىنى ھازىرلاپ بەردى. جۇڭگودا كەشىپ قىلىنغان كومپاس ئەرەبلەر ئارقىلىق غەربكە تارقالغاندىن كېيىن، 14 ـ ئەسىردە ياۋروپادا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىپ، يىراق دېڭىز سەپىرىدە نىشاندىن ئېزىپ قالماسلىقتا ئاساسلىنىلدى. كېمە ياساشمۇ كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، يېڭى تىپلىق يەڭگىل، كۆپ يەلكەنلىك (تىك ۋە يانتۇ تارتىلىدىغان يەلكىنى بار)، تېز سۈرئەتلىك، كەڭ تريوم ـ كايوتىلىق چوڭ دېڭىز كېمىلىرى بارلىققا كەلدى. قەدىمكى زاماندا تولېمي يازغان «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسەر 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. يەر يۇمىلاق دېگەن تەلىمات ياۋروپادا كۇنسېپرى ئومۇملاشتى. 1410 ـ يىلى فىرانسىيەلىك ئېپىسكوپ پىئېر دارىيى «دۇنيانىڭ قىياپىتى» ناملىق ئەسىرىدە يەر يۇمىلاق دېگەن كۆز قاراشنى شەرھلەپ، ئىسپانىيەنىڭ دېڭىز قىرغىقىدىن ماڭغاندا شامال ئوڭدىن كېلىپ قالسا، ئوكيان ئاتلاپ ھىندىستانغا بىر نەچچە كۈندىلا يېتىپ بارغىلى بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغان. فلورېنسالىق جۇغراپىيون توسكانېلى سىزغان «دۇنيا خەرىتىسى» دە جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ قارشى قىرغىقىغا سىزىلغان بولۇپ، ياۋروپادىن غەربكە سەپەر قىلغاندا شەرققە ئۇدۇل بارغىلى بولىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىنغانىدى. بۇ خەرىتىنى كولومبو يىراق دېڭىز سەپىرىگە ئاتلانغاندا ئىشلەتكەن.

ياۋروپالىقلار يېڭى دېڭىز يولىنى ئىزدەشتىن خېلى بۇرۇن، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى ھەر قايسى ئەللەر خەلقى (جۇڭگولۇقلار، ھىندىستانلىقلار، ئەرەبلەر) جۇڭگو، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىن قىزىل دېڭىز، پېرسىيە قولتۇقىغا بارىدىغان دېڭىز يولىنى ئاچقانىدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، جۇڭگولۇق ئۇلۇغ دېڭىز ساياھەتچىسى جېڭ خې زور كېمە ئەترىتىنى باشلاپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يەتتە قېتىم (1403 ـــ 1433)

«غەربىي دېڭىزغا سەپەر» قىلغان، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى ئوتتۇزدىن ئارتۇق دۆلەتكە بارغان، ئافرىقىنىڭ يىراق شەرقىي قىرغىقىدىكى ئېكۋاتور سىزىقىنىڭ جەنۇبىدىكى مومباسا (ھازىرقى كېنىيە تېررىتورىيەسى ئىچىدە) غىچە بېرىپ، ھىندىستاندىن ئۇدۇل شەرقىي ئافرىقىغا بارغىلى بولىدىغان ئەڭ قىسقا دېڭىز يولىنى ئېچىپ، دۇنيا دېڭىز قاتنىشى تارىخىدا مىسلىسىز مۆجىزە ياراتقانىدى. ئالاھازەل ئوخشاش بىر مەزگىلدە ئەرەب دېڭىز ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىمۇ قالتىس مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. ئۇلار ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ سەپەر قىلىپ، يىراق مۇزامبىك ئەتراپلىرىغىچە بارغان. رۇسىيە تۆۋرلىك سودىگەر ئافاناس نىكىتىن 1467 ــ يىلى ئىران ئارقىلىق ھىندىستانغا بېرىپ، قىزىقارلىق «ئۈچ دېڭىزغا ساياھەت» ناملىق ئەسەرنى يازغان. ئەمەلىيەتتە، غەربىي ياۋروپالىقلار يېڭى دېڭىز يولىنى دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر خەلقىنىڭ دېڭىز قاتنىشى تېخنىكىسى، تەجرىبىسى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى، شۇنىڭدەك يېڭى جۇغراپىيە بىلىملىرى ئاساسىدا ئاچقانىدى.

**ياۋروپادىن ئۇدۇل ھىندىستانغا بارغىلى بولىدىغان يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى** ئەڭ بۇرۇن پورتۇگالىيەلىكلەر ياۋروپادىن ئۇدۇل شەرققە بارىدىغان دېڭىز يولى ئۈستىدە ئىزدەنگەنىدى. 15 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، موئورلار بىلەن جەڭ قىلىش ۋە سودا سەۋەبىدىن پورتۇگالىيەلىكلەر ئافرىقىنىڭ غەربىي شىمال دېڭىز قىرغىقىدىكى سېۋتا رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، (1415 ــ يىلى) بۇ جاينى مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ تايانچ پونكىتىغا ئايلاندۇردى. پورتۇگالىيە دېڭىز قاتنىشىنى قوغداش ئۈچۈن، شاھزادە ھېنرى نەچچە قېتىم رىتسارلار، سودىگەرلەر ۋە مىسسيونېرلاردىن تەركىب تاپقان «دېڭىزدا يىراققا يۈرۈش قىلىش ئەترىتى» تەشكىللەپ، ئافرىقىنىڭ غەربىي قىرغاقلىرى

ئەتراپىدىكى دېڭىزدا يۈرۈپ، قول سودىسى قىلغان، ئالتۇن ۋە پىل چىشى ئىزدىگەنىدى. پورتۇگالىيە ئارقا ـ ئارقىدىن مادلا تاقىم ئاراللىرى (1432 ـ يىلى) نى ئىشغال قىلدى ھەمدە ۋېرد تۇمشۇقى (يېشىل تۇمشۇق، 1445 ـ يىلى) ۋە گۋىنېيا (1471 ـ يىلى) غا يېتىپ باردى، يەنە «ئالتۇن دېڭىز قىرغىقى» دا ھەربىي تايانچ پونكىت قۇردى. 1488 ـ يىلى ① دىئاس قاتارلىقلار ئافرىقىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى ئۈمىد تۇمشۇقىغا② يېتىپ بېرىپ، ھىندىستانغا سەپەر قىلىشقا تەييارلىق كۆردى. 1497 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى پورتۇگالىيەلىك ۋىلاۋاسكودا گاما يەلكەنلىك تۆت كېمە، تەخمىنەن 160 دېڭىزچىنى باشلاپ لىسبوئادىن يولغا چىقىپ، دىئاس قاتارلىق كىشىلەر ماڭغان دېڭىز يولىنى بويلاپ يۈرۈپ، ئۈمىد تۇمشۇقىغا يېتىپ بارغان (11 ـ ئاي) دىن كېيىن، ئىككىنچى يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى موزامبىكقا يېتىپ باردى. ئۇلار ھازىرقى كېنىيەنىڭ دېڭىز بويىدىكى مالىندىدىن③ يولغا چىقىپ، ئەرەب دېڭىزچىلىرى بىلەن جۇڭگو دېڭىزچىلىرىغا بۇرۇنلا مەلۇم بولغان دېڭىز لىنىيەسىنى بويلاپ، ئەرەب ئىبىن مادىنىدىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئاخىر 1498 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

① دىئاسنىڭ ئۈمىد تۇمشۇقىغا بارغان ۋاقتى توغرىسىدىكى قاراشلار ئوخشاش ئەمەس. 16 ـ ئەسىردىكى بەزى تارىخشۇناسلار دىئاس 1486 ـ يىلى 8 ـ ئايدا پورتۇگالىيەدىن ئايرىلىپ، 16 ئاي 17 كۈندىن كېيىن، يەنى 1487 ـ يىلى پورتۇگالىيەگە قايتىپ كەلگەن، دەيدۇ. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا دىئاس 1487 ـ يىلى ئۈمىد تۇمشۇقىغا بارغان بولىدۇ. ئەمما، دىئاس بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان كولومبو قاتارلىق كىشىلەر 1488 ـ يىلىنى دىئاسنىڭ ئۈمىد تۇمشۇقىغا بارغان ۋاقتى سۈپىتىدە قوللىنىدۇ. «ئەنگلىيە ئېنسىكلوپېدىيەسى»، 1979 ـ يىلى 1 ـ قېتىملىق نەشرى، «شەرھى» نىڭ 5 ـ تومى، 701 ـ بەتتىكى «دىئاس» قا قاراڭ.

② بوران ـ چاپقۇنغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئەسلىدە بۇ يەرگە «بوران ـ چاپقۇن تۇمشۇقى» دەپ نام بېرىلگەن، بىراق پورتۇگالىيە پادىشاھى بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ھىندىستانغا يېتىپ بېرىشنىڭ ئۈمىدى تۇغۇلدى دەپ قاراپ، ئۇ يەرنىڭ نامىنى «ئۈمىد تۇمشۇقى»غا ئۆزگەرتكەن.

③ «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» دە مامۇ (麻木) دەپ ئاتالغان.

(22 ـ كۈنى دېگەن گەپمۇ بار) ھىندىستاننىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىدىكى كالىكۇت[1] شەھىرىگە يېتىپ باردى. بۇ يەردىن پورتۇگالىيەلىكلەر شەرقنىڭ خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى، گۆھەرلىرى، يىپەكلىرى، پىل چىشى بۇيۇملىرىنى كېمىلىرىگە لىق قاچىلاپ ياۋروپاغا قايتتى. بۇ قېتىملىق يىراق دېڭىز سەپىرىدىن ئېلىنغان ساپ پايدا قاتناش خىراجىتىنىڭ 60 ھەسسىسىدىن ئېشىپ كەتتى. پورتۇگالىيەلىكلەر ئاسىياغا ئەڭ بۇرۇن تاجاۋۇز قىلغان مۇستەملىكىچى دۆلەت. شۇنىڭدىن باشلاپ پورتۇگالىلارنىڭ قوراللىق كېمە ئەترىتى كۆپ قېتىم تاجاۋۇز قىلدى، ئىسپانىيە، گوللاندىيە، فىرانسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق مۇستەملىكىچى قاراقچىلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى.

پورتۇگالىيە ھىندىستانغا بارىدىغان يېڭى دېڭىز يولىنى ئاچقاندىن كېيىن، ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى تېخىمۇ زورايتىش ئۈچۈن، يەنە يېڭىدىن يىراقتا سەپەر قىلىش ئەترىتىنى تەشكىللىدى. 1500 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كابرال باشچىلىقىدىكى 13 كېمىدىن تەركىب تاپقان كېمە ئەترىتى پورتۇگالىيەدىن سەپەرگە ئاتلاندى، ئۇلار يولدا بوران ـ چاپقۇنغا ئۇچراپ، نىشاندىن ئادىشىپ قېلىپ غەربكە قاراپ مېڭىپ، 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى بىرازىلىيەگە[2] يېتىپ باردى. كابرال بىرازىلىيەدە توختىغان چاغدا، «بايقالغان» زېمىن پورتۇگالىيەگە مەنسۇپ دەپ جار سالدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن 30 ـ يىللىرىغىچە پورتۇگالىيەنىڭ «ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى» بىلەن مۇستەملىكىچى قوشۇنلىرى

---

[1] ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا «كۇرى» (古里) دېيىلگەن، ھازىر كوزىكودې (科泽科德) دېيىلىدۇ.

[2] يەنە پورتۇگالىيەلىكلەرنىڭ دەسلەپتە غەربكە سەپەر قىلىش پىلانى بار ئىدى، دېگەن قاراشمۇ بار.

بىرازىلىيەدە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى.

**كولومبونىڭ ئامېرىكا قىتئەسىگە بارىدىغان يېڭى دېڭىز يولىنى ئېچىشى** پورتۇگالىيەلىكلەر ئافرىقىنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىنى بويلاپ ھىندىستانغا بارىدىغان دېڭىز يولىنى ئىزدەۋاتقان ھەمدە ئافرىقىغا بارىدىغان دېڭىز يولىنى مونوپول قىلىۋالغان چاغدا، ئىسپانىيە يەنە بىر يۆنىلىشنى بويلاپ داۋاملىق غەربكە قاراپ دېڭىز سەپىرى قىلىشنى قارار قىلدى، ئىسپانىيەلىكلەر يەر يۇمىلاق دېگەن تەلىماتقا ئاساسەن شەرققە بارغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. ئىتالىيە ژېنوۋالىق دېڭىزچى كولومبو (1451 — 1506) 1474 ـ يىلىدىن باشلاپلا ياۋروپادىن دېڭىز ئارقىلىق غەربكە سەپەر قىلغاندا، جۇڭگو، ياپونىيە ۋە ھىندىستانغا بارغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىغان①. كولومبو يىراق دېڭىز سەپىرى ئەترىتىنى تەشكىللەش ئۈچۈن، ئەنگلىيە پادىشاھى بىلەن پورتۇگالىيە پادىشاھىدىن قوللىشىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەلىپى رەت قىلىنغان. 1486 ـ يىلى، ئۇ يەنە ئىسپانىيە پادىشاھىدىن ياردەم تەلەپ قىلغان، نۇرغۇن ئەگرى ـ توقايلىقلار ئارقىلىق، 1492 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىسپانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى تاماملانغاندىن كېيىن، ئىسپانىيە پادىشاھى ئۇنىڭغا ئىجازەت بەرگەن.

1492 ـ يىلى، ئىسپانىيە پادىشاھى كولومبوغا «دېڭىز ئارمىيە ئادمىرالى» دېگەن ھەربىي ئۇنۋانىنى بەرگەن، ئۇنى ئالدىن «يېڭى بايقالغان زېمىن» نىڭ مىراسلىق باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن، ئۇنىڭغا يېڭى زېمىندىن قىلىنغان ئومۇمىي كىرىم

① كولومبو ئوقۇغان «ماركو پولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» ھازىر ئىسپانىيەنىڭ سېۋىير شەھىرىدىكى كولومبو كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئۇ بۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن شەرقنىڭ بايلىقىغا كۆز قىزارتقان.

(ئالتۇن، كۆمۈش قاتارلىق بارلىق تاۋارلار) نىڭ ئوندىن بىرىگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەن. 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى (جۈمە كۈنى) ئەتىگەندە كولۇمبو 88 نەپەر دېڭىزچىنى باشلاپ ئۈچ كېمىگە[1] ئولتۇرۇپ، باروس پورتىدىن سەپەرگە ئاتلانغان، 69 كۈنلۈك مۈشكۈل سەپەردىن كېيىن، 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سەھەردە باخاماس تاقىم ئاراللىرى ئىچىدىكى بىر كىچىك ئارال (سامانا مارجان ئارىلى)غا يېتىپ كەلگەن. بۇ ئارال شىمالىي كەڭلىك 23° 05′، غەربىي ئۇزۇنلۇق 73° 45′ قا توغرا كېلىدىغان جايدا، ۋاتلىنگ ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىن 110 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى[2]. كولۇمبو يىراق دېڭىز سەپىرىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۈمىدىنى ئۈزگەن چاغدا بۇ ئارالنى بايقاپ، ئادەتتىن تاشقىرى ھاياجانغا چۆمۈپ، بۇ ئارالغا سان سالۋادور («نىجاتكار» دېگەن مەنىدە) دەپ نام قويغان. كولۇمبو ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مەن بارغان جاي ئاسىيادىكى بىر ئارال، بۇ جاي ھىندىستان دېگەن خاتا تونۇشتا بولغاچقا، يەرلىك ئاھالىلەرنى

① ئىسپانىيە پادىشاھى ئىككى يېنىك يەلكەنلىك كېمە بىلەن تەمىنلىگەن، باروستىكى كېمە غوجايىنى مارتىن بىسۇن كولۇمبوغا ئۈچىنچى كېمىنى ياردەم قىلغان. «سايىنت مارىيا» ناملىق، بايراق ئېسىلغان كېمە ھەممىدىن چوڭ بولۇپ، تونناژى 130 توننا، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 35 مېتىر كېلەتتى؛ «پىنتا» ناملىق كېمىنىڭ تونناژى 90 توننا بولۇپ، گەۋدىسى بايراق ئېسىلغان كېمىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلەتتى؛ «نىنيا» ناملىق كېمىنىڭ توننىژى 60 توننا كېلەتتى. ماكىدوۋېچنىڭ «ئوتتۇرا جەنۇب ئامېرىكا قىتئەسىنى بايقاش ۋە تەكشۈرۈش تارىخى» ناملىق ئەسەرىنىڭ 3 ـ بابىغا قاراڭ.

② جاڭ جىشيەن: «كولۇمبو تۇنجى قېتىم ئامېرىكا قىتئەسىگە بارغان ۋاقىت ۋە قۇرۇقلۇققا چىقىش ئورنىغا ئائىت يېڭى ئىسپاتلار»، خۇاڭ باڭخې قاتارلىقلار تۈزگەن: «ھازىرقى زامانغا تۇتاشقان 500 يىل» نىڭ 93 — 95 ـ بەتلىرىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994 ـ يىلى. ئامېرىكا «دۆلەت جۇغراپىيەسى»نىڭ 1986 ـ يىللىق 11 ـ سانىدىكى «كولۇمبو ئامېرىكا قىتئەسىنى قەيەردە بايقىغان؟» قاتارلىق ماقالىلەر، تەرجىمىسى «كولۇمبونىڭ ئامېرىكا قىتئەسىگە قىلغان تۇنجى سەپىرى — تارىخىي ھۆججەت ـ ماتېرىياللار ۋە ھازىرقى زامان تەتقىقاتى» ناملىق كىتابتىن كۆرۈڭ.



www.uyghurkitap.com

«ئىندىئانلار» (ھىندىلار) دەپ ئاتىغان. بۇ ئاتالغۇ ئۆزۈنغىچە قوللىنىلىپ كەلدى. كولومبو ئالتۇن كاننى تېپىش ئۈچۈن، يەنە سامانا ئارىلىدىن داۋاملىق جەنۇبقا قاراپ سەپەر قىلغان. ئۇلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، كۇبا (10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى) بىلەن ھايتى (12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئۇنىڭغا ئىسپانىئولا ئارىلى دەپ نام قويغان) غا بارغان، ھايتىنىڭ جەنۇبىدا ئىسپانىيەنىڭ تۇنجى مۇستەملىكە زېمىنىنى قۇرۇپ، بۇ جايغا قوغداش ئۈچۈن 39 نەپەر كىشىنى قالدۇرۇپ قويغان. كېيىنكى يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كولومبو ئىسپانىيەنىڭ باروس پورتىغا قايتىپ كەلگەن. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىراق دېڭىز سەپىرى ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، كولومبو غەربكە يەنە ئۈچ قېتىم سەپەر قىلىپ، ئارقىمۇ ئارقا يامايكا، پورتورىكو، دومىنىكا قاتارلىق ئاراللارغا بارغان ھەمدە جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرى ۋە ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى گوندۇراس ۋە پاناما ئەتراپلىرىغا يېتىپ بارغان. كولومبو سەپەر خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغان: «مەن بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ئالتۇن ۋە خۇش پۇراق ماتېرىياللار چىقىدىغان جايلارنى ئىزدىدىم...» ئۇ يەنە ئۆزلىرى يېڭى «بايقىغان» ئاراللاردىكى ئاھالىلەرنى بۇلاپ ئىسپانىيەگە ئېلىپ بېرىپ قۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ ئىسپانىيە پادىشاھىغا يازغان خېتىدە: «بەزى قۇللار يول ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ھەممىسىلا ئۆلۈپ كەتمەيدۇ» دېگەن. كولومبو جۇڭگونى تاپالمىغانلىقتىن، ئىسپانىيە پادىشاھى بارا ـ بارا ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالغان. ئەمما ئىتالىيە فلورېنسالىق ئامېرىگو ۋىسپۇيگ (1451 ــ 1512) 1499 ـ يىلىدىن 1504 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا نەچچە قېتىم جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ قىرغاقلىرىنى بويلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ «دېڭىز ساياھىتىدىكى ۋەقەلەر» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىدە بۇ رايوننىڭ ھىندىستان ئەمەس، «يېڭى چوڭ

قۇرۇقلۇق» ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. 1507 - يىلىدىن باشلاپ كىشىلەر «يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇق»نى ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن «ئامېرىكا» قىتئەسى ①دەپ ئاتاشقا باشلىغان.

ماگېللاننىڭ يەر شارىنى ئايلىنىش سەپىرى كولومبونىڭ يىراق دېڭىز سەپىرى ياۋروپالىقلار ئارىسىدا «يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇق» قا بېرىپ ئېكسپېدىتسىيە قىلىش دولقۇنىنى قوزغىدى. ئامېرىگو ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ جەنۇبىي ئۇچىدىن ئايلىنىپ ئۆتسە «خۇش پۇراق ماتېرىيال تاقىم ئاراللىرى» غا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلدى. ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى دېڭىز يولى ئېكسپېدىتسىيەسىنى داۋاملىق قوللىدى. 1513 - يىلى 9 - ئايدا، بارپۇيا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى پاناما بوغۇزىدىن تۇنجى قېتىم ئۆتۈپ، «جەنۇبىي دېڭىز» (تىنچ ئوكيان) نى كۆرگەن. بارپۇيا تىنچ ئوكيانىنى «بايقىغان» دىن كېيىن، پورتۇگالىيەلىك ۋەيران بولغان رىتسار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ماگېللان (1480 — 1521)② پورتۇگالىيە پادىشاھىغا يىراق دېڭىز سەپىرى پىلانىنى سۇنغاندا رەت قىلىنغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىسپانىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. 1519 - يىلى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىسپانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ماگېللان بەش كونا كېمە ۋە 265 نەپەر دېڭىزچىنى③ باشلاپ، سېۋىللادىكى سان

---

① لېكىن «يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇق»تا «ئامېرىكېس» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەبىلە ياشايدىغان بولغاچقا، «يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇق» نىڭ نامى شۇ قەبىلىنىڭ نامىغا ئاساسەن قويۇلغان، دەپ قارايدىغانلارمۇ بار. يەنە كولومبو تۆتىنچى قېتىملىق سەپىرىدە ئېسكوندىدو دەرياسى ئېغىزىغا كەلگەندە، ئىندىئانلاردىن ئالتۇن چىقىدىغان جاينى سۈرۈشتۈرگەن، ئىندىئانلار غەربىنى كۆرسەتكەن ھەمدە ئالتۇن ساتىدىغان ئادەمنىڭ «ئامېرىكېس» ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، دەپ قارىغۇچىلارمۇ بار. ئىسپانىيەلىكلەر «يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇق» نىڭ شەرقىي جەنۇب قىرغىقىدىكى رايوننى «ئامېرىكا» دەپ ئاتىغان، كېيىن بۇ نام پۈتكۈل چوڭ قورۇقلۇقنىڭ نامى بولۇپ قالغان.

② ئىلگىرى نۇرغۇن كىتابلاردا ماگېللاننىڭ تۇغۇلغان يىلى 147 - يىلى دەپ خاتا يېزىلغان.

③ بۇنىڭ ئىچىدە 239 نەپەر دېڭىزچىدىن سىرت، يەنە 26 نەپەر ئىتالىيەلىك ياش بار ئىدى.

لوكار پورتىدىن قوزغىلىپ، ئاتلانتىك ئوكيانىدىن ئۆتۈپ، برازىلىيەنىڭ دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان، 1520 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ جەنۇبىي ئۇچىدىكى بوغۇز (كېيىن كىشىلەر بۇ بوغۇزنى «ماگېللان بوغۇزى» دەپ ئاتىغان) غا يېتىپ بارغان. ئۇ يەنە داۋاملىق غەربكە قاراپ يۈرۈپ «جەنۇبىي دېڭىز»غا كىرگەن. سەپەر جەريانىدا «جەنۇبىي دېڭىز» تىپتىنچ بولغاچقا، «تىنچ ئوكيان» دەپ ئاتالغان. 1521 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ماگېللاننىڭ كېمە ئەترىتى فىلىپپىن تاقىم ئاراللىرىغا يېتىپ كەلگەن. بۇ يېڭى «بايقالغان» زېمىننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ماگېللان ئاراللار ئارىسىدىكى ئىچكى نىزاغا ئارىلاشقان، ئۇ ماكتان ئارىلى (سېبۇنىڭ شەرقىدە) غا ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كېچىسى يەرلىكلەرنىڭ داھىيسى راپۇراپۇ رەھبەرلىكىدىكى قەبىلە جەڭچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ مالۇككا تاقىم ئاراللىرىغا كېلىپ، بۇ يەردە خۇش پۇراق ماتېرىياللارنى كېمىلىرىگە لىق قاچىلىغان ھەمدە دى كانۇنى كاپىتانلىقىدا سايلاپ، پورتۇگالىيەدىن ھىندىستانغا بارىدىغان ئەسلىدىكى دېڭىز يولىنى بويلاپ مېڭىپ، ھىندى ئوكياننى كېسىپ ئۆتۈپ، ئۈمىد تۇمشۇقىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، 1522 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئىسپانىيەنىڭ سان لۇكار پورتىغا قايتىپ كەلگەن، 18 ئادەملا قايتىپ كېلەلىگەن، «ۋىكتورىيە» ناملىق بىر كېمىسىلا قالغان. ماگېللان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ يەر شارىنى ئايلىنىش سەپىرى يەر يۇمىلاق دېگەن تەلىماتنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى، ئۇ پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېڭى دېڭىز يولىنى يالغۇز ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيەلا ئاچقان ئەمەس. ئۇلاردىن كېيىن ئىتالىيەلىك كاپوت ۋە

ئەنگلىيەلىك چېنسلېر قاتارلىقلارمۇ يېڭى دېڭىز يولىنى ئاچقان، بولۇپمۇ 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گوللاندىيەلىك دېڭىز ساياھەتچىسى بارىنتىس، ئۇ خورن ۋە تاسمان قاتارلىقلار نۇرغۇن مۇھىم دېڭىز يوللىرىنى ئاچقان.

**يېڭى دېڭىز يولنى ئېچىشنىڭ نەتىجىسى** يېڭى دېڭىز يوللىنىڭ ئېچىلىشى ياۋروپا ئىقتىسادىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. بىرىنچى، ئاتالمىش «سودا ئىنقىلابى» نى پەيدا قىلدى، ئۇ دۇنيا بازىرىنىڭ كېڭىيىشى، سودا يوللىرى ۋە سودا مەركەزلىرىنىڭ يۆتكىلىشى ۋە سودا باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ ئىپادىلەندى.

يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، سودا يولى ۋە سودا مەركەزلىرىدە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئاساسلىق سودا يولى ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئاتلانتىك ئوكياننىڭ قىرغاقلىرىغا يۆتكەلدى. ئىتالىيەنىڭ سودىدىكى ئورنىنى بارا ـ بارا ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە، ئەنگلىيە ۋە نېدېرلاندىيە قاتارلىقلار ئىگىلىۋالدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئانتۋېرپ دۇنيا سودا مەركىزىگە ئايلاندى. خەلقئارا سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشى كىرېدىت پۇل مۇئامىلىسى، شۇنىڭدەك پاي شىركىتى، بىرژا قاتارلىقلارنىڭ دۇنياغا كېلىشكە تۈرتكە بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى غەربىي ياۋروپادا بىخلىنىپ بولغان كاپىتالىزمنى تېز تەرەققىي قىلدۇردى.

ماركس ۋە ئېنگېلس مۇنداق دېگەن: «ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ بايقىلىشى، ئافرىقىنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان دېڭىز يولى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيەگە يېڭى زېمىن ئېچىپ بەردى. شەرقىي ھىندىستان ۋە جۇڭگونىڭ بازارلىرى، ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ مۇستەملىكىلىشىشى، مۇستەملىكىلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان سودا، ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىلىرى ۋە ئادەتتىكى تاۋارلارنىڭ كۆپىيىشى سودا ۋە دېڭىز قاتنىشى كەسىپلىرىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يۈكسەلدى، شۇنىڭ بىلەن گۈمران

بولۇۋاتقان فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىنقىلاب ئامىللىرى تېز راۋاجلاندى.»[①] ماركس يەنە مۇنداق كۆرسەتكەن: «16 ـ ۋە 17 ـ ئەسىرلەردە جۇغراپىيەلىك بايقاش تۈپەيلىدىن، سودا ساھەسىدە يۈز بەرگەن ھەمدە سودىگەرلەر كاپىتالىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغان ئىنقىلاب فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنىڭ كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا ئۆتۈشىنى ئىلگىرى سۈرگەن بىر مۇھىم ئامىل.»[②]

ئىككىنچى، يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى شەرقىي يېرىم شارلىقلار بىلەن غەربىي يېرىم شارلىقلارنى ئۇچراشتۇردى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كېڭەيتتى، شۇنىڭدەك ئوبوروت قىلىنىۋاتقان تاۋارلارنىڭ تۈرى ۋە سانىنى كۆپەيتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ياۋروپانىڭ ئافرىقا، ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى سودىسى كېڭەيدى ھەمدە ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن بولغان ئالاقىسى باشلاندى. ھەر قايسى جايلارنىڭ يېڭى تاۋارلىرى ياۋروپا بازارلىرىدا پەيدا بولدى. ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ كۆممىقونىقى، تاتلىق بەرەڭگىسى، تاماكىسى، كاكائوسى، شۇنىڭدەك ئەينى چاغدا كىشىلەرگە نامەلۇم بولغان تۈرلۈك كۆكتات ۋە مېۋە ـ چىۋىلىرى، ئالايلۇق، يەر ياڭىقى، ئاپتاپپەرەس، شوخلا، كۆك (قىزىل) مۇچ، كاۋا، يېسىمۇق، ئاناناس قاتارلىقلار 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق كونا چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا تارقالدى. جۇڭگودا كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان چاي، يىپەك،

① ماركس، ئېنگېلس: «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 273 ـ بەت.

② ماركس: «كاپىتال»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى»، خەنزۇچە نەشرى، 25 ـ توم، 371 ـــ 372 ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

فارفور قاچا ـ قۇچىلار، دورا ئۆسۈملۈكلىرى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنىڭ ياۋروپاغا ئېكسپورت قىلىنىش مىقدارى زور دەرىجىدە ئېشىپ، خەلقئارا سودىدىكى مۇھىم تاۋارلارغا ئايلاندى. چاي ئىچىش، ئافرىقىدىن چىقىدىغان قەھۋەنى ئىچىش ياۋروپادا مودىغا ئايلاندى. ئەنئەنىۋى تاۋارلارنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش مىقدارى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپەيدى. ئالايلۇق، ئىلگىرى ئىتالىيەلىك سودىگەرلەر ياۋروپاغا يۆتكەيدىغان مۇچ ھەر يىلى پەقەت 2100 توننىلا ئىدى، يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، ھەر يىلى شەرقتىن يالغۇز لىسسبوئاغىلا توشۇلىدىغان خۇش پۇراق ماتېرىيال كۆپىيىپ 7000 توننىغا يەتتى. 17 ـ ئەسىردە چەت ئەل پۇللىرى جۇڭگودا ئوبوروت قىلىنىشقا باشلىدى.

ئۈچىنچى، يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىن غەربىي ياۋروپادىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كاپىتالىزم دېڭىز يولى ئارقىلىق پۈتكۈل يەر شارىغا كېڭىيىپ، ئاسىيا ـ ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى دېھقانچىلىق دۇنياسىدىن ئىبارەت ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ بېكىنمىچىلىكىنى بۆسۈپ تاشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ چوڭ دېڭىز سەپىرى ۋە ئاھالىنىڭ كۆچۈشى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشىدىن ئىبارەت كۆچمەنلەر دولقۇنى دەۋرى باشلاندى.

15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 16 ـ ئەسىردە، ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشى ئاساسەن نىگىر (قارا تەنلىكلەر) ۋە ياۋروپا ئىرقىدىكىلەرنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچۈشى ۋە تارقىلىشى بولۇپ ئىپادىلەندى. ۋەھالەنكى، غەربىي ياۋروپادىن ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئامېرىكا ۋە شىمالىي ئامېرىكىغا كۆچۈش، شۇنىڭدەك ئافرىقىدىن ئامېرىكا قىتئەسىگە بېرىش ئۇنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولدى. ئامېرىكا قىتئەسىگە بارغان كىشىلەر ئىچىدە، بىر

قىسمى مېتروپولىيە دۆلەت ئەۋەتكەن مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلار ياكى كۆچمەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا، يەنە بىر قىسمى ئافرىقىدىن مەجبۇرىي توشۇپ كېلىنگەن نېگىر قۇللار ئىدى. ئامېرىكا قىتئەسىگە سېتىۋېتىلگەن نېگىر قۇللارنىڭ سانى ئەڭ تۆۋەن ئىستاتىستىكا قىلىنغاندىمۇ 16 ـ ئەسىردە تەخمىنەن 900 مىڭ بولغان بولسا، 17 ـ ئەسىردە كۆپىيىپ 2 مىليون 750 مىڭغا، 18 ـ ئەسىردە بولسا ھەتتا تەخمىنەن 7 مىليونغا يەتتى. ئۈچ ئەسىردە نېگىر قۇللار سودىسى ئارقىلىق يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇققا تەخمىنەن جەمئىي 11 مىليون نېگىر توشۇپ كېلىندى①. 16 ـ ئەسىردە ئارگېنتىنانىڭ بۇئېنوس ئايرېس شەھىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى نېگىر قۇللار ئىگىلەيتتى؛ پېرۇنىڭ لىما شەھىرىدىكى ئاھالىلەر ئىچىدە نېگىر قۇللار ئۈچتىن بىر قىسمىغا يەتكەنىدى. كۆچمەنلەر چوڭ دولقۇنى شارائىتىدا ئامېرىكىدا نۇرغۇن ئارىلاش قانلىق ئىرقلار ۋە كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

تۆتىنچى، يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى «باھا ئىنقىلابى» نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. غەرب مۇستەملىكىچىلىرى مۇستەملىكىلىرىدىن، بولۇپمۇ ئامېرىكا قىتئەسىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان ۋە قازغان نۇرغۇنلىغان ئەتىۋارلىق مېتاللار ئۈزلۈكسىز ياۋروپاغا قاراپ ئاقتى، پەقەت 16 ـ ئەسىردىلا ياۋروپانىڭ ئالتۇن مىقدارى 550 مىڭ كىلوگىرامدىن كۆپىيىپ، 1 مىليون 192 مىڭ كىلوگىرامغا يەتتى؛ كۈمۈش 7 مىليون توننىدىن كۆپىيىپ، 21 مىليون 400 مىڭ كىلوگىرامغا يەتتى.

---

① دۇپوئىسنىڭ «ئافرىقىدىن ئامېرىكىغا قۇل يۆتكەش سودىسى» ناملىق ئەسەرىگە قاراڭ، نيۇيورك 1904 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى؛ فىلىپ كوتتىن قاتارلىقلارنىڭ «ئافرىقا تارىخى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 404 ــ 411 ـ بەتلىرى، لاڭگېمان نەشرىياتى 1958 ـ يىلى.

ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنىڭ باھاسى تۆۋەنلىگەچكە، مال باھاسى مۇناسىپ ھالدا ئۆرلەپ، باھادا «سەكرەش» («ئىنقىلابى») يۈز بەردى. ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىك تالان ـ تاراجدا ئەڭ كۆپ ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئېرىشتى، مال باھاسىمۇ بۇرۇن، بەك ئۆرلەپ كەتتى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئىسپانىيەدە مال باھاسى ئوتتۇرىچە تۆت ھەسسە ئۆرلىدى، دانلىق زىرائەتلەرنىڭ باھاسى بەش ھەسسە ئۆرلىدى، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ مال باھاسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆرلىدى.

«باھا ئىنقىلابى» جەريانىدا، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكى بۇرژۇئازلار ۋە بازار بىلەن مۇناسىۋىتى بار ياكى كاپىتالىستىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان بەزى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن باي دېھقانلار قانۇنسىز زور پايدىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئەكسىچە كۇندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتكەچكە، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمەلىي مائاشى تۆۋەنلەپ كۈندىن ـ كۈنگە نامراتلاشتى. ئالايلۇق، 16 ـ ئەسىردە فىرانسىيەدە مال باھاسى 120% ئۆرلىدى، بىراق مائاش پەقەت 24% لا ئۆستى. «باھا ئىنقىلابى» ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە نورمىلىق پۇل بىلەن ئىجارە ھەققى يىغىدىغان فېئوداللارغا پايدىسىز ئىدى. ماركس «باھا ئىنقىلابى» ئۈستىدە توختالغاندا، ئانالىز قىلىپ مۇنداق دېگەن: «... بىر تەرەپتىن مائاش بىلەن يەر ئىجارىسىنىڭ باھاسى چۈشتى، يەنە بىر تەرەپتىن سانائەتنىڭ پايدىسى كۆپەيدى... باشقىچە ئېيتقاندا، يەرگە ئىگىدارلىق قىلغۇچى سىنىپ بىلەن مېھنەتكەشلەر سىنىپى، يەنى فېئوداللار بىلەن خەلق ئاجىزلاشتى، كاپىتالىستلار سىنىپى، بۇرژۇئازىيە بولسا مۇناسىپ ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى»①. «باھا ئىنقىلابى»

---

① ماركس: «پەلسەپە نامراتلىقى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى»، 4 ـ توم، 166 ـ بەت.

كاپىتالنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلانما ئامىللىرىدىن بىرى، ئۇ شەھەر ـ يېزىلاردىكى سىنىپىي زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈپ، غەربىي ياۋروپادا فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ زاۋال تېپىشى بىلەن كاپىتالىزمنىڭ راۋاجلىنىشىنى تېزلەتتى.

## 3 ـ بۆلۈم غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ دەسلەپكى مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىقى

**پورتۇگالىيەنىڭ ئاسىيا ـ ئافرىقا ئەللىرىدىكى مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىقى** كولومبو ئامېرىكا قىتئەسىگە بارغاندىن كېيىن، پورتۇگالىيە بىلەن ئىسپانىيە چەت ئەللەرگە قارىتا مۇستەملىكىچىلىك تالان ـ تاراج قىلىشنى كۈچەيتتى ھەمدە يېڭى زېمىن تالىشىپ جەڭگى ـ جېدەل قىلىشتى. 1494 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئىككى دۆلەت رىم پاپاسىنىڭ كېسىم چىقىرىشى بىلەن توردېسىللاس شەرتنامىسىنى تۈزۈپ، ۋېرد تاقىم ئاراللىرىنىڭ غەربىدىكى 370 لىگى① كېلىدىغان جايدىن بىر چېگرا سىزىقى ئايرىپ، سىزىقنىڭ شەرقىدىكى «بايقالغان» زېمىنلارنىڭ پورتۇگالىيەگە، سىزىقنىڭ غەربىي ئىسپانىيەگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىغا قوشۇلدى. بۇ سىزىق تارىختىكى مەشھۇر «پاپا مېرىدىيانى» دۇر. ئەمما يەر شارى يۇمىلاق بولغاچقا، ماگېللان يەر شارىنى ئايلىنىش سەپىرىدە غەربكە قاراپ مېڭىپ مالۇككا تاقىم ئاراللىرىغا يېتىپ بارغاندا، ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيە ئوتتۇرىسىدا يەنە توقۇنۇش يۈز بەردى. 1529 ـ يىلى ئىككى دۆلەت يەنە زاراگوزادا يېڭى شەرتنامە تۈزۈپ، مولۇككا تاقىم ئارىلىنىڭ شەرقىدىكى 17 گىرادۇسلۇق جايدا

① تەخمىنەن غەربىي مېرىدىيان 46 گىرادۇسقا تەڭ، رىم سىستېمىسى بويىچە 1 لىگى 592 كىلومېتىرغا تەڭ.

يېڭى چېگرا سىزىقىنى سىزدى. بۇ سىزىقنىڭ غەربى پورتۇگالىيەگە، شەرقى ئىسپانىيەگە تەۋە بولدى. بۇ ئىككى قېتىملىق كېلىشىمگە ئاساسەن، ئىسپانىيە ئامېرىكا قىتئەسىگە ئۆزى يالغۇز دېگۇدەك غوجا بولۇۋالدى، پورتۇگالىيە بولسا ئاسىيا بىلەن ئافرىقىنى ئۆز تەسىر دائىرىسى ئىچىگە ئالدى. بۇ دۇنيادا مۇستەملىكىلەرنىڭ تۇنجى قېتىم بولۇۋېلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

15 ـ ئەسىردە پورتۇگالىيەلىكلەر شەرققە بىۋاسىتە تۇتىشىدىغان دېڭىز يولىنى ئىزدەش جەريانىدا، ئافرىقىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا نۇرغۇن مۇستەملىكە تايانچ پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، ھەممىلا جايدا ئالتۇن بۇلاڭچىلىقى بىلەن شۇغۇللاندى، قۇل سودىسى قىلدى. گىۋىنىيە قولتۇقى قىرغاقلىرى (بولۇپمۇ بۈگۈنكى گانا ئەتراپلىرى) ئافرىقىدىكى ئالتۇن كۆپ چىقىدىغان جايلار بولۇپ، پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئۇ يەرنى «ئالتۇن قىرغاق» دەپ ئاتايتتى. داگاما ھىندىستانغا ئۇدۇل بارىدىغان دېڭىز يولىنى تاپقاندىن كېيىن، پورتۇگالىيە ياۋۇز قولىنى ئاسىياغا ئۇزارتتى. 1501 ـ يىلى پورتۇگالىيەلىكلەرنىڭ كىچىك كېمە ئەترىتى ھىندى ئوكيانغا كىرىپ، كالىكۇتنى توپقا تۇتتى. 1502 ـ يىلى داگاما «ھىندىستاننىڭ باش بۇغى» لىق مۇستەملىكىچى ھۆكۈمران سالاھىيىتى بىلەن، پىيادە ئەسكەرلەر ئولتۇرغان زەمبىرەكلىك 20 ئۇرۇش كېمىسى بىلەن يەنە ھىندىستانغا قاراپ ئاتلاندى. سەپەر ئۈستىدە موزامبىك قاتارلىق شەھەرلەردە سودا پونكىتلىرىنى قۇردى، يول بويى ئوت قويۇپ، قىرغىنچىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. ئۇلار ھىندى ئوكيانىدا مەككىدىن ئافرىقىغا قايتىپ كېتىۋاتقان بىر قورالسىز يۈك كېمىسىنى ئۇچراتتى، كېمىدە 700 دىن ئارتۇق موئورلار بار ئىدى. داگاما قول ئاستىدىكىلەرگە «كېمىدىكى ماللارنى بۇلاپ بولغاندىن كېيىن، موئورلارنىڭ كېمىدىن چۈشۈشىگە قەتئىي رۇخسەت قىلىنمىسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى، ئارقىدىنلا يەنە كېمىگە ئوت قويۇشقا بۇيرۇق

قىلدى. ئۇلار كالىكوتتقا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ھىندى شەھىرىنى توپقا تۇتۇپ ۋەيران قىلدى، سودا كېمىلىرىنى بۇلاپ، مال - مۈلۈكلەرنى تارتىۋالدى. داگاما پورتۇگالىيەنىڭ ئىشغالىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھىندىستاننىڭ غەربىي جەنۇب دېڭىز قىرغىقىدا قەلئە - قورغان ياسىدى. ئۇ پورتۇگالىيەگە قايتىش ئالدىدا ھىندى ئوكياندا مۇقىم بىر كىچىك ئۇرۇش كېمىسى ئەترىتىنى مەقسەتلىك قالدۇرۇپ، ھىندىستان بىلەن مىسىر ئارىلىقىدا قاتنايدىغان كېمىلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. پورتۇگالىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئۇزۇن ئۆتمەيلا 1506 - ، 1508 - يىللىرى يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئادەن قولتۇقىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى سوقوترا ئارىلى بىلەن پېرسىيە قولتۇقىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى ھورمۇس ئارىلىنى، شۇنىڭدەك ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىرغىقىدىكى دىيۇ پورتىنى ئىشغال قىلدى، شۇنىڭ بىلەن قىزىل دېڭىز بىلەن ئاسىيانىڭ جەنۇبىنى تۇتاشتۇرىدىغان دېڭىز يولىنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋېلىپ، شەرقنىڭ سودىسىنى مونوپول قىلىشقا باشلىدى. 1509 - يىلى پورتۇگالىيە قوشۇنى دىيۇ پورتىنىڭ سىرتىدا تۈركىيە، ئەرەب ۋە ھىندىستاننىڭ بىرلەشمە فىلوتىنى تارمار قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھىندىستاننىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقى بىلەن شەرقىي دېڭىز قىرغىقىنىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالدى. پورتۇگالىيە بېسىۋالغان گوئا (1510 - يىلى)، مالاككا (1511 - يىلى) قاتارلىق جايلارنى شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادا مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزچىلىقىنى كېڭەيتىشنىڭ ئاساسلىق بازىلىرى قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەنە كولومبو، ياۋا، كالىمانتان، سېلېبېس ۋە مالۇككا تاقىم ئاراللىرى قاتارلىقلارنى بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپ يىللاردىن بۇيان تەلپۈنۈپ كېلىۋاتقان «خۇش پۇراق ماتېرىياللار دۆلىتى» نى چاڭگىلىغا كىرگۈزدى.

16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئىقتىسادى يەنىلا قالاق بولغان

پورتۇگالىيە 1 مىليون 500 مىڭچە ئاھالىسى بار بىر كىچىك دۆلەت ئىدى. ئۇ كۆپىنچە مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان، ئاھالىسى زىچ دۆلەتلەرنى تاجاۋۇز قىلىش نىشانى قىلىدى. پورتۇگالىيەنىڭ چوڭ زېمىننى ئىشغال قىلىپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇ ھەربىي تايانچ پونكىتلارنى ئىشغال قىلىشنى ئاساس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سودا يولىنى مونوپول قىلىش، سودا پونكىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئوچۇق ـ ئاشكارا بۇلاڭچىلىق قىلىش بىلەن «سودا» ئالدامچىلىقىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈردى. پورتۇگالىيە كونا سودا يولىنى قامال قىلىۋالغاچقا، سۈۋەيش قانىلى قېزىلىپ قاتناش باشلانغۇچە، جەنۇبىي ئافرىقىنى ئايلىنىدىغان دېڭىز يولى ئۇزاق مەزگىلگىچە ياۋروپا بىلەن ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم سودا يولىغا ئايلاندى. 16 ـ ئەسىردە ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ ئىشغال قىلىش ئارقىلىق ۋاقىتلىق قۇرۇلغان پورتۇگالىيە مۇستەملىكە ئىمپېرىيەسىنىڭ تېررىتورىيەسى گىبرالتار بوغۇزىدىن مالاككا بوغۇزىغىچە بولغان زېمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. گوئادىكى پورتۇگالىيەنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسىنىڭ قارمىقىدا بەش گېنېرال گوبېرناتور (ئۆلكە باشلىقى) بولۇپ، ئۇلار موزامبىك، ئومېز، ماسقات، سىرى لانكا ۋە مالاككالارنى باشقۇراتتى. موزامبىك قاتارلىق جايلار ئافرىقا نېگىرلىرىنى ئوۋلايدىغان تايانچ پونكىت ۋە ھىندىستانغا بارىدىغان دېڭىز يولىدىكى توختاش پونكىتىغا ئايلاندى. ئافرىقا ئاھالىلىرى پەيدىنپەي ياۋروپالىقلارنىڭ ئېكىنزارلىقلىرى ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈش كانلىرىدا ئىشلەيدىغان قۇللارنىڭ مەنبەسىگە ئايلاندى. پورتۇگالىيەنىڭ باش ۋالىيسى، گېنېرال گوبېرناتورلىرى مۇستەملىكىلىرىدىكى خەلقنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئەزدى ۋە قاقتى ـ سوقتى قىلدى، ئۇلاردىن مەجبۇرىي باج ـ سېلىق يىغدى. ئالايلۇق، سىرى لانكا خەلقى مىراس قالغان مۈلۈكىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى مىراس بېجى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلىندى،

ئۇلار مۇستەملىكىچىلەر ئېھتىياجلىق بولغان ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىشنى شەرت ئىدى. 1442 ـ يىلىدىن باشلاپلا پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئافرىقىغا قەرەللىك ھالدا كېمە ئەۋەتىپ ئالتۇن ۋە قۇل بۇلىدى، ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1493 ـ يىلىدىن 1600 ـ يىلىغىچە، پورتۇگالىيەلىكلەر يالغۇز ئافرىقىدىنلا 276 مىڭ كىلوگىرام ئالتۇن بۇلىغان. ئۇلار يۈك كېمىلىرىنى بۇلىغاندا، ھەممىشە كېمىلەرنى يولۇچىلار بىلەن قوشۇپ دېڭىزغا چۆكتۈرۈۋېتەتتى ياكى تېخىمۇ زور ۋەھىمە پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئەسىر ئېلىنغان ئاسىيا، ئافرىقىلىق ئاھالىلەرنىڭ قۇلاق ـ بۇرۇنلىرىنى كېسىپ تاشلىغاندىن كېيىن قويۇپ بېرەتتى.

پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى كىچىك كۆرگۈ، بۇلاپكا، ئەينەك ساقا، شۇنىڭدەك باشقا ئەرزان قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ۋە ئويۇنچۇقلار بىلەن يەرلىك خەلقنىڭ ياقۇت، مەرۋايىت، پىل چىشى قاتارلىق ئەتىۋارلىق بۇيۇملىرىنى ئالداپ ئېلىۋالاتتى. پورتۇگالىيەنىڭ پايتەختى لىسبوئا شەرق تاۋارلىرى توپلىنىدىغان جايغا ئايلاندى. ئالتۇن، كۈمۈش، ياقۇت، ھىندىستاننىڭ يىپەك ـ پاختا رەختلىرى، ئىراننىڭ كىمخاب ـ دۇردۇنلىرى، خۇش پۇراق ماتېرىياللار تاقىم ئاراللىرىنىڭ دارچىن، قاقىلە، قەلەمپۇر، مۇچ، شۇنىڭدەك ئافرىقىدىن بۇلاپ كېلىنگەن پىل چىشى، يەنە جۇڭگونىڭ چىنىي، فارفور قاچا ـ قۇچىلىرى، نەپىس قول ھۈنەر بۇيۇملىرى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ پورتۇگالىيەگە ئاقتى. پورتۇگالىيە سودىگەرلىرى ھەممىشە زور پايدىغا ئىگە بولاتتى. ئالايلۇق، 100 كىلوگىرام مۇچنىڭ ھىندىستاندىكى باھاسى ئۈچ دائۇكاتو ①غا يەتمەيتتى، لىسبوئادا 40 دائۇكاتوغا سېتىلاتتى. پورتۇگالىيەلىك سودىگەرلەر ھىندىستان ۋە مالۇككا تاقىم

① دائۇكاتو ۋېنىتسىيەنىڭ تىللاسى. دەسلەپ 1284 ـ يىلى قۇيۇلغان، ۋېنىتسىيە ئەينى چاغدا دۇنيا بويىچە سودا ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، دائۇكاتو ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپادا ئەڭ كەڭ ئوبوروت قىلىنىدىغان تىللاغا ئايلانغان.

ئاراللىرىدىكى ئاقسۆڭەك ئېسىلزادىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بازاردىكى خۇش پۇراق ماتېرىياللار سودىسىنى مونوپول قىلىۋالدى.

پورتۇگالىيەلىكلەر 1517 - يىلىدىن باشلاپ جۇڭگو بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىشقا باشلىدى. 1533 - يىلى پورتۇگالىيەلىك سودىگەرلەر بوران - چاپقۇنغا ئۇچرىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، ھۆل بولۇپ كەتكەن ماللىرىنى قىرغاقتا ئاچىقىپ قۇرۇتۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىغا پارا بېرىپ ئېلىمىزنىڭ ئاۋمېن ئارىلىدا ماكانلاشتى. 1557 - يىلىدىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمەت قۇرۇپ، سېپىل، زەمبىرەك سۇپىسى ياساپ، ئاۋمېننى مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋالدى.

1543 - يىلى پورتۇگالىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تەسىرى ياپونىيەنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىغىچە يېتىپ باردى. 1548 - يىلى، كيۇسۇدا ياۋروپانىڭ تۇنجى سودا پونكىتى قۇرۇلدى.

**ئىسپانىيەنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا قارىتا مۇستەملىكە كېڭەيمىچىلىكى**

ئىسپانىيەنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىگە قارىتا مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىقى كولومبو قاتارلىقلار ئامېرىكا قىتئەسىگە بارىدىغان دېڭىز يولىنى ئېچىش بىلەن بىر ۋاقىتتا باشلاندى. 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ئىسپانىيە شىمالدا مېكسىكىدىن تارتىپ، جەنۇبتا جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلار (بىرازىلىيەنى پورتۇگالىيە ئىشغال قىلىۋالغاندىن باشقا) نى ئارقىمۇئارقا ئىستېلا قىلدى. ئىسپانىيەنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىقىنى ئومۇمەن ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بىرىنچى باسقۇچ. بۇ باسقۇچنىڭ ئالاھىدىلىكى: ئىسپانىيە ئامېرىكا قىتئەسىگە بارىدىغان دېڭىز يولىنى ئىزدەش

بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى قاتارلىق رايونلارنى بېسىۋېلىپ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇردى.

كولومبو قاتارلىق كىشىلەر يىراق دېڭىز سەپىرىگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇنلا ئىسپانىيەنىڭ مۇستەملىكىلەرگە ئىگە بولۇش، ھەر قايسى جايلاردىكى خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش مۇددىئاسى بار ئىدى. كولومبو قاتارلىقلار كارىب دېڭىزدىكى بىر قىسىم ئاراللارغا يېتىپ بارغان چاغدىلا بۇ جايلارنىڭ ئىسپانىيەگە تەۋە زېمىن ئىكەنلىكىنى جاكارلىغانىدى. ئامېرىكا قىتئەسىگە ئەڭ بۇرۇن بارغان ئىسپانىيە ئارمىيەسىنىڭ كۆپىنچىسى ياللانما ئەسكەرلەر ياكى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنغان لۈكچەك ـ مۇتتەھەملەر ئىدى. ھايىتى بىلەن دومىنىكا① ئارىلى ـ ئايرىم ھالدا 1493 ـ يىلى ۋە 1496 ـ يىلى ئىسپانىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغاندىن كېيىن، ئىسپانىيەنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىگە قارىتا تاجاۋۇزچىلىقىنى كېڭەيتىشتىكى تايانچ پونكىتىغا ئايلاندى. 1511 ـ يىلى، ئىسپانىيە سېۋىللادا مەخسۇس «ھىندىيانلار ئىشلىرى باشقارمىسى» نى تەسىس قىلىپ، مۇستەملىكىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇردى. 1513 ـ يىلى ئىسپانىيەلىك مۇستەملىكىچى بارپۇيا پاناما بوغۇزىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئەيمەنمەستىن، «جەنۇبىي دېڭىز» (تىنچ ئوكيان) دىكى بارلىق چوڭ ئاراللار ئىسپانىيەگە مەنسۇپ دەپ جاكارلىغان. 1514 ـ يىلى ئىسپانىيە يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن پاناما بىلەن كۇبانى بېسىۋالدى. 1517 ـ يىلى كولدوۋا «ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى» كۇبادىن ئاتلىنىپ، ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىدىكى يۇكاتان ئارىلىغا يېتىپ باردى، يەرلىك مايالار

① دومىنىكا ئىسپانچە «يەكشەنبە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇستەملىكىچىلەر بۇ جاينى بىر يەكشەنبە كۈنى «بايقىغان» ئىكەن، شۇڭا دومىنىكا دەپ ئاتىغان.

www.uyghurkitap.com

قەتئىي قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن تاجاۋۇزچىلار قېچىشقا مەجبۇر بولدى.

(2) 16 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى ئىككىنچى باسقۇچ. بۇ باسقۇچتا ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى كۇبانى تاجاۋۇزچىلىق بازىسى، مېكسىكىنى ئىشغال قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مېكسىكا ۋە ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى ھەر قايسى جايلارنى ئىگىلىۋالدى.

1519 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئىسپانىيەلىك ۋەيران بولغان ئاقسۆڭەك كورتېس بىر قوشۇنغا باشلامچىلىق قىلىپ، كۇبادىن يۇكاتان يېرىم ئارىلىغا قاراپ ئاتلاندى، ئۇنىڭ قوشۇنى 11 كېمىگە ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭدا 109 نەپەر ماتروس، 508 نەپەر ئەسكەر، 16 جەڭ ئېتى، يەنە ئۇلارغا مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ ماڭغان 200 نەپەر ئىندىئان بار ئىدى. ئۇلار مېكسىكىغا ئىچكىرىلەپ كىردى. كورتېس ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ ئىندىئان قەبىلىلىرى ئارىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلدى ۋە ئۇنى كېڭەيتتى. مېكسىكىدىكى ئازتېكلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى بەزى قەبىلىلەر (ئالايلۇق، توتوناكلار، تلاكىسكالانلار) ئالدىنىپ ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولدى. بويسۇنمىغان ئازتېك قەبىلىلىرى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ھۇجۇمى ۋە رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىشىغا ئۇچرىدى. 1519 ـ يىلى 11 ـ ئايدا كورتېسنىڭ مۇستەملىكىچى قوشۇنى بىر مەھەل مېكسىكىنىڭ پايتەختى تېنوچىتىتلان (يەنى مېكسىكا شەھىرى) نى ئىشغال قىلدى ھەمدە بۇ قەدىمكى مەدەنىي شەھەرنى تالان ـ تاراج قىلدى، كورتېس بۇلىغان ئالتۇن ۋە خەزىنىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىسپانىيە پادىشاھىغا تاپشۇردى، ئۆزى بەشتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىۋالدى، قالغىنىنى مۇستەملىكىچى ھەمراھلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. ئازتېكلارنىڭ «پادىشاھى» موكتېزۇما ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى ھەمدە تۇرغاق بولۇپ ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىندى، مۇستەملىكىچىلەر بولسا ئۇنىڭ نامىنى سېتىپ

ھۆكۈمرانلىق قىلدى. 1520 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ئازتېكلارنىڭ بىر قېتىملىق «تارگېلىيە بايرىمى» (كوچە كۆيدۈرۈپ ئىلاھقا تېۋىنىش بايرىمى)دا مۇستەملىكىچىلەر پارات كىيىمى كىيىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئازتېكلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، بايرامنى خۇشال ـ خۇرام تەبرىكلەشكە قاتناشقان تەخمىنەن 600 نەپەر ئازتېكنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى. ئەينى چاغدىكى ئەھۋالنى كۆرگەن بىر ئادەمنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئادەم قېنى خۇددى چىلەكلەپ ياغقان يامغۇردەك ئاققان. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ زوراۋانلىقى ئازتېكلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈردى. تىنوچتىتلان شەھىرىدىكى ئىندىئانلار قولىغا قورال ئېلىپ، كوۋرتېموكىنىڭ رەھبەرلىكىدە موكتېزۇمانىڭ تەسلىمچىلىك سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق مۇستەملىكىچىلەرنى شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى، كورتېس ئېغىر يارىلاندى، شېرىكلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۆلدى ۋە يارىلاندى.

بىر يىلدىن كېيىن كورتېس كۇبادىن ياردەمگە كەلگەن 10 مىڭ كىشىلىك مۇستەملىكىچى قوشۇننى باشلاپ، ۋېراكرۇز دېڭىز قىرغىقى ئەتراپىدا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يېڭىباشتىن باستۇرۇپ كەلدى. 1521 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مۇستەملىكىچىلەر تىنوچتىتلان شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە سۇنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئازتېكلار ئېغىر ئاچارچىلىق، كېسەللىك ئىچىدە ئۈچ ئاي قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدى، ئاخىر 1521 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى پايتەخت قولدىن كەتتى.

ئىككىنچى يىلى مېكسىكا جىلغىسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار ئىشغال قىلىندى. 1523 ـ يىلدىن 1524 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلدە ئىسپانىيە ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى ھازىرقى گۋاتېمال، گوندۇراس، نىكاراگۇئا، سالۋادور قاتارلىق دۆلەتلەر جايلاشقان رايونلارنى ئىشغال قىلدى، مېكسىكا شەھىرى مۇستەملىكىچى-

www.uyghurkitap.com

لەرنىڭ پايتەختىگە ئايلاندى. كورتېس تۇنجى باش ۋالىيلىققا تەيىنلەندى.

(3) 16 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرى ئۇچىنچى باسقۇچ. بۇ باسقۇچتا ئىسپانىيە تاجاۋۇزچىلىرى پېرۇنى ئىشغال قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى كەڭ رايونلارنى ئارقىمۇ ئارقا ئىستېلا قىلدى.

يەنە بىر ئىسپانىيەلىك مۇستەملىكىچى قاراقچى پىسارو ئىسپانىيە پادىشاھىدىن پانامانىڭ جەنۇبىدىكى تىنچ ئوكيانىنىڭ 1900 كىلومېتىردىن ئارتۇق قىرغىقىنى ئىشغال قىلىش هوقۇقىغا ئېرىشتى ھەمدە ئالدىنئالا پېرۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەيىنلەندى. 1531 ـ يىلى، پىسارو، ئالماگرو باشلامچىلىقىدىكى 180 نەپەر ئەسكەر (بۇنىڭ ئىچىدە 36 نەپەر چەۋەنداز، 50 ئات بار ئىدى)دىن تەركىب تاپقان بىر كىچىك ئەترەت ئۈچ كېمىگە ئولتۇرۇپ، پانامادىن يولغا چىقىپ، پېرۇدا قۇرۇقلۇققا چىقتى. بۇ چاغدا پېرۇدىكى ئىنكالارنىڭ ياشانغان پادىشاھى ئەمدىلا قازا قىلغان، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئوتتۇرىسىدىكى تەخت تالىشىش ئۇرۇشى ئەۋجىگە چىققانىدى. مۇستەملىكىچىلەر بىرلا ۋاقىتتا ھەر ئىككى تەرەپكە ياردەم قىلىمىز دەپ ۋەدە بەردى ھەمدە رەزىللەرچە تۇزاق قۇردى. ئىسپانىيەلىكلەرگە ئىزچىل ئىشىنىپ كېلىۋاتقان يېڭى پادىشاھ ئاتاۋالپا 1532 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى پىسارو بىلەن كۆرۈشكەندە تۇشتۇمتۇت قاماققا ئېلىندى، ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى نۇرغۇن قايتۇرۇۋېلىش سوممىسىنى① قاقتى ـ سوقتى قىلغاندىن كېيىن، پىسارو يەنىلا ئىنكا پادىشاھىغا ئاتالمىش «تەخت تارتىۋالغان، قېرىندىشىنى ئۆلتۈرگەن، خىرىستىيان دىنىغا قارشى تۇرۇپ بۇتقا تېۋىنىپ كاتولىك دىنىغا قارشى تۇرغان ۋە «ئىسپانىيەلىكلەرگە قارشىلىق

---

① ئاتاۋالپا قامالغان قاماقخانا (ئۇزۇنلۇقى 22 فۇنت، كەڭلىكى 17 فۇنت، ئېگىزلىكى توققۇز فۇت كېلىدۇ) نى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر بىلەن تولدۇرۇشقا توغرا كەلگەن.

كۆرسىتىشنى تەشكىللەشكە ئۇرۇنغان» دېگەن جىنايەتلەرنى ئارتىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقىنى «جاكارلىدى» (1533 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى). پىسارو پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىنكانىڭ پايتەختى كۇزكونى ئىشغال قىلىپ، پېرۇنى مۇستەملىكە قىلدى. ئىسپانىيە پېرۇغا تاجاۋۇز قىلىش جەريانىدا 1532 ـ يىلى ئېكۋاتورنى تىزگىنلىدى ۋە بېسىۋالدى.

پېرۇنى ئىشغال قىلغۇچىلارنىڭ بىرى — ئالماگرو تاجاۋۇزچى قوشۇننى باشلاپ، 1535 ـ يىلى پېرۇدىن ئاتلىنىپ، بولىۋىيە ئارقىلىق چىلىنىڭ شىمالىي قىسمىغا يېتىپ باردى (1536 ـ يىلى). ئۇ 1538 ـ يىلى بولىۋىيەنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن چىلىنىڭ ئىچكىرى جايلىرىغا يېتىپ بارالمىدى. چىلىدا تاجاۋۇزچىلار ئىندىئانلار ئىچىدىكى ئاراۋكانلارنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. ئىسپانىيە ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 1541 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن چىلىنىڭ دېڭىز بويى ئەتراپلىرىنى بويسۇندۇردى.

ئىسپانىيەلىك مۇستەملىكىچى كۆيچادا تەخمىنەن 600 كىشىلىك يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى يەنە بىر تارماق قوشۇننى باشلاپ، 1536 ـ يىلى كولومبىيەدىكى ماگرېدانا دەرياسى ئېغىزىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى ھەمدە ئىچكىرى جايلارغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئاشلىقى ئۈزۈلۈپ، ئەسكەرلەر ئارىسىدا كېسەل تارقالغانلىقى ئۈچۈن، بوگوتا رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، ئادىمىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئازىيىپ، ئاران 166 نەپەر سېرژانت ۋە 59 ئېتى قالدى. ئۇلار ئوت قورال ۋە چەۋەندازلارغا تايانغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىك ئاھالىلەر دۈشمەنگە ئىتتىپاقلىشىپ قارشى تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، 1538 ـ يىلى كولومبىيە بىلەن ۋېنېسۇئېلانى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىشغال قىلدى. مۇستەملىكىچىلەر كولومبىيەدە بوگوتا شەھىرىنى[①]

① تاجاۋۇزچىلار ئىسپانىيەدىكى جۇغراپىيەلىك ئاتالغۇلارغا تەقلىد قىلىپ، بۇ جاينىڭ نامىنى «يېڭى گراناداا پادىشاھلىقى» دەپ ئاتىغان.

www.uyghurkitap.com

قۇردى.

يۇقىرىقى مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىق بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسپانىيەلىك مېندوزا باشچىلىقىدىكى يەنە بىر تاجاۋۇزچى قوشۇن 1535 ـ يىلى ئۇرۇگۋاي بىلەن پاراگۋاينى ئىشغال قىلدى. ئارگېنتىنالىقلار قارشىلىق كۆرسىتىپ كۈرەش قىلغاچقا، مۇستەملىكىچىلەر 1549 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن ئارگېنتىنا رايونىنى بېسىۋالدى.

16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى كەڭ رايونلار (پورتۇگالىيەگە تەۋە برازىلىيەدىن باشقا) ئىسپانىيەنىڭ غايەت زور مۇستەملىكە ئىمپېرىيەسىنىڭ تېررىتورىيەسى ئىچىگە كىرگۈزۈلدى.

ئىسپانىيە لاتىن ئامېرىكىسىغا مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىقى قىلىش جەريانىدا، ئىسپانىيەلىكلەر ئومۇميۈزلۈك مېكسىكىنىڭ شىمالىدا ئالتۇن ـ كۈمۈش چىقىدىغان جاي يوق (خەرىتىدە ھەتتا بۇ رايونلار «نەپ چىقمايدىغان زېمىن»، دەپ بەلگە قويۇلغان) دەپ قارايتتى. ئەينى چاغدا ئىسپانىيەنىڭ مۇستەملىككە كېڭەيمىچىلىكىنىڭ تۈپ نىشانى ئالتۇن ـ كۈمۈش بۇلاش ۋە زېمىن ئىگىلەش ئىدى، شۇڭلاشقا ئىسپانىيەلىكلەر ئۇزاقتىن بېرى چىشىنى بىلەپ كەلگەن رىۋايەتتىكى «ئالتۇن دۆلىتى»نى تاجاۋۇز قىلىش نىشانى قىلىپ تاللىغانىدى. بۇ ئەينى چاغدا ئىسپانىيەنىڭ دەرھال شىمالىي ئامېرىكىغا تاجاۋۇز قىلىپ بارمىغانلىقىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

**ئىسپانىيەنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەملىكە تۈزۈمى ۋە ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرى** ئىسپانىيە پادىشاھى ئىسپانىيەلىكلەر ئامېرىكا قىتئەسى چوڭ قۇرۇقلۇقىنى ئىشغال قىلىشنى باشلىغاندا، 1503 ـ يىلى قانۇن ئېلان قىلىپ، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلەردە «ئۇلۇشلۇك يەر» تۈزۈمى ۋە «ھامىيلىق» تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىشغال قىلىنغان زېمىنلارنى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن مۇستەملىكىچىلەرگە بۆلۈپ

بەردى ھەمدە ئۇلارنى باج ئېلىش، كان ئېچىش ۋە ئىندىئانلارنى قۇل قىلىش ئىمتىيازىغا ئىگە قىلدى، ئالايلۇق، كورتېس مېكسىكىنى ئىستېلا قىلغان چاغدا، 22 شەھەر ـ بازار، 25 مىڭ كىۋادرات مىل زېمىن ۋە 115 مىڭ ئىندىئان ئاھالىسىنى قۇل قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. پىسارو ئىنكالارنىڭ دۆلىتىنى ئىستېلا قىلغاندىمۇ ئوخشاش زېمىن ۋە 100 مىڭ ئىندىئان ئاھالىسىنى قۇل قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. بۇ ئىككى مۇستەملىكىچىنىڭ شېرىكلىرىمۇ 5000 كىۋادرات مىلدىن 10 مىڭ كىۋادرات مىلغىچە كېلىدىغان زېمىن ۋە خېلى كۆپ ئاھالىنى قۇل قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. «ئۇلۇشلۇك يەر» دەسلەپتە ئىگىلەش دېيىلگەن بولسىمۇ، 1545ـ يىلى يېڭى قانۇن ئېلان قىلىنىپ مىراسلىق ئىگىدارلىققا ئۆزگەرتىلدى. يەرلەرنىڭ بۆلۈۋېلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىندىئانلار قۇللارغا ياكى يانچىلارغا ئايلاندى.

ئىسپانىيەلىكلەر يەنە «كاربىلىقلار»[①]نى تۇتۇش نامىنى خالىغىنىچە ئىشلىتىپ، ھەرقايسى جايلاردا ئىندىئانلارنى تۇتتى ۋە قۇل قىلدى، ئۇلارنى ئاساسلىق كان قۇدۇقلىرى ۋە ئېكىنزارلىقلاردا جاپالىق ئىشلارغا سالدى. جاپالىق ئەمگەك ۋە ۋەھشىيلەرچە قىيناشلار تۈپەيلىدىن ئىندىئانلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلار سەللا قارشىلىق كۆرسەتسە ئۆلتۈرۈلەتتى. ئوتقا تاشلىناتتى ۋە تىرىك پېتى كۆمۈۋېتىلەتتى ياكى بۆرە ـ ئىتلارغا تالاتقۇزۇلاتتى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىسپانىيەنىڭ شەپقەتسىز مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمى بىر نەچچە يىل ئىچىدە 12 مىليوندىن 15 مىليونغىچە بولغان ئىندىئاننىڭ جېنىغا زامىن بولدى. ئالايلۇق، ئىسپانىيە ھايتىغا تاجاۋۇز قىلغاندا، ھايتىدا 60 مىڭ ئادەم بار ئىدى، 1548 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاران 500 ئادەم قالدى؛ 1503 ـ يىلى

① «ئادەم يەيدىغان بەدەۋى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مۇستەملىكىچى تاجاۋۇزچىلار ئىندىئانلارغا بوھتان چاپلاپ شۇنداق ئاتىغان.

www.uyghurkitap.com

ئىسپانىيەلىكلەر يامايكا ئارىلىغا بېسىپ كىرگەندە، ئارالدا 300 مىڭ ئىندىئان بار ئىدى، 1548 ـ يىلىغا كەلگەندە ھەممىسى دېگۈدەك يوقىتىلدى.

قۇللارنىڭ مەنبەسىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، ئامېرىكا قىتئەسىدە نېگىر قۇللار تۈزۈمى راۋاجلاندۇرۇلدى. 1502 ـ يىلىدىن باشلاپ مۇستەملىكىچىلەر ئافرىقا (ئاساسلىق ئېكۋاتور ئافرىقىسىنىڭ غەربىي دېڭىز قىرغاقلىرى)دىن بولغان ياكى سېتىۋالغان نېگىرلارنى كىشەنلەپ، تامغا بېسىپ ئامېرىكا قىتئەسىگە توشۇدى. 16 ـ ئەسىردە نېگىر قۇللار تۈزۈمى غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى بىلەن ئوتتۇرا ئامېرىكىدا، بولۇپمۇ پورتۇگالىيەگە قاراشلىق بىرازىلىيەدە ئەڭ ئومۇملاشتى.

مۇستەملىكىچىلەر ئىسپانىيەنىڭ ئۆزىدە ئىشلەنگەن ئۈزۈم ھارىقى، زەيتۇن يېغى، تاۋار ـ دۇردۇن، كاناپ رەختلەرنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدە يۇقىرى باھادا سېتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەتتا مۇستەملىكىلەردە پىلە بېقىشنى، ئۈزۈم، زەيتۇن قاتارلىقلارنى ئۆستۈرۈشنى چەكلىدى. 16 ـ ئەسىردىن باشلاپ لاتىن ئامېرىكىسى ئىقتىسادىدا پەيدىنپەي «يەككە مەھسۇلات تۈزۈمى» شەكىللەندى. بارلىق ئىمپورت قىلىنغان ماللارنى مېتروپولىيە دۆلەتنىڭ كېمىلىرى توشۇشى شەرت ئىدى.

ئىسپانىيەلىكلەر ئوتتۇرا جەنۇبىي ئامېرىكىدا يەنە بارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئالتۇن بۇلاش، قېزىش ۋە يۆتكەش بىلەن شۇغۇللاندى. 1545 ـ يىلىدىن 1560 ـ يىلىغىچە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىدىن ئىسپانىيەگە 5500 كىلوگىرام ئالتۇن، 246 مىڭ كىلوگىرام كۈمۈش يۆتكىگەن. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھەر قايسى كانلاردىن قېزىۋېلىنغان قىممەتلىك مېتاللارنىڭ مىقدارى دۇنيا بويىچە قېزىلغان قىممەتلىك مېتاللار مىقدارىنىڭ 78.6% نى ئىگىلىگەن.

مۇستەملىكىچىلەر مېتروپولىيە دۆلەتلىرىنىڭ فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈمىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئەكسىيەتچىل ئىرقىي قۇللۇق سىياسىتىنى يولغا قويدى. ئىسپانىيەنىڭ مۇستەملىكىلىرىدە پادىشاھ تەيىنلىگەن باش ۋالىي ھەربىي، مەمۇرىي ۋە ئەدلىيە جەھەتتە ئەڭ چوڭ ھوقۇققا ئىگە ئىدى. كېلەڭسىز مۇستەملىكىچى ئورگانلاردىكى ئەمەلدارلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئەمەلنى سېتىۋالاتتى. شەھەر - يېزىلاردىكى مۇھىم مەنسەپلەرنى مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلار ياكى مېتروپولىيە دۆلەتلەردىن كەلگەن كۆچمەنلەر ئىگىلىۋالغانىدى. بەزى تۆۋەن دەرىجىلىك مەنسەپلەرگە «يەرلىك ئاق تەنلىكلەر» تەيىنلىنەتتى. ئىرقىي كەمسىتىش خاراكتېرىدىكى تەبىقىلەر ئايرىمىسى ئاساسەن مۇنداق ئىدى. مۇستەملىكىچى زېمىندار ئاقسۆڭەكلەر، ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلار ۋە دىنىي جەمئىيەتلەردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك روھانىيلار ئەڭ يۇقىرى تەبىقىگە كىرەتتى. كۆچمەن سودا - سانائەتچى ئوتتۇرا بۇرژۇئازلار تەبىقىسى ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى؛ يەككە دېھقانلار، كاسىپلار ۋە يەرلىك ئاق تەنلىك ئىشلەپچىقارغۇچىلار تەبىقىسى ئۈچىنچى ئورۇندا تۇراتتى؛ ئەڭ تۆۋەن تەبىقىگە كىرىدىغان ئىندىئانلار، نېگىرلار ۋە ئارىلاش قانلىقلار «رەڭلىك ئاھالىلەر»، «دەرىجىسى تۆۋەن مىللەتلەر» دەپ قارىلىپ، قاتتىق خورلىناتتى.

كاتولىك دىنى جەمئىيىتى مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇھىم تايانچىسى ئىدى. مۇستەملىكىچىلەر «بىر قولدا شەمشەر، بىر قولدا كىرېستنى تۇتۇش» سىياسىتىنى قوللاندى، بەزى مىسسىئونېرلار يېڭى دېڭىز يولىنى ئەڭ بۇرۇن ئاچقۇچىلار بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت ئېلىپ باردى. دىن تارقىتىش پائالىيىتى ئامېرىكا قىتئەسىدە 1502 - يىلى باشلاندى. دىنىي جەمئىيەت مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈپ قۇللۇق تۈزۈمىنى قوغدىدى ھەمدە دىنىي جەمئىيەتنىڭ ھوقۇقى ۋە چېركاۋنىڭ مۈلكىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى. 1632 - يىلىغىچە

ئىسپانىيەنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلىرىدە تەخمىنەن 70 مىڭ چېركاۋ سېلىندى، كاتولىك دىنى مەجبۇرىي هالدا دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلدى. ئىندىئانلار بىلەن نېگىر قۇللارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن كاتولىك دىنىغا كىرىشكە مەجبۇر قىلىندى. دىنىي جەمئىيەت چوڭ يەر مۇلكىنى باشقۇراتتى، كەڭ دائىرىدە ئۆشرە يىغاتتى، تۈرلۈك «ئىئانە پۇللار» نى قوبۇل قىلاتتى ھەمدە كان، ئۇستىخانىلارنى مونوپول قىلىشقا ئىشتىراك قىلىپ، قوشۇمچە جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ «تەۋەلىكىدىكى زېمىن» (دىنىي جەمئىيەتنىڭ خوجىلىق زېمىنى) نى ۋەھشىيلەرچە تالان ـ تاراج قىلاتتى. 1569 ـ يىلى ئىسپانىيەدىن ئامېرىكا قىتئەسىگە تارقالغان «بىدئەتلىك سوتى» ھەر قايسى جايلاردا ئارقىمۇ ئارقا قۇرۇلدى. ئوتتا كۆيدۈرۈش، زىندانغا تاشلاش قاتارلىق رەھىمسىز جازالار 19 ـ ئەسىرگىچە قوللىنىلدى. ئىسپانىيەنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتى لاتىن ئامېرىكىسى خەلقىگە بالايىئاپەت كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى خانىۋەيران قىلدى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئېغىر توسقۇنلۇققا ئۇچراتتى.

**گوللاندىيە، ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ دەسلەپكى مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىقى** ئىسپانىيە، پورتۇگالىيەنىڭ ئارقىسىدىن گوللاندىيە، ئەنگلىيە، فىرانسىيەمۇ 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سىرتقا قارىتا مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىقىنى قوزغىدى.

1595 ـ يىلىلا گوللاندىيەلىك گوتمان كېمە ئەترىتىنى باشلاپ ئۈمىد تۇمشۇقى ئارقىلىق ھىندىستانغا بارغاندى؛ 1598 ـ يىلى فاننىڭ ئىككىنچى تۈركۈمدىكى يىراققا سەپەر قىلىش ئەترىتىنى باشلاپ داۋاملىق شەرققە قاراپ مېڭىپ، ياۋا، مالۇككا تاقىم ئاراللىرىنىڭ ئەتراپلىرىغا بارغاندى. مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىقىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، گوللاندىيەلىك بەزى يېڭى ئاقسۆڭەكلەر، كاپىتالىستلار ۋە مۇستەملىكىچىلەر كۆپلىگەن

كىچىك شىركەتلەرنى قۇردى، كېيىن پايلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ يەنە چوڭ شىركەت ـــ شەرقىي ھىندىستان شىركىتى (1602 ـ يىلى) بىلەن غەربىي ھىندىستان شىركىتى (1517 ـ يىلى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ 1521 ـ يىلى «ئالاھىدە ئىجازەتنامە» ئالدى) نى قۇردى. گوللاندىيەنىڭ دەسلەپكى مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىقى دۆلەتنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا بۇ شىركەتلەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى. مەزكۇر «شىركەت» ئەمەلىيەتتە سىرتقا قارىتا تاجاۋۇز قىلىدىغان بىر خىل ئاپپارات ئىدى.

گوللاندىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتى دۆلەتتىن ئۇمىد تۇمشۇقىدىن ماگېللان بوغۇزىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سودىنى مونوپول قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى، پۇتكۇل ھىندى ئوكيان بىلەن تىنچ ئوكياندىكى دېڭىز قولتۇقلىرى بىر مەھەل بۇ شىركەتنىڭ مونوپول دائىرىسىدە بولدى. گوللاندىيە پورتۇگالىيەنىڭ تەسىرىنى چەتكە قېقىشقا ئۇرۇنۇپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا مۇستەملىكە تالىشىشنى ئەۋج ئالدۇردى 1603 ـ يىلى ياۋادا سودا پونكىتى قۇردى، 1605 ـ يىلى مالۇكا تاقىم ئاراللىرىدا پورتۇگالىيەنىڭ قىلوتىنى مەغلۇپ قىلدى، ئامبون ئارىلى قاتارلىق جايلاردىكى خۇش پۇراق ماتېرىياللار سودىسىنى كونترول قىلىش ھوقۇقى بارا ـ بارا گوللاندىيەلىكلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. 1619 ـ يىلى گوللاندىيە باتاۋىيە (بۈگۈنكى جاكارتا) شەھىرىنى قۇردى، ياۋانى تاجاۋۇزچىلىقنى كېڭەيتىشتىكى تايانچ پونكىت قىلىپ، يەنە سىلان (1656 ـــ 1658 ـ يىللىرى) ۋە مالۇككانى ئىشغال قىلدى. گوللاندىيە بىلەن پورتۇگالىيە ئۆزئارا مۇستەملىكە تالىشىپ بىر قاتار ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، زومىگەرلىك ھوقۇقىنى گوللاندىيە چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. گوللاندىيەنىڭ شەرقىي ھىندىستان شىركىتى ئاتاقتا «سودا» نى باشقۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەخسۇس تاجاۋۇز قىلىش ۋە مۇستەملىكە قىلىش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. ئۇ يۇكسەك دەرىجىدە مۇستەقىل بولۇپ، پۇل قۇيۇش، قەلئە ـ

قورغانلارنى سېلىش، قوشۇن تەشكىللەش، سودىنى مونوپول قىلىش ۋە چەت ئەللەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى، ھەتتا ئۆز ئالدىغا سوت ۋە مەمۇرىي ئورگانلارنى تەسىس قىلالايتتى. گوللاندىيە پادىشاھى مەركىزىي شىركەتكە ئۇنىڭ مونوپوللۇقىدىكى رايون ئىچىدە كېيىنكى ھەر قانداق چەت ئەل كېمىلىرىنى مۇسادىرە قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەنىدى، مەركىزىي شىركەت ھەتتا: «دۇنيادىكى باشقا ھەر قانداق ئىرقتىكىلەرنىڭ بۇ يەر (مونوپول رايونىنى كۆرسىتىدۇ) گە كېلىشىگە يول قويۇلمايدۇ» دەپ جاكارلىغانىدى.

گوللاندىيەنىڭ غەربىي ھىندىستان شىركىتى ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن غەربىي ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلەر ۋە سودا ئىمتىيازىنى مونوپول قىلىۋېلىپ، قۇل سودىسى ۋە دېڭىز قاراقچىلىرىدەك بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. گوللاندىيە ئىسپانىيەنىڭ قولىدىن غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدىكى بەزى ئاراللارنى تارتىۋالدى، ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى خۇدسون دەرياسى ئېغىزىنىڭ ئەتراپلىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇ يەرنى «يېڭى گوللاندىيە»① دەپ ئاتىدى. 1623 ـ يىلى پورتۇگالىيەدىن بىر مەھەل بىرازىلىيەنى② تارتىۋالدى. 1648 ـ يىلى گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھەرىكىتى يۇقىرى پەللىگە يەتتى، ئۇ پورتۇگالىيەنى ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي بېشىدىكى كاپ تووۋنىدىن سىقىپ چىقاردى③.

17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، گوللاندىيە جۇڭگونىڭ پېڭخۇ

---

① 1622 ـ يىلى بۇ جايدا «يېڭى ئامستېردام شەھىرى»نى قۇرغان، ئۇنى 1674 ـ يىلى ئەنگلىيە ئىشغال قىلىپ، نامىنى يېڭى يورك (يەنى نيۇيورك) قا ئۆزگەرتكەن.

② 1661 ـ يىلى گوللاندىيە يەنە پورتۇگالىيەلىكلەر تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، بىرازىلىيە ئۇزۇنغىچە پورتۇگالىيەلىكلەرنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ تۇرغان.

③ ئۇمىد تۇمشۇقى 1652 ـ يىلىدىن باشلاپ گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغان، ئۇ گوللاندىيەدىن ھىندونېزىيەگە بارىدىغان دېڭىز يولىدىكى ئارىلىق پونكىت ئىدى.

تاقىم ئاراللىرىنى ئىككى قېتىم بېسىۋالدى. 1624 ــ يىلى جۇڭگونىڭ تەيۋەن ئارىلىنى ئىشغال قىلدى. 1661 ــ 1662 ــ يىللىرى جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇب دېڭىز بويلىرىدىكى خەلق تەيۋەن خەلقى بىلەن بىرلىكتە جېڭ چېڭگۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ تەيۋەننى قايتۇرۇۋالدى.

گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكە زومىگەرلىكىنى 17 ــ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، بارا ــ بارا يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان سانائەت كاپىتالى كۈچلۈك مۇستەملىكىچى دۆلەت ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئىگىلىدى.

ئەنگلىيە 16 ــ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ سىرتقا قارىتا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى. 1588 ــ يىلى قۇرۇلغان «گۋىنېيا شىركىتى» مەخسۇس مۇستەملىكىچىلىك پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئافرىقىدىن نىگىر قۇللارنى بۇلاپ ئامېرىكا قىتئەسىگە توشۇيتتى. 1600 ــ يىلى قۇرۇلغان ئەنگلىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتىمۇ ئەنگلىيە ئايال پادىشاھىدىن «ئالاھىدە ئىجازەتنامە» ئېلىپ (دەسلەپتە 15 يىللىق) ئۈمىد تۇمشۇقىدىن شەرقتىكى بارلىق دۆلەتلەرگىچە بارىدىغان سودا يولىنى مونوپول قىلىش «ھوقۇقى»غا ھەمدە ئۇ بېسىۋالغان مۇستەملىكىلەردە ھەربىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتە تولۇق ھوقۇققا ئىگە بولغانىدى. ئەنگلىيە شىمالىي ئامېرىكىدا ۋىرگىنىيە مۇستەملىكە رايونىنى بەرپا قىلدى (1584 ــ يىلى)، شەرقتە ھىندىستاننى ئاساسلىق تاجاۋۇز قىلىش نىشانى قىلىپ بېكىتتى. ئۇ باشتا «ئىقتىسادىي جەھەتتە سىڭىپ كىرىش» قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللاندى. ھىندىستاندىكى موغۇل خانىدانلىقىغا ئارقا ــ ئارقىدىن ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، ئۇنى ئالداپ ھەرخىل سودا ئىمتىيازىغا ئېرىشىۋالدى، 1609 ــ يىلى ھىندىستاننىڭ سۇرات شەھىرىدە تۇنجى سودا پونكىتىنى قۇردى، 1613 ــ يىلى مەزكۇر شەھەرنى

www.uyghurkitap.com

بېسىۋېلىپ، پەيدىنپەي ھىندىستاننىڭ ئىچكىرى جايلىرىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

فىرانسىيەنىڭ سىرتقا قارىتا مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىقى گوللاندىيە، ئەنگلىيەدىن كېيىنرەك باشلاندى. خۇگۇېنوت جېڭىدىن كېيىن، فىرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا 1604 ـ يىلى فىرانسىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتى قۇرۇلدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فىرانسىيە كانادانى مۇستەملىكە قىلىپ، نورماندى سودىگەرلىرى شىركىتىنى قۇرۇپ، مۇستەملىكىچىلىك سودىسىنى قانات يايدۇردى. 1608 ـ يىلى شىمالىي ئامېرىكىدىكى ساينت لاۋرېنس دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا كۋېبېك شەھىرىنى بەرپا قىلدى. فىرانسىيە 1644 ـ يىلىدىن باشلاپ جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى گۋىئانانى مۇستەملىكە قىلدى. 17 ـ ئەسىردە فىرانسىيە يەنە ئافرىقىدىكى ماداغاسقار ۋە سېنېگال دېگەن جايلارغا تاجاۋۇز قىلدى. فىرانسىيە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دەسلەپكى چاغلاردا، دىن تارقىتىش ۋە سودا قىلىش نامىدا تەدرىجىي ھالدا ۋېيتنام قاتارلىق جايلارغا كىردى.

15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، غەربىي ياۋروپا ئاسىيا، ئافرىقا، ئامېرىكا قىتئەسىگە قىلغان دەسلەپكى مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزچىلىقىنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئافرىقا قىرغاقلىرى ۋە ئوتتۇرا جەنۇبىي ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئۈچ رايوننى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تەدرىجىي كېڭەيتتى. 16 ـ ئەسىردە ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيە مۇستەملىكە زومىگەرلىك ھوقۇقىنى كونترول قىلىۋالغانىدى. 17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئورنىنى گوللاندىيە ئىگىلىدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، غەربىي ياۋروپادىكى مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر مۇستەملىكە تالىشىپ كەسكىن ئۇرۇش قىلدى. ئەينى چاغدا ھىندىستان بىلەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەر، غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى بىلەن شىمالىي ئامېرىكا،

شۆنىڭدەك ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىرغاقلىرى مۇستەملىكىچىلىك مەنپەئەت توقۇنۇشى يۈز بەرگەن ئاساسلىق رايونلار ئىدى. ئەنگلىيە بىلەن گوللاندىيە ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم (1652 ــ 1654 ـ يىلللىرى، 1665 ــ 1667 ـ يىللىرى، 1672 ــ 1674 ـ يىللىرى) مۇستەملىكە تالىشىش ئۇرۇشى يۈز بەردى. گوللاندىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەسلىگە كېلەلمىدى، ئەنگلىيە دېڭىزدا ۋە مۇستەملىكىلەردە زومىگەرلىك هوقۇقىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇستەملىكە تالىشىش كۈرىشى ئاستا ـ ئاستا كۈچىيىشكە باشلىدى.

## 4 ـ بۆلۈم ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرىشى

**ئافرىقا خەلقىنىڭ دەسلەپكى مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرىشى**

ئافرىقا خەلقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دۈشمىنى پورتۇگالىيەلىك مۇستەملىكىچىلەر ئىدى. 15 ـ ئەسىردىلا پورتۇگالىيەلىكلەر شەرققە ئۇدۇل بارغىلى بولىدىغان يېڭى دېڭىز يولىنى ئىزدەش جەريانىدا، ئافرىقىنىڭ غەربىدىكى دېڭىز بويلىرىدىكى بىر مۇنچە تايانچ پونكىتلارنى ئىسىۋالغانىدى، ئالايلۇق، گۋىنىيە، كونگو، ئانگولا قاتارلىق جايلارنىڭ دېڭىز بويلىرى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا داگاما قاتارلىقلار ئۇدۇل هىندىستانغا بارغىلى بولىدىغان يېڭى دېڭىز يولىنى ئاچقاندا، پورتۇگالىيەنىڭ مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىق هەرىكىتى غەربىي ئافرىقىدىن يەنە شەرقىي ئافرىقىغا قاراپ يۆتكەلگەنىدى. ئافرىقىدىكى غەربىي سۇدان خەلقى پورتۇگالىيەگە قارشى ئۇزۇن مۇددەت باتۇرلۇق

بىلەن كۆرەش قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇققا بېرىش يولىنى قامال قىلدى، نەتىجىدە پورتۇگالىيە مۇستەملىكە ئېلىش چاڭگىلىنى 16 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە غەربىي سۇداننىڭ مەركىزىي تىمبۇكتۇغا يەتكۈزەلمەي، پەقەت دېڭىز بويىدىكى بىر نەچچە تايانچ پونكىتلارنىلا ئىشغال قىلغانىدى. 1506 ـ يىلى پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى شەرقىي ئافرىقىدىكى سومالىنىڭ دېڭىز بويىدىكى براۋانى بېسىۋېلىپ، مەزكۇر جايدا ۋەھشىيلەرچە كۆيدۈرۈش، قىرغىن قىلىش ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى، يەرلىك 6000 نەپەر سومالىلىق قوراللىق قايتۇرما زەربە بېرىپ 100 دىن ئارتۇق تاجاۋۇزچىنى ئۆلتۈردى ۋە يارىلاندۇردى.

1510 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئۈمىد تۇمشۇقى رايونىدا ياشايدىغان خوتتېنتوت خەلقى پاراكەندىچىلىك سالغىلى كەلگەن پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە ئەجەللىك زەربە بەردى. قۇل سودىسى ئافرىقا خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 1562 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك دېڭىز قاراقچىسى جون خاۋكىنس سېيرراليئون ئەتراپىدا قۇل بۇلىغاندا، يەرلىك خەلق تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. 17 ـ ئەسىردە، ئافرىقا خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرىشى تېز راۋاجلاندى. ئېفىئوپىيەدىكى پورتۇگالىيە موستەملىكىچىلىرىنىڭ ئۆكتەملىك قىلىپ ئېفىئوپىيەنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى، بولوپمۇ خىرىستوس دىنى جەمئىيىتى مىسسىيونېرلىرى بىلەن ئېفىئوپىيەلىك يۇقىرى تەبىقىدىكى بىر قىسىم ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈشى خەلقنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. بەزى جايلاردىكى خەلق ئاشكارا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، پورتۇگالىيەلىك مۇستەملىكىچىلەرنى چېگرادىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقاردى؛ قوزغىلاڭچىلار يەنە ھەر قانداق چەت ئەللىك چېگرادىن كىرگەن ھامان ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا پەرمان جاكارلاپ، بېكىنمىچىلىك

سىياسىتىنى 200 يۈز يىلدىن ئارتۇق قوغدىدى. بۇ مەزگىلدە فىرانسىيە ئېفىئوپىيە بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ھېچقانداق چەت ئەللىك ئېفىئوپىيەگە كىرمىدى. ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ئەرەبلەر پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى كۆرەشنى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتۇردى. مومباسا شەھىرىنىڭ پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى تەيىنلىگەن ئىمامى يۈسۈف بىن ئەھمەد پورتۇگالىيەلىكلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، 1631 ـ يىلى قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلدى. ئۇلار مۇستەملىكىچىلەر تۇرۇشلۇق «خىرىستوس» قورغىنىغا باستۇرۇپ كىرىپ، مومباسانى قوغداش ئۈچۈن ياسالغان چېركاۋ ۋە ئىستىھكاملارنى ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋېلىپ، نۇرغۇن مۇستەملىكىچىگە ئۆلۈم جازاسى بەردى، پېمبا ئارىلى ۋە دېڭىز بويىدىكى باشقا شەھەر ـ بازارلاردىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. ئۇزاق مەزگىل قايتا ـ قايتا كۆرەش قىلىش ئارقىلىق 1698 ـ يىلىغا كەلگەندە پورتۇگالىيەلىكلەر ئاخىر مومباساتىن قوغلاپ چىقىرىلدى، 1669 ـ يىلى رۇۋۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى مۇستەملىكىچىلەر پۈتۈنلەي قوغلىۋېتىلدى. پورتۇگالىيەنىڭ شەرقىي ئافرىقىغا مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا خاتىمە بېرىلدى.

ئافرىقىنىڭ غەربىي دېڭىز بويىدىكى ئانگولا (كونگونىڭ جەنۇبىي قىسمى) 1565 ـ يىلىدىن كېيىن مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلانغانىدى، 1589 ـ يىلى پورتۇگالىيەلىكلەر تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئانگولانىڭ ئايال پادىشاھى ئانىنازىنگانىڭ رەھبەرلىكىدە پورتۇگالىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، ئانگولا دۆلىتى بىر مەھەل ئەسلىگە كېلىپ، تېررىتورىيەسى كېڭەيدى. 1671 ـ يىلىغا كەلگەندە پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئۇنى قايتا

ئىشغال قىلدى. كونگو 1665 ـ يىلى كەسكىن كۆرەشلەر ئارقىلىق پورتۇگالىيەدىن ئايرىلىش خىتابنامىسىنى جاكارلاپ، مۇستەقىل بولدى، كونگونىڭ پادىشاھى ئانتونئو I كاتولىك دىنىدىن ۋاز كېچىپ، قايتىدىن ئەجدادلىرىنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى كونگو پادىشاھى بىلەن زىددىيىتى بار يەرلىك بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، يېڭىباشتىن باستۇرۇپ كېلىپ، كونگو خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى باستۇردى. پورتۇگالىيە 6000 يەرلىك ئەسكەر ۋە ئىككى زەمبىرەكلىك 400 كىشىلىك پورتۇگالىيە قوشۇنىنى توپلاپ كونگو خەلقىنى قىرغىن قىلدى. كۆپ قېتىم كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق كونگو پادىشاھى جەڭدە قازا قىلغان بولسىمۇ، پورتۇگالىيەنىڭمۇ كونگودىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مادارى يەتمىدى، كونگو خەلقى ئاخىر مۇستەملىكىچى قوشۇنىنى پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقاردى.

فىرانسىيە مۇستەملىكىچى تاجاۋۇزچىلىرى ماداغاسقارنىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقىدىكى داۋفىن قورغىنىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، ئارقىدىنلا پۈتكۈل ئارالنى ئىشغال قىلدى. 1665 ـ يىلى فىرانسىيەنىڭ شەرقىي ھىندىستان شىركىتى مۇستەملىكىچىلەرنى تۈركۈملەپ يۆتكەپ كېلىپ، زورلۇق بىلەن سېلىق سالدى، ئىچكى جايلارغا سىڭىپ كىرىپ تاجاۋۇزچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلدى. ماداغاسقاردىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، دۈشمەنگە ئىتتىپاقلىشىپ تاقابىل تۇرۇپ، فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئاشلىق يۆتكەش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، 1674 ـ يىلى يېرىم ئارالنىڭ جەنۇبىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى تامامەن يوقىتىپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە ساقلاپ قالدى.

غەربىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز بويلىرى غەربىي ياۋروپا

مۇستەملىكىچى قاراقچىلىرى ئەڭ بۇرۇن قۇرۇقلۇققا چىقىپ مۇستەملىكە قىلىش، قۇل قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان رايوندۇر. بۇ يەردىكى خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش غەزىپى لاۋۇلداپ ياندى. غەربىي ئافرىقا خەلقى دۈشمەننىڭ قورغان ـ ئىستىھكاملىرى ۋە تايانچ پونكىتلىرىغا ئۈزۈكسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى يوقاتتى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، «ئالتۇن قىرغاق» تىكى ئۇزۇنلۇقى 500 كىلومېتىر كېلىدىغان لىنىيەدە 17 ـ ئەسىردە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئافرىقا خەلقى ۋەيران قىلىۋەتكەن قورغان ـ ئىستىھكاملىرى ۋە تاجاۋۇزچىلىق تايانچ پونكىتلىرى تۆۋەندىكىچە: ۋىننېبا (1663 ـ يىلى ياكى 1679 ـ يىلى)، كورمېندا (1688 ـ يىلى) «خرىستوس» قورغىنى (1693 ـ يىلى)، ئورانگېر قاتارلىقلار. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى كورمېندا (ئېلمىنا ئەتراپىدا) دىكى بىر تاغدا ئالتۇن كېنى قازغاندى، كورمېندا خەلقى قولىغا قورال ئېلىپ، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ كان ئېچىشىنى چەكلىدى. گوللاندىيەلىكلەر 5000 فوندستېرلىڭغا ئېلمىنادىن نۇرغۇن ياللانما قوشۇننى ئالداپ سېتىۋېلىپ باستۇرۇشقا كەلگەندە، كورمېندا خەلقى ئەتراپىدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ دۈشمەنگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، گوللاندىيەلىك مۇستەملىكىچى قاراقچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ياللانما قوشۇنىنى تامامەن تارمار قىلدى.

**ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئانلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرىشى** ئامېرىكا قىتئەسىدە ئالدى بىلەن مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى كۈرەش قوزغىغانلار غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدىكى ئىندىئانلاردۇر. 1493 ـ يىلى 11 ـ ئايدا كولومبو قاتارلىق كىشىلەر تۇنجى قېتىم مونتسېرراتو ئارىلى بىلەن ئانتىگۇا ئارىلىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، «كاربىلىقلار» نى تۇتۇپ قايتقاندا ئىندىئانلار قېيىق كېلىپ ئۇلارنى توسۇۋالغاندى. ئەينى چاغدا مۇستەملىكىچى ئەسكەر 25 نەپەر،

ئىندىئانلار پەقەت ئالتىلا ئادەم ئىدى. مىلتىق، زەمبىرەكلىك تاجاۋۇزچىلار ئالدىدا ئىندىئانلار قىلچە قورقماي، ئۇلارغا قەھرىمانلىق بىلەن زەربە بەردى. ئۇلار ئوقيا ـ نەيزىلەر بىلەن جەڭ قىلىپ، مۇستەملىكىچى قاراقچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ناھايىتى ئېغىر يارىلاندۇردى.

ھايتى ئارىلىنىڭ تارىخى ــ ئىندىئانلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۇرىشىنىڭ قانلىق خاتىرىسىدۇر. ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى ماگۇئاناغا بېسىپ كىرگەندە، قەبىلە باشلىقى كائونابو مۇستەملىكىچىلەرنىڭ بارلىق تەلىپىنى رەت قىلدى، ئۇلارغا ئالتۇن بەرمىدى، ئۇلارنىڭ ئۆز زېمىنىدا بارگاھ قۇرۇپ جايلىشىشىغىمۇ رۇخسەت قىلمىدى، ماگۇئانا قەبىلىسىلىكلەر باشقا ئۈچ قەبىلە باشلىقىنىڭ باشلامچىلىقىدا ھەممەيلەن تاجاۋۇزچىلار تەرىپىدىن قىرىلىپ تۈگىگۈچە قان كېچىپ جەڭ قىلدى.

1511 ـ يىلى ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى كۇباغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، ئوخشاشلا ئىندىئانلارنىڭ قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ئۇچرىدى. قەبىلە باشلىقى ئادوئو جانلىق ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىسپانىيەلىك قاراقچى مۇستەملىكىچى بىلاسكىسنى قورغىنى ئىچىدە ئۈچ ئاي مۇھاسىرىگە ئالدى. كېيىن بىر ئىندىئانىڭ ساتقىنلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن ئادوئو تۇتۇلۇپ قالدى، ئۇ ئالتۇن كۆمۈلگەن جاينى ئېيتىپ بېرىشنى رەت قىلغانلىقتىن، مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. 1512 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئادوئو كۆيدۈرۈلۈش ئالدىدا ئىسپانىيەلىك پوپ بىر ياغاچ كىرېستنى ئادوئونىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ، «جەننەتكە كىرىش» ئۈچۈن، خىرىستىئان دىنىنىڭ ئادىتى بويىچە چوقۇندۇرۇشنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغاندا، ئادوئو مەسخىرە تەلەپپۇزىدا: «ئەگەر كاتولىك مۇرىتلىرى جەننەتكە

كىرسە، مەن بۇنداق جەننەتكە كىرمەيمەن، مەن كاتولىك مۇرتلىرىدەك ئۇنداق رەھىمسىز تىپلىرىنى يەنە ئۇچرىتىپ قېلىشنى خالىمايمەن، ئۇلار ئىندىئانلارنى ئۆلتۈردى، ئىندىئانلارنى قۇل بولۇشقا مەجبۇرلىدى» دېگەن. ئادوئۇنىڭ باش ئەگمىگەنلىكى ئىندىئانلارنىڭ قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىش روھىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

1519 — 1521 - يىللىرىدىكى تېنوچىتتىتلاننى قوغداش جېڭى ئىندىئانلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ بىر يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدۇ. ئازتېكلار قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق مۇستەملىكىچى - لەرنىڭ مەغلۇپ بولۇپ تېنوچىتتىتلان شەھىرىدىن قېچىشقا مەجبۇر قىلدى (ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان 1520 - يىلى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كېچىسىنى «قايغۇ - ھەسرەت كېچىسى» دەپ ئاتىغان). بىر يىلدىن كېيىن ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى يېڭىباشتىن باستۇرۇپ كەلگەندە، شەھەردىكى ئازتېكلار كىۋۋرتموكنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۈچ ئاي قارشىلىق كۆرسەتتى، تاجاۋۇزچىلار ھەر كۈنى كۆلنىڭ بويىدىكى تاش ياتقۇزۇلغان يولنى بويلاپ ئۈچ تارامغا بۆلۈنۈپ تېنوچىتتىتلانغا ھۇجۇم قىلاتتى، لېكىن قاراڭغۇ چۈشكەن ھامان ئازتېكلار قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان يەرلىرىنى تارتىۋالاتتى. شەھەردە سۇ ۋە ئاشلىق تۈگەپ، كېسەللىك يامراپ، مىڭلىغان ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن مۇشكۇل ئەھۋالدىمۇ، دەرەخ قوۋزاقلىرى بىلەن ئاچلىقنى بېسىپ كېلىۋاتقان ئىندىئانلار قىلچە بوشاشماستىن بىرسىمۇ تەسلىم بولمىدى، ھەتتا 1521 - يىلى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شەھەر دەرۋازىسى ئېچىلغاندىن كېيىنمۇ ئازتېكلار يەنىلا جان تىكىپ كوچا ئۇرۇشى قىلدى. شەھەر قولدىن كېتىپ، شەھەرنىڭ ئالتىدىن بەش قىسمىنى تاجاۋۇزچىلار ۋەيران قىلىۋەتتى، مۇتلەق كۆپ سانلىق ئازتېكلار قۇربان بولدى. ئازتېكلارنىڭ داھىيسى ئاۋرتموك ئەسىرگە

www.uyghurkitap.com

چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن ـ قىستاقتا ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، «مونتېزۇما خەزىنىسى» نىڭ قەيەردىلىكىنى ئېيتىپ بەرمىدى. گەرچە مۇستەملىكىچىلەر بۇ شىجائەتلىك مىللىي قەھرىماننى دارغا ئاسقان بولسىمۇ، بىراق مۇستەملىكىچىلەرنىڭ زوراۋانلىقى مېكسىكا خەلقىنى قىلچە قورقۇتالمىدى، ئۇلار ھەر قايسى جايلاردا داۋاملىق كۆرەش قىلدى. 1524 ـ يىلى، 1541 ـ يىلى، 1546 ـ يىلى ۋە 1559 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كۆپ قېتىم كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

1531 ــ 1533 ـ يىللىرى پېرۇ (قەدىمكى ئىنكا دۆلىتى) مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئىنكالارمۇ مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى كۆرەشنى قەيسەرلىك بىلەن قانات يايدۇردى. پېرۇنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى مەشھۇر ئاتامان رۇمىنياۋى 12 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇن تەشكىللەپ «ساقاللىقلار» (ئىسپانىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ)غا قارشىلىق كۆرسەتتى. كېيىن خائىننىڭ ساتقىنلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن رۇمىنياۋى تۇتۇلۇپ قالدى، مۇستەملىكىچىلەر دەھشەتلىك جازالاش ئارقىلىق، ئۇنى كىتو ئىبادەتخانىسىنىڭ ئورنى ۋە باشقا ئاتامانلار تۇرۇشلۇق جايلارنى ئېيتىپ بېرىشكە قىستىغاندا، ئۇ بەزىدە پىسەنت قىلمىدى، بەزىدە ئىسپانىيەلىكلەرنى كولدۇرلىتىپ، قەستەن يىراق جايلارنى كۆرسىتىپ قويدى. 1535 ـ يىلى مىللىي قەھرىمان رومىنياۋىغا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش جازاسى بېرىلىپ، مەردانىلىك بىلەن قۇربان بولدى. 1536 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئىنكالار خان جەمەتىدىن بولغان مانكۇرنىڭ رەھبەرلىكىدە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى داغدۇغىلىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. مانكور ئېگىزلىك ئەتراپلىرىدا 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تايانچ پونكىتى بولغان كۇزكو شەھىرىنى ئالتە ئايدىن ئارتۇق مۇھاسىرىگە ئالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پېرۇنىڭ ھەر قايسى

جايلىرىدىمۇ قوزغىلاڭ پارتلىدى، ئەينى چاغدا ئىسپانىيەنىڭ پېرۇدىكى باش ۋالىيسى پىسارو قورقۇپ كېتىپ، لىما شەھىرىگە كىرىۋېلىپ، جەڭگە چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. يىل ئاخىرىدا مۇستەملىكىچىلەر چىلىدىن نۇرغۇن ياردەمچى قوشۇن يۆتكەپ كېلىپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى ھۇجۇم قىلىش ئىنتايىن قىيىن بولغان «بۇركۇت ئۇۋىسى» — ۋىركابانىباغا چېكىنىپ، تاجاۋۇزچىلارغا پارتىزانلىق ئۇرۇش تاكتىكىسى بىلەن ئۈزلۈكسىز زەربە بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. بۇ چاغدا ئىنكالار ئىچىدە نۇرغۇن كىشى ياۋروپالىقلارنىڭ قالقىنى، دۆلەتنى ئىلگىرىكىدەك قۇدرەتلىك قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇ ۋاقىتتا مانكو قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى «ئۇلۇغ ئىنكا» نىڭ ياش شاھزادىسى تۇپاك ئامارۇ ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىنكا خەلقىنىڭ داۋاملىق كۈرەش قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلدى. ئىنتايىن جاپالىق شارائىتتا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى بارلىق ئامال — چارىلەرنى قوللىنىپ ئىسپانىيە ئىشغالىيىتىدىكى رايونلاردىن ئىنكالار ئېھتىياجلىق بولغان قورال — ياراغلارنى ئۈزلۈكسىز يۆتكەپ كەلدى. 1572 — يىلى مۇستەملىكىچىلەر قوشۇنى ئىنكالارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قورغىنى — ۋىركابانىبانى ئىشغال قىلغانغا قەدەر، ئىنكالار 35 يىل كۈرەش قىلدى.

لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەشتە مۇستەملىكىچىلەرگە ئەڭ زور زەربە بېرىپ، ئۇلارغا ئەڭ قاتتىق تەسىر كۆرسەتكىنى چىلىنىڭ ئوتتۇرا، جەنۇب قىسمىدىكى ئىندىئانلاردىن ئاروگانلارنىڭ كۈرىشىدۇر.

1541 — يىلى 2 — ئايدا، ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ كاتتىبېشى پىسارونىڭ قول ئاستىدىكى سەردارى ۋاردىۋىيا چىلىدا تۇنجى مۇستەملىكە شەھەر سايىنت ياگونى بىنا قىلدى، ئۇ چىلىدا تۇرۇشلۇق ھەربىي باش ۋالىي بولدى. 1541 — يىلى 9 — ئايدا ئىندىئانلار قەبىلە باشلىقى مىچىمالۇنكونىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۇزاق ئۆتمەي مەغلۇپ بولدى. 1553 — يىلى

www.uyghurkitap.com

ئالاۋگاتلارنىڭ ياش داھىيسى لاۋتارو قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، تاجاۋۇزچىلار قوشۇنىنى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. ھەمدە مۇستەملىكىچى تاجاۋۇزچىلارنىڭ كاتتىبېشى ۋالدىۋىيانى تىرىك قولغا چۈشۈردى. لاۋتارو ئۇنىڭغا: «سىلەر بىزنىڭ بۇ يەرگە ئالتۇن بۇلىغىلى كەلگەن. ھازىر سىنىڭ ئارزۇيۇڭنى قاندۇرىمەن، سەن ئېھتىياجلىق بولغان ئالتۇننىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىمەن» دېدى، ئۇلار ئالتۇن ئېرىتمىسىنى بۇ قاراقچىنىڭ گېلىغا قۇيۇپ، قاراقچىنىڭ ئارزۇسىنى تولۇق «قاندۇرۇپ»، ئۇنىڭغا تېگىشلىك جازا بەردى. ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قورغان سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئالاۋگاتلار چېگراسىدا بىر قاتار قورغان ـ ئىستىھكاملارنى قۇرۇپ، ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىلەپ ئاروگانلارنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىشقا ئۇرۇندى. بىراق ئالاۋگاتلار تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك قوراللىق كۈرەش قوزغىدى. 1557 ـ يىلى 4 ـ ئايدا بەختكە قارشى لاۋتارو دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدا يارىلىنىپ قۇربان بولدى. 1557 ـ يىلى قىشتا، يەنە بىر داھىي كاپولىكان ئالاۋگاتلارغا قوماندانلىق قىلىپ ياردەمگە كەلگەن مۇستەملىكىچىلەر قوشۇنىغا قارشى قان كېچىپ جەڭ قىلدى، بىر يىلدىن كېيىن، كانىت شەھىرى ئەتراپىدىكى جىلغىدا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىسپانىيە قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، كاپولىكان ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. ياۋۇز مۇستەملىكىچىلەر مەيداندا بىر سۇپا ياساپ، ئۇنىڭغا ئۇچى ئۇچلۇق ياغاچ قوزۇقتىن بىرنى ئورنىتىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ داھىيسى كاپولىكانىنى مەجبۇرىي قوزۇقتا ئولتۇرغۇزدى، يەرلىك ئاھالىلەرنى كاپولىكانىنى ئوقيا ئېتىپ ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇرلىدى. بۇنداق قەبىھلىكتىن چ «مۇستەملىكە مەدەنىيىتى» باتۇر ئالاۋگاتلانى قورقۇتالمىدى. 1602 ـ يىلى ئالاۋگاتلار كۆلىمى تېخىمۇ زور بولغان قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىنى قانات يايدۇرۇپ، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ

نۇرغۇن تايانچ پونكىتلىرىنى ۋەيران قىلىپ، چىلىنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسمىدىكى كەڭ رايونلارنى ئازاد قىلدى، مۇستەملىكىچىلەرنى بىئو ـ بىئو دەرياسىنىڭ شىمالىدا توسۇۋالدى. 1612 ـ يىلى ئىككى تەرەپ كېلىشىم تۈزۈپ بىئو ـ بىئو دەرياسىنى چېگرا قىلىپ، دەريانىڭ جەنۇبى پۈتۈنلەي ئالاۋكاتلارنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇشىنى بېكىتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇستەملىكىچىلەرنىڭ كۆپ قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىقى پۈتۈنلەي تارمار قىلىندى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بىرازىلىيەدە 1572 ـ يىلى ئىندىئانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكتىن «يەتتە يىللىق ئۇرۇش» يۈز بەردى؛ شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى يېڭى ئېنگلاند (ئا ق ش نىڭ شەرقىي شىمال قىسمى) دىكى ھەر قايسى ئىندىئان قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ زېمىنلىرىنى قوغداش ئۈچۈن، 1675 ـ يىلىدىن 1676 ـ يىلىغىچە قەيسەرلىك بىلەن قوراللىق كۈرەش قىلدى.

ئامېرىكا قىتئەسىدىكى نېگىرلارمۇ 16 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرگىچە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆپ قېتىم قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. مەسىلەن، 1522 ـ يىلىدىكى سانتودومىنگو قوزغىلىڭى، كۇبادا 1533 ـ يىلى، 1537 ـ يىلى ۋە 1548 ـ يىللىرى كۆتۈرۈلگەن نېگىر قۇللار ئىسيانى، 1550 ـ يىلىدىكى پېرۇ قوزغىلىڭى. بىرازىلىيەدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن نېگىر قۇللار 1603 ـ يىلى «بارمېس نېگىرلار جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇپ، كۈرەشنى 1697 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتۇردى. 1639 ـ يىلى ساينت ـ كرىستوف ئارىلىنىڭ فىرانسىيەگە تەۋە رايونىدا 60 نەچچە نېگىر قۇل تاغقا قېچىپ بېرىپ، تىك يار، چوڭقۇر ھاڭلارغا تايىنىپ قورشاپ يوقىتىشقا كەلگەن 500 دىن ئارتۇق فىرانسىيە ئەسكەرلىرى بىلەن ئۆلۈپ تۈگىگۈچە قانلىق جەڭ قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا 1655 ـ يىلىدىكى ياماىكالىق قاچقۇن نېگىر قۇللار قوزغىلىڭى، 1674 ـ يىلىدىكى بابادوس ئارىلىدىكى قوزغىلاڭ، 1679 ـ يىلىدىكى

ھايتى نېگىرلىرى قوزغىلىڭى قاتارلىقلار نېگىرلارنىڭ قانداقتۇر «تۇغما ئىتائەتچان قۇللار» ئەمەسلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. نېگىرلارنىڭ كۈرىشى ئىندىئانلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بىلەن ئۆزئارا بىرلىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەممىشە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئىسپانىيە، پورتۇگالىيەنىڭ ئەكسىيەتچىل مۇستەملىكىچى دائىرىلىرى ۋاستىلىرىنى ئۆزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلدى. ئىندىئانلار بىلەن نېگىرلارنىڭ 16 - ئەسىردىن 17 - ئەسىرگىچە قەيسەرلىك بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇزاق مۇددەتلىك قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى 18 - ۋە 19 - ئەسىرلەردىكى كۈرەشلىرى ئۈچۈن تەجرىبە - ساۋاق توپلاپ بەردى.

**ئاسىيا خەلقىنىڭ غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى كۈرىشى** ئاسىيا خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرىشى دەسلەپتە ئاساسلىق پورتۇگالىيە ۋە ئىسپانىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بېرىش بولدى.

ھىندىستان خەلقىنىڭ پورتۇگالىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى 60 نەچچە يىل داۋاملاشتۇرغان كالىكۇت دېڭىز ئۇرۇشى ئاسىيا خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى دەسلەپكى كۈرەش تارىخىنىڭ بىر پارلاق سەھىپىسىدۇر. 1503 - يىلى داگاما ھىندىستاننىڭ باش بۇغىلىق سالاھىيىتى بىلەن 20 جەڭ كېمىسىنى باشلاپ ھىندىستاننىڭ كورچىن دېڭىزغا كەلگەندە ھىندىستاننىڭ كېمىلىرى ۋە شەھەر - بازارلىرىنى توپقا تۇتتى. بۇ چاغدا ھىندىستاننىڭ كالىكۇت فىلوتىنىڭ كېمىلىرى گەرچە كىچىك، ئوت كۈچى ناچار بولسىمۇ، ئەمما ماتروسلار دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئاخىر داگامانىڭ بۇ قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىقىنى مەغلۇپ قىلدى. 1506 - يىلى پورتۇگالىيە يەنە بىر قېتىم تاجاۋۇز قىلدى، مۇستەملىكىچىلەر ئادەن قولتۇقىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى

سۇقۇترا ئارىلى بىلەن ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال دېڭىز قىرغىقىدىكى دىيۇپورتىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، 1507 ـ يىلى يەنە ھىندىستاننىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىغا تاجاۋۇز قىلدى. بۇ قېتىم ھىندىستاننىڭ كالىكۇت فىلوتى مىسىر فىلوتى بىلەن بىرلىشىپ جەڭ قىلدى، ئىككى كۈن كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق پورتۇگالىيەنىڭ قوماندانلىق كېمىسىگە توپ ئوقى تەگكۈزدى، پورتۇگالىيە قوشۇنىنىڭ قوماندانى دالمېدامۇ ئۆلدى. 1509 ـ يىلى پورتۇگالىيە فىلوتى يەنە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى، پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھىندىستاننىڭ كالىكۇت فىلوتى بىلەن مىسىر فلوتى ئوتتۇرىسىدا ئارازچىلىق تۇغدۇردى، نەتىجىدە پورتۇگالىيە قوشۇنى دىيۇ پورتى سىرتىدىكى دېڭىز ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىپ، ھىندىستاننىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىدىكى گوئانى ۋە شەرقىي دېڭىز قىرغىقىنىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالدى. 1528 ـ يىلى يەنە بىر قېتىملىق دېڭىز ئۇرۇشىدا ھىندىستان قوشۇنى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، دېڭىز ئارمىيە سەردارى قۇت ئەلى ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى، بىراق قۇت ئەلىنىڭ ئوغلى كۇنگالى ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، پورتۇگالىيەگە قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا داۋاملىق قوماندانلىق قىلدى. كۇنگالى قوماندانلىقىدىكى فىلوت 1569 ـ يىلى پورتۇگالىيەنىڭ 36 ئۇرۇش كېمىسىدىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە فىلوتىنى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى، پورتۇگالىيە فىلوتىنىڭ قوماندانى دىمتىران ئېغىر يارىلىنىپ ئۆلدى. كېيىن كۇنگالى يەنە دىيۇ دېڭىزىدا پورتۇگالىيەنىڭ يەنە بىر فىلوتىنى تارمار قىلدى، قاراقچى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ بەزىلىرى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، بەزىلىرى ئەسىر ئېلىندى. ھىندىستان خەلقى دېڭىزدا باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، پورتۇگالىيە قاراقچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى توسۇپ قېلىپ، مۇستەملىكىچىلەرنى پەقەت دېڭىز بويىدىكى بىر نەچچىلا تايانچ پونكىتىدا ئۇزاق مۇددەت تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر قىلدى.

بىرما خەلقى پورتۇگالىيە ۋە گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىرمىنىڭ مادوبا، دونسۇن قاتارلىق مۇھىم پورتلىرىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، سودا ۋە تاموژنا بېجىنى كونترول قىلىۋېلىپلا قالماي، يەنە خالىغىنىچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، تاجاۋۇزچىلىقىنى كېڭەيتتى. 1600 ـ يىلى پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنىنىڭ كاتتىبېشى پالىدو قاتارلىق كىشىلەر بىرمىنىڭ سىرىئام شەھىرىنى ئىشغال قىلدى، پورتۇگالىيە باش ۋالىيسى پالىدونى سىرىئامنىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەپ، مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، مەشھۇر شۋېتايكون ئىبادەتخانىسىنىڭ بىرونزا قوڭغۇرىقىنى ئېرىتىپ زەمبىرەك ياسىدى، يەنە بىرمىلىقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ھاقارەتلەپ، ئاھالىلەرنى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىدى. مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى بىرما خەلقىنىڭ كەڭ كۆلەملىك قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىنى قوزغىدى. بىرما پادىشاھى ئاناپىلون (1605 ـ 1628) نىڭ رەھبەرلىكىدە بىرما قوشۇنى سىرىئام شەھىرىنى 34 كۈن مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئاخىر ئۇنى قايتۇرۇۋېلىپ، پالىدوغا ئۆلۈم جازاسى بەردى، پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى قوغلاپ چىقاردى.

ئاناپىلون بىرما پادىشاھلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئەنگلىيە بىلەن گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكىچى كۈچلىرى قايتىدىن بىرمىغا كەلدى. 1619 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ سودا ۋەكىلى بىرمىغا يېتىپ كەلدى، 1627 ـ يىلى ئەنگلىيە، گوللاندىيەلەرنىڭ شەرقىي ھىندىستان شىركەتلىرى بىرمىدا شۆبە شىركەت قۇردى. بىرما خەلقى كۈرەشكە ئاتلىنىپ گوللاندىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنى شەرقىي بىرمىدىكى

ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى، مەركىزى شىركەتنىڭ بىرمىدىكى ۋاكالەتخانىسى 1666 ـ يىلى تاقالدى.
فىلىپپىن خەلقى ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلدى. 1521 ـ يىلى ماگېللان يەر شارىنى ئايلىنىش سەپىرىدە فىلىپپىنغا كېلىپ يەرلىك بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ ئىچكى نىزاسىغا ئارىلاشقان ھەمدە مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويغاندا، ماكتان ئارىلىدىكى قەبىلە داھىيىسى لاپۇلاپۇ ماگېللاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەندى. فىلىپپىن خەلقى ھازىرغىچە لاپۇلاپۇنى خاتىرىلەپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇنى ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى تۇرغان تۇنجى مىللىي قەھرىمانىمىز، دەپ ئاتايدۇ. ئىسپانىيە كۆپ قېتىم ئۇرۇش كېمىسى ئەترىتىنى ئەۋەتىپ فىلىپپىنى ئىشغال قىلدى، 1570 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەكسىيەتچىل ۋاكالىتەن باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، 1571 ـ يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن فىلىپپىن جەمئىي 267 ۋاكالىتەن باشقۇرۇش رايونى (بۇلارنىڭ ئىچىدە 31 رايون پادىشاھقا تەئەللۇق) غا بۆلۈندى. ئىسپانىيەنىڭ مۇستەملىكە ۋە قۇل قىلىشى تۈپەيلىدىن فىلىپپىنلىقلار ئىنتايىن ئازاب چەكتى. ئۇلار ئىسپانىيەگە قارشى كۆپ قېتىم قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. خەلقنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭلىرى ئىچىدە 1564 ـ يىلى ۋە 1587 ــ 1588 ـ يىللىرىدىكى مانىلا قوزغىلىڭى، 1596 ـ يىلىدىكى كاگاكىيىن قوزغىلىڭىنىڭ كۆلىمى چوڭراق بولدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىروسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئىگىزلىكتە ئىلوتىلارنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى. 1621 ــ 1622 ـ يىللىرى بوخول ئارىلى قاتارلىق جايلاردا بىرلا ۋاقىتتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. سىنئۇسايا بىلەن گىيائايانلاردىمۇ 1621 ـ يىلى ۋە 1625 ـ يىلى ئايرىم ـ ئايرىم قوزغىلاڭ پارتلىدى. 1649 ـ يىلى فىلىپپىننىڭ جەنۇبىدىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەردە ئومۇميۈزلۈك كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ

كۆتۈرۈلدى، 1660 ـ يىلى شىمالدىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەرمۇ ئىسپانىيەلىكلەرگە قارشى قوزغىلاڭ دولقۇنىغا قوشۇلدى. قەھرىمانلىق بىلەن قىلىنغان كۆرەش ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى ئەكسىيەتچىل «ۋاكالىتەن باشقۇرۇش تۈزۈمى» دىن ۋاز كېچىپ، مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دائىرىسىنى پەقەت مانىلا، دېڭىز بويى رايونلىرى ۋە بەزى ئاراللار بىلەنلا چەكلەشكە مەجبۇر قىلدى.

ھىندونېزىيە خەلقىمۇ پورتۇگالىيە ۋە گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلدى. 1621 ـ يىلى، باندا ئارىلىدىكى خەلق گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ خۇش پۇراق ماتېرىياللارنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل تەدبىرىدىن نارازى بولۇپ گوللاندىيەگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەسىرگە چۈشكەن 800 نەپەر قوزغىلاڭچى قۇل قىلىندى، 2500 ئادەم ئاچ قالدۇرۇلۇپ ئۆلتۈرۈلدى، باندا ئارىلىدىكى ھەممە يەر مۇسادىرە قىلىنىپ، گوللاندىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. 10 مىڭ نەپەر يەرلىك ئاھالە ئېكىنزارلىقتا ئىشلەيدىغان قۇللارغا ئايلاندۇرۇلدى. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ۋەھشىيلەرچە ئېزىشى خەلقنىڭ تېخىمۇ قارشىلىقىنى قوزغىدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئامبون، پالېمباڭ، بېڭكاسى ۋە مولۇككا قاتارلىق جايلاردا قارشىلىق كۆرسىتىش كۆرەشلىرى ۋە قوراللىق قوزغىلاڭلار ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ھىندونېزىيەنىڭ پەقەت مالۇككا، تىمور، باندا، ئامبون، باتاۋىيە قاتارلىق جايلارنىڭ بىر قىسمىغىلا ئىگىدارلىق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ھىندونېزىيەنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم زېمىنى يەنىلا يەرلىكنىڭ ئىلكىدە بولدى.

دەسلەپكى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۆرەشنىڭ ئالاھىدىلىكى، مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى

تۇرۇش، مىللىي مۇستەقىللىقنى قوغداشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغانىدى. گەرچە ئەينى چاغدا ھەر قايسى دۆلەتلەر ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتە بۆلۈنمە ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقى، تەشكىللىنىشى يېتەرلىك بولمىغانلىقى، ھەر قايسى جايلاردىكى كۈرەشنىڭ كۆلىمى كىچىك، يەككە ـ يېگانە، تارقاق ئېلىپ بېرىلغانلىقى، شۇنىڭدەك قورال ـ ياراغ جەھەتتە مۇستەملىكىچىلەرگە سېلىشتۇرغاندا پەرق بەك چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى خەلقنىڭ مۇستەقىللىقنى قوغداش ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىش رەھىنى تولۇق نامايان قىلىپ، مىللىي ئازادلىق كۈرەش تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى.

ئاسىيا، ئافرىقا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى ئاز سانلىق دۆلەتلەر، ئالايلۇق، ئېفىئوپىيە، كونگو، ماداغاسقار ۋە ئافرىقىنىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقىدىكى جايلار تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، قاراقچى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ھۇجۇملىرىنى مەغلۇپ قىلىپ ھەمدە ئۇلارنى دۆلەتنىڭ تېررىتورىيەسىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداپ قالدى. يەنە بەزى دۆلەتلەر، ئالايلۇق، مېكسىكا، پېرۇ، غەربىي سۇدان، بىرما قاتارلىقلار مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىشىنى بىر مەزگىل توسۇپ قېلىپ، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئىشغال قىلىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپ، مۇستەملىكىچى تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھەيۋىسىگە قاتتىق زەربە بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

## توققۇزىنچى باب

# ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى — ياۋروپادا يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيەنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەلسەپە، تەبىئىي پەن ۋە سىياسەتشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، پېداگوگىكا قاتارلىقلار ساھەسىدە قانات يايدۇرغان بىر مەيدان يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئىنقىلابىي ھەرىكەتتۇر. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى — كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ بىخلىنىشىنى ئالدىنقى شەرت، فېئوداللىق، دىنىي جەمئىيەتكە قارشى كۈرەشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان. ئېنگېلس باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ، ئىنسانىيەت ئىلگىرى باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغان بىر قېتىملىق ئەڭ ئۇلۇغ، ئىلغار ئۆزگىرىشتۇر.»①

14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن دەۋر ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرى مەدەنىيەتنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىدىن يېقىنقى زامان مەدەنىيىتىگە قاراپ تەرەققىي قىلغان ئۆتكۈنچى دەۋرنى كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ئىتالىيەدىن باشلىنىپ، غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەردە گۈللەنگەن، شەرقىي ياۋروپا بىلەن شىمالىي ياۋروپاغا تارقالغان.

---

① ئېنگېلس: «تەبىئىي دىيالېكتىكا»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 4 ـ توم، 261 ـ بەت.

# 1 ـ بۆلۈم ئىتالىيەدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى

## 1. ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

**ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ سەۋەبى ۋە شەرتى**

دەسلەپكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىتالىيەدە پەيدا بولۇشىدا، ئىتالىيەدە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالدىنقى شەرت ھازىرلانغان، سىياسىي ۋە سىنىپىي ئاساسقا ئىگە بولغان، ئاممىۋى كۈرەش تۈرتكە بولغان، شۇنداقلا مەدەنىيەت جەھەتتە ئالاھىدە شارائىت ھازىرلانغانىدى.

ئىتالىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە كاپىتالىزمنىڭ بىخلىنىشى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىنى ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ ئىتالىيەدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. ئىتالىيە ئوتتۇرا دېڭىز بويىغا جايلاشقان، نۇرغۇن مۇھىم شەھەرلىرى، ئالايلۇق، فلورېنسا، ۋېنېتسىيە، ژېنوۋا، مىلان، پولېنئا، رىم قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى غەربىي ياۋروپا بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى سودا مەركەزلىرى بولۇپ، سودا ـ سانائەت ناھايىتى تەرەققىي قىلغانىدى. 14 ـ ۋە 15 ـ ئەسىرلەردە، ئىتالىيەدە كاپىتالىستىك ئاددىي ھەمكارلىق ۋە قول سانائەت ئىشخانىلىرى، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان سودا ـ سانائەت كاپىتالىستلىرى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ياللانما ئىشچىلار بارلىققا كەلدى. فلورېنسا ئىتالىيە بويىچە ئەڭ چوڭ قول سانائەت مەركىزى بولۇپ قالدى، فلورېنسادا 1338 ـ يىلى يۇڭ توقۇلما ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 200 دىن ئارتۇق قول سانائەت ئىشخانىسى (ئاساسەن تارقاق تىپلىق)

بولۇپ، ئۇلار بىر يىلدا ئون نەچچە مىڭ توپ مۇۋۇت توقۇيتتى. 14 ـ ئەسىردە مەزكۇر شەھەردە ئىشلەپچىقىرىلغان زەر تۇتۇلغان كىمخابنىڭ غەربىي ياۋروپا بىلەن ئوتتۇرا شەرقنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بازىرى ئىتتىك ئىدى، ئۇنىڭ شۆھرىتى جۇڭگو يىپەكلىرىدىنلا كېيىن تۇراتتى. فلورېنسانىڭ بانكا كەسپى ۋە يىپەك توقۇمىچىلىق كەسپى پۈتكۈل ياۋروپا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى①. بۇنىڭدىن باشقا، يۇڭ توقۇمىچىلىق، رەختچىلىك، كۆنچىلىك، پۇلچىلىق ۋە تېبابەتچىلىك، ئادۋوكاتلىق كەسپلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ئالتە چوڭ كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، فلورېنسانىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى كونترول قىلىۋالغانىدى. يۇقىرىدىكى ئالتە چوڭ كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىغا تەۋە دۇكان ـ ماگىزىن ۋە قول سانائەت ئىشخانىلىرى كاپىتالىستىك خاراكتېرىنى ئالغان كارخانىلار ئىدى. فلورېنسا شەھىرىدە ئەمگەك كۈچىنى ساتىدىغان ياللانما ئىشچىلار شەھەر ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيتتى. ۋېنېتسىيە شەھىرى روناق تېپىپ، ئاھالىسى تەخمىنەن 200 مىڭغا يەتكەنىدى. 15 ـ ئەسىردە 10 تونىلىقتىن چوڭ بولغان چوڭ ـ كىچىك كېمىدىن 3300 نەچچىسى بار بولۇپ، دېڭىزچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 36 مىڭدىن ئاشاتتى. ۋېنېتسىيەنىڭ سودا كېمىلىرى ۋە كېمە كارۋانلىرى ئوتتۇرا دېڭىزدا تەرەپ ـ تەرەپكە قاتناپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ تاۋارلىرىنى توشۇپ، غەربىي ياۋروپا، ۋىزانتىيە، كىچىك ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق جايلاردا كۆپلەپ سودا قىلىدىغان بولۇپ، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىسمىنى يالغۇز كونترول قىلىشنى ئاساسەن قولغا كەلتۈرۈۋالغانىدى. قول سانائەت جەھەتتە، ۋېنېتسىيەنىڭ كېمىسازلىق زاۋۇتى ھەر يىلى 1000 دىن ئارتۇق كېمە ياسايتتى. ئۇنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىقى ۋە

① 1338 ـ يىلى فلورېنسادا 70 نەچچە چوڭ ـ كىچىك بانكا بار ئىدى.

ئەينەك ياساش كەسىپىمۇ پۈتۈن ياۋروپاغا مەشھۇر ئىدى. ئىتالىيەنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدىكى سودا سارايلىرى غەربىي ياۋروپادىكى بەزى دۆلەت ۋە رايونلاردا ھەممىشە پاپا ئوردىسى ئۈچۈن باج يىغىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولاتتى، بانكا جازانىخورلۇق پائالىيىتى پۈتكۈل ياۋروپانى قاپلىغانىدى.

ئىتالىيەدىكى بىر قىسىم تەرەققىي قىلغان شەھەرلەردە كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇرژۇئازىيە، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە ياللانما ئىشچىلار سىنىپىنىڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى بىر قاتار كۆرەشلىرى يۈز بەردى. كۆرەشنىڭ نەتىجىسىدە بىر قىسىم شەھەرلەردە ھاكىمىيەتنى بۇرژۇئازىيەنىڭ يۇقىرى تەبىقىسى ھېسابلىنىدىغان چوڭ بانكىرلار، كارخانا غوجايىنلىرى، چوڭ سودىگەرلەر ئىگىلىۋالدى. شىمالىي ئىتالىيەدىكى ئايرىم شەھەرلەردە، ئالايلۇق، فلورېنسا، ۋېنېتسىيە قاتارلىق شەھەرلەردە «شەھەر جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلدى. فلورېنسانى مىسالغا ئالساق، 1282 ـ يىلى رىتسار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ شەھەر ھاكىمىيىتىنى مونوپول قىلىۋېلىشىغا خاتىمە بېرىلىپ، ھاكىمىيەتنى ھەر قايسى كەسىپداشلار ئۇيۇشمىلىرى تەيىنلىگەن «پېشۋالار» ئىلكىگە ئالدى. 1292 ـ يىلى «ئادىل قانۇن» دەپ ئاتالغان ئاساسىي قانۇن بېكىتىلىپ، ئالتە چوڭ كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھاكىمىيەتنى كونترول قىلىشى كۈچەيتىلدى، پېشۋالار يىغىنىنىڭ باشلىقى «ئادالەت بايراقلىرى» دەپ ئاتالدى. شەھەر ھاكىمىيىتىنى كەسىپداشلار ئۇيۇشمىلىرى ئىگىلىدى، يەنى ئۇنىڭغا شەكىللىنىش جەريانىدا تۇرۇۋاتقان، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلدى. بۇنداق ھاكىمىيەت بۇرژۇئازىيەنىڭ فېئوداللىققا، دىنىي جەمئىيەتكە قارشى كۈرىشىنى قوللىدى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتىنىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قوغدىدى ۋە

www.uyghurkitap.com

قوللىدى.

ئىتالىيەدىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە بايلىقىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن يېڭىچە قانۇنلۇق ھوقۇق ۋە قانۇنلۇق ھوقۇق كۆز قارىشىنى تىكلەشكە ئۇرۇنۇپلا قالماي، يەنە ئىدېئولوگىيە جەھەتتە دىنىي جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە چىرىك ئىلاھىي دۇنيا قاراشنى بۇزۇپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىپ، فېئوداللىق تۈزۈمنى قوغدايدىغان تۈرلۈك ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلارنى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلدى. يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيە تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشقا كۈچ‌ئۈل بۆلدى، تېخنىكىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بەردى، ئىلىم پەننى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىمۇ ئەھمىيەت بەردى. ئۇلار خام ئەشيا - ماتېرىياللارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىشكە، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياخشىلاشقا، سودا يوللىرىنى ئېچىشقا، ترانسپورتنى ياخشىلاشقا، ئىچكى - تاشقى بازارلارنى كېڭەيتىشكە موھتاج بولغانلىقتىن، تەبىئىي پەننىڭ نۇرغۇن ساھەلىرى، ئالايلۇق، ئاسترونومىيە، فىزىكا، خىمىيە، جۇغراپىيە.... قاتارلىقلاردا ئىزدىنىشكە تېگىشلىك بولغان تەتقىقات ئېمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇلار يەنە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن جامائەت پىكرى توپلايدىغان ۋە ئۆزلىرىنى ھوزۇرلاندۇرىدىغان يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇلار رىم قانۇنى، خەلقئارا قانۇن - نىزاملارنى پىششىق ئىگىلىگەن ئادەملەرنى تەربىيەلەپ چىقىپ، ئۇلارنى بۇرژۇئا ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە تاشقى سودىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى؛ سانائەت، سودا ۋە پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرىنى باشقۇرالايدىغان «قابىل» ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى ئۈمىد

قىلاتتى. يۇقىرىدىكى مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار بۇرژۇئازىيەنىڭ دەھرىيلىك خاراكتېرگە ئىگە يېڭى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتى ئەڭ بۇرۇن ئىتالىيەدە بارلىققا كەلدى، ئۇنىڭ خەلقىنىڭ «بىدئەت» ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى بار. 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا،ئالبىچىلار ئالبى مەزھىپى) نىڭ فىرانسىيەنىڭ جەنۇبى ۋە ئىتالىيەنىڭ شىمالىدىكى كۈرىشىنىڭ كۆلىمى زور، تەسىرى چوڭقۇر بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، «ھاۋارىيون قېرىنداشلار» مەزھىپى ۋە دورىچىنو قوزغىلىڭى قاتارلىق فېئودالىلىققا، كاتولىك دىنى جەمئىيىتىگە قارشى كۈرەشلىرى ئىلاھىي ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا كۈچلۈك زەربە بەردى، بۇرژۇئازىيەنىڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە مۇ تۈرتكە بولدى.

ئىتالىيەنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى قۇرۇلمىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ دەسلەپتە ئىتالىيەدە گۈللىنىشىنىڭ مۇھىم ئاساسى ۋە شەرتى ھېسابلىنىدۇ. يۇنان، رىم كىلاسسىك مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرى ئوتتۇرا ئەسىردە كۆپىنچە ئىتالىيەدە ساقلىنىپ قالغانىدى. ئىتالىيەلىك نۇرغۇن ئالىملار خېلى بۇرۇنلا ئۆز زېمىنىدا قەدىمدە قوي تېرىسى ۋە سامان قەغەزگە يېزىلغان قول يازمىلارنى، قەدىمكى خارابىلىكلەرنى ۋە يادىكارلىقلارنى بەلگىلىك دەرىجىدە تەتقىق قىلغانىدى. ئىتالىيەنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىنىڭ ۋىزانتىيە ۋە ئەرەبلەر بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى بولغاچقا، ئىتالىيەلىكلەر قەدىمكى يۇناننىڭ قول يازمىلىرى ۋە سەنئەت يادىكارلىقلىرىنى پىششىق بىلەتتى. ئىتالىيە زېمىنىدا كىنەز ـ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كىتاب ساقلايدىغان

خانىلىرى بىلەن چېركاۋلارنىڭ كۇتۇپخانىلىرى تەڭمۇ تەڭ كېلەتتى. كىنەز ـ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كىتاب ساقلايدىغان خانىلىرىدا يۇنان، رىم دەۋرىگە ئائىت نۇرغۇن ئەتىۋارلىق هۆججەت ـ ماتېرىياللار بار ئىدى. 14 ـ ئەسىردە رىم پاپاسى كۇتۇپخانىسى قۇرۇلدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بۇ كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى يۇنان ۋە لاتىن يېزىقىدىكى قوليازمىلارنىڭ نۇسخىلىرى 3650 پارچىغا يەتكەنىدى. ۋىزانتىيە مۇنقەرز بولۇشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مەزكۇر دۆلەتنىڭ كۆپلىگەن ئالىملىرى ئەينى چاغدا بىر قەدەر ئوچۇق ئىتالىيە شەهەرلىرىگە بەس ـ بەستە قېچىپ كەلگەنىدى. ئۇلار قەدىمكى يۇنان دەۋرىدىكى مۇھىم قول يازمىلار ۋە ئەتىۋارلىق سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىتالىيەگە ئەكەلگەن بولۇپ، بۇلار ئىتالىيە ئالىملىرىنىڭ كىلاسسىك مەدەنىيەتنى چۈشىنىشى، رەتلىشى ۋە تەتقىق قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. گىرېك تىلى ئىتالىيەدە كەڭ تارقىلىپ، يۇناننىڭ كىلاسسىك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقىنى پەيدا قىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، جۇڭگونىڭ قەغەز ياساش ۋە مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى ئەرەبلەر ئارقىلىق غەربكە تارقالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىتالىيە قاتارلىق غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدە كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىشى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولدى. 12 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە ياۋروپادىكى شەهەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە روناق تېپىشىمۇ ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئاساسىنى هازىرلاپ بەردى.

ئىتالىيەدىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازلار ئىچىدىكى ئىلغار زىيالىيلار ئاساسەن «كىلاسسىك مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش» بايرىقىدىن پايدىلىنىپ پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ قەدىمكى يۇنان ۋە رىم ئەسىرلىرى، مەدەنىيەت

يادىكارلىقلىرىنى كەڭ دائىرىدە رەتلەشكە ۋە تەتقىق قىلىشقا بىر خىل ئادەت ۋە قىزغىنلىقنى شەكىللەندۈردى، بىر مەزگىل ئۇتتۇرىغا چىققان كىلاسسىك مەدەنىيەتنىڭ «قايتا پەيدا بولۇش»، «قايتا گۈللىنىش» ۋەزىيىتىنى بۇرژۇئازىيە «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى» دەپ ئاتىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ قەدىمكى قۇلدارلىق تۈزۈم مەدەنىيىتىنىڭ تىرىلىشى ئەمەس، بەلكى كىلاسسىك ئەسەرلەردىكى تەبىئىي پەن ۋە پەلسەپىدىكى ماتېرىيالىستىك ئامىللار، شۇنىڭدەك ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى رېئالىزم تەركىبلىرىدىن پايدىلىنىپ، فېئودالارنىڭ روھانىيلىق سىستېمىسى ۋە سكولاستىكىزمچىلار (سكولاستىك پەلسەپە)غا قارشىلىق كۆرسىتىشى ئىدى. «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ تارىختا ئۇزۇندىن بېرى قوللىنىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ، ئۇ بۇرژۇئازىيەنىڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

گۇمانىزم ۋە ئۇنىڭ سىنىپىي ماھىيىتى ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن دەۋردە پەلسەپە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مائارىپ ۋە تەبىئىي پەن قاتارلىق ساھەلەردە ئىپادىلەنگەن ئىدىيەۋى مەزمۇن ئادەتتە، «گۇمانىزم» (يەنە «ئىنسان تەبىئىتى مەسلىكى» ياكى «ئىنسانپەرۋەرلىك» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ) دېيىلىدۇ. ئۇ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىدىيە سىستېمىسى. يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيەنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى گۇمانىزمچىلار (گۇمانىستارىيانلار) دەپ ئاتىلىدۇ.

گۇمانىزمچىلار دەھرىيلىكنى مەدھىيەلەيدۇ، جەننەتنى مەنسىتمەيدۇ، زاھىتلىققا زەربە بېرىدۇ، ئاخىرەت كۆز قارىشىنى ئىنكار قىلىدۇ، رېئال دۇنياغا نەزەر سالىدۇ، ئىنساننىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە ئىشىنىدۇ؛ ئىلاھنى مەركەز قىلىشقا قارشى تۇرۇپ، ئادەمنى مەركەز قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ ئادەم تۇرمۇشىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە خوجايىنى، ئادەمنىڭ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش، ئادەمنىڭ غايىسىگە ئىنتىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ.

گۇمانىزمچىلار ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن ئادەملەرنىڭ ئىدىيەسى، ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئىلىم ـ پەن كىشىلىك تۇرمۇشقا نىجاتلىق يەتكۈزۈشى، مائارىپ ئادەمنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ؛ ئادەمنىڭ ئىدىيەسى، ھېسسىياتى ۋە ئەقىل ـ پاراستىنى ئىلاھىيەتنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئازاد قىلىشقا چاقىرىق قىلىدۇ. ئۇلار يەنە ئىلاھىيپەرەسلىككە قارشى تۇرۇپ، «ئىنسانپەرەسلىك»نى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداللىق دەرىجە تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇپ، «ئىندىۋىدۇئاللىق ئەركىنلىكى»نى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى ئازاد قىلىش، ئەركىنلىك ـ باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈشتە ناھايىتى زور ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

گۇمانىزم — بۇرژۇئازىيە ئىنسانپەرۋەرلىكىنىڭ دەسلەپكى ئىپادىسىدۇر. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، گۇمانىزم ئىدىيەسىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى: بىرىنچى، ئادەمنى مەركەز قىلىپ، ئىندىۋىدۇئاللىقنى راۋاجلاندۇرۇش، ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش، شەخسنىڭ «ئەقىل ـ پاراستى» نى ۋە ئۆزلۈكىدىن كۆرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، قەھرىمانلىق تارىخىي قاراشنى ئالقىشلايدۇ؛ ئىككىنچى، رېئال دۇنيا بىلەن رېئال تۇرمۇشنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، نام ـ شۆھرەت، راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش ۋە باي بولۇشقا ئىنتىلىدۇ. ئۈمىدسىزلىك، زاھىتلىق، جەمئىيەتكە ئارىلاشماسلىق ۋە ساختىپەزلىككە قارشى تۇرىدۇ؛ ئۈچىنچى، پاپا بىلەن دىنىي جەمئىيەتكە مۇتلەق بويسۇنۇشنى ئىنكار قىلىدۇ، روھانىيلارنىڭ نادان ـ بىلىمسىزلىكىنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئاقسۆڭەكلەرنى ھەر قانچە ئېسىل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ مەنسىتمەيدۇ، فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە دەرىجە تۈزۈمىگە قارشى تۇرىدۇ؛ تۆتىنچى، ئىدراكنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بىلىم ۋە تېخنىكىغا تەلپۈنىدۇ، ئىلمىي تەجرىبىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەزەلىيەتكە قارشى تۇرىدۇ، تەبىئەت ئۈستىدە ئىزدىنىشنى،

بۇرژۇئازىيەنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ تۇرلۇك ئىپادىلىنىش شەكىللىرىدىن ھۇزۇر ئېلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

گۇمانىزمچىلار ئادەتتە، دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىدۇ، بۆلگۈنچىلىككە، چەت ئەللەرنىڭ ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرىدۇ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلار ھوقۇق مەركەزلەشتۇرۇلگەن مىللىي دۆلەت قۇرۇش ئۇچۇن پائال تۆھپە قوشقان. گۇمانىزم فېئودالىققا قارشى تۇرۇش، كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىگە قارشى تۇرۇش كۇرىشىدە ئىلغار تارىخىي رول ئوينىغاندى. بىراق، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، گۇمانىزمچىلار — بۇرژۇئازىيەنىڭ مۇتەپەككۇرلىرىدۇر، گەرچە ئۇلار فېئودالىققا، دىنىي جەمئىيەتكە قارشى تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاتېئىزمچىلار ئەمەس، دىنغا، تەڭرىگە قارشى تۇرمايدۇ، ئەزەلدىن خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئىنكار قىلمىغان. ئۇلارنىڭ ئىدىيەسى، كۆز قارىشى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ ۋەقەلىكلىرى بىلەن مەزمۇنلىرى يەنىلا دىنىنىڭ ئاسارىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شەھەردىكى بۇرژۇئازلار ۋە ئۇلارنىڭ زىيالىيلىرى ئارىسىدا پائالىيەت ئېلىپ باراتتى، بەزىلىرى ئىلگىرى مەنسەپ تۇتقان (ئالايلۇق دانتى)، سودىگەرلىك قىلىپ باقتان (ئالايلۇق، بوككاچىئو). ئۇلار تۆۋەن تەبىقىدىكى ئەمگەكچى خەلق بىلەن كەمدىن ـ كەم ئۇچرىشاتتى، ئۇلارنىڭ ئەس ـ يادى ئاساسەن بۇرژۇئازلاردا ئىدى، قولغا كەلتۇرمەكچى بولغىنى بۇرژۇئازىيەنىڭ ئەركىنلىكى، باراۋەرلىكى ۋە ئىمتىيازى، تەلپۇنىدىغىنى بۇرژۇئاچە تۇرمۇش ئۇسۇلى ئىدى. ئۇلار ئىدىيە ۋە ھەرىكەت جەھەتتە ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىغا سەل قارىغان. شۇڭلاشقا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۇللىنىشى مەزمۇن جەھەتتە دەۋر بىلەن سىنىپىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان.

## 2. ئىتالىيەدە دەسلەپكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۇللىنىشى

ئىتالىيەدە دەسلەپكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۇللىنىشى

ئاساسەن گۇمانىزم نۇقتىئىنەزىرىنى ئەدەبىيات ئارقىلىق تەشۋىق - تەرغىب قىلىش، تەرىپلەش شەكلىدە ئىپادىلەنگەنىدى. دانتې، پېتراك ۋە بوككاچچىئولار ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئۈچ مەشھۇر ۋەكىل ھېسابلىنىدۇ. دانتې ئېلان قىلغان «ئىلاھ كومېدىيەسى» (1307 — 1321) ناملىق ئەسەر دەسلەپكى ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىنىشكە باشلىغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

**دانتې ۋە ئۇنىڭ «ئىلاھ كومېدىيەسى»** دانتې ئالىگىرى (1265 — 1321) ئىتالىيەنىڭ فلورېنسا شەھىرىدىكى بىر كىچىك ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، فلورېنسا شەھىرىنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى بولغان. دانتېنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى — «ئىلاھ كومېدىيەسى» داستانى «دوزاخ»، «ھەۋزى كەۋسەر» ۋە «جەننەت» تىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ئۇ بۇ داستاندا ئوتتۇرا ئەسىردىكى خىيالىي ئەدەبىيات ئۇسلۇبى بويىچە ئىستىئارىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئەينى چاغدىكى رېئال ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەرنى تەسۋىرلىگەن. دانتې ۋەتىنىنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى، بۆلۈنۈشكە قارشى تۇراتتى، پادىشاھنى ھىمايە قىلاتتى، ئۇ پادىشاھنى ئەڭ ئۇستۇنكى جەننەتكە قويغان. ئۇ پاپانىڭ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىگەن، دىنىي جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ ئاچ كۆزلۈكى، چىرىكلىكىگە نارازى بولغان، ئۆلۈپ كەتكەن پاپالارنى دوزاخقا تاشلىغان، ئەينى چاغدا پاپا بونىفاس Ⅷ گە دوزاخنىڭ ئالتىنچى قەۋىتىدىكى ئوت ئۆچكۈرىدىن ئورۇن قالدۇرۇلغان قىلىپ تەسۋىرلىگەن. دانتې ياشىغان دەۋردە پاپانى دادىللىق بىلەن سۆكۈشكە، ھايات پاپانى ئۆلگەندىن كېيىن دوزاخقا چۈشىدۇ، دەپ ئاشكارا جاكارلاشقا پېتىنىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس ئىدى. دانتې يەنە ئەركىنلىك غايىسى، شەخسنىڭ ھېسسىياتى ۋە بىلىم ئىزدىنىش روھىنى مەدھىيىلىگەن. ئۇ تۇنجى بولۇپ ئىندىۋىدۇئاللىق بىلەن

ئىدراكىي ئاڭنى ئوتتۇرىغا قويغان يازغۇچى، مىللىي تىل بىلەن يېزىقچىلىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچى، ئۇنىڭ «ئاممىباب تىل ھەققىدە» ناملىق ئەسىرى ئىتالىيە ۋە غەربىي ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئەكسىچە، دانتې قەدىمكى يات دىندىكىلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ھەدەپ تەرغىب قىلغان، قەدىمكى يازغۇچىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مەدھىيىلىگەن ھەمدە قەدىمكى رىم شائىرى ۋېرگىلىنى «دوزاخ»، «ھەۋزى كەۋسەر»لەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ يولباشچىسى ۋە ھامىيسى قىلىپ تەسۋىرلىگەن، بۇ دانتېدا گۇمانىزملىق ئىدىيە پەيدا بولۇشقا باشلىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق، دانتېنىڭ «ئىلاھ كومېدىيەسى» ناملىق ئەسىرىدە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلار يەنىلا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇ زاھىتلىقتا ۋە تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ئىلاھىغا چوقۇنغان. بىدئەتلەرنىمۇ دوزاختا تاشلىنىپ قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغان قىلىپ تەسۋىرلىگەن، شۇڭلاشقا ئۇ يەنىلا يېڭى دەۋر (ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن دەۋر) نىڭ مۇتەپەككۇرى ئەمەس، ئۇ يېڭى دەۋر بىلەن كونا دەۋر ئالماشقان مەزگىلدىكى شائىر. دېمەك، دانتې «ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر شائىرى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يېڭى زاماننىڭ تۇنجى شائىرى.»①

دانتېنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى «ئىلاھ كومېدىيەسى» دىن باشقا، يەنە فېئوداللىق دەرىجە كۆز قارىشى تەنقىد قىلىنغان «يېڭى ھايات» (1295 ـ يىلى)، «زىياپەت» (1304 — 1307) ناملىق ئەسەرلىرى بار. «ئاممىباب تىل ھەققىدە» (1304 — 1308) ناملىق ئەسىرىدە مەخسۇس ئىتالىيە تىلى، ئۇسلۇبى ۋە شېئىرى ئۈستىدە توختالغان. «دۇنيا ئىمپېرىيەسى ھەققىدە» ناملىق ئەسىرى (1310 — 1312) يىللىرى يېزىلغان بولۇپ،

① ماركس، ئېنگېلس: «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 269 ـ بەت.

ئۆنىڭدا ئىتالىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن پادىشاھلىق دۆلەت قۇرۇش تەشەببۇس قىلىنغان.

**پېترارك ۋە ئۇنىڭ 14 مىسرالىق ناخشا توپلىمى — «غەزەللىيات»**

ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىشىنىڭ تۇنجى ۋەكىلى فلورېنسالىق يەنە بىر زات — پېترارك (1304 — 1374) تۇنجى بولۇپ «ئادەمشۇناسلىق» بىلەن «ئىلاھىيەت» نىڭ قارىمۇ قارشىلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان، شۇڭلاشقا، ئۇ تۇنجى گۇمانىزمچى بولۇپ، «گۇمانىزمنىڭ ئاتىسى» دېيىلىدۇ. ئۇ نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىتالىيە تىلى بىلەن يېزىلغان 14 مىسرالىق شېئىرلا توپلىمى — «غەزەللىيات» ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا مەشۇقىغا بولغان مۇھەببىتى بايان قىلىنغان. ئۇ 1341 ـ يىلى «مەلىكۇششۇئارا» (شائىرلارنىڭ شاھى) دېگەن نامغا ئېرىشكەن. ئۇ ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيەتتى، فېئوداللىق تەپرىقچىلىككە قارشى تۇراتتى، ۋەتىنىنى تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلاتتى. ئۇ رىمدىكى پاپا ئوردىسىنى پاش قىلىپ، رىمنى «ۋەھشىي ئىبادەتخانا»، «زۇلمەتلىك تۈرمە»، «ئالدامچىلىق بىلەن تولۇپ تاشقان ماكان» دېگەن. 1374 ـ يىلى رىم شەھىرىدىكى خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قەبىھ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىققاندا، 70 ياشقا كىرگەن پېترارك قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاتامانىغا خەت يېزىپ، قوزغىلاڭنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ شېئىرلىرىدا ئابستراكت ۋە مۇجمەل سۆزلەرنى قىلماي، ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتى، ئازابى ۋە شادلىقى، شۇنىڭدەك ئارزۇسى ۋە قايغۇ ـ ھەسرىتىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا، بەھۇزۇر بايان قىلىپ، يېڭى گۇمانىزم روھىنى ئىپادىلىگەن.

**بوككاچچىئو ۋە ئۇنىڭ «10 كۈنلۈك سۆھبەت» ناملىق ئەسىرى**

بوككاچچىئو (1313 — 1375) مۇ فلورېنسالىق بولۇپ، سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ياش چاغلىرىدا ناپلېستا

سودىگەرلىك قىلغان. ئۇنىڭ «10 كۈنلۈك سۆھبەت» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى مەشھۇر بولۇپ، ئۇنىڭدا 1348 ـ يىلى فلورېنسادا چۇما كېسلى تارقالغاندا، كېسەلدىن پاناھلىنىش ئۈچۈن سەھراغا بارغان 10 نەپەر قىز ـ يىگىتنىڭ ئۆ يەردە 10 كۈن تۇرۇش جەريانىدا ئېيتقان 100 ھېكايە بايان قىلىنغان. بۇ ھېكايىلەر چېتىلىدىغان ۋەقەلىكلەرنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ھەر قايسى جايلاردىكى سودىگەرلەرگە ئائىت ئاجايىپ ـ غارايىپ پاراڭلار، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، جاھانكەشتى شائىرلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەر بار، شەرقنىڭ ھېكايىلىرىمۇ بار، ئەمما ئاپتور ئۆزى كۆزەتكەن ئىجتىمائىي ھادىسىلەر تېخىمۇ كۆپ بايان قىلىنغان. «10 كۈنلۈك سۆھبەت» تە مىسسىئونېرلار بىلەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھاياسىزلىقى، ساختىپەزلىكى رەھىمسىزلەرچە پاش قىلىنغان، فېئوداللىق ئەدەپ ـ ئەخلاق سۆكۈلگەن، فېئوداللىق ئىمتىياز ئەيىبلەنگەن، ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكى تەشەببۇس قىلىنغان، زاھىتلىققا قارشى تۇرۇلغان، ئىندىۋىدۇئاللىقنى راۋاجلاندۇرۇش تەرغىب قىلىنغان. سودىگەرلەر ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ زېرەك، باتۇرلۇقى تەرىپلەنگەن، روشەن دېموكراتىيە خاھىشىغا ۋە رېئالىزملىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئىدىيە جەھەتتە پېتراركىنىڭ ئەسەرلىرىدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن. بىراق، بوككاچچىئو بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىندىۋىدۇئالىزمىنى مەدھىيىلىگەن، ھېكايىلەرنىڭ نۇرغۇن جايلىرى بەكلا چاكىنا يېزىلغان.

**دەسلەپكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن مەزگىلدىكى تارىخشۇناسلىق** يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئۈچ مەشھۇر زات»تىن باشقا، ئىتالىيەنىڭ تارىخشۇناسلىقىدا ناھايىتى گەۋدىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. گۇمانىزمچى تارىخشۇناسلار قەدىمكى يۇنان ۋە رىمنىڭ مەشھۇر تارىخىي ئەسەرلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئۇلارنى شەرھلەپ، رەتلەپ، كەڭ يېيىپ تارقاتتى. ئۇلار تارىختا چىنلىقنى

يېزىشىنى، «ئادەم» ۋە «ئادەملەرنىڭ پائالىيەت تارىخى» نى خاتىرىلەشنى تەشەببۇس قىلدى. يەنە سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئىزدەندى. ئۇلار يازغان سىياسىي تارىخ، ئۇرۇش تارىخى، شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى، مەدەنىيەت تارىخى ۋە بىناكارلىق سەنئىتى تارىخى قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە يۇقىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

لېئوناردو برۇنى (1369 ـــ 1444) گۇمانىزمچى تارىخشۇناسلار ئىچىدە شۆھرەت قازانغۇچىلارنىڭ ۋەكىلى، شۇنداقلا يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان گۇمانىزم مائارىپ ئىدىيەسىنىڭ ئىجادچىسى، ئۇ فلورېنسالىق بولۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن پاپا ئوردىسىنىڭ كاتىپى ۋە فلورېنسا شەھىرىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ ئارستوتېل بىلەن پلېئوتاركنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان، يەنە «دانتېنىڭ تەرجىمىھالى» ۋە «پېتراركنىڭ تەرجىمىھالى»ناملىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇلارنىڭ گۇمانىزملىق كۆز قاراشلىرىنى تەشۋىق قىلغان. برۇنىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىك ئەسىرى 12 توملۇق «فلورېنسا تارىخى» بولۇپ، بۇ ئەسەردە مەزكۇر شەھەرنىڭ بارلىققا كېلىش، گۈللىنىش جەريانى سىستېمىلىق بايان قىلىنىپ، «ئادەم» ـــ غوجايىن، سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققىياتى شەھەرلەرنىڭ قۇدرەتلىك بولۇشىنىڭ سەۋەبى، دېگەن كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

فراۋىئو بىئوندو (1388 ـــ 1462) يەنە بىر مەشھۇر گۇمانىزمچى تارىخشۇناس بولۇپ، ئۇنىڭ 31 توملۇق «رىمنىڭ زاۋال تاپقاندىن بۇيانقى 1000 يىللىق تارىخى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى بار، ئۇ تۇنجى بولۇپ 5 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە بولغان بۇ تارىخىي باسقۇچنى «ئوتتۇرا ئەسىر» دېگەن خاس نام بىلەن ئاتاشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

لورېنزو ۋاللا (1406 ـــ 1457) تارىخشۇناس بولۇپلا قالماستىن، يەنە تىلشۇناس، قوشۇمچە پەيلاسوپتۇر، ئۇ ناپلېستا

دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق «فېردىناند I دەۋرىنىڭ تارىخى» ۋە «كونستانتىن ھەدىيەسىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈش» ناملىق ئەسىرى بار. ئالدىنقى ئەسىردە فېردىناند I نىڭ غايەت زور ئىمپېرىيە قۇرۇش قارانىيىتى نۇقتىلىق پاش قىلىنغان. كېيىنكى ئەسىردە نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، پاپا تەرىپىدىن تەۋرۈك دەپ قارالغان، پاپا زېمىنىدىن تېپىلغانلىقى «ئاساس» قىلىنغان ئاتالمىش «ئىمپېراتور كونستانتىن ھەدىيەسى» نىڭ 8 ـ ئەسىردە ئويدۇرۇپ چىقىرىلغانلىقى پاش قىلىنغان. ۋاللا بۇ ھۆججەتتە ئىشلىتىلگەن لاتىن تىلى 4 ـ ئەسىردىكى لاتىن تىلى بولماستىن، بەلكى 756 ـ يىلى فىرانك پادىشاھلىقى دەۋرىدىكى تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. ۋاللا تارىختىكى بۇ چىگىچ دىلونى ئېنىقلاش بىلەن بىللە، پاپانىڭ ئالدامچىلىق سۈيىقەستىنى پاش قىلغان.

**ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى سەنئەت**

ئەدەبىياتقا ئوخشاشلا، دەسلەپكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن مەزگىلدە سەنئەتمۇ فېئودالىققا قارشى كۈرەش قىلىش جەريانىدا بارلىققا كەلدى ۋە راۋاجلاندى. ئۇ كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بارلىققا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بولۇپ، رېئالىزملىق ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىشتىن بۇرۇنقى سەنئەتنى دىنىي جەمئىيەت كونترول قىلىۋالغان بولۇپ، ئۇ رېئالىزمغا قارشى سەنئەت ئىدى. ئۇنىڭدا قېلىپلاشقان مەبۇد ۋە بەتبەشىرە، غەلىتە قىياپەتلەر ئارقىلىق دىنىي خۇراپاتلىق تەشۋىق قىلىنىپ، كىشىلەر تەڭرىگە تەقۋادار بولۇش، رېئاللىقنى ئىنكار قىلىشقا يېتەكلىنەتتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن مەزگىلدىكى سەنئەتنىڭ ئىنقىلابىي ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدا رېئالىستىك مېتود ئارقىلىق، گۇمانىزم ئىدىيەسى ئۆلچەم

قىلىنىپ، تۇرمۇشنى كەمسىتىدىغان، ئادەم تېنىگە ئەپسۇن ئوقۇيدىغان، جەننەتنى خام خىيال قىلىدىغان زاھىتلىق ئىنكار قىلىنىغان؛ ئادەمنىڭ رولى مۇئەييەنلەشتۇرۇلۇپ، ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ئىجادىيەت كۈچىگە مەدھىيە ئوقۇلغان، ئادەملەرنىڭ رېئال تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئىرادىسى ۋە ئارزۇسى ئىپادىلەنگەن.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن مەزگىلدىكى سەنئەتتە رەسساملىق، ئويمىچىلىق جەھەتتە قالتىس مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن، بولۇپمۇ ئىتالىيەدە ئەينى چاغدىكى سانئەتكارلارنىڭ كۆپىنچىسى شاگىرتلىقتىن يېتىشىپ چىققان بولۇپ، ئىدىيە ۋە ھېسسىيات جەھەتتە ئەمگەكچى خەلققە ئاسان يېقىنلىشالايتتى، شۇڭا ئۇلار كونا كۆز قاراشلارنى ئىنكار قىلىش، يېڭى ئىدىيەنى ئىپادىلەش جەھەتتە ئەينى چاغدىكى ئادەتتىكى مەدەنىيەت ساھەسىدىكى پائالىيەتچىلەرگە قارىغاندا ئۈزۈل ـ كېسىل ئىدى. ئۇلارنىڭ نادىر سەنئەت ئەسەرلىرى ئالدى بىلەن خەلق سەنئىتىنى مەنبە قىلغانلىقى، ئاممىنىڭ قىزغىن كۈرىشىدىن ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنى ئۇزۇكسىز بېيىتقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە يەنىلا ئىنجىلدىكى قىسسەلەر ياكى دىنىي رىۋايەتلەر تېما قىلىنغان، گەرچە ئۇلارغا يېڭى مەزمۇن قوشۇلۇپ، ئىجتىمائىي رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن تۆۋەن تەبىقىدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئوبرازى ۋە ئىش ئىزلىرى ئىنتايىن ئاز ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

يېقىنقى زامان رېئالىستىك رەسساملىقنىڭ باشلامچىسى، ياۋروپا «رەسساملىقنىڭ ئاتىسى» گىئوتتو (1267 — 1337) فلورېنسالىق بولۇپ، ئۇ يېقىنقى زامان گۈزەل سەنئىتىگە ئاساس سالغۇچى دەپ تەرىپلىنىدۇ. گىئوتتو ئىتالىيەنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئەڭ دەسلەپكى رەسسامى ۋە

ھەيكالتىراشىدۇر. گىبئوتتونىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تام رەسىمى بولۇپ، رىم، فلورېنسا، ناپلېس ۋە پادوۋا شەھەرلىرىدە ئۇ سىزغان رەسىملەر بار. پادوۋا شەھىرىدىكى ئارىنا چېركاۋىدا بۈۋى مەريەم ئائىلىسى ۋە خىرىستوسنىڭ ھاياتى ئىپادىلەنگەن 36 پارچە چاتما تام رەسىمى بۈگۈنگە قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە «يەھۇدانىڭ سۆيۈشى» «ئالتۇن قوۋۇقتا ئۇچرىشىش»، «مىسىردىن قېچىپ چىقىش»، «خىرىستوسقا تەزىيە بىلدۈرۈش» قاتارلىق مەشھۇر رەسىملىرى بار. ئۇلارنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىدا مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، چىنلىق سېزىمى ناھايىتى كۈچلۈك.

فلورېنسالىق دونا تايرو (1386 ـــ 1466) يېقىنقى زامان رېئالىزم ھەيكەلتىراشلىقىغا ئاساس سالغۇچىدۇر. ئۇ پېرسپېكتىۋ ئىلمى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىلمىنى پۇختا ئىگىلىگەن، جەسەتلەرنى ئوپېراتسىيە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان بولغاچقا، ئادەم بەدىنى قۇرۇلمىسىنى پىششىق بىلەتتى. ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن: برونزىدىن ياسالغان «داۋىد» نىڭ ھەيكىلى، «ساينت گېئورگې» (قورال ـ ياراغ كەسپىداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھىمايىچىسى)نىڭ ھەيكىلى، «خىرىستوسنىڭ جازاغا تارتىلىشى»، «ئاتلىق ياللانما قوشۇننىڭ قوماندانى»، «گاتامىرادانىڭ ھەيكىلى» قاتارلىقلار بار.

گىبئوتتونىڭ ۋارىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن مەزگىلدىكى رەسساملىققا ئاساس سالغۇچى ماساككىئو (1401 ـــ 1428) ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىگە ناھايىتى زور تۆھپە قوشقان. ئۇ ئاناتومىيە بىلەن رەڭلەردىن پايدىلىنىشتا گىبئوتتودىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇ يىراق ۋە يېقىندىن چۈشكەن نۇرنىڭ بەزى قانۇنىيەتلىرىنى بايقىغان. ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن «جەننەتتىن قوغلىنىش» (ئۇزۇنلۇقى 208 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 88 سانتىمېتىر) ۋە «باج تاپشۇرۇش» (ئۇزۇنلۇقى 598 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 255 سانتىمېتىر)

قاتارلىق تام رەسىملىرى بار.

15 - ئەسىردە، ئىتالىيەدە دەسلەپكى ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللەنگەن مەزگىلدىكى مەركىزىي شەھەر فلورېنسادىن باشقا يەنە رىم، ۋېنىتسىيە، ناپلېس ۋە مىلان شەھەرلىرىمۇ بار ئىدى.

## 3. ئىتالىيەدە كېيىنكى مەزگىلدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى

15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 16 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئىتالىيەدە كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىياتى توختاپ قالغان، سىياسىي جەھەتتە بۆلۈنۈش ئېغىرلاشقان، سىنىپىي زىددىيەتلەر مۇرەككەپلەشكەن ۋە ئۆتكۈرلەشكەن بولسىمۇ، فلورېنسا قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ گۈللىنىۋاتقانلىقىغا بىر نەچچە ئەسىر بولغانلىقى، ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا بىر تۈركۈم كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارغا ئىگە يېڭى مەدەنىيەت ياراتقۇچىلار يېتىشىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، ئىتالىيە يەنىلا ياۋروپا گۇمانىزم ھەرىكىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ئىتالىيەدە كېيىنكى مەزگىلدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللەنگەن ۋاقىتتا سەنئەت مىسلىسىز روناق تاپتى، مەشھۇر بۇرژۇئا سىياسىيونلىرى، مۇتەپەككۇرلىرى ۋە خىيالىي سوتسىيالىزم پېشۋالىرى بارلىققا كەلدى.

**ئىتالىيە تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ پىرلىرى: داۋىنكى، مىكېلانگېلو ۋە رافائېل** ئىتالىيەدە كېيىنكى مەزگىلدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتى 15 - ئەسىردىن بۇيانقى ئالدىنقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك يەكۈنلەش ۋە ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، سەنئەت ئىجادىيىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. داۋىنكى، مىكېلانگېلو ۋە رافائېل كىشىلەر تەرىپىدىن «سەنئەت ساھەسىدىكى ئۈچ مەشھۇر

زات» دەپ تەرىپلەندى. ئۇلار يېڭىنىقى زامان رېئالىستىك سەنئىتىنىڭ بۈيۈك پېشۋالىرىدۇر. ئۇلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. داۋىنچى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تەسۋىرلەشكە ماھىر بولۇپ، ئۇنىڭ رەسىملىرى تەڭشىلىشى ناھايىتى ياخشى، مەزمۇنى مول، مۇكەممەل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؛ مىكېلانگېلو ھەيكەللىرىدە قەيسەر، ئېگىلمەس ـ سۇنماس قەھرىمانلارنىڭ سىيماسىنى ياراتقان، ئۇنىڭ ھەيكەللىرى سەلتەنەتلىك، ئاددىي ـ ساددا ۋە كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؛ رافائېل رەسىملىرىدە پەزىلەتلىك، مۇلايىم ساھىبجاماللارنى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىككى ئەسىردىن بۇيانقى تەسۋىرىي سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ جەۋھەرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

لېئوناردو داۋىنچى (1452 — 1519) فلورېنسالىق بولۇپ، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 14 يېشىدىن باشلاپ رەسىم سىزىشنى ئۆگەنگەن بولۇپ، كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارغا ئىگە ئەرباب. ئۇ بۈيۈك رەسسام بولۇپلا قالماي، يەنە بۈيۈك ماتېماتىك، مېخانىك ۋە ئىنژېنېر. فىزىكىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارماقلىرىدا ئۇنىڭ مۇھىم كەشپىياتلىرى بار، بىراق سەنئەت ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدىكى ئىشلىرى ئىچىدە روشەنكى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ رېئالىستىك رەسساملىق نەزەرىيەسىگە ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، «رەسساملىق نەزەرىيەسى» ناملىق ئەسەرنى يازغان. ئۇ رەسساملىق ئامىللىرى، ئالايلۇق، نۇر، سۇزۇكلۇك ـ تۇتۇقلۇق، پېرسپېكتىۋ، بەدىئىي قۇرۇلما قاتارلىقلارنى رەتلەپ ئىلمىي قائىدىگە ئايلاندۇرغان. ئۇ رەسىمنى ۋاستە قىلىپ پېرسوناژلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى ئىپادىلەشكە، ھەرىكەت، قىياپەت ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشكە ماھىر ئىدى. ئۇ سەنئەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا، تەبىئەتنى ئەينەن ئىپادىلەش ئۈچۈن،

ئاناتومىيە، بوتانىكا، ئوپتىكا قاتارلىق بىلىملەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان، ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئۇزاق مەزگىل كۆزەتكەن. ئۇ نۇرغۇن قۇرۇلۇش ۋە ماشىنا ئۇسكۇنىلىرىنى لايىھەلىگەن. قۇشلارنىڭ ھاۋادا پەرۋاز قىلىشىنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، يەنە ئۇچىدىغان ماشىنىنى قىياس قىلىپ باققان. داۋىنچى ئۆمرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك كىتابلار دۇنياسى ئىچىدە ئۆتكۈزگەن، مۇرەككەپ ئىلمىي تەجرىبىلەرنى ئىشلىگەن. ئۇ ئۆمۈر بويى ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنگەن، ئۇنىڭ 7000 بەتلىكتىن ئارتۇق قول يازما خاتىرىسىگە كىتاب ئوقۇش تەسىراتى، ماتېماتىكا فورمۇلىلىرى، گېئومېترىيك شەكىللەر، بىنالارنىڭ ئىسخېمىلىرى ۋە ماشىنىلارنىڭ لايىھەلىرى قاتارلىقلار يېزىلغان. ئۇ فىزىكا، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، گېئولوگىيە، بىناكارلىق ۋە فىزىيولوگىيە قاتارلىق پەنلەردىن خەۋەردار ئىدى. داۋىنچى كىشىلەردىن «ئىجاد قىلالايدىغان، كەشىپ قىلالايدىغان بولۇش ۋە تەبىئەت بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا تەرجىمە خىزمىتى ئىشلىيەلەيدىغان بولۇش» نى تەلەپ قىلاتتى. ئۇ سكولاستىكىزمچىلار (سكولاستىك پەلسەپەچىلەر) نى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەپ، ئۇلار «پەقەت تاسادىپىي ئادەم سىياقىغا ئىگە بولۇپ قالغانلار، ئەگەر بۇ سەۋەب بولمىسا، ئۇلارنى ھايۋانلار قاتارىغا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ» دېگەن.

«ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك تاماق» ۋە «مونالىزا» داۋىنچىنىڭ مەشھۇر ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدۇر. «ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك تاماق» ناملىق رەسىمدە خرىستوس تاماق شىرەسىدە ئولتۇرۇپ : «ئاراڭلاردا بىرسى ماڭا ساتقىنلىق قىلدى» دېگەندە، مۇرىتلىرى ھەيران - ھەس بولۇپ قالغانلىقى ئىپادىلەنگەن. داۋىنچى ھەيرانۇ ھەسلىك ئىچىدە قالغان بۇ 12 مۇرىتنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ۋە پىسخىك ھالىتىنى تەسۋىرلەپ، خائىنغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن. «مونالىزا» دۇنيا گۈزەل سەنئەت تارىخىدىكى ئەڭ قالتىس پورترېتلارنىڭ بىرى بولۇپ،

ئۇنىڭدا فلورېنسا شەھىرلىك بىر ئايال تەسۋىرلەنگەن. بۇ رەسىمدە، داۋىنچى بىر چوكاننىڭ ياشلىق گۈزەللىكىنى، ئوبرازىنى جانلىق ۋە چوڭقۇر تەسۋىرلەپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ كىشىلەرگە كۈچلۈك چىنلىق تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ.

يەنە بىر فلورېنسالىق مىكېلانگېلو (1475 ــ 1564) مەشھۇر ھەيكەلتىراش، رەسسام بولۇپ قالماي، يەنە ئارخىتېكتور ۋە شائىردۇر. ئۇ زالىم پادىشاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە چەتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلارغا قارشى كۈرەشكە قاتناشقان. ئۇ سىزغان رەسىم ۋە ياسىغان ھەيكەللەردە ئۇلۇغۋار كۈچ ـ قۇدرەت ۋە يۈكسەك جەڭگىۋار روھ ئىپادىلەنگەن. مەرمەر تاشتىن ياسالغان داۋىدنىڭ ھەيكىلى (ئېگىزلىكى 5.3 مېتىر) بىلەن مۇسانىڭ ھەيكىلى (2.55 مېتىر) ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. داۋىدنىڭ ھەيكىلىنى سىپايە تالىپ قىياپىتىدە ياساش ئەنئەنە بولۇپ قالغانىدى. ئەمما، مىكېلانگېلو دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە داۋىدنى بىر گىگانت ياشنىڭ قىياپىتىدە ئىپادىلىگەن، داۋىد ئالدىغا تىكىلگەن، ئىرادىسى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ، ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈن جەڭ قىلىشقا تەييار تۇرغان قىياپەتتە ئىپادىلەنگەن. مىكېلانگېلو ئىجاد قىلغان مۇسانىڭ ھەيكىلىدە بىر دانىشمەن ۋە پالۋاننىڭ ئوبرازى ئىپادىلەنگەن. مۇسانىڭ سۈرلۈك كۆزلىرىدىن، بۇ كۈچتۈڭگۈرنىڭ ھەر قانداق رەزىل شەيئىنى كۆرگىنىدە چەكسىز غەزەپلىنىدىغان، گويا ھازىرلا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلىدىغان سىياق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. مۇسانىڭ ھەيكىلىدە سەنئەتكارنىڭ ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ كۈلپىتىگە كۆيۈنىدىغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ دەۋرنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان قەھرىمانلارغا بولغان تەلپۈنۈشى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. «دۇنيانىڭ يارىتىلىشى» ۋە «قىيامەتتىكى سوراق» قاتارلىقلار مىكېلانگېلونىڭ مەشھۇر تام رەسىملىرى ھېسابلىنىدۇ. رەسىمدىكى پېرسوناژلار كىشىگە گويا چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەتكە

ئىگىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ ئىنسانلارنىڭ گۈزەل كەلگۈسىگە چەكسىز ئۈمىد ۋە ئىشەنچ باغلىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

رافائېل (1483 — 1520) مۇ فلورېنسالىق، ئۇنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبى نەپىس بولۇش، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن دەۋردىكى سەنئەتنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ بۈۋى مەريەمنىڭ سانسىزلىغان رەسىمىنى سىزىش بىلەن مەشھۇردۇر. رافائېلنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بۈۋى مەريەمنىڭ ئوبرازى ئىنجىلدىكى قىسسەلەردىكى ۋە ئاللىقاچان بېكىتىلگەن ئەنئەنىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئەرۋاھقا ئوخشايدىغان بۈۋى مەريەم ئادەتتىن تاشقىرى مۇلايىم، گۈزەل پۈتۈنلەي ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئاق كۆڭۈل ئانا سىياقىدا سىزىلغان. بۈۋى مەريەم نېمىدېگەن خۇش پېئىل، ئۇنىڭدا ھېچقانداق سىرلىق تۇس ۋە زاھىتلىق تەركىب مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى، ئالايلۇق «ئوتلاقتىكى بۈۋى مەريەم» دە ئەمەلىيەتتە، بىر ساغلام گۈزەل دېھقان ئايالى ۋە ئۇنىڭ ئوماق ئوغلى تەسۋىرلەنگەن، «سىستىن ئىبادەتخانىسىدىكى بۈۋى مەريەم» دە دېھقانچە ياغلىق ئارتقان، ئاددىي كىيىنگەن ياش ئايال تەسۋىرلەنگەن.

رافائېلنىڭ يەنە بىر مەشھۇر ئەسىرى — رىم پاپا ئوردىسىنىڭ تېمىغا سىزغان «ئافىنا ئىنستىتۇتى» دېگەن رەسىمدە قەدىمكى يۇنانىنىڭ پەيلاسوپلىرى، سەنئەتكارلىرى ۋە ئالىملىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ قىزغىن سۆھبەتلىشىۋاتقان كۆرۈنۈش ئىپادىلەنگەن. پېرسوناژلار كۆپ بولسىمۇ، لېكىن تەرتىپسىز ئەمەس، ئادەملەرنىڭ قىياپەتلىرى خىلمۇ خىل، جانلىق، بەدىئىي قۇرۇلمىسى پلاتون بىلەن ئارىستوتېلنى مەركەز قىلغان ھالدا ماسلاشتۇرۇلۇپ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئاپتورنىڭ دەھرىي مۇتەپەككۇرلارغا بولغان ھۆرمىتىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىتالىيەدە كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىدە بارلىققا كەلگەن يۇقىرىدىكى ئۈچ ئۇستازدىن باشقا، يەنە ۋېنېتسىيە رەسساملىق ئېقىمىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرىدىن گىئور گىئون بىلەن تىزىئانو بار.

گىئورگىئونې (1477 ــ 1510) نىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدىن «ئۇيقۇدىكى ۋېناس»، نەزىر ـ چىراغ مېھرابىغا سىزىلغان «فرانسوستىكى بۈۋى مەريەم» ۋە مەنزىرە رەسىمى «بوران ـ چاپقۇن» ناملىق رەسىملىرى بار. «ئۇيقۇدىكى ۋېناس» گېئورگىئونېنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسىرىدۇر، ئۇ ئوتلاقتا قىيپالىڭاچ ھالەتتە ئۇخلاۋاتقان مۇھەببەت ئىلاھىنى يارىتىپ، ئادەم بەدىنى بىلەن مەنزىرىنى ماسلاشتۇرغان ۋە بىرلىككە كەلتۈرگەن، ئۇ ئوچۇق رەڭدە سىزىلغان بولۇپ، مول شېئىرىي تۈسكە ئىگە.

تىزىئانو (1477ــ [1488 ـ ياكى 1490 دېگەن گەپلەرمۇ بار] 1576) گېئورگىئونىنىڭ شاگىرتى ئىنىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى 16 ـ ئەسىردىكى ۋېنېتسىيە رەسساملىق ئېقىمىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىجادىيەت سۈژىتى مول رەسسام. ئۇنىڭ دىنىي رەسىمى «بۈۋى مەريەمنىڭ ئەرش سەپىرى»، «پېترنىڭ ئۆلۈمى»، پورترېت رەسىمى «چارلېز V نىڭ ئاتلىق ھەيكىلى»، «پاپا پائول Ⅲ »، «قولقاپ تۇتۇپ تۇرغان ياش»، يۇنان، رىم رىۋايەتلىرىگە دائىر رەسىمى «باكاس ۋە ئارىدنى»، «گۈل ئىلاھى» قاتارلىق ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى بار. ئۇنىڭ مەشھۇر رەسىمى «باجغا پۇل تۆلەش» (يەنە «خرىستوس بىلەن مۇناپىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تە رەڭ ئارقىلىق ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىنىڭ سېلىشتۇرمىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

**بۇرژۇئازىيە سىياسىيونى ۋە مۇتەپەككۇرى ماكىئاۋېللى** ئېنگېلس ئومۇملاشتۇرۇپ باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن: ماكىئاۋېللى ــ

www.uyghurkitap.com

سىياسىيون، تارىخشۇناس، شائىر، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە تىلغا ئېلىنىشقا ئەرزىيدىغان تۆنجى ھەربىي ئىشلار يازغۇچىسى»① ماكىئاۋېللى (1469 ــ 1527) فلورېنسالىق، ۋەيران بولغان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇنىڭ دادىسى سوتچى بولغان. ماكىئاۋېللى ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىدە گەرچە ئائىلىسى نامرات بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى تىرىشىپ ئۆگىنىپ كىلاسسىك ئەسەرلەرنى پىششىق ئىگىلىگەن، گۇمانىزم تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغان، كىلاسسىك سىياسەتشۇناسلىق ئەسەرلىرىنى مۇئەييەن دەرىجىدە تەتقىق قىلغان. 1498 ـ يىلىدىن باشلاپ ماكىئاۋېللى فلورېنسا جۇمھۇرىيىتىدە دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىقىدىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، دىپلوماتىيە ۋە ھەربىي ئىشلار خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان. 1501 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە «ئادالەت بايراقدارى» نىڭ ياردەمچىسى بولغان. ئۇ كۆپ قېتىم چەت ئەللەرگە چىقىپ، مول سىياسىي تەجرىبىلەرنى توپلىغان. 1512 ـ يىلى، مېدىچ جەمەتىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى قايتا ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ماكىئاۋېللى بىر مەزگىل قاماقتا ياتقان، كېيىن يېزىدا پاناھلىنىپ، باش چۆكۈرۈپ ئەسەر يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. ئۇ تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىيون، يېقىنقى زامان بۇرژۇئا سىياسىيشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ، غەرب ئالىملىرى ئۇنى ھۆرمەتلەپ «سىياسىيشۇناسلىقنىڭ ئاتىسى» دەپ ئاتىغان.

ماكىئاۋېللىنىڭ ئاساسلىق «پادىشاھ توغرىسىدا»، «لىۋى تارىخىغا شەرھى»، «يەتتە توملۇق ئۇرۇش سەنئىتى» ۋە «فلورېنسا تارىخى»ناملىق ئەسەرلىرى بار. ئۇنىڭ سىياسىيشۇناسلىق تەلىماتىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق: بىرىنچى، دۆلەت ھەممىدىن ئەلا نەزەرىيەسى. بۇ نەزەرىيەدە ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلۈپ بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك دۆلەت

---

① ئېنگېلس: «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 4 ـ توم، 262 ـ بەت.

قۇرغاندىلا، ئاندىن فېئوداللىق تەپرىقىچىلىك ۋە ئىچكى نىزالارنى يوقاتقىلى، چەت ئەللەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا تاقابىل تۇرغىلى ۋە چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقارغىلى بولىدىغانلىقى تەشەببۇس قىلىنغان. ئىككىنچى، پاپا ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ دەھرىي ھاكىمىيەتنىڭ ئىشلىرىغا چات كىرىۋېلىشىغا قارشى تۇرۇش. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «پاپانىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىتالىيەنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى، خارابلىشىشىنىڭ تۈپ يىلتىزى»، دىنىي جەمئىيەت «دۇنيا بويىچە خەلقنى گادايلاشتۇرۇپ، خەزىنىنى قۇرۇتۇۋەتتى». ئۈچىنچى، پادىشاھلىق جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئەڭ ياخشى شەكلى ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلىش. ئۇنىڭدا جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئەركىنلىك، باراۋەرلىكنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى، جامائەت پاراۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. پادىشاھنىڭ چەكسىز ھوقۇقتا ئىگە بولۇش كېرەكلىكى، ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان دائىملىق قوشۇنغا تايىنىشنىڭ زۆرۈلۈكى تەشەببۇس قىلىنغان. پادىشاھ ياللانما قوشۇنغا تايانماسلىقى كېرەك، ئۇ ھەم فېئودال كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشى، ھەم ئاتالمىش «چاكىنا ئاۋام» (ئەمگەكچى خەلقنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇشى لازىم. بۇ بۇرژۇئازىيە ماھىيىتىنىڭ تىپىك ئىنكاسىدۇر. تۆتىنچى، دىن ۋە دىنىي جەمئىيەتتىن پايدىلىنىشنى دۆلەتنىڭ كۈچلۈك قورالى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش. ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلققە ئاسان ھۆكۈمرانلىق قىلغىلى بولىدۇ، دىنىي جەمئىيەت تەرتىپ ـ ئىنتىزامنى قوغداشقا پايدىلىق، دەپ قارىغان. بەشىنچى، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى قوغداش، ئۇ : «كىشىلەرنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇنتۇپ قېلىشى مىراستىن مەھرۇم قىلىنغانلىقىنى ئۇنتۇپ كېتىشىدىن تېز بولىدۇ» دەپ قارىغان. ئالتىنچى، پادىشاھ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت

قىلىشى. قۇدرەتلىك، ئەقىللىك پادىشاھ ئاساسلىق شىر ۋە تۈلكىگە ئوخشاش ئىككى ياقلىمىلىق قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشى، كىشىلەرنى شىرغا ئوخشاش قورقۇتالايدىغان بولۇش، تۈلكىگە ئوخشاش ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش قىلىشقا ماھىر بولۇش، تەدبىرلىك بولۇش كېرەك. ئۇ بۇنى ھەتتا پادىشاھ ئۆزىگە پايدىلىق بولۇش ـ بولماسلىقنى ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشنىڭ پىرىنسىپى قىلىش كېرەك، «مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھەر قانداق ۋاسىتىنى قوللىنىشقا بولىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن.

ماكىئاۋېللىنىڭ سىياسىيشۇناسلىق تەلىماتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى مۇنداق: ئۇنىڭدا گۇمانىزم ئاساس قىلىنغان، دۆلەت فلورېنسا ۋە ئىتالىيەنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىگە ئاساسلىنىپ، «ئىنسان» كۆزى بىلەن كۆزىتىلگەن، «پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى تەڭرى ئاتا قىلغان» دېگەن كۆز قاراش چۆرۈپ تاشلانغان؛ مىللەتپەرۋەر ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش ئىدىيەسى ئۇنىڭ سىياسىيشۇناسلىقىنىڭ يادروسى بولۇپ، ئۇنىڭدا پادىشاھ بىرلىككە كەلگەن مىللىي دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانى، دەپ قارالغان. ئۇنىڭ سىياسىي نەزەرىيەسىدە ئەخلاق چىقىش نۇقتىسى قىلىنماستىن، بەلكى ھوقۇق قانۇنىنىڭ ئاساسى قىلىنغان. ماكىئاۋېللىنىڭ سىياسىي ئىدىيەسى تىپىك بۇرژۇئازىيەنىڭ سىياسىي نەزەرىيە سىستېمىسىدۇر. گەرچە ئۇ روشەن سىنىپىي چەكلىمىلىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ماكىئاۋېللى ئىدىيەسىنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى ۋەتەنپەرۋەرلىك. فېئوداللىققا قارشى تۇرۇش، دىنىي ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش بولغانلىقتىن، ئەينى زاماندا ناھايىتى زور ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە.

ماكىئاۋېللى تەشەببۇس قىلغان «مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ھەر قانداق ۋاسىتىنى قوللىنىشتىن يانماسلىق» تىن ئىبارەت زومىگەرلىك ماھارىتى، كېيىنچە بۇرژۇئا ئالىملىرى تەرىپىدىن

ماكىئاۋېللىزم دەپ ئاتالغان. بۇ ئىزمدىن بەزى ئەكسىيەتچىلەر ۋە فاشىستلار پايدىلىنىپ، ئۇنى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشىنىڭ نەزەرىيە ئاساسى قىلىۋالغان. دېمەك، ماكىئاۋېللىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن دەۋرىدىكى سىياسىي ئىدىيەسى بىلەن كېيىنكى ماكىئاۋېللىزمنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

خىيالىي سوتسىيالىزم پېشۋاسى كامپانېللا 15 ـ، 16 ـ ئەسىرلەردە بەزى ئىلغار پىكىرلىك مۇتەپەككۇرلار ئەينى چاغدا ئىقتىسادىي فورماتسىيە كاپىتالىزمنىڭ ئۆتكۈنچى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان، كەسكىن سىنىپىي كۈرەش دولقۇنى ئۆركەشلەۋاتقان شارائىتتا خۇسۇسىي مۇلۇكنىڭ بارلىق جىنايەتنىڭ يىلتىزى ئىكەنلىكىنى سەزگەن، شۇنىڭ بىلەن خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك يولغا قويۇلغان كۆڭۈلدىكىدەك جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەينى چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا بۇنداق جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ بىر خىل خام خىيال، ئوپدۇرما ھېسابلىناتتى. ئىتالىيەدە كېيىنكى مەزگىلدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن ۋاقىتتا ياشىغان كامپانېللا دەسلەپكى خىيالىي سوتسىيالىزمچى پېشۋالارنىڭ ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ.

كامپانېللا (1568 ـــ 1639) روھانىيلىقتىن كېلىپ چىققان، ۋەتەنپەرۋەر، ئىسپانىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش قوزغىلىڭىنى تەشكىللىگەن، ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئاشكارىلىنىپ قالغاچقا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە 27 يىل ياتقان، بىراق ئىزەلدىن باش ئەگمىگەن، ئۇ تۈرمىدە ناھايىتى كۆپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يازغان، بۇنىڭ ئىچىدە «قۇياش شەھىرى» ناملىق ئەسىرى ئەڭ مەشھۇردۇر. «قۇياش شەھىرى» كامپانېللا توقۇغان بىر شەھەر دۆلىتى بولۇپ، بۇ شەھەر دۆلىتىدە خۇسۇسىي مۇلۇك مەۋجۇت

www.uyghurkitap.com

ئەمەس، ھەممىگە ئومۇم ئىگىدارلىق قىلىدۇ؛ بايلار يوق، كەمبەغەللەرمۇ يوق، ھەممە كىشى باراۋەر، ھەممىلەن ئەمگەك قىلىدۇ. مورنىڭ «ئۇتوپىيە» ناملىق ئەسىرىدىكىگە ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، «قۇياش شەھىرى» دە كىشىلەرنىڭ ئەمگىكى يۇقىرى ـ تۆۋەن دەپ ئايرىلمايدۇ، ھەر بىر كىشى مەيلى قانداق خىزمەت قىلسۇن، ھەممىسى مۇھىم خىزمەت دەپ قارىلىدۇ، ھەممىدىن ئېغىر ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار، ئالايلۇق، تۆمۈر تاۋلاش، بىناكارلىق قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدىغانلار ھەممىدىن بەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. ئەمگەك ۋاقتى ھەر كۈنى پەقەت تۆت سائەتلا بولۇپ، قالغان ۋاقىت كىتاب ئوقۇش، پەن تەتقىقات ۋە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا سەرپ قىلىنىدۇ. ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلىدۇ، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ھۆكۈمەت تەمىنلەيدۇ، خەلق ئۆزى ئېھتىياجلىق نەرسىسىگە ئېرىشەلەيدۇ. «قۇياش شەھىرى» نى باشقۇرغۇچى خادىملارنى خەلق سايلايدۇ، خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلار ئالماشتۇرۇۋېتىلىدۇ، باشقۇرغۇچى خادىملارمۇ جىسمانىي ئەمگەك قىلىدۇ. ئەقىل ـ پاراسەتتە كامالەت ئىگىسى بولغان پەيلاسوپلار ئەڭ ئالىي باشقۇرغۇچىلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ. كامپانېللا تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلغان. تەڭرى بارلىق شەيئىلەرنىڭ مەنبەسى ۋە پاناھگاھى، دەپ قارىغان. «قۇياش شەھىرى» دە روھانىيلار بولۇپ، ئۇلار جىنايەتچىلەرنى سوتلاش ھوقۇقىغا ئىگە. ئەڭ ئالىي باشقۇرغۇچى باش كاھىن بولىدۇ. ناھايىتى روشەنكى، كامپانېللا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەنئەنىۋى دىنىي ھاكىمىيەت كۆز قارىشىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن.

كامپانېللا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ۋە نەپسانىيەتچىلىك «بارلىق يامانلىقنىڭ مەنبەسى» دەپ تەكىتلىگەن، «ئىنسان ماددىغا ئەمەس، ماددا ئىنسانغا خىزمەت

قىلىدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىراق، ئۇ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسىنى چۈشەنمىگەن، بەزىدە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك كىشىلەرنىڭ نادانلىقىدىن پەيدا بولغان دەپ قارىغان، شۇڭا ئۇ مائارىپنىڭ رولىنى نامۇۋاپىق تەكىتلىگەن. «قۇياش شەھىرى» دە 16 ـ ئەسىردىكى ئىتالىيەدىكى دەسلەپكى پىرولېتارلار ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلقنىڭ سىياسىي تەلىپى ۋە ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى، سىنىپلارنى، ئېكسپلاتاتسىيە ۋە ئېزىشنى يوقىتىشتىن ئىبارەت پارلاق ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كامپانېللا پۈتۈن دۇنيادا ئاخىر بىر كۈنى «قۇياش شەھىرى» دىكىدەك تۈزۈمنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. كامپانېللا يەنە تەسەۋۋۇردىكى دۆلەت ــ «قۇياش شەھىرى» نى بەرپا قىلىدىغان سىنىپىي كۈچ ۋە ئۇنى قۇرۇشنىڭ يولىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان، ئەكسىچە ئابستراكت ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيەسى مەۋقەسىدە تۇرۇپ، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈمىدىنى «دانىشمەنلەر» ۋە «پايلاسوپلار»غا باغلىغان. بۇ دەۋرنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بولغان، ئالدىنقىلارغا بەك قاتتىق تەلەپ قويۇشقا بولمايدۇ.

گەرچە كامپانېللانىڭ غايىۋى جەمئىيىتى خام خىيال بولسىمۇ، ئەينى زاماندىكى تارىخىي شارائىتتا ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىدىيەسى زامانداش گۇمانىزمچىلارنىڭ ئىدىيەسىدىن تېخىمۇ ئىلغار ئىدى. ئۇ تەشەببۇس قىلغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئىستېمال نۇقتىسىدىن ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويغان، بۇنداق ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئورتاق ئەمگەكنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تەلپۈنگەن ئىنسان بەختى شەخسىيەتچىلىكنى ئالدىنقى شەرت قىلغان شەخسىي راھەتپەرەسلىك بولماستىن، بەلكى جامائەت مەنپەئەتىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان شەخسىي بەختتۇر.

www.uyghurkitap.com

## 2 ـ بۆلۈم ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئىتالىيەدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەندىن كېيىن، ئىتالىيەلىك سەنئەتكارلار، ئارخىتېكتورلار غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرگە كۆپلەپ تەكلىپ قىلىندى، ھالبۇكى ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ئالىملار، ئەدىبلەر ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىتالىيەگە زىيارەتكە، ئوقۇشقا بېرىشى ئەۋج ئېلىپ، ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە كاپىتالىزمنىڭ بىخلىنىشى ئاساسىدا، ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە بۇرژۇئازىيەنىڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئەۋج ئالدى.

ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپا دۆلەتلىرىدە كىتابلار ئۇزۇنغىچە قوي تېرىسى قەغىزىگە كۆچۈرۈلۈپ كەلگەچكە، ئۇلارنىڭ تارقىلىشى تەس ئىدى. 17 ـ ئەسىردىن كېيىن، جۇڭگونىڭ زور كەشپىياتى (پورۇخ، كومپاس، قەغەزچىلىك ۋە مەتبەئە تېخنىكىسى) غەربكە تارقىلىپ، ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكىسى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا زور رول ئوينىدى. 14 ـ ئەسىردىن باشلاپ ياۋروپادا ئومۇميۈزلۈك ھالدا سۈنئىي قەغەز ئىشلىتىلدى؛ 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربىي ياۋروپادا ئويما مەتبەئە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. گېرمانىيەنىڭ گۇدېنبۇرگ شەھىرىدە ھەرپلىك مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە 1440 ـ يىلى گۇدېنبۇرگدا باسما ماشىنىسىنىڭ قەغەزنىڭ ئىككى يۈزىگە خەت باسالايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلىشى كىتابلارنىڭ نەشر قىلىنىشى ۋە مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشىغا ناھايىتى پايدىلىق بولۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. 15 ـ

ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتى ئىتالىيەنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى گېرمانىيە، فىرانسىيە، شۋېتسىيە، شۇنىڭدەك ئەنگلىيە، ئىسپانىيە ۋە نېدېرلاندىيە قاتارلىق جايلارغا ناھايىتى تېز تارقىلىپ، بۇ دۆلەتلەردە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەزى مەشھۇر ئەربابلار ۋە ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى.

**گېرمانىيەدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى** گېرمانىيەدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى بالدۇرراق باشلاندى. 15 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن 70 ـ يىللىرىغىچە نۇرنېبېرگ قاتارلىق بىرقانچە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا گۇمانىزم گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ئېرفۇرت ئۇنىۋېرسىتېتىدا رۇف مۇشان باشچىلىقىدىكى گۇمانىزم تەرەپدارلىرى بىر مەھەل گېرمانىيە گۇمانىزم ھەرىكىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. گېرمانىيەدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى، دىن، ئەخلاق ۋە پەلسەپە مەسىلىلىرىگە قارىتا سەزگۈرلۈكى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇلار «ئىنجىل» ۋە «چېركاۋ پەدەر» (ئېكلېسىيە پېشۋاسى) نىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش، تەتقىق قىلىش ۋە ئىزاھلاش بىلەن شۆھرەت قازاندى؛ «ساتىرىك ئەسەرلەر توپلىمى» نى ئېلان قىلىش ۋە پلاستىك سەنئەت (رەڭلىك رەسىم، ياغاچ ئويما ياكى رەڭلىك مىس باسما رەسىم قاتارلىقلار) بىلەن نام چىقاردى. ئىككىنچى، ئۇنىۋېرسىتېتلار، بولۇپمۇ ياش ئوقۇتقۇچىلار ۋە زىيالىيلار ساھەسى گۇمانىزم ھەرىكىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىتالىيەدە ئوقۇغان ۋە زىيارەتتە بولغانىدى، نۇرغۇن ئالىملار ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ تىلىنى ئوبدان ئىگىلىگەنىدى. ئۈچىنچى، ئەسەرلىرىدە گېرمانىيەنىڭ بۆلۈنۈپ

www.uyghurkitap.com

كېتىشكە قارشى تۇرۇش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە رىم پاپاسىنىڭ ئېزىشىدىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلىش ئىدىيەسى كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى. بىر قىسىم سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە تۆۋەن تەبىقىدىكى خەلق تېما قىلىنغان مەزمۇنلار كۆپەيدى.
تۆتىنچى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ ھەر قايسى جايلاردىكى تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس ئىدى. گېرمانىيەنىڭ جەنۇبىدا ئىتالىيەنىڭ تەسىرى زور بولغاچقا، ھەرىكەت بالدۇر باشلىنىپ، نۇرغۇن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى؛ گېرمانىيەنىڭ غەربىي قىسمىدىكى كولۇن قاتارلىق جايلاردا كاتولىك دىنىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك، مۇتەئەسسىپلىك كەيپىياتى قويۇقراق ئىدى؛ گېرمانىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى نېدىرلاندىيەلىكلەرنىڭ گۇمانىزمچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق بولۇپ، ئۇ يەردە دىنىي جەمئىيەت ۋە دىن ئىسلاھاتىغا ئەھمىيەت بېرىلگەنىدى.

لاكلىن بىلەن خۇتتېن گېرمانىيە گۇمانىزم مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى، دىيول بىلەن كىچىك ھانس خولبېئىن گېرمانىيە سەنئەتكارلىرىنىڭ ۋەكىلى.

جون لاكلىن (1455 — 1522) گىرېك تىلى، لاتىن تىلى ۋە ئىبرانى تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەن بۈيۈك تىلشۇناس، ئۇ بادېندا تۇغۇلغان، خېيدېلبېرگ، پارىژ، باسېل قاتارلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇغان. ئىتالىيەدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا گۇمانىزم ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلغان، ياۋروپادىكى تۇنجى ئىبرانى تىلى ئالىمىغا ئايلانغان. 1506 ـ يىلى ئىبرانى تىلى گىرامماتىكىسىغا ئائىت تۇنجى ئەسىرىنى ئېلان قىلغان. 1516 ـ يىلى «ئىبرانى تىلىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىغا دائىر كۆرسەتمە» ناملىق ئەسەرنى يازغان؛ 1517 ـ يىلى يەنە «كابارا پەلسەپىسى توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ تاماملىغان. لاكلىن ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى كولۇن ئۇنىۋېرسىتېتىدا سكولاستىكىزمچىلارنىڭ

يەھۇدىيلارنىڭ كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈشكە قارشى كۆرەشتە لاكلىن ئېقىمى تەرەپدارلىرى بارلىققا كەلگەن. لاكلىن باشچىلىقىدىكى گۇمانىزمچىلار ساتىرىك ئەسەرلەر توپلىمى «جاھالەتپەرەسلەرگە مەكتۇپ» (ئىككى توملۇق، 1515 ـ ۋە 1517 ـ يىللىرى دۇنياغا كەلگەن) نى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ بىرىنچى تومى كولۇن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى سكولاستىكىزمچىلارنىڭ نوپۇزلۇق ئادەملىرىگە قارىتا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا سكولاستىكىزمچىلارنىڭ نوپۇزلۇق ئادەملىرىنىڭ بىلىمسىزلىكى، چۈۋالچاق، بىمەنە بەس ـ مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشى مەسخىرە قىلىنغان. ئىككىنچى تومىدا پاپا بىلەن دىنى جەمئىيەت پاش قىلىنىپ، گېرمانىيەدە دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىق كۆرۈلگەن.

ئۇلرىخ فونت خۇتتېن (1488 ـــ 1523) رىتسار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئىدىيەسى رادىكال، ئۇزۇنغىچە سەرگەردان شائىرلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن. ئۇ رىتسارلارغا تايىنىپ گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. 1513 ـ يىلى خۇتتېن ئىتالىيەنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، رىم پاپاسىنىڭ گېرمانىيەدە يۈز بەرگەن ھەممە بالا ـ قازانىڭ باش مەنبەسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە باشلىغان. 1517 ـ يىلى ئاۋگۇسبېرگدا گېرمانىيە ئىمپېراتورى خۇتتېنغا «مەلىكۇششۇئرا شائىر» دېگەن نامنى بەرگەن. خۇتتېن ئىتالىيەلىك گۇمانىزمچى تارىخشۇناس لورېنزوۋاللانى ھۆرمەتلەيتتى، ئۇنىڭ «كونستانتىن ھەدىيەسىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈش» ناملىق ئەسىرىنى گېرمانىيەدە نەشر قىلدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىدە رىم پاپاسىنىڭ نوپوزىغا قارىتا ئىككىلىنىش پەيدا قىلغان.

«رىمدىكى ئۈچ بىرلىك» (1520 ـ يىلى) ناملىق ئەسەر خوتتېننىڭ گۇمانىزم كۆز قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان

www.uyghurkitap.com

ئەسەردۇر. خۇتتېن مۇنداق دەپ يازغان: «...رىم ئۈچ خىل نەرسىگە، يەنى زورلۇق كۈچ، مەككارلىق، ساختىپەزلىككە تايىنىپ بارلىق كىشىلەرنى بويسۇندۇرغان... ئۈچ ئىشقا، يەنى پاپا، ئىندۇلگېنتىيە مەغپىرەتنامە ـ گۇناھىنى كەچۈرگەنلىك ئىسپاتى) ۋە ئاتېئىزم توغرىسىدا ھەقىقىي ئەھۋالنى سۆزلەشكە بولمايدۇ. ئۈچ خىل شەيئىي، يەنى، پاپا، قەدىمكى بىنالار ۋە ئاچ كۆزلۈك رىمنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئايلانغان. ئۈچ خىل ئوخشاش بولمىغان نەرسە، يەنى نامراتلارنىڭ قان ـ تەرى، قانۇنسىز زور پايدا ۋە خىرىستىيان مۇرىتلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىش رىمدىكى دۆلەتمەنلەرنى باقىدۇ». خۇتتېن ۋەتەنپەرۋەر شائىر بولۇپ، گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا ھاياتىنى تەقدىم قىلغان.

ئا.دىيول (1471 ــ 1528) ماي بوياق ۋە ئويما رەسىملەرنى سىزىشتا داڭلىق، ھەيكەلتىراش ۋە ئارختېكتور. ئېنگېلس ئۇنى كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارغا ئىگە گىگانتلارنىڭ بىرى دەپ تەرىپلىگەن. ئۇ نۇرنبېرگدا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، دادىسى ئۇستا زەرگەر ئىدى. دىيول ۋېنېتسىيەگە بېرىپ ئوقۇغان ھەمدە گېرمانىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ رەسىم سىزىشنى ئۆگەنگەن، ئۇ ئەنئەنىۋى كىچىك دىنىي رەسىملەرنى سىزىشقا، بولۇپمۇ ياغاچ ئويما ۋە مىس ئويما رەسىملەرنى سىزىشقا ماھىر ئىدى. ئۇ ۋېنېتسىيە رەسساملىق ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، گېرمانىيە رەسساملىقىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ياراتقان. ئۇنىڭ دىنىي تېمىدىكى رەسىملىرىدە پۈتۈنلەي مىللەت ۋە خەلق مەزمۇن قىلىنغان. دىيول ئىجاد قىلغان ياغاچ ئويما چاتما رەسىم «ۋەھىي» (1498 ـ يىلى) جەمئىي 16 پارچە رەسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «تۆت رىتسار» ۋە «پەرىشتىنىڭ ئەجدىھا بىلەن ئېلىشىشى» دىن ئىبارەت ئىككى پارچە رەسىم ئەڭ مەشھۇر. دىيول سىزغان نۇرغۇن پورترېت ئەسەرلەر بار. ئالايلۇق، ئۆزىنىڭ

پورترېتى، گېرمانىيە ئىمپېراتورى ماكسىمىللىئاننىڭ پورترېتى قاتارلىقلار، ئۇ ساقال ـ بۇرۇتنى نەپىس تەسۋىرلەشتە شىمالىي ياۋروپانىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ گېرمانىيەنىڭ مەنزىرە رەسساملىقى ۋە جانسىز نەرسىلەر رەسساملىقىغىمۇ كۆپ تۆھپە قوشقان. دىيولنىڭ بەزى رەڭلىك مىس ئويما رەسىملىرىنىڭمۇ داڭقى بار. ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدىن «رىتسار، ئەزرائىل ۋە ئىبلىس» (1513 ـ يىلى)، «كۇتۇپخانىدىكى ئەۋلىيا ھېرونىم» ۋە «دەرد ـ ئەلەم» (1514 ـ يىلى) قاتارلىقلار بار، ئۇلار «ئاتاقلىق شەخسنىڭ ئويما رەسىملىرى» دەپ ئاتالغان. دىيولنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى نادىر ئەسىرى، مەشھۇر ماي بوياق رەسىم «تۆت مۇرىت» (1526 ـ يىلى) ئۇزۇندىن بېرى دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ كەلدى، ئۇنىڭدا قەيسەر ئىرادىلىك مۇتەپەككۇر جەڭچىلەرنىڭ بۈيۈك ئوبرازى يارىتىلغان، ئۇ پۈتكۈل گېرمانىيە سەنئىتىنىڭ گۈل تاجى دېگەن نامغا مۇناسىپ كېلىدۇ.

دىيولنىڭ سەنئەت نەزەرىيەسى جەھەتتىكى بىلىمىمۇ چوڭقۇر، ئۇ تۆت توملۇق «ئادەم بەدىنىنىڭ ئۆلچىمى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ پېرسپېكتىق ئىلمى ۋە ئادەم ئاناتومىيەسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇ «تەبىئەت سەنئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغانكەن، سەنئەتنى تەبىئەتتىن قوبۇل قىلىش كېرەكلىكى» گە قەتئىي ئىشىنەتتى. دىيول يەنە مەشھۇر ھەيكەلتىراش، ئۇ فلورېنسادىكى ئورسانىېمك چېركاۋى ئۈچۈن ياساپ بەرگەن «ساينت گېئورگي» نىڭ مەرمەر تاش ھەيكىلىنىڭ مەنىسى چوڭقۇر بولۇپ، ئوبراز ئەينەن يارىتىلغان.

كىچىك ھانس خولبېئىن (1497 ــ 1543) گېرمانىيەنىڭ داڭلىق سۇ بوياق، پورترېت ۋە ناتۇرا رەسسامى. ئۇ فلاندرنىڭ رەسىم سىزىش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغان. 1515 ـ يىلى ئۇ باسېل شەھىرىگە كۆچۈپ بېرىپ، بۇ يەردە ئېراسمۇس بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولغان، ئۇ

«نادانغا مەدھىيە» ناملىق كىتابقا بىر مۇنچە قىستۇرما رەسىم سىزىپ بەرگەن. توماس مور ئۇنى «قالتىس ئىقتىدارلىق رەسسام» دەپ ماختىغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «بازىل شەھىرىنىڭ باشلىقى مېيېل»، «ئېراسمۇس»، «ئەنگلىيە پادىشاھى ھېنرى VIII »، «دىپلومات موللېت» قاتارلىقلار بار. شەخسلەرنىڭ پورترېتلىرىدا ئۇ راۋان سىزىقلار ئارقىلىق ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن ئۇلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ۋە روھىي قىياپىتىنى نۇقتىلىق سۈرەتلەپ بەرگەن. مەسىلەن، ئۇ ئېراسمۇسنىڭ رەسىمىنى ناھايىتى مۇكەممەل سىزغان بولۇپ، ئۇنى پۈتۈن پىكىر - زېھنىنى يىغقان قىياپەتتە تەسۋىرلەپ، رەسىمگە جان كىرگۈزۈۋەتكەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى رېئال تەسۋىر بولۇپلا قالماي، يەنە تېخى گېرمانىيەدىكى تۆۋەن تەبىقە خەلقىگىمۇ تاقىلىدۇ. ئۇنىڭ «ئۆلۈم ئۇسسۇلى» ناملىق رەسىمىدە، مىسسىيونېرنىڭ ئارقىسىدا بىر ئىسكىلىت، ئوچاق يېنىدىكى كۆلۈپ ئولتۇرغان بالىنىڭ يېنىدىمۇ ئادەم سۆڭىكى بار. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە يەنە سولغۇن چىراي دېھقانىنىڭ ئورۇق ئاتنى قوغلاپ كېتىۋاتقانلىقى ۋە سەكراتقا چۈشۈپ قالغان قەلەندەر قاتارلىق كۆرۈنۈشلەر بولۇپ، ئۇلاردا تۇرمۇش رېئاللىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

**فرانسىيەدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى** 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، فىرانسىيەدە ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن فېئوداللىق دۆلەت شەكىللەندى. فىرانسىيەدە پادىشاھنىڭ ھوقۇقى ۋە ئوردا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازلار بىلەن جازانە كاپىتالى ۋە دۆلەتنىڭ بېجىنى كۆتۈرە ئالغان سودىگەرلەرنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق بولۇپ، پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بېقىناتتى. ئىتالىيەدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتى ئەڭ بۇرۇن ئىتالىيەنىڭ يېقىن قوشنىسى بولغان گېرمانىيە، فىرانسىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتكە تارقالدى. ئەمما ئوردا ۋە

بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەتىنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى. فىرانسۇز مىللىي دۆلىتى بارلىققا كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا مىللەتنىڭ ئىككى كۈچلۈك بولغاچقا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەت قارىشىغا دائىر مەزمۇنلار كۆپرەك ئەكس ئەتتۇرۇلدى.

16 ـ ئەسىردە فىرانسىيەدىكى مەشھۇر گۇمانىزم تەشكىلاتى «يەتتە يۇلتۇز شائىرلار جەمئىيىتى»، يەنە ئاقسۆڭەك لونسا (1524 ـــ 1585) بىلەن دونبېري (1522 ـــ 1560) نىڭ باشچىلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ باردى، ئۇ فىرانسۇز مىللىتى تىلىدىكى ئەدەبىيات ۋە شېئىرىيەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش، لاتىن تىلى ياكى باشقا چەت ئەل تىللىرىدا يېزىقچىلىق قىلىشقا قارشى تۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلدى، مانا بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتىدىكى مىللىي خاراكتېرنىڭ ئىپادىسىدۇر.

رابېلائىس فىرانسىيەدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى گەۋدىلىك ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ.

رابېلائىس (1494 ـــ 1553) فىرانسىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىر زېمىندار ۋە ئادۋوكات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، كىچىكىدىن باشلاپلا موناستىردا ئوقۇغان، مۇناخ بولغان، ئۇ تېبابەتچىلىك، پەلسەپە، قانۇن ۋە ئەدەبىياتتىن خەۋەردار بولۇپ، بىلىمى چوڭقۇر، ھەممىلا جايدا ساياھەت قىلىپ جەمئىيەت بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچراشقان، ئۇ 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلىپ بەش توملۇق ساتىرىك رومان «گىگانتنىڭ تەرجىمىھالى» (يەنە «گىگانت ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» ياكى «زەبەردەست كامىدا ۋە سېمىز چوڭ ئەمەلدار» دەپ تەرجىمە قىلىنغان)نى يېزىپ چىققان، بۇ مەشھۇر ئەسەر رابېلائىسنى يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە قىلغان. رابېلائىسنىڭ رومانى چوڭقۇر خەلقپەرۋەرلىك مەزمۇنغا

ئىگە بولۇپ، ئۇ ئاممىباب تىلدا يېزىلغاچقا مەزمۇنىنى ئوڭاي چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ، تىلى مول ۋە رەڭدار، ئوخشىتىشلىرى جانلىق، بۇ روماندا مۇبالىغە ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، ئىنسان كۈچىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا مەدھىيە ئوقۇلغان، زاھىتلىقنى تەرغىب قىلىدىغان دىنىي جەمئىيەت بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇپ ھېچ ئىش بىلەن كارى بولمايدىغان ئاقسۆڭەكلەر مەسخىرە قىلىنغان. ئۇ، سكولاپستىك پەلسەپە پەقەت ئارستوتېلنىڭ لوگىكىلىق ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلى تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، شەكىل جەھەتتە تولۇق بولغان بىلەن، ئۇنىڭ ئىچى قۇرۇق دەپ قارىغان، رابېلائىس مائارىپقا قارىتا گۇمانىزملىق قاراشقا ئىگە بولۇپ، ئادەمنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار بىلىملىرىنى ئۆگىتىش ئادەمنى مۇكەممەل ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدۇ، دەپ قارىغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئادەم جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام بولۇشى كېرەك، دەيتتى. «گىگانتنىڭ تەرجىمىھالى»دا ئۈچ گىگانت تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلار دەل مۇشۇنداق پېرسوناژلار ئىدى. ئۇ ئىنساننىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتى نادانلىق ۋە جاھالەت ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىغا، بىلىم بىلەن قوراللانغان ئادەمنىڭ گىگانتقا ئايلىنىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن.

پودان (1530 ــ 1596) فىرانسىيەدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتىدىكى يەنە بىر ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەرباب ـ سىياسىيشۇناس مۇتەپەككۇر، ئۇ ئادۋوكات، تەپتىش ئەمەلدارى بولغان، ئۆلكىلىك پارلامېنتنىڭ ۋەكىلىمۇ بولغان، كېيىن يەنە ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنىدا ئۈچىنچى دەرىجىلىكلەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. پودان ئاساسلىق ئەسىرى «دۆلەت توغرىسىدا» دا مۇستەبىت تۈزۈمنى قوغداپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ دۆلەتنىڭ ھوقۇقىغا تەڭ تۇرىدىغان ھېچقانداق ھوقۇق يوق، ئىگىلىك



www.uyghurkitap.com

ھوقۇق بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە، ئۇنى پارچىلاشقا بولمايدۇ. پادىشاھ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى بىردىنبىر ئىلكىدە تۇتقۇچى، ھېچقانداق رەئىيەت ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ، دەپ قارايتتى. پودانىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق تەلىماتى دەھرىي ھاكىمىيەتنى تەمە قىلىدىغان پاپا بىلەن فېئودال بۆلگۈنچى ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. پودان يەنە بۇرژۇئازىيەنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدىغان. ئۇ ھەر قانداق پادىشاھنىڭ باشقىلارنىڭ مال - دۇنياسىنى ئىگىلىۋېلىش ھوقۇقى يوق، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ باج يىغىش ھوقۇقى يوق، دەپ جاكارلىغان.

**ئەنگلىيەدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى** ئەنگلىيەدە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتى غەربىي ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكىدىن سەل كېيىن باشلاندى. 16 - ئەسىردە، بولۇپمۇ 16 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيەدە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى گۇمانىزمنىڭ دەسلەپكى مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەكتەپتە بىر مەشھۇر گۇمانىزم گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئىبراسمۇسنىڭ ناھايىتى زور تەسىرىگە ئۇچرىغان، مەزكۇر گۇرۇپپا ئەزالىرى دەسلەپتە ئاساسلىق ئىتالىيەدىكى دەسلەپكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش مەزگىلىدىكى دانتې قاتارلىق ئىتالىيەلىك «ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئۈچ مەشھۇر زات» نىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش پائالىيىتى بىلەن شوغۇللانغان. ۋىليام راتىما (1460 — 1545)، توماس رىناگا (1460 — 1524)، بولۇپمۇ جون كورلېت (1467 — 1519) قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرىدۇر. كورلېت ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى گۇمانىزم گۇرۇپپىسىنىڭ يادرولۇق ئەربابى، ئۇ ئىتالىيەدە گىرېك تىلى، قانۇنشۇناسلىقنى ئۆگەنگەن، پاپانىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان. ئۇ 1496 - يىلىدىن

باشلاپ، مەكتەپ ئىچىدە ئەنگلىيە ئىلىم ساھەسىنى لەرزىگە كەلتۈرگەن «پائۇل مەكتۇپلىرى» دېگەن مەخسۇس تېمىدا ئالتە يىل لېكسىيە سۆزلىگەن. كورلېت ئىنجىلنىڭ خەت مەنىسىنى، گىراماتىكىسىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماي، يەنە ئىنجىلنى ھۆججەتشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئاساسىدا چۈشەندۈرگەن. 1508 ـ يىلى كورلېت دادىسىنىڭ مىراس قالدۇرغان مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بۇ مەبلەغنى ئىشلىتىپ يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇپ، مەكتەپكە «سان پائۇل ئوتتۇرا مەكتىپى» دەپ نام قويغان، بۇ دىنىي جەمئىيەتنىڭ كونتروللۇقىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلغان، مەبلەغ جەھەتتە لوندون سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى بىلەن توقۇمىچىلىق زاۋۇتى غوجايىنلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن، شۇنداقلا گۇمانىزم ئىدىيەسىنى تارقىتىدىغان، دىنىي ئىسلاھاتنى تەشەببۇس قىلىدىغان مەكتەپ ئىدى.

مور ۋە شېكىسپىر ئەنگلىيەنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش مەزگىلىدىكى مەشھۇر ۋەكىللىرىدۇر.

توماس مور (1478 ــ 1535) ئەنگلىيەلىك مەشھۇر گۇمانىزم مۇتەپەككۇرى ۋە خىيالىي سوتسىيالىزم سىياسىي ئىدىيەسىگە ئاساس سالغۇچىدۇر.

مور چوڭ بيۇروكرات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1492 ـ يىلى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، ئالدىنقى ئىككى يىلدا كىلاسسىك ئەدەبىيات ئۆگەنگەن، كېيىن قانۇنشۇناسلىقتا ئوقۇغان بولۇپ، ئاتاقلىق گۇمانىزمچى توماس رىناگانىڭ يېقىن ئوقۇغۇچىسى ۋە دوستى بولۇپ قالغان. مورمۇ گۇمانىزم گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئىراسمۇس بىلەن شەخسىي مۇناسىۋىتى بەك ياخشى ئىدى. مور 28 يېشىدا (1504 ـ يىلى) پارلامېنت ئەزاسى بولغاندىن باشلاپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مالىيە ۋەزىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى، تۆۋەن پالاتانىڭ باشلىقى، چوڭ سوتچى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. دىنىي

سىياسەت جەھەتتە ئەنگلىيە پادىشاھى ھېنرى VIII بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلگەچكە، ئۇ ۋەزىپىسىدىن مەجبۇرىي ئىستىپا بەرگەن. 1534 ـ يىلى ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي باشلىقى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلىنىپ، ئىككىنچى يىلى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. مورنىڭ جىسمىغا ئەينى چاغدىكى ئەنگلىيە جەمئىيىتىدىكى ئۆتكۈر، مۇرەككەپ زىددىيەتلەر مۇجەسسەملەنگەن. مور ھەم ناھايىتى تەقۋادار خىرىستىيان مۇرىتى، ھەم بىلىملىك گۇمانىزمچى، ھەم چوڭ مەنسەپ تۇتقان ئەمەلدارلار، ھەم غەربىي ياۋروپادا خىيالىي سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئاساسىنى ياراتقۇچى؛ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى باياشاتچىلىقتا ئۆتكەن، ئەزەلدىن ئەمگەك قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە باي ـ نامراتلىقتا بۆلۈنۈشنى پاش قىلىپ، ھەممە ئادەمنىڭ ئەمگەك قىلىشىنى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلغان؛ ئۇ دىنىي كۆز قاراشتا ئىنتايىن مۇتەئەسسىپ، سىياسىي كۆز قاراشتا بولسا رادىكال بولۇپ، ئۇنى تىپىك زىددىيەتلىك ئادەم دېيىشكە بولىدۇ. مورنىڭ ئىدىيەسى ۋە كۆز قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدە، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ گۇمانىزمچىلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى رول ئوينىغان، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى گۇمانىزم گۇرۇپپىسى ۋە ئېراسمۇس قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەسىرىدىن باشقا، ئىتالىيەلىك مەشھۇر گۇمانىزمچى پېكودىرا مىراندۇرانىڭ دىنىي جەمئىيەت ۋە جەمئىيەت مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى مورغا زور ئىلھام بەخش ئەتكەن. يەنە بىر تەرەپتىن مور 1509 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ لوندون توقۇمىچىلىق ساھەسىدىكى سودىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشقاندىن كېيىن، كۆپ قېتىم ئادۋوكات ياكى ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ ۋەكىلى سالاھىيىتىدە چەت ئەللەرگە بېرىپ سودا ماجىرالىرىنى مۇرەسسە قىلىش جەريانىدا،

بۇرژۇئازلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، توقۇمىچىلىق ساھەسىدىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازلارنىڭ ئىدىيەسى ۋە كۆز قاراشلىرىنى قوبۇل قىلغان. بۇلاردىن باشقا، مور نۇرغۇن ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە پىرولېتارلار ۋەكىللىرىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان.

مور ئاساسلىق ئەسىرى «ئۇتوپىيە»①دە، ئەنگلىيەدە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەرنى تەھلىل ۋە تەنقىد قىلغان؛ دەسلەپكى پىرولېتارلار بىلەن كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ كاپىتالنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلانغان مەزگىلىدىكى ۋەھشىيلەرچە ئېكسپلاتاتسىيەگە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەنگلىيەدىكى «يەر قاشالاش ھەرىكىتى» نۇرغۇن دېھقانىنى ۋەيران قىلىپ، ھېچ نەرسىسى يوق پىرولېتارلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان، مور تالان ـ تاراج قىلىنغان ئاممىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىپ، قان ـ ياشقا بويالغان بۇ تارىخنى تەسۋىرلىگىنىدە غەزەپ بىلەن «ئادەم يەيدىغان قوي» دەپ قاتتىق شىكايەت قىلغان. مور «ئۇتوپىيە» ناملىق ئەسىرىدە، ئۆزىنىڭ جەمئىيەت تۈزۈمى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى بايان قىلىپ، بىر غايىۋى جەمئىيەتنىڭ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ بۇ غايىۋى جەمئىيەتنى «ئۇتوپىيە» دەپ ئاتىغان.

مورنىڭ «ئۇتوپىيە» سى بىر دېڭىز ئارىلىدا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ يەردە خۇسۇسىي مۈلۈك، ئېكسپلاتاتسىيە، باي ـ نامراتلىق پەرقى مەۋجۇت ئەمەس، ھەممەيلەن ئەمگەك قىلالايتتى، دائىم نۆۋەتلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەنمۇ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى، ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى جامائەت ئامبىرىغا

---

① «ئۇتوپىيە» نىڭ تولۇق نامى «ئەڭ مۇكەممەل دۆلەت تۈزۈمى ۋە يېڭى ئۇتوپىيە ئارىلى توغرىسىدىكى ھەم پايدىلىق، ھەم قىزىقارلىق قامۇس» بولۇپ، 1516 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. ئۇتوپىيە دېگەن سۆز گىرېك تىلىدىن كەلگەن، «ئۇ» بولسا «يوق» دېگەن مەنىنى، «ئۇتوپىيە» يەر، جاي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇتوپىيە «يوق يەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۆتكۈزۈلۈپ، كوللېكتىپنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولاتتى، ماددىي بۇيۇملار ئىنتايىن مول بولغاچقا، ھەر بىر ئائىلە ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھېچقانداق بەدەل تۆلىمەستىن، كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئالاتتى. مانا بۇ ئەڭ بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەقسىم قىلىش» تىن ئىبارەت كوممۇنىزم ئىدىيەسى ئىدى. «ئۇتوپىيە» نىڭ پادىشاھى ۋە ئەمەلدارلىرى سايلام ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ، پادىشاھ ئۆمۈرۋايەت ۋەزىپە ئۆتەيدۇ، ئەمەلدارلار يىلدا بىر قېتىم سايلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئىمتىيازى يوق، ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەشكە ۋە كوللېكتىپ ئىستېمالغا مەسئۇل بولىدۇ. خۇسۇسىي مۈلۈك ئىنكار قىلىنغان، ھەممە ئادەمنىڭ ئەمگەك قىلىشى، ئۆزئارا باراۋەر بولۇشى تەشەببۇس قىلىنغان بۇنداق ئىدىيەدە دەسلەپكى مەزگىللەردىكى پرولېتارلارنىڭ تەلىپى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ كەلگۈسى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇ غايەت زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەينى چاغدىكى ئىلغار مۇتەپەككۇرلارغا ئوخشاشلا مورنىڭ ئىدىيەسىدە كونا ۋە يېڭى ئامىللار دائىم ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ «ئۇتوپىيە» سىدە قۇللۇق تۈزۈم ساقلاپ قېلىنىپ، قۇللارغا ئېغىر ئەمگەك، پاسكىنا ئىشلار قىلدۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتتىكى تۈپ زىددىيەتنى تونۇپ يېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، يېڭى جەمئىيەتنى بەرپا قىلىدىغان سىنىپىي كۈچ ۋە ئۇنى بەرپا قىلىش يولىنى تاپالمايتتى، پرولېتارىياتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىمۇ ئالدىن كۆرەلمىگەنىدى. كەلگۈسى جەمئىيەت ئۇنىڭ خام خىيالىلا ئىدى، خالاس.

ئەنگلىيەنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش مەزگىلىدىكى ئەڭ مەشھۇر ۋەكىلى، ئاتاقلىق دىراماتورگ، شائىر

www.uyghurkitap.com

ۋىللىيام شېكىسپىر (1564 — 1616) باي شەھەر ئاھالىسى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچارلاشقانلىقتىن، ئىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن يۇرتىدىن ئايرىلغان. ئۇ لوندون تىياتىرخانىسىدا ئات باقار، قارا خىزمەتچى، قوشۇمچە رول ئارتىسى بولغان، كېيىن يازغۇچى، رېژىسسور، شۇنىڭدەك تىياتىرخانىنىڭ پاي چېكى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن نادىر ئەسەرلەر ئىچىدە 37 تراگېدىيە، كومېدىيە ۋە تارىخىي دىرامىسى، ئىككى داستانى ۋە 154 پارچە 14 مىسرالىق شېئىرى بار. شېكىسپىرنىڭ ئىجادىيىتىنى ئۈچ دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى دەۋر (1590 — 1600)دە ئۇنىڭ گۇمانىزملىق دۇنيا قارىشى ۋە ئىجادىيەت ئۇسلۇبى شەكىللەنگەن بولۇپ، ئاساسلىق تارىخىي دىراما، كومېدىيە ۋە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئىككىنچى دەۋر (1601 — 1608) دە ئۇنىڭ ئىدىيەسى ۋە سەنئەت ئىجادىيىتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئۇ بەزى مەشھۇر كومېدىيەلەرنى ئىجاد قىلغان. ئۈچىنچى دەۋر (1609 — 1613)دە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيەۋىلىكى بىلەن بەدىئىيلىكى ئاجىزلىغان بولۇپ، ئۇ ئاساسلىق رومانتىك سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

شېكىسپىر ئەنگلىيەنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمى كۈنسېرى زاۋال تېپىۋاتقان، كاپىتالىزم راۋاج تېپىۋاتقان تارىخىي دەۋردە ياشىغان.

ئەينى چاغدا ئىپتىدائىي جۇغلانمىنىڭ ئەمەلىيلىشى تېزلەشكەن، يەر قاشالاش دولقۇنى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان، خەلق ئاممىسى ئىنتايىن نامراتلاشقان، سىنىپىي زىددىيەت مۇرەككەپلەشكەن ۋە ئۆتكۈرلەشكەنىدى. شېكىسپىر بۇرژۇئازىيەنىڭ گۇمانىزم ئىدىيەسىنى ئاساس قىلىپ، ئەنگلىيە جەمئىيىتىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن ۋە تەسۋىرلىگەن. ئۇنىڭ سەھنە

ئەسەرلىرىدە كۆپىنچە چەت ئەللەر ۋە قەدىمكى دەۋرلەردىكى
ھېكايىلەر، ۋەقەلىكلەر ماتېرىيال سۈپىتىدە تاللىۋېلىنغان
بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ئەنگلىيەنىڭ رېئال تۇرمۇشى ئىپادى-
لەنگەن. ئۇ ياراتقان پېرسوناژلار جانلىق، كىشىنى ھاياجانلاندۇ-
رىدۇ، ئۇلار مول ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە، ئۇنىڭ ئۇستىگە
پىسخىكىسى مۇرەككەپ، ئۇ «ياز كېچىسىدىكى چۈش»، «12 -
كېچە» قاتارلىق كومېدىيەلەرنى، «ھېنرى Ⅳ »، «ھېنرى Ⅴ »،
«رىچارد Ⅲ » قاتارلىق تارىخىي درامىلارنى يازغان. ئۇنىڭ
تىراگېدىيەسى ئەڭ داڭلىق، ئالايلۇق، «رومېئو بىلەن جولېتتا»
(1595 - يىلى)، «خاملېت» (1601 - يىلى)، «ئوتېللو» (1604 -
يىلى)، «پادىشاھ لېئار» (1606 - يىلى)، «ماك بېي» (1606 -
يىلى) قاتارلىقلار. شېكىسپېر تارىخىي درامىلىرىدا دۆلەتنىڭ
بىر پۈتۈنلۈكىنى مەدھىيەلەپ، پادىشاھنىڭ ھوقۇقىنى ھىمايە
قىلىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، گۇمانىزملىق سىياسىي
غايىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇ كومېدىيەلىرىدە ئىندىۋىدۇئالنىڭ
ئازادلىقىنى، چىنلىقتىن بەھىر ئېلىشنى مەدھىيەلەپ، ئەركىن-
لىك، باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىپ، گۇمانىزملىق ئەخلاق -
پەزىلەت قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. تىراگېدىيەلىرىدە، ئۇ
فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ چىرىكلىكى، زۇلمەتلىكلىكىنى پاش
قىلىپلا قالماي، يەنە ئوخشاش بولمىغان دەۋر، ئوخشاش بولمىغان
دۆلەت ۋە ھەرقايسى تەبىقىلەردىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى
ئېچىپ تاشلىغان. شېكىسپېر سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ گەۋدىلىك
ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ تېمىسى كەڭ بولۇپ، ئۇلاردا
رېئال جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛
تىلى ئىنتايىن مول ۋە جانلىق؛ خەلقپەرۋەرلىكى ناھايىتى
كۈچلۈك، سەھنە ئەسەرلىرىدە خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتى ۋە
ئارزۇ - ئۈمىدلىرى ئىپادىلەنگەن. ئۇ «ۋېنىتسىيەلىك سودى-
گەر»، «ئافىنا قوۋۇقى» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىدە سودىگەر-

www.uyghurkitap.com

لەرنىڭ نەپسانىيەتچىلىكىنى سۈرەتلەپ، پۇلنىڭ ماھىيىتىنى پاش قىلىپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيىنىڭ يامان ئادەتلىرىگە تىغ تەگكۈزگەن. شېكىسپىرنىڭ بۈيۈكلۈكى شۇ يەردىكى، ئۇ فېئوداللىققا قارشى كۈرەشكە بىۋاسىتە ئاتلانغان ئەلۋەتتە، شېكىسپىر دەۋر ۋە سىنىپنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۈچىنى كۆرەلمىگەن، جەمئىيەتتىكى جىنايەتنىڭ سىنىپىي مەنبەسىنى تونۇپ يېتەلمىگەن، ئۇ ئىنسان تەبىئىتىگە، قەھرىمانلارغا ۋە مۇھەببەتكە زىيادە چوقۇنغان.

**ئىسپانىيەدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى** ئىسپانىيەدە كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولغانلىقتىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتى كېچىكىپ 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاندىن باشلاندى. دىنىي ئەدەبىيات بىلەن رىتسارلار ئەدەبىياتى گۇمانىزم ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى، ئىسپانىيەلىك گۇمانىزمچىلار بەجانىدىللىق بىلەن ئۇنىۋېرسىتېتلارنى قۇرۇپ قەدىمكى يۇنان، رىم مەدەنىيىتى ۋە ئىتالىيەدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن مەزگىلدە بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەرنى تونۇشتۇردى.

ئىسپانىيەلىك گۇمانىزمچى، دومىنىكو مەزھىپىنىڭ موناخى لاس كاساس (1474 ـــ 1566) سېۋېردا تۇغۇلغان، ياشلىق دەۋرىدە مىسسىئونېرلىق سالاھىيىتىدە غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىغا بارغان. ئۇ ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىندىئانلارغا قىلغان ياۋۇزلۇقلىرىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قالغان، ئىككى قېتىم ئىسپانىيەگە قايتىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئىندىئانلار نامىدا مۇراجىئەتنامە سۇنغان. 1544 ـــ 1547 ـ يىللىرى ئۇ مېكسىكىنىڭ ئېپىسكوپى بولغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىسپانىيەگە قايتىپ ئامېرىكا

قىتئەسى توغرىسىدا كىتاب يېزىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ «ھىندىستاننىڭ گۇمران بولۇشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» (1552 ـ يىلى سېۋىردا يېزىلغان) بىلەن «غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى تارىخى»① ناملىق مەشھۇر ئەسەرلىرىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بەزى رايونلار (كۇبا، مېكسىكا، پېرۇ) دىكى كىشىنى چۆچۈتىدىغان جىنايەتلىرىنى پاش قىلغان. ئۇ گەرچە مىسسىيونېر ۋە مەمۇرىي ئەمەلدار بولسىمۇ، لېكىن ئىندىئانلارنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشنى قوللايدىغان بىر گۇمانىزمچى ۋە تارىخشۇناس ئىدى. ئۇنىڭ دىنىي سوتنى دادىللىق بىلەن پاش قىلىش ھەرىكىتىنى تېخىمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

سېرۋانتېس بىلەن ۋىگا ئىسپانىيەدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى ھېسابلىنىدۇ.

سېرۋانتېس (1547 ـــ 1616) ئىسپانىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىر ۋەيران بولغان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئىسپانىيەنىڭ ئىتالىيەدە تۇرۇشلۇق قوشۇنىغا قاتناشقان، تۈركىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقاندا ئېغىر يارىلىنىپ، سول قولىدىن ئايرىلىپ قالغان. 1575 ـ يىلى ۋەتىنىگە قايتىش سەپىرىدە تۈركىيە دېڭىز قاراقچىلىرى تەرىپىدىن بۇلىنىپ، ئالجىرىيەدە جاپالىق ئېغىر ئەمگەككە سېلىنغان، 1580 ـ يىلى ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە يارۇ ـ بۇرادەرلىرى ئۇنى ھەق تۆلەپ قايتۇرۇپ كەلگەن. ئۇ كېيىنكى يېرىم ئۆمرىنى غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزگەن، نەچچە قېتىم قارا چاپلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان، نەتىجىدە ئۇ ئىسپانىيە ئەكسىيەتچىل مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى

① مەزكۇر ئىككى كىتاب دەسلەپكى مەزگىللەردە قوليازما شەكلىدە كەڭ تارقال- غان، 1875 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن رەسمىي نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئىسپانىيەگە قارام بولغان ئامېرىكا قىتئەسىگە دائىر ئەتىۋارلىق ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ.

كۆپرەك چۈشەنگەن. سىرۋانتېس ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن دەۋردىكى مۇھىم رېئالىزمچى يازغۇچى بولۇپ، نۇرغۇن شېئىر، سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغان. «دون كىخوت» (يەنە بىر نامى «دون كىخوت ئەپەندى ھەققىدە قىسسە») ناملىق رومانى ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرىدۇر. روماندا بىر نامرات سەھرالىق تۆرىنىڭ رىتسارلار توغرىسىدىكى ئەپسانىۋى ھېكايىلەرنى ئوقۇپ، رىتسارلىققا مەپتۇن بولۇپ قېلىپ، جاھانكەزدى رىتسار بولۇشنى خام خىيال قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ سەھرالىق تۆرە ئۆزىنى دون كىخوت دەپ ئاتاپ، بىر ئەسكى ساۋۇت ـ دۇبۇلغىنى كىيىپ، ئورۇق ئاتقا مىنىپ سىرتقا چىقىپ تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ، كۈلكە ـ مازاققا قېلىپ جېنىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ زور تارىخىي ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدا ئىسپانىيە جەمئىيىتىنىڭ 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئەھۋالى كەڭ دائىرىدە سۈرەتلەپ بېرىلگەن. مەزكۇر كىتابتا ئوخشاش بولمىغان تەبىقىدىكى ئوخشاش بولمىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەخمىنەن 700 پېرسوناژ بولۇپ، بۇ پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئەينى چاغدىكى ئىسپانىيەنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، ئەخلاق، مەدەنىيەت ۋە ئادەت ـ يوسۇنلىرى قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. سېرۋانتېس زاۋاللىققا يۈز تۇتقان رىتسارلىق تۈزۈمىنى مازاق قىلىپ، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ زۇلمەتلىكلىكىنى، ئاقسۆڭەك ۋە مىسسىئونېرلارنىڭ ئۆكتەملىكىنى، شۇنىڭدەك خەلق ئاممىسىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىنى پاش قىلغان. دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان بۇ پادىشاھلىقنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى چۈشەندۈرگەن. «دون كىخوت» روماندا خەلق ئاممىسىنىڭ كەيپىياتى ۋە ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى مۇئەييەن دەرىجىدە ئىزاھار قىلىنغان.

لوپ دې ۋېگا (1562 ــ 1635) مادرىد شەھىرى ئەتراپى رايونىدىكى دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇسمۇرلۇك چاغلىرىدا ئائىلە ئەھۋالى نامرات بولغاچقا، ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە يار ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنىۋېرسىتېتنى ئوقۇپ پۈتكۈزگەن. چوڭ ئاقسۆڭەكلەرگە كاتىپ، ئېپىسكوپلارغا ھەمراھ بولغان، ئەنگلىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلغان «تەڭداشسىز فىلوت» تا ئەسكەر بولغان، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قىسىمدىن ئايرىلغان. ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى مول، ئىجادىيەت مەزمۇنىنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، رومان، شېئىر ۋە تارىخىي ئەسەرلەرنى يازغان، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كومېدىيەلىرى كىشىگە ئەڭ ھوزۇر بېغىشلايدۇ. ئۇ ئىسپانىيە مىللىي كومېدىيەسىنىڭ ئاساسىنى ياراتقۇچى، ئۇنىڭ سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسى خىلمۇ خىل، كومېدىيە، دىنىي دراما ۋە پەردە ئارىلىقىدىكى دراما، تارىخىي دراما قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ ياۋروپا ئالىملىرى تەرىپىدىن «شېئىرىيەت دېڭىزى»، «كومېدىيە پىرى» دەپ مەدھىيەلەنگەن.

ۋېگانىڭ «ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسى» (1594 ـ يىلى)، «سېۋىللى يۇلتۇزى» (1622 ـ يىلى) قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى بار. ئۇ «ھازىرقى زامان كومېدىيە سەنئىتى» (1609 ـ يىلى) ناملىق ماقالىسىدە سەھنە ئەسەرلىرى تاماشىبىنلار تەرىپىدىن قارشى ئېلىنىشى، ئۇلاردا تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش، تەبىئەتنىڭ قانۇنىغا ئەمەل قىلىش ئاساس قىلىنىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن. «قوي بۇلىقى يېزىسى» (1619 ـ يىلى) ناملىق ئەسىرى ئۇنىڭ مەشھۇر ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر ئەسەر گۇمانىزم روھى بىلەن سۇغىرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا رىتسارلار ئەترىتى باشلىقىنىڭ ياۋۇزلۇقى پاش قىلىنغان، قوي بۇلىقى يېزىسىدا 1476 ـ يىلى قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلىڭى دادىللىق بىلەن ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ فېئوداللىققا قارشى كۆرەش قىلىش دېموكراتىك ھوقۇقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، ھېكايىدە ۋەقەلىك ئەگرى ـ

توقاي بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ كىشىنى جىددىيلەشتۈرۈپ ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسىرلىرىدە رېئالىستىك روھ كۈچلۈك، بىراق ئىسپانىيەنىڭ مۇستەبىت پادىشاھىغا قۇرۇق ئۈمىد باغلىغان، پادىشاھنى سىنىپتىن تاشقىرى تۇرىدىغان ئەڭ ئالىي ۋەكىل دەپ قارىغان. مانا بۇ ئۇنىڭ چەكلىمىلىكىدۇر.

## نىدېرلاندىيەدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى

نىدېرلاندىيەدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرىدىن روتېرداملىق ئېراسمۇس بىلەن برۇگېر ئەڭ مەشھۇر.

داخىتېئۇ ئېراسمۇس (1467 ــ 1546)① نىدېرلاندىيەنىڭ روتتېردام شەھىرىدىكى بىر پوپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، روتتېردامىلىق ئېراسمۇس دەپ ئاتالغان. ئۇ ياشلىق دەۋرى (1488 ــ 1495) نى موناستىردا ئۆتكۈزگەن. 1495 ـ يىلىدىن 1499 ـ يىلىغىچە پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، ئىتالىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرغان. 1506 ـ يىلى تورىنو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىلاھىيەت ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ گىرېك تىلى بىلەن لاتىن تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەن، لاتىنچە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى رەتلەپ «ھېكمەتلىك سۆزلەر توپلىمى» نى تۈزگەن ھەمدە ئىزاھلىغان ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشىغا دائىر مىساللارنى كەلتۈرگەن. ئۇ تۈزگەن «يېڭى ئەھد» نىڭ گىرېكچە نۇسخىسى ۋە ئۇنىڭ لاتىنچە تەرجىمىسىدە دىنىي جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان نۇسخىسىدىكى نۇرغۇن خاتالىقلار تۈزىتىلگەن. 1509 ـ يىلى يازدا، ئېراسمۇس «نادانغا مەدھىيە» ناملىق دۇنياغا مەشھۇر ئەسىرى (1511 ـ يىلى نەشر

---

① گىرېنىڭ «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە دىنىي ئىسلاھات» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1977 ـ يىلى لوندون ئىنگلىزچە نەشرى 44 ـ بېتىگە قاراڭ. تۇغۇلغان يىلى توغرىسىدىكى قاراشلار ئوخشاش ئەمەس، بەزى كىتابلاردا 1466 ـ يىلى ياكى 1469 ـ يىلى تۇغۇلغان دەپ، يېزىلغان.

قىلىنغان)نى يېزىپ پۈتكۈزگەن. مەزكۇر ئەسەردە كاتولىك دىنى جەمئىيىتى سكولاستىكىزمچىلار ۋە (سكولاستىك پەلسەپە) مەركەزلىك ھالدا پاش قىلىنغان بولۇپ، «دىنىي جەمئىيەت قانلىق ئۇل ئۈستىگە قۇرۇلغان»، روھانىيلار ھاكاۋۇر، ئاچ كۆز، ھىيلىگەر ۋە ئىشرەتۋاز، شاللاق ئەبلەخلەر، «ئۇلارنىڭ مېڭىسى نادانلىققا تولغان»، پاپا «شەمشەر بىلەن ئوغا» ئارقىلىق ئىمتىيازىنى قوغداشقا ئادەتلەنگەن سۇيىقەستچى، دەپ كۆرسىتىلگەن. ئېراسمۇس دىنىي مۇراسىملاردىكى زاھىتلىق ۋە شەكىلۋازلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا دەۋەت قىلغان. ئۇ ھايات چېغىدا «نادانغا مەدھىيە» 27 قېتىم نەشر قىلىنغان. پۈتكۈل ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئېراسمۇس 1521 ـ يىلىدىن 1529 ـ يىلىغىچە باسېلدا ئولتۇراقلاشقان، 1529 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1535 ـ يىلىغىچە گېرمانىيەنىڭ فرېيبۇرگ شەھىرىدە تۇرغان. ئۇنىڭ يەنە «ئەركىن ئىرادە توغرىسىدا»، «ئۆزىنى بىلىش سۆھبىتى خاتىرىسى» قاتارلىق نادىر ئەسەرلىرى بار. ئېراسمۇس «گۇمانىزمچى مۇتەپەككۇر»، «ياۋروپا ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئابىدىسى» دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشكەن.

پېتر برۇگېر (1525 — 1569) — ئۆزگىچىلىككە، مىللىي دېموكراتىك ئىدىيەگە ئىگە مەشھۇر رەسسام. ئۇنىڭ لەقىمى — «تېرىقچى». ئۇ دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، رادىكال مۇتەپەككۇرلار بىلەن قويۇق ئالاقە ئورناتقان. ئۇ مەنزىرە ۋە ئۆرپ ـ ئادەتكە ئائىت نۇرغۇن رەسىملەرنى سىزغان، فرانسىيە بىلەن ئىتالىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ ساياھەت قىلغان، ئۇ سىدام سىزما، ماي بوياق ۋە مىس ئويما رەسىملىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان. ئۇ ئەسەرلىرىدە يېزا تۇرمۇشى، ئىجتىمائىي ئادەت ۋە مەنزىرە بىلەن پېرسوناژلارنى ماسلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇنىڭ «دېھقان ئۇسسۇلى»، «دېھقانلارنىڭ تويى» ۋە «قىشلىق شىكار» قاتارلىق

www.uyghurkitap.com

نادىر ئەسەرلىرىدىن سەھرا تويىسىنىڭ قويۇق خۇش پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلىدۇ، «بوۋاقنى خورلاپ ئۆلتۈرۈش»، «دار ئالدىدا ئوينالغان ئۇسسۇل» ناملىق ئەسەرلىرىدە ئىسپانىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ نىدېرلاندىيەدىكى قانلىق ھۆكۈمرانلىقى پاش قىلىنغان. برۇگېرنىڭ رەسساملىق ئۇسلۇبى ئاددىي ـ ساددا بولۇپ، ئەسەرلىرىدە رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار كۈچلۈك جەلپكارلىقى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، نىدېرلاندىيەنىڭ رەسساملىق جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئۆزگىچە رەسسىم سىزىش ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرگەن. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا گوللاندىيەدىكى رۇبېنس بىلەن رۇمبىران ۋەكىللىكىدىكى رېئالىزملىق رەسسىم ئېقىمى برۇگېر ئۇسلۇبى ئاساسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلغان.

**ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ شەرقىي ياۋروپاغا تارقىلىشى** 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ئىدىيەسى شەرقىي ياۋروپاغىمۇ تارقالدى ۋە ئۇ يەردە راۋاجلاندۇرۇلدى.

پولشا پادىشاھى سىگىسمۇند I (1506 ــ 1548) ئىتالىيە مىلان شەھىرى كىنەزىنىڭ قىزى پونا سىموشاغا 1518 ـ يىلى توي قىلغاندا، سىموشا ئىتالىيەدىن بىر تۈركۈم ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۆلىمالارنى ھەمراھلىققا ئېلىپ كەلگەنىدى، بۇ كىشىلەر 16 ـ ئەسىردىكى پولشا ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ ۋاستىچىلىرى بولۇپ قالدى. ئوردىدىكى يۇقىرى تەبىقە پولشا گۇمانىزىم ھەرىكىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. پولشالىق مەشھۇر ئالىم كوپېرنىكنىڭ نادىر ئەسىرى «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى» نىڭ دۇنياغا كېلىشى پولشادىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىشىنىڭ ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە چوڭقۇر راۋاجلانغانلىقىنىڭ نامايەندىسى.

چېختا خۇس ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، 15 ـ

ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ ئامىللىرى كۆپەيدى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ روھىمۇ نامايان قىلىندى. پراگالىق مەشھۇر ئالىم تىخۇ بوۋرايل ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەربابلارنىڭ بىرسى. 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چېخنىڭ مەشھۇر پېداگوگىكى كوئومىنىۋس (1592 ــ 1670) ئوتتۇرىغا قويغان پېداگوگىكىنىڭ مۇھىم پرىنسىپلىرىمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ئىدىيەۋى ئېقىمىنىڭ ئىپادىسى ۋە راۋاجى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ «يېقىنقى زامان مائارىپ ئىلمىنىڭ ئاتىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن.

شەرقىي جەنۇبى ياۋروپانىڭ ئادرىئاتىك دېڭىزى قىرغىقىدىكى دالماتىيەنىڭ دۇبرووۋنىك شەھىرى سېربىيەلىكلەرنىڭ سودا ـ سانائەت گۈللەنگەن شەھىرى بولۇپ، بۇ يەردە نۇرغۇن گۇمانىزمچى يازغۇچىلار، ئالايلۇق، گېكتوروۋىچ (1487 ــ 1572)، گوندۇلىچ (1588 ــ 1638) قاتارلىق يازغۇچىلار دۇنياغا كەلدى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىدا ئەڭ گەۋدىلىك بولدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتى شىمالىي ياۋروپادىكى شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ تارقالدى.

**ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىشنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى** 14 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ــ غەربىي ياۋروپا تارىخىدا بۇرۇلۇش بولغان، ئىدىيەدە ئازاد بولغان، خەلق ھەرىكىتى پەيدىنپەي يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن دەۋر، ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلغان، قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋە مول تارىخىي تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان دەۋر. ئەينى دەۋردە بىر تۈركۈم مەشھۇر مۇتەپەككۇرلار، ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار بارلىققا كەلدى.

بۇ گىگانتلار قەلىمى، تىلى ياكى شەمشىرى ئارقىلىق قەيسەرلىك بىلەن فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى جان تىكىپ كۈرەش قىلدى، ئۇلارنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەي كۈرەش قىلىش روھى ئىنسانىيەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى.

ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بىرىنچى، «دىنىي جەمئىيەتنىڭ روھىي كىشەنلىرى پاچاقلاپ تاشلاندى»①. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتى فېئوداللىق يۇقىرى بېسىم ئاستىدىكى ياۋروپانىڭ ئىدىيە ساھەسىنىڭ «بۇرۇقتۇرما» ۋەزىيىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى يېقىنقى زامان كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى تېخى ئەمدىلا يورۇشقا باشلىغان سەھەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ فېئوداللىققا قارشى ئىنقىلابىي كۈرەشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پائال رول ئويناپ، كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى، فېئوداللىق تۈزۈمنى يوقىتىپ، كاپىتالىستىك جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا يول ئېچىپ بەردى. ئىككىنچى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتىدە ئىجاد قىلىنغان پارلاق مەدەنىيەت دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ئارقىسىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە روناق تاپتى. نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەر شەرەپ بىلەن دۇنيادا نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان مەشھۇر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، يېقىنقى زامان بۇرژۇئا مەدەنىيىتىنى پەيدا قىلدى. يېقىنقى زامان رېئالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت، خىيالىي سوتسىيالىزم پىشۋالىرىنىڭ ئىدىيەسى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا بارلىققا كەلدى. يېقىنقى زامان تەبىئىي پەنلىرى بوران ـ چاپقۇنلارغا پەرۋا قىلماي، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھالدا دۇنياغا كېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماتېرىيالىستىك يېڭى پەلسەپە، يېڭى

① ئېنگېلس: «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 4 ـ توم، 261 ـ بەت.

قانۇنشۇناسلىق ۋە پېداگوگىكىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن دۇنياغا كەلدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ئىلىم ـ پەن ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈردى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ تۈرتكە بولدى. ئۈچىنچى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىنىڭ مۇھىم تەجرىبىسى شۇكى، ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى كۈرەشنى ئۇزۇنغىچە تەكرار داۋاملاشتۇرۇشنى شەرت قىلىپ، ھەقىقەتنى ئىزدەش يولىدا زوراۋانلىقتىن، خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، خۇراپاتلىقنى تۈگىتىپ، ئىدىيەنى ئازاد قىلىپ ۋە جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، يىل بويى پۈتۈن ئوي ـ پىكرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىجتىھات بىلەن كۈرەش قىلغاندىلا، ئاندىن مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، گىگانتلار مەيدانغا كېلىدۇ. تۆتىنچى، يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى چەكلىمىلىككە ئىگە، ئۇنىڭدا بۇرژۇئازىيەنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيەسى تەرغىب قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىدىيەسى ۋە تەلىپى بىلەن بولغان ئارىلىقى يەنىلا ناھايىتى چوڭ.

## 3 ـ بۆلۈم ياۋروپادىكى تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ يېڭى تەرەققىياتى

### 1. يېقىنقى زامان تەبىئىي پېنىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە گۈللىنىشى

**يېقىنقى زامان تەبىئىي پېنىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە گۈللىنىشىنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى** يېقىنقى زامان تەبىئىي پېنىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ زور

مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ئۇ ئىنسانىيەت ئىلىم ـ پەن تارىخى تەرەققىياتىدىكى بىر قېتىملىق ئىنقىلاب ھېسابلىنىدۇ. يېقىنقى زامان تەبىئىي پېنىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە گۈللىنىشى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى ۋە كەسپىي ئىلىم ـ پەن خادىملىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىلمىي تەتقىقاتىنىڭ جەۋھىرى. كاپىتالىزم بىخلانغان مەزگىللەردە قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈردى، بۇ، تېخنىكىنىڭ ئىلغارلىشىشى ۋە ئىسلاھ قىلىنىشىغا پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى، شۇنداقلا تەبىئىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىمۇ زور رول ئوينىدى. ئەمگەكچى خەلق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا توپلىغان، قەدىمكىلەر خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان كۆپلىگەن تەسىرات ۋە تەجرىبىلەر ئىلمىي نەزەرىيەلەرنى ماتېرىيال ۋە ئاساسلار بىلەن تەمىنلىدى. يېڭى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئالىملاردىن نەزەرىيە جەھەتتە بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەسىلەن، ھەرىكەتلەندۈرۈش ماشىنىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئېتىش قوراللىرىنى ئىشلىتىشتە، مېخانىزم ۋە ھېسابلاش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا توغرا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن مېخانىكا ۋە ماتېماتىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. يىراق ئوكيان سەپىرى مول ئاسترونومىيە ۋە جۇغراپىيە بىلىملىرى بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاسترونومىيە بىلەن جۇغراپىيەنىڭ تەتقىقاتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىلغارلىشىشى ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ مېڭىسى يېڭى

ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەر بىلەن قوراللاندى. 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاسمان جىسىملىرى تېلېسكوپى بىلەن مىكروسكوپنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانلارنى يىراقتىكى ئاسمان جىسىملىرى بىلەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان يېڭى دۇنيانى كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يەنە فىزىكا تەجرىبىسىدە زۆرۈر بولغان ئەسۋابلار، ئالايلۇق، تېرمومېتىر، گىگرومېتىر ۋە سىماب بارومېتىر قاتارلىقلار كەشىپ قىلىندى. قەغەزچىلىك تېخنىكىسى ۋە مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىشى پەننىي بىلىملەرنىڭ توپلىنىشى ۋە تارقىلىشىغا پايدىلىق بولدى. يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى كىشىلەرنىڭ بىلىمىنى مول-لاشتۇردى. زوئولوگىيە، بوتانىكا، مېتېئورولوگىيە، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىلىم ساھەلىرىنى مول ئەمەلىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى، يەر شارىنى ئايلىنىش سەپىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى يەر يۇمىلاق دېگەن تەلىماتنى ئىسپاتلىدى، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى بارا ـ بارا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەنئەنىۋى بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلار ۋە تۈرلۈك بىمەنە كۆزقاراشلاردىن قۇتۇلدى، كىشىلەر تەبىئەتنى بىۋاسىتە كۆزىتىشكە باشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تەبىئىي پەن كەڭ دائىرىلىك ئەمەلىي ماتېرىياللار ۋە تەجرىبىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئومۇمىيۈزلۈك ۋە سىستېمىلىق تەرەققىي قىلدى.

يېقىنقى زامان تەبىئىي پېنىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە گۈللىنىش ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ دىنىي جەمئىيەتكە قارشى كۈرەش قىلىش جەريانىدا تەرەققىي قىلدى. ئۇنىڭدا دىنىي دۇنيا قاراشنىڭ چەكلىمىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئالەم ماددىدىن تۈزۈلگەن، ماددىنىڭ ئۆز ھەرىكەت قانۇنىيىتى بار، دەپ قارالدى. تەبىئىي پەن ئالىملىرى تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە كۆزىتىش ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئىزدىنىش كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلدى، نەزەرىيەنى مەقسەتلىك تەتقىق

قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە قانۇنىيەت مەسىلىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. دەل شۇنداق بولغانلىقتىن، يېقىنقى زامان تەبىئىي پەننىدە بۇ قانۇنىيەتلەرنى بايقاش ۋە تەتقىق قىلىشتا، نەزەرىيە جەھەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. شۇڭلاشقا، تەبىئىي پەن ساھەسىدە بەزى ئاساسىي نەزەرىيە خاراكتېرلىك يېڭى پەنلەر بارلىققا كەلدى.

يەنە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، يېقىنقى زامان تەبىئىي پەننىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە گۈللىنىشى يېڭى پەلسەپىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. يېڭى پەلسەپىدە سكولاستىكىزمچىلار (سكولاستىك پەلسەپە) بىلەن ئەزەلىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ، دۇنيانى ماددىي دۇنيانىڭ ئۆزى ئارقىلىق چۈشەندۈرمەكچى بولدى، شۇڭا ئۇ بىر خىل ماتېرىيالىستىك پەلسەپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**كوپېرنىك ۋە ئاسترونومىيە ئىنقىلابى** ئاسترونومىيە ئىنقىلابى — يېڭى تەبىئىي پەنلەرنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى، ئىلىم ـ پەننىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىدا ئوخشاش بولمىغان كەشپىيات ۋە بايقاشلار بارلىققا كېلىپ، نۇرغۇن ساھەلەر كۆرۈنەرلىك ھالدا تەرەققىي قىلدى.

ئوتتۇرا ئەسىردە قەدىمكى رىمنىڭ مەشھۇر ئاسترونومى پتولېمېينىڭ «يەر مەركەز تەلىماتى» دىن ئىبارەت ئاسترونومىيەلىك كۆزقاراش ئەڭ كەڭ تارقالدى. بۇ تەلىماتتا يەر شارى ھەرىكەتلەنمەيدۇ، ئۇ ئالەمنىڭ مەركىزى، قۇياش، ئاي ۋە باشقا ئاسمان جىسىملىرى يەر شارىنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ، دەپ قارىلاتتى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئاسترونوملار بۇ تەلىماتنىڭ ئاسترونومىيەلىك ھادىسىلەرنى قانائەتلىنەرلىك چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى بايقىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دەل تەڭرىنىڭ ئادەمنى يارىتىشى قاتارلىق دىنىي ئەپسانىلەرگە

ماس كەلگەچكە، ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىنىي جەمئىيەت تەلىماتىنىڭ بىر تۆۋرۈكىگە ئايلىنىپ، رىم كاتولىك دىنىي ئەقىدىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى، بۇ تەلىماتنى ئىنكار قىلغانلىق دىنىي جەمئىيەتنىڭ نوپۇزىغا قارشى تۇرغانلىق ھېسابلىناتتى. شۇڭلاشقا ھېچكىم باشقىچە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا پېتىنالمايتتى.

دېڭىز قاتنىشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنىڭ كۆپىيىشى، شۇنىڭدەك يۇلتۇزلارنىڭ كۆزىتىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، پتولېمېينىڭ «يەر مەركەز تەلىماتى» نىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكى تېخىمۇ ئىسپاتلاندى. كىشىلەر ئاسترونومىيەگە مۇناسىۋەتلىك بىر مۇنچە زور مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بەزى ئالىملار، ئالايلۇق، گېرمانىيەلىك گېئورگىي پرباخ بىلەن يوھان مىللېر قاتارلىق كىشىلەر ياكى كەڭ دائىرىلىك ئەمەلىي كۆزىتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ياكى قەدىمكى ئاسترونوملارنىڭ ئەسەرلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىپ، نۇرغۇن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ، كوپېرنىكنىڭ بۈيۈك بايقىشىغا يول ئېچىپ بەردى. شۇڭلاشقا، كوپېرنىكنىڭ تەلىماتى ئاسترونوملارنىڭ تەتقىقات مېۋىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان. كوپېرنىكمۇ ئالدىنقىلارنىڭ بارلىق تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان تەرەپلىرى بولىدۇ، دېگەن. 5 ـ ئەسىردە ياشىغان ئافرىقىلىق ئاسترونوم مادىئانىنو كاپېلامۇ ئۇنىڭ پېشۋاسى ئىدى.

نىكولاي كوپېرنىك (1473 ــ 1543) پولشادىكى تورۇن شەھىرىدە بىر سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، كراكوۋ ئۇنىۋېرسىتېتىدا سەنئەت ۋە ماتېماتىكا ئۆگەنگەن. 1496 ـ يىلىدىن 1506 ـ يىلىغىچە ئىتالىيەدىكى بىر نەچچە ئۇنىۋېرسىتېتتا ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك، قانۇن ۋە

ئىلاھىيەتشۇناسلىق ئۆگەنگەن، ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن بالىتىق دېڭىزى بويىدىكى فراۋئېنبېرگ شەھىرىدە باشتىن بولغان. كوپېرنىك فراۋئېنبېرگدا ئاساسلىقى ئاسترونومىيە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئەمما ئۇ سىياسىي پائالىيەتلەرگىمۇ پائال ئىشتىراك قىلغان، گېرمانىيە تېئوتون رىتسارلار پولكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش ئۈرۈشىغا قاتناشقان.

كوپېرنىك قۇياش، ئاي، پىلانېتىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئوتتۇز نەچچە يىل كۆزىتىش ۋە قىياسىغا ئاساسەن، ئىلگىرىكى ئاسترونوملارنىڭ تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يەكۈنلەپ، «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ (1543 ـ يىلى نەشر قىلىنغان) چىقىپ، «قۇياش مەركەز تەلىماتى» ياكى «يەرنىڭ ھەرىكەتلىنىش تەلىماتى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېقىنقى زامان ئىلمىي ئاسترونومىيەسىنى بەرپا قىلدى.

كوپېرنىكنىڭ «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق: بىرىنچى، يەر شارى ئالەمنىڭ مەركىزى ئەمەس، بەلكى ئاي ئوربىتىسىنىڭ مەركىزى؛ ئىككىنچى، يەر شارىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق سەييارىلەرنىڭ ئوربىتىسى قۇياشنى مەركەز قىلىدۇ، قۇياش ئالەمنىڭ مەركىزى؛ ئۈچىنچى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار قارىماققا ئۆزۈكسىز يۆتكىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئاسمان ھەرىكەت قىلماي، بەلكى يەر شارى ئۆزى ئايلىنىدۇ؛ تۆتىنچى، ھەر كۈنى قۇياشنىڭ شەرقتىن غەربكە قاراپ ھەرىكەت قىلىشى قۇياشنىڭ يۆتكىلىۋاتقانلىقى ئەمەس، بەلكى يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتقانلىقىدىندۇر.

كوپېرنىكنىڭ تەلىماتى ئاتالمىش تەڭرى يەر شارىنى ئالەمنىڭ مەركىزى قىلىپ تاللىغان، دېگەن سەپسەتىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دىنىي دۇنيا قاراشقا زەربە بېرىپلا قالماستىن، يەنە نۇرغۇن پاكىتلار ئارقىلىق ئالەمنىڭ ماددىي بىرلىكىنى

ئىسپاتلاپ، يېقىنقى زامان ماتېرىيالىستىك پەلسەپىنى ئىشەنچلىك ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

بارلىق بۈيۈك ئالىملارنىڭ ئۆزىگە خاس يېتەرسىزلىكى بولغانغا ئوخشاش، كوپېرنىك تەلىماتىنىڭ يەنە خېلى چوڭ يېتەرسىزلىكى بار ئىدى. بىرىنچى، ئۇ قۇياش يەر شارى ۋە باشقا بىر قانچە پىلانېتلارنىڭ ئايلانما ھەرىكىتىنىڭ مەركىزى بولۇپلا قالماي، پۈتكۈل ئالەمنىڭ مەركىزى، دەپ قارىغان، مانا بۇ ئالەمنىڭ چەكسىزلىكىنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر. ئىككىنچى، پىلانېتلار قۇياشنى فوكال نۇقتا قىلغان ئېللىپسسىمان ئوربىتا بويىچە ھەرىكەت قىلماستىن، قۇياشنى مەركەز قىلغان چەمبەرسىمان ئوربىتىنى بويلاپ ھەرىكەت قىلىدۇ، دەپ قارىغان، بۇ ئۇنىڭ پتولېمېينىڭ ئېپسكىل تەلىماتى بىلەن دېفېرنېت تەلىماتىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچەلمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىراق، كوپېرنىك تەلىماتىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىغا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى يوقالمايدۇ. ئېنگېلس مۇنداق كۆرسەتكەن: «كوپېرنىكنىڭ ئۆچمەس ئەسىرىنىڭ نەشىر قىلىنىشى بىلەن تەبىئەت تەتقىقاتى ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى جاكارلىدى ھەمدە لوتېرنىڭ دىنىي كۆرسەتمىلەرنى كۆيدۈرۈش ھەرىكىتى تەكرارلانغاندەك بىر ئىنقىلابىي ھەرىكەت بولدى، ئۇ بۇ ئەسىرى ئارقىلىق (گەرچە قورقۇنچاقلىق بىلەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەقەت ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە دېيىشكە بولىدۇ) تەبىئەتتىكى شەيئىلەر جەھەتتە دىنىي جەمئىيەتكە جەڭ ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تەبىئەت تەتقىقاتى ئىلاھىيەتتىن ئازاد بولۇشقا باشلىدى... ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتى شۇنىڭدىن باشلاپ چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالغا باستى...»① شۇنداق بولغاچقا، كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى كوپېرنىكنىڭ تەلىماتىدىن ئىنتايىن ۋەھىمە يېدى، رىم پاپاسى 1616 ـ يىلى «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ

① ئېنگېلس: «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»، «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 4 ـ توم، 263 ـ بەت.

ھەرىكىتى» نى چەكلەنگەن ئەسەر دەپ جاكارلاپ، كوپېرنىك تەلىماتىنى قوللىغۇچىلارغا ياۋۇزلارچە زىيانكەشلىك قىلدى. بىراق ھەقىقەتنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ، كوپېرنىكنىڭ تەلىماتى داۋاملىق تارقالدى ھەمدە ئۈزۈكسىز راۋاجلاندۇرۇلدى.

**برونو، گالىلېي ۋە كېپلېر** ئىتالىيەلىك جوردانو برونو (1548 — 1600) مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە ئاسترونوم، ئۇ كوپېرنىكنىڭ تەلىماتىنى تەشۋىق قىلىپلا قالماي، يەنە كائىناتقا دائىر يېڭى نەزەرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئالەم بوشلۇقى چەكسىزدۇر، يەر شارى پەقەت چەكسىز ئالەم بوشلۇقىدىكى بىر زەررە، دەپ كۆرسەتكەن. يەر شارى قۇياشنى ئايلىنىدۇ، ھالبۇكى قۇياشمۇ ھەرىكەتلەنمەي تىنچ تۇرىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ ئالەم بىر پۈتۈن ماددىي دۇنيا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بولۇپ، دىنىي جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ دېگىنىدەك تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدۇ، دەپ قارايتتى. مانا بۇ دىنىي جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ ئالەم قارىشىنى ئۈزۈل - كېسىل ئىنكار قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. كاتولىك دىنى جەمئىيىتى ئۇنى «بىدئەتچى» دەپ جاكارلاپ، خىرىستىيان مۇرىتلىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىغانلىقتىن ۋەتىنىدىن ئۇزاق مەزگىل ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان. 1592 - يىلى ئۇ ئىتالىيەگە قايتىپ كېلىپ، دىنىي كېسىمخانىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ يەتتە يىل تۈرمىدە ياتقان، لېكىن ئۇ ئۆز تەلىماتىدىن قىلچە ۋاز كەچمىگەن. ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكى جاكارلانغاندا ئۇ: «سىلەر ھۆكۈمنامىنى جاكارلاۋاتقان چېغىڭلاردا، مېنىڭ ھۆكۈمنامىنى ئاڭلىغىنىمدىنمۇ بەتتەر قورقۇنچ ھېس قىلدىڭلار» دېگەن. 1600 - يىلى برونو رىمدىكى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش جازاسى ئىجرا قىلىنىدىغان مەيداندا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلدى.

يەنە بىر ئىتالىيەلىك فىزىكا ئالىمى ۋە ئاسترونوم گالىلېئو گالىلېي (1564 — 1642) كوپېرنىكنىڭ تەلىماتىدا داۋاملىق چىڭ تۇرغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغان. 1609 - يىلى ئۇ

www.uyghurkitap.com

ئاسترونومىيەلىك ھادىسىلەرنى كۆزىتىش ئۈچۈن، تۇنجى ئاسمان جىسىملىرى تېلېسكوپىنى ياسىغان. ئۇ نۇرغۇن يېڭى پىلانېتا ۋە ئۇلارنىڭ شەكلى، ئارىلىقى، ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى بايقىغان. ئۇ يۇپىتېرنىڭ ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىدىغان تۆت سەييارە بارلىقىنى، ۋېنېرا (چولپان يۇلتۇزى) مۇ ئايدەك تولىدىغانلىقىنى ۋە كىچىكلەشكە باشلايدىغانلىقىنى، ئايدا ئېگىز تاغلار، چوڭقۇر جىرالار بارلىقىنى، قۇياشنىڭ يۈزىدە قارا داغ بارلىقىنى، سامان يولى چەكسىز يۇلتۇزلار تۈركۈمىدىن تەركىب تاپىدىغانلىقىنى، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئۇلارنى تەڭرى يەر شارىنى يورۇتۇش ئۈچۈن ياراتقان دەپ تەشۋىق قىلغىنىدەك ئەمەسلىكىنى بايقىغان. گالىلېينىڭ ئىسپاتى كوپېرنىكنىڭ تەلىماتىنىڭ توغرىلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. 1610 ـ يىلى ئۇنىڭ «يۇلتۇزلۇق ئاسمان ئەلچىسى»ناملىق مەشھۇر ئەسىرى نەشر قىلىندى، كىشىلەر ئۇنى ماختاپ: «كولومبو يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇقنى بايقىدى، گالىلېي يېڭى ئالەمنى بايقىدى» دېيىشتى. 1633 ـ يىلى 70 ياشلىق گالىلېينى پاپا دىنىي كېسىمخانىغا چاقىرتىپ سوراق قىلىپ، توققۇز يىل قامىغان، ئۇ ئاخىر قىيىن ـ قىستاق ئازابىدىن ئۆلۈپ كەتكەن.

گېرمانىيەلىك ئاسترونوم يوھان كېپلېر (1571 ــ 1630) تېخىمۇ توغرا كۆزىتىش ئارقىلىق پىلانېتىلار ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلىگەن. ئۇ 1609 ـ يىلى، نەشر قىلىنغان «يېڭى ئاسترونومىيە» ناملىق ئەسىرىدە يەر شارىنىڭ قۇياشنى ئايلىنىش ئوربىتىسىنىڭ چەمبەرسىمان ئەمەس، ئېللىپسسىمان ئىكەنلىكىنى، قۇياشنىڭ مەزكۇر ئېللىپسنىڭ بىر فوكال نۇقتىسىدا تۇرىدىغانلىقىنى؛ پىلانېتىلار ھەرىكىتىنىڭ تەكشى ئەمەسلىكىنى، قۇياشقا قانچە يېقىن بولسا، ئايلىنىشىنىڭ شۇنچە تېز بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. 1619 ـ يىلى ئۇ يەنە پىلانېتىلار ھەرىكىتىنىڭ ئۈچىنچى قانۇنىيىتى، يەنى ھەر قايسى پىلانېتىلارنىڭ ئوربىتىسى بويىچە بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىشقا

سەرپ قىلىنغان ۋاقىتنىڭ كۋادراتى بىلەن ھەر قايسى پىلانېتىلارنىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئوتتۇرىچە ئارىلىقىنىڭ كۆپى ئوڭ تاناسىپلىق مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كېپلېرنىڭ تۆھپىسى بىلەن قۇياش سىستېمىسىنىڭ بوشلۇقتىكى شەكلى ئاخىر ئېنىقلانغان، بۇ ئاسترونومىيە ئىلمىدىكى بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەت ھېسابلىنىدۇ.

**ماتېماتىكا ۋە فىزىكا** 16 ـ ئەسىردىن بۇرۇن، ياۋروپالىق ئالىملار گېئومېتىرىيە ۋە ئالگېبرا ساھەسىدە، ئاساسلىقى قەدىمكى يۇنان، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرق ماتېماتىكلىرىنىڭ مىراسلىرىغا تايىناتتى. 16 ـ ئەسىردىن بۇيان، ئاسترونومىيە ۋە مېخانىكا تەتقىقاتى جەريانىدا ماتېماتىكىدىمۇ يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. 1545 ـ يىلى ئىتالىيەلىك ماتېماتىك كاردانو (1501 ــ 1576) ئۈچىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىلەرنى يېشىش ئۇسۇلى («كاردانو فورمۇلاسى») نى ئوتتۇرىغا قويغان، كېيىن ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى يەنە تۆتىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىنى يېشىپ، «ئالگېبرا ئاتىسى» دەپ ئاتالغان، فىرانسىيەلىك ماتېماتىك ۋېتا (1540 ــ 1603)، «ماتېماتىكىلىق فورمۇلىلار، تىرىگونومېتىرىيەلىك ئۇسۇللار ۋە ماتېماتىكا جەدۋىلى» ناملىق ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ (1589 ـ يىلى)، تىرىگونومېتىرىيەگە تۆھپە قوشقان، ئۇ يەنە «ئانالىز ئۇسۇلى ھەققىدە ساۋات» (1591 ـ يىلى) ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، تۇنجى قېتىم ئالگېبرادا ھەرپلىك بەلگىلەرنى ئىشلىتىپ، مەلۇم ۋە نامەلۇم سانلارنى ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلەپ، ئالگېبرانىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. 17 ـ ئەسىردە، مۇرەككەپ ھېسابلاش جەريانىنى ئاددىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن لوگارىفما بارلىققا كەلگەن. ئەنگلىيەلىك ماتېماتىك ناپېر (1550 ــ 1617) 1614 ـ يىلى تۇنجى لوگارىفما جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىققان. مەشھۇر فىرانسىيە ئالىمى رېنا دېكارت (1596 ــ 1650) 1637 ـ يىلى «گېئومېتىرىيە» ناملىق

ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ، ئانالىتىك گېئومېترىيەنى بەرپا قىلىپ، 17 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا نيۇتون بىلەن لېيبنىزنىڭ دىففېرېنسىيال ۋە ئىنتېگرالنى كەشىپ قىلىشىغا ئاساس هازىرلاپ بەرگەن.

16 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرگىچە فىزىكىدىمۇ زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. داۋىنكى دىنامىكا، مېخانىكا، ئوپتىكا قاتارلىق ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە پەنلەرنى تەتقىق قىلغاندى. ئەنگلىيەلىك ئالىم ۋىلليام گېلبېرت (1540 ــ 1603) مەشهۇر ئەسىرى «ماگنىتلىق تاش توغرىسىدا» (1600 ـ يىلى نەشر قىلىنغان) دا ئۆزى ياسىغان «كىچىك يەر شارى» (شارسىمان ماگنىتلىق تاش) نى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، يەر شارىدىكى ماگنىتلىق هادىسىلەرنى شەرهلىگەن. گالىلېي يېقىنقى زامان دىنامىكىسىغا ئاساس سالغۇچى، 1638 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئىككى خىل يېڭى پەن توغرىسىدا» ناملىق ئەسەر ئۇنىڭ دىنامىكا تەلىماتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسىرى هېسابلىنىدۇ. ئۇ جىسىمنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشۈش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئارستوتېلنىڭ جىسىم يۇقىرىدىن چۈشكەندە سۈرئىتى بىلەن ئېغىرلىقى ئوڭ تاناسىپلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، دېگەن كۆز قارىشىنى ئىنكار قىلغان. ئۇ يەنە تېزلىك ۋە تېزلىنىش ئۇقۇمىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىنېرتسىيە قانۇنى ۋە كۈچ تەسىرىنىڭ مۇستەقىللىق قانۇنىنى ئىگىلىگەن، تېزلىنىش هەرىكىتىنىڭ فورمۇلاسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ تاشلانغان جىسىملارنىڭ ئوربىتىسى (يولى)نى ئۆلچەپ، تەۋرىنىشنىڭ قانۇنىيىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. گالىلېينىڭ ئوقۇغۇچىسى توررىچېلى (1608 ــ 1647) سۇيۇق جىسىم بىلەن گاز جىسىم دىنامىكىسىدا مۇهىم بۆسۈش هاسىل قىلغان. ئۇ سۇيۇق جىسىملارنىڭ بېسىمىغا ئائىت بەزى مەسىلىلەرنى هەل قىلغان. هاۋانىڭ بېسىمىنى تەتقىق قىلىپ، سىمابلىق بارومېتىرنى ياسىغان. فىرانسىيەلىك ئالىم پاسكا

(1623 — 1691) بېسىم كۆچىنىڭ سۇيۇق جىسىم بىلەن گاز جىسىملاردىكى تارقىلىش قانۇنىيىتىنى بايقىغان. ئەنگلىيەلىك ئالىم پوئېر (1627 — 1691) گازنىڭ سىغىمى بىلەن تاشقى بېسىم كۆچىنىڭ تەتۈر تاناسىپلىق قانۇنىيىتىنى بايقىغان.

**فىزىئولوگىيە ۋە تېبابەتچىلىك** ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قەدىمكى مەشھۇر دوختۇر گالېننىڭ تەلىماتى ياۋروپانىڭ تېبابەتچىلىك ساھەسىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. ئۇنىڭ تەلىماتى نۇرغۇن جەھەتلەردە ئىلمىيلىككە ئۇيغۇن كەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قويۇق دىنىي خۇراپاتلىق تۇسكە ئىگە ئىدى، ئالايلۇق، بەدەننى ئۈچ خىل سىرلىق «روھىي كۈچ» ئىدارە قىلىدۇ، دېگەندەك قاراشلار. ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن دەۋردە تېببىي ئالىملار تەجرىبە ئىلمىنىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسىدە قەدىمدىن قالغان تېبابەتچىلىك نۇقتىئىنەزەرلىرىنى يېڭىباشتىن تەكشۈرۈپ، ئادەم بەدىنىنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرىغا ئائىت نۇرغۇن يېڭى نەزەرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. نىدېرلاندىيەلىك تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ئاندرې ۋسارىئوس (1514 — 1564) ئىلمىي ئاناتومىيەنى بەرپا قىلغان، ئۇ 1543 ـ يىلى «ئادەم بەدىنىنىڭ تۈزۈلۈشى» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ، ئادەم سۆڭىكى، تومۇرى، ئىچكى ئەزاسى، مېڭىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ناھايىتى زور تۆھپە قوشۇپ، كېيىنكى قان ئايلىنىشنىڭ بايقىلىشىغا ئاساس ھازىرلاپ بەرگەن.

ئىسپانىيەلىك دوختۇر مىكېل سېرۋېت (1509 — 1553) بىلەن ئەنگلىيەلىك دوختۇر ۋىللىيام خارۋېي (1578 — 1657) قان ئايلىنىشنى بايقىغان. سېرۋېت «خىرىستىيان دىنىنىڭ گۈللىنىشى» (1553 ـ يىلى نەشر قىلىنغان) ناملىق ئەسىرىدە، يۈرەك بىلەن ئۆپكە ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك قان ئايلىنىش تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ جەنۋەدە كالۋىن مەزھىپى تەرىپىدىن بىدئەتچى دەپ قارىلىپ، كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ئۇنىڭ ئۇستىگە تىرىك پېتى ئىككى سائەت ئوتقا قاقلانغان. 17 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى خارۋېي ئاناتومىيە ئاساسىدا ئادەم بەدىنىدىكى قان ئايلىنىش سىستېمىسىنى بايقىغان ھەمدە قان ئايلىنىشنىڭ يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ مېخانىك ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان. 1628 ـ يىلى، ئۇ «يۈرەك ۋە قان ئايلىنىش ھەرىكىتى» ناملىق ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ، بۇ نۇقتىئىنەزەرنىڭ توغرىلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلىغان. ئېنگېلس مۇنداق كۆرسەتكەن: «خارۋېي قان ئايلىنىشنى بايقاپ فىزىئولوگىيە (ئادەم فىزىئولوگىيەسى ۋە ھايۋان فىزىئولوگىيەسى) نى پەن قىلىپ قۇرغۇزدى.» ①

## 2. ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ يېڭى تەرەققىياتى

**يېڭى پەلسەپە ئىدىيەسى ۋە فرانسىس باكون** يېقىنقى زامان تەبىئىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىدا، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى ئىلاھىيەتنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد بولۇشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن يېڭى پەلسەپە ئىدىيەسى بارلىققا كەلدى. كوپېرنىكنىڭ «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى نەزەرىيەسى»، برونونىڭ تەڭرىنىڭ دۇنيانى ياراتقانلىقىغا قارشى تۇرۇش كۆز قارىشى ۋە گالىلېينىڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئوبيېكت قانۇنىيەت بويىچە راۋاجلىنىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان نۇقتىئىنەزەر سكولاستىكىزمچىلار (سكولاستىك پەلسەپە)غا ئىغىر تىغ تاقابىل تۇرۇپ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلىرىنى بىۋاسىتە تەۋرىتىۋەتتى. 16 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرگىچە يېڭى بۇرژۇئازىيە پەلسەپىسى بىرقەدەر توغرا بولغان تەبىئىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا ئانالىز قىلىش ۋە

① ئېنگېلس: «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 1 ـ نەشرى، 3 ـ توم، 524 ـ بەت.

چۈشەندۈرۈشكە ئىنتىلگەنلىكى ئۈچۈن، تەبىئەت دۇنياسىنى چۈشەندۈرۈشتە ماتېرىيالىستىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بولسا، ئېكسپلاتاتور سىنىپلارنىڭ سىنىپىي چەكلىمىلىكى ۋە پەلسەپىدىكى مېتافىزىكىلىق مېتود تۈپەيلىدىن، ئىجتىمائىي تارىخىي ھادىسىلەرنى ئانالىز قىلىشتا ئىدېئالىستىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ قەدىمكى ئىدېئالىزملىق ئاددىي - ساددىلىقا خاتىمە بېرىشى بىلەن، پەلسەپە مېتافىزىكىلىق ماتېرىيالىزم باسقۇچىغا كىردى. يېڭى پەلسەپىدە تەجرىبە ھەقىقەتنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى، دەپ جاكارلاندى. ئۇ دىنىي جەمئىيەتنىڭ نوپۇزى ۋە سكولاستىكىزمچىلارغا قارشى كۈرەش قىلىش جەريانىدا، قەدىمكى ماتېرىيالىزمنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە ئۇنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى. ئەنگلىيەلىك مەشھۇر پەيلاسوپ فرانسىس باكون يېڭى پەلسەپە ئىدىيەسىگە ئەڭ زور تۆھپە قوشتى.

فرانسىس باكون (1561 — 1626) «ئەنگلىيە ماتېرىيالىزمى ۋە پۈتكۈل ھازىرقى زامان تەجرىبە ئىلمىنىڭ ھەقىقىي ئاساس سالغۇچىسى»①، ئۇنىڭ ئاساسلىق پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن «ئىلىمنىڭ تەرەققىياتى» (1605 - يىلى)، «يېڭى سايمان» (1620 - يىلى) ۋە «ئىلىمنىڭ قىممىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈشى» (1623 - يىلى) قاتارلىقلار بار. باكون سكولاستىكىزمچىلارنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنى سىرلىقلاشتۇرۇشىغا قارشى تۇرۇپ، تەبىئەت دۇنياسى ماددىدىن تەركىب تاپقان، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ھالدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتى بار، دەپ قارىغان. باكون تەبىئەت دۇنياسىنى بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇپ، ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىش ئۈچۈن تەبىئەتنى ئوبيېكتىپ تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭدا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ

① ماركس، ئېنگېلس: «مۇقەددەس جەمەت»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 2 - توم، 163 - بەت.

كېلىۋاتقان قانۇنىيەتلەرنى تېپىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. باكون پەقەت ئەقلىي يەكۇن چىقىرىش ئۇسۇلى، ئانالىز قىلىش، سېلىشتۇرۇش ۋە تەجرىبە قىلىشلا ئىلمىي بىلىش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ھېسسىي بىلىش بىلەن ئەقلىي بىلىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەندىلا، ئاندىن ھەقىقىي بىلىشكە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇنىڭ «بىلىم — كۈچ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى پەقەت بىلىم بولغاندىلا، يەنى پەقەت تەبىئەتنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن تەبىئەتنى ئىدارە قىلغىلى بولىدۇ، ئاندىن جاسارەتلىك بولغىلى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئەينى چاغدا ئىلاھىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ۋە يېقىنقى زامان تەبىئىي پەنلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىغان.

باكوننىڭ پەلسەپە ئىدىيەسىدىمۇ بەزى دىيالېكتىكىلىق ئامىللار بولۇپ، ماتېرىيالىزمنىڭ بىرنەچچە قائىدىلىرىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئىسپاتلىغان. ئالايلۇق، دۇنيانىڭ ماددىلىقى، ماددىنىڭ پائالىيەتچانلىقى ۋە خىلمۇخىللىقى، شۇنىڭدەك ماددا ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيەتلىكلىكى، ۋەھاكازالار. بىراق، باكوننىڭ ماتېرىيالىزمى ئاساسەن مېتافىزىكىلىق ماتېرىيالىزمدۇر. باكون ئەقلىي يەكۇن چىقىرىش ئۇسۇلىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلىگەن، ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە روھنىڭ ئۆلمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلغان، ئىككى ياقلىمىلىق ھەقىقەت تەلىماتىنى قوللانغان، ئۇنىڭ پەلسەپىسى «ئىلاھىيەتشۇناسلىقنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىلسىز لىكىگە تولغان»①.

**دىكارت ۋە سپىنوزا** باكوندىن كېيىن دىكارت بىلەن سپىنوزا يېڭى بۇرژۇئازىيە پەلسەپىسىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدۇر.

دىكارت (1596 — 1650) فىرانسىيەلىك پەيلاسوپ ۋە ماتېماتىك. ئۇمۇ باكونغا ئوخشاشلا سكولاستىكىزمچىلار ۋە

---

① ماركس، ئېنگېلس: «مۇقەددەس جەمەت»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ توم، 163 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ئىلاھىيەتشۇناسلىقنىڭ ئىسكەنجىسىگە قارشى تۇرغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن «مېتودولوگىيە» (1637 ـ يىلى)، «مېتافىزىكىلىق خىيال» (1641 ـ يىلى)، «پەلسەپە قائىدىلىرى» (1644 ـ يىلى) قاتارلىقلار بار.

ئۇ ئەقلىي يەشمە خۇلاسە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ھېسسىي بىلىشنىڭ رولىنى ئىنكار قىلغان. ماتېماتىكىلىق ئۇسۇلنى يادرو، ئەقلىنى ئاساس قىلغان يەشمە خۇلاسىلىك ھۆكۈمدە خاتالىق بولمايدۇ، دەپ تەكىتلىگەن. دېكارت پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسىنى تەتقىق قىلىشنى «فىزىكا» دەپ ئاتىغان ھەمدە «فىزىكا» دىكى ماددىنىڭ بىردىنبىر سۇبستانسىيە ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ دۇنيادا ماددىنىڭ بىردەكلىكىدە چىڭ تۇرغان. ئۇ: قۇياش سىستېمىسىنىڭ مەنبەسى ــ ماددا، پۈتكۈل ئالەمدە پەقەت بىرلا ماددا بار، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ مېخانىكىلىق ھەرىكەتنى ماددا جىسىمنىڭ ئىپادىلىنىشى، دەپ قارىغان. بۇ نۇقتىئىنەزەرلەر ئىلاھىيەت دۇنيا قارىشىغا ئەجەللىك زەربە بەرگەن. ماركس، ئېنگېلسلار مۇنداق كۆرسەتكەن: «دېكارتنىڭ ماتېرىيالىزمى تەبىئىي پەنلەرنىڭ ھەقىقىي بايلىقىغا ئايلاندى.»[1] يەنە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، دېكارت بىر تەرەپتىن ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىدىيە، يەنى قەلبنىڭ ماددىي خاسلىقىدا ئىگە ئەمەسلىكىنى تەشەببۇس قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ قارىشى «قەلب بىلەن ماددا ئۆز ئارا مۇناسىۋەتسىز» بولغان دۇئالىزم (ئىككى مەنبەچىلىك) چە كۆزقاراشتۇر. ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيەسى ئىچكى زىددىيەتلەرگە تولغان. ئۇ بىر تەرەپتىن ماتېرىيالىستىك ئىدىيە بويىچە سكولاستىكىزمچىلار قارشى كۈرەش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن دىنىي ئىلاھىيەتشۇناسلىقنىڭ ئىسكەنجىسىدىن يەنىلا قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان «تۇغما تالانت»

---

[1] ماركس، ئېنگېلس: «مۇقەددەس جەمەت»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ توم، 166 ـ بەت.

تەلىماتى، يەنى ئادەملەر تۇرغۇن ئەڭ تۈپ كۆزقاراشلىرىدا تەجرىبىلىرىگە تايانماي، «تۇغما تالانت»قا تايىنىدۇ، دېگەن نۇقتىئىنەزىرىدىكى «تۇغما تالانت» نى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا يەنىلا تەڭرى ئاتا قىلغان بولىدۇ.

سپىنوزا (1632 ــ 1677) گوللاندىيەلىك ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ جارچىسى. ئۇ بۇرژۇئازىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنغانلىق ــ «ئەركىنلىك»، «قانائەتلىنىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى» ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇنىڭ «ئىلاھىيەتشۇناسلىق سىياسىيسى» (1670 ـ يىلى)، «ئېتىكا» (1677 ـ يىلى ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن نەشر قىلىنغان)، «بىلىشنى ياخشىلاش توغرىسىدا» (1677 ـ يىلى ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن نەشر قىلىنغان) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. سپىنوزا ئاتېئىزمچى بولۇپ، ئىلاھىيەتشۇناسلىق دوگمىسىغا قارشى تۇرغان، ئىككى ياقلىمىلىق ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلمىغان. دىن ــ نادانلىق ۋە ۋەھىمىنىڭ ھاسىلاتى، ئىلاھىيەتشۇناسلىق بىلەن سكولاستىكىزمچىلار ــ «ئەقلىي ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەمنى ھايۋانلىق دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ»، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتكە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلايدۇ، دەپ قارىغان. سپىنوزا پەلسەپىلىك كۆز قارىشىدا ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان تەبىئەت دۇنياسىنى، يەنى ئاتالمىش «سۇبستانسىيە» نى چىقىش نۇقتىسى قىلغان. ئۇ، ئالەمدە پەقەت بىرلا سۇبستانسىيە مەۋجۇت، بۇ سۇبستانسىيە مۇتلەق چەكسىزدۇر، دەپ قارىغان. سۇبستانسىيە ئۆزىدىكى سەۋەب تۈپەيلىدىن مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدۇ، ئۇنى ياراتقىلى بولمايدۇ، يوقىتىۋەتكىلى بولمايدۇ، دەپ قارىغان. مانا بۇ ئۇنىڭ تەڭرىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغانلىقىدۇر، سپىنوزا تەبىئەتنىڭ ئۆزى تەڭرى، دەپ قارىغان، ئەمەلىيەتتە بۇ «تەڭرى» نامى ئاستىغا ماتېرىيالىزملىق ئاتېئىزملىق ئىدىيە يوشۇرۇنغان، بولۇپمۇ

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ «سۇبستانسىيە» نىڭ «ئۆزىدىكى سەۋەب» توغرىسىدىكى ئىدىيەسى چوڭقۇر دىئالېكتىكىلىق مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ماتېرىيالىزمنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىلاھىيەتشۇناسلىققا قارشى تۇرۇش كۆرىشىگە قوشۇلغان ناھايىتى زور تۆھپە ھېسابلىنىدۇ.

بىراق يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، سپىنوزانىڭ دۇنيا قارىشىدا يەنىلا مېخانىكىلىق ۋە مېتافىزىكىلىق كۆز قاراش يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ «سۇبستانسىيە» نى ئۆزگەرمەيدۇ، ھەرىكەت «سۇبستانسىيە»نىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ئەمەس، پەقەتلا «فورمىسى» دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە پەقەت ئورۇننىڭ يۆتكىلىشى دەپلا چۈشەنگەن. بىلىش نەزەرىيەسى جەھەتتە، گەرچە ئۇ ماتېرىيالىستىك نىشاندا چىڭ تۇرۇشنى ئاساسلىق ئالدىنقى شەرت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىلىش نەزەرىيەسىدە راتسىئونالىزمنى تەشەببۇس قىلغانلىقتىن، يەنە بۇ نىشاندىن چەتنەپ كەتكەن. راتسىئونالىزم دىنىي دوگمىچىلىققا قارشى تۇرۇش، خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش، ئەقىلنى ئىشقا سېلىشنى تەشەببۇس قىلىش قاتارلىق تەرەپلەردە ئىلغار رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ يەنىلا ئىدېئالىزم بولغاچقا، سپىنوزا بەزى مۇھىم مەسىلىلەرگە قارىتا تونۇشىدا يەنە ئەزەلىيەتچىلىك خاتالىقنى تەكرارلىغان.

**ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن مەزگىلدىكى قانۇنشۇناسلىق ۋە پېداگوگىكىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى** ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن دەۋردە، قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدە «رىم قانۇنى»نى تەتقىق قىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. رىم قانۇنىنىڭ رەسمىي تەتقىق قىلىنىشىنىڭ ئۆتمۈشىگە نەزەر سالساق، ئۇ شىمالىي ئىتالىيەدىكى پولېنىا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ھەممىدىن بۇرۇن باشلانغان. 13 ـ ئەسىردە پولېنىا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، ئاتاقلىق قانۇنشۇناس ئازونىڭ «قانۇن ئېنسىكلوپېدىيەسى»، «قانۇن تەتقىقاتىدىن لېكسىيەلەر» ناملىق ئىككى ئەسىرى قانۇن ساھەسىدىكىلەرنىڭ زۆرۈر ئوقۇشلۇقىغا

ئايلانغان. 14 ـ ئەسىردە، فىرانسىيەدە بىر مۇستەقىل قانۇنشۇناسلىق ئېقىمى، يەنى «رىم قانۇنشۇناسلىق ئېقىمى» باش كۆتۈرۈپ چىقتى، ئۇلار رىم قانۇنىنىڭ سىستېمىسىغا ئاساسەن فىرانسىيەنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇنلىرىنى تەكشۈردى ۋە ئىسلاھ قىلدى. 16 ـ ئەسىردە فىرانسىيە رىم قانۇنى تەتقىقاتىدا پۈتكۈل ياۋروپا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. يېڭى قانۇنشۇناسلىق ئېقىمىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى گۇمانىزمچىلار بولۇپ، ئۇلار رىم قانۇنىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئۈستىدە ئىزدەندى، قانۇنلارنى ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدا يازدى، لاتىن تىلىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شۇڭلاشقا، قانۇن تۈزۈش ۋە قانۇننى چۈشەندۈرۈش ھوقۇقىنى مىسسىئونېرلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. گوچاس، تاننېريۇ قاتارلىق پىروفېسسورلار يېڭى قانۇنشۇناسلىقنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەربابلىرى ھېسابلىنىدۇ. تاننېريو «ھەق تەلەپ قانۇنىغا ئىزاھات» (جەمئىي 28 توم) ناملىق ئەسەرنى يازغان، ئۇ پروتېستانت بولۇپ، كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، گوللاندىيەدە مۇھاجىر بولۇپ، يات ئەلدە ئۆلۈپ كەتكەن.

14 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە، گېرمانىيەدىكى بىر قانچە ئۇنىۋېرسىتېتتا رىم قانۇنى بىلەن دىنىي جەمئىيەت قانۇنىنى تەتقىق قىلىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىلدى. ئومۇمەن، ئەمەلدار بولماقچى بولغانلار مەخسۇس رىم قانۇنى بويىچە بىلىم ئاشۇراتتى. گېرمانىيە ئىمپېراتورى مەسلىھەتچى، قانۇن مەسلىھەتچىسى ۋە چەت ئەللەرگە ئەۋەتىلىدىغان ئەلچىلەردىن رىم قانۇنىنى پىششىق ئىگىلەشنى تەلەپ قىلاتتى. 14 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە گېرمانىيە سوتىنىڭ مۇنداق بىر ئەنئەنىسى بار ئىدى: «ئەدلىيە دېلولىرى ئالدى بىلەن مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىغا دېلو ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش ۋە سوتلاش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن تاپشۇرۇلاتتى، ئاندىن كېيىن سوت رەسمىي سوتلاپ ھۆكۈم ئېلان

قىلاتتى. پۈتكۈل ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش مەزگىلىدە، ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ قانۇنشۇناسلىرى رىم قانۇنىنى بەس ـ بەستە تەتقىق قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، رىم قانۇنىنى راۋاجلاندۇردى». ئۇ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيەنىڭ فېئودالىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى.

گوللاندىيەلىك خۇگوگروتىئۇس (1583 ــ 1645) يېقىنقى زامان خەلقئارالىق قانۇنىنىڭ ئاساسلىق ئاساس سالغۇچىسى، بۇرژۇئازىيە دۆلىتى تەلىماتى نەزەرىيەچىسى، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ئوچۇق دېڭىز توغرىسىدا» (1609 ـ يىلى) ۋە «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق قانۇنى توغرىسىدا»، (1625 ـ يىلى) ناملىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ دۆلەت تەبىئىي ھوقۇق ۋە ئىجتىمائىي ئەھدىنامىنى مەنبە قىلغان، دېگەن تەلىماتنى راۋاجلاندۇرغان، ئۇ ئوچۇق دېڭىزدا ئەركىن يۈرۈش نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ مۇستەملىكە سودىسى ۋە چەت ئەلگە قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىش تەلىپىگە ماسلاشقان.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ تارقىلىشى ۋە ھەر قايسى ساھەلەردە چوڭقۇر راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، چېخىيەلىك كومېنىئۇس پېداگوگىكا ساھەسىدە بۆسۈش ھاسىل قىلدى.

بۈيۈك پېداگوگ يوھان ئاموس كومېنىئۇس (1592 ــ 1670) «كەڭ دائىرىلىك ئوقۇتۇش توغرىسىدا» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يازغان. كومېنىئۇس مائارىپنى ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدا ئومۇملاشتۇرۇش ئىدىيەسىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغۇچى ۋە كۆرسەتمىلىك ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ھىمايىچىسى. ئۇ سىنىپتا دەرس ئۆتۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلغان، مەكتەپلەردە ئەقلىي تەربىيە ئېلىپ بېرىلغاندىن سىرت، ئەنتەربىيە دەرسى تەسىس قىلىش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي ئەمگەك قىلىدىغان ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك، دەپ

ئوتتۇرىغا قويغان. كومپىنىئۇس شەيئىلەرنىڭ تىنچ ھالىتى، تەجرىبە بارلىق بىلىمنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، مائارىپچىلارنىڭ ۋەزىپىسى يىگىت ـ قىزلارنىڭ تۇغما ئىقتىدارىنىڭ ئەركىن راۋاجلىنىشىغا يول ئېچىپ بېرىش ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلغان. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، كومپىنىئۇس ياشلارنى تەبىقە ۋە ئورۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراتماي، ئۇلارغا ئوخشاش ئوقۇتۇش پرىنسىپىنى قوللىنىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كومپىنىئۇس پېداگوگىكىسىنىڭ دېموكراتلىقلىقى ۋە خەلقچىللىقى گۇمانىزملىق پېداگوگىكىدىكى ئادەتتىكى قاراشلاردىن ئېشىپ كەتكەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئونىنچى باب

# دىنىي ئىسلاھات ۋە گېرمانىيەدىكى دېھقانلار ئۇرۇشى

## 1 ـ بۆلۈم دىنىي ئىسلاھات ھارپىسىدىكى گېرمانىيە

**15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە كاپىتالىزمنىڭ بىخلىنىشى** 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، گەرچە گېرمانىيەدە فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي ئىقتىساد ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. سانائەتتە مېتالچىلىق، قەغەزچىلىك، قورال ـ ياراغ ياساش، پاختا ـ چىگە توقۇمىچىلىقى قاتارلىقلار ناھايىتى تەرەققىي قىلدى. كانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ روشەن بولدى، جەنۇبتىكى سالزبۇرگ ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى ساكسېن رايونى كانچىلىقنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى. كانچىلىقتا كان قۇدۇقىدىكى يىغىلىپ قالغان سۇنى ئۇلاغ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان سۇ پومپىسى بىلەن تارتىش ئۇسۇلى قوللىنىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدىكى كان بايلىقلىرىنى قازغىلى بولىدىغان بولدى. گېرمانىيەنىڭ كۈمۈش مەھسۇلات مىقدارى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى، ئەينى چاغدىكى پۈتكۈل ياۋروپادىكى باشقا جايلارنىڭ كۈمۈش مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى.1460 ـ يىلدىن 1530 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، گېرمانىيەنىڭ كۈمۈش كانلىرىنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى

بەش ھەسسە ئاشتى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا گېرمانىيەنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 12 مىلىيوندىن 15 مىلىيونغىچە بولۇپ، كان ئىشچىلىرى 100 مىڭدىن ئاشاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ياۋروپا بويىچە ئەڭ مەلىكىلىك كان ئىشچىلىرى ھېسابلىناتتى. مېتالچىلىق ۋە توقۇمىچىلىق قاتارلىق تارماقلاردا تارقاق تىپلىق، ھەتتا ئاز ساندىكى مەركەزلەشكەن تىپلىق كاپىتالىستىك قول سانائەت ئىشخانىلىرى كۆپەيدى. باسمىچىلىق ۋە بىناكارلىقتىمۇ 10 دىن 20 گىچە ياللانما ئىشچىسى بار كارخانىلار بارلىققا كەلدى. فىرانكفورد، ئۇلم، ستراسبۇرگ، خېنىل برون، مېنمىنكېن، كولۇن ۋە ئاۋگسبۇرگلاردا «تارقاق» تىپلىق قول سانائەت ئۇستىخانىلىرى بىر قەدەر ئومۇملاشتى.

گېرمانىيەدە سودا، بولۇپمۇ ۋاسىتىچىلىك سودىسى خېلىلا روناق تاپتى. گېرمانىيە ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، غەربىي ياۋروپا بىلەن شەرقىي شىمالى ياۋروپا، غەربىي ياۋروپا بىلەن شەرق ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا خەلقئارالىق سودا ئېلىپ

ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ كۈمۈش مەھسۇلات مىقدارىنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

| يىللار | گېرمانىيەنىڭ مەھسۇلات مىقدارى (kg) | ياۋروپادىكى باشقا جايلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى (kg) | ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى (kg) |
|---|---|---|---|
| 1520—1493 | 35000 | 10000 | |
| 1544—1521 | 50500 | 10500 | 13300 |
| 1560—1545 | 53200 | 11500 | 199200 |
| 1580—1561 | 40500 | 9500 | 214900 |

مەزكۇر جەدۋەل ئا. د ئېپشېۋتاننىڭ «ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن 1848 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابقىچە بولغان گېرمانىيە تارىخى» ناملىق ئەسىرنىڭ 35 ـ بېتىدىن تەقىل كەلتۈرۈلدى، موسكۋا 1961 ـ يىلى.

www.uyghurkitap.com

بېرىلىدىغان ئارىلىق زونىغا جايلاشقان. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، گېرمانىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئاۋۋالقىدەكلا بالتىق دېڭىزى، شىمالىي دېڭىزغا يۈزلەنگەن بىر قانچە شەھەر بار ئىدى. مايىن دەرياسى بويىدىكى فرانكفورد ياۋروپا بويىچە مەشھۇر ۋاستىچىلىك سودا شەھىرى بولۇپ، مەزكۇر شەھەردە مەخسۇس چەت ئەلنىڭ سودا كارۋانلىرىنى قوغداپ ماڭىدىغان مۇھاپىزەتچى قوشۇن قۇرۇلغانىدى. گېرمانىيەنىڭ جەنۇبىدىكى نۇنبېرگ شەھىرىنىڭ غەربىي ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەر بىلەن سودا ئالاقىسى بار ئىدى. ئاۋگسبۇرگدا ئاساسلىق ئىتالىيەنىڭ يىپەك توقۇلمىلىرى، ھىندىستان ۋە شەرقتىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى، تاۋارلىرى سودىسى بولاتتى، ئۇ شەرق ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ تاۋارلىرى توپلىنىدىغان ۋە تارقىتىلىدىغان مەركەزلەرنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە گېرمانىيەلىكلەرنىڭ سودا سارايلىرى بار ئىدى. گېرمانىيەلىك سودىگەرلەر ئىسپانىيە، پورتۇگالىيەلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىك پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان، مۇستەملىكىچىلەرگە مەبلەغ جەھەتتە ياردەم قىلغان، ئۇلارنىڭ تەسىرى ئامېرىكا قىتئەسىگىمۇ يېتىپ بارغانىدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، گېرمانىيەدە يەنە چوڭ بانكىرلار بارلىققا كەلدى، ئالايلۇق، فۇگل جەمەتى گېرمانىيە ئىمپېراتورى ۋە چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھەقدارى، شۇنداقلا تىرول كۈمۈش كېنى، ۋېنگرىيە مىس كېنىنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولۇپ، ئوتتۇرا ياۋروپانىڭ ئىقتىسادىنى كونترول قىلىۋالغانىدى، گېرمانىيەنىڭ سىياسىيسىغا تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

گېرمانىيەدە سودا ـ سانائەتنىڭ گۈللىنىشى دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. بەزى يېزا ـ قىشلاقلاردا تۇپراقنى ياخشىلاپ، چوڭقۇر ھەيدەپ، ئەتراپلىق پەرۋىش

قىلغانلىقتىن، زىرائەتلەرنىڭ سورتى كۆپەيدى، تېرىلغۇ يەرنىڭ كۆلىمى كېڭەيدى، مەھسۇلات مىقدارى ئاشتى. بەزى دېھقانلار يەككە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بازار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى. بىر قىسىم يېزا ـ قىشلاقلاردا ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققىنىڭ ئورنىنى ۋاكالىتەن ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى ئىگىلىدى. دېھقانلار ئىچىدە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش تەدرىجىي روشەنلەشتى. يەرسىز ۋە يېرى ئاز، ۋەيران بولغان دېھقانلار تىرىكچىلىك تۈپەيلىدىن تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ياللانما ئىشچى بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار گېرمانىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى ئاساسەن ئەينى چاغدىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسى ئارىسىدا تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىغا تەۋە قول سانائەت ۋە ۋاستىچىلىك سودىسى خېلى يۇقىرى تەرەققىيات سەۋىيەسىگە يەتكەن بولۇپ، بۇ جەھەتتە گېرمانىيە ئىتالىيە، فىرانسىيە ۋە ئەنگلىيەدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى گېرمانىيە ئىقتىسادىغا قارىغاندا، مۇنداق ئىككى نۇقتىنى تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ؛ بىرىنچى، گېرمانىيە بىلەن شۇ مەزگىلدىكى ئىلغارراق بولغان غەربىي ياۋروپا ئەللىرى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. گېرمانىيە چېگراسى ئىچىدىكى كەڭ رايونلاردا ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەنگلىيە، نېدېرلاندىيەنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا ئېغىرراق ئىدى. گېرمانىيەنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئەنگلىيە بىلەن نېدېرلاندىيەنىڭكىدىن كەينىدە قالغانىدى، سانائىتى ئىتالىيە، فلاندېر ۋە ئەنگلىيەنىڭكىدىن خېلىلا كەينىدە قالغانىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە چەت ئەللەردىكى سودىدا ئەنگلىيەلىكلەر، بولۇپمۇ گوللاندىيەلىكلەر گېرمانىيەلىكلەرنى چەتكە قاقاتتى. ئەمما ئالتۇن، كۈمۈش قېزىش جەھەتتە، ئېنىقكى

www.uyghurkitap.com

گېرمانىيە ياۋروپا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. ئىككىنچى، تەرەققىياتىنىڭ تەكشى بولماسلىقى ۋە تارقاقلىقى گېرمانىيە ئىقتىسادىدىكى ئاساسلىق يېتەرسىزلىك بولۇپ، گېرمانىيەدە بىرلىككە كەلگەن ئىچكى بازار شەكىللەنمىگەنىدى. گېرمانىيەنىڭ نۇرغۇن چوڭ ۋە ئوتتۇرا شەھەرلىرى ئاساسەن چېگرا رايونلاردا بولۇپ، ئۇلاردا تاشقى سودا ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۆز دۆلىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىنمۇ قويۇق ئىدى. گېرمانىيە زېمىنىدا ئورتاقلىقنى تاپقىلى بولىدىغان جايلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ جەنۇبىدا باشقا بىر خىل سودا مۇناسىۋىتى ۋە سېتىش بازىرى بار بولۇپ، شىمالىنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايتتى؛ شەرقى بىلەن غەربى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئالاقە يوق دېيەرلىك ئىدى. «ئەينى چاغدا ئەنگلىيە، فىرانسىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ سودا ـ سانائىتىنىڭ يېتىلىشى پۈتكۈل دۆلەتتىكى ھەر خىل مەنپەئەتلەرنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، سىياسىي جەھەتتە ھوقۇقنىڭ مەركەزلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى؛ گېرمانىيەدە بۇ جەريان بەزى يەرلىك مەركەزلەرنىلا چۆرىدىگەن ھالدا ئۇلكە ـ رايونلار بويىچە بىر مۇنچە مەنپەئەت گۇرۇھلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە پەقەت بۆلۈنۈشنى ئىلگىرى سۈردى.»[1]

گېرمانىيەنىڭ سىياسىي جەھەتتە بۆلۈنۈشى ۋە كاتولىك دىنى جەمئىيتى گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تارقاقلىقى سىياسىي جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزدى. گېرمانىيە زېمىنىدىكى تاشقى سودىنى ئاساس قىلغان نۇرغۇن جايلاردىكى يەرلىك گۇرۇھلار دۆلەتنىڭ ھوقۇقىنى بىر تۇتاش مەركەزلەشتۈرۈشكە كۈچلۈك بولمىدى، نەتىجىدە گېرمانىيەدە بۆلۈنمە تەپرىقىچىلىك ۋەزىيىتى ئۈزلۈكسىز مەۋجۇت بولۇپ

[1] ئېنگېلس: «گېرمانىيە دېھقانلار ئۇرۇشى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 7 ـ توم، 387 ـ بەت.

تۇردى. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيەدە يەتتە چوڭ سايلىغۇچى كىنەزدىن باشقا، يەنە ئون نەچچە چوڭ كىنەز، ئىككى يۈز نەچچە كىچىك كىنەز، نەچچە مىڭ ئىمپېرىيە رىتسارى بار ئىدى. كىنەزلىكنىڭ ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيىتى، قوشۇنى، قانۇنى، پۇلى بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا مۇستەقىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، گېرمانىيەدە «دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت» كە ئايلانغانىدى. كىنەزلەر بىر تەرەپتىن گېرمانىيە ئىمپېراتورىدىن ھوقۇقنى تەقسىم قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ خوجىلىق زېمىنلىرىدا ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرگەنىدى. كىنەز، رىتسارلار ۋە شەھەرلەر ھەمىشە ئايرىم ـ ئايرىم ئىتتىپاق تۈزۈپ، بەزىدە ئۆزئارا ئۇرۇشسا، بەزىدە يەنە ئىمپېراتور بىلەن قارشىلىشاتتى. گېرمانىيە ئىمپېراتورىنىڭ زېمىنىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاجىز بولۇپ، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈپ ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا مادارى يەتمەيتتى. دۆلەت ئىچىدە ئۆتكەللەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ماينىزدىن كولۇنغىچە بولغان 200 كىلومېتىرغا يەتمىگەن ئارىلىقتا 13 تىن ئارتۇق ئۆتكەل بار بولۇپ، ھەر قايسى جايلارنىڭ تاموژنا بېجى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. گېرمانىيەنىڭ پۇلى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، مىڭ خىلدىن ئاشاتتى. فېئوداللارنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان قالايمىقان ئۇرۇشى ۋە سىياسىي بۆلگۈنچىلىك گېرمانىيە ئىقتىسادىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىغا ئېغىر دەرىجىدە توسالغۇ بولدى.

گېرمانىيەدە كاتولىك دىنى جەمئىيىتى بەك ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە ئىدى. دىنىي جەمئىيەت دىنىي ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە تېخى يۇقىرى دەرىجىلىك روھانىيلار چوڭ فېئوداللار ھېسابلىناتتى. ئالايلۇق، يەتتە سايلىغۇچى كىنەزنىڭ ئۈچى باش ئېپىسكوپ ئىدى. ئومۇمەن، يۇقىرى دەرىجىلىك روھانىيلارنىڭ ئوندىن ئىككى قىسمى خوجىلىق زېمىنغا ئىگە كىنەزلەر ئىدى. دىنىي جەمئىيەت پۈتكۈل گېرمانىيە زېمىنىنىڭ

ئۆچتىن بىر قىسمىغا ئىگىدارلىق قىلاتتى. ئۇ دىن بىلەن «بىدئەت سوتى» دىن پايدىلىنىپ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى قوغدايتتى. دىنىي جەمئىيەت يالغۇز باج يىغىش، يانچىلارغا تۈرلۈك فېئودالىق مەجبۇرىيەتلەرنى مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇش بىلەنلا قالماي، يەنە ئۆشرە، پېتىر پۇلى (ھاۋارىيون پېتىر) يىغىش، دىنىي مەنسەپ، مۇقەددەس بۇيۇم، مەغپىرەتنامە - (گۇناھىنى كەچۈرگەنلىك ئىسپاتى) سېتىش، تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ئالداش، قاقتى - سوقتى قىلىش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، خەلقنىڭ قان - تەرىنى شورايتتى. گېرمانىيەدە سىياسىي بۆلۈنۈش ۋە ئىمپېراتورنىڭ ھوقۇقى ئاجىز بولغانلىقتىن دىنىي جەمئىيەتنىڭ ھوقۇقى ۋە كۈچى زورايغانىدى. رىم پاپاسى بۇ دۆلەتنى خالىغىنىچە كونترول قىلىپ ئېكسپلاتاتسىيە قىلالايتتى. پاپا ئوردىسىدىكىلەر ئەيش - ئىشرەت ئىچىدە خالىغانچە بۇزۇپ - چېچىپ ياشاشتا ئاساسەن گېرمانىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ تەمىناتىغا تايىناتتى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پاپا ئوردىسىنىڭ گېرمانىيەدىن شىلىۋالغان مال - دۇنياسى 300 مىڭ گۈلدېنغا يەتكەن، بۇ سان گېرمانىيە ئىمپېراتورىنىڭ ئادەتتىكى يىللىق كىرىمىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولۇپ، گېرمانىيە ئىمپېراتورى 1497 - يىلى يىغقان دۆلەت بېجىنىڭ 21 ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى. شۇڭا، ئەينى زاماندا گېرمانىيەنىڭ «پاپانىڭ سېغىن كالىسى» دېگەن نامى بار ئىدى. دېمەك، دىنىي ئىسلاھاتتىن بۇرۇن، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى رىمنىڭ ئەڭ ئىتائەتمەن قۇلىغا ئايلانغانىدى. گېرمانىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قاتتىق دىنىي تەبىقە تۈزۈمى مەۋجۇت ئىدى. باش ئېپىسكوپ، ئېپىسكوپ ۋە موناستىر باشلىقى قاتارلىق يۇقىرى تەبىقە مىسسيونېرلىرىدىن تەركىب تاپقان روھانىي ئاقسۆڭەكلەر چىرىكلىكتە ئۆچىغا چىققانىدى. ئومۇمەن، دىن يىغىنى ئېچىلىدىغان شەھەرلەرگە ھەممىشە

لوكچەكلەر، پاھىشىلەر، ئالدامچىلار توپلىنىپ، ھەر خىل ئىپلاسلىقلارنى كەينى ـ كەينىدىن سادىر قىلىپ تۇراتتى. پاپا ئوردىسىنىڭ گېرمانىيەنى ئېزىشى تاشقى كۈچنىڭ گېرمان مىللىتىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى بولۇپ، پاپا گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلاتتى. پاپا ئوردىسىنىڭ كونتروللۇقىدىكى گېرمانىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ گېرمان خەلقىنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇشى بىلەن پاپا ئوردىسى، گېرمانىيە دىنىي جەمئىيىتى ۋە گېرمانىيە خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي زىددىيەت بىلەن سىنىپىي زىددىيەتلەر بىرلىشىپ كەتتى. گېرمانىيە دىنىي جەمئىيىتى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپ، تەبىقىلەرنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىدى. گېرمانىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ مەسىلىسى مەملىكەت خاراكتېرلىك مەسىلىنىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلاندى. گېرمانىيە كاتولىك دىنى جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى رىم پاپاسى گېرمانىيەدە فېئودال كىنەزلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى بۆلۈنۈش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇھىم توسالغۇ بولۇپ قالدى.

**سىنىپىي مۇناسىۋەت ۋە سىنىپىي زىددىيەت** 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە ئىقتىسادىدا كاپىتالىزمنىڭ بىخ سۈرۈشى جەمئىيەتنىڭ سىنىپىي قۇرۇلمىسىدا مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى.

فېئوداللار ئىچىدە ئىمپېرىيەنىڭ كىنەزلىرى ھۆكۈمران تەبىقە بولۇپ، ئۇلار ھەر قايسى جايلاردا ئەدلىيە، باج يىغىش، پۇل قويۇش قاتارلىق ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولاتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ دائىملىق قوشۇنى بار ئىدى، يەنە ئۆز ئالدىغا ئۇرۇش ئېلان قىلىش ۋە سۈلھى قىلىش ھوقۇقىغا، ئۆزىنىڭ خوجىلىق زېمىنى ئىچىدە يەرلىك پارلامېنت يىغىنىنى ئېچىش ۋە تىزگىنلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ئۇلار يەنە بەزى شەھەرلەرنى كونترول قىلىۋالغان بولۇپ، روھانىي كىنەزلەر ئارىسىدا ۋە

www.uyghurkitap.com

ئۇلار بىلەن ئىمپېراتور ئوتتۇرىسىدا ھەمىشە قارشىلىشىش ئەھۋاللىرى بولۇپ تۇراتتى. دەھرىي كىنەزلەر دىنىي ئىسلاھاتتىن پايدىلىنىپ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىشنى ئويلايتتى، سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا قىزىقاتتى. ھۆكۈمران تەبىقىدىكى فېئوداللار دېھقانلارنى ۋەھشىيلەرچە ئېزەتتى، ھەر قانداق ئىجتىمائىي ئىسلاھاتقا قارشى تۇراتتى.

فېئوداللار ئىچىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئاقسۆڭەكلەر پارچىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تەرەققىي قىلىپ مۇستەقىل كىچىك كىنەزلەرگە ئايلانغان، كۆپ قىسمى بولسا كىچىك ئاقسۆڭەك — رىتسارلار تەبىقىسىگە چۈشۈپ قالغانىدى.

گېرمانىيە رىتسارلىرىنىڭ شارائىتى ۋە تەلىپى ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. پۇرۇخ جۇڭگودىن ياۋروپاغا تارقالغاندىن كېيىن، مىلتىق ـ زەمبىرەكلەرنىڭ كەشىپ قىلىنىشى، ھەربىي تېخنىكىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە پىيادە ئەسكەرلەر رولىنىڭ چوڭىيىشى بىلەن رىتسارلار بارغانسېرى كەسپىي رىتسارلىق ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ قويىدى. رىتسارلارنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى ئورنى تۆۋەنلەپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئازراق خوجىلىق زېمىنىغا تايىنىپ بېقىندى دېھقانلاردىن شىلىۋالىدىغان چەكلىك كىرىمى تاۋار ـ پۇل مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى تۈپەيلىدىن ئېشىۋاتقان ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، كىرىمى چىقىمىنى قاپلىيالمايۋاتقان كۆپ سانلىق رىتسارلار ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى. ئۇلار پاراغەتلىك ۋە تەييار تاپلىق تۇرمۇشنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، گېرمانىيە ئىمپېراتورى ياكى كىنەزلەرگە ياللانما ئەسكەر بولغاندىن سىرت، ئۆزىگە تەۋە دېھقانلارنى ئېزىشنى كۈچەيتتى، بەزىلىرى تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن ساقلىنىش

ئۇچۇن سودا كارۋانلىرىنى بۇلاش، قاقتى ـ سوقتى قىلىشتىنمۇ باش تارتمىدى. ئۇلار كىنەزلەرنىڭ ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىشىدىن نارازى بولۇپ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئىمتىيازى بىلەن بايلىقىغا ھەسەت قىلىپ، پاپا ئوردىسىنىڭ تەسىرىنى تازىلاپ، گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئىمپېراتورنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى. دەل مۇشۇنداق سەۋەب تۈپەيلىدىن بەزى رىتسارلار بىر مەھەل دىنىي ئىسلاھات ۋە دېھقانلار ئۇرۇشى سېپىگە قاتناشتى. بىراق، رىتسارلار يانچىلىق تۈزۈمىنى قەتئىي ھىمايە قىلاتتى. ئاقسۆڭەكلەر دېموكراتىيەسىنى، گېرمانىيەنى پەقەت رىتسارلارغا تايىنىپ بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى، مانا بۇ ئۇلارنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەسلىكىنى، پەقەت يەككە ـ يېگانە كۆرەش قىلىشىنى بەلگىلىگەنىدى.

سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، گېرمانىيە شەھەرلىرىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەردە چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. شەھەر ئىچىدىكى سىنىپىي قۇرۇلما ئومۇمەن ئالغاندا ئۈچ تەبىقىگە، يەنى شەھەر ئاقسۆڭەكلىرى، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە (شەھە ئاھالىلىرى) ۋە شەھەر ئاددىي پۇقرالىرى تەبىقىسىگە ئايرىلدى. شەھەر ئاقسۆڭەكلىرى مول بايلىقىغا تايىنىپ شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، بانكا جازانىخورلۇقى بىلەن شوغۇللىناتتى، تاشقى سودىدا ۋە قىسمەن ئىچكى سودىدا مۇھىم رول ئوينايتتى. ئۇلار شەھەر ھاكىمىيىتىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان بولۇپ، كۆپىنچىلىرى كىنەزلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ شەھەر ئاھالىلىرى ۋە شەھەرگە قارام بولۇپ قالغان دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلاتتى ۋە ئېزەتتى. ئۇلار ھەممىشە كىنەز، فېئودالار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى بىرلىكتە باستۇراتتى. ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە، يەنى

شەكىللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ غوجايىنلىرى، باي سودىگەرلەر ۋە قول سانائەت خوجايىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇلار كىنەزلەرنىڭ ئېزىشىگە، رىتسارلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا ۋە شەھەر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشىغا قارشى تۇراتتى، يۇقىرى دەرىجىلىك روھانىيلارنىڭ پاراغەتلىك چىرىكلەشكەن تۇرمۇشىدىن نەپرەتلىنەتتى، فېئوداللىق تەرىقچىلىكنى يوقىتىپ، سودا - سانائەتنى ۋە كاپىتالىزمنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى، ئۆزلىرىنى شەھەر ھاكىمىيىتىگە قاتناشتۇرۇشنى، «پاك - تېجەشلىك دىنىي جەمئىيەت» قۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتە تارقاق، سىياسىي جەھەتتە ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پەقەت يەرلىكنىڭ مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇلار ئىجتىمائىي ئىسلاھاتقا قارىتا سالماق، ياخشىلاش، ھەتتا مۇرەسسە قىلىش پوزىتسىيەسىنى تۇتاتتى. شەھەر ئاددىي پۇقرالىرى تەبىقىسى شەھەر ئاھالىلىرى ئىچىدىكى تۆۋەن تەبىقە ھېسابلىناتتى، ئۇنىڭ تەركىبى مۇرەككەپرەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ۋەيران بولغان كاسىپلار، نامرات قول ھۈنەرۋەنلەر، كۈنلۈكچىلەر، ھامماللار ۋە يانچىلىق تۇرمۇشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شەھەرگە قېچىپ كەلگەن ئىشسىز سەرگەردانلار بار ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پاجىئەلىك تۇرمۇش شارائىتىدىن نارازى بولۇپ، بارلىق ئېكسپلاتاتورلاردىن نەپرەتلىنەتتى، ئۇلار گەرچە دىنىي ئىسلاھات ۋە دېھقانلار ئۇرۇشىغا پائال ئىشتىراك قىلىسىمۇ، لېكىن ئەينى زاماندا يەنىلا بىر مۇستەقىل سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللەنمىگەنىدى.

جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئېزىلگۈچىلەر گېرمانىيە ئاھالىسىنىڭ 80% ىنى ئىگىلەيدىغان دېھقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بېقىندى دېھقانلار، بەزىلىرى

يانچىلار ئىدى. 15 ـ ئەسىردىن كېيىن تاۋار ـ پۇل ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، فېئوداللار تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولۇش ئىستىكىدە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىجارە ھەققى، باج ۋە ئالۋان ـ ياساق كۆپەيتىلدى. يەرنىڭ ئىجارە ھەققىلا دېھقانلار دارامىتىنىڭ % 40 ىگە يەتتى. دىنىي جەمئىيەت بۇرۇنقىدەكلا دېھقانلاردىن ئۆشرە يىغاتتى ۋە ئۇلارغا باشقا ئېغىر سېلىقلارنى سالاتتى. قوي يۇڭى، زىغىر قاتارلىق چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئاشقانلىقتىن، فېئوداللار غوجىلىق زېمىنلىرىنى ئىختىيارىچە كېڭەيتتى ۋە يېزا كوممۇنالىرىغا قاراشلىق سازلىق ـ كۆل، ئوتلاق، ئورمان قاتارلىق يەرلەرنى مەجبۇرىي ئىگىلىۋالدى. گېرمانىيەنىڭ بەزى رايونلىرىدا، بولۇپمۇ غەربىي جەنۇب قىسمىدا فېئوداللار دېھقانلارنى يېڭىباشتىن يانچىلارغا ئايلاندۇردى. دېھقانلار ۋەھشىيلەرچە ئېزىلدى، فېئوداللار سەل ـ پەل نارازىلىق بىلدۈرگەن ياكى قارشىلىق كۆرسەتكەن دېھقانلارنىڭ قۇلىقىنى، بۇرنىنى كېسىش، كۆزىنى ئويۇش، بارماق ۋە قول ـ پۇتلىرىنى كېسىش، پارچىلاپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىق رەھىمسىز جازالارغا تارتتى. بۇنىڭدىن باشقا، دېھقانلار يەنە سودىگەرلەرنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەسىگە ۋە جازانىخورلارنىڭ شىلىۋېلىشىغا ئۇچرايتتى. دېھقانلارنىڭ تارتقان ئازابى ئەڭ قاتتىق بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتىشنى تەقەززالىق بىلەن تەلەپ قىلاتتى.

15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، گېرمانىيەدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئىنتايىن ئۆتكۈرلەشتى ۋە مۇرەككەپلەشتى. گېرمانىيەدە فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيەگە قارشى تۇرۇش، پاپا ئوردىسىغا قارشى تۇرۇش، كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئىمتىيازلىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىش، نامرات، پاجىئەلىك تۇرمۇش

شارائىتتىدىن قۇتۇلۇش كۈرىشى بىرلىشىپ كەتكەنىدى. ئاساسلىق زىددىيەت كەڭ دېھقانلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، شەھەر ئاددىي پۇقرالىرى ۋە شەكىللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئاممىسى بىلەن فېئوداللار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، بولۇپمۇ كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەندى.

**15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى** گېرمانىيەدە دىنىي ئىسلاھات ۋە كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار ئۇرۇشىدىن خېلى بۇرۇنلا دېھقانلارنىڭ فېئوداللىققا قارشى قوراللىق قوزغىلىڭى ئۈزۈلمەي كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

1476 ـ يىلى فرانكونىيەدىكى ۋۇرزبۇرگ ئېپىسكوپىنىڭ خوجىلىق زېمىنىدا ھانس بوھېيم قوزغىلىڭى پارتلىدى. يېزا نەيچىسى، پادىچى ھانس بوھېيم دېھقانلارغا، بۇۋى مەريەم يەر يۈزىدىكى ھەممە ئادەم بىر ـ بىرىگە قېرىنداش، ئۇلار ئەمگىكىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىشى، باي ـ نامرات دەپ ئايرىلماسلىقى كېرەك دېگەن، دەپ تەشۋىق قىلدى. ئۇ ئۆسۈم، يەر ئىجارىسى، ئالۋان ـ ياساق، باج ـ سېلىق قاتارلىق بارلىق فېئوداللىق مەجبۇرىيەتلەرنى مەڭگۈ بىكار قىلىشنى؛ ئورمان، دەريا، ئوتلاقلاردىن ئەركىن پايدىلىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ يەنە «بۇنىڭدىن كېيىن ئىمپېراتور بولماسلىقى كېرەك، پاپامۇ ۋە باشقا دىنىي جەمئىيەت ئورگىنى ياكى دەھرىي ھاكىمىيەتمۇ بولماسلىقى كېرەك» لىكىنى تەشەببۇس قىلدى. نەچچە ئونمىڭ دېھقان قوزغىتىلغانىدى. بىراق، قوزغىلاڭ ھارپىسىدا خەۋەر ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، ھانس بوھېيم قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈلدى، ئېپىسكوپ ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ قوزغىلاڭچى ئاممىنى باستۇردى.

يەنە بىر دېھقانلار قوزغىلىڭى «كەش ئۇيۇشمىسى»①نىڭ

---

① دېھقانلارنىڭ مەخپىي تەشكىلاتى، قوزغىلاڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ بايرىقىغا ئۇزۇن يىپلىق چىغ كەشنىڭ رەسمىنى سىزىپ، ئۆتۈك كىيگەن ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

كۆرۈشى تېخىمۇ كەسكىن ۋە كەڭ دائىرىلىك بولدى. «كەش ئۇيۇشمىسى» 1493 ـ يىلى ئالساستا قۇرۇلۇپ، كېيىن سىۋابىيە تەرەپلەرگە كېڭەيگەن بولۇپ، كۆپ قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، كۆرەشنى 30 يىل داۋاملاشتۇردى. 1502 ـ يىلى بادېننىڭ شىمالىدىكى سىبىر ئېپىسكوپىنىڭ خوجىلىق زېمىنىدا قوزغىلاڭ پارتلىدى، قوزغىلاڭغا 7000 ئادەم قاتناشتى، ئۇلارنىڭ كۆرەش پىروگراممىسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق: بارلىق هۆكۈمەت ئورگانلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى بىكار قىلىش، فېئوداللار تارتىۋالغان بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق قىلىدىغان كۆل ـ ئورمانلارنى، ئوتلاقلارنى قايتۇرۇۋېلىپ، دېھقانلارنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش. ئۇلار يەنە كىنەز، ئاقسۆڭەك، روھانىيلارغا ھەر قانداق باج ـ سېلىق، ئالۋان ـ ياساق، ئۆشرە ۋە باشقا باجلارنى تاپشۇرماسلىقنى، يانچىلىق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، چېركاۋ، مۇناستىر ۋە باشقا دىنىي جەمئىيەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ خەلققە بۆلۈپ بېرىشنى، ئىمپېراتوردىن باشقا ھەر قانداق خان ـ پادىشاھنى ئېتىراپ قىلماسلىقنى بەلگىلىگەن. بۇ گېرمانىيە قوزغىلاڭچى دېھقانلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم دىنىي جەمئىيەتنىڭ مۈلكىنى قايتۇرۇۋېلىپ خەلققە بەخت يارىتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيە پادىشاھلىقىنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى تەلىپى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئىككى تەلەپنى دېھقانلار ۋە ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئىلغار گۇرۇھلىرى دائىم ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. 1502 ـ يىلى «كەش ئۇيۇشمىسى» قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يوس فرىز ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى شتوۋېل قاتارلىق كىشىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە 1512 ـ ۋە 1513 ـ يىللىرى «كەش ئۇيۇشمىسى» نىڭ كۆرۈشى رېين دەرياسىنىڭ يۇقىرى ۋادىسى، چېرنىمى لېسى رايونلىرىدا، پۈتكۈل ئالساس ۋە ماين دەرياسى ۋادىسىدا تېخىمۇ كەڭ قانات يايدى. كۆرەش جەريانىدا شەھەر ئاددىي پۇقرالىرىنىڭ

رولى كۈندىن ـ كۈنگە زورايدى. خارتمات تېغىدىكى يىغىلىشتا يەنە «كەش ئۇيۇشمىسى» نىڭ 14 ماددىلىق پىروگراممىسى ماقۇللاندى. ئەسلىدە 1513 ـ يىلى يازنىڭ ئاخىرى، كۈزنىڭ بېشىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش بېكىتىلگەنىدى. ئىش ئاشكارىلىنىپ قېلىپ فېرلېيبۇرگ هۆكۈمىتى ۋە پادىشانىڭ ماركىزى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى.

«نامرات كونراد» ياكى «كونتس»① دېهقانلار مەخپىي تەشكىلاتى تەخمىنەن 1503 ـ يىلى ۋۇرتتېمبېرگدا قۇرۇلغان. بۇ يەرلىك نامرات دېهقانلار بىلەن ياقا يۇرتلۇق «كەش ئۇيۇشمىسى» ئەزالىرى بىرلىشىپ قۇرغان قوزغىلاڭچىلار تەشكىلاتى بولۇپ، ئاساسلىق ستۇتگارت ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانىدى. 1514 ـ يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ «نامرات كونراد» تەشكىلاتى گايس پېتىر ۋە هانس فورما قاتارلىق كىشىلەرنىڭ رەهبەرلىكىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شەهەر ئاددىي ئاهالىلىرى قوللىغانلىقتىن ۋۇرتتېمبېرگ كىنەزىگە قارشى كۆرەشتە قوزغىلاڭچىلار بىر مەهەل غەلىبە قازاندى، كېيىن هەر قايسى جايلارنىڭ كىنەزلىرى بىرلىشىپ باستۇرغانلىقتىن قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولدى.

بۇ مەزگىلدە شەهەرلەردىمۇ كۆرەشكە تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتاتتى. نۇرنبېرگ قاتارلىق شەهەرلەردىكى كاسىپلار ۋە ياللانما ئىشچىلار ئىش هەققىنى ئۆستۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز تۈردە مەخپىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇۋاتاتتى ۋە ئىش تاشلاش هەرىكىتىنى ئۇيۇشتۇرۇۋاتاتتى. هەر قايسى جايلاردا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئىستىخىيەلىك هالدا قوزغالغان رايون خاراكتېرلىك كۆرەشلەر ئىنقىلاب بورىنىنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى.

① «نامرات كونراد» نىڭ ئەسلىي مەنىسى نامراتلار بولۇپ، «كونتس» بولسا «نامرات كونرات» نىڭ سىلىق ـ سىپايە ئېيتىلىشىدۇر.

## 2 ـ بۆلۈم گېرمانىيەدىكى دىنىي ئىسلاھات ۋە بۈيۈك دېھقانلار ئۇرۇشى

**مارتىن لۇتېر ۋە گېرمانىيەدىكى دىنىي ئىسلاھاتنىڭ باشلىنىشى** 1517 ـ يىلى لوتېرنىڭ ئىندۇلگېنتىيەنى[1] سېتىشقا ئاشكارا قارشى چىقىشى 16 ـ ئەسىردە گېرمانىيەدىكى دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ پارتلىشىغا بىۋاسىتە سەۋەب بولدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، گېرمانىيەدە دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ كۆرەش قىلىش ۋەزىيىتى پىشىپ يېتىلگەنىدى. گېرمانىيەدىكى ئۆتكۈر، مۇرەككەپ سىنىپىي ۋە مىللىي زىددىيەتلەر دىنىي جەمئىيەت مەسىلىسىگە مەركەزلىشىپ، مىلتىق دورىسى تۆشىغا تەگكەن ھامان پارتلايدىغان ھالەتكە يېتىپ قالغانىدى، مارتىن لۇتېر مانا بۇ چوڭ پارتلاشنىڭ ئوتىنى ياققۇچىدۇر.

گېرمانىيەدىكى دىنىي ئىسلاھاتنىڭ باشلامچىسى ۋە رەھبىرى مارتىن لۇتېر (1483 ــ 1546) ئوتتۇرا دەرىجىلىك كارخانا خوجايىنى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئەجدادىدىن ئاتىسى ھانس لۇتېرنىڭ ياشلىق دەۋرىگىچە ھەممىسى تۇرىنگېنلىق دېھقان بولۇپ، لۇتېر تۇغۇلغاندا ئۇنىڭ ئاتىسى ئېيسلېبېن شەھىرىدىكى مىس كان ئىشچىسى ئىدى. لۇتېر تۇغۇلۇپ ئالتە ئايلىق بولغاندا، ئۇنىڭ ئائىلىسى ماسفېيلد شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن. لۇتېرنىڭ دادىسى باشتا كان ئىشچىسى بولغان، كېيىن يەنە كىچىك تىپلىق تۆمۈر ئېرىتىش مېشىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈپ

[1] ئىندۇلگېنتىيە ــ گۇناھنى مەغپىرەت قىلىش ئىسپاتنامە دېيىلىدۇ. خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتى ياسىغان بىر خىل «تۇمار». مىسسىيونېرلار ئۇنى سېتىۋالغانلار گۇناھتىن ساقىت بولۇپ تەڭرىنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ، روھى جەننەتكە كىرىدۇ، ھەتتا بالدۇر سېتىۋالسا «كەلگۈسىدىكى گۇناھىدىنمۇ ساقىت بولىدۇ»، دەپ تەشۋىق قىلغان.

www.uyghurkitap.com

ئىشچىلارنى يالىلاپ ئىشلەتكەن. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە شەھەر پارلامېنتىنىڭ ئەزاسىلىقىغا سايلانغان. لۇتېر 18 ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ماسفېلد لاتىن تىلى مەكتىپى، ماگدېبۇرگدىكى تەڭ تۇغۇلغان قېرىنداشلار جەمئىيىتى باشقۇرغان مەكتەپ ۋە ئېيسىناخ سېينت گىئورگى چېركاۋى تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئاساسىي مائارىپ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغان. 1501 - يىلىدىن 1505 - يىلغىچە، لۇتېر ئېرفۇرت ئۇنىۋېرسىتېتىدا قانۇن ئۆگەنگەن. ئەينى چاغدا بۇ ئۇنىۋېرسىتېت ھەم سكولاستىكىزىملارنىڭ مەركىزى، ھەم گۇمانىزىمچىلار پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا يىغىلىدىغان جاي ئىدى. لوتېر مەزكۇر مەكتەپتىكى گۇمانىزىم گۇرۇپپىسىغا بىر مەزگىل يېقىنلاشقان. ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەندە لۇتېر باكلاۋۇرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. شۇ يىلى كۈزدە ئۇ ئاۋگۇستىن موناستىرىغا كىرگەن. 1507 -يىلى پوپلۇق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن، كېيىنكى يىلى ۋىتتېنبۇرگقا يۆتكەلگەن. 1512 - يىلى 10 - ئايدا ئىلاھىيەتشۇناسلىقتا دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ھەمدە ۋىتتېنبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورلۇقىغا تەكلىپ قىلىنغان. 1515 - يىلى لۇتېر تۈرىنگىيە رايونىدىكى 11 موناستىرنىڭ رايون نازارەتچىلىكىگە تەيىنلەنگەن. لۇتېرنىڭ دەسلەپكى دىنىي ئىسلاھات كۆز قارىشى شەھەر ئاھالىلىرى سىنىپىنىڭ ئۆز دىنىي جەمئىيىتىنى قۇرۇش تەلىپىنى تەشەببۇس قىلىشتا گەۋدىلەنگەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق:

بىرىنچى، «ئېتىقاد ئارقىلىق روھنى قۇتقۇزۇش»، يەنى «ئېتىقادنى پاكلاشتۇرۇش» پىرىنسىپى. بۇنىڭدا ئادەم روھنى قۇتقۇزۇشتا ئۆزىنىڭ ئىخلاسمەن ئېتىقادىغا تايىنىشى كېرەك، «مۇقەددەس مۇراسىملار» مۇھىم ئەمەس، مىسسىيونېرلارنىڭ نازارەت قىلىشى ۋە ئارىلىششىنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق، دەپ قارىلىدۇ. ئىككىنچى، «ئىنجىل» ھەممىدىن ئەلا. ئېتىقادنىڭ

بىردىنبىر ئاساسى «ئىنجىل»، ئۇچىنچى، پاك - دىيانەتلىك دىنىي جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى تەلەپ قىلىش. ئۇ «ئاددىي مۇرىتلارنىڭ ھەممىسىلا كاھىن» دېگەن نەزەرىيەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دىنىي مەرتىۋە تۈزۈمى ۋە مۇرەككەپ چوقۇنۇش مۇراسىملىرىغا قارشى تۇرغان.

1517 - يىلى 10 - ئايدا، پاپا لېئو X رىمدىكى سايىنت پېيتېر چېركاۋىنى ياساشنى باھانە قىلىپ[1]، دومىنىكا مىسسىيونېرى تېتسېرنى ئۆزىنىڭ «ئالاھىدە ئەلچىسى» لىككە تەيىنلەپ، گېرمانىيەگە ئىندۇلگېنتىيە ساتقىلى ئەۋەتتى. تېتسېر ئىندۇلگېنتىيەنى سېتىۋالغان پۇل غەللىگە چۈشكەن ھامان گۇناھكارنىڭ روھى دوزاختىن جەننەتكە يۆتكىلىدۇ، دەپ جار سالدى. ئۇنىڭ ئالدامچىلىق يالغان - ياۋىداق سۆزلىرى لۇتېرنىڭ ئىنتايىن غەزىپىنى قوزغىدى، ئۇ كاتولىك دىنىنىڭ ئىلاھلار بايرىمى[2] ھارپىسىدا، يەنى 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ۋىتتېنبۇرگ چېركاۋىنىڭ ئالدى ئىشىكىگە ئۆز قولى بىلەن يازغان «ئىندۇلگېنتىيەنىڭ ئۈنۈمى توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق «95 ماددىلىق پىروگرامما»[3]نى ئاشكارا چاپلىدى. لۇتېر تېتسېرچىلارنىڭ پەسكەش قىلىقىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئىندۇلگېنتىيەنىڭ ئۈنۈمى مەسىلىسىنى ئاشكارا مۇنازىرە

---

[1] سايىنت - پېيتېر چېركاۋى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ چېركاۋ. 1501 - يىلى ياسىلىشقا باشلىنىپ، 1626 - يىلى پۈتكەن. بۇ قېتىمقى ئىندۇلگېنتىيەنى سېتىشنى ماينزىنىڭ باش ئېپىسكوپى ئالبۇلىست كۆتۈرە ئالغان ھەمدە ئۇنىڭدىن قىلىنغان كىرىمنى قەرزىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن.

[2] ئىلاھلار بايرىمى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئۇ ئىيسانىڭ ھاۋارىيۇنلىرى نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزىدىغان بايرام.

[3] بۇ 95 ماددا ئىندۇلگېنتىيەنى سېتىشنى كۆتۈرە ئالغان ماينزىنىڭ باش ئېپىسكوپى ئالبۇلستىنىڭ مىسسىيونېرى تېتسېرغا ئىندۇلگېنتىيەنى سېتىش توغرىسىدا بەرگەن يوليورۇقىدىكى 95 ماددىنىڭ سانىغا تەڭ. «پىروگرامما»دىكى 95 ماددا ئىچىدىكى 73 ماددىدا ئىندولگېنتىيە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا سۆكۈلگەن.

قىلىشنى تەلەپ قىلدى. «پىروگراما» گېرمانىيە خەلقىنىڭ پاپا ئوردىسى ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا نارازى بولۇشتىن ئىبارەت ئورتاق قەلب ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئېلان قىلىنىشى «بارلىق دەرىجە تۈزۈملىرىنى يوقىتىپ، پۈتكۈل ئىمپېرىيەنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ھەرىكەتنىڭ سىگنالى» غا ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن «لۇتېر چىقارغان ئۈچقۇن يانغىنغا ئايلاندى. پۈتكۈل گېرمان مىللىتى بۇ ھەرىكەتكە ئاتلاندى»①.

مۇشۇ مەزگىلدىن باشلاپ، دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتى گېرمانىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىنتايىن تېز قانات يايدى. لوتېر كەڭ ئاممىنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئىرادىسى بىر مەھەل قەتئىي بولدى، دىنىي ئىسلاھاتقا ئائىت كۆز قاراشلىرىمۇ قەدەممۇ قەدەم يۈكسەلدى. لۇتېر لىيېپزىگدا 1519 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پاپانىڭ ۋەكىلى بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە، يوھان خۇسنىڭ كۆز قارىشىغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى ئاشكارا ئىزھار قىلىپ، دىن يىغىنىنى ئەيىبلىدى. ئۇ پاپانىڭ ھوقۇقىنى ئىنكار قىلىپ، دىنىي جەمئىيەت پاپا بولمىسىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ، دەپ جاكارلىدى. 1520 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە لۇتېر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «گېرمان خىرىستىيان ئاقسۆڭەكلىرىگە مەكتۇپ» «چېركاۋدىكى بابىلون مەھبۇسلىرى» ۋە «خىرىستىيان مۇرىتلىرىنىڭ ئەركىنلىكى ھەققىدە» ناملىق ئۈچ بىروشيۇرانى ئېلان قىلدى، بۇ ئۈچ بىروشيۇرا گېرمانىيە دىنىي ئىسلاھاتىدىكى ئۈچ چوڭ ئىلمىي ئەسەر دەپ ئاتالدى. ئۇلار گېرمانىيەدىكى مۆتىدىللەرنىڭ دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ پىروگراممىسى بولۇپ قالدى. بۇ ئۈچ بىروشيۇرانىڭ بىرىنچىسى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇ لۇتېرنىڭ

---

① ئېنگېلس: «گېرمانىيە دېھقانلار ئۇرۇشى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 7 ـ توم، 436 ـــ 407 ـ بەتلەر.

سىياسىي پىروگراممىسىدۇر. لۇتېر گېرمانىيە ئاقسۆڭەكلىرىنى بىرلىشىپ «پاپاغا قارشى تۇرۇپ، گېرمانىيەنى ئازاد قىلىش» قا دەۋەت قىلدى. ئۇ پادىشاھنىڭ ھوقۇقى ھەممىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە سىياسىي ھوقۇقنى تەڭرى ئاتا قىلغان، ئۇ پاپا، ئېپىسكوپ ۋە پوپلارنى جازالىيالايدۇ، قورال كۈچى ئىشلىتىدۇ، دەپ جاكارلىدى. لۇتېر «ئىنجىل» پاپا بىلەن دىنىي جەمئىيەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، گېرمانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ دىنىي جەمئىيىتىنى قۇرۇش كېرەك، پاپا ئوردىسىغا ئولپان تاپشۇرۇشنى رەت قىلىش كېرەك، دەپ قارىدى. كېيىنكى ئىككى بىروشيۇرا لۇتېرنىڭ دىنىي پىروگراممىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى ئادەم ئېتىقادقا تايانغاندىلا ئاندىن روھىنى قۇتقۇزالايدۇ، دېگەن مەزمۇن سۆزلەنگەن. «ئېتىقادنى پاكلاشتۇرۇش» دىنىي ئەقىدىسىگە ئاساسەن، «مۇقەددەس مۇراسىملار» ئارقىلىق روھنى قۇتقۇزۇشقا، «ساۋابلىق ئىش» قىلىش ئارقىلىق گۇناھتىن ساقىت بولۇشقا ۋە مىسسىيونېرلارنىڭ ئىمتىيازىغا قارشى تۇرۇلغان. لۇتېر چېركاۋ ـ موناستىرلارنى ئازايتىش، دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئاددىيلاشتۇرۇش، يەتتە خىل «مۇقەددەس مۇراسىم» دىن پەقەت چوقۇندۇرۇش مۇراسىمى بىلەن ھەزرىتى ئىيسا زىياپىتىنىلا ساقلاپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلدى، يەنە روھانىيلارنىڭ نىكاھلىنىشىغا ۋە موناخلىقنى تاشلىشىغا يول قويۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما، لوتېر ئېتىقادنى ئاقىلانىلىك دېيىشكە، دىنىي مەسىلىلەرنى خالىغانچە چۈشەندۇرۇشكە قارشى تۇردى.

لۇتېرنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ ئىلمىي ئەسىرىدىن باشقا، پاپاغا يازغان ئۈچ پارچە خېتىدىنمۇ ئۇنىڭ پوزىتسىيەسى ۋە ئۆزگىرىشىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىرىنچى خېتى (1518 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى) دە، لۇتېر ئۆزىنى پاپانىڭ «ئىتائەتمەن ئوغلى»، پاپانى «مېھرىبان ئاتام»، «خىرىستوسنىڭ

ئەلچىسى» دەپ ئاتىغان؛ ئىككىنچى خېتى (1519 ـ يىلى 3 ـ ئايدا) دە، ئۆزىنى يەنىلا پاپانىڭ «پېقىر بەندىسى» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋىجدانىمغا مۇخالىپلىق قىلىپ تەشەببۇسۇمدىن ۋاز كەچمەيمەن، دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن. ئۈچىنچى خېتى (1520 ـ يىلى) دە بولسا «رىم دىنىي جەمئىيىتى بۇرۇن ھەر قايسى دىنىي جەمئىيەتلەر ئىچىدە ھەممىدىن پاك ھەم مۇقەددەس ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئوغرى ـ قاراقچىلارنىڭ ئۇۋىسىغا، ئەڭ پاسكىنىلارنىڭ ئۇۋىسىغا، دىيانەتسىز پاھىشىخانىغا، جىنايەتكە، ھالاكەتكە تولغان زۇلمەتلىك دۇنيانىڭ پايتەختىگە ئايلاندى...» دېگەن.

پاپا لۇتېرنىڭ تەلىماتىنى «بىدئەت» دەپ جاكارلىدى، 1520 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، پاپا تەستىقلاپ يارلىق ئېلان قىلىپ، لۇتېرنىڭ خىرىستىيان مۇرىتلىق سالاھىيىتىنى بىكار قىلدى، پاپانىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى پاپانىڭ «خىرىستىيان مۇرىتلىقىدىن چىقىرىۋېتىش بۇيرۇقى» نى 9 ـ ئايدا گېرمانىيەدە رەسمىي ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا لوتېرنىڭ 41 خىل جىنايىتى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، لوتېرغا تەڭرىنىڭ ئۈزۈمزارلىقىنى دەپسەندە قىلغان تۈلكە، دەپ تۆھمەت قىلىنغان. ئەمما لۇتېر خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، «خىرىستىيان دىنىغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ يارلىقىغا قارشى تۇرايلى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، پاپانى خىرىستوسقا قارشى تۇرغۇچى، بىدئەت ئۇنسۇر دەپ سۆكتى. شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزدا، ۋىتتىنبۇرگدا ھەممىنىڭ كۆز ئالدىدا پاپانىڭ خىرىستىيان مۇرىتلىقىدىن چىقىرىۋېتىش بۇيرۇقى ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ بەزى ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈردى. ئەتراپتا تاماشا كۆرۈپ تۇرغان نەچچە يۈز ئامما بىرلىكتە مۇناجات ئېيتتى. مۇناجات ئېيتىلىپ بولۇشى بىلەن بەزى كىشىلەر پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە سىكولاستىك پەلسەپەگە ئائىت

ئەسەرلەرنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈردى.

گېرمانىيە ئىمپېراتورى چارلىز V كاتولىك دىنىنى ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەشنىڭ قورالى قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشتا پاپانىڭ قوللىشىغا موھتاج بولغانلىقتىن، لۇتېرنىڭ دىنىي ئىسلاھاتىغا قارشى تۇردى. چارلىز V 1521 - يىلى 4 - ئايدا ۋورمىستا ئېچىلغان ئىمپېرىيە يىغىنىغا چاقىرتىپ كېلىنگەن لۇتېرغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇنى خاتالىقنى تونۇشقا قىستىدى. لۇتېر يىغىندا ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىدا چىڭ تۇردى. 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كەچتە لۇتېر: «مەن بۇ يەردە تۇرساممۇ ئىرادەمدىن قەتئىي يانمايمەن، پىكرىمدە چىڭ تۇرىمەن، ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن!» دەپ جاكارلىدى. يىغىندىن كېيىن گېرمانىيە ئىمپېراتورى لۇتېرنى تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەندە، ئۇ ساكسون سايلىغۇچى كىنەزنىڭ ۋارتبۇرگ قەلئەسىگە يوشۇرۇنۇۋالدى. بۇ يەردە ئۇ ئىسمىنى گىئورگىغا ئۆزگەرتىپ، باشقىچە كىيىنىپ 10 ئاي تۇردى. لۇتېر پاناھلىنىپ تۇرغان مەزگىلدە «ئىنجىل»نى ئىبراي تىلى ۋە لاتىن تىلىدىن نېمىس تىلىغا قايتا تەرجىمە قىلدى①، لۇتېرنىڭ تەرجىمىسى قۇرۇلما، سۆزلۈك ۋە شەكىل جەھەتلەردىن بىر قەدەر يېڭى بولۇپ، ئۇ گېرمانىيەنىڭ تىل جەھەتتىكى نۇقسانلىرىنى تۈگىتىپ، نېمىس دىيالېكتىكىسى ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كەلگەن تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۆھپە قوشۇپلا قالماي، يەنە خەلق ئاممىسىنى «ئىنجىل» دىن بىۋاستە نەقىل كەلتۈرۈپ، فېئوداللىققا قارشى كۈرەشنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇرالايدىغان كۈچلۈك ئىدىيەۋى قورال بىلەن تەمىنلىدى.

① بۇ خىزمەت 1521 - يىلى باشلىنىپ، ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلۇپ 1534 - يىلى ئاخىرلاشقان. «ئىنجىل» نى 13 يىل ئىچىدە يالغۇز لۇتېرلا تەرجىمە قىلمىغان، لېكىن ئۇنىڭ قىسمەن تەرجىمىلىرى 20 - يىللاردا گېرمانىيەدە تارقىلىپ تەسىرى زور بولغان، تۆھپىسىمۇ چوڭ بولغان.

ۋورمىستىكى ئىمپېرىيە يىغىنىدىن كېيىن، دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، دىنىي جەمئىيەتكە قارشى كۈرەشكە قاتناشقان جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەبىقىلەرنىڭ ئىختىلاپى كۈندىن - كۈنگە روشەنلەشتى. كېمەك دېھقانلار ۋە شەھەردىكى ئاددىي پۇقرالار ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلاتتى، بىر قىسىم رادىكاللار، ھەتتا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى، ئېزىشنى يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى، ھەتتا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ھازىرلىق كۆرۈپ قويغانىدى. ئىنقىلاب بورىنى ئالدىدا گېرمانىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئاجىزلىقى لۇتېرنىڭ جىسمىدا ئاشكارىلاندى. 1522 - يىلى 12 - ئايدا لۇتېر ماقالە ئېلان قىلىپ بارلىق خىرىستىيان مۇرىتلىرىنى توپىلاڭ ۋە قوزغىلاڭچىلارغا قارشى تۇرۇشقا ئاگاھلاندۇردى. ئۇ: «ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىشىمىز، ھەرگىز قالايمىقان سۆزلىمەسلىكىمىز، قالايمىقان ئويلاردا بولماسلىقىمىز، قالايمىقان ھەرىكەت قىلماسلىقىمىز كېرەك»، «قانۇنلۇق ھالدا ئالغا ئىلگىرىلەش» لازىم، دەپ تەرغىب قىلدى. شۇنداق قىلىپ، لۇتېر ئەمەلىيەتتە «ھەرىكەتكە قاتناشقان تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىدىن ۋاز كېچىپ، شەھەر ئاھالىلىرى، ئاقسۆڭەكلەر ۋە كىنەزلەر تەرەپكە ئېغىپ كەتتى»①.

**توماس ميۇنزېر ۋە خەلقنىڭ دىنىي ئىسلاھاتى** توماس ميۇنزېر (1489 — 1525)② پۇل قويغۇچى ئۇششاق قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئەسلىي يۇرتى كانچىلىق سانائىتىنىڭ مەركىزى خارزدىكى شتولبېرگ بولۇپ، ئۇ 14 ياشقا كىرگەندە ئائىلىسى يېقىن ئەتراپتىكى كۋېدلىنبېرگقا

---

① ئېنگېلس: «گېرمانىيە دېھقانلار ئۇرۇشى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 7 - توم، 407 - بەت.

② ميۇنزېر 1489 - يىلى 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تۇغۇلغان، بەزى كىتابلاردا ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى تەخمىنەن 1490 - يىلى دېيىلگەن.

كۆچۈپ بارغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ دادىسى شتولبېرگ گرافىنىڭ مويتۇغزىسىدا ئۆلگەنىكەن. ميۇنزېر ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا «كەش ئۇيۇشمىسى» دىكىلەرنىڭ كۈرەشكە دائىر رىۋايەتلەرنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان بولۇپ، گېرمانىيە جەمئىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىغان. ئۇ 15 يېشىدا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ ماگدېبۇرگنىڭ باش ئېپىسكوپىغا قارشى تۇرغان. ئۇ 17 يېشىدا ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىپ پەلسەپە ۋە ئىلاھىيەتشۇناسلىقنى ئۆگىنىپ، ئىلاھىيەتشۇناسلىقتا باكلاۋۇرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ گرېك ۋە ئىبراي تىلىنى پۇختا ئىگىلىگەن، ئەينى چاغدا گۇمانىزم ئىدىيەسىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان، بىراق ئۇ گۇمانىزمچىلارنىڭ ئەمگەكچى خەلققە سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىدىن نارازى بولغانىدى. ئۇ ھەممە جايىنى ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى، نامرات دېھقانلار، ئاددىي پۇقرالار، كان ئىشچىلىرى، توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى ۋە مەتبەئە ئىشچىلىرى ئىچىدە نۇرغۇن سىرداش دوستلىرى بار ئىدى. ئۇ نەچچە ئون شەھەر ۋە نەچچە يۈز يېزا ـ بازارغا بېرىپ، خەلقنىڭ ئاچارچىلىق دەستىدىن ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، تۆۋەن تەبىقە ئاممىسىنىڭ شىكايىتىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغانىدى. ميۇنزېر «ئىنجىل»نى پىششىق ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ تۆۋەن تەبىقىدىكى مىسسىيونېرلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، رادىكال دىنىي ئىسلاھات تەشۋىقاتى ۋە پائالىيەتنى كەڭ قانات يايدۇرغانىدى.

1517 ـ يىلى گېرمانىيەدە دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتى باشلانغان دەسلەپكى چاغلاردا، ميۇنزېر لۇتېرنىڭ تەشەببۇسلىرىنى پائال ھىمايە قىلغانىدى. ئۇ لۇتېر مۇقامىنىڭ بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىدىن نارازى بولۇشتا بىر بىلىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. 1520 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ميۇنزېر تسۋىككاۋ شەھىرى چېركاۋىنىڭ پوپلۇقىغا

www.uyghurkitap.com

تەيىنلەنگەندىن كېيىن، دائىم كان ئىشچىلىرى ۋە نامرات دېھقانلار بىلەن ئارىلىشىش ھەمدە «قايتا چوقۇندۇرۇش تەرەپدارلىرى»①نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭ ئىدىيەسى ۋە كۆز قارىشىدا ناھايىتى تېز ئۆزگىرىش بولدى. مېيۇنزېر لۇتېرنىڭ ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۆتىدىل دىنىي ئىسلاھاتىغا تايىنىش يولىدىن نارازى بولغانلىقتىن، 1520 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1521 ـ يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ، لۇتېردىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ ئايرىم يول تۇتتى. مېيۇنزېر قايتا چوقۇندۇرۇش تەرەپدارلىرىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى بىكىتىشكە پائال ياردەملەشتى. «قۇتلۇق مىڭ يىل»نى كۈتۈپ تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنى كۈرەش قىلىش ئارقىلىق پانىي دۇنيادا بەرپا قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. 1521 ـ يىلى مېيۇنزېر ۋە قايتا چوقۇندۇرۇش تەرەپدارلىرى تسۋىككاۋ شەھىرىدىكى كاسىپلارغا رەھبەرلىك قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، مېيۇنزېر چېخنىڭ پراگا شەھىرىگە قېچىپ باردى ھەمدە خۇسچىلار بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە ئورناتتى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ئۇ پراگادا «چېخ خەلقىگە مۇراجىئەتنامە» (يەنە «پراگا مۇراجىئەتنامىسى» دەپ ئاتىلىدۇ) ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي قاراشلىرىنى تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق بايان قىلدى، ئۇ خۇسنى ھۆرمەتلەپ، ئۆزىنى تاپولچىلارنىڭ ۋارىسى دەپ ئاتىدى، «دۇنيادا ئېرىش ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش مەۋجۇت

① 16 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، گېرمانىيە، شۋېتسارىيە، ئاۋستىرىيە دېھقانلىرى ۋە شەھەرلەردىكى ئاددىي پۇقرالاردىن تەشكىل تاپقان دىنىي مەزھەپ. تسۋىككاۋ شەھىرىدىكى قايتا چوقۇندۇرۇش تەرەپدارلىرى ئاساسەن كان ئىشچىلىرى، توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ داھىيسى نىكولاي شتورخې ئىدى. مەزكۇر مەزھەپ ئىكوناغا چوقۇنۇش ۋە دىنىي مۇراسىملارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. مۇرىتلار قۇرامىغا يەتكەندە يەنە بىر قېتىم چوقۇندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇلار: «قۇتلۇق مىڭ يىل» دەۋرى يېتىپ كېلەي دەپ قالدى، بۇ قۇتلۇق مىڭ يىلدا نامراتلىقمۇ، ئېكسپلاتاتسىيەمۇ بولمايدۇ، ھەممە ئادەم باراۋەر بولىدۇ» دەپ تەشۋىق قىلغان.

بولماسلىقى كېرەك» دەپ ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويىدى، ئۇ چىغ دېھقانلىرىنى قوزغىلىپ كۆرەش قىلىشقا دەۋەت قىلدى، شۇڭلاشقا چىغ دائىرىلىرى ئۇنىڭ پراگادا تۇرۇشىنى چەكلىدى، ئۇ 1522 ـ يىلىنىڭ بېشىدا گېرمانىيەگە قايتىپ كەلدى.

1522 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن 1524 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ميۈنزېر گېرمانىيەنىڭ شەرقىدىكى كىچىك بازار ئارستېدتا چېركاۋنىڭ پوپى بولۇپ ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ خەلقنى دىنىي ئىسلاھاتقا پائال تەشكىللىدى، بەزى لاتىنچە مۇناجاتلارنى نېمىسچىگە تەرجىمە قىلىپ ئىبادەت قىلغاندا لاتىن تىلىنى ئەمەس، نېمىس تىلىنى ئىشلەتتى. ھەزرىتى ئىيسا زىياپىتىدە كىشىلەرنى روھانىي ياكى دەھرىي دەپ ئايرىماي، ئىككى خىل مۇقەددەس غىزادىن ئوخشاش بەھرىمەن قىلدى. ئۇ ئېزىلگۈچى ئامما ئارىسىدا مەخپىي تەشكىلات «تەڭرى تاللىۋالغانلار ئىتتىپاقى» (يەنى «خىرىستىيان دىنى ئىتتىپاقى») نى ئۇيۇشتۇردى، ئىنقىلابىي بروشيۇرا ۋە ماقالىلەرنى بېسىپ تارقىتىپ، ئۆزىنىڭ «قۇتلۇق مىڭ يىل» ئىنقىلابىي تەلىماتىنى شەرھلىدى ھەمدە تەرەپ ـ تەرەپكە يوشۇرۇنچە ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ، ئىنقىلابنى تەشۋىق قىلدى ۋە ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللىدى.

ميۈنزېر كاتولىك دىنىنىڭ بارلىق ئاساسلىق كۆز قاراشلىرىنى قاتتىق سۆكتى. پانتېئىزم — ميۈنزېر پەلسەپە ئىدىيەسىنىڭ يادروسى ئىدى. ئۇ ئېتىقادنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى «ئىنساننىڭ ئىدراكى» ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، جاھالەتپەرەسلىك ۋە قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلىشقا قارشى تۇردى، «ئىنجىل» نىڭ بىردىنبىر كالام ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى. ئۇ ئىدراك «ھەر قانداق دەۋر ۋە ھەر قانداق مىللەتتە مەۋجۇت» ئىكەنلىكىنى، ۋەھىيگە قارىتا ئۆز ئىدراكى ئارقىلىق چۈشەنچە ھاسىل قىلغاندا، ئاندىن «ھەممە ئادەم جەننەتكە كىرەلەيدىغانلىقى» نى تەشەببۇس قىلدى. ميۈنزېر ھەتتا غەيرىي خىرىستىيان

مۇرىتلىرىنىڭمۇ ئوخشاشلا ئېتىقادى بولىدۇ: خىرىستوسمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم، ئۇ پەقەتلا پەيغەمبەر ۋە ئۇستاز، دىگەن قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ميۇنزېرنىڭ خىرىستىيان دىنى تونىغا ئورىنىۋالغان پانتېئىزملىق دىنىي پەلسەپىسى ئەينى چاغدىكى ياۋروپادا ئاتېئىزمغا ئەڭ يېقىن كېلىدىغان ھەممىدىن ئىلغار پەلسەپىۋى قاراش ئىدى.

ميۇنزېرنىڭ سىياسىي پىروگراممىسى پانىي دۇنيادا دەرھال «قۇتلۇق مىڭ يىل» نى بەرپا قىلىش بولۇپ، ئۇ ميۇنزېر تەلىماتىنىڭ نىشانى ۋە مەركىزى ئىدى. ميۇنزېر، رېئال دۇنيادا روھانىي ۋە دەھرىي فېئودداللار ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئېغىر جىنايەت سادىر قىلىۋاتىدۇ، تەڭرى تاللىۋالغانلار — دېھقانلار ۋە ئىشچىلار قوللىرىغا شەمشەر ئېلىشى كېرەك، پەقەت «زور زىلزىلە پەيدا قىلىش»، «قاتتىق زەربە بېرىش» تىن ئىبارەت زورلۇق ۋاستىسى ئارقىلىقلا تەڭرىگە ھۆرمەت قىلمايدىغان ئاقسۆڭەكلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: «پۈتكۈل دۇنيا بىر قېتىملىق زور زىلزىلىگە بەرداشلىق بېرىشى كېرەك؛ بۇ — تەڭرىگە ھۆرمەت قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ بەربات بولۇشىغا، ئاددىي كىشىلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش.»①

بۇنىڭدىن باشقا، ميۇنزېر بايلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى خەلقنىڭ نامراتلىشىشى ۋە ئېزىلىشىنىڭ مەنبەسى، دەپ قارىدى. ئۇ: «بارلىق خىزمەت، بارلىق مۈلۈكنى ئورتاق تەقسىم قىلىش، ئەڭ مۇكەممەل باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك» لىكىنى، «ھاكىمىيەتنى ئاددىي خەلققە ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېرەك» لىكىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ يەنە كىنەزلەرنىڭ تەپرىقىچىلىك «قاراقچى ئۇۋىسى» مۇ قالاقلىق ۋە نامراتلىقنىڭ مەنبەسى دەپ قارىدى. ئۇ فېئودداللىق ئېزىشكە قارشى تۇرۇش بىلەن دۆلەتنى

① «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 7- توم، 416 - بەت.

بىرلىككە كەلتۈرۈش تەشەببۇسىنى بىرلەشتۈردى.

لۇتېر ميۇنزېرنىڭ ئىنقىلابىي تەلىماتىغا ئىنتايىن قارشى تۇردى ۋە ئۇنىڭدىن بەك ۋەھىمە يېدى، ئۇ ميۇنزېرغا «شەيتانىنىڭ قورالى» دەپ تۆھمەت قىلدى. يەنە كىنەزلەردىن ميۇنزېر ۋە ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ۋە باستۇرۇشنى ئاشكارا تەلەپ قىلدى. ميۇنزېرمۇ لۇتېرنى «يالغانچى دوكتور»، «ۋىتتېنبۇرگدىكى تېرىك مۇردا»، كىنەزلەرنىڭ گۇماشتىسى دەپ پاش قىلدى ۋە سۆكتى.

1524 – يىلى 8 – ئايدا يەرلىك دائىرىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كېلىۋاتقان ميۇنزېر ئارستېدتىن ئايرىلىپ، ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ ساكسون، تۇرىنگىيە، فرانكونىيە، سىۋابىيە، ئالساس ۋە شېتسارىيەنىڭ ھەرقايسى چېگرا رايونلىرىغا بېرىپ، ئىنقىلاب قائىدىلىرىنى تەشۋىق قىلدى، ئېزىلگۈچى ئامما ئارىسىدا مەخپىي خىرىستىيان دىنى ئىتتىپاقىنى قۇردى ۋە كېڭەيتتى. ميۇنزېر ھەممىلا جايدا ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چېچىپ، ئىدىيەدە سەپەرۋەر قىلىش ۋە تەشكىلىي تەييارلىق كۆرۈش جەھەتتە بۈيۈك دېھقانلار ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىغا تۈرتكە بولدى.

رىتسارلار ئىسيانى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاش ئالدىدا، گېرمانىيەنىڭ رېين رايونىدىكى رىتسارلار 1522 — 1523 – يىللىرى ئىسيان كۆتۈردى. رىتسار فرانزفون زىنگۇنگېن بىلەن ئۇلىخ فون خۇدېن بۇ قېتىمقى ئىسياننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئىدى.

16 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە رىتسارلىرى كىنەزلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ بايلىقىدىن قاتتىق نارازى بولۇپ، كىنەزلەرنىڭ ئىمتىيازىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، مال – مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشنى تەلەپ قىلدى، فېئودال يانچىلىق تۈزۈمى ئاساسىدا دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، گېرمانىيە ئىمپېراتورى باشچىلىقىدىكى

www.uyghurkitap.com

ئاقسۆڭەكلەرنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. خۇدېن لۇتېرنىڭ دىنىي ئىسلاھاتىنى قوللايتتى. 1520 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى خۇدېن زىگۇنگېنغا ۋەكىل بولۇپ لۇتېرغا خەت يېزىپ: «مېنىڭ بارلىق پىلانىم سىزنىڭكىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ»؛ «مەيلى قانداقلا ئىش يۈز بەرسۇن، مەن مەڭگۈ سىزنىڭ قوللىغۇچىڭىز»؛ «ئۆزۈڭدىن بۇيان بوزەك قىلىنىۋاتقان ۋەتىنىم ئاخىر ئازاد بولىدۇ! تەڭرى بىز بىلەن بىللە» دەپ ئىپادە بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇدېن بېكىتكەن گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش پىلانىدا كۈرەشنىڭ تىغ ئۇچى رىم دىنىي جەمئىيىتىگە قارىتىلىپلا قالماي، گېرمانىيەنىڭ سىياسىي جەھەتتە بۆلۈنۈپ كېتىشىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى بولغان كىنەزلەرگىمۇ قارىتىلغانىدى.

1521 - يىلى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ۋە 20 - كۈنلىرى خۇدېن لۇتېرغا ئىككى قېتىم خەت يېزىپ، لۇتېرنىڭ ۋورمىس ئىمپېرىيە يىغىنىدىكى قەتئىي پوزىتسىيەسىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ماقالە يېزىپ لۇتېرغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان پاپانىڭ ئىككى ۋەكىلى ۋە بەزى كىنەزلەرنى ئەيىبلىدى.

1522 - يىلى 8 - ئايدا زىگۇنگېن (1481 — 1523) رانتاۋ پاراپاتارېين، سىۋابىيە ۋە فرانكونىيە قاتارلىق جايلاردىكى رىتسارلارنى يىغىنغا چاقىرىپ «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى»نى قۇرۇپ، گېرمانىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسىمىدىكى رىتسارلارنىڭ بىرلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا، زىگۇنگېن بىلەن خۇدېن رىتسارلارنى باشلاپ كونا دۈشمىنى، سايلىغۇچى كىنەز ترىئېرنىڭ باش ئېپىسكوپىنىڭ خوجىلىق زېمىنىغا كىردى ھەمدە ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ترىئېر شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، شەھەر ئىچىگە تەشۋىق ۋەرەقىسى تارقاتتى. زىگۇنگېن ئەسلىدە بۇ ھەرىكەت شەھەردىكىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ، يېقىن

ئەتراپتىكى كىنەزلەر ترئېرنىڭ باش ئېپىسكوپىغا ياردەمگە تېز قوشۇن ئەۋەتمەيدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. كۈتۈلمىگەندە ترئېر شەھىرىدىكى ئاھالىلەرلا ئەمەس، ھېچقانداق جايدىكى شەھەر ئاھالىلىرى ياكى دېھقانلار قوزغىلىپ رىتسارلارنى قوللىمىدى، چۈنكى رىتسارلارنىڭ ئاقسۆڭەكلەر ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشى ۋە يانچىلىق تۈزۈمىنى مۇستەھكەملىشى شەھەر ئاھالىلىرى، شەھەر ئاددىي پۇقرالىرى ۋە دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىت كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پفالزنىڭ سايلىغۇچى كىنەزى بىلەن خېسسېن گىرافىنىڭ ترئېرنىڭ باش ئېپىسكوپىغا ياردەمگە ئەۋەتكەن قوشۇنلىرى تېزلا يېتىپ كەلدى. رىتسار ئىسيانچىلار يەككە ـ يېگانە ياردەمچىسىز قالدى. رىتسارلار ترئېر شەھىرىگە بەش قېتىم قاتتىق ھۇجۇم قىلىپمۇ ئالالماي چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. كىنەزلەرنىڭ قوشۇنى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. زىگۇنگېن ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. 1523 ـ يىلى 4 ـ ئايدا راندشتۇر قەلئەسى مۇھاسىرىگە ئېلىندى. زىگۇنگېن ئېغىر يارىلانغاندىن كېيىن ئۆلدى. خۇدېن شۋېتسارىيەنىڭ باسېل شەھىرىگە قېچىپ بېرىپ، شۇ چاغدا ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئېراسمۇستىن پاناھلىق تىلىگەندە رەت قىلىندى. خۇدېن يەنە سيۇرىخقا باردى، سيۇرىختىكى دىنىي ئىسلاھاتچى زۋىڭلى ئۇنى كۈتۈۋالدى، كېيىنكى يىلى ئۇ كېسەل بولۇپ ئۆلدى، رىتسارلار ئىسيانىمۇ مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن رىتسارلار سىياسىي مۇستەقىللىقىدىن مەھرۇم بولدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كىنەزلەرگە بېقىندى.

**1524 ـــ 1526 ـ يىللاردىكى گېرمانىيەدىكى بۈيۈك دېھقانلار ئۇرۇشى**

1524 ـ يىلى گېرمانىيەدە پارتلىغان دېھقانلار ئۇرۇشى گېرمانىيەنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىنى قاپلىدى. مەملىكەت بويىچە ئۈچتىن ئىككى قىسىم دېھقان ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە كۆرەشكە قاتناشتى. سۋابىيە، فرانكونىيە، ساكسون ۋە تۇرىنگىيا، ترول ۋە سالزبۇرگدىن ئىبارەت تۆت رايون بۇ

قېتىملىق دېھقانلار ئۇرۇشىنىڭ مەركىزىي رايونىغا ئايلاندى.

1524 - يىلى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى (سايىنت بار تولومېي بايرىمى كۈنى) سىۋابىيە رايونىدىكى گراف ستۇرنىگېننىڭ خوجىلىق زېمىنىدا پارتلىغان ھانس مىللېر رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى گېرمانىيە دېھقانلار ئۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسى ھېسابلىنىدۇ.

گراف ستۇرنىگېننىڭ خوجىلىق زېمىنىدىكى قوزغىلاڭچىلار غوجىلىق يەر ئىگىسىگە باج تاپشۇرۇشنى ۋە ھاشارغا ئىشلەشنى رەت قىلدى، ئۇلار قارا، قىزىل، سېرىق رەڭلىك بايراقچە ياسىدى، 3500 كىشىلىك قوراللىق قوشۇن قۇرۇپ، رېين دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى ۋارسخوت شەھىرىگە يۈرۈش قىلدى ھەم بۇ يەردە تايانچ پونكىت قۇردى. مەزكۇر شەھەردىكى ئىنقىلابچى مىسسىيونېر خۇبمېر مىيۇنزېرنىڭ شاگىرتى ۋە سەپدىشى ئىدى. قوزغىلاڭ ناھايىتى تېزلا بۈگۈنكى بادېننىڭ پۈتكۈل شىمالىي قىسمىنى قاپلىدى. 1524 - يىلى قىشتا مىيۇنزېرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى، نەتىجىدە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۈرەش پروگراممىسى — «مەكتۇپ»نى ئوتتۇرىغا قويدى. «مەكتۇپ»تا ئېزىلىۋاتقان شەھەر - يېزىلاردىكى نامراتلار ئىتتىپاقلىشىپ، خىرىستىيان دىنىي ئىتتىپاقىغا قاتنىشىپ، زورلۇق كۈچ بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئاددىي كىشىلەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان، ھەممە ئادەم باراۋەر بولغان جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش كېرەكلىكى تەشەببۇس قىلىنغانىدى. 1525 - يىلىنىڭ باشلىرىدا قوزغىلاڭ پۈتكۈل سىۋابىيە رايونىنى قاپلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆلىمى چوڭراق بولغان ئالتە تارماق دېھقانلار قوشۇنى بولۇپ①، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئادەم سانى 30 — 40 مىڭغا يېتەتتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاساسلىق

① سىۋابىيەدىكى ئالتە تارماق دېھقانلار قوشۇنى: چىرنىمى لېسى، بارتلىنگېن، پودېنخۇ، يۇقىرى - تۆۋەن ئاربۇ، رېيىنخىم قاتارلىق دېھقانلار قوشۇننى كۆرسىتىدۇ.

داھىيسى ھانس مىللېردىن باشقا، يەنە ئۇرلىخ سمىت، ئېيتېل ھانس قاتارلىق تايانچلارنىڭ كۆپىنچىسى مىيۇنزېرنىڭ مۇخلىسلىرى ئىدى. 1525 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنلىرىنىڭ داھىيلىرى مانمىنگېن شەھىرىگە يىغىلىپ دېھقانلارنىڭ كۈرەش قىلىش پىراگرامىسى — مەشھۇر «12 ماددا» نى ماقۇللىدى. دېھقانلارنىڭ فېئوداللىققا قارشى كۈرەش قىلىش پىروگرامىسى ئىدى. يىغىندا مۆتىدىللەر ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەنلىكى ئۇچۇن، «12 ماددا» مەزمۇن جەھەتتە «مەكتۇپ» تىڭكىدىن خېلىلا مۆتىدىل بولدى. ئۇنىڭدا يانچىلىق تۇزۇمىدىكى جىسمانىي بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، فېئوداللار ئىگىلىۋالغان ئومۇمنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى ئوتلاق، ئورمانلارنى قايتۇرۇش، ھەر خىل ئۆشرىلەرنى بىكار قىلىش، دېھقانلارنىڭ ئۆز رايونىنىڭ پوپىنى سايلاش ھوقۇقى بولۇش، باج ـ سېلىقنى چەكلەش ۋە ئالۋان ـ ھاشارنى يېنىكلىتىش قاتارلىقلار تەلەپ قىلىنغانىدى. «12 ماددا» نىڭ مۇكەممەل بولمىغان يېرى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدا فېئوداللارنىڭ زېمىنلىرىنى مۇسادىرە قىلىش تەشەببۇس قىلىنمىغانىدى، فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە يەنىلا ئېتىراپ قىلىنغان، شۇڭلاشقا ئۇنىڭدا ئاساسلىقى باي دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. بۇنداق مۇرەسسەچىلىك خاھىشىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ كەڭ جاپاكەش دېھقانلار ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، كۈرەشنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمەلىي كۈرەش جەريانىدا، گەرچە بەزى دېھقانلار قوشۇنلىرى يەنىلا «مەكتۇپ» تىكى پىروگرامما بويىچە ئىش قىلىپ، فېئوداللىق ئىستىھكاملارنى گۇمران قىلىپ، فېئوداللارنىڭ مال ـ مۇلۇكلىرىنى مۇسادىرە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن دېھقانلار قوشۇنى كۈرەشتە قەتئىي بولمىغانلىقى، بىرلىككە كەلگەن رەھبەرلىك بولمىغانلىقى، ئۆزئارا ماسلاشمىغانلىقى، ھەممىشە فېئوداللار بىلەن ئۇرۇش توختىتىش

كېلىشىمى تۈزگەنلىكى ئۈچۈن، دۈشمەنگە ئارام ئېلىۋېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. 1525 ـ يىلى 4 ـ ئايغا كەلگەندە، ئۇچىغا چىققان هىيلىگەر گراف تروخزېس ئالداش ۋە قورallıق باستۇرۇشتىن ئىبارەت ئەكسىلئىنقىلابىي ئىككى قوللۇق ۋاستىنى قوللىنىپ، دېھقانلار قوشۇنىنى بىر ـ بىرلەپ تارمار قىلدى.

1525 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا فرانكونىيە رايونىدا قوزغىلاڭ پارتلىدى، بۇ يەردىكى كۈرەشنىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ، كۈرەش ئەڭ كەسكىن ۋە مۇرەككەپ بولدى. بىر مۇنچە ئوتتۇرا ۋە كىچىك شەھەرلەردىكى ئاددىي پۇقرالار ۋە بىر قىسىم شەھەر ئاھالىلىرى بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشتى، نۇرغۇن رىتسارلار قوزغىلاڭنىڭ قوماندانلىرىغا ئايلاندى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى نەچچە يۈز قەلئە ـ قورغان، مۇناستىرلارنى ئىگىلەپ، نۇرغۇن فېئودالLARنى جازالىدى. بەزى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، ئالايلۇق، رولباخ، بولۇپمۇ گېيېرنىڭ كۈرەش پوزىتسىيەسى ئىنتايىن قەتئىي بولدى. گېيېر رەھبەرلىكىدىكى قوشۇن «قارا قوشۇن» دەپ ئاتالغان بولۇپ، 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى داڭلىق شەھەر ۋۇرزبۇرگقا ئورۇنلاشقانىدى. دېھقانلار قوشۇنىدا گېيېرنى مەدھىيىلەيدىغان مۇنداق ناخشا كەڭ تارقالغان:

قىلار بىزگە رەھبەرلىك گېيېر،
دۈشمىنىمىز — پاپا ـ كىنەزلەر.
«چىغ كەش» — دېھقان بايرىقى،
كۆكتە لەرزان لەپىلدەر.
ئالغا باس! دۈشمەن كۆكسىگە سانجىغىن نەيزە،
شىددەتلىك يالقۇندا كۆيەر چېركاۋ ـ مۇناستىر!

خېئىلبرون شەھىرى — فرانكونىيە رايونىدىكى

قوزغىلاڭنىڭ مەركىزى بولۇپ، 1533 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە ھەرقايسى جايلاردىكى دېھقانلار قوشۇنىنىڭ ۋەكىللىرى بۇ جايغا يىغىلىپ، مەشھۇر «خېيىلبرون پىروگراممىسى» (يەنە «ئىمپېرىيەنىڭ ئىسلاھات پىروگراممىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى تۈزۈپ ئېلان قىلدى، بۇ پىروگراممىدا جەمئىي 14 ماددىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، شەكىللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ۋېندېل شپلېنىڭ رەھبەرلىكىدە تۈزۈلگەنىدى. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى گېرمانىيەدە ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەتنى بەرپا قىلىش، دىنىي مەرتىۋە تۈزۈلمىسىنى بىكار قىلىش، دىنىي جەمئىيەتنىڭ يېرىنى مۇسادىرە قىلىپ، رىتسارلارغا بۆلۈپ بېرىش، رىتسارلارنىڭ ئىمپېرىيە پارلامېنتىدىكى ئورنىنى كۈچەيتىش، ئىمپېرىيە ئالىي سوتىنى قۇرۇش، كىنەزلەرنىڭ ھەر خىل «ئىمتىياقلىرى» نى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەلەپ قىلىنغانىدى. ئىمپېرىيە چېگراسى ئىچىدىكى تاموژنا چېگرا بېجىنى بىكار قىلىش، پۇل ۋە ئۆلچەم سىستېمىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، شەھەر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ سودىنى مونوپول قىلىۋېلىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەشەببۇس قىلىنغانىدى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىمپېرىيە پارلامېنتىغا قاتنىشىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىنغانىدى. پىروگراممىدا دېھقانلارنىڭ يىللىق ئىجارىنىڭ 20 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغان قايتۇرۇۋېلىش سوممىسى تاپشۇرۇپ ئەركىنلىكنى قايتۇرۇۋېلىشقا ۋە يانچىلىق سالاھىيىتىنى بىكار قىلىشقا يول قويۇلغان. بۇنداق قاتتىق شەرتنى ئادەتتىكى دېھقانلار ئورۇنلىيالمايتتى. بۇ پىروگراممىدا شپلې قاتارلىقلارنىڭ كاپىتالىزمنى راۋاجلاندۇرۇش مۇددىئاسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، كۆرەش ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكتىن، بۇ پىروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ پۇرسىتى بولماي قالدى.

خېيىلبرون شەھىرىدە پىروگراممىنى چۆرىدىگەن ھالدا بەس ـ مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا، سىۋابىيە قوزغىلىڭىنى

باستۇرغان جاللات تروخزېس باشچىلىقىدىكى فېئوداللارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. شەھەر ئاقسۆڭەكلىرى ۋە بايلار باستۇرغۇچى قوشۇننى قارشى ئېلىشقا ئاستىرتىن ۋەكىل ئەۋەتتى ھەمدە شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەردى. تروخزېس يەنىلا كونا سەنئىمى بويىچە ساختا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، پارچىلاش، ئالداش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللانغاندىن كېيىن، ھەر قايسى دېھقانلار قوشۇنىغا ئايرىم ـ ئايرىم شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئەكسىيەتچى بىرلەشمە قوشۇن كونسخوفېن (6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى) ۋە زورتىدوف (6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى)تا ئىككى قېتىم ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى، دېھقانلار قوشۇنى رەھبەرلىك كۈچى ئاجىز بولغانلىقى، ئۆزئارا ماسلىشىپ جەڭ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئاخىر مەغلۇپ بولدى. رولباخ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، سۇس ئوتقا قاقلىنىپ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. گېيېر ھەر قايسى جايلاردا يۆتكىلىپ يۈرۈپ جەڭ قىلدى، ئاخىر ئۇمۇ شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئورۇنلاشقان ۋۇرزبۇرگ شەھىرى «مەرتىۋىلىك جەمەت» ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سەھەردە قولدىن كەتتى. 5000 كىشىلىك دېھقانلار قوشۇنى قورالسىزلاندۇرۇلدى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ سازايى قىلىندى. 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا فرانكونىيە رايونىدىكى قوزغىلاڭلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەغلۇپ بولدى. تروخزېس يەنە سۇۋابىيەگە قايتىپ كېلىپ قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنىمۇ باستۇردى.

تۈرىنگىيە ۋە ساكسون رايونىدىكى دېھقانلار ئۇرۇشىغا ميۇنزېر ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى پفائىفېل بىۋاستە رەھبەرلىك قىلدى. قوزغىلاڭغا نۇرغۇن نامرات دېھقانلار، كاسىپلار ۋە كان ئىشچىلىرى قاتناشتى، ئۇلار كۈرەشتە ئەڭ قەتئىي بولدى. ميۇنزېر 1525 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا تۈرىنگىيەگە

كېلىپ، مۇيرخاۋسېن شەھىرىنى تايانچ نۇقتا قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مۇيرخاۋسېن شەھىرىنىڭ ئاددىي پۇقرالىرى ۋە كان ئىشچىلىرى شەھەر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، «مەڭگۈلۈك شەھەر مەمۇرىيىتى پارلامېنتى» نى قۇردى. مېۈنزېر ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتكە رەھبەرلىك قىلدى. بۇ شەھەر گېرمانىيەنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىدىكى ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. قوزغىلاڭ كۈرىشىنىڭ ئوت ـ يالقۇنى تۈرىنگىيە بىلەن ساكسونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تۇتاشتى. مېۈنزېر مۇيرخاۋسېندا ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي غايىسى ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات تەشەببۇسلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. ئۇ ئاقسۆڭەكلەر، زېمىندارلار بىلەن تۈزۈلگەن بارلىق توختاملار تەلتۆكۈس ئىنكار قىلىنىشى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بارلىق يەر ـ زېمىنلىرى دېھقانلارنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك. بۇ يەردە مال ـ مۈلۈككە ئومۇم ئىگىدارلىق قىلىدۇ، ھەممە كىشىنىڭ ئوخشاش دەرىجىدە ئەمگەك قىلىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ، بارلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ساراسىمىگە چۈشكەن كىنەزلەر 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بىر ئەكسىيەتچى قوشۇننى تەشكىللەپ مۇيرخاۋسېن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. مېۈنزېر فرانكېنخاۋسېندا تەخمىنەن 8000 كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، بۇجېيندا سەپ تۈزۈپ دۈشمەننى كۈتۈۋالدى. گەرچە بۇ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدىكىلەرنىڭ كۈرەش ئىرادىسى قەتئىي بولسىمۇ، لېكىن يېتەرلىك مەشىق قىلمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورال ـ ياراغلىرى ناچار ئىدى. مېۈنزېرنىڭ ئۆزىدىمۇ ھەربىي ماھارەت كەمچىل ئىدى. 1525 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، كىنەزلەرنىڭ قوشۇنى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى بىر ئېگىزلىكتە مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. دېھقانلار قوشۇنى ھارۋىلىرىدا بارگاھ ياساپ،

www.uyghurkitap.com

قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلدى. ئادەم سانى جەھەتتىكى پەرق بەك چوڭ بولغان بۇ قېتىملىق جەڭدە دېھقانلار قوشۇنىنىڭ 8000 ئادىمىدىن 5000 دىن كۆپرەكى قۇربان بولدى ياكى ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلدى. مىيۇنزېرنىڭ ئۆزىمۇ يارىلىنىپ ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ گەرچە قاتتىق قىيىن ـ قىستاقتا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا باش ئەگمىدى. 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى سەھەردە ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا مىيۇنزېر جاراڭلىق ئاۋازدا: «توۋا قىلىش؟ ھەرگىز توۋا قىلمايمەن!»، «دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئومۇمنىڭ بولۇشى كېرەك»، «قۇتلۇق مىڭ يىل چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ!» دەپ توۋلاپ، ئاخىر مەردانىلىك بىلەن قۇربان بولدى. مىيۇنزېر قۇربان بولۇشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن، يەنى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى مۇيرخاۋسېن شەھىرى ئىشغال قىلىندى. «مەڭگۈلۈك شەھەر مەمۇرىيىتى پارلامېنتى»نىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ ئۆلتۈرۈلدى، قوزغىلاڭ ئاخىر مەغلۇپ بولدى.

ترول ۋە سالىزبۇرگ رايونىدىكى قوزغىلاڭ يۇقىرىدىكى ئۈچ رايوندىكى قوزغىلاڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. 1524 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، بولۇپمۇ 1525 ـ يىلىنىڭ دەسلەپكى بىر قانچە ئېيىدا قايتا چوقۇندۇرۇش تەرەپدارلىرى ترولغا كىرىپ بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىيۇنزېر ئەۋەتكەن مەخپىي ئەلچىمۇ ئادىگې دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا پائال ھەرىكەتلىنىۋاتاتتى. سىۋابىيە دېھقانلىرى ئوتتۇرىغا قويغان «12 ماددا» ترولنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي قىسىملىرىدا ئوخشاشلا كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلدى. مىيۇنزېرنىڭ شاگىرتى گايسمېل رەھبەرلىكىدىكى ترول قوزغىلاڭچىلىرى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇردى، ئۇلار ئاۋستىرىيە گىرتسوگى، باۋارىيە ۋە سىۋابىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئەكسىيەتچى بىرلەشمە قوشۇنىغا قارشى كۆرەشتە قەھرىمانلارچە جەڭ قىلدى. سالزبۇرگ خەلقىنىڭ مەزكۇر شەھەرنىڭ باش ئېپىسكوپىنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى كۆرىشى ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى. 1525 ـ يىلى ئەتىيازدا

ترول ۋە سالزبۇرگ رايونىدىكى بارلىق دېھقانلار ۋە كان ئىشچىلىرى گېرمانىيەنىڭ سىۋابىيە قاتارلىق رايونلىرىدا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دېگۈدەك قوزغىلاڭ كۆتۈردى، ئۇلار خىرىستىيان دىنىي ئىتتىپاقىنى قۇردى، دېھقانلار قوشۇنى تەشكىللىدى، قوزغىلاڭ ئېنىس دەرياسى (دوناي دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى) بويىدىكى ھەر قايسى جايلارغىچە كېڭەيدى.

1526 ـ يىلى 2 ــ 3 ـ ئايلاردا گايسمېل ترولدا «يېڭى شەھەر دۆلىتى تۈزۈمى» («ترول نىزامنامىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى ئېلان قىلدى، بۇ يەنە بىر ۋەكىل خاراكتېرلىك كۆرەش پىروگراممىسى ئىدى. ئۇنىڭ 1 ــ 3 ـ ماددىلىرىدا ئومۇمىي پىرىنسىپ، يەنى ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى تەڭرىگە قارشى تۇرغۇچىلارنى يوقىتىش ھەمدە يېڭىدىن ئىلاھىي ھاكىمىيەتلىك شەھەر دۆلىتى قۇرۇش ئىكەنلىكى تەپسىلىي بايان قىلىنغان؛ 4 ــ 7 ـ ماددىلىرىدا مەخسۇس تەڭرىگە ھۆرمەت قىلمايدىغان بارلىق كىشىلەرگە قارشى تۇرۇش، خەلققە زىيان يەتكۈزگۈچىلەرنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈستىدە توختالغان؛ 8 ــ 13 ـ ماددىلىرىدا يېڭى دۆلەت نوپۇزىنىڭ خاراكتېرى ۋە شەكلى مۇلاھىزە قىلىنغان. 14 ــ 24 ـ ماددىلىرىدا ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھات شەرھلەنگەن. يىغىنچاقلىغاندا، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق: بىرىنچى، «مۇتلەق باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش». كىشىلەر ئارىسىدىكى تەبىقە پەرقىنى يوقىتىش، نامرات پۇقرالارنى ئېزىدىغان ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، تەڭرىگە ھۆرمەت قىلمايدىغان بارلىق كىشىلەرنى يوقىتىش. «بارلىق سېپىللار، ئوردا سارايلار ۋە قەلئەلەرنى چىقىپ تاشلاش، دۆلەتتە پەقەت يېزا ـ قىشلاقلاربولۇش». ئىككىنچى، «بارلىق خوراپىي رەزىللىكلەرنى يوقىتىش». مىسسا، ئىكونا ۋە ئىبادەتخانىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش. چېركاۋ ـ موناستىرلارنى ياشانغانلار ساناتورىيەسى ۋە باللارنى تەربىيەلەش ئورنىغا ئۆزگەرتىش. ئۈچىنچى، سىياسىي ئىسلاھاتنى يولغا

قويۇش. مەزكۇر دۆلەتنىڭ ھەر قايسى رايونلىرى سايلىغان مەركىزىي ھۆكۈمەتنى قۇرۇش، سوتچى سايلاش، «ئىنجىل»نى پىششىق بىلىدىغان ئۈچ ئادەمنى ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە سايلاش. دۆلەتلىك مەخسۇس دىن باشقۇرۇش ئورگىنى تەسىس قىلىش. تۆتىنچى، ئىقتىساد بىلەن جامائەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، نامۇۋاپىق باج ۋە تاموژنا بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش. ئۆشرىنى ۋەز ئېيتىشقا، يوقسۇللارغا ۋە دوختۇرخانىلارغا ياردەم قىلىشقا ئىشلىتىش. جازانىخورلۇقنى مەنئى قىلىش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، كانلارنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش. يۇقىرىدىكى پىروگراممىدا، گەرچە زېمىندارلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىش ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى كونا ھاكىمىيەتنى يوقىتىپ، يېڭى تۈزۈم ئورنىتىش تەسەۋۋۇرى «12 ماددا»غا قارىغاندا تېخىمۇ سىستېمىلىق ۋە رادىكال ئىدى.

1526 ـ يىلى 5 ـ ۋە 6 ـ ئايلاردا ھەربىي ئىشلاردا تالانتلىق گايسمېل قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى باشلاپ ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى بىلەن داۋاملىق كەسكىن جەڭ قىلىپ، بەزى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ ئەسلىدە دۈشمەننىڭ تايانچ پونكىتى بولغان رادستادقا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانىدى، ئەمما ئۇستۇنلۇككە ئىگە دۈشمەن قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالغانلىقتىن 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كېچىسى قوشۇنىنى باشلاپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ ۋېنىتسىيەگە ئاتلاندى. 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، «دېھقانلار ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى پەردىسى يېپىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ» [①] شۇنىڭدىن كېيىن ئايرىم جايلاردا قوزغىلاڭ يەنىلا داۋاملاشتى، بەزىلىرى 1527 ـ يىلىغىچە بەرداشلىق بەردى.

1534 ــ 1535 ـ يىللىرى مۇنستېر شەھىرىدىكى قايتا

---

① ئېنگېلس: «گېرمانىيە دېھقانلار ئۇرۇشى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 7 ـ توم، 478 ـ بەت.

چوقۇندۇرۇش تەرەپدارلىرى بولغان نامرات شەھەر ئاھالىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شەھەر ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىپ، ميۇنستېر كوممۇناسىنى قۇرۇپ، كۈرەشنى 16 ئاي داۋاملاشتۇردى، بۇ بۈيۈك دېھقانلار ئۇرۇشىنىڭ قالدۇق دولقۇنى ئىدى.

**گېرمانىيەدىكى دېھقانلار ئۇرۇشىنىڭ خاراكتېرى، مەغلۇپ بولۇش سەۋەبلىرى ۋە تارىخىي ئەھمىيىتى** گېرمانىيە دېھقانلار ئۇرۇشى بىر قېتىملىق بۇرژۇئا ئىنقىلابى خاراكتېرىگە ئىگە دېھقانلار ئۇرۇشى بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيە قۇرۇش ۋە فېئوداللىق ئېزىشنى يوقىتىش نىشان قىلىنغانىدى. كۈرەش مەغلۇپ بولغانلىقتىن بۇ ئىككى ۋەزىپە ئورۇنلانماي قالدى.

گېرمانىيە دېھقانلار ئۇرۇشىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ميۇنزېر ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى دېھقانلار سىنىپى ۋە شەھەردىكى ئاددىي پۇقرالارنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. 16 ـ ئەسىردە گېرمانىيە جەمئىيىتىدىكى زىددىيەت ئاساسلىقى نامرات دېھقانلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، شەھەردىكى نامرات پۇقرالار ۋە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئاممىسى بىلەن فېئوداللار، بولۇپمۇ كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتە ئىپادىلەندى. گېرمانىيە دېھقانلار ئۇرۇشىنىڭ ئاساسلىق پىروگراممىسى — ميۇنزېرچىلارنىڭ «مەكتۇپى»دا دېھقانلارنىڭ فېئوداللار سىنىپىغا قارشى تۇرۇشتىكى تەلىپى ۋە تەشەببۇسلىرى مەركەزلىك بايان قىلىنغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن گېرمانىيە دېھقانلار ئۇرۇشى ئاساسلىق دېھقانلارنىڭ فېئوداللىققا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت سىنىپىي كۈرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيەدە كاپىتالىزم ئامىللىرىنىڭ بىخلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى، شەكىللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيەنىڭ گېرمانىيەنى سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە كاپىتالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەشەببۇسلىرى «خېئىلبىرون پىروگراممىسى» دا ئەكس ئەتتۈرۈلدى، بۇرژۇئازىيەنىڭ ۋەكىلى شىپلېر قاتارلىق

www.uyghurkitap.com

كىشىلەر فرانكونىيە رايونىدىكى دېھقانلار ئۆرۈشىنىڭ رەھبەرلىك سېپىگە بىۋاسىتە قاتناشتى، شۇڭلاشقا بۇ قېتىملىق دېھقانلار ئۆرۈشى بۇنىڭدىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن دېھقانلار ئۆرۈشىدىن پەرقلىنىدۇ، بۇ بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

گېرمانىيە دېھقانلار ئۆرۈشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدا، دېھقانلارنىڭ ئۆزىدە ئىپادىلەنگەن تارقاقلىق كۈچلۈك بولۇش، تەشكىللىنىشى ياخشى بولماسلىق، يەككە ـ يېگانە جەڭ قىلىش ۋە دۈشمەنگە ئاسان ئىشىنىپ كېتىش قاتارلىق ئاجىزلىقلاردىن باشقا، بىر كۈچلۈك ئىنقىلابىي سىنىپنىڭ رەھبەرلىكى بولماسلىق ئەڭ توپ سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. گېرمانىيە شەھەر ئاھالىلىرى سىنىپى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاجىز بولۇپلا قالماي، سىياسىي جەھەتتىمۇ بەكلا ئاجىز ئىدى. ئۇلار فېئوداللىققا قارشى كۆرەش سېپىگە قوشۇلغان بولسىمۇ، ئىنقىلاب تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەندە، ھەمىشە تۆۋەن تەبىقىدىكى ئەمگەكچى خەلقتىن قورقۇپ ئىككىلىنىپ مۇرەسسەچىلىك قىلدى، ئاخىرىدا فېئودال كۈچلەرگە تەسلىم بولدى.

شەھەردىكى نامرات پۇقرالار دېھقانلارنىڭ ئىتتىپاقداش قوشۇنى بولۇپ، دېھقانلار ئۆرۈشىدا دېھقانلار بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ كۆرەش قىلدى، لېكىن ئۇلار پىششىپ يېتىلمىگەنلىكى، يېقىنقى زامان پرولېتارىياتى ئەمدىلا بىخلىنىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقى، كۈچى ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، دېھقانلار ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالالمايتتى.

فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمى ھېسابلىنىدىغان رىتسارلار تەبىقىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر روھانىي ۋە دەھرىي كىنەزلەرگە قارشى تۇرغاچقا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتناشقانىدى. كۆرەشنىڭ

ھالقىلىق پەيتلىرىدە ئۇلار ھەمىشە سىنىپىي ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلدى ۋە ئۇنى پارچىلىدى، بۇمۇ دېھقانلار ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى بىر سەۋەب.

ئوبيېكتىپ جەھەتتە، ئەينى چاغدا دۈشمەن كۈچلۈك بولۇپ، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ بىرلىشىۋالغانلىقى، قورال - ياراغ جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغانلىقى، تروخزېسچىلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ئىككى ياقلىما نەيرەڭۋازلىقى، شۇنىڭدەك شەھەر ئاقسۆڭەكلىرى ھەمىشە كىنەزلەر بىلەن ئۆزئارا ئىچكى - تاشقى تەرەپتىن ماسلاشقانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقانلار قوشۇنلىرى ھەر قايسى رايونلاردا ئۆز ئالدىغا جەڭ قىلىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرەلمىگەنلىكىمۇ قوزغىلاڭنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشى ۋە ئاخىر مەغلۇپ بولۇشىنىڭ سەۋەبى ھېسابلىنىدۇ.

دېھقانلار ئۇرۇشى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ گېرمانىيەنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا يەنىلا زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بىرىنچى، دېھقانلار ئۇرۇشى كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىنىڭ گېرمانىيەدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تەۋرەتتى. لۇتېرچىلارنىڭ پروتېستانت دىنىي (يېڭى دىن) جەمئىيىتى گېرمانىيەدە كاتولىك دىن جەمئىيىتى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇردى، دىنىي ئىشلاردىكى بىر قىسىم ئەڭ يۇقىرى ھوقۇقلىرىمۇ دەھرىي كىنەزلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى رىم پاپاسىنىڭ گېرمانىيەگە يالغۇز ھۆكۈمرانلىق قىلىش دەۋرى مەڭگۈ ئاخىرلاشتى. ئىككىنچى، دېھقانلار ئۇرۇشى گېرمانىيە فېئودال ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قاتتىق تەۋرەتتى. نۇرغۇن فېئودال ئاقسۆڭەكلەر دېھقانلار ئۇرۇشىدا يوقىتىلدى، ئەسلىدە سەرسان بولۇپ يۈرگەن رىتسارلار تېخىمۇ زەربىگە ئۇچرىدى، ئۇلار پەقەت كىنەزلەرگە تايانغاندىلا، ئاندىن داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئۈچىنچى،

گېرمانىيەدىكى بۈيۈك دېھقانلار ئۇرۇشى دەۋرى — گېرمانىيە تارىخىدىكى قەھرىمانلىق دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا گېرمان مىللىتىنىڭ ئىنقىلابىي ئەنئەنىسى نامايان قىلىنىپ، قوزغىلاڭچى دېھقانلارنى سىياسىي سەھنىگە چىقىرىپلا قالماي، ھازىرقى زامان پرولېتارىياتىنىڭ قىزىل بايراق كۆتۈرۈپ، مال ـ مۈلۈك ئومۇمنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ، دەپ شوئار توۋلىغان ئەجدادلىرىنىمۇ تارىخ سەھنىسىگە باشلاپ كىردى. گېرمانىيە دېھقانلىرى بىلەن ئاددىي پۇقرالىرىنىڭ ئەينى چاغدىكى غايىسى ۋە پىلانى دائىم ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ھەيران ـ ھەس قالدۇرۇپ كەلدى. ئۆتتىنچى، 1524 — 1526 ـ يىللاردىكى گېرمانىيە دېھقانلار ئۇرۇشى ئىنقىلابىي خەلققە قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى قالدۇرۇپ كەتتى؛ كۈرەش ئەمەلىيىتىدە كەڭ دېھقانلارنىڭ فېئوداللىققا قارشى تۇرۇشتىكى ئاساسلىق كۈچ ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئۇنىڭدا گېرمانىيە شەھەر ئاھالىلىرى سىنىپىنىڭ بوشاڭلىقى ۋە تەۋرىنىشچانلىقى ئاشكارىلاندى، دېھقانلارنىڭ ئازادلىقى پەقەت پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە تەلتۆكۈس ئەمەلگە ئاشىدۇ، پرولېتارىيات سىنىپىمۇ پەقەت دېھقانلار بىلەن مۇستەھكەم ئىتتىپاقلاشقاندىلا، ئاندىن ئىنقىلابنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرەلەيدۇ.

**لۇتېرچىلارنىڭ پروتېستانت دىنىنى بەرپا قىلىشى** گېرمانىيە بۈيۈك دېھقانلار ئۇرۇشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، فېئودال ھۆكۈمرانلار قوزغىلاڭچى دېھقانلاردىن كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە تەتۈر ھېساب ئالدى. نۇرغۇن يېزا ـ كەنتلەر تۈپتۈز قىلىۋېتىلدى، 100 مىڭدىن ئارتۇق دېھقان پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلدى. بەختكە يارىشا ھايات قالغان دېھقانلارنىڭ كۆپىنچىسى يانچىغا ئايلىنىپ، قايتىدىن فېئوداللارنىڭ قۇللىرى سېپىگە قوشۇلدى. ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويدى، شەھەرلەرنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقىنى كىنەزلەر

تارتىۋالدى. شۇڭا ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە كىنەزلەرگە زور تۆلەم تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، سودا - سانائەت ئومۇمىيۈزلۈك خارابلاشتى، گېرمانىيەدە بۆلۈنمە تەپرىقىچىلىك كۈچەيدى، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى.

1525 - يىلىدىكى ئىنقىلابتىن پەقەت كىنەزلەر نەپكە ئېرىشتى. بىر قىسىم كىنەزلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چېركاۋ - موناستىرلارنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، دېھقانلارنى ئېزىشنى كۈچەيتىپلا قالماي، ئېرىشكەن مەنپەئەتنى قوغداش ئۈچۈن لۇتېرنىڭ دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ خوجىلىق زېمىنلىرىدا لۇتېرچىلارنى تۇرغۇزۇپ، پروتېستانت دىنىي جەمئىيىتىنى قۇرۇپ، ئۆزلىرى باشلىق بولۇۋالدى. لۇتېر پروتېستانت دىنىنى ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىش قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالغان كىنەزلەر پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى كىنەزلەر دەپ ئاتالدى. ساكسونىنىڭ سايلىغۇچى كىنەزى ۋە پرۇسسىيە كىنەزىنىڭ خوجىلىق زېمىندا، 1525 - يىلىلا لۇتېرنىڭ پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىش يولغا قويۇلغانىدى، خېسسېن گىرافىنىڭ خوجىلىق زېمىنىدا لۇتېرنىڭ پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىش 1525 - يىلى يولغا قويۇلغانىدى، ئارقىدىنلا براۋنىشۋېيگ — لۇنېبۇرگدىمۇ لۇتېر مەزھىپى ئومۇملاشتى.

لۇتېرمۇ لۇتېر مەزھىپىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن كەڭ پائالىيەت ئېلىپ باردى. 1527 — 1529 - يىللىرى لۇتېر ساكسون سايلىغۇچى كىنەزىنىڭ خوجىلىق زېمىنىدا يېڭى سايلىغۇچى كىنەز يوھانغا ھەمراھ بولۇپ، ھەرقايسى جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە لۇتېر مەزھىپى باستىرلىرىنى دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى، بولۇپمۇ 1529 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 3 - كۈنىگىچە لۇتېرنىڭ ماربۇرگدا زىۋىڭلى بىلەن قىلغان ئاشكارا

مۇنازىرىسى ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى. لۇتېر ئىنجىلدىكى ئاساسىي كۆز قاراشلارنى «14 ماددا»غا يىغىنچاقلىدى، مانا بۇ لۇتېرچىلارنىڭ پروتېستانت دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدە تەشەببۇسلىرىنىڭ مۇھىم ئاساسىدۇر. سىستېمىلىق دىنىي قائىدە ئورنىتىشنى كۈچەيتىش ۋە لۇتېر مەزھىپى دىنىي جەمئىيىتى قۇرۇش ۋە تەرتىپكە سېلىش لۇتېرنىڭ كېيىنكى دىنىي ئىسلاھات پائالىيەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىرمۇنچە مۇھىم ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. ئالايلۇق، «خىرىستىيان دىنى ئېتىقادىنىڭ پىروگراممىسى ۋە ئۇنىڭغا ئىزاھات» 1529 - يىلى 5 - ئايدا ئېلان قىلىندى. لوتېرنىڭ «سىماركادىن ئەقىدىلىرى» (1536 - يىلى 12 - ئاي)، «دىنىي جەمئىيەت يىغىنى ۋە دىنىي جەمئىيەت توغرىسىدا» (1539 - يىلى 3 - ئاي) ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى بولۇپ، ئۇلاردا لۇتېرچىلارنىڭ دىنىي قائىدىسى ۋە تەشەببۇسلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. «ئۇستەل ئۈستىدىكى سۆھبەت»① ۋە لۇتېر تەرجىمە قىلغان «ئىنجىل» ②نىڭ پۈتۈن تۈزىتىلگەن نۇسخىسىدا لۇتېرنىڭ خىرىستىيان دىنى ۋە دىنىي ئىسلاھاتقا ئائىت كۆز قاراشلىرى تولۇق بايان قىلىنغان. لۇتېر ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا تا ۋاپات بولغۇچە رىم پاپاسىغا قارشى كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى.

---

① بۇ كىتاب لۇتېرنىڭ 1529 - يىلدىن كېيىن دوستلىرى بىلەن ئۆيىدە ئېلىپ بارغان سۆھبىتىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ، مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ. لۇتېر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، 1566 - يىلى تۇنجى قېتىم نېمىس تىلىدا نەشر قىلىنغان. شياڭگاڭدا 1968 - يىلى نەشر قىلىنغان «لۇتېر تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ 3 - قىسمىنىڭ 291 — 331 - بەتلىرىدە ئۇنىڭدىن ئېلىنغان ئۈزۈندىلەر بار.

(2) لۇتېر 1522 - يىلى 9 - ئايدا نەشر قىلدۇرغان «ئىنجىل» نىڭ نېمىسچە تەرجىمىسىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغان. 1534 - يىلى ئۇ يەنە ھەجمى چوڭ بولغان «تەۋرات»نى تەرجىمە قىلىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ كىرىش سۆز يازغان، شۇنىڭ بىلەن «ئىنجىل» نىڭ نېمىسچە تەرجىمىسى تولۇق نەشر قىلىنغان. لۇتېر تەرجىمە قىلغان ھەمدە ئىزاھلىغان «ئىنجىل» نىڭ نېمىسچە تۈزىتىلگەن تەرجىمە نۇسخىسى 1541 - يىلى نەشر قىلىنغان.

گېرمانىيە ئىمپېراتورى ۋە كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىنەزلەر گېرمانىيەدە كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. شۇڭلاشقا، ئۇلار پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى كىنەزلەر بىلەن ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلدى. 1529 ـ يىلى گېرمانىيە ئىمپېراتورى چارلىز V سىبېردا ئىمپېرىيەنىڭ پارلامېنت يىغىنىنى ئېچىپ، 1521 ـ يىلىدىكى ۋورمىس يىغىنىنىڭ بىدئەتچىلەرگە قارشى تۈرۈش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى قايتا تەكىتلەپ ئۆتتى. كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى كىنەزلەر بىرلىشىپ «سىۋابىيە ئىتتىپاقى» نى قۇرغاندىن كېيىن، پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى كىنەزلەر ساكسوننىڭ سايلىغۇچى كىنەزى يوھان بىلەن خېسسېنىنىڭ گىرافى فىلىپنىڭ باشچىلىقىدا، 1530 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ساكسوندىكى كىچىك شەھەر سېماركادېنغا يىغىلىپ نارازىلىق بىلدۈردى ھەمدە ئۇنىڭغا قارشى مەخپىي ئىتتىپاق، يەنى «سېماركادېن ئىتتىپاقى»[1]نى قۇردى. پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان لۇتېرچى كىنەزلەر سىبېر يىغىنىغا نارازىلىق بىلدۈرگەچكە، «نارازىلىق بىلدۈرگۈچىلەر» دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن كېيىن گېرمانىيەدە پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى كىنەزلەر بىلەن كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار، شۇنىڭدەك كىنەزلەر بىلەن ئىمپېراتور ئوتتۇرىسىدا بىر مەھەل قالايمىقان ئۇرۇش بولدى. پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى كىنەزلەر دەسلەپتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، كېيىنچە كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بەزى كىنەزلەر فىرانسىيە پادىشاھىنىڭ قوراللىق قوللىشى ئارقىسىدا، پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى كىنەزلەر بىلەن بىرلىكتە گېرمانىيە ئىمپېراتورىغا قارشى

① گرىنىنىڭ «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە دىنىي ئىسلاھات» ناملىق ئەسىرىنىڭ 143 ـ بېتىگە قاراڭ. 1977 ـ يىلى لوندون، بۇ ئىتتىپاق 1531 ـ يىلى قۇرۇلغان، دېگەن قاراشمۇ بار.

www.uyghurkitap.com

چىقىپ، 1552 ـ يىلى گېرمانىيە ئىمپېراتورىنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. كېڭىشىش ئارقىلىق 1555 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى گېرمانىيە ئىمپېراتورى بىلەن كىنەزلەر ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىندى ھەمدە «ئاۋگسبۇرگدىن سۇلھى كېلىشىمى» ئېلان قىلىندى. سۇلھى كېلىشىمىدە كىنەزلەر ئۆزلىرىنىڭ خوجىلىق زېمىنلىرىدا ئۆزىنىڭ ۋە پۇقرالىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت «دىنىي ئېتىقادنى دۆلەت ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەش» پىرىنسىپى بەلگىلەندى. پروتېستانت دىنى بىلەن كاتولىك دىنى ھوقۇقتا باراۋەر بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ لۇتېر مەزھىپىنىڭ قانۇنلۇق ئورنى ئېتىراپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن لۇتېرچىلارنىڭ پروتېستانت دىنى ئاخىر بەرپا قىلىندى. گېرمانىيەدە ئىككى چوڭ كىنەزلەر گۇرۇھى بارلىققا كەلدى. گېرمانىيەنىڭ شىمالى ۋە شەرقىي شىمال قىسمىنى لۇتېرچى كىنەزلەر گۇرۇھى، جەنۇبىي ۋە غەربىي جەنۇب قىسمىنى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى كىنەزلەر گۇرۇھى ئىگىلەپ، گېرمانىيەنىڭ فېئوداللىق بۆلۈنمە ۋەزىيىتىنى ئېغىرلاشتۇردى ھەمدە بۇنداق ۋەزىيەت ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى.

## 3 ـ بۆلۈم ياۋروپادا دىنىي ئىسلاھاتنىڭ كېڭىيىشى ۋە كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ئىسلاھاتقا قارشى پائالىيەتلىرى

16 ـ ئەسىردە ياۋروپادىكى شۋېتسارىيە، فىرانسىيە، ئەنگلىيە، شۇنىڭدەك شەرقىي ياۋروپا بىلەن شىمالىي ياۋروپادىكى ئەللەردىمۇ گېرمانىيەنىڭ ئارقىسىدىنلا دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتى قوزغالدى. بۇ ھەرىكەت كۆرۈنۈشتە كاتولىك دىنىي

جەمئىيىتى بىلەن رىم پاپاسىنىڭ ھاكىممۇتلەقلىكى ۋە نەپسانىيەتچىلىكىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەينى چاغدىكى فېئوداللىق جەمئىيەت تۈزۈمىگە قارشى سىياسىي كۈرەش ئىدى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىدە پەرق بولغانلىقتىن، ئۇلاردىكى دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي كۈچى، تەرەققىياتى، ئالاھىدىلىكى ۋە نەتىجىسىمۇ دېگەندەك ئوخشىمايتتى.

**شۋېتسارىيەدىكى زۋىڭلى بىلەن كالۋىننىڭ دىنىي ئىسلاھاتى** ئۇرلىخ زۋىڭلى (1484 — 1531) شۋېتسارىيەدىكى بىر باي دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بېرن، ۋېينا ۋە باسېل ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇغان، گۇمانىزم ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. 1506 - يىلى، ئۇ شۋېتسارىيەنىڭ گرائوس ئىشتاتىدىكى دىنىي جەمئىيەتكە قاراشلىق رايوندا كاتولىك دىنى چېركاۋىنىڭ پوپى بولغان. 1516 - يىلىدىن باشلاپ، ئۇ دىنىي ئىسلاھات ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىغان. 1519 - يىلىنىڭ باشلىرىدا زۋىڭلى سيۇرىخ چېركاۋىدا ۋەز ئېيتقاندا، پاپانىڭ شۋېتسارىيەدە ئىندۇلگېنتىيەنى سېتىشىغا قارشى چىقتى، ئېتىقادنىڭ بىردىنبىر ئاساسى «ئىنجىل» ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، پاپانىڭ تەڭرىنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى. دىنىي جەمئىيەتنىڭ دىنىي مەرتىۋە تۈزۈمىگە، ئىكوناغا چوقۇنۇشقا، مىسسىيونېرلارنىڭ پەرھىز تۇتۇش ۋە بويتاقچىلىق ھەمدە دىنىي جەمئىيەتنىڭ باشقا چاكىنا قائىدە - يوسۇنلىرىغا قارشى تۇردى. زۋىڭلى دىنىي مۇراسىملاردا ۋەز ئېيتىشنىڭ مىسسادىنمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلدى، ئۇ ۋەز ئېيتىشتىن پايدىلىنىپ، ناچار ئىللەتلەرنى ئۇزۇكسىز سۆكتى، ياللانما ئەسكەر تۈزۈمىگە قارشى تۇردى. 1522 - يىلى ئۇ پاپا بىلەن ئاشكارا ئادا - جۇدا بولدى، سيۇرىخ ئىشتاتلىق ھۆكۈمەت زۋىڭلىنىڭ كۆز قارىشىنى قوللىدى. 1523 - يىلى 10 - ئايدا ۋە 1524 - يىلى 1 - ئايدا

سيۋزېتتا ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچ قېتىملىق دىنىي مەسىلىلەر مۇنازىرىسىدە، زۋىڭلىنىڭ «67 ماددا»لىق پروتېستانت دىنىي تەشەببۇسى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. سىيۇرىخ قاتارلىق شەھەر ئىشتاتلىرى شۋېتسارىيەدىكى پروتېستانت دىنىي ئىشتاتلىرىغا ئايلاندى.

زۋىڭلى ئىدراكغا ئەھمىيەت بېرەتتى، تەنقىدنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى لۇتېرنىڭكىدىنمۇ رادىكال ئىدى. ئۇ «راست ۋە يالغان دىن توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە دىنىي تەشەببۇسنى تېخىمۇ جارى قىلدۇردى. ئۇ لۇتېرنىڭ ھەزرىتى ئىيسا زىياپىتىدە خىرىستوسنىڭ تېنى «مەۋجۇت تەلىماتى» (يەنى خىرىستوس شارابقا، نانغا مۇجەسسەملەنگەن ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ) نى كاتولىك دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ قالدۇقى، دەپ قارايتتى. زۋىڭلى پروتېستانت دىنى(پروتېستانچىلار) جەمئىيىتىنىڭ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى، كىنەزلەرگە تايىنىشقا قارشى تۇرۇشنى، يەرلىك شېۋىدە، «دۇئا ـ تىلاۋەت» قىلىشنى موناستىرلارنى تارقىتىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلدى. زۋىڭلىنىڭ دىنىي ئىسلاھاتىنىڭ تۈرتكىسىدە، شۋېتسارىيەدىكى بەزى پروتېسانت دىنىدىكى شەھەر ئىشتاتلىرى پاپا ئوردىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئىتائەت قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بىراق كاتولىك دىنىدا چىڭ تۇرغان باشقا ئىشتاتلار ئاۋستىرىيە ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىپ دىنىي ئىسلاھاتقا قارشى تۇردى، شۇنىڭ بىلەن شۋېتسارىدىيەدە ئىچكى ئۇرۇش پارتلىدى. 1531 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى زۋىڭلى كاپپېل جېڭىدە ئۆلدى. شۋېتسارىيەنىڭ نېمىس تىلى رايونىدىكى دىنىي ئىسلاھات ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. شۋېتسارىيەدىكى دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتى كالۋىنىڭ جەنۋەدە كاتولىك دىنىغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشى ۋە كالۋىن مەزھىپىنى، يەنى كالۋىنچىلار بەرپا قىلىشى ئارقىلىق قايتىدىن جانلىنىپ راۋاجلاندى.

يوھان كالۋىن (1509 ـــ 1564) فىرانسىيەدە تۇغۇلغان، ئۇ

پارتىزدىكى چاغلىرىدا لۇتېر مەزھىپىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، پروتېستانت دىنى مۇرتلىرى فىرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقتىن، شۋېتسارىيەگە قېچىپ كەلگەن. 1536 ـ يىلى كالۋىن «خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىش نەمۇنىسى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، پروتېستانت دىنىنىڭ قائىدىلىرىنى سىستېمىلىق شەرھلىدى. كالۋىنمۇ لۇتېرغا ئوخشاش «ئېتىقاد ئارقىلىق روھنى قۇتقۇزۇش»، «پاك ـ دىيانەتلىك دىنىي جەمئىيەت» بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، بىراق ئۇ لۇتېردىنمۇ بەكرەك رادىكال بولۇپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيەنىڭ كۆز قاراشلىرىنى تېخىمۇ تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئاتالمىش «تەقدىرچىلىك» كۆز قارىشىدا ئادەملەر روھىنىڭ گۇناھتىن ساقىت بولۇش ـ بولالماسلىقى پەرھىز تۇتۇش، تۇۋا قىلىش، گۇناھىدىن ئۆتۈش قاتارلىق ساۋابلىق ئىشلارغا باغلىق ئەمەس، ئۇ پۈتۈنلەي تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولىدۇ، ئادەملەرنىڭ رېئال تۇرمۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى بىلەن مەغلۇپ بولۇشى تەڭرىگە «يارىغان» ۋە «يارىمىغان» لىقىنىڭ بەلگىسى، دەپ قارىلاتتى. كالۋىن كىشىلەردىن بەزىلەرنىڭ بېيىپ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشى (ئالايلۇق، بانكىر، باي سودىگەر ۋە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان زاۋۇت ـ كارخانا خوجايىنلىرى قاتارلىقلار) ئېكسپلاتاتسىيە ۋە ئالدامچىلىق قىلغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلار تەڭرى ئالدىن بەلگىلىگەن «تاللىۋېلىنغانلار»دۇر، ئېكسپلاتاتسىيەگە ئۇچراپ ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ياشاۋاتقان نامراتلارغا كەلسەك، ئۇلار تەقدىرىنىڭ پۈتمىشى بىلەن «تاشلىۋېتىلگەن»لەر بولۇپ، ياۋاش ـ يۇمشاقلىق بىلەن تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ، ئېكسپلاتاتسىيە ۋە ئېزىلىشكە بەرداشلىق بېرىشى كېرەكلىكىگە ئىشىنىشىنى تەلەپ قىلغان. ناھايىتى ئېنىقكى، كالۋىن بۇ يەردە تەقدىرچىلىك ئارقىلىق سىنىپىي ئېكسپلاتاتسىيەنىڭ ماھىيىتىنى يېپىشقا ئۇرۇنغان.

بۇنداق دىنىي تەلىمات 16 ـ ئەسىردىكى ياۋروپانىڭ كاپىتالىنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلىنىش دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

1541 ـ يىلىدىن باشلاپ، كالۋىن جەنۋە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ داھىيسى بولدى ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىنكى 25 يىل ئىچىدە، جەنۋەنى ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشكەن ئىلاھىي ھاكىمىيەت دۆلىتىگە ئايلاندۇردى. ئۇ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنىڭ پرىنسىپى بويىچە دىنىي جەمئىيەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇرىتلار سايلاپ چىققان پرېسبىتېر (يەنى ئاقساقال: ئادەتتە بايلار ۋە كارخانىچىلار سايلىناتتى) ۋە باستىرلارغا تۇتقۇزۇپ، خەلققە قاتتىق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. بارلىق ھەشەمەتلىك دىنىي مۇراسىملار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. كۆپلىگەن دىنىي بايراملار بىكار قىلىندى، قىمار ئويناش مەنئى قىلىندى، ھەتتا تانسا ئويناش، دىراما قويۇش قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىمۇ چەكلەندى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغانلىق، خەلق ئادەتتىكى كۈنلەردە خىزمەت قىلىشى، يەكشەنبە كۈنى ئىبادەت قىلىشى كېرەك، دەپ قارالدى.

كالۋىننىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى ۋە دىنىي تەشكىلىي شەكلى بۇرژۇئازلارغا پايدىلىق ئىدى، شۇڭا ئۇ كاپىتالىستىك ئىقتىساد بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە كەڭ دائىرىدە تارقىلىپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ فېئوداللىققا قارشى تۇرۇشتىكى كۈچلۈك قورالىغا ئايلاندى. 16 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، نىدېرلاندىيەدە كالۋىن مەزھىپى بايرىقى ئاستىدا بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىكىدىكى بىر ئىتتىپاق بارلىققا كەلدى، ئۇ قول سانائەت ئىشچىلىرى، دېھقانلار، تۆۋەن دەرىجىلىك ئاقسۆڭەكلەر ۋە مىللىي ئاڭغا ئىگە ئاقسۆڭەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار ئىسپانىيەنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىنقىلابىي كۈرەشنى بىرلىكتە قانات يايدۇرۇپ، تۇنجى بۇرژۇئا

جۇمھۇرىيىتى ـــ گوللاندىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى.

شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى دىنىي ئىسلاھات 16 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن 30 ـ يىللىرىغىچە لۇتېر مەزھىپى شىمالىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرگە تارقالدى.

شۋېتسىيەنىڭ پادىشاھى گۇستاۋ I (1523 ـــ 1560) دەۋرىدە، ئۇ كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ باش ئېپىسكوپى ترول باشچىلىقىدىكى روھانىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ دانىيەگە تاجاۋۇز قىلىشى ۋە شۋېتسىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى قوللىغانلىقىنى، كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، پروتېستانتچىلارنىڭ دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىنى قوللىدى. گوستاۋ I گېرمانىيەنىڭ ۋىتتېنبۇرگ شەھىرىدىن قايتىپ كەلگەن لۇتېر مەزھىپى مىسسىيونېرى ئوراس پېيكونى ستوكخولمدىكى سانكت نىكولا چېركاۋنىڭ باستىرلىقىغا تەيىنلىدى، ئۇنىڭ 1524 ـ يىلى 12 ـ ئايدىكى لۇتېر مەزھىپىنى ئاقلاش پائالىيىتىنى قوللىدى، باستىرنىڭ توي قىلىشىنىمۇ (ئوراس پېيكولۇتېردىن تۆت ئاي بۇرۇن توي قىلغان) قوللىدى. شۋېتسىيە پادىشاھى يەنە پېيكونىڭ ئىنىسىغا «ئىنجىل» نى شۋېت تىلىغا تەرجىمە قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. 1527 ـ يىلى 6 ـ ئايدا گۇستاۋ I ۋېستېراستا كۆلىمى چوڭ، تەركىبى كەڭ دائىرىلىك بولغان دۆلەت پارلامېنت يىغىنىنى ئاچتى. يىغىنغا 129 ئاقسۆڭەكتىن باشقا، تۆت نەپەر ئېپىسكوپ، باستىرلار كېڭىشى ئەزاسىدىن تۆت نەپەر، دۆلەتلىك پارلامېنت ئەزاسىدىن 15 نەپەر، شەھەرلىك پارلامېنت ئەزاسىدىن 32 نەپەر، يەنە 14 نەپەر كان ئىشچىسى، 104 نەپەر دېھقانلار ۋەكىلى قاتناشتى. پادىشاھ يىغىندا لۇتېر مەزھىپىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە شۋېتسىيە دىنىي جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. يىغىندا بارلىق موناستىرلارنى پادىشاھقا ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئومۇمەن 1454 ـ يىلىدىن كېيىن چېركاۋ ـ

موناستىرلارغا «تەقدىم قىلىنغان» ياكى ئىئانە قىلىنغان مال ـ مۈلۈك ۋە يەرلەرنى قايتۇرۇش قارار قىلىندى. شۋېتسىيەنىڭ ئېپىسكوپلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندە پاپانىڭ تەستىقى ئېلىنمايدىغان، دىنىي جەمئىيەتنىڭ بارلىق كىرىمى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدىغان، مىسسىيونېرلار ۋەز ئېيتقاندا جەزمەن «ئىنجىل» غا ئاساسلىنىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن تارتىپ دىن دۆلەتلەشتۈرۈلدى. 1541 ـ يىلى شۋېتسىيەدە لۇتېرچە دىنىي ئىسلاھات تاماملاندى، شۋېتسىيەنىڭ باشقۇرۇشىدىكى فىنلاندىيەدىمۇ لۇتېر مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىش ئومۇملاشتى.

دانىيەدە پادىشاھ فرېدرىخ I دەۋرىدە دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى. 1526 ـ يىلى فرېدرىخ I لۇتېرنىڭ ئوقۇغۇچىسى ھانس توۋسوننى ئۆزىنىڭ باستىرلىقىغا تەيىنلىدى. توۋسون لوتېر مەزھىپىنى ئاشكارا ئاقلىدى ۋە تەرغىب قىلدى. دانىيە پادشاھى ئېپىسكوپلارغا ئېتىقاد سوۋغىسىدىن قىلىنغان بارلىق كىرىمنى رىم پاپاسىغا تاپشۇرماستىن، ئۆزىگە تاپشۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. دانىيەدىكى كاتولىك دىنى جەمئىيىتى پادىشاھتىن لۇتېرچى مىسسىيونېرلارنى قوغلاپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلغاندا، فرېدرىخ I : مېنىڭ خەلقنىڭ روھىنى باشقۇرۇش ھوقۇقۇم يوق، بۇنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى — خەلققە ئېتىقاد ئەركىنلىكى بېرىش، دەپ جاۋاب بەردى. دانىيەدە 1524 ـ يىلى «ئىنجىل» نىڭ دانىيە تىلىدىكى تەرجىمىسى تارقىتىلىشقا باشلىدى؛ 1529 ـ يىلى كرىستىن پادسېن دانىيە تىلىدىكى «ئىنجىل»نىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى تارقاتتى. 1530 ـ يىلى لۇتېرچى مۇخلىسلار كوپېنھاگېن بىلەن ۋىبۇرگنى كونترول قىلدى. شۇ يىلى كوپېنھاگېندا ئېچىلغان پارلامېنت يىغىنىدا كاتولىك دىنى بىلەن لۇتېر مەزھىپىنىڭ داھىيلىرى ئاشكارا بەس ـ مۇنازىرە قىلىپ، ئاخىر لوتېر مەزھىپى غەلىبە قىلدى. ھانس توۋسون پارلامېنتتا بايان قىلغان «ئېتىقاد خىتابنامىسى» دانىيەدە 10 يىل تارقىلىپ، دانىيە لۇتېرچىلىرىنىڭ رەسمىي ئەقىدىسىگە

ئايلاندى.

1536 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، دانىيە دۆلەت پارلامېنتى لۇتېر مەزھىپىگە تەۋە دۆلەتلىك دىنىي جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى، پادشاھ دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئالىي داھىيسى بولىدىغانلىقىنى، بارلىق كاتولىك دىنىي ئېپىسكوپلىرى ۋە موناستىرلىرىنىڭ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، پادىشاھقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. نورۋېگىيە، شۋېتسىيەنىڭ كونتروللۇقىدىكى ئىسلاندىيەمۇ دانىيە پادىشاھى كرىستىن Ⅲ نى ئۆزلىرىنىڭ داھىيسى دەپ ئېتىراپ قىلىپ، دانىيە قانۇنىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لۇتېر مەزھىپى 1554 ـ يىلى شىمالىي ياۋروپادا تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتى.

پروتېستانت دىنىنىڭ ياۋروپادا تارقىلىشى ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ پروتېستانت دىنىنى قوبۇل قىلىش ئەھۋالى مۇرەككەپرەك، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى لۇتېر مەزھىپىگە، بەزىلىرى كالۋىن مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇلاردا دىنىي ئىسلاھات كۈرىشى ناھايىتى ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكرارلىنىش كۆپرەك يۈز بەردى.

پولشادا پادىشاھ سىگىسمۇند Ⅰ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سىگىسمۇند Ⅱ دەۋرىدە دىنىي ئىسلاھات كەڭ تارقالدى. پولشالىق كىچىك ئاقسۆڭەكلەر مىسسىيونېرلارنىڭ ئىمتىيازلىرىنى قاتتىق سۆكتى. بەزى كىنەزلەر گېرمانىيەدىكى بىر قىسىم كىنەزلەرگە ئوخشاش پروتېستانت دىنىي ھەرىكىتىنى ھىمايە قىلدى. بۇنىڭدا ئىساۋا شەھىرىنىڭ ئىپادىسى ھەممىدىن گەۋدىلىك بولدى. بەزى كىنەزلەر لۇتېرنىڭ تەشەببۇسلىرىغا ئاشكارا ئەمەل قىلدى ۋە ئۇلارنى تەرغىب قىلدى. بەزى چېركاۋلاردىن ئىكونالار ئېلىۋېتىلدى (1522 ـ يىلى)، شەھەرلىك پارلامېنت موناخ، راھىبەلەرنىڭ موناخ، راھىبەلىكتىن ۋاز كېچىشى ھەمدە موناستىرلارنى تاقىشىغا ئىجازەت بەردى (1525 ـ يىلى)، 1540 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىساۋا شەھىرىدىكى بارلىق چېركاۋلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

مۇنبىرى پروتېستانتچىلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

1539 ـ يىلى كالۋىن ئۆزىنىڭ «مىسساغا باھا» ناملىق ئەسىرىنى پولشا پادىشاھىنىڭ ساقلىنىشىغا تەقدىم قىلدى. سىگىسمۇند II تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، پولشادا لۇتېر مەزھىپى بىلەن كالۋىن مەزھىپى ناھايىتى تېز راۋاجلاندى. «ئىنجىل» پولەك تىلىغا تەرجىمە قىلىندى، پولەك تىلى دىنىي ئىشلاردا بارا ـ بارا لاتىن تىلىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. مەشھۇر كاتولىك دىنى مىسسىيونېرى جام لاسكىمۇ پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1548 ـ يىلى چېختىكى بوخېمىيە قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن پولشاغا كۆچۈپ كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلار پولشادا 30 مەخپىي تايانچ پونكىت قۇردى. كاتولىك دىنى مىسسىيونېرلىرى كىچىك ئاقسۆڭەكلەرنى «بىدئەت» دەپ ئەيىبلىگەنلىكى ئۈچۈن، 1522 ـ يىلى نۇرغۇن كىچىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كاتولىك دىنى جەمئىيىتىگە قارشى كۈرىشى پارتلىدى. 1555 ـ يىلى پولشا پارلامېنتى كاتولىك دىنى جەمئىيىتى سوتىنىڭ ئەدلىيە ھوقۇقىنى بىكار قىلغانلىقىنى، بارلىق مۇرىتلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكى بولۇشىنى ھەمدە قانۇن تۈرغۇزۇپ مىسسىيونېرلارنىڭ نىكاھلىنىشىغا ئىجازەت بېرىلىدىغانلىقىنى، ھەزرىتى ئەيسا زىياپىتىدە ئىككى خىل مۇقەددەس غىزادىن ئومۇمىيۈزلۈك بەھرىمەن بولۇشىنى، مىسسانى پولەك تىلىدا ئوقۇشنى ماقۇللىدى ۋە ئېلان قىلدى. پولشادا دىنىي ئىسلاھات بىر مەھەل ئەۋجىگە چىقتى. بىراق، 60 ـ يىللارغا كەلگەندە سىگىسمۇند II رىم پاپاسىنىڭ كىراكوۋدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ئېپىسكوپ كوماندوننىڭ قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلىشى ئارقىسىدا، پروتېستانت دىنىنى باستى. 1564 ـ يىلى ئېيزۇئىتلار (ئەيسا جەمئىيىتى) پولشاغا تەكلىپ بىلەن كېلىپ مەكتەپ قۇرۇپ مائارىپ ئىشلىرىنى كونترول قىلىپ، كاتولىك دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىدى.

چېخىتا لۇتېر مەزھىپى تارقىلىشتىن بۇرۇن، بوخېمىيەلىكلەر ئارىسىدا ئۇرغۇن پروتېستانت دىنى مۇرىتلىرى بار ئىدى. بوخېمىيەدىكى 400 مىڭ ئاھالىنىڭ 10%ىنى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى ئىگىلەيتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 60% ى كالىكس (مۇقەددەس قەدەھ) مەزھىپىدىكىلەر ئىدى. 1560 ـ يىلىغا كەلگەندە بوخېمىيەلىكلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى پروتېستانت مۇرىتىغا ئايلاندى. چېخنىڭ ۋەزىيىتىمۇ بەك مۇرەككەپ ئىدى. 1561 ـ يىلىدىن باشلاپ چېختا ئىيزوئىتنىڭ تەسىرى كۈچىيىپ، كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يەنە مۇستەھكەملەندى.

ۋېنگرىيەنىڭ شىمالىي رايونلىرىدا پورتېستانت دىنى بىلەن كاتولىك دىنى ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كەسكىن ئىدى. ۋېنگرىيەنىڭ شەرقىي قىسمى تۈركىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ، ئۇ يەردە پروتېستانت دىنى ناھايىتى تېز راۋاجلاندى. 16 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى پروتېستانت دىنىنىڭ پائالىيەتلىرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. تۈركىيەلىكلەر گېرمانىيەگە قارشى تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، لۇتېر مەزھىپىنىڭ تارقىلىشى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، ئەمما كالۋىن مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرى بەك كۆپىيىپ كەتتى. 17 ـ ئەسىردىن كېيىن ئىيزوئىت جەمئىيىتى ۋېنگرىيەدە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقتىن كاتولىك دىنى يەنە قايتا باش كۆتۈردى.

بۇنىڭدىن باشقا، پرۇسسىيەدىكى تېئودون رىتسارلار پولكىنىڭ خوجىلىق زېمىنى پرۇسسىيە كىنەزلىكىگە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىمۇ لۇتېر مەزھىپى كەڭ تارقالدى.

فىرانسىيەدە ئەڭ دەسلەپتە لۇتېر مەزھىپى تارقالغانىدى، كېيىن بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان كالۋىن مەزھىپى تېخىمۇ كەڭ تارقالدى. فىرانسىيەدە كالۋىن

مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرى خۇگۇېنوتلار دەپ ئاتالدى، دەسلەپتە مۇرىتلارنىڭ كۆپىنچىسى فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئىدى، كېيىن بەزى ئاقسۆڭەكلەرمۇ بۇ مەزھەپكە كىردى، ئۇلار مۇستەقىللىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ھەمدە پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن پايدىلىنىپ دىنىي جەمئىيەتنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە يەرلىك ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، كالۋىن مەزھىپىنىڭ جۇمھۇرىيەت تەشكىلاتىدىن پايدىلىنىپ پادىشاھلىق ھاكىمىيەت بىلەن قارشىلىشىشقا ئۆرۈندى، شۇنىڭ بىلەن فىرانسىيەدە كاتولىك دىنى گۇرۇھى بىلەن پروتېستانت دىنى گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇز نەچچە يىللىق دىنىي ئۇرۇش يۈز بەردى. (1562 ـــ 1594). ئاخىر فىرانسىيە پادىشاھى پەرمان چۈشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن كاتولىك دىنىنى دۆلەت دىنى، كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان بارلىق مال ـ مۈلكىنى قايتۇرۇش كېرەك دەپ جاكارلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن پروتېستانت دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى، ئۇز دىنىنىڭ يىغىنىنى ئېچىش ھوقۇقى بارلىقىنى، پروتېستانت دىنى مۇرىتلىرى كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىغا ئوخشاشلا دۆلەت ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

ئەنگلىيەدىكى دىنىي ئىسلاھات ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ. 16 ـ ئەسىردە ئەنگلىيەنىڭ پادىشاھلىق ھوقۇقى كۈچلۈك بولۇپ، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئەنگلىيەدە دىنىي ئىسلاھات پارلامېنتتىن پايدىلىنىپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتا ئېلىپ بېرىلدى. ئەينى چاغدا ئەنگلىيەدە كاپىتالىزم تەرەققىي قىلغانلىقتىن، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيە ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەر دىنىي جەمئىيەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى تارتىۋېلىپ، كاتولىك دىنىنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى ئۇلغايتىشنى تەلەپ قىلاتتى. ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى

كۆچەيتىۋاتقان پادىشاھمۇ پاپا ئوردىسىنىڭ ئەنگلىيەنى كونترول قىلىشىغا يەنە چىداپ تۇرالمىدى، ئەنگلىيە پادىشاھى ھېنرى Ⅷ (1509 ـــ 1547) يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيە ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا 1529 ـ يىلى ئەنگلىيە پارلامېنت يىغىنى چاقىرىپ، دىنىي ئىسلاھاتقا تۇتۇش قىلدى. كېيىن رىم پاپاسىنىڭ ئۆزىنىڭ نىكاھىدىن ئاجرىشىشىنى تەستىقلىمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، پاپا ئوردىسى بىلەن ئاشكارا ئادا ـ جۇدا بولدى. ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىنكى ئەنگلىيە دىنىي جەمئىيىتىدە ئېپىسكوپ تۈزۈمى بىلەن كاتولىك دىنىنىڭ ئاساسلىق ئەقىدىلىرى ساقلاپ قېلىندى، كاتولىك دىنىنىڭ چوقۇندۇرۇش، تۇۋا قىلىش قاتارلىق مۇھىم قائىدە ـ يوسۇنلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، مەبۇدلارغا چوقۇنۇش بىلەن مىسسا ئىنكار قىلىندى، يەنە موناستىر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئەنگلىيە پادىشاھى ئىنگلىزچە «ئىنجىل» نى ئاشكارا تارقىتىشنى تەستىقلىدى. ئەنگلىيە پادىشاھى دىنىي جەمئىيەتنىڭ باشلىقى بولدى. ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىنكى ئەنگلىيە دىنىي جەمئىيىتى دۆلەت دىنىي جەمئىيىتىگە ئايلاندى، ئۇ «ئەنگلىكان دىنىي جەمئىيىتى» دەپ ئاتالدى، يەنە «مۇقەددەس دىنىي جەمئىيەت» دەپمۇ ئاتالدى. دىنىي ئىسلاھاتتىن كېيىن ئەنگلىيەدە مىللىي دىنىي جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋەزىپىسى ئورۇنلانغان بولسىمۇ، لېكىن يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيە كالۋىن مەزھىپىنىڭ روھىغا ئاساسەن دىنىي جەمئىيەتنى تەلتۆكۈس ئىسلاھ قىلىپ، كاتولىك دىنىنىڭ ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت دىنىدىكى قويۇق تەسىرىنى تازىلاشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭى مەزھىپى ـــ پورىتان مەزھىپىنى بەرپا قىلدى، يۇقىرىدىكى تەلەپ دەل «پورىتانلار» (پاك دىن مۇخالىسلىرى)نىڭ تەشەببۇسى ئىدى. ئۇلار مۇستەبىت پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى قوللايدىغان ئەنگلىيە دۆلەت دىنى بىلەن قارشىلاشتى. 17 ـ ئەسىردە ئەنگلىيەدە يۈز بەرگەن بۇرژۇئا

ئىنقىلابى پورىتانىلار بايرىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى.

**كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ئىسلاھاتقا قارشى تۇرۇشى ۋە ئىيېزۇئىت جەمئىيىتى** دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ ياۋروپادا كەڭ تارقىلىشى ۋە كېڭىيىشى كاتولىك دىنى جەمئىيىتىگە قاتتىق زەربە بەردى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، لۇتېر مەزھىپى گېرمانىيەنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىدا، شىمالىي ياۋروپا ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەردە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى؛ كالۋىن مەزھىپى شۋېتسىيە، نېدېرلاندىيە، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، شۇنىڭدەك گېرمانىيەنىڭ غەربىي جەنۇب چېگرا رايونلىرى قاتارلىق ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان بەزى رايونلاردا كەڭ تارقالدى. بۇ چاغدا كاتولىك دىنىنىڭ دىنىي ھوقۇقى ۋە تەسىرى گەرچە ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلىغان بولسىمۇ، لېكىن ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردە فېئوداللىق تۈزۈم يەنىلا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. كاتولىك دىنى خەلقئارادا يەنىلا قۇدرەتلىك كۈچ ھېسابلىناتتى. رىم پاپاسى باشچىلىقىدىكى كاتولىك دىنى جەمئىيىتى زاۋالغا يۈز تۇتقان ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش، پروتېستانت دىنى مەزھەپلىرى بەس ـ بەستە قوزغىلىۋاتقان ۋە دىنىي ئىسلاھات كۈنسېرى راۋاجلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، يەنىلا مۇناسىپ ھالدا دىنىي ئىسلاھاتقا قارشى بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى، يەنى كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ئىسلاھ قىلىشنى كۈچەيتىپ، دىنىي ئىسلاھاتقا قارشى تۇرۇپ، پىروتېستانت دىنىنىڭ پائالىيەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلدى.

كاتولىك دىنىنىڭ ھوقۇقى ئاجىزلىغان مەزگىللەردە، بەزى پاپالار، ئالايلۇق، بېنېدىك XII (1334 ـــ 1342)، ئىننوسېن VIII (1484 ـــ 1493)، بولۇپمۇ ئالېكساندىر VI (1492 ـــ 1503) قاتارلىق كىشىلەرنىڭ شەھۋەتپەرەسلىك، چىرىكلىك، شاللاقلىقتا سېسىق نامى ئالەمگە پۇر كەتتى. بىراق بەزى پاپالار، ئالايلۇق، يۇرىئۇس II (1503 ـــ 1513) بىلەن لېئو X (1513 ـــ

1521) قاتارلىقلار ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە زىددىيەتلىك كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ چىرىكلەشتى، دىنىي ئىسلاھاتقا قارشى تۇردى ۋە دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىنى قەتئىي باستۇردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىنى قوللىدى ۋە كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىگە قارىتا بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. پاپا لېئو X دىنىي جەمئىيەتنىڭ چىرىكلىشىشىگە قارشى چىققان بەزى ئېپىسكوپلارنى كەچۈرۈم قىلدى، زىددىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن دىنىي جەمئىيەتنىڭ باج ئېلىش نىسبىتىنى تۆۋەنلەتتى. سازلىقلاردىكى سۇلارنى چىقىرىپ تاشلاپ تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى، تېرىقچىلارنى مۇكاپاتلاشنى ۋە رىم شەھىرىدە مونوپولىيە ۋە تاۋارلارنى بېسىپ قويۇش ئارقىلىق ھايانكەشلىك قىلىشنى چەكلەشنى تەشەببۇس قىلدى؛ ئاشلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى كونترول قىلىشنى، رىم شەھەر كوچىلىرى بىلەن قاتناشنى باشقۇرۇشنى ياخشىلاشنى تەشەببۇس قىلدى.

كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئەنگلىيەلىك كولېت، فىرانسىيەلىك لېفېر، نېدېرلاندىيە روتتېرداملىق ئېراسمو قاتارلىق دىنىي ئىسلاھاتچىلار بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار مەشھۇر گۇمانىزمچىلار ئىدى. ئۇلار «ئىنجىل» غا ئەمەل قىلىشنى، ھەدىسنى رەتلەشنى، كاتولىك دىنى جەمئىيىتىدىكى چىرىكلىكنى يوقىتىشنى، دىنىي جەمئىيەت ئاپپاراتلىرىنى قايتا تەشكىللەشنى تەشەببۇس قىلدى؛ ئۇلار ئىسلاھ قىلىنغان مەزھەپسىز كاتولىك دىنى جەمئىيىتى بەرپا قىلىشنى مۇراجىئەت قىلدى.

كاتولىك دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يەنە ساغلام، ھوشيار تۇرمۇش بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بەزى تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. ئالايلۇق، 1517 ـ يىلى رىمدا كارراغا باشچىلىقىدىكى «ئىلاھنى سۆيۈش دۇئا ـ تىلاۋەت جەمئىيىتى» قۇرۇلدى، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

50 ـــ 60 تەك ئەزاسى بولۇپ، ئەزالىرىنى ۋەز ئېيتىشقا ئۆزلىرىنى بېغىشلاش، كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنى تەرتىپكە سېلىشقا دەۋەت قىلدى.

رىم پاپاسى پائول Ⅲ (1534 ـــ 1549) دىنىي ھوقۇق كىرىزىسىنى ئوڭشاش ئۈچۈن، كاتولىك دىنىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە پروتېستانت دىنىنىڭ ئىسلاھات ھەرىكىتىنى توسۇش، باستۇرۇشنى كۈچەيتتى. پائول Ⅲ كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن تۈزەتتى، چىرىكلەشكەن، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان ۋە دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغان مىسسىئونېرلارنى جازالىدى، روھانىيلارنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرمەي، ئۇلارنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتتى، ئىندۇلگېنتىيەنى سېتىشنى توختاتتى، ۋەھاكازالار، بولۇپمۇ كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىشقا قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلەرنى، ئالايلۇق، كونتالىن، كارراقا، سادولەيتو ۋە پولىېر قاتارلىق كىشىلەرنى كاردىناللار يىغىنىغا قاتناشتۇردى، ئۇلارنى ئەۋەتىپ باشقىلار بىلەن بىرلىكتە «توقۇز كىشىلىك ھەيئەت قۇردى، ئۇلار چېركاۋ ـ موناستىرلارنى تەكشۈردى، مەخسۇس ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى، شۇ ئارقىلىق دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈشكە ئۇرۇندى. ھەر قايسى ھەيئەتلەر مەمۇرىيەت ۋە ئەخلاق جەھەتتە ئەمەلىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، ئۇسۇللىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايتتى. كونتالىن پروتېستانت دىنى بىلەن مۇرەسسەلىشىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى، ئەمما كارراقا پروتېستانت دىنىنى قاتتىق چەكلەش كېرەك، كۆڭۈللى يۇمشاقلىق قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ قارىدى. 1536 ـ يىلى پائول Ⅲ ئىختىلاپىنى كېلىشتۈرمەكچى بولۇپ، 1537 ـ يىلى لومباردىنىڭ مانتۇئا شەھىرىدە يىغىن ئاچتى، پاپا يىغىن ئەھلىدىن بېرىلگەن ھوقۇققا بىنائەن بىر قىسىم كاردىناللارنى تاللاپ

مەخسۇس ئورگان قۇرۇش، بۇ ئورگان دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ساقلىنىۋاتقان ئىللەتلەرنى ئېنىقلاپ، دوكلات يېزىپ چىقىشقا مەسئۇل بولۇشنى تەلەپ قىلدى. مەخسۇس ئورگان شۇ يىلى كۆزدە دوكلاتنى پائۇل III كە تاپشۇردى، دوكلاتتا پاپا ئوردىسى ئاستىدا لاياقەتسىز ئېپىسكوپلارنىڭ كۆپلۈكى، ئۇلارنىڭ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتقانلىقى، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ مائاشى زىيادە يۇقىرى ئىكەنلىكى ۋە چىرىكلىشىش ـ چۈشكۈنلىشىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، تەلتۆكۈس ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكى تەكىتلەنگەندى.

كاردىنال كاررافانىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن، 1542 ـ يىلى ئىتالىيەدە كاتولىك دىنىنىڭ دىنىي كېسىمخانىسى، يەنى «بىدئەتلىك سوتى» قۇرۇلدى. بىدئەت گۇماندارلار قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئېلىندى ياكى مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، قاماش ۋە ياكى سۈرگۈن قىلىش، ھەتتا ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش جازاسىغا تارتىلدى. بۇنداق بىدئەتلىك سوتى ئۇزاق ئۆتمەيلا نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ئىسلاھاتقا قارشى ئېلىپ بارغان يەنە بىر پائالىيىتى شۇكى، 1545 ـ يىلدىن 1563 ـ يىلىغىچە ترېنتتا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم دىن يىغىنى ئېچىپ، پروتېستانت دىنى بىلەن ھېچقانداق مۇرەسسە قىلمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى، پروتېستانت دىنىنى بىدئەت دىن، كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ئەقىدىسى پۈتۈنلەي توغرا، پاپا دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي نوپۇزلۇق ئەربابى دەپ جاكارلىدى. پاپا بارلىق نەشر بۇيۇملىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. 1543 ـ يىلى كىتاب ـ ژۇرناللارنى تەكشۈرۈش، چەكلەش توغرىسىدا ئېپىسكوپلار يىغىنى ئاچتى. ئۇ دائىم «چەكلەنگەن كىتابلار مۇندەرىجىسى» نى تۈزۈپ ئېلان قىلىپ، كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىنىڭ بۇنداق كىتابلارنى ئوقۇشنى قاتتىق

چەكلىدى، نۇرغۇن بۇيۇك مەشھۇر ئىلمىي ئەسەرلەر «چەكلەنگەن كىتابلار» قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. دىنىي كېسىمخانىنىڭ پائالىيىتى كۈچەيتىلىپ، بىدئەتچىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش تېزلىتىلدى، يەنە ئىلاھىيەت سېمىنارىيەسى قۇرۇلۇپ، كاتولىك دىنى ئۈچۈن سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىدىغان روھانىيلار تەربىيەلەندى.

كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ئىسلاھاتقا قارشى ھەرىكىتىدە، ئىيزوئىت جەمئىيىتى ئۇنىڭ مۇھىم قورالى بولدى. ئىسپانىيەلىك ئاقسۆڭەك ئىگنات دې لويولا (1491 — 1556) ئىيزوئىت جەمئىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى. بۇ جەمئىيەتنىڭ پائالىيىتى ئەمەلىيەتتە، 1534 - يىلى 8 - ئايدىلا باشلانغانىدى، ئەمما پاپا ئۇنى 1540 - يىلى 9 - ئايدا رەسمىي تەستىقلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ پاپا ئوردىسى بىلەن ئىنچىل تۇردە قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلدى. ئىيوزئىت جەمئىيىتىنىڭ ئىنتىزامى بەك قاتتىق بولۇپ، مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ كاتتىبېشىغا قارىغۇلارچە بويسۇنۇشى شەرت ئىدى. پاپاغا سادىق بولۇپ، كاتولىك دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۇلار «مەقسەت توغرا بولسىلا، ھەر قانداق ۋاستىنى قوللىنىشقا بولىدۇ» دېگەن سۆزنى ئۆزلىرىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزى قىلىۋالغانىدى. ئىيزوئىت جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ئادەتتە موناخلار كىيىمىنى كىيمەيتتى، چېركاۋ - موناستىرلاردا تۇرمايتتى، كىشىلەر بىلەن ئەركىن بېرىش - كېلىش قىلاتتى. ئۇلار مەكتەپ، دوختۇرخانا قۇرۇپ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئوردىلىرىغىچە سىڭىپ كىرىپ، ئېسىلزادىلەر بىلەن دوست بولۇپ، ھەتتا يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپلەردە ئولتۇرۇپ، پروتېستانت دىنى ھەرىكىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلاتتى. ئىيزوئىت جەمئىيىتى ئەزالىرىنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ياۋروپا بىلەنلا چەكلەنمىگەن، ئۇلار پائالىيىتىنى ئامېرىكا، ئافرىقا ۋە ئاسىيا قىتئەلىرىگىچە كېڭەيتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر مۇنچە

كىشىلەر زاۋۇت، يەر مۈلكى باشقۇرۇش، سودا شىركەتلىرىدە ئىشلەش قاتارلىق نامىلاردا مۇستەملىكىچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانىدى. غەربىي ياۋروپانىڭ دەسلەپكى مۇستەملىكىچىلىك - كېڭەيمىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ھەرقايسى قوشۇنلىرى ئىچىدە ئېيزۇئىت جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ئاز ئەمەس ئىدى. ئەلۋەتتە، ئېيزۇئىت جەمئىيىتىنىڭ بەزى بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك ئەزالىرى كاتولىك دىنىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن يىراق دېڭىز - ئوكيانلاردىن ئۆتۈپ چەت ئەللەردە ئىلىم - پەن تارقىتىش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا ھەقىقەتەنمۇ تۆھپە قوشتى. ئالايلۇق، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە جۇڭگوغا كېلىپ ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەرنى تارقاتقان غەرب ئېيزۇئىت جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى لىمادۇ، نەن خۇەيرېن، دوم ژومان قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ئادەملەر ئىدى.

كاتولىك دىنى مۇخلىسلىرى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ ۋاقتىنچە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەسىرى كۈچلۈك، مۇستەبىت ھاكىمىيەت كۈچلۈكرەك بولغان دۆلەتلەردە، ئالايلۇق، گېرمانىيە، ئىسپانىيە، ئاۋسترىيە، پولشا، ئىتالىيەلەردە كاتولىك دىنىنىڭ كۈچى يەنە يېڭىباشتىن مۇستەھكەملەندى ۋە روناق تاپتى. بىراق دىنىي ئىسلاھاتنىڭ كەلكۈنى فېئودallıq تۈزۈمنىڭ پارچىلىنىشى ۋە كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەردە يامرىدى، پاپا ئوردىسىغا قارشى تۇرۇش، كاتولىك دىنى جەمئىيىتىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى 16 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تېخىمۇ چوڭقۇر قانات يايدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئون بىرىنچى باب

# فېئوداللىق تۈزۈم پارچىلانغان دەۋردىكى غەربىي ياۋروپا ئەللىرى

غەربىي ياۋروپادا فېئوداللىق تۈزۈم پارچىلانغان دەۋردە كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەر فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىخ سۈرۈشكە باشلىدى. كونا فېئودالLAR سىنىپى يەنىلا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيە ۋە ياللانما ئىشچىلار سىنىپى بارلىققا كېلىپ، سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. غەربىي ياۋروپادا بىر تەرەپتىن فېئوداللىق تۈزۈم ئاستىدىكى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە ۋە ئېزىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى يۈز بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيەنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى كۈرىشى يۈز بەردى. دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىشچىلارنىڭ كاپىتالىستىك ئېكسپلاتاتسىيەگە قارشى كۈرىشىمۇ يۈز بەردى.

كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان فېئوداللىققا قارشى كۈرىشىگە دۇچ كەلگەن فېئوداللار خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىنى باستۇرۇش، يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى جېنىنىڭ بارىچە كۈچەيتتى، ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق بەزى دۆلەتلەردە مۇستەبىت پادىشاھلىق (مونارخىيەلىك) تۈزۈم ئورنىتىلدى.

كاپىتالىستىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ،

بۇرژۇئازىيە پەيدىنىپەي پىشىپ يېتىلىپ، فېئوداللىق ھاكىمىيەتتىن قوغداشنى تەلەپ قىلىشقا قانائەتلەنمەيدىغان بولۇپ قالدى، شۇڭلاشقا بۇرژۇئازىيە سىياسىي تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇستەبىت فېئودال پادىشاھلىق ھاكىمىيەت بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇشقا باشلىدى. كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى خېلى پىشىپ يېتىلگەن نېدېرلاندىيەدە 16 ـ ئەسىردە بۇرژۇئا ئىنقىلابى غەلىبىگە ئېرىشتى، گەرچە بۇ غەلىبە تەلتۆكۈس ھەمدە ناھايىتى زور چەكلىمىگە ئىگە بولسىمۇ، بىراق ئۇ يېڭى قۇرۇلغان گوللاندىيە جۇمھۇرىيىتىنى ياۋروپادىكى كاپىتالىزمنىڭ «ئۈلگە» دۆلىتىگە ئايلاندۇردى.

## 1 ـ بۆلۈم ئەنگلىيەدە كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى

**16 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى** 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىلا، ئەنگلىيەدىكى يانچىلىق تۈزۈم ئىگىلىكى ئەمەلىيەتتە پارچىلىنىپ كەتكەنىدى. 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلار ئەنگلىيە نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيتتى. تاۋار ـ پۇل مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانلار ئارىسىدىن ياللانما ئەمگەكچىلەرنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشقا تايىنىپ باقمىچىلىق ياكى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاز سانلىق باي دېھقانلار ئايرىلىپ چىقتى. نۇرغۇن ئوتتۇرا ۋە كىچىك ئاقسۆڭەكلەرمۇ ئىلگىرىكى يېرىنى ئىجارىگە بېرىپ، ئىجارە ھەققى ئېلىشتىن ئىبارەت باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، باي دېھقانلارغا ئوخشاش يالانما ئەمگەكچىلەرنى ئىشلىتىپ، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ،

پايدا تېگىدىغان قوي يۇڭى ۋە ئاشلىق ئىشلەپچىقاردى. بۇرژۇئازىيىلەشكەن بۇنداق ئاقسۆڭەكلەر ئەنگلىيىدە «يېڭى ئاقسۆڭەكلەر» دەپ ئاتالدى.

ئەنگلىيەنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سانائەتتىمۇ ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى، بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى يۇڭ توقۇمىچىلىق كەسپى تېز راۋاجلاندى. 15 ـ ئەسىردىن بۇرۇن ئەنگلىيە قوي يۇڭى ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ مىقداردا ئىشلەپچىقارغان قوي يۇڭلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىدىن ئۆزىدە يىرىك يۇڭ توقۇلمىلار ئىشلەپچىقىرىلاتتى، كۆپ قىسمى خام ئەشيا سۈپىتىدە نىدېرلاندىيەگە ئېكسپورت قىلىنىپ، ئۇ يەردە پىششىقلاپ ئىشلىنىپ يۇڭ توقۇلمىلارغا ئايلاندۇرۇلاتتى. 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئەنگلىيەنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق كەسپى راۋاجلىنىشقا باشلىدى. قوي يۇڭى ئېكسپورتى تېز ئازىيىپ، يۇڭ توقۇلمىلار ئېكسپورتى تېز ئاشتى. 1354 ـ يىلى قوي يۇڭى 32 مىڭ قاپ، يۇڭ توقۇلما ئاران 5000 توپ ئېكسپورت قىلىندى، دۆلەت باج كىرىمىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى قوي يۇڭى سودىسىدىن كىرەتتى. ئالايلۇق، 1348 ـ يىلى قوي يۇڭى تاموژنا كىرىمى 60 مىڭ فوند ستېرلىڭغا يەتكەنىدى. 1547 ـ يىلىغا كەلگەندە قوي يۇڭى ئېكسپورتى ئازىيىپ 5000 قاپقا چۈشۈپ قېلىپ، ئېكسپورت سودىسىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرمايدىغان بولدى، يۇڭ توقۇلمىلار ئېكسپورتى تېز ئېشىپ، 122 مىڭ 354 توپقا يەتتى. 1554 ـ يىلىغا كەلگەندە، يۇڭ توقۇلمىلار ئېكسپورتى يەنە ئېشىپ 160 مىڭ توپقا يەتتى. 1565 ـ يىلى 16 ـ ئەسىردىكى يۇڭ توقۇلما ئىشلەپچىقىرىشى ئەڭ گۈللەنگەن بىر يىل بولۇپ، يۇڭ توقۇلما ئېكسپورتى ئەنگلىيەنىڭ بارلىق ئېكسپورت تاۋارلىرى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ % 78 نى ئىگىلىدى، قوي

يوقى بولسا% 6.3 نىلا ئىگىلىدى، قالغان بارلىق تاۋارلار% 15.7 نى ئىگىلىدى①. ئەنگلىيەنىڭ يۇڭ توقۇلمىلىرى ياۋروپا بازارلىرىدا ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلەپ، «مىللىي سانائەت» كە ئايلاندى.

ئەنگلىيە يۇڭ توقۇمىچىلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئاساسلىق كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ نەتىجىسىدۇر. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئەنگلىيە يۇڭ توقۇمىچىلىق كەسپىدە تارقاق قول سانائەت ئىشخانىلىرى پەيدا بولدى. بۇنداق قول سانائەت ئىشخانىلىرى دەسلەپتە كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەسىرى ئاجىزراق بولغان يېزا ـ قىشلاقلاردا بارلىققا كېلىپ، كېيىنچە پەيدىنپەي راۋاجلىنىپ مەركەزلەشكەن قول سانائەت ئىشخانىلىرىغا ئايلاندى. 16 ـ ئەسىردە مەركەزلەشكەن قول سانائەت ئىشخانىلىرى ھەرقايسى شەھەرلەردە خۇددى يامغۇردىن كېيىن ئۈنۈپ چىققان ئامبۇك نوتىلىرىدەك بارلىققا كەلدى. لوندوننىڭ غەربىدىكى نېۋبايرىدا يوھان ۋىنچېكامبىسقا قاراشلىق يۇڭ توقۇمىچىلىق ئىشخانىسى بولۇپ، ئۇ يەردە مىڭدىن ئارتۇق ياللانما ئىشچى ئىشلەيتتى، ئىشخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىش تەقسىماتى بىر قەدەر ئىنچىكە ئىدى، ئالايلۇق، ئېگىرىش ئىشچىسى، توقۇش ئىشچىسى، يۇڭ تىتىش ئىشچىسى، رېمونتچى، قارا ئىشچى، سىپتىلاش ئىشچىسى ۋەھاكازالار.

توقۇمىچىلىقتىن باشقا، كان قېزىش، مېتال تاۋلاش كەسپلىرىدىمۇ كاپىتالىستىك ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. 1568 ـ يىلى ئايال پادىشاھ ئېلىزابېت خان جەمەتى كانچىلىق شىركىتى بىلەن رۇدا قېزىش ۋە مېتال تاۋلاش شىركىتىنى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. 1560 ـ يىلى ئەنگلىيەدە

① پونتىنىڭ (K. G. Ponting): «ئەنگلىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىقى»، 21 ـ بەت، 1971 ـ يىلى نيۇيورك. ستون (L. Stone): «ئېلىزابېت دەۋرىدىكى تاشقى سودا»، «ئىقتىساد تارىخى ئوبزورى» دىن ئېلىندى، 1949 ـ يىلى 37 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

3000 ـ 4000 كۆمۈر كان ئىشچىسى، 2000 كۆمۈر توشۇش ئىشچىسى بار ئىدى. 1600 ـ يىلى كۆمۈر كان ئىشچىسى كۆپىيىپ 21 مىڭغا يەتتى، كۆمۈر توشۇش ئىشچىلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 30 مىڭغا يەتتى. 40 يىل ئىچىدە كۆمۈر كان ئىشچىلىرىنىڭ سانى بەش ـ ئالتە ھەسسە كۆپەيدى. مىس تۆمۈر قاتارلىق رۇدىلارنى قېزىش ۋە تاۋلاش كەسىپلىرىمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە راۋاجلاندى. مېتاللچىلىق جەھەتتە، خان جەمەتى كانچىلىق شىركىتىنىڭ بەزى كانلىرىدىكى ئىشچىلارنىڭ سانى نەچچە ئونغا، بەزىدە يۈز نەچچىگە يەتتى. ئەنگلىيەدە ئەمگەك كۈچى ئەڭ مەركەزلەشكەن ساھە كۆمۈرچىلىك بولۇپ، 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئەنگلىيەدىكى بىر خاڭدا ئىشلەيدىغان ئىشچىلارنىڭ سانى 150 ــ 200 نەپەرگە يەتتى. ئەنگلىيەدىكى ياللانما كۆمۈر كان ئىشچىلىرى 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پەيدا بولغان، كېيىنكى 150 يىل ئىچىدە ئەنگلىيەدىكى كۆمۈر كان ئىشچىلىرى ناھايىتى تېز كۆپەيدى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىمۇ زور دەرىجىدە ئاشتى. 1540 ــ 1640 ـ يىلىغىچە بولغان 100 يىل ئىچىدە، ئەنگلىيەنىڭ كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى سەككىز ھەسسە كۆپىيىپ، پۈتكۈل ياۋروپا كۆمۈر مەھسۇلاتىنىڭ بەشتىن تۆت قىسمىنى ئىگىلىدى. نېۋكاستىل كۆمۈر توپلىنىدىغان ۋە تارقىتىلىدىغان مەركەز بولۇپ، كۆمۈر ئۇ يەردىن ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا سېتىلىپ، ئاساسلىق فىرانسىيەنى تەمىنلەيتتى. ئەنگلىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە پولات ـ تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلاتتى. باشقا كەسىپلەر، ئالايلۇق، كېمىسازلىق، قەغەزچىلىك، ھاراق ئىشلەش ۋە ئەينەك، سوپۇن، پورۇخ قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىش سانائەتلىرىمۇ تەرەققىي قىلدى.

سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سودىمۇ رۇناق تاپتى. ھەرقايسى جايلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلۇپ، دۆلەت ئىچى بازىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى

سۇردى، 16 ـ ئەسىردە ئەنگلىيەدە مەملىكەت بويىچە 26 چوڭ شەھەر، 17 مىڭدىن ئارتۇق كىچىك شەھەر ـ بازار بار ئىدى. لوندون ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزىگە ئايلاندى①. ئىلگىرى ئەنگلىيەنىڭ شەرق ۋە شىمالىي ياۋروپا بىلەن قىلىدىغان سودىسىنى ۋېنىتسىيە سودىگەرلىرى بىلەن ھانزا ئىتتىپاقىنىڭ سودىگەرلىرى ئايرىم ـ ئايرىم كونترول قىلىۋالغانىدى. 16 ـ ئەسىردىن باشلاپ، ئەنگلىيە سودىگەرلىرى چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ مونوپولىيەسىنى بۇزۇپ تاشلىدى ھەمدە پادىشاھتىن ئالاھىدە ئىجازەت ھوقۇقىغا ئېرىشىپ، سودا شىركىتى قۇرۇپ، چەت ئەللەردىكى مەلۇم بىر رايون بىلەن قىلىنىدىغان سودىنى مەخسۇس باشقۇردى. ئالايلۇق، «موسكۋا» شىركىتى (1554 ـ يىلى قۇرۇلغان) مەخسۇس رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر بىلەن قىلىنىدىغان سودىنى باشقۇردى: «شەرق چوڭ قۇرۇقلۇق» شىركىتى (1579 ـ يىلى قۇرۇلغان) مەخسۇس بالتىق دېڭىزى بويىدىكى دۆلەتلەر بىلەن قىلىنىدىغان سودىنى باشقۇردى؛ «لېۋانت» شىركىتى (1581 ـ يىلى قۇرۇلغان) ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا سودا قىلدى؛ «گۋىنىيە» شىركىتى (1588 ـ يىلى قۇرۇلغان) مەخسۇس ئافرىقىنىڭ ئالتۇنلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىش ۋە ئامېرىكا قىتئەسىگە نېگىر قۇللارنى يۆتكەشتەك جىنايى قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. 1600 ـ يىلى قۇرۇلغان «شەرقىي ھىندىستان» شىركىتى بارلىق سودا شىركەتلىرى ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بىر شىركەت بولۇپ، ئۇمىد تۇمشۇقىدىن شەرققىچە بولغان بارلىق دۆلەتلەر بىلەن قىلىنىدىغان سودىنى مونوپول قىلىۋالغانىدى، كېيىن ئۇ يەنە مۇستەملىكىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا ھەربىي، سىياسىي ھوقۇقتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇپ،

---

① 16 ــ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى لوندوننىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 60 مىڭ، 80 ـ يىللىرى تەخمىنەن 120 مىڭ بولۇپ، 1598 ـ يىلىغا كەلگەندە 150 مىڭغا يېقىنلاشقان، 1605 ـ يىلى لوندوننىڭ نوپۇسى 224 مىڭغا يېقىنلاشقان.

ھىندىستان ۋە ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىدىغان قوماندانلىق ئىشتابىغا ئايلاندى.

ئەنگلىيەنىڭ تاشقى سودىسى نامدا سودا قىلىش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە دېڭىز قاراقچىلىقى، ئەتكەسچىلىك، قۇل ئېلىپ ـ سېتىش، ئىستېلا قىلىش ۋە قىرغىنچىلىق قىلىشلار بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى. ئايال پادىشاھ ئېلىزابېت دەۋرى (1580 ـــ 1603)دە، ئەنگلىيەدە دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ ھەرىكىتى بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئايال پادىشاھ دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ كېمىلىرىگە پادىشاھلىقنىڭ بايرىقىنى ئاشكارا ئېسىشقا ئىجازەت بەردى. ئۇنىڭ مەشھۇر دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى خاۋكىنس، دراكې قاتارلىقلار ئەسلىدە دېڭىز قاراقچىلىرى ئىدى. 1580 ـ يىلى دراكې ئىسپانىيەنىڭ ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىسىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ قايتىپ كەلگەندە، كېمىسى ئالتۇن، ئۈنچە ـ مەرۋايىت ۋە كۈمۈش بىلەن لىق تولدۇرۇلغان بولۇپ، قىممىتى تەخمىنەن 150 مىڭ فوند ستېرلىڭغا توغرا كېلەتتى. ئايال پادىشاھ ئېلىزابېت دراكېنىڭ كېمىسىگە كېلىپ، ئۇنىڭغا سىر ئۇنۋانىنى بەرگەن ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ھارام مالنى بۆلۈشكەن. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئېلىزابېت ھۆكۈمرانلىق قىلغان 45 يىل ئىچىدە، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى دېڭىز قاراقچىلىرىنى ئاتلاندۇرۇپ، كېمىلەرنى بۇلاش، ئىسپانىيەنىڭ مۇستەملىكىلىرى ۋە پورتلىرىغا ھۇجۇم قىلىش جەريانىدا 12 مىليون فوند ستېرلىڭ ساپ پايدىغا ئېرىشكەنىكەن.

16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ئەنگلىيە چەت ئەللەردە دەسلەپكى مۇستەملىكىلىرىنى قۇرۇشقا كىرىشتى. ئەنگلىيەلىك سودىگەرلەر چەت ئەللەرنى ئىستېلا قىلىش، قۇل قىلىش، شۇنىڭدەك مۇستەملىكىلەردىكى خەلقنى يوقىتىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ تارتىۋالغان نۇرغۇن بايلىقنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئەنگلىيەگە يۆتكەپ كاپىتالغا ئايلاندۇرۇپ، كاپىتالنىڭ

ئىپتىدائىي جۇغلىنىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى.

**يەر قاشالاش ھەرىكىتى** يەر قاشالاش ھەرىكىتى ئەنگلىيەنىڭ كاپىتالنى ئىپتىدائىي جۇغلاشتا قوللانغان يەنە بىر خىل ۋاستىسى. ئەنگلىيەنىڭ قوي يۇڭى توقۇمىچىلىقىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، قوي يۇڭىغا بولغان ئېھتىياج بارغانسېرى كۆپەيدى، 1430 ـ يىلىدىن 1540 ـ يىلىغىچە بولغان يۈز نەچچە يىل ئىچىدە، قوي يۇڭىنىڭ باھاسى ئىككى ھەسسە ئۆرلىدى①. قوي باقمىچىلىقى ئەڭ پايدا بېرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىغا ئايلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، 15 ـ ئەسىردە ئەنگلىيەدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ باھاسى ئەڭ تۆۋەن بولۇپ، ئوتلاقنىڭ باھاسى ئۇنىڭ ئىككى ياكى ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى②. 15 ـ ئەسىردىكى ئاگرونوم تۇسسېلنىڭ قارىشىچە، بىر ئاكر ئوتلاقنىڭ كىرىمى، ھەتتا ئۈچ ئاكر تېرىلغۇ يەرنىڭ كىرىمىدىن ئېشىپ كېتەتتىكەن. نۇرغۇن ئاقسۆڭەك فېئوداللار پايدىنى قوغلىشىپ، دېھقانلارنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق زورلۇق كۈچ بىلەن يەرلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، يەرلىرىنى قاشالاپ ياكى خەندەك بىلەن قورشاپ، قوي باقتى. دېھقانلارنى يەردىن بۇنداق مەھرۇم قىلىش جەريانى 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 30 يىلىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە 300 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتى. يەر قاشالاش ھەرىكىتى ئىككى قېتىم يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، بىرى، 15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، يەنە بىرى، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشتى. دەسلەپتە دېھقانلار ئەزەلدىن ئورتاق ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئورمانلىق، ئوتلاق، ھاۋزىلار قاشالاندى، كېيىن

① پولئونسكى: «چەت ئەللەرنىڭ ئىقتىساد تارىخى. كاپىتالىزم دەۋرى»، 25 ـ بەت، سەنلىيەن كىتابخانىسى 1963 ـ يىلى.

② كلافام،ئېرىن پوۋېر: «كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى تۈزگەن ياۋروپانىڭ ئىقتىساد تارىخى»، ئىنگلىزچە نەشرى، 1 ـ توم، 521 ـ بەت، 1942 ـيىلى.

بۇنداق قاشالاش دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىگە كېڭەيدى. 1485 ــ 1517 ـ يىللىرى ئەنگلىيەنىڭ 24 ۋىلايىتىدە جەمئىي 101 مىڭ 293 ئاكر يەر قاشالاندى، ئۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر% 13.2 نى ئوتلاقتا ئايلاندۇرۇلغان ھەر خىل يەر% 56.2 نى، ئەسلىدىلا ئوتلاق بولغاچقا قاشالانغان يەر% 30.6 نى ئىگىلەيتتى①. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، قاشالىنىپ ئىگىلىۋېلىنغان يەر 680 مىڭ ئاكرغا يەتتى. زېمىندارلار قاشالاپ ئىگىلىۋالغان يەرلىرىنى ياكى ئۆزلىرى باشقۇراتتى، ياكى ئىجارىكەش دېھقانچىلىق مەيدانى غوجايىنلىرىغا ئىجارىگە بېرىپ، ئازراقلا پادىچىنى يالالاپ، مىڭلىغان قوي پادىسىنى باقتۇراتتى. ئېكسپلاتاتورلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، چارۋىچىلىق مەيدانىنى باشقۇرسا ھەم پۇلى تېجىلىپ قالاتتى، ھەم ئەمگەك كۈچىگە ئاز موھتاج بولاتتى، ئەسلىدە 20 ئادەم تېرىيدىغان يەر ئوتلاققا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، بىر پادىچى بولسىلا كۇپايە قىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پادىچىنىڭ ئىش ھەققى بارلىق يېزا ئەمگەكچىلىرى ئىچىدە ئەڭ تۆۋەن ئىدى. ئەينى چاغدا: «قوينىڭ تۇيىقى قۇمنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرىدۇ» دېگەن گەپ تارقالغان.

يەر قاشالاش ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم نەتىجىسى شۇ بولدىكى، يېزىلاردا سىنىپلارغا بۆلۈنۈش تېخىمۇ تېزلەشتى، بازار بىلەن مۇناسىۋىتى بار يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئىجارىكەش دېھقانچىلىق مەيدانى غوجايىنلىرىنىڭ يېرى ۋە پۇل كىرىمى كۆپەيدى، دېھقانلار تۇرۇمـ تۇرمۇشتىن يۇرت ـ ماكانلىرىدىن قوغلىنىپ، سەرسان ـ سەرگەردان بولدى، شۇڭا ئۇلار نائىلاج ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى تاۋار سۈپىتىدە ساتىدىغان يالانما

① بۇنى ئامېرىكىلىق تارىخشۇناس گاي ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يەر قاشالاشنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ھۆججەتلىرىگە ئاساسەن ئىستاتىستىكىلاپ چىققان. بىراق مەزكۇر كومىتېتنىڭ ھۆججەت ـ ماتېرىياللىرىدىكى سانلار ئىشەنچلىك ئەمەس، بەزىلىرى قەستەن كىچىكلىتىۋېتىلگەن. سىميونوۋنىڭ «16 ـ ئەسىردە ئەنگلىيەدىكى يەر قاشالاش ۋە دېھقانلار ھەرىكىتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 4 ـ بېتىدىكى قوشۇمچە جەدۋەلگە قاراڭ، موسكۋا 1949 ـ يىلى رۇسچە نەشرى.

ئەمگەكچىلەرگە ئايلاندى. مانا بۇلار كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشقا زۆرۈر شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغان دېھقانلار ئاچ قېلىپ جان تالاشماقتا ئىدى. 16 ـ ئەسىردىكى خىيالىي سوتسىيالىزمچىلارنىڭ ئەنگلىيەلىك ئاتاقلىق پېشۋاسى توماس مور «ئۇتوپىيە» ناملىق ئەسىرىدە يەر قاشالاش ھەرىكىتىدىكى زورلۇق ـ زومبۇلۇقلارنى چوڭقۇر پاش قىلىپ: «قوي ئەسلىدە شۇنداق ياۋاش ئىدى... ھازىر ناھايىتى ئاچ كۆز، ئىنتايىن ۋەھشىي بولۇپ كەتتى، ھەتتا ئادەمنىمۇ يەۋېتىدىغان بولۇپ قالدى» دېگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ «قوينىڭ ئادەم يېيىشى» دېگەن سۆز يەر قاشالاش ھەرىكىتىنىڭ يەنە بىر خىل نامى بولۇپ قالدى.

**«قانلىق قانۇن» ۋە روبېرت كېت قوزغىلىڭى** دېھقانلارنىڭ تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ۋەيران بولۇشى ۋە چەتكە قېچىشى ئەنگلىيەنىڭ باج كىرىمى ۋە ئەسكەر مەنبەسىگە تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىللە جەمئىيەتنىمۇ ئەنسىزلىككە چۈشۈرۈپ قويدى. تۇدور خاندانلىقىنىڭ بىرنەچچە نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتى ۋە پارلامېنتى يەر قاشالاش ھەرىكىتىنى چەكلەشكە دائىر بىر مۇنچە قانۇن ـ پەرمانلارنى جاكارلىغان بولسىمۇ، ھېچقايسىسى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىجرا قىلىنمىدى. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە 16 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان ۋەيران بولغان دېھقانلار ۋە سەرگەردانلارغا زىيانكەشلىك قىلىش توغرىسىدىكى قانۇنلار ناھايىتى تېز ئىجرا قىلىندى. 1530 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان قانۇندا ياشانغانلار ۋە ئەمگەك ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغانلارنىڭ تىلەمچىلىك قىلىشىغا يول قويۇلغاندىن باشقا، ئومۇمەن ساغلام ۋە كۈچلۈك سەرگەردان تىلەمچىلەرنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئېلىپ، ھارۋا شوتىسىغا باغلاپ قان چىققۇچە قامچىلاش، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى ئەمگەك قىلىشنى خالايدىغانلىقىغا مەجبۇرىي قەسەم قىلدۇرۇپ،

يۇرتىغا قايتۇرۇش بەلگىلەندى. 1536 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان قانۇندا ئالدىنقى قانۇننىڭ مەزمۇنى تەكىتلەندى ھەمدە ئۇمۇمەن ئىككىنچى قېتىم قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ تۇتۇلغانلارنىڭ قامچىلانغاندىن سىرت، قۇلىقىنىڭ يېرىمىنى كېسىپ تاشلاش؛ ئۈچىنچى قېتىم خىلاپلىق قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش بەلگىلەندى. 1547 ـ يىلى تۈزۈلگەن قانۇننىڭ بەلگىلىمىلىرى تېخىمۇ قاتتىق بولۇپ، ئۇمۇمەن ئەمگەك قىلىشنى رەت قىلغانلار ئۈستىدىن ئەرز قىلىنغان ھامان ئەرز قىلغۇچىنىڭ قۇلى بولۇش جازاسىغا تارتىلاتتى. ئەگەر قاچقۇن قۇل 14 كۈندىن ئارتۇق قېچىپ يۈرگەن بولسا، ئۇ ئۆمۈرۋايەت قۇل بولۇش جازاسىغا تارتىلاتتى ھەمدە پېشانىسى ياكى دۈمبىسىگە «S» تامغىسى بېسىلاتتى①، غوجايىنى ئۇنى خالىغان كىشىگە ساتسا ياكى ئۆتنۈپ بەرسە بولاتتى. ئۈچ قېتىم قاچقان قۇلغا ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى ئارتىلىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىناتتى. ئەگەر بىر سەرگەردان مەلۇم بىر جايدا ئۈچ كۈن ئەمگەك قىلمىسا، يۇرتىغا قايتۇرۇلۇپ، مەيدىسىگە «V» تامغىسى② بېسىلاتتى ھەمدە كىشەنلىنىپ مەجبۇرىي ئەمگەك قىلدۇرۇلاتتى. خارلىنزخېد سالنامىسىدە، ھېنرى Ⅷ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1509 — 1547) دە يېرىدىن مەھرۇم بولغان 72 مىڭ دېھقاننىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئايال پادىشاھ ئېلىزابېت دەۋرىدە، ھەر يىلى 300 — 400 ئادەم دارغا ئېسىلغان. شۇڭلاشقا ماركس كەسكىن ھالدا: «ھازىرقى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەجدادلىرى ئەينى چاغدا نائىلاج سەرگەردانلارغا ۋە قۇتقۇزۇشقا موھتاج بولغان نامراتلارغا ئايلانغانلىقتىن جازاغا تارتىلغان» دەپ كۆرسەتكەن ھەمدە بۇ ئەكسىيەتچى قانۇن ـ پەرمانلارنى «سەرگەردانلارنى جازالايدىغان قانلىق قانۇن» دەپ ئاتىغان.

---

① «S» ئىنگلىزچە Slave (قۇل) دېگەن سۆزنىڭ باش ھەرپى.
② «V» ئىنگلىزچە Vagabond (سەرگەردان) دېگەن سۆزنىڭ باش ھەرپى.

ئەنگلىيە دېھقانلىرى يەر قاشالاش ھەرىكىتى بىلەن قانلىق قانۇنغا ئۇزۇكسىز قارشى تۇردى ۋە كۇرەش قىلدى. 1536 ــ 1537 ـ يىللىرى لىنكولىن ۋە يورك ۋىلايەتلىرىدە دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قايسى جايلاردىكى دېھقانلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۇرىشى ناھايىتى تېز ئۇلغايدى، بۇ قارشىلىق كۆرسىتىش كۇرەشلىرى ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغىنى ئەنگلىيەنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى نورفوك ۋىلايىتىدىكى كىچىك ئاقسۆڭەك ئاكا ـ ئۇكا روبېرت كېتلار رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭدۇر. 1549 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ۋىندخام بازىرىدىكى دېھقانلار ئاممىسى زېمىندارلارنىڭ يەرلىرىدىكى قاشالارنى چۇۋۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، كېتنىڭ رەھبەرلىكىدە نورفوك ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى نورۋىچقا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا قوزغىلاڭچىلار سېپىگە ئىشسىز ئىشچىلار، ۋەيران بولغان قول ھۈنەرۋەنلەر تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ قوشۇلغانلىقتىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى 20 نەچچە مىڭغا يەتتى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى نورۋىچ ئەتراپىدىكى ماۋسخود تېغىدىكى ئورمانلىقتا جايلاشقان قارارگاھىدا 29 ماددىلىق پىروگراممىنى تۈزۈپ پادىشاھقا يوللىماقچى بولدى. قوزغىلاڭچىلار: «بۈنىڭدىن كېيىن ھەر قانداق كىشىنىڭ يەر قاشالىشىغا يول قويماسلىق»، «ھەر قانداق قورۇق غوجايىنىنىڭ يەرنى خالىغىنىچە سېتىۋېلىشىغا يول قويماسلىق»؛ دېھقانلار «قورۇقلاردىكى جامائەت يېرىنىڭ كىرىمىدىن بەھرىمەن بولۇش ھەمدە جامائەت يېرىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش»؛ «بارلىق دېھقانلار ئەركىنلىككە ئىگە بولۇش»؛ «بۈنىڭدىن كېيىن ئاھالىلەردىن ھەر قانداق شەكىلدە ئۆشرە يىغماسلىق»، شۇنىڭدەك پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققىنىڭ سوممىسىغا چەك قويۇش قاتارلىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مۇكەممەل بولمىغان، مۆتىدىل رەڭ پىروگرامما بولۇپ، ئۇنىڭدا فېئوداللىق يەر ئىگىدارلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە

دېھقانلارنىڭ يەرگە بېقىنىش مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، پەقەت كىچىك ئاقسۆڭەكلەر ۋە باي دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، روشەنكى، ئۇ كەڭ نامرات دېھقانلار بىلەن شەھەر نامراتلىرىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمايتتى. قوزغىلاڭچى نامراتلار تەبىقىسى: «لاپاس ـ قاشالارنى چۇۋۇپ تاشلاپ، خەندەك ـ ئېرىقلارنى تىندۇرۇپ، ھەر بىر ئادەمنى كوممۇنانىڭ ئوتلىقىدىن پايدىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش... ئەركىنلىك، باراۋەرلىكنى بارلىق ئادەملەرگە ئوخشاش قوللىنىش» نى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى قوزغىلاڭنىڭ كۆلىمىدىن قورقۇپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئالدامچىلىق قىلىش ۋە باستۇرۇش ئۆز ـ ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئەكسىلئىنقىلابىي ۋاسىتە ئارقىلىق تاقابىل تۇردى. بىر تەرەپتىن دېھقانلارنىڭ قىسمەن تەلەپلىرىگە يالغاندىن قوشۇلغان بولدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئەسكەر ئەۋەتىپ قوزغىلاڭچىلارغا ھۇجۇم قىلدى. دېھقانلار قوشۇنى ھۆكۈمەت قوشۇنىنى تارمار قىلدى ھەمدە 7 ـ ئايدا نورۋىچ شەھىرىنى ئىگىلىدى. بۇ چاغدا ئەنگلىيەنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىكى دېۋون ۋىلايىتى بىلەن كانخۋال ۋىلايىتىدىمۇ كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغانىدى. كېيىن رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار قوشۇنى ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى غەربىي جەنۇبتىكى قوزغىلاڭنى باستۇرغاندىن كېيىن، گراف ۋاۋىك 15 مىڭ كىشىلىك گېرمانىيە، ئىتالىيە ياللانما قوشۇنىنى باشلاپ، يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوراللىق كۈچلىرى بىلەن ماسلىشىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى نائىلاج نورۋىچتىن چېكىنىپ چىقتى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئىچكى زىددىيىتى ۋە پارچىلىنىپ بۆلۈنۈپ كېتىشى، شۇنىڭدەك دۈشمەننىڭ مۇنتىزىم قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىش تەجرىبىسى كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا

قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئۆزلىرىنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى بارگاھلىرىدىن خاتا ھالدا ۋاز كېچىپ دۇسۇندېر سېيىدا ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى، دۈشمەننىڭ ئاتلىق قوشۇنى رولىنى جارى قىلدۇردى، كېت جەڭ ئاخىرلاشماستىنلا جەڭ مەيدانىدىن قاچتى، نەتىجىدە قوزغىلاڭچىلار تامامەن مەغلۇپ بولدى. دېھقانلار قوشۇنى قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلدى، قۇربان بولغانلار 3500 گە يەتتى، كېت ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن دارغا ئېسىلدى.

گەرچە بۇ قېتىملىق قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ دېھقانلارنىڭ يەر ھوقۇقىنى قوراللىق كۈرەش ئۇسۇلى بويىچە قوغدىدى ھەمدە فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى، قوزغىلاڭنىڭ نەتىجىسىدە نورفولك ۋىلايىتى ئەتراپىدا ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان نۇرغۇن دېھقان ساقلىنىپ قالدى. ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان بۇ دېھقانلار كېيىنچە 17 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدە پارلامېنت قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچىگە ئايلاندى.

**تۇدور خاندانلىقىنىڭ مېركانتىلىزم سىياسىتى ۋە دىنىي ئىسلاھات**

تۇدور خاندانلىقى (1485 — 1603) يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ۋە بۇرژۇئازىلارنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ مۇستەبىت پادىشاھلىق ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويغان بولۇپ، ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ ھوقۇقى مىسلىسىز كۈچەيگەنىدى. ھېنرىي VII (1485 — 1509) كونا ئاقسۆڭەكلەرنى تېخىمۇ قاتتىق باستى، ئۇلارنىڭ نۆكەرلىرى ۋە قوراللىق مۇھاپىزەتچىلىرىنى تارقىتىۋەتتى، قەلئە ـ قورغانلىرىنى بۇزۇپ تۈپتۈز قىلىۋەتتى، يۇلتۇزلۇق زال سوتخانىسى تەسىس قىلىپ، مەخسۇس بويسۇنمىغان چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنى جازالىدى ھەمدە يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنى مەركەزدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپلەرگە ۋە يەرلىكنىڭ ئامانلىق ساقلاش

سوتچىلىقىغا تەيىنلىدى. ھېنرى VII مېركانتىلىزىم (سودىغا ئېتىبار بېرىش) سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ياۋروپادا رومىد-گەرلىك ھوقۇقىنى تالاشماستىن، سودا مەنپەئەتىنى كۆپەيتىشكە تىرىشتى. ئۇ سودا - سانائەتنى قوللىدى، دېڭىزدا سەپەر قىلىش ۋە كېمىسازلىق ئىشلىرىغا ئىلھام بەردى ۋە ئۇلارنى قوللىدى، 100 توننىلىقتىن ئارتۇق كېمىنىڭ ھەر توننىسىغا بەش شىللىڭ ياردەم قىلدى. يەنە ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ بۇرژۇئازلارنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۇلار ئارقىلىق دۆلەتنى قۇدرەت تاپتۇردى؛ يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ سۈپىتىنى قاتتىق نازارەت قىلىپ، چەت ئەللەردىكى بازىرىنى كېڭەيتتى. يەنە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى دۆلەتلەر بىلەن پايدىلىق سودا كېلىشىملىرىنى تۈزدى؛ ھانزا ئىتتىپاقىنىڭ سودىگەرلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىپ، ئۇلارنى ئەنگلىيەدىكى ئىمتىيازىدىن مەھرۇم قىلدى. بۇ مەزگىلدە ئەنگلىيە پارلامېنتى پائالىيىتىنى توختاتمايلا قالماي، ئەكسىچە رولىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. پارلامېنت پادىشاھنىڭ ئىرادىسى بويىچە پادىشاھنىڭ ھوقۇقى، يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ۋە بۇرژۇئازىيەگە پايدىلىق بولغان قانۇن لايىھەلىرىنى ماقۇللىدى، پارلامېنت ئەمەلىيەتتە پادىشاھنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق قورالىغا ئايلىنىپ قالدى.

16 - ئەسىردىكى دىنىي ئىسلاھات پادىشاھنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئەنگلىيەدە دىنىي ئىسلاھات يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتا ئېلىپ بېرىلدى، قارىماققا پاپا ھېنرى VIII نىڭ (1509 — 1547) نىكاھتىن ئاجرىشىش تەلىپىنى ئەستىقلاشنى كېچىكتۈرۈۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلانغان پادىشاھلىق ھاكىمىيەت رىم ئوردىسىنىڭ داۋاملىق ئەنگلىيەنىڭ سىياسىيسىغا ئارىلىشىشىغا سەۋر - تاقەت قىلالمايۋاتاتتى؛ يېڭى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بۇرژۇئازلار دىنىي جەمئىيەتنىڭ يەر - زېمىنلىرىنى ۋە بايلىقلىرىنى تارتىۋېلىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى؛ كۆندىن - كۈنگە

ئۆسـۈۋاتقان مـىللىي ئـاڭمۇ يـىراق رىمدىكى پاپا ئوردىـسىنىـڭ ئەنگلىيەنىڭ ئىچكى دىنىي ئىشلىرى ئۈستىدە قارار چىقىرىشىغا يول قويمايتتى. 1533 ـ يىلى ھېنرى Ⅷ رىم پاپاسى بىلەن ئـادا ـ جۇدا بولۇپ، ئـەنگلىـيە دىنى جـەمئىيـىتىنىـڭ پاپا ئـوردىسىـغا سىيلـىق تاپـشـۇرۇشىنـى چـەكلىـدى. 1534 ـ يـىلى ئـەنگلىـيە پارلامېنتى «ئەڭ ئالىي قانۇن لايىھەسىنـى ماقۇللاپ، پـادىشاھنـى ئەنگلىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ ئالىي باشلىقى، ئۇ دىنىي جەمئىيەتنىڭ ھەر خىل دىنىي خادىملىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلـەش ۋە دىـنـىي ئەقـىـدىلەرنى بـەلگىلـەش ھوقـۇقـىغا ئـىگـە، دەپ جاكارلـىـدى. دىنىـي سـوت پادىـشـاھ سـوتـىغـا ئـۆزگەرتـىلـدى. پادىشاھنىڭ ئەمەلدارلىرى مۇرىتلارنى سوتلايدىغان، بىدئەتلەرنـى باستۇرىدىغان بولدى. پـادىشاھنـىڭ ماقۇلـلۇقىدىـن ئۆتكۈزمـەي تۇرۇپ دىنىي جەمئىيەتنىڭ دىن يىغىنى چاقىرىپ، يېڭى دىنىي قانۇن ـ تۈزۈملـەرنى بېكـىتىشـىگە يول قـويۇلمايـدىغان بولـدى. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان دىـنىي قائىـدە ـ تۈزۈملـەرنى پادىشـاھ ۋەزىـپىگە تـەيىنلـىگەن «32 كـىشىلـىك كومىتېت» تەكشـۈرۈپ ماقۇللايدىغان، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ پەرمانلىرىغا توقۇنۇشۇپ قالغان ماددىلار بىردەك چىقىرىپ تاشلىنىدىغان بولـدى. ئەنگلـىيەدىكى دىنىي ئىسلاھات بەك تەلتۆكۈس بولۇپ كەتمىدى. ئۇنىڭدا پەقەت رىم پاپاسىنىڭ دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئالـىي رەھبەرلـىك نوپوزىـلا ئىنكار قىلىندى، پادىشاھ دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئالـىي داھىيسـى، پادىشاھ تەڭرىنىڭ ۋاكالەتچىسى دەپ قارىلىپ، ئـەنگلىـيە دىنىـي جەمـئىيـىتىنى رىـم ئوردىسـىنىڭ چاڭـگىلىـدىن قۇتـۇلـدۇرۇپ، مۇستەقىللىقنى ئىرىشتۈرۈپ، دۆلەت ئورگىنىنىڭ بىر قىسمىغـا ئايلاندۇردى. ئېپىـسكوپ تۈزۈمـى ۋە كاتولـىك دىنىنـىڭ مۇھىـم ئەقىـدىلىرى ۋە مـۇراسىملـىرى ئۆز پېـتى ساقـلاپ قـېلىـنـدى. ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىنكـى دىن ئەنگـلىيەنىڭ دۆلەت دىنـى، يەنـى ئەنگلـىكان دىنـى دەپ ئاتالدى، ئـىنگلىـز تىلـىدا ئىبـادەت قىلـىنىدىغان بولدى، چېركاۋ تـەۋەلـىكى مـەمـۇرىي رايونـلارغـا

www.uyghurkitap.com

ئاساسەن ئايرىلدى.

ئەنگلىيەدىكى دىنىي ئىسلاھات تۇدور خانىدانلىقىنىڭ مۇستەبىت پادىشاھلىق تۈزۈمىنى كۈچەيتىپلا قالماي، يېڭى بۇرژۇئازلار ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەرگىمۇ پايدىلىق بولدى. ھېنرى VIII 1536 — 1539 - يىللىرى 500 نەچچە چېركاۋ - موناستىرنى پېچەتلىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ بارلىق مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا 90 ئىلاھىيەت سېمىنارىيەسى ۋە 110 دىنىي جەمئىيەت دوختۇرخانىسىنىڭ خوجىلىق زېمىنىنىمۇ مۇسادىرە قىلىندى. پادىشاھ مۇسادىرە قىلىنغان يەر ۋە مۈلۈكلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزىنىڭ يېقىن ۋەزىرلىرىگە ھەدىيە قىلدى ياكى ئاقسۆڭەكلەر، ئوردا ئەمەلدارلىرى، ئىجارىكەش دېھقانچىلىق مەيدانى خوجايىنلىرى ۋە باي سودىگەرلەرگە ئەرزان باھادا سېتىپ بەردى. بۇ يېڭى يەر ئىگىدارلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يەرلىرىنى كاپىتالىستىك ئۇسۇلدا باشقۇراتتى.

ئەنگلىيەدىكى دىنىي ئىسلاھات ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پروتېستانت دىنى تەرەپدارلىرى بىلەن كاتولىك دىنى تەرەپدارلىرىدىن ئىبارەت ئىككى كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە سەۋەبچى بولدى. ئېدۋارد VI ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1547 — 1553) دە ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت دىنى كالۋىن مەزھىپىنىڭ بەزى تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، كاتولىك دىنىدىن تېخىمۇ يىراقلاشتى. ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان بەزى رايونلاردا كونا ئاقسۆڭەكلەر مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق ۋە دىنىي ئىسلاھاتتىن نارازى بولۇپ، كاتولىك دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. ئايال پادىشاھ مارىي دەۋرى (1553 — 1558) دىكى سىياسەتلەردە كاتولىك دىنى تەرەپدارلىرىدىن ئىبارەت كونا كۈچنىڭ سىياسىي خاھىشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. مارىي كاتولىك دىنىنىڭ تەقۋادار مۇرىتى بولۇپ، ئىسپانىيە پادىشاھى فىلىپ II گە ياتلىق بولغانىدى. ئۇ

سىرتقا قارىتا ئىسپانىيەگە يېقىنلىشىش سىياسىتىنى يولغا قويدى؛ ئىچكى قىسىمدا بىر مەھەل كاتولىك دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، پروتېستانت دىنى مۇرىتلىرىغا ياۋۇزلۇق بىلەن زىيانكەشلىك قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى، «بىدئەتلىك» جىنايىتى ئارتىلىپ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەر 300 دىن ئېشىپ كەتتى، شۇڭا ئۇ «قانخور مارىي» دەپ ئاتالدى. مارىي مانا مۇشۇنداق سىياسەتلىرى تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قېلىپ، تەختتە ئاران بەش يىل ئولتۇرالىدى، ئېلىزابېت I تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، دىنىي ئىسلاھات لايىھەسىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە پارلامېنت «39 ئەقىدە» نى تۈزۈپ، ئەنگلىيە دۆلەت دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى بەلگىلىدى، «ئىنجىل» نى ئېتىقادنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى قىلىپ، پاپانىڭ دىنىي جەمئىيەتكە قارىتا تەڭداشسىز ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى. ئەنگلىيە دۆلەت دىنى كاتولىك دىنى بىلەن پروتېستانت دىنىنىڭ ئارىلىقىدا تۇرىدىغان دىن بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەم پروتېستانت دىنىنىڭ «ئېتىقاد ئارقىلىق روھنى قۇتقۇزۇش» ئىدىيەسى ئېتىراپ قىلىنغان ھەم كاتولىك دىنىنىڭ ئېپىسكوپ تۈزۈمى ۋە بەزى دىنىي مۇراسىملىرى ساقلاپ قېلىنغان، شۇنىڭدەك ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئۆشرە ئېلىنغان، ئەمما ئۆشرىنى پادىشاھ يىغىۋالغان، خالاس. شۇڭلاشقا، ئەنگلىيە دۆلەت دىنى ئەمەلىيەتتە، ئەنگلىيە مۇستەبىت پادىشاھلىق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بىر سىياسىي قورالى ئىدى.

**ئەنگلىيە ۋە ئىسپانىيە ئۇرۇشى** ئەنگلىيە تاشقى سىياسەتتە ياۋروپانىڭ خەلقئارا سىياسىيدىكى كۈچلەر باراۋەرلىكىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇندى، فىرانسىيە ۋە ئىسپانىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ زىيادە كۈچىيىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلدى. ئىتالىيە ئۇرۇشىدا فىرانسىيە ئاجىزلاشتى. خابسبۇرگ

خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئىسپانىيە ياۋروپا بويىچە ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندى. 16 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەنگلىيە كاپىتالىستىك سودا ـ سانائىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، تاشقى سودىنى كېڭەيتىش، يېڭى بازارلارنى تېپىش، مۇستەملىكىلەرنى ئىشغال قىلىشقا بەكمۇ موھتاج بولدى، ئەمما دېڭىز زومىگەرى دەپ ئاتالغان ئىسپانىيە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلەر بىلەن قىلىنىدىغان سودىنى مونوپول قىلىۋالغان، ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا قىتئەلىرى ئارىسىدىكى دېڭىزنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغان بولغاچقا، ئەنگلىيەنىڭ سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىشىدا مۇھىم توسالغۇ بولۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنگلىيە بىلەن ئىسپانىيە ئوتتۇرىسىدا دىنىي ئىختىلاپ بار ئىدى، نەتىجىدە ئەنگلىيە بىلەن ئىسپانىيەنىڭ زىددىيىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئۆتكۈرلەشتى. ئەينى چاغدا ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ كۈچى يەنىلا ئاجىزراق بولۇپ، ئىسپانىيە بىلەن ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئېلىشىشقا پېتىنالمايتتى، شۇڭا ئۇ دېڭىز قاراقچىلىقى ۋە ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتنى قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئىسپانىيەنىڭ دېڭىز يولىدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى، ئىسپانىيەنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش بېسىلغان كېمىلىرىنى توسۇپ بۇلاپ، ئىسپانىيەنىڭ دېڭىزدىكى زورىمىگەرلىكىگە زەربە بەردى. ئىسپانىيەنىڭ بېقىندىسى نېدېرلاندىيەدە ئىنقىلاب پارتلىغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە ئىسپانىيەنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن، نېدېرلاندىيەنى قوللىدى. ئىسپانىيە بولسا دىپلوماتىيە ئەلچىلىرى ۋە جاسۇسلار ئارقىلىق ئەنگلىيەدە كاتولىك دىنى كۈچلىرى بىلەن قالدۇق فېئودال كۈچلەرنى يۆلەپ، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى تەشكىللىدى. 1586 ـ يىلى ئەنگلىيەدە ئىسپانىيە پىلانلىغان ئېلىزابېتنى قەتلى قىلىش چوڭ دېلوسى پاش قىلىندى، شوتلاندىيەنىڭ ئەنگلىيە تۈرمىسىدە قاماقلىق

سابىق ئايال پادىشاھ مارىي ستۇئارت[1] بۇ ئىشقا قول تىقتى. ئېلىزابېت مارىي ۋە باشقا سۇيىقەستچىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى. ئەنگلىيە بىلەن ئىسپانىيەنىڭ زىددىيىتى تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ، ئاشكارا قوراللىق توقۇنۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدىغان ۋەزىيەت پەيدا بولدى.

1588 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئىسپانىيە 20 نەچچە مىڭ ئەسكەر چۈشكەن، تەخمىنەن 3000 زەمبىرەك قاچىلانغان، ئاساسلىق ئېغىر تىپلىق 132 ئۇرۇش كېمىسىدىن تەركىب تاپقان «تەڭداشسىز فىلوت» نى ئەنگلىيەگە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى. ئەنگلىيە بولسا دراكېنىڭ قوماندانلىقىدا ھەم يېنىك، ھەم تېز سۈرئەتلىك 160 ئۇرۇش ۋە ترانسپورت كېمىسىدىن فىلوت تەشكىللەپ دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى دېكاسىدا ئىككى تەرەپنىڭ فىلوتى ئىنگلىز بوغۇزىدا ئۇچراشتى. ئىسپانىيە ئۇرۇش كېمىلىرىنىڭ گەۋدىسى چوڭ، ئېغىر، ھەرىكىتى چاققان ئەمەس ئىدى؛ ئەنگلىيە فىلوتى ئۇرۇش كېمىلىرىنىڭ يېنىك ھەم سۈرئىتى تېز بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسپانىيە فىلوتىنىڭ يان ۋە ئارقا تەرىپىدىن يالغۇز ئۇرۇش كېمىلىرى ۋە كىچىك كېمە ئەترەتلىرىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئىسپانىيە ئۇرۇش كېمىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يوقاتتى. ئىككى ھەپتىلىك دېڭىز ئۇرۇشى ئارقىلىق ئىسپانىيە فىلوتىنى تارمار قىلدى، ئىسپانىيەنىڭ قالدۇق ئۇرۇش كېمىلىرى بوران ـ چاپقۇننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ پۈتۈنلەي دېگۈدەك ھالاك بولدى. پەقەت 53 كېمىسى شىمالىي دېڭىزنى ئايلىنىپ شوتلاندىيە، ئېرلاندىيەلەر

① مارىي ستۇئارت كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، 1568 ـ يىلى شوتلاندىيەدە سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئۇنى كالۋىنچىلار تۇتماقچى بولغاندا، ئەنگلىيەگە قېچىپ كېتىپ، ئېلىزابېت تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان. ئەنگلىيەدىكى دىنىي ئىسلاھاتقا قارشى تۇرىدىغان كاتولىك دىنى مۇرىتلىرى ئىسپانىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئېلىزابېتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مارىينى تەختكە چىقىرىش قەستىدە بولغان.

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق ئىسپانىيەگە قايتىپ كەلدى. «تەڭداشسىز فىلوت» نىڭ مەغلۇبىيىتى ئىسپانىيەگە قاتتىق زەربە بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىسپانىيە خاراب بولدى، ئەنگلىيە دېڭىزدىكى كۈچلۈك دۈشمىنىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، دېڭىزدىكى زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تىكلىدى، مۇستەملىكىچى كۈچلىرى پەيدىنپەي ئامېرىكا قىتئەسىگە سىڭىپ كىردى.

**بۇرژۇئازىيەنىڭ مۇستەبىتلىك تۈزۈمگە قارشى كۈرىشىنىڭ باشلىنىشى** تيۇدور خانىدانلىقى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ كۈچى ئانچە قۇدرەتلىك ئەمەس بولۇپ، مۇستەبىت پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنىڭ قوللىشىغا موھتاج ئىدى. لېكىن 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ كۈچى ئۆلغىيىپ مۇئەييەن دەرىجىگە يەتكەندە، ئۇلار ئىلگىرىكىدەك پادىشاھلىق ھاكىمىيەتكە تايىنىش تۇرماق، مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ئىقتىسادنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توسالغۇ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئېلىزابىت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بۇرژۇئازىيەنىڭ پادىشاھلىق ھاكىمىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيەسى ھىمايە قىلىشتىن بارا ـ بارا بايقۇت قىلىش ۋە قارشى چىقىشقا ئۆزگەردى.

بۇرژۇئازىيە بىلەن مۇستەبىت پادىشاھلىق ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يامانلىشىشى تاۋارنى مونوپول قىلىپ سېتىش ھوقۇقى مەسىلىسىدە گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. ئايال پادىشاھ ئېلىزابىت كۆپ نەپ تېگىدىغان بەزى تاۋارلارنى مونوپول قىلىپ سېتىش ھوقۇقىنى ھەمىشە ئوردا ۋەزىرلىرى ۋە يېقىن ـ يورۇقلىرىغا بېرىپ، كۆپ ساندىكى كاپىتالىستلار ۋە سودىگەرلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان سالدى. 1597 ـ يىلى پارلامېنت ئايال پادىشاھقا ئېتىراز بىلدۈرگەن بولسىمۇ نەتىجىسى بولمىدى. 1601 ـ يىلى پارلامېنت يەنە بىر قېتىم ئېتىراز بىلدۈرۈپ، مونوپول قىلىپ سېتىش تۈزۈمىنى قاتتىق

سۈكـتى، بۇ لونـدون شەھـرىـدىكى ئاھـالىـلەرنـىڭ قولـلـىشـىغا ئېرىـشتى. ئايـال پادىشاھ ۋەزىـيـەتنـىـڭ قىستـىـشى تۈپـەيلىـدىـن، پارلامېنتنىڭ ئىچى ۋە سىرتـىـدىكى نارازىلىقـلارنى تىنـچىتىـش ئۈچۈن، نـائىـلاج مونـوپـول قـىلـىـپ سېتـىـش ھـوقۇقـىـنـى توختاتقانلىقىنى جاكارلىدى.

بۇرژۇئازىيە ئايال پادىشاھنىڭ دىنىي سىياسىتىدىنمۇ نارازى ئىدى. ئۇلار كالۋىن مەزھىپىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت دىنىنى تەلتۆكۈس ئىسلاھ قىلىشنى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كاتـولىك دىنـىـنىڭ قـالدۇقلـىـرىنى تـازىـلاشنى، پـادىـشاھلـىـق ھوقـۇقـىنىڭ كـونـتـرولـلـۇقـىـدىن قـۇتـۇلۇشنـى تـەلەپ قىـلـدى، شـۇڭلاشقا ئـۇلار «پورىتـانـلار» دەپ ئاتالـدى. 16 ـ ئـەسىرنىـڭ ئاخىرلىرىدا پورىتانلار ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى؛ بىرى، ئاقساقاللار مـەزھىپـى دەپ ئـاتالدى، ئـۇ چـوڭ بۇرژۇئازىـيـە ۋە قىسمەن ئاقسۆڭەكلـەرنىڭ مەنـپەئەتـىگە ۋەكـىلـلـىك قـىلـىدىغـان مۆتـىدىللەر مـەزھىپى بـولۇپ، مۆتىـدىللەر ئـەنگلـىيەدە كالۋىـن دىنىي جەمـئىـيىتىـگە ئوخشـايدىغان دىـنىي جەمـئىيەت قـۇرۇپ، دىـنىي جەمـئىيەت تـەشكـىلاتـلىرىـنـى ئاقسـاقـاللار باشـقـۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە بىرى، مۇستـەقىل مەزھـەپ دەپ ئاتالدى، بۇ مەزھەپ ئوتتۇرا ـ ئۇششاق بۇرژۇئازىيە، ئوتتۇرا ـ ئـۇشـشـاق يېـڭـى ئاقسـۆڭـەكلەر ۋە قـىـسمەن دېـھـقانـلارنـىـڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان رادىكاللاردىن تەركـىب تاپقـان بولۇپ، ئۇلار دىنىي جەمئىيەتنىڭ دۆلەتكە قارام بولۇشىغا قارشى تۇرۇپ، ھەر قايسى چېركـاۋ تەۋەسىدىكى دىنـىي جەمئىـيەتنـىـڭ پۈتۈنلـەي مۇستەقىـل بولۇشـىنى، مۇرىـتلار ئۆزـى ئـۆز ئالدىـغا باشقۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

پۇرىتـانلارنىڭ تـەشەببۇسـى بىلـەن ئـەنگلـىـيە دۆلەت دىـنـى ئـوتتۇرىـسـىدا توقـۇنـۇش يۈز بەردى. ئـېـلىزابـىـت ھـۆكۈمـىـتـى فېـئـودالـلـىق ھـۆكۈمرانـلـىقـىـنـى ساقـلاپ قـېـلـىـش ئـۈچـۈن، پۇرىتانـلارغا ۋەھشـيـلەرچە زىـيانكـەشلـىك قـىـلدى. ستـيۇئـارت

خاندانلىقىغىچە پادىشاھلىق ھوقۇقىنى ئىلاھ بەرگەنلىكىنى، پادىشاھنىڭ ھوقۇقى چەكسىز ئىكەنلىكىنى ھەدەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، پادىشاھلىق ھوقۇقىنى قانۇن ۋە پارلامېنتتىن ئۈستۈن قويۇپ، پۈرىتانلارغا تېخىمۇ قاتتىق زىيانكەشلىك قىلدى. مۇستەبىت پادىشاھلىق ھاكىمىيەت كۈندىن ـ كۈنگە ئەكسىيەتچىلەشتى. بىراق، پۈرىتانلارنىڭ تەسىرى داۋاملىق كېڭەيدى ھەمدە دىنىي كۈرەش بىلەن سىياسىي كۈرەش بىرلىشىپ كەتتى. 17 ـ ئەسىرنىڭ 40 يىللىرى ئاخىر پۈرىتانلار بايرىقى ئاستىدا فېئوداللىزمغا ۋە مۇستەبىت تۈزۈمگە قارشى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى پارتلىدى.

## 2 ـ بۆلۈم فىرانسىيەدىكى فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈم

**16 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى فىرانسىيەنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر** 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا فىرانسىيەنىڭ سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە كېلىشى تاماملىنىپ، سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۈكسىلىشىگە پايدىلىق ۋەزىيەت ھازىرلاندى. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فىرانسىيەنىڭ نوپۇسى 15 مىليون بولۇپ، پارىژ ياۋروپا بويىچە 300 مىڭ ئاھالىسى بار ئەڭ چوڭ شەھەر بولۇپ قالدى. ئەينى چاغدا فىرانسىيەنىڭ ئىقتىسادى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، يۇڭ توقۇمىچىلىق، توقۇمىچىلىق، مەتبەئە، ئەينەكچىلىك، كۆلالچىلىق قاتارلىق كەسىپلەردە كاپىتالىستىك قول سانائەت ئىشخانىلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. نورماندىيە، پىكاردى، پوئىتو، لانگۇئېدوك قاتارلىق جايلاردا يۇڭ توقۇمىچىلىق قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. بىرىتتانى،

ماينىلارنىڭ چىگە توقۇمىچىلىقى، لىئون، تۇرسلارنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىقى ناھايىتى تەرەققىي قىلدى. 1520 ــ يىلى لىئوننىڭ نوپۇسى 70 مىڭغا يېقىنلاشتى، 1536 ــ يىلىغا كەلگەندە لىئوننىڭ يىپەك توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ سانى 12مىڭغا يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، پارىژدا پەرداز بۇيۇملىرى ۋە جاۋاھىراتچىلىق، پارىژ، لىئون ۋە بوردېئاۋكس قاتارلىق شەھەرلەردە مەتبەئەچىلىكمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلدى. 16 ــ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پارىژدا 800 نەپەر مەتبەئە ئىشچىسى ۋە كىتاب سودىگىرى بار ئىدى. فىرانسىيەدە ياسالغان زەمبىرەك ياۋروپا بويىچە ئېتىراپ قىلىنغان ئەڭ ياخشى زەمبىرەك ھېسابلىناتتى. كان قېزىش، زەمبىرەك قۇيۇش، پوروخ ئىشلەپچىقىرىش، قەغەزچىلىك ۋە كىتاب بېسىش قاتارلىق تارماقلاردىكى ئىشخانىلارنىڭ كۆپىنچىسى مەركەزلەشكەن قول سانائەت ئىشخانىلىرى ئىدى. كاناپ توقۇمىچىلىق كەسپى بىلەن گۈللۈك جىيەك توقۇش كەسپى ئادەتتە تارقاق قول سانائەت ئىشخانىلىرى شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئەمما تارقاق قول سانائەت ئىشخانىلىرى بىلەن مەركەزلەشكەن قول سانائەت ئۇستىخانىلىرى ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇلگەن ئەھۋال كۆپ ئۇچرايتتى. مەسىلەن، يۇڭ توقۇلما ئىشلەپچىقىرىش كەسپىدە يۇڭ توقۇلما سودىگىرى قوي يۇڭىنى ئائىلىسىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارغا توقۇشقا تەقسىم قىلىپ بېرەتتى. يۇڭ توقۇلمىلارنى پاتلاش، بوياش ۋە ئاخىرقى پىششىقلاپ ئىشلەش يۇڭ توقۇلما سودىگىرىنىڭ ئىشخانىسىدا ئىشلىنەتتى. شۇڭلاشقا، بىر كارخانىنىڭ غوجايىنى ھەم سېتىشنى كۆتۈرە ئالغان سودىگەر، ھەم مەركەزلەشكەن قول سانائەت ئىشخانىسىنىڭ غوجايىنى ھېسابلىناتتى.

فىرانسىيەدە ئىچكى سودا بىلەن تاشقى سودىمۇ ناھايىتى روناق تاپقانىدى. ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى مۇھىم پورت ــ مارسېلنىڭ ئىسپانىيە، ئىتالىيە، ئافرىقا ۋە غەربىي ئاسىيا

ئەتراپلىرى بىلەن قويۇق سودا ئالاقىسى بار ئىدى. يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئاتلانتىك ئوكيان قىرغىقىدىكى بوردېئاۋكس، راروچېللى، نانتېس قاتارلىق دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەمۇ بارا - بارا روناق تېپىپ، يېڭى تاشقى سودا پورتلىرىغا ئايلىنىپ، كانادا ۋە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى.

فىرانسىيەنىڭ ئەنگلىيەدىن ئاساسلىق پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، كاپىتالىستىك تەركىبلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە سىڭىپ كىرىشى ئىنتايىن ئاستا، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆلىمى بەك كىچىك ئىدى. تېرىلغۇ يەرلەرنى ئوتلاققا ئايلاندۇرۇش ۋە دېھقانلارنى زورلۇق بىلەن يۇرت - ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىش ھادىسىلىرى بۇ مەزگىلدە فىرانسىيەدە بىر قەدەر ئاز ئۇچرايتتى.

فىرانسىيەدە ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 90 % ى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىناتتى، فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلى يەنىلا ئاساسلىق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. دېھقانلارنىڭ ئەمگىكى دۆلەتنىڭ بايلىقى ۋە ھۆكۈمران سىنىپلار كىرىمىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ئىدى. ئەمما كاپىتالىزم ئامىللىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، فىرانسىيەدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەردىمۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى.

15 - ئەسىردىلا فېئوداللىق قورۇقلارنى ناھايىتى ئاز ساندىكى ئاقسۆڭەكلەر ئۆزى باشقۇراتتى، كۆپ ساندىكى ئاقسۆڭەكلەر قورۇقتىكى يەرلىرىنى دېھقانلارنىڭ تېرىشىغا ئىجارىگە بېرىپ، ئىجارە ھەققىگە دېھقانلاردىن پۇل ئالاتتى. شۇڭا، فىرانسىيەدىكى زور كۆپچىلىك دېھقانلار مىراسلىق ئىجارىكەش دېھقانلارغا ئايلانغانىدى. ئۇلار جىسمانىي جەھەتتە ھۆر بولۇپ، ئىجارىگە ئالغان يېرى ئۈچۈن زېمىندارغا ئىجارە ھەققى ئورنىدا پۇل تاپشۇرغان ۋە ھەقسىز ئىشلەپ بەرگەندىن سىرت، يەنە دۆلەتكە تۈز بېجى، نوپۇس بېجى ۋە جان بېجى،



www.uyghurkitap.com

دىنىي جەمئىيەتكە ئۆشرە تاپشۇراتتى. جازانىخور سودىگەرلەرمۇ دېھقانلارنى ياۋۇزلارچە شىلىۋالاتتى. شۇڭا، فرانسىيە دېھقانلىرىنىڭ يەردىن مەھرۇم بولۇش جەريانى ھەمىشە ئالدى بىلەن ئىجارە ھەققى زىيادە ئېغىر بولۇش تۈپەيلىدىن ۋەيران بولۇش، ئاندىن قەرزنى قايتۇرۇشقا قۇربى يەتمەي يەرلىرىنى سېتىشتىن باشلىناتتى. ۋەيران بولغان دېھقانلار ياكى شەھەرلەرگە كىرىپ ئەمگەك كۈچىنى ساتاتتى ياكى نائىلاج خەۋپكە تەۋەككۇل قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قارشىلىق كۆرسىتىپ كۈرەش قىلاتتى.

ئاقسۆڭەكلەردىمۇ يەرلىرىنى سېتىۋېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەنىدى. ئۇلار ئۆز سىنىپىنىڭ ئىقتىسادى زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكتىن يەرلىرىنى ساتقانىدى. مىراسلىق ئىجارىكەش دېھقانلارنىڭ پۇل بىلەن تۆلەيدىغان ئىجارە ھەققى مۇقىم بولسىمۇ، لېكىن «باھا ئىنقىلابى» تۈپەيلىدىن، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققىدىن قىلىدىغان ئەمەلىي كىرىمى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. نۇرغۇن ئاقسۆڭەكلەر قەرزگە بوغۇلۇپ قالغاچقا، يەرلىرىنى ساتقانىدى.

ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەرلىرى ۋە ئىجارە ھەققىنى يىغىش ھوقۇقىنى شەھەردىكى دۆلەتمەنلەر (ئالايلۇق، چوڭ سودىگەرلەر، جازانىخورلار، كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى غوجايىنلار) ۋە بيۇروكرات ئاقسۆڭەكلەر سېتىۋالاتتى. ۋەيران بولغان دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنىمۇ يەنە شۇلار سېتىۋالاتتى. ئۇلار سېتىۋالغان يەرلىرىنى كۆپىنچە ئەھۋالدا كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈپ دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرەتتى. بۇنداق كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ئىجارىگە بېرىلگەن يەرلەردىن ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئىجارە ھەققى ئېلىناتتى. بىر خىلدا پۇل ئېلىناتتى، يەنە بىر خىلدا بولسا ئىجارە ھەققى پىرسەنتلەشتۈرۈش تۈزۈمى بويىچە ئېلىناتتى. پىرسەنتلەشتۈرۈش تۈزۈمى بويىچە ئېلىنىدىغان ئىجارە ھەققى كەڭ ئومۇملاشقانىدى. پىرسەنتلەشتۈرۈش تۈزۈمى

بويىچە يەر ئىگىسى بىلەن ئىجارىگە ئالغۇچى دېھقان مۇئەييەن نىسبەت بويىچە تېرىلغۇ ئۇلىغى، دېھقانچىلىق سايمىنى، ئۇرۇق قاتارلىقلارنى چىقىراتتى، ھوسۇل بىلەن ياش ماللارنىمۇ مۇئەييەن نىسبەتتە (ئىككىدىن بىر ياكى ئۈچتىن بىر) بۆلۈشۈۋالاتتى. ماركس بۇنداق يەر ئىجارە شەكلىنى كاپىتالىستىك يەر ئىجارىسىگە ئۆتۈۋاتقان بىر خىل يەر ئىجارە شەكلى دېگەن①.

16 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، فىرانسىيە ئاقسۆڭەكلىرى تەرىقىچىلىك قىلىپ دەۋران سۈرىدىغان كۈچىدىن مەھرۇم بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتە يەنىلا مەركەز ۋە ئورىدا يىغىنىنى كونترول قىلىش، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيەسىگە قوماندانلىق قىلىش، يەرلىكتە ئۆلكە باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەش قاتارلىق ھەر خىل ئىمتىيازلارغا ئىگە ئىدى. ئۇلار پادىشاھتىن يۇقىرى مەنسەپ، كۆپ مائاش ۋە شاپائەتلەرگە ئېرىشىشكە ئۇرۇناتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پادىشاھقا قۇللارچە باش ئېگىپ ۋە خۇشامەت قىلىپ، ئوردىدا ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى، سىياسىي جەھەتتە پادىشاھلىق ھوقۇقىغا بويسۇناتتى. ئەلۋەتتە، فىرانسىيە پادىشاھىنىڭ بۇيرۇقىغا ھەممە ئاقسۆڭەكلەر ئىتائەت قىلىپ كەتمەيتتى، يەرلىكتە ئەنئەنىۋى تەسىرى بار بەزى چوڭ فېئوداللار يەنىلا پادىشاھلىق ھوقۇق بىلەن قارشىلىشىشقا ئۇرۇناتتى. يەرلىكتىكى ئوتتۇرا ئۇششاق ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيران بولغان بولۇپ، ئۇلار ياكى پادىشاھنىڭ يالالىما قوشۇنىغا قاتنىشاتتى، ياكى يەرلىكتىكى تەسىرى كۈچلۈك ئاقسۆڭەكلەردىن پاناھلىق ئىزدەيتتى، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇلار ئۇچۇن خىزمەت قىلىپ، ئۆزىنى بېقىپ تەمىناقچى بولاتتى، شۇڭا ئۇلار «شەمشەرلىك ئاقسۆڭەكلەر» دەپ ئاتالدى.

---

① «كاپىتال»، خەلق نەشرىياتى 1975 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 3 ـ توم، 905 ـ بەتكە قاراڭ.

فىرانسىيە دىنىي جەمئىيىتى تېرىلغۇ يەرنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ كىرىمى دۆلەت خام چوتىنىڭ بەشتىن ئىككى قىسمىغا① توغرا كەلسىمۇ، دۆلەتكە ھېچقانداق باج ـ سېلىق تاپشۇرماسلىق ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولاتتى. دىنىي جەمئىيەت قۇدرەتلىك پادىشاھلىق ھاكىمىيەتكە تايىنىپ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلىسا، پادىشاھلىق ھاكىمىيەت دىنىي جەمئىيەتنى فېئودال ھۆكۈمرانلىقنىڭ مۇھىم تايانچىسى سۈپىتىدە پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدايتتى ھەمدە ئۇنى پاپا ئوردىسىنىڭ تىزگىنىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. 1516 ـ يىلى فىرانسىيە پادىشاھى پاپاغا قارشى كۈرەشتە غەلىبە قازاندى، پولىنىيە شەرتنامىسىدە فىرانسىيەنىڭ باش ئېپىسكوپى، ئېپىسكوپى قاتارلىق دىنىي مەنسەپدارلارنى پادىشاھ تەيىنلەيدىغانلىقى، فىرانسىيە دىنىي جەمئىيىتى كىرىمىنىڭ كۆپ قىسمى پادىشاھقا تاپشۇرۇلىدىغانلىقى بەلگىلەندى، ئەمەلىيەتتە، پادىشاھ دىنىي جەمئىيەتنىڭ باشلىقى بولدى. شۇڭلاشقا، دىنىي جەمئىيەتمۇ پادىشاھلىق ھوقۇقىنىڭ قورالى بولۇپ قالدى.

بۇرژۇئازىيەنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ رولىنىڭ كۈچىيىشى فىرانسىيە جەمئىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. فىرانسىيە بۇرژۇئازلىرى خېلى بۇرۇنلا پادىشاھ بىلەن ئىناق مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى. 16 ـ ئەسىردە ئۇلار ھەممىشە دۆلەتنىڭ قەرزىنى سېتىۋېلىش، باج يىغىشنى ھۆددىگە ئېلىش، مەنسەپ سېتىۋېلىش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق خەلقنى بولۇشچە شىلىۋېلىپ نۇرغۇن بايلىق توپلىۋالغانىدى، مانا بۇ فىرانسىيەنىڭ ئىپتىدائىي كاپىتال جۇغلانمىسىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىدۇر. دۆلەتمەن بۇرژۇئازلار يەنە ۋەيران بولغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۇنۋانى ۋە مال ـ مۈلكىنى سېتىۋېلىپ،

① پولىئونسكى: «چەت ئەللەرنىڭ ئىقتىساد تارىخى (كاپىتالىزم قىسمى)»، 482 ـ بەت، سەنلىين كىتابخانىسى 1958 ـ يىلى.

ئاقسۆڭەكلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇلار «تونلۇق ئاقسۆڭەكلەر» دەپ ئاتىلىپ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى، ئۇلار ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتە پادىشاھلىق ھاكىمىيەت بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغاچقا، ئاكتىپلىق بىلەن پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنىڭ كۈچىيىشىنى قوللىدى.

كاپىتالنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلىنىشى جەريانىدا، قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ ئىشچىلىرى بىلەن مەدىكارلار ئىنتايىن ئېغىر ئازاب چەكتى. ئەينى زاماندا، ئىشچىلارنىڭ ئەمگىكى ناھايىتى زور مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى، ئەمگەك ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپلا قالماي، ئەمگەك شارائىتى ناچار ئىدى، ئىشچىلار قائىدە ـ نىزاملارغا سەل ـ لا خىلاپلىق قىلسا خوجايىنلارنىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرايتتى. «باھا ئىنقىلابى» تۈپەيلىدىن ئىشچىلارنىڭ ئەمەلىي ئىش ھەققى تۆۋەنلەپ، ھال ـ ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلاشتى. ھۆكۈمەت قانۇن ئېلان قىلىپ، ئىشچىلارنى تۆۋەن ئىش ھەققىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئومۇمەن، ئىشسىز سەرگەردانلار ۋە ياللىنىشنى رەت قىلغانلار قاماقتا تاشلىنىش، ئېغىر ئىشلارغا سېلىنىش جازاسىغا تارتىلاتتى. ئىشچىلارنىڭ تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇشى، ئىش تاشلىشى ۋە قورال ـ ياراغ ئېلىپ يۇرۇشىمۇ مەنئىي قىلىنغانىدى. ئىشخانا غوجايىنلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ۋە دۆلەتنىڭ ئېزىشى ئىشچىلارنى كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىش روھىغا ئىگە قىلدى. ئىشچىلار قېرىنداشلار جەمئىيىتى قۇرۇپ ئىش تاشلاش كۈرىشى ئېلىپ باردى. 1539 ـ يىلىدىن 1541 ـ يىلىغىچە پارىژ بىلەن لىئوندا مەتبەئە ئىشچىلىرى كۆپ قېتىم چوڭ ئىش تاشلاپ، ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش، ئىش كۈنىنى قىسقارتىشنى تەلەپ قىلدى. قوراللىق ئىشچىلار ئاممىسى ئىشخانا غوجايىنلىرى، ساقچىلار ۋە ئەمەلدارلارغا قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدى. 1548 ـ يىلى بوردېئاۋكىسنى مەركەز قىلغان غەربىي جەنۇب رايونىدىكى

شەھەر ـ يېزا خەلقى باجگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋاكالەتچىلىرىگە قارشى كۆرەشنى قوزغىدى، قوزغىلاڭچى ئامما «تۇز بېجى سودىگەرلىرىنى ئۆلتۈرەيلى» دەپ توۋلىدى، تۇتۇۋالغان باش ۋالىي بىلەن باجگىرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى، بوردېئاۋكس شەھىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنىمۇ قوزغىلاڭچى ئامما بىر مەزگىل ئىگىلىۋالدى.

**مۇستەبىت پادىشاھلىق تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە ئىتالىيە ئۇرۇشى** شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە ۋە كاپىتالىنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلىنىشى جەريانىدىكى ياۋۇزلارچە تالان ـ تاراجغا قارشى كۈرىشى ئۈزۈكسىز يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. فېئودال ئاقسۆڭەكلەر قۇدرەتلىك پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئىمتىيازلىرىنى قوغداشقا موھتاج بولغان بولسا، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازلارمۇ ئاقسۆڭەكلەرنى تىزگىنلەش، خەلقنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، قۇدرەتلىك پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى ھىمايە قىلاتتى. ئەمما، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر بىلەن يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازلارنىڭ مەنپەئەتى بىر ـ بىرىگە زىت بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ كۈرىشىدە ھېچقايسى تەرەپ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلمىدى. ۋاھالەنكى، پادىشاھ ئىككى تەرەپنى تىزگىنلەپ، ھامان ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇردى. شۇنىڭ بىلەن فىرانسىيەدە مۇستەبىت پادىشاھلىق تۈزۈم راۋاجلاندى. فىرانسىيە پادىشاھى فىرانسىس I (1515 — 1547) نىڭ دەۋرىدە، مۇستەبىت تۈزۈم كۆرۈنەرلىك ھالدا كۈچەيدى، پادىشاھ بارلىق چوڭ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، مۇتلەق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. فىرانسىيە قانۇنشۇناسلىرى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا: «پادىشاھنىڭ ھوقۇقى ھەر قانداق ئادەم ۋە ھەر قانداق شەيئىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ» دەپ جاكارلىدى. پادىشاھ ئېلان قىلغان يارلىقلىرىنى ھەمىشە «مانا بۇ مېنىڭ

ئىرادەم» دېگەن سۆز بىلەن ئاخىرلاشتۇراتتى، بۇ پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويسۇنۇش زۆرۈر بولغان قانۇنغا ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىراق، فىرانسىيەدە مۇستەبىت پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى ئەگرى ـ توقايراق بولدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يۈز بەرگەن ئىتالىيە ئۇرۇشى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا يۈز بېرىپ ئۇزۇنغا سوزۇلغان فېئوداللىق ئىچكى ئۇرۇش پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى تەۋرىتىۋەتتى.

ئىتالىيە ئىقتىسادىي بايلىقى مول ۋە سىياسىي جەھەتتە چاك ـ چېكىدىن پارچىلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، غەربىي ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر تالىشىدىغان ئوبيېكتقا ئايلىنىپ قالغانىدى. فىرانسىيە ھۆكۈمرانلىرى فىرانسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزدىكى سودا ئورنىنى مۇستەھكەملەش، فىرانسىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئورنىدا يەر ـ زېمىنغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئۇزۇنغىچە ئىتالىيەگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ باردى (1494 — 1559)، لېكىن فىرانسىيە ئىتالىيەگە لەشكەر تارتقاندىن باشلاپ، ئىسپانىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىسپانىيە بىلەن گېرمانىيە ئىمپېراتور چارلېز V نىڭ ھۆكۈمرانلىق تۇغى ئاستىغا جەم بولدى، چارلىز V نىڭ غايەت زور زېمىنى ۋە تاجاۋۇزچىلىق قارا نىيىتى فىرانسىيەنىڭ مۇستەقىللىقىغا تەھدىت سالدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. 1525 ـ يىلى فرانسىس I باۋىيەدىكى جەڭدە يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، ئىتالىيەدە ئىگىلىۋالغان بارلىق زېمىنىدىن مەھرۇم بولدى ھەمدە نۇرغۇن بايلىق سەرپ قىلىپ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى ئاران قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش بەزىدە كۈچىيىپ، بەزىدە پەسەيدى، فرانسىس I ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى

ھېنرى II (1547 — 1559) ئىسپانىيە بىلەن كاتو ـ كامبرېژ سۈلھى شەرتنامىسىنى تۈزۈپ، كالاي پورتىنى قايتۇرۇۋېلىش، لوررېندىكى مېتز ۋە تووۋر، ۋېردۇن شەھەرلىرىنى ساقلاپ قېلىش بەدىلىگە ئىتالىيەدىكى زېمىن تەلىپىدىن ۋاز كەچتى. ئىتالىيەگە قارىتا ئۇزۇلدۇرمەي ئېلىپ بېرىلغان 65 يىللىق ئۇرۇشتا فىرانسىيەنىڭ نۇرغۇن ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچى سەرپ قىلىنىپ، فىرانسىيە پادىشاھلىق ھاكىمىيىتى تەۋرىنىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى جايلاردىكى چوڭ ئاقسۆڭەكلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ھاكىمىيەت تالىشىشتىن ئىبارەت بىر مەيدان فېئوداللىق ئىچكى نىزا ئەۋج ئالدى.

**دىنىي ئىسلاھات ۋە خۇگېنو ئۇرۇشى** 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دىنىي ئىسلاھات ئىدىيەسى فىرانسىيەدىمۇ تارقىلىشقا باشلىدى، فىرانسىيەدە ئالدى بىلەن لۇتېر مەزھىپى تارقالدى، ئارقىدىنلا كالۋىن مەزھىپى ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىپ كېلىپ تېخىمۇ كەڭ تارقالدى. فىرانسىيەنىڭ شەھەر ئاھالىلىرى ۋە يېزىلاردىكى نامرات دېھقانلار دىنىي ئىسلاھ قىلىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. نۇرغۇن شەھەرلەردە كالۋىن مەزھىپىنىڭ تەشكىلاتلىرى بەس ـ بەستە بارلىققا كەلدى. بۇ تەشكىلاتلارغا شۇ يەرلىك بۇرژۇئا ئەربابلىرى رەھبەرلىك قىلدى. 1516 ـ يىلى فىرانسىيە رىم پاپاسى بىلەن پولېنىيە شەرتنامىسىنى تۈزدى، فىرانسىيە كاتولىك دىنى جەمئىيىتى فىرانسىيە پادىشاھىغا قارايدىغان بولدى، فىرانسىيە كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنى قوللىغانلىق پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى قوللىغانلىقتىن دېرەك بېرەتتى. ئەمما، ئەينى چاغدا فىرانسىيە پادىشاھى فرانسىس I بىلەن گېرمانىيە ئىمپېراتورى چارلىز V ئۇرۇش قىلىۋاتقان بولۇپ، فىرانسىيە پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان گېرمانىيە كىنەزلىرىنىڭ قوللىشىغا موھتاج بولغانلىقى ئۈچۈن، پروتېستانت دىنىغا قارىتا سەۋر ـ تاقەت قىلىش

پوزىتسىيەسىنى قوللاندى. كېيىن ئۇ پروتېستانت دىنىنىڭ تارقىلىشى پادىشاھلىق ھاكىمىيەتكە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، پروتېستانت دىنى مۇرىتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى. 1540 - يىلى «بىدئەتلەرنى جازالاش نىزامنامىسى» ئېلان قىلىندى، 1549 - يىلى مەخسۇس كالۋىن مەزھىپى مۇرىتلىرىنى جازالايدىغان سوت — «يالقۇن سوتى» تەسىس قىلىندى. ئۈچ يىل ئىچىدە 500 دىن ئارتۇق ئادەمگە جازا ھۆكۈم قىلىنىپ، بۇنىڭ ئىچىدە 60 ئادەم ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. بىراق، پروتېستانت دىنى مۇرىتلىرىنىڭ سانى ئازايماستىن داۋاملىق كۆپەيدى. 1559 - يىلى فىرانسىيەدە پروتېستانت دىنىنىڭ 40 چېركاۋى، 2150 گۇرۇپپىسى بار ئىدى. فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدا شەھەر ئاھالىلىرى، دېھقانلار ۋە ئوتتۇرا - كىچىك زېمىندارلار كالۋىن مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىپلا قالماي، 40 - يىللار، بولۇپمۇ 50 - يىللاردىن كېيىن نۇرغۇن چوڭ ئاقسۆڭەكلەرمۇ كالۋىن مەزھىپىگە كىردى. فىرانسىيەنىڭ پروتېستانت دىنىغا كىرگەن ئاقسۆڭەكلىرى فىرانسىيە - ئىتالىيە ئۇرۇشىدا فىرانسىيە پادىشاھى مەغلۇپ بولۇپ، پادىشاھلىق ھاكىمىيەت زاۋال تاپقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، گېرمانىيەلىك پروتېستانت دىنىغا كىرگەن كىنەزلەرنى دوراپ، فىرانسىيەدە دىني جەمئىيەتنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، زېمىن بۆلۈۋېلىپ دەۋران سۈرۈپ، پادىشاھلىق ھاكىمىيەت بىلەن قارشىلىشىشقا ئۆرۈندى. كالۋىن مەزھىپىگە كىرگەن فىرانسىيەدىكى بۇ چوڭ ئاقسۆڭەكلەر «خۇگېنو ئاقسۆڭەكلىرى»① دەپ ئاتالدى.

خۇگېنو ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن پادىشاھ، كاتولىك دىنىغا

---

① «خۇگېنو» دېگەن بۇ نام نېمىسچە «Eidgenossen» دېگەن سۆزدىن كەلگەن، ئۇ «قەسەم قىلىپ بىرلەشكەن ئىتتىپاقداشلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئەسلىدە جەنۇەندىكى كالۋىنىنىڭ دىني ئىسلاھاتىنى ھىمايە قىلغۇچى شۋېتسارىيەلىكلەرنىڭ ئاتىلىشى ئىدى.

ئېتىقاد قىلغۇچى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشىدە بىر - بىرىگە دۈشمەن ئىككى گۇرۇھ شەكىللەندى؛ بىرى، شەرقىي شىماللىق ئاقسۆڭەك گېرتسوگ گىيسې باشچىلىقىدىكى كاتولىك دىنى گۇرۇھى، يەنە بىرى، فىرانسىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئاقسۆڭەك بوربون جەمەتىلىك ئانتون (ناۋاررې پادىشاھى) ۋە دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى كورىن قاتارلىق كىشىلەر باشچىلىقىدىكى خۇگېنوچىلار ئىدى. 1562 - يىلى 3 - ئايدا، گىيسې ھەمراھلىرى بىلەن ۋاسسې بازىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىبادەت قىلىۋاتقان خۇگېنو مۇرىتلىرىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، نەق مەيداندا 200 نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە يارىلاندۇردى. بۇ ۋەقە ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىشىنىڭ سىگنالى بولۇپ قالدى، ھەر ئىككى تەرەپ قوراللاندى، شۇنىڭ بىلەن خۇگېنو ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان ئىچكى ئۇرۇش (1562 — 1594) پارتلىدى.

دەسلەپتە ئۇرۇش ئاساسەن خۇگېنوچىلار بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا يۈز بەردى، كاتولىك دىنى تەرەپدارلىرى ئۇرۇشقا ھۆكۈمەت تەرەپتە تۇرۇپ قاتناشتى، بەزىدە مۇستەقىل ھەرىكەتمۇ قىلدى. ھەر ئىككى گۇرۇھ چەت ئەللەردىن ياردەم تەلەپ قىلدى، ئەنگلىيە ۋە گېرمانىيەنىڭ پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىنەزلىرى خۇگېنوچىلارنى قوللىدى، فىرانسىيە بولسا كاتولىك دىنى تەرەپدارلىرىنى قوللىدى، بىراق ئۇلار بۇنداق قوللاشتا فىرانسىيەنىڭ بەزى زېمىنلىرى ۋە ھوقۇق - مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىشنى مەقسەت قىلغانىدى. 1570 - يىلى، فىرانسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن خۇگېنوچىلار سايىنت ژېرماين سۈلھى شەرتنامىسى تۈزدى؛ پروتېستانت دىنى مۇرىتلىرى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزسە بولىدىغان بولدى ھەمدە مونتاۋبان، كوينېك، لاروچېللې ۋە لاچارىتتىن ئىبارەت تۆت قەلئەنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. مانا بۇ پروتېستانت مۇرىتلىرىنىڭ فىرانسىيەنىڭ جەنۇبى ۋە ئوتتۇرا

قىسمىدىكى ئىستىھكامىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. سۈلھى شەرتنامىسى تۈزۈلگەندىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئۇرۇش توختاتتى.

1572 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، نۇرغۇن خۇگېنوتچى ئاقسۆڭەكلەر خۇگېنوتچىلارنىڭ داھىيسى، ناۋاررې پادىشاھى ھېنرى (بۇ چاغدا ئانتون ئۆلگەن، ئۇنىڭ ئورنىغا ھېنرى بوۋربون ۋارىسلىق قىلغانىدى) نىڭ تويىغا قاتناشماقچى بولۇپ پارىژغا يىغىلدى. شاھسانىيە كاتېرىن بىلەن گېرتسوگ گىيسې بۇ خۇگېنوتلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىشنى مەخپىي پىلانلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سەھەر سائەت ئىككىدە بەلگە بېرىلىش بىلەنلا، خۇگېنوتچىلارنى قىرغىن قىلىش باشلىنىپ كەتتى، كورىنمۇ ئۆلتۈرۈلدى، ناۋاررېلىق ھېنرى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا قوشۇلغانلىقى ئۈچۈن تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى. پارىژدا 2000 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلدى ھەمدە بۇ ئىش باشقا ئۆلكىلەرگىمۇ تارقالدى. 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ساينت بارتولومى بايرىمى كۈنى بولغاچقا، بۇ پاجىئەلىك قىرغىنچىلىق تارىختا «سېينت بارتولومى كېچىسى» دەپ ئاتالدى.

پارىژدىكى چوڭ قىرغىنچىلىقتىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇشى يەنە باشلاندى. خۇگېنوتچىلاردا پادىشاھقا قارىتا قىلچە ئىشەنچ قالمىغانلىقى ئۈچۈن، 1573 ـ يىلى ئۇلار فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي رايونىدا ئىتتىپاق جۇمھۇرىيىتى تەشكىل قىلىپ، شىمالىي فىرانسىيەدىن ئايرىلىپ چىقتى، 1576 ـ يىلى گىيسېچىلارمۇ فىرانسىيەنىڭ شىمالىي رايونىدا «كاتولىك دىنى ئىتتىپاقى»نى قۇرۇپ، جەنۇبتىكىلەر بىلەن تىركەشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەخت ۋارىسلىق ھوقۇقىنى تالىشىش قاتارلىق مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن گىيسېچىلار بىلەن پادىشاھلىق ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيدى.

1585 ـ يىلى فىرانسىيە پادىشاھى ھېنرى Ⅲ (1574 ـــ 1589)نىڭ ئىنىسى گېرتسوگ ئانژۇ ئۆلدى، ھېنرى Ⅲ يېقىن تۇغقىنى ناۋارلىق ھېنرىنى تەخت ۋارىسى دەپ جاكارلىدى، كاتولىك دىنى ئىتتىپاقى ئاخىر پادىشاھلىق ھاكىمىيەت بىلەن ئادا ـ جۇدا بولدى. شىمالدىكى ھەرقايسى شەھەرلەر بەس ـ بەستە مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى، پارىژدىكى كاتولىك دىنى مۇرىتلىرى پادىشاھقا بويسۇنۇشنى رەت قىلدى، پۈتكۈل شەھەردە «16 كىشىلىك كومىتېت» نىڭ رەھبەرلىكىدە ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇلدى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يەنە دېھقانلار ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. فىرانسىيە دۆلىتى چاك ـ چېكىدىن پارچىلىنىپ، پادىشاھلىق ھاكىمىيەت ئاغدۇرۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. 1588 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پادىشاھ پارىژدىن قېچىپ چىقتى؛ 12 ـ ئايدا ئادەم ئەۋەتىپ ھېنرى گىيسې (گېرتسوگ گېيسېنىڭ ئوغلى) ۋە ئۇنىڭ ئىنىسىنى قەتلى قىلدى. 1589 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ھېنرى Ⅲ بىلەن خۇگېنوچىلارنىڭ داھىيسى ناۋارلىق ھېنرى قوشۇنلىرىنى باشلاپ پارىژغا يۈرۈش قىلدى. 8 ـ ئايدا ھېنرى Ⅲ مۇ كاتولىك دىنى ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن قاتىل تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ناۋارلىق ھېنرى فىرانسىيە پادىشاھىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھېنرى Ⅳ (1589 ـــ 1610) دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بوربون خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى (1589 ـــ 1792 ـ يىللار).

ھېنرى Ⅳ نىڭ ئورنى دېگەندەك مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى، كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچلىرى خۇگېنوچىلار بىلەن داۋاملىق جەڭ قىلىۋاتاتتى، ئۇ مۇشكۇل ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، شىمالدىكى چوڭ ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بۇرژۇئازلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بەل باغلىدى. ئۇ: «پارىژ ئۈچۈن مىسسا قىلىشمۇ ئەرزىيدۇ» دەپ جار سالدى. 1594 ـ يىلى 5 ـ ئايدا،

هېنرى IV پارىژغا كىرىپ، پۈتۈن مەملىكەت ئېتىراپ قىلغان پادىشاھقا ئايلاندى. خۇگېنو ئۇرۇشى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

خۇگېنوچى مۇرىتلارنىڭ غەزىپىنى بېسىش ۋە ئۇرۇشتا زەربىگە ئۇچرىغان كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن، هېنرى IV 1598 - يىلى 4 - ئايدا «نانتې پەرمانى»نى ئېلان قىلىپ، كاتولىك دىنى فرانسىيەنىڭ دۆلەت دىنى، كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان يېرى ۋە مۈلكى بىردەك قايتۇرۇلىدۇ؛ خۇگېنوچىلار ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە دىن تارقىتىش ئەركىنلىكىگە ئىگە، ئۇلارنىڭ دىنىي يىغىلىشلىرىنى ئۆتكۈزسە بولىدۇ، دۆلەت ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشتە كاتولىك دىنى مۇرىتلىرى بىلەن باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ، دەپ جاكارلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا خۇگېنو مۇرىتلىرى 25 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ۋە 100 نەچچە قەلئە - قورغاننى پادىشاھ پەرمانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش كاپالىتى سۈپىتىدە ساقلاپ قالدى. پارىژ ئالىي سوت مەھكىمىسىدە كاتولىك دىنى مۇرىتلىرى بىلەن خۇگېنو مۇرىتلىرى بىرلىكتە سوتچى بولۇپ، دىنىي تالاش - تارتىشلارنى بىر تەرەپ قىلدى. نانتې پەرمانى ئۇرۇش قىلغان ئىككى تەرەپنىڭ مۇرەسسە قىلىنغانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ بىر مەزگىل تەۋرىنىپ قالغان فرانسىيە پادىشاھلىق ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە مۇستەھكەملىدى.

**مۇستەبىت پادىشاھلىق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى** خۇگېنو ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئىككى تەرەپ قوشۇنىنىڭ ئاياغ ئاستى ۋە تالان - تاراج قىلىشى تۈپەيلىدىن دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، باجنى كۆتۈرە ئالغان سودىگەرلەرنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى دېھقانلارنى خانىۋەيران قىلىۋەتتى. 70 - يىللاردىن 80 - يىللارغىچە دېھقانلار ئۆزلۈكسىز ھالدا قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەش دولقۇنىنى قوزغىدى. 1579 — 1580 - يىللىرى دوفىنېدا دېھقانلار

قوزغىلىڭى يۈز بەردى. 1586 ـ يىلى نورماندىيەدە يەنە دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. 1593 ـ يىلى «كروكان» دەپ ئاتالغان زور كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى، 1594 — 1596 ـ يىللىرى «كروكان» قوزغىلىڭى فىرانسىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بارلىق ئۆلكىلەرنى قاپلىدى، دېھقانلار 40 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللىدى ھەمدە شەھەر نامراتلىرى بىلەن ئالاقە ئورناتتى. قوزغىلاڭچىلار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قورۇقلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ باجگىرلار ۋە باجنى كۆتۈرە ئالغان سودىگەرلەرنى قاتتىق جازالىدى، دېھقانلار بۇ كىشىلەردىن نەپرەتلەنگەچكە ئۇلارنى كروكان (چاشقان) لار دەپ ئاتايتتى. «چاشقانلارنى يوقىتىش» قوزغىلاڭنىڭ شوئارى بولۇپ قالدى①. شۇڭلاشقا، بۇ قوزغىلاڭ تارىختا «كروكان» قوزغىلىڭى دەپ ئاتالدى.

دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى ۋە شەھەر نامراتلىرى غەلىيانلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىشى فىرانسىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئېغىر تەھدىت بولۇپ قالدى. پروتېستانت دىنى ۋە كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاقسۆڭەكلەر بىلەن دۆلەتمەن بۇرژۇئازلار پەقەت قۇدرەتلىك مۇستەبىت پادىشاھلىق ھاكىمىيەت بەرپا قىلىنغاندىلا، ئاندىن خەلقنىڭ قارشىلىقىنى ئۈنۈملۈك باستۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. شۇڭلاشقا، 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ پادىشاھ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك قالايمىقان ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىلدى.

ھېنرى IV ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى چاغلاردا، ئىقتىساد ۋەيران بولغان، خەزىنە قۇرۇقدىلىپ قالغان، خەلقنىڭ تۇرمۇشى خارابلاشقان بولۇپ، ۋەزىيەت تۇراقسىز ئىدى.

---

① فرانسۇز تىلىدىكى Croquants — كروكان» ، «چاشقان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. Aux Croquants: «چاشقان يوقىتىش»دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى قايتىدىن جانلاندۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش، فېئوداللىق تەرتىپنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھېنرى IV دۇچ كەلگەن جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى. شۇڭا، ئۇ بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى: بىرىنچى، مالىيە ـ باج كىرىمى جەھەتتە چىقىمنى تېجەش ۋە قىسمەن باجلارنىڭ نورمىسىنى تۆۋەنلىتىش (ئاساسلىقى بىۋاسىتە باج) سىياسىتىنى يولغا قويدى. خەلققە ئارام ئېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىپ، باج مەنبەسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە كېڭەيتىش مەقسىتىدە باجگىرلارنىڭ دېھقانلارنى باجغا تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىشىنى قاتتىق چەكلىدى. ئىككىنچى، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشغا ئىلھام بېرىدىغان سىياسەتلەرنى يولغا قويدى. ھۆكۈمەت قوناق، قىزىلچا قاتارلىق يېڭى زىرائەتلەرنى تېرىغانلارنى مۇكاپاتلىدى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى دۆلەت ئىچىدە ئەركىن سېتىشقا يول قويدى، يەنە دەريا يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، سازلىقلارنى قۇرۇتتى. بۇ ئىجابىي تەدبىرلەر يېزا ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە پايدىلىق بولدى. مالىيە ۋەزىرى سۇلى ھۆكۈمەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىشتىكى مەقسىتىنى ناھايىتى چۈشىنىشلىك قىلىپ : دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق فىرانسىيەنى باقىدىغان قوش ئەمچەك، دېگەن. ئۈچىنچى، سودا ـ سانائەتنى مۇكاپاتلاش سىياسىتىنى يولغا قويدى. 1599 ـ يىلى تاموژنا بېجىنى قوغداشنى يولغا قويۇپ، قوي يۇڭى، مەشۈت قاتارلىق خام ئەشيالارنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشىنى توختاتتى، چەت ئەللەردىن تاۋار ئىمپورت قىلىشنى چەكلىدى. مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، قول سانائەت ئىشخانىلىرى تېز راۋاجلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە چەت ئەللەردىكى مۇستەملىكىلەرگە قاراتقان سودىنى تەرەققىي

قىلدۇردى. 1604 ـ يىلى «شەرقىي ھىندىستان» شىركىتى بىلەن «كاندا» سودا شىركىتى قۇرۇلدى. 1608 ـ يىلى فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى شىمالىي ئامېرىكىدىكى سان لورىنىس دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا كۇبېك شەھىرىنى قۇردى. مۇستەبىت ھۆكۈمەت يولغا قويغان بۇ تەدبىرنىڭ ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشتە ئۇنۇمى بولدى.

17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى لۇئى XIII تەختتىكى ۋاقتى (1610 — 1643) دا، كاردىنال رىچېلىئېئو باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىپ (1624 — 1642)، فىرانسىيەنىڭ مۇستەبىت پادىشاھلىق ھاكىمىيىتى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ تونلۇق ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدىن ئەمەلدارلارنى تاللاپ پەۋقۇلئاددە سوت تەسىس قىلىپ، توپىلاڭچى ئاقسۆڭەكلەرنى جازالىدى. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، ئىككى گېرتسوگ، تۆت گرافتىن باشقا يەنە 41 كىشى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. ئۇ فېئوداللارنىڭ قەلئە ـ قورغانلىرىنى چېقىپ تاشلاپ، بارلىق ئاقسۆڭەكلەرنى پادىشاھنىڭ قانۇنىغا بويسۇنۇشقا، پادىشاھقا سادىق بولۇشقا، ئۆزئارا ئىچكى نىزا قوزغىماسلىققا مەجبۇر قىلدى. 1625 ـ يىلى خۇگېنوچى ئاقسۆڭەكلەر لارو چېللىدا قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، رىچېلىئېئو قوشۇن باشلاپ بېرىپ توپىلاڭنى تىنچىتتى، نانتې پەرمانىدا خۇگېنو مۇرىتلىرىغا بېرىلگەن بارلىق سىياسىي ۋە ھەربىي ئىمتىيازلارنى بىكار قىلدى، پەقەت ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگىلا يول قويدى. رىچېلىئېئو مەركەزدە ھەرقايسى ۋەزىرلىكلەرگە ۋەزىر تەيىنلىدى، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى پادىشاھ بىۋاسىتە كونترول قىلدى، يەرلىكتىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردە ئەسلىدە ئاقسۆڭەكلەر چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان ئۆلكە باشلىقلىق ھوقۇقىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆلكىلەرنىڭ ئەدلىيە، ساقچى، مالىيەدىن ئىبارەت چوڭ ھوقۇقلۇقلىرىنى مەركەزدىن بىۋاسىتە تەيىنلىگەن باش ۋالىي

بىر تۇتاش باشقۇردى. باش ۋالىي مەركەز ئىرادىسىنىڭ ئىجراچىسى ئىدى. مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق كۈچەيگەندىن كېيىن، ئاقسۆڭەكلەر قاتنىشىدىغان دۆلەت ئىشلىرى يىغىنى شەكىلدە بار، ئەمەلدە يوق بولۇپ قالدى. ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنى 1614 ـ يىلى تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، 1789 ـ يىلىغىچە بولغان 175 يىل ئىچىدە بىرەر قېتىممۇ ئېچىلىپ باقمىدى.

رىچېلىئېئۇ مېركانتىلىزملىق ئىقتىسادىي سىياسەتنى يولغا قويۇپ، سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق بايلىقنى كۆپەيتىپ، مۇستەبىت تۈزۈمنى مۇستەھكەملىدى. ھۆكۈمەت يېڭى قۇرۇلغان سودا شىركەتلىرىنى قوللاپ، ئۇلارنىڭ دېڭىز قاتنىشى ۋە مۇستەملىكىچىلىك پائالىيىتىگە ئىلھام بەردى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ كانادادىكى ئورنى مۇستەھكەملەنگەندىن سىرت، ئۇلار يەنە غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى بىلەن ئافرىقىدىكى سېنېگال، مالگاش قاتارلىق جايلارغا تاجاۋۇز قىلدى.

رىچېلىئېئۇ دىپلوماتىيە سىياسىتىدە گېرمانىيە، ئىسپانىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ خابىسبۇرگ خان جەمەتى كۈچلىرىنى نىشان قىلىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ خابىسبۇرگ خانىدانلىقىغا قارشى ئىتتىپاق تۈپلاپ، خابىسبۇرگقا قارشى ئۇرۇشقا يول كۆرسەتتى. 30 يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا، فىرانسىيە دەسلەپتە باشقا دۆلەتلەرنى ئۇرۇش قىلىشقا قۇتراتتى، ئارقىدىنلا ئۆزىمۇ ئۇرۇش قاينىمىغا كىرىپ قالدى. 30 يىللىق ئۇرۇش فىرانسىيەنىڭ ئىتالىيە، گېرمانىيە، نىدېرلاندىيە ۋە شۋېتسىيەدىكى تەسىرىنى كېڭەيتىپ، فىرانسىيەنىڭ كېيىنچە ياۋروپادا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ئاساس سالدى.

فىرانسىيەنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمى خەلق ئاممىسىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېزىش ئاساسىدا كۈچەيدى. غايەت

زور بيۇروكرات ئورگان، ئادەم سانى كۆپ دائىملىق قوشۇن، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشتا سەرپ قىلىنغان نۇرغۇنلىغان ھەربىي خىراجەتلەرنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى، يالغۇز جان بېجىنىلا ئالساق، 1610 ـ يىلى 11 مىليون 500 مىڭ رىۋېر بولغان بولسا، 1643 ـ يىلىغا كەلگەندە كۆپىيىپ 44 مىليون رىۋېرغا يەتتى. باجنى كۆتۈرە ئېلىش تۈزۈمى خەلقنى شەپقەتسىزلەرچە تالان ـ تاراج قىلىشنىڭ ۋاستىسى ئىدى. رىچېلىئېئو فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىنى جان ـ جەھلى بىلەن قوغدىدى، ئۇ «سىياسىي مۇھاكىمىلەر» ناملىق ئەسىرىدە ئەمگەكچى خەلقنى قېچىرغا ئوخشىتىپ: «ئۇلارنى قېچىر دەپ قاراش كېرەك، قېچىر ئېغىر يۈك كۆتۈرۈپ ئادەتلەنگەن، ئۇنىڭغا ئۇزاق ئارام ئېلىش چارچىغىنىدىنمۇ بەك زىيانلىق» دېگەن، ئۇ يەنە: «ئەگەر پۇقرالار مۇئەييەن يوقسۇللۇق ئىچىدە قالدۇرۇلمىسا، ئۇلارنىڭ پەم ـ پاراسەت ۋە قانۇن ئۇلارغا بەلگىلەپ بەرگەن تەرتىپكە ئىشىنىشى ناتايىن» دېگەن. رىچېلىئېئۇ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىللەردە، شەھەر ـ يېزا خەلقى ئۈزۈكسىز قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 1694 ـ يىلى كورشى ئۆلكىسىدىكى قوزغىلاڭچى دېھقانلا كائورس شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، باج ـ سېلىقنى تۆۋەنلىتىشنى تەلەپ قىلدى. 1635 ـ يىلى بوردېئاكس ۋە پېرىگورد شەھەرلىرىدە ئاددىي پۇقرالارنىڭ قوزغىلىڭى يۈز بەردى، بۇ قوزغىلاڭغا دېھقانلارمۇ قاتناشتى. 1636 ــ 1637 ـ يىللىرى فىرانسىيەنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلاردا يېڭى كروكان قوزغىلىڭى پارتلىدى، قوزغىلاڭچى دېھقانلار شەھەرلەردىكى تۆۋەن تەبىقە ئاممىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا نۇرغۇن شەھەرنى ئىگىلىدى. 1639 ـ يىلى نورماندىيەدە «يالاڭ ئاياغلار» قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. شەھەر ئاددىي پۇقرالىرى بىلەن دېھقانلار يالاڭ ئاياغ جېئاننىڭ رەھبەرلىكىدە تەشكىللىي تۈزۈمى قاتتىق بولغان دېھقانلار قوراللىق قوشۇننى قۇرۇپ، مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ

زورلۇق بىلەن ئالۋان ـ ياساق سېلىشقا ۋە يەرلىك دائىرىلەرنىڭ قەبىھ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، باج جۇجۇقىغا ھۇجۇم قىلىپ باجگىرلارنى ئۆلتۈردى، نورماندىيەنى بىر مەھەل كونترول قىلىپ، فىرانسىيەنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمىگە قاتتىق زەربە بەردى.

## 3 ـ بۆلۈم ئىسپانىيەنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشى

**16 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئىسپانىيەنىڭ ئىقتىسادى ۋە سىياسي ئەھۋالى** 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئىسپانىيە بىرلىككە كەلگەن دۆلەتكە ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تېررىتورىيەسى پورتۇگالىيەدىن باشقا، پىرېنىي پېرىنېئوس يېرىم ئارىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، يەنە بالېئارىي تاقىم ئاراللىرى، سارددىنىيە ئارىلى ۋە سىسىلىيە ئارىلىنى ئىگىلىدى. 1504 ـ يىلىدىن باشلاپ ناپلېس پادىشاھلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋالدى. 1516 ـ يىلى ئىسپانىيە پادىشاھى فېردىناند ئۆلگەندىن كېيىن، پەرزەنتى بولمىغاچقا نەۋرىسى (قىزىنىڭ ئوغلى) خابىسبۇرگ جەمەتىلىك چارلېز ئىسپانىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، چارلېز I (1516 — 1556) دەپ ئاتالدى. چارلېز I ئاتا جەمەتى تەرەپتىن بورگۇندى، نېدېرلاندىيە، ليوكسېمبۇرگ ۋە فىرانسىيە — كوندېسقا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلدى①. دېمەك، يۇقىرىدىكى رايونلارمۇ ئىسپانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنىغا قوشۇۋېتىلدى. 1519 ـ يىلى چارلېز I نىڭ بوۋىسى،

① فېردىناند بىلەن ئىسابېللانىڭ قىزى ئاننا بولسا چارلېزنىڭ ئانىسى، چارلېزنىڭ دادىسى فىلىپ خابىسبۇرگ جەمەتىلىك ماكسىمىللىئان بىلەن بۇرگۇندىلىق مارىيەنىڭ ئوغلى. دېمەك، چارلېز «بۇرگۇندى مىراسى»غا ۋارىسلىق قىلالايدۇ.

I ماكسىمىللىئان مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورى (1493 ــ 1519) ۋاپات بولغاندا، چارلېز يەنە پارا بېرىپ مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورلۇقىغا سايلاندى ھەمدە چارلېز V دەپ ئاتالدى. شۇنداق قىلىپ، ئىسپانىيە پادىشاھلىقى بىلەن ئىمپېرىيەنىڭ زېمىنى چارلېزنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئىتالىيە ئۇرۇشىدا فىرانسىيەنى مەغلۇپ قىلىپ، مىلان ۋە باشقا رايونلارنى ئىشغال قىلىپ، ئىتالىيەدىكى زېمىنىنى كېڭەيتتى. 16 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن 30 ـ يىللىرىغىچە ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مېكسىكا، پېرۇ، چىلى، كولومبىيە قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى. 1535 ـ يىلى يەنە تۇركىيەنىڭ قولىدىن تۇنىسنى تارتىۋالدى. ئىسپانىيە ئەينى چاغدا ياۋروپا بويىچە «قۇياش ئولتۇرماس» چوڭ دۆلەت دەپ ئاتالدى، بۇ «ئىسپانىيە ياۋروپاغا ئۆزى يالغۇز غوجايىنلىق قىلغان دەۋر، ئېلدورادو، رىتسارلارنىڭ تۆھپىلىرى ۋە دۇنيادىكى پادىشاھلىق دۆلەتلەرنىڭ غايىبانە پارلاق مەنزىرىسى ئىبېرىئانلارنىڭ جۇشقۇن تەسەۋۋۇرىنى قايمۇقتۇرغان دەۋر»①. ئەينى زاماندا ئىسپانىيەنىڭ قۇدرەتلىك قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيەسى بار ئىدى.

16 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئىسپانىيەنىڭ سودا ـ سانائىتى تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، كاپىتالىستىك قول سانائەت ئىشخانىلىرى پەيدا بولدى. ئىسپانىيەنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى ئەڭ داڭلىق بولۇپ، يەرلىك مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدىغان ئەلا سۈپەتلىك مېرىنوس قويىنىڭ يۇڭىدىن ئالىي دەرىجىلىك يۇڭ توقۇلمىلارنى توقۇغىلى بولاتتى. يۇڭ توقۇلما سانائىتىنىڭ مەركىزى سېۋىللاردا 16 مىڭغا يېقىن ئىشخانا، 130 مىڭ توقۇمىچىلىق ئىشچىسى بار ئىدى②. كۇسكانىڭ گۈللۈك يۇڭ

① ماركس: «ئىنقىلاب قىلىۋاتقان ئىسپانىيە»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 10 ـ توم، 461 ـ بەت.

② يېزىلاردا، ئائىلىلەردە سېتىۋالغۇچى سودىگەرلەر ئۈچۈن ئىشلەيدىغان يىپ ئېگىرىش ئىشچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

www.uyghurkitap.com

توقۇلمىلىرى تۈركىيە ۋە شىمالىي ئافرىقىغا ئېكسپورت قىلىناتتى. سېگوۋىيە، ۋالېنسىيە، سالامانكا، بارسېلونا، ساراگوسسا ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭمۇ يۇڭ توقۇمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى گۈللەنگەن بولۇپ، ھەممىلا جايدا يۇڭ توقۇلما ئىشخانىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. يىپەك توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ناھايىتى تېز بولدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تولېدودا 3000 يىپەك توقۇمىچىلىق ئىشخانىسى بار ئىدى، يىپەك توقۇمىچىلىق قول ھۈنەرۋەنلىرى بىلەن ياللانما ئىشچىلارنىڭ سانى 1525 ـ يىلىدىكى 10 مىڭدىن كۆپىيىپ، 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا 50 مىڭغا يەتكەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا، قورال ـ ياراغ ياساش، خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىش، كېمىسازلىق ۋە كۈلالچىلىق قاتارلىق كەسىپلەرمۇ خېلىلا گۈللەندى، تولېدونىڭ قورال ـ ياراغ ياساش كەسپى، كوردوۋانىڭ خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىش كەسپى، ئاستۇرئاس بىلەن بىسكاينىڭ كېمىسازلىقى ۋە سېۋىللا بىلەن مالاگانىڭ كۈلالچىلىقى قاتارلىقلارنىڭمۇ خېلى داڭقى بار ئىدى.

16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسپانىيەنىڭ تاشقى سودىسىمۇ تەرەققىي قىلدى. ئىسپانىيەنىڭ 1000 دىن ئارتۇق سودا كېمىسى ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ سېتىپ زور پايدا ئالدى. ئىسپانىيە قوي يۇڭى، مېتال، مېۋە، ئۈزۈم ھارىقى، زەيتۇن يېغى ۋە خۇرۇم قاتارلىقلارنى ئېكسپورت قىلاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى قوي يۇڭى بولۇپ، ھەر يىلى نېدېرلاندىيەگە 36 مىڭدىن 40 مىڭ تايغىچە قوي يۇڭى ئېكسپورت قىلاتتى. ئىسپانىيەنىڭ ئىتالىيە، كىچىك ئاسىيا، سۈرىيە ۋە شىمالىي ئافرىقا بىلەن قىلىدىغان سودىسىمۇ ئىنتايىن جانلاندى. ئەمما ئىسپانىيە كۆپىنچە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە يېرىم تەييار مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىپ، ئاساسلىقى تەييار مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلاتتى. بۇ ئىسپانىيە ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىش مەزگىلىدە

زاۋاللىقتا يۈزلىنىش ئامىللىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بازىرى پۈتۈن ياۋروپاغا داڭلىق بولغان مېدىنا، دېل، كامپېئاۋكس، بۇرگوس ۋە ۋالادورىد شەھەرلەر تەدرىجىي راۋاجلىنىپ، دۆلەت ئىچىدىكى سودا مەركەزلىرىگە ئايلاندى. سېۋىللا، كادىس، بارسېلونا ۋە ۋالېنسىيە قاتارلىق دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەر تەرەققىي قىلىپ كاتتا سودا شەھەرلىرىگە ئايلاندى.

بىراق، 16 ـ ئەسىردىكى ئىسپانىيەدە فېئودالىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلى يەنىلا هۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. ئاراگوندا يانچىلىق تۈزۈم داۋاملىشىۋاتاتتى. كاتالونىيەدىمۇ يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ بەزى قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغانىدى. فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەر ۋە كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى تۈزۈمىنىڭ بېسىمىدىن يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن كاپىتالىزم مايىسلىرىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تەرەققىي قىلىشى قىيىن ئىدى.

ئىسپانىيەدە ئىقتىساد گۈللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسپانىيە پادىشاھلىقى مۇستەبىت سىياسەت يۈرگۈزۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن پادىشاھلىق هوقۇقىنى مەركەزلەشتۈرەلمىدى. قولدىن بېرىپ قويغان زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىش هەرىكىتى جەريانىدا فېئودال ئاقسۆڭەكلەر نۇرغۇن ئىمتىيازلارغا ئېرىشتى هەمدە كۆپلىگەن شەھەر كوممۇنالىرى بارلىققا كەلدى، بولۇپمۇ كاستىلدا شەھەر كوممۇنالىرى كۆپ ئىدى. كاستىل، ئاراگون، كاتولونىيە ۋە ۋالېنسىيەدىن ئىبارەت تۆت رايوننىڭ هەر بىرىدە ئاقسۆڭەكلەر، مىسسىيونېرلار ۋە شەھەرلەردىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىدىن تەركىب تاپقان دەرىجىلىكلەر پارلامېنتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇ باج نورمىسىنى بەلگىلەش قاتارلىق هوقۇقلارغا ئىگە ئىدى. پادىشاھ پارلامېنتتا قەسەم بېرىشى شەرت ئىدى. چارلېز I تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، چوڭ فېئودالارنىڭ كۈچىنى

www.uyghurkitap.com

ئاجىزلاشتۇردى، شەھەرلەرنىڭ ئاپتونومىيەلىك ھوقۇقىنى بىكار قىلدى، چارلېز I نىڭ چەت ئەللىك ئامراق ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىسپانىيەنىڭ خەزىنىسىنى خالىغانچە بۇزۇپ ـ چېچىشى ھەر قايسى ئاپتونومىيەلىك شەھەرلەر بىلەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تېخىمۇ نارازىلىقىنى قوزغىدى. مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئىسپانىيەدىكى ئاپتونومىيەلىك شەھەر ھاكىمىيىتىنىڭ تەھدىتىگە ئايلاندى.

**شەھەر قوزغىلىڭى** 1519 ـ يىلى كاستېل پارلامېنتى چارلېز I گە: «پادىشاھ، بىلىشىڭىز كېرەككى، سىز خەلق پۇل بىلەن ياللىۋالغان چاكارسىز، خالاس» دەپ جاكارلىدى. 1520 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، چارلېز I گېرمانىيەگە بېرىپ ئىمپېرىيە پارلامېنتىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، كاستېل پارلامېنتى پادىشاھقا: بىرىنچى، پادىشاھ ئىسپانىيەدىن ئايرىلماسلىقى كېرەك ؛ ئىككىنچى، دۆلەت ئىچىدىن ئالتۇن ۋە ئاتالارنى ئېلىپ كەتمەسلىكى كېرەك؛ ئۈچىنچى، چەت ئەللىكلەرنى يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپلەرگە تەيىنلىمەسلىكى كېرەك، دېگەن ئۈچ تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى. چارلېز I نۇرغۇن ۋەدە بېرىش بەدىلىگە كاستېلنىڭ ھەرقايسى پارلامېنتلىرىدىن يېڭىباشتىن ياردەم پۇلنى ئالغاندىن كېيىن، 1520 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گېرمانىيەگە يۈرۈپ كەتتى. گېرمانىيەگە بارغاندىن كېيىن، چارلېز دەرھال ۋەدىسىدىن يېنىۋالدى ھەمدە چەت ئەللىك كاردىنال ئادرىئامنى نائىبلىققا تەيىنلىدى. بۇ ئىش كاستېل شەھىرى قوزغىلىڭىنىڭ پىلتىسى بولۇپ قالدى.

1520 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، كاستېل رايونىدا شەھەر قوزغىلىڭى پارتلىدى. 7 ـ ئايدا كاستېل رايونىدا تولىدو شەھىرى باشچىلىقىدا «مۇقەددەس پارلامېنت» دەپ ئاتالغان ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار ئىتتىپاقى قۇرۇلۇپ، مەركىزى ئاۋىلا شەھىرىدە بولدى. بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەر ۋە روھانىيلارمۇ قوزغىلاڭغا

قاتناشتى. تولېدولۇق ئاقسۆڭەك جۇئان دې بادىلىيا قاتارلىق كىشىلەر قوزغىلاڭچىلارغا باشلىق بولدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى توردېسىرىياس شەھىرى بىلەن ۋالادورىد شەھىرىنى قولغا كەلتۈردى. ئادرېئام سېگوۋىيەگە ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ بولدى. خەلق ئاممىسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قوزغىلاڭ تېز راۋاجلىنىپ، پۈتكۈل كاستېل رايونىنى قاپلىدى. قوزغىلاڭچىلار مۇستەبىت پادىشاھلىق ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇپلا قالماي، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بەزى ئىمتىيازلىرىغىمۇ قارشى تۇردى، شۇڭا ئاقسۆڭەكلەر پادىشاھ تەرەپكە ئېغىشقا باشلىدى. ھېلىقىگەر چارلىز I پارچىلاش سىياسىتىنى قوللاندى. ئۇ ئىسپانىيەلىك ئىككى چوڭ ئاقسۆڭەكنى ئورۇنباسار نائىبلىققا تەيىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاقسۆڭەكلەر قوزغىلاڭچىلار سېپىدىن چېكىنىپ چىقتى. 1521 ـ يىلى باھاردا ئوتتۇرا ئاقسۆڭەكلەرمۇ قوزغىلاڭچىلار سېپىدىن چېكىندى. 1521 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ۋىللالا جېڭىدە پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇنى شەھەر ئاھالىلىرى ۋە دېھقانلاردىن تەركىب تاپقان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى تارمار قىلدى، بادىلىيا ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئىنقىلابىي شەھەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن قولدىن كەتتى. تولېدو شەھىرى بادىلىيانىڭ خوتۇنى مارىيانىڭ رەھبەرلىكىدە شۇ يىلى 10 ـ ئايغىچە شەھەرنى چىڭ ساقلىدى. 1522 ـ يىلى يازدا 4000 كىشىلىك گېرمانىيە ياللانما قوشۇنى ئىسپانىيەگە كىرىپ، قوزغىلاڭنى ئاخىر باستۇردى، قوزغىلاڭنىڭ 290 نەپەر غوللۇق ئادىمىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

شەھەر قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، شەھەرلەرنىڭ ئەركىنلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، گەرچە پارلامېنت مەۋجۇت بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ھېچقانداق رولى قالمىدى. ئىسپانىيەنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىگە فېردىناند بىلەن ئىسابېللا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئاساس سېلىنغان بولۇپ، ئەينى چاغدا پادىشاھلىق ھاكىمىيەت ئىلغار رول ئوينىغانىدى. ئۇ

دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسىنى سالغان ھەمدە شەھەرلەرنىڭ ياردىمىدىن پايدىلىنىپ ئۆكتەم ئاقسۆڭەكلەرنى بويسۇندۇرغانىدى. ئەمدىلىكتە، چارلىز I نىڭ شەھەرلەرنى بېسىشى ھەمدە ئاقسۆڭەكلەرگە پادىشاھلىق ھاكىمىيەت تايىنىدىغان كۈچ سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشى ئىسپانىيە مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى تېخىمۇ ئەكسىيەتچى خاراكتېرگە ئىگە قىلدى. ئىسپانىيە ماھىيەتتە يەنىلا ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلمىگەن چېچىلاڭغۇ دۆلەت ئىدى، «ئاۋۋالقىدەكلا ھەممەيلەن ئېغىزدا ئېتىراپ قىلغان پادىشاھ بار بولغان، مۇۋاپىق ئىدارە قىلىنمايۋاتقان بىر جۇمھۇرىيەت»①. ماركس ئىسپانىيەنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بىلەن ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى سېلىشتۇرۇپ مۇنداق تەكىتلىگەن: «ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەردە مۇستەبىت پادىشاھلىق مەدەنىيەت مەركىزى، جەمئىيەت بىرلىكىنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان»؛ ئىسپانىيەدە بولسا دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، «ئاقسۆڭەكلەر سىياسىي زاۋاللىققا يۈز تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ قەبىھ بولغان ئىمتىيازلىرىنى ساقلاپ قالغانىدى، ئەمما شەھەرلەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى زامان شەھەرلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك قىممەتكە ئىگە بولالمىغانىدى.»②

**16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئىسپانىيە ئىقتىسادىنىڭ خارابلىشىشى** چارلىز V 1556 ـ يىلى تەختىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندە، ئۇنىڭ ئىنىسى فېردىناند مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورى بولدى. ئىسپانىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە چارلىز V نىڭ ئوغلى فىلىپ II ۋارىسلىق

---

① ماركس: «ئىنقىلاب قىلىنىۋاتقان ئىسپانىيە»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 10 ـ توم، 462 ـ بەت.

② ماركس: «ئىنقىلاب قىلىنىۋاتقان ئىسپانىيە»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 10 ـ توم، 462 ـ بەت.

قىلدى، بۇ چاغدا ئىسپانىيەنىڭ تېررىتورىيەسى ئىسپانىيە زېمىنى، نېدېرلاندىيە، ئىتالىيە زېمىنىدىكى بېقىندى رايونلار ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. فىلىپ II ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1556 ــ 1598) دە، 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قىسقا مۇددەت گۈللەنگەن ئىسپانىيە ئىقتىسادى خارابلىشىشقا باشلىدى.

16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تولېدودىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق يۇڭ توقۇمىچىلىق ۋە يىپەك توقۇمىچىلىق ئىشخانىلىرى تاقالدى. كۇنكادا ئۈچ ـ تۆتلا يۇڭ توقۇلما ئىشخانىسى قالدى. ساراگوسسانىڭ يۇڭ توقۇلما ئىشلەپچىقىرىشى ئاساسەن توختاپ قالدى. مەملىكەت بويىچە يۇڭ توقۇلما مەھسۇلات مىقدارىنىڭ بەشتىن بىر قىسمى ئازىيىپ كەتتى. يىپەك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۆز دۆلىتىدىكى ئېھتىياجىنىڭ ئوندىن بىرىنىلا تەمىنلىيەلەيدىغان بولۇپ قالدى. باشقا ياساش كەسىپلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارلىرىمۇ تېز تۆۋەنلىدى.

ئىسپانىيە مۇستەبىت پادىشاھلىق ھاكىمىيىتى ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئىسپانىيە ئاقسۆڭەكلىرى مۇستەملىكىلىرىدىن ۋە چەت ئەللەرگە قارشى ئۇرۇشتىن بايلىق بۇلاشقا ھېرىسمەن بولۇپ، دۆلەتنىڭ سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەزەلدىن كۆڭۈل بۆلمەيتتى. ئىسپانىيە ھۆكۈمىتىمۇ سودا ـ سانائەتنى قوغدىمىدى. چارلېز I دەۋرىدە، ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى چەت ئەل تاۋارلىرىنى ئىمپورت قىلىش بىلەن دۆلەتنىڭ خام ئەشيالىرىنى ئېكسپورت قىلىشقا ئىلھام بەردى. ئۆز دۆلەتنىڭ يۇڭ توقۇلما سانائىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى ئەسلىدە قوي يۇڭى ئېكسپورتىنى چەكلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما زور تۇركۇمدىكى قوي پادىسى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بولغاچقا، دۆلەت ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشنى خالىماي، قوي يۇڭىنى ئېكسپورت قىلىشنى چەكلىمىدى. 1512 ـ يىلىدىن 1557 ـ يىلىغىچە قوي يۇڭى

www.uyghurkitap.com

ئېكسپورتى ئىككى ھەسسە كۆپەيدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىسپانىيەلىك ئاقسۆڭەكلەر ئۆز دۆلىتىدە ئىشلەپچىقىرىلغان يۇڭ توقۇلمىلارنى نەزىرىگە ئىلماستىن، ئەنگلىيە ۋە نېدېرلاندىيەنىڭ يۇڭ توقۇلمىلىرىنى ئەتىۋارلىغاچقا، ئىسپانىيە بازارلىرى چەت ئەللەرنىڭ يۇڭ توقۇلمىلىرى بىلەن توشۇپ كەتتى، بۇلار ئىسپانىيە يۇڭ توقۇلمىلىرىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى بازارلاردىكى رىقابەت ئىقتىدارىغا زور دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزدى. مۇستەملىكىلەردىن تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئىسپانىيەگە كەلتۈرۈلگەن ئالتۇنلار ئوردىدىكىلەرنىڭ راھەت ـ پاراغىتىگە بېرىلىپ بۇزۇپ ـ چېچىشى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چىرىك تۇرمۇشى، غايەت زور فېئودال بيۇروكرات ئورگانلارنىڭ چىقىمى (كاستىلىنىڭ بەشتىن بىر قىسىم ئادىمى ئەمەلدار ئىدى) ۋە دۇنيا ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇشنى خام خىيال چەت ئەللەرگە قارشى ئۈزۈكسىز ھالدا ئېلىپ قىلىپ، بېرىلغان ئۇرۇشلار ئۈچۈن ئىسراپ قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، ئانا دۆلەتكە ئېقىپ كىرگەن بايلىق كاپىتالغا ئايلىنىپ، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرمەستىن، غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك چىقىملار ۋە فېئوداللىق تۈزۈم مۇناسىۋەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن سەرپ قىلىندى.

ئىسپانىيەدىكى سودا ـ سانائەت تەرەققىياتىنىڭ ئاجىزراق بولۇشى تۈپەيلىدىنمۇ ئىسپانىيە ئۆز سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان يېتەرلىك ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە بولالمىدى. ئىسپانىيەنىڭ مۇستەملىكىلىرى ئېھتىياجلىق بولغان سانائەت مەھسۇلاتلىرى يوق ئىدى، مۇستەملىكىلىرىمۇ ئىسپانىيەنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا موھتاج ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا، ئىسپانىيە ئامېرىكا قىتئەسىدە بىپايان زېمىننى مۇستەملىكە قىلغاندىن كېيىن، ئاساسلىق ھەربىي ئىستىلا خاراكتېرىنى ساقلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «باھا ئىنقىلابى»

ئىسپانىيەدە ھەممىدىن بۇرۇن يۈز بەردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى شىددەتلىك بولدى. مال باھاسى بىر ئەسىر ئىچىدە تۆت ھەسسىدىن كۆپ ئۆرلىدى. چەت ئەللەرنىڭ ئەرزانراق تاۋارلىرى ئەتكەسچىلىك يوللىرى ئارقىلىق ئىسپانىيەنىڭ مۇستەملىكىلىرىگە كىردى، ھەتتا ئىسپانىيەلىك سودىگەرلەرمۇ چەت ئەللەرنىڭ تاۋارلىرىنى مۇستەملىكىلىرىگە توشۇدى. شۇڭا، مۇستەملىكىلەردىكى ئالتۇنلار ئۈزۈكسىز ھالدا چەت ئەللىك سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كەتتى.

1556 ـ يىلى پارتلىغان نىدېرلاندىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ئىسپانىيەنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇردى. ئۇنىڭ بىر ئىپادىسى شۇكى، ئىسپانىيەنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېكسپورت سودىسى ــ قوي يۇڭى سودىسى ئىنتايىن قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى. داڭلىق «مىدېلبۇرگ ۋەقەسى»① نىدېرلاندىيە ئىنقىلابىنىڭ ئىسپانىيەنىڭ قوي يۇڭى سودىسىغا زەربە بەرگەنلىكىگە ئاساسلىق مىسال بولالايدۇ. 1574 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، زېئلاند ئۆلكىسىدىكى قوزغىلاڭچى ئامما سودا ۋە ھەربىي ئىشلاردىكى ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم جاي ھېسابلىنىدىغان مىدېلبۇرگنى ئىشغال قىلغاندا، بۇرگوسقا توشۇشقا تەييارلانغان قىممىتى 140 مىڭ دوكاتلىق 6000 تايدىن ئارتۇق قوي يۇڭىنىڭ مۇسادىرە قىلىنىشى بىلەن ئىسپانىيەنىڭ قوي يۇڭى ئېكسپورتى ۋە دېڭىز ترانسپورت سۇغۇرتىسى بويىچە مۇھىم جاي ھېسابلىنىدىغان بۇرگوس ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىدى. نىدېرلاندىيە ئىنقىلابىنىڭ ئالدىدىكى 1561 ــ 1568 ـ يىللىرى، بۇرگوس سودىگەرلىرى فلاندېرغا ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5789 تاي قوي يۇڭى توشىغان بولسا، شىمالدىكى قوزغىلاڭدىن كېيىن، 1569 ـ يىلىدىن 1572 ـ يىلىغىچە بولغان تۆت يىل ئىچىدە، فلاندىرغا

---

① ۋىلليام فىلىپ قاتارلىقلار يازغان «ئىسپانىيەنىڭ قوي يۇڭى ۋە گوللاندىيە قوزغىلىڭى» ناملىق ئەسەرنىڭ 82 ـ تومى ۋە «ئامېرىكا تارىخى ئوبزورى»نىڭ 2 ـ سانى (1977 ـ يىلى 4 ـ ئاي) غا قاراڭ.

توشۇلغان قوي يۇڭى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 60% ئازىيىپ كەتتى. 1574 ـ يىلىدىكى ۋەقەدە بۇرگوس قوي يۇڭىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكى زىيانغا ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇرگوستىكى كۆتۈرە ئالغۇچى سودىگەرلەر يەنە قوي يۇڭى توشۇيدىغان كېمە غوجايىنلىرىنىڭ تارتقان زىيىنى ئۈچۈن، بۇرگوسنىڭ يىللىق باج كىرىمىنىڭ تۆت ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغان سۇغۇرتا ھەققى تۆلىشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇرگوس ئەسلىگە كېلەلمىدى. نېدېرلاندىيە ئىنقىلابى ۋە بۇرگوسنىڭ خارابلىشىشى ئىسپانىيەنى قوي يۇڭى ئېكسپورت قىلىش يولىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلدى، مال ئالدى بىلەن فىرانسىيەنىڭ پورتىغا چۈشۈرۈلىدىغان، ئاندىن كېيىن قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق نېدېرلاندىيەگە توشۇلىدىغان بولدى. ماللار يۆتكىلىدىغان پورت ۋە چېگرادىن ئۆتۈش بېجىنىڭ كۆپىيىشى ئىسپانىيەنىڭ بىردىنبىر ئېكسپورت تاۋارى — قوي يۇڭى ئۈچۈن تۆلىنىدىغان ھەققىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭ خەلقئارا بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەچكە، ئىسپانىيەنىڭ ئېكسپورت سودىسى خارابلاشتى.

ئىسپانىيەدىكى يېزا ئىگىلىك بوھرانى ئىسپانىيە ئىقتىسادىنىڭ خارابلىشىشىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ئىسپانىيە فېئوداللىرى دېھقانلارنى شەپقەتسىزلەرچە ئېكسپلاتاتسىيە قىلاتتى، دۆلەتمۇ دېھقانلاردىن ئېغىر باج ـ سېلىق ئالاتتى، ئېغىر ئىجارە ھەققى ۋە باج ـ سېلىق دېھقانلارنى ۋەيران قىلدى. قوي باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئالاھىدە تەشكىلاتى مېستانىڭ 1517 ـ يىلى 2 مىليون 860 تۇياق قويى بار ئىدى، 1556 ـ يىلىغا كەلگەندە كۆپىيىپ 7 مىليونغا يەتتى، قوي پادىلىرى ئەتىياز پەسلىدە جەنۇبتىن شىمالغا، كۈز پەسلىدە شىمالدىن جەنۇبقا قەرەللىك ھەيدىلىپ بېقىلىپ، يول بويى ئېتىز ـ ئېرىق، زىرائەتلەرنى ۋەيران

قىلىشىۋېتەتتى. ھۆكۈمەت مېستاغا ھەرخىل ئىمتىيازلارنى بەرگەنىدى، دېھقانلارنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق ئەتراپىنى قاشالىشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى، شۇڭا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ناھايىتى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسپانىيە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتكەچكە، نائىلاج چەت ئەللەردىن ئاشلىق ئىمپورت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. زەيتۇن ئورمانلىقىنىڭ ھوسۇلىمۇ زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى.

ئېغىر باج سىياسىتىمۇ سودا ـ سانائەتنىڭ خارابلىشىشىنى ئېغىرلاشتۇردى. ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ساتقاندا، 10% سودا بېجى تاپشۇرۇش كېرەك، دەپ بەلگىلىدى. ئىسپانىيە بىلەن مۇستەملىكىلىرى ئارىسىدىمۇ تاپشۇرۇلىدىغان باج ئېغىر ئىدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىسپانىيە خەلقى ئېغىر باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشقا توغرا كەلگەنلىكتىن سېتىلغان تاۋارلىرىنىڭ قىممىتىدىن 30% زىيان تارتتى، ھەتتا بەزى قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش قىممىتىنىڭ 40% — 60% نى زىيان تارتتى. ئىسپانىيەنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتى ئۆزىنىڭ باج ـ سېلىق سىياسىتى ئارقىلىق يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن سانائەتنى ئۇجۇقتۇردى.

ئىسپانىيە ئىقتىسادىنىڭ خارابلىشىشىدا كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئوينىغان ئەكسىيەتچى رولىنىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئىتالىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەلەردە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە دىنىي ئىسلاھاتنىڭ قانات يېيىشى، شۇنداقلا يېڭى ـ كونا كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھايات ـ ماماتلىق كۈرەشكە ئەگىشىپ، ئىسپانىيە ياۋروپا كاتولىك دىنى ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ قورغىنىغا ئايلاندى. 16 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە، كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ خوجىلىق زېمىنى پۈتكۈل ئىسپانىيە زېمىنىنىڭ

تەخمىنەن ئىككىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ خوجىلىق زېمىنلاردا تىپىك قالاق فېئوداللىق باشقۇرۇش ئۇسۇلى يولغا قويۇلغانىدى. ئىسپانىيەدىكى پوپلار ۋە ئەر ـ ئايال موناخلار پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيتتى. ئۇلار موناستىرلارغا يوشۇرۇنغان خىلمۇخىل تەييار تاپلار بىلەن بىرلىكتە دۆلەتنىڭ باج ـ سېلىقىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، پارازىتلارچە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئىسپانىيەنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى سۆگەلگە ئايلانغانىدى. فىلىپ II دىنىي كېسىمخانا ئارقىلىق دۆلەتمەن سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ھەدەپ مۇسادىرە قىلدى. 1565 ـ يىلىدىن باشلاپ يەنە مورىسكولارغا① زىيانكەشلىك قىلىدىغان بىر قاتار قانۇن ـ پەرمانلارنى تۈزدى. مورىسكولارنىڭ ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىشى، مىللىيچە كىيىم ـ كېچەك كىيىشى، ناماز ئوقۇشى ۋە قورال ئېلىپ يۈرۈشى قاتارلىقلارنى چەكلىدى ھەمدە ئۇلارغا پەرزەنتلىرىنى كاتولىك دىنى مەكتەپلىرىدە تەربىيەلەشكە بۇيرۇق قىلدى. 1568 — 1570 ـ يىللىرى مورىسكولار نائىلاج زور كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئاخىر 1609 — 1610 ـ يىللىرى ئاردىلىقىدا تەخمىنەن 500 مىڭ مورىسكو ئىسپانىيە زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. ۋاھالەنكى، مورىسكولار قول ھۈنەرۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى جەھەتتە خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە ئىگە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەجبۇرىي قوغلاپ چىقىرىلىشى بىلەن ئىسپانىيەنىڭ نوپۇسى تېخىمۇ ئازىيىپ، ئىقتىسادى تېخىمۇ خارابلاشتى.

**ئىسپانىيەنىڭ زومگەرلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇشى** فىلىپ II دۆلەت ئىچىدە ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپلا قالماي، يەنە بىدئەتچىلەرنى يوقىتىشنى باھانە قىلىپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ

① 1492 ـ يىلى گرانادا ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن ئىسپانىيەدىن كەتمەي، دىنىي ئېتىقادىنى خرىستىيان دىنىغا ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلانغان موئورلار «مورىسكولار» دەپ ئاتالغان.

ئىچكى ئىشلىرىغا خالىغىنىچە ئارىلىشىپ، چەت ئەللەرگە قارىتا ئۇزۇكسىز ئۇرۇش قىلدى. 1571 ـ يىلى ئىسپانىيە بىلەن ۋېنتسىيە بىرلەشمە فلوت تەشكىل قىلىپ، فىلىپ II نىڭ ئىنىسى، ئاۋستىرىيەلىك دون يوھاننىڭ قوماندانلىقىدا، لېپانتودىكى دېڭىز جېڭىدە تۈركىيەنىڭ 264 ئۇرۇش كېمىسىدىن تەركىب تاپقان چوڭ فلوتىنى مەغلۇپ قىلدى. 1580 ـ يىلى ئىسپانىيە لىسسبوئانى ئىشغال قىلدى، ئىككىنچى يىلى پورتۇگالىيە ۋە ئۇنىڭ بارلىق مۇستەملىكىلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. ئەمما نېدېرلاندىيە، ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەلەرگە قارشى ئۇرۇشتا فىلىپ II پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. نېدېرلاندىيە ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، ئىسپانىيە ئوردا خەزىنىسى بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلىرىدىن يىغقان نەچچە يىللىق باج كىرىمىنى سەرپ قىلىپ تۈگەتتى، نېدېرلاندىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يەتتە ئۆلكىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ئىسپانىيەنى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن قاتتىق زەربىگە ئۇچراتتى. 1588 ـ يىلى ئىسپانىيەنىڭ تەڭداشسىز فلوتى ئەنگلىيەگە يۈرۈش قىلىپ، نەتىجىدە پۈتۈن قوشۇنى دېڭىزدەك ھالاك بولدى، شۇنىڭدىن باشلاپ دېڭىزدىكى زومىگەرلىك ھوقۇقى ئەنگلىيەنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتتى. 1589 ـ يىلى، ئۇ يەنە لەشكەر تارتىپ فىرانسىيەدىكى خۇگېنو ئۇرۇشىغا ئارىلاشتى. ئىسپانىيە قوشۇنلىرى پارىژغا كىرىپ فىرانسىيەدىكى كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىگە 10 يىلغىچە ياردەم قىلىپ، ئاخىر مەغلۇپ بولۇپ قوغلاندى.

ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار ئىسپانىيەنىڭ ئىقتىسادىنى خارابلاشتۇردى، ئىسپانىيەنىڭ مالىيەسى قالايمىقانلىشىپ كەتتى، 1575 ــ 1596 ـ يىللىرى فىلىپ II ۋەيران بولغانلىقىنى ئىككى قېتىم جاكارلاپ، دۆلەت زايومىنى قايتۇرۇشنى رەت قىلدى. 1598 ـ يىلى فىلىپ II ئۆلگەندە،

ئىسپانىيەنىڭ دۆلەت قەرزى 100 مىليون گالدېنغا يەتكەنىدى.

فىلىپ III ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1598 — 1621)دە ئىسپانىيە ئۈزلۈكسىز خارابلاشتى. ھۆكۈمەت باجنى قايتا ـ قايتا ئۆستۈردى، كاستىل رايونىنىڭ باج كىرىمى 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا 3 مىليون دوكات بولغان بولسا، 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۆپىيىپ 17 ـ مىليون دوكاتقا يەتتى. 1607 ـ، 1627 ـ ۋە 1647 ـ يىللىرى ھەر 20 يىلدا بىر قېتىم مالىيە كرىزىسى يۈز بېرىشتىن خالىي بولالمىدى. 1608 ـ يىلى سەرگەردانلارنىڭ سانى 150 مىڭغا يەتتى. 16 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 17 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان مەزگىلدە ۋابا كېسىلى ۋە ئاچارچىلىق، مۇستەملىكىلەرگە كۆچۈش، مورىسكولارنى قوغلاپ چىقىرىش ۋە ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن ئۇزۇنغىچە توختىماي ئۇرۇش قىلىش تۈپەيلىدىن ئىسپانىيەنىڭ نوپۇسى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى، تولېدو شەھىرىدىكى ئاھالىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئازىيىپ كەتتى، نۇرغۇن چوڭ شەھەرلەردىكى ئاھالىنىڭ يېرىمى، بەزىلىرىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى ئازىيىپ كەتتى. بەزى كىچىك بازار ۋە يېزا ـ كەنتلەردە ئادەم قالمىدى.

ئىسپانىيەنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى بارغانسېرى تۆۋەنلىدى. 1609 ـ يىلى فىلىپ III گوللاندىيەگە قارشى ئۇرۇشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى، ئەمەلىيەتتە گوللاندىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. 30 يىللىق ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىسپانىيە گېرمانىيە ئىمپېراتورى تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىپ، قايتا ـ قايتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئوتتۇز يىللىق ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىسپانىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش يەنىلا داۋاملاشتى، 1659 ـ يىلى تۈزۈلگەن پىرىنېئوس سۈلھى شەرتنامىسىگە ئاساسەن، ئىسپانىيە يامايكانى ئەنگلىيەگە، رۇسسىللون ۋە فلاندېر رايونىدىكى بەزى شەھەرلەرنى فرانسىيەگە بۆلۈپ بەردى. 1640 ـ

يىلى پورتۇگالىيە ئىسپانىيەنىڭ كاتالونىيە رايونىدا ئىسپانىيە مۇستەبىت پادىشاھلىقىغا قارشى غايەت زور كۆلەملىك خەلق ھەرىكىتى قوزغاپ، ئىسپانىيە ئىنتايىن مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1647 ـ يىلى سىسىلىيە بىلەن ناپلېستا بىرلا ۋاقىتتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى ھەمدە بىر مەھەل جۇمھۇرىيەت قۇرۇلدى. قوزغىلاڭ گەرچە باستۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسپانىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا قاتتىق زەربە بەردى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسپانىيە ياۋروپادىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىدىن تامامەن مەھرۇم بولدى.

## 4 ـ بۆلۈم نېدېرلاندىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى

**16 ـ ئەسىردىكى نېدېرلاندىيەدىكى كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىياتى** «نېدېرلاند» دېگەن سۆز پەس يەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ رېين دەرياسى، مائاس دەرياسى ۋە ئېسكاۋ دەريالىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى بىلەن شىمالىي دېڭىز ساھىلىدىكى ئويمانلىقلارغا قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، بۈگۈنكى گوللاندىيە، بېلگىيە، ليۇكسېمبۇرگ ۋە فىرانسىيەنىڭ شەرقىي شىمال رايونىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەر كۆلىمى 70 — 80 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ①بۇ رايون ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فرانك پادىشاھلىقىنىڭ مەركىزى ئىدى. 11 ـ ئەسىردىن كېيىن نۇرغۇن فېئودال سۇيۇرغاللىقلارغا بۆلۈنۈپ كېتىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا گېرمانىيە بىلەن فىرانسىيەگە تەۋە بولغانىدى. 15 ـ ئەسىردە بۇرگۇندى كىنەزلىكىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. كېيىن خان جەمەتلىرى ئۆزئارا

---

① ئېنى ۋاقىتتا ئىسپانىيەنىڭ تېررىتورىيەسى 59.5 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بولۇپ، نېدېرلاندىيەنىڭ 7.5 ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى.

قۇدىلىشىش ۋە ۋارىسلىق قىلىش تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپ خابىسبۇرگ جەمەتىنىڭ زېمىنىغا ئايلاندى، 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەنە فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمدىكى ئىسپانىيە پادىشاھلىقىغا تەۋە بولدى.

13 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە نېدېرلاندىيەدە قول سانائەت بىلەن سودا راۋاجلاندى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىقى داڭلىق ئىدى. 16 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن نېدېرلاندىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولدى. نېدېرلاندىيەدىكى 17 ئۆلكىدە تەخمىنەن 300 شەھەر بار ئىدى، شۇڭا ئۇ «شەھەر كۆپ دۆلەت» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ شىمالىدىكى يەتتە ئۆلكە ئىچىدە گوللاندىيە بىلەن زېئېللاندىيەدىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكىنىڭ سودا ـ سانائىتى ئەڭ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بۇ يەرلەردىكى يۇڭ، چىگە توقۇمىچىلىق بىلەن كېمىسازلىق كەسپىنىڭ نامى خېلىلا مەشھۇر ئىدى، دېڭىز قاتنىشى كەسپى بىلەن بېلىقچىلىقمۇ خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەنىدى. گوللاندىيە نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن يېرىمنى شەھەر ئاھالىلىرى ئىگىلەيتتى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ھەر يىلى 1000 دىن ئارتۇق كېمە ئامىستېردام ۋە شىمالدىكى ئۆلكىلەردىن دېڭىزغا بېلىق تۇتقىلى باراتتى، تۇرلۇك بېلىقلارنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 300 مىڭ دوكاتقا توغرا كېلەتتى. نۇرغۇن چوڭ شەھەرلەردە كۆلىمى چوڭراق قول سانائەت ئىشخانىلىرى بارلىققا كەلگەنىدى. ئامىستېردام شىمالدىكى ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى بولۇپ، 1548 ـ يىلىدىكى يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 10مىڭ 938 توپقا يەتكەنىدى. ئۇ ئەنگلىيە، بالتىق دېڭىزى بويىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر، شۇنداقلا رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن قويۇق سودا ئالاقىسى قىلاتتى، بىراق ئىسپانىيە بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسى ئازراق ئىدى. يېزىلاردا فېئوداللارنىڭ كۈچى ئاجىزراق ئىدى. ئىقتىسادى تەرەققىي

قىلغان بەزى ئۆلكىلەردە كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەر يېزا - قىشلاقلارغىچە سىڭىپ كىرگەن بولۇپ، يەرنىڭ كۆپ قىسمى چوڭ باي سودىگەرلەر بىلەن بۇرژۇئازلارنىڭ ئىلكىدە ئىدى. ئۇلار ياكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى بىۋاسىتە باشقۇرۇپ، ياللانما ئەمگەكچىلەرنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلاتتى، ياكى يەرلىرىنى ئىجارىكەش دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىپ، ئىجارە ھەققىگە پۇل ئالاتتى، بەزى ئاقسۆڭەكلەر دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنى يولغا قويغانىدى.

جەنۇبتىكى 10 ئۆلكە بويىچە فلاندىر بىلەن برابانت ئەڭ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، 14 - ئەسىردىلا قول سانائەت ئىشخانىلىرى بارلىققا كەلگەنىدى. 16 - ئەسىرگە كەلگەندە توقۇمىچىلىق، مېتاللورگىيە، شېكەر ئىشلەپچىقىرىش، مەتبەئەچىلىك قاتارلىق سانائەتلەردە قول سانائەت ئىشخانىلىرى تېخىمۇ ئومۇملاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يۇڭ، چىگە توقۇمىچىلىق قول سانائەت ئىشخانىلىرى تېخىمۇ تەرەققىي قىلغانىدى. بىراق، يۇڭ توقۇمىچىلىق خام ئەشياسىنى سېتىۋېلىش ۋە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش جەھەتتە ئاساسەن چەت ئەل بازارلىرىغا، بولۇپمۇ ئىسپانىيە بازىرىغا تايىناتتى. جەنۇبىي ئۆلكىلەردىكى چوڭ بۇرژۇئازلار بىلەن ئىسپانىيە ۋە ئۇنىڭ مۇستەملىكىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى قويۇق بولغاچقا، ئىسپانىيەنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشتە ئۇلار ئىنتايىن تۇراقسىز ۋە مۇرەسسەچىلىك ئىپادىسىدە بولدى. يېزىلاردا يانچىلىق تۈزۈمى يىمىرىلىپ، يانچىلار ھۆر دېھقانلارغا ۋە ئىجارىكەش دېھقانلارغا ئايلانغانىدى، كاپىتالىستىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرىمۇ تەرەققىي قىلغانىدى.

جەنۇبتىكى مەركىزىي شەھەر ئانتۋېرپ ئەينى چاغدا دۇنيا بويىچە ئەڭ مۇھىم سودا ۋە كىرېدىت مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. ئىتالىيەلىك تارىخشۇناس فاگىچادىنىڭ مۆلچەرىگە ئاساسلانغاندا، 1560 - يىلى ئانتۋېرپنىڭ يالغۇز ئىمپورت

قىلغان مىلىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 31 مىليون 870 مىڭ 200 فلورىنغا يەتكەن. ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ بۇ يەردە قۇرغان سودا سارايي ۋە ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش ئورنى 1000 دىن ئارتۇق بولۇپ، ھەركۈنى كېلىپ ـ كېتىدىغان چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئالتە ـ يەتتە مىڭغا يېتەتتى. پورتتا بەزىدە بىرلا ۋاقىتتا توختايدىغان چوڭ ـ چوڭ كېمىلەرنىڭ سانى 2000 دىن ئېشىپ كېتەتتى. شەھەر ئىچىدىكى خەلقئارالىق سودا مەركىزىنىڭ دەرۋازىسىغا «بارلىق دۆلەت ۋە مىللەت سودىگەرلىرى ئىشلىتەلەيدۇ» دېگەن پىلاكات ئېسىپ قويۇلغان①.

نىدېرلاندىيەلىكلەر، بىز ھەر قايسى ئەللەردىن ھەسەل يىغىمىز دەپ ماختىناتتى، شىمالىي ياۋروپا ئورمانلىقىمىز، رېين دەرياسى بويلىرى ئۈزۈمزارلىقىمىز، گېرمانىيە، ئىسپانىيە، ئېرلاندىيەلەر قوي قوتىنىمىز، پرۇسسىيە ۋە پولشا ئاشلىق كانىمىز، دەپ قارايتتى.

ئەمما نىدېرلاندىيەدىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس ئىدى. بەزى ئۆلكىلەر، بولۇپمۇ چەت جايلاردىكى ئۆلكىلەر، ئالايلۇق، ئارتوئىس، نامۇر، ليۇكسېمبۇرگ قاتارلىقلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئاستىراق بولۇپ، ئۇلاردا فېئوداللىق يەر ئىگىدارلىق تۈزۈمى يەنىلا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. دېھقانلار بىلەن فېئوداللار ئوتتۇرىسىدا يەرگە بېقىنىش مۇناسىۋىتى، ھەتتا جىسمانىي جەھەتتىن بېقىنىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت ئىدى. چەت ـ ياقا رايونلاردا يانچىلىق تۈزۈمى ناھايىتى مۇستەھكەم ئىدى.

16 ـ ئەسىردە نىدېرلاندىيەدە كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەر تېز راۋاجلاندى. لېكىن ئىسپانىيەنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقى ۋە دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى نىدېرلاندىيەنىڭ كاپىتالىستىك ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا قاتتىق توسالغۇ

① خېئاتون: «ياۋروپانىڭ ئىقتىساد تارىخى»، 233 ـ بەت، نيۇيورك، 1948 ـ يىلى.



www.uyghurkitap.com

بولدى. سېتىۋالغۇچى، سودىگەر، ئىشخانا غوجايىنى ۋە دېھقانچىلىق مەيدانى غوجايىنلىرىدىن تەركىب تاپقان شەھەر ـ يېزا بۇرژۇئازلىرى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى بىلەن سىياسىي تۇرمۇشىدا بارغانسېرى مۇھىم رول ئوينىدى، ئۇلار كالۋىن مەزھىپىنىڭ تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ، ئىسپانىيەنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، كاپىتالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. لېكىن، چوڭ سودا بۇرژۇئازلىرى، بولۇپمۇ جەنۇبتىكى چوڭ سودا بۇرژۇئازلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىسپانىيە بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانلىقتىن، مۇتەئەسسىپرەك ئىدى، مۇرەسسە قىلاتتى.

ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىدا ناھايىتى زور پارچىلىنىش بولدى. نۇرغۇن ئاقسۆڭەكلەر، ئاساسلىق شىمالدىكى ئاقسۆڭەكلەر كاپىتالىستىك يەر باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقتىن، يېڭى ئاقسۆڭەكلەرگە ئايلاندى، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مەنپەئەتى بۇرژۇئازلارنىڭكىگە يېقىنلاشتى. ئاۋۋالقىدەكلا فېئوداللىق يەر ئىجارىسىگە تايىنىپ ياشاۋاتقان كونا ئاقسۆڭەكلەر بولسا گېرمانىيەدىكى لۇتېرچى كىنەزلەر ۋە فرانسىيەدىكى خۇگېنوچى ئاقسۆڭەكلەرنى دوراپ، دىنىي ئىسلاھات ئارقىلىق دىنىي جەمئىيەتنىڭ يەر ـ زېمىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بايلىقىنى كۆپەيتمەكچى بولدى. ئۇلار بىلەن ئىسپانىيەنىڭ ھۆكۈمران دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى.

قول سانائەت ئىشخانىلىرىدىكى ئىشچىلار، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى يالانما ئەمگەكچىلەر، شەھەرلەردىكى نامرات ئاھالىلەر ۋە سانى كۆپ بولغان دېھقانلار ئاممىسى يات مىللەت ۋە سىنىپىي ئىككى ياقلىمىلىقنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ، ئىنتايىن مۇشكۈل ئەھۋالدا قالغانىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر قايتا چوقۇندۇرغۇچىلار مەزھىپىگە كىرگەن بولۇپ، ئۇلار ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ،

ئىنقىلابىنىڭ ئاساسلىق كۈچىگە ئايلانغانىدى.

**ئىسپانىيەنىڭ نىدېرلاندىيەدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى**

ئىسپانىيە تەيىنلىگەن باش ۋالىي نىدېرلاندىيەنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولۇپ، مەمۇرىيەت، ئەدلىيە ۋە مالىيە جەھەتتىكى چوڭ ھوقۇق ئۇنىڭ چاڭگىلىدا ئىدى. باش ۋالىينىڭ ئاستىدا چوڭ ئاقسۆڭەكلەردىن تەركىب تاپقان دۆلەت پارلامېنت تەسىس قىلىنغانىدى. ھەر قايسى ئۆلكىلەردە يەنە ئۆلكە باشلىقلىرى بار ئىدى. ھەرقايسى ئۆلكىلەردە ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىن سىرت، يەنە دەرىجىلىك ۋەكىللەر ئورگىنى، يەنى ئۆلكىلىك پارلامېنت بولۇپ، مەملىكەت خاراكتېرلىك ئۈچ دەرىجىلىك يىغىنى ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. دەسلەپتە ئۆلكىلىك پارلامېنت بىلەن ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنى مۇئەييەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولغانىدى، مەسىلەن، يېڭى باج ئېلىشقا توغرا كەلگەندە ئۆلكىلىك پارلامېنت تەستىقلىغاندىن كېيىن يولغا قويۇلاتتى. بىراق، ئىسپانىيە پادىشاھى چارلېز I نىدېرلاندىيەنىڭ ئەنئەنىۋى ھوقۇقىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، نىدېرلاندىيەنى سىياسىي جەھەتتە كونترول قىلىش ۋە باج - سېلىق ئارقىلىق شىلىشنى خالىغىنىچە كۈچەيتتى، نىدېرلاندىيەدىن بۇلاپ ئېلىنىدىغان باج كىرىمى ئىسپانىيەنىڭ ئومۇمىي خەزىنە كىرىمىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن چارلېز V نىدېرلاندىيەنى: «تاجىمغا قادىۋالغان بىر مەرۋايىت»[①] دەپ ئاتىغان. چارلېز V كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قورالى قىلىپ بارلىق ئەركىن پىكىرلەرنى باستى. نىدېرلاندىيەدە دىنىي كېسىمخانا قۇرۇپ، پروتېستانت مۇرىتلىرىنى ۋەھشىيلەرچە

---

① چارلېز V دەۋرىدە، ئىسپانىيە ھەر يىلى نىدېرلاندىيەدىن 2 مىليون فلورېننى بۇلىۋالاتتى، بۇ ئۇنىڭ ئومۇمىي كىرىمى (ئىسپانىيەنىڭ ئۆزىدىن، ئىتالىيەدىن، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلىرىدىن ۋە نىدېرلاندىيەدىن قىلىنغان كىرىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيتتى.



www.uyghurkitap.com

باستۇردى. 1550 ـ يىلى جاكارلانغان پەرمانىدا، ئۇمۇمەن پروتېستانت دىنىنىڭ رەسمىي مۇرىتى ياكى پروتېستانت دىنى مۇرىتى دەپ ئەيىبلەنگەن «ئەرلەرنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ، ئاياللار تىرىك كۆمۈلىدۇ» دەپ بەلگىلىمە چىقاردى، ھەتتا پروتېستانت دىنى مۇرىتلىرىغا ياردەم قىلغان ياكى ئۇلار بىلەن پاراڭلاشقان كىشىلەرمۇ جازاغا تارتىلىپ، مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى. شۇڭلاشقا، كىشىلەر بۇ پەرماننى «قانلىق پەرمان» دەپ ئاتىدى.

فىلىپ II (1556 ــ 1598) تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنى تېخىمۇ قاتتىق يولغا قويدى. ئۇ ئاچىسى گېرتسوگ مارگارېتانى نېدېرلاندىيەنىڭ باش ۋالىيلىقىغا، يېقىن ئادىمى كاردىنال گرانۋېللارنى باش مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلەپ، نېدېرلاندىيەنى ئېزىش ۋە كونترول قىلىشنى ئۇمۇمىيۈزلۈك كۈچەيتتى. مارگارېتا نېدېرلاندىيەدىكى 17 ئۆلكىنىڭ قالدۇق ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. ھەرقايسى جايلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنى كۆپەيتتى، كاتولىك دىنى جەمئىيىتىدىن پايدىلىنىپ، نېدېرلاندىيە خەلقىنى كۈچىنىڭ بارىچە باستۇردى. دىنىي زىيانكەشلىك دېلولىرى تېز كۆپەيدى، دىنىي كېسىمخانىلار نۇرغۇن كالۋىن مەزھىپى مۇرىتلىرى بىلەن قايتا چوقۇندۇرۇش مەزھىپى مۇرىتلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى①.

فىلىپ II ئىسپانىيە بۇرژۇئازلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، نېدېرلاندىيەلىك سودىگەرلەرنىڭ ئىسپانىيە پورتلىرىغا كىرىشى چەكلەندى، ئۇلارنىڭ ئىسپانىيە مۇستەملىكىلىرى بىلەن

① ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، دىن جەھەتتە ئەيىبلەش دېلولىرىغا چېتىلغان كىشىلەر 1551 ـ يىلى 50 تىن كۆپرەك بولغان بولسا، 1561 ـ يىلى 150 كە يەتكەن، 1562 ـ يىلى تېز ئېشىپ 650 كە يەتكەن، 1521 ـ يىلى بىدئەتلەرنى جازالاش قانۇنى ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ، 1566 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە 50 نەچچە مىڭ كىشىگە بىدئەتلىك جىنايىتى ئارتىلىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ياكى نائىلاج قېچىپ كەتكەن.

بىۋاسىتە سودا قىلىشىنى توختاتتى، ئىسپانىيەدىن چىقىدىغان قوي يۇڭىنىڭ باج نورمىسىنى ئۆستۈردى، شۇنىڭ بىلەن نىدېرلاندىيەنىڭ ئىسپانىيەدىن ئىمپورت قىلىدىغان قوي يۇڭى 40% ئازىيىپ كەتتى (ھەر يىلى 40مىڭ تايدىن 25 مىڭ تايغا چۈشۈپ قالدى). نۇرغۇن قول سانائەت ئىشخانىلىرى تاقىلىپ، كۆرمىڭلىغان ئىشچى ئىشسىز قالدى. ئۇ يەنە دۆلەت قەرزىنى قايتۇرۇشنى ئاشكارا رەت قىلىپ، نىدېرلاندىيەلىك نۇرغۇن بانكىرنى ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچراتتى. چەت ئەللىك ھۆكۈمرانلارنىڭ نىدېرلاندىيەگە تاڭغان بۇ بالايىئاپەتلىرى ئېنىقكى مىللىي زۇلۇم خاراكتېرىگە ئىگە. نىدېرلاندىيە بۇرژۇئازلىرى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئىسپانىيەنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىنلەشتى. فلاندىر، برابانت، گوللاندىيە، فرىزلاند ۋە ئانتۋېرپ قاتارلىق ئۆلكە - شەھەرلەردە پروتېستانت دىنى مۇرىتلىرى ئىسپانىيەنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆپ قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

**ئىنقىلابنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە پارتىزانلىق ئۇرۇش** فىلىپ II نىڭ قاتتىق بېسىش سىياسىتى نىدېرلاندىيە خەلقىنىڭ قاتتىق غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىدى، ھەتتا سىياسىي جەھەتتە چەتكە قېقىلغان نىدېرلاندىيەلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭمۇ نارازىلىقى كۈندىن - كۈنگە كۈچەيدى. نىدېرلاندىيەلىك ئاقسۆڭەكلەر خەلق ھەرىكىتى كۈندىن - كۈنگە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ۋە ئۇششاق ئاقسۆڭەكلەرنى ئاساس قىلغان «ئاقسۆڭەكلەر ئىتتىپاقى»نى تەشكىل قىلدى. 1566 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئاقسۆڭەكلەر ئىتتىپاقىدىكى 300 نەچچە كىشى بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ، باش ۋالىي مارگارېتاغا مۇراجىئەتنامە سۇنۇپ، «قانلىق پەرمان» نى بىكار قىلىش، ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنىنى چاقىرىش، ئىسپانىيە قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈش، گىرانۋېللارنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاش قاتارلىق تەلەپلەرنى

ئوتتۇرىغا قويدى. ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى.

1566 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، فلاندېرنىڭ بەزى سانائەت شەھەرلىرىدىكى قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ ئىشچىلىرى بىلەن نامرات شەھەر ئاھالىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، كۈرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى ئالدى بىلەن ئىسپانىيەنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولغان كاتولىك دىنى جەمئىيىتىگە قاراتتى. قوزغىلاڭچىلار چېركاۋ ـ موناستىرلارغا باستۇرۇپ كىرىپ ئىكونا، ئەۋلىيالارنىڭ قالدۇق سۆڭەكلىرى ۋە تەۋەررۈكلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى، چېركاۋ ـ موناستىرلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى، يەر خېتى ۋە قەرز چەكلىرىنى كۆيدۈردى. نېدېرلاندىيەنىڭ جەنۇبىدىن باشلانغان بۇ ھەرىكەت تېز كېڭەيتىپ، ناھايىتى تېزلا برابانت، زېئېللاند، گوللاندىيە، فرىسلاند قاتارلىق 12 ئۆلكىنى قاپلىدى، قوزغىلاڭچى ئاما 5500 نەچچە چېركاۋ ـ موناستىرنى بۇزۇپ تاشلىدى. قوزغىلاڭچىلار ئىكونىلارنى بۇزۇش، قەرز چېكى ۋە توختامنامىلەرنى كۆيدۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە ھەممىلا جايدا شەھەر مەمۇرىيىتى دائىرىلىرىنى پروتېستانت دىنى مۇرىتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشنى توختىتىپ، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا، كاتولىك دىنى روھانىيلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەشكە مەجبۇرلىدى، قوزغىلاڭچىلار ھەتتا شەھەرلەرنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا تەييارلاندى. جۇش ئۇرۇپ ئەۋج ئالغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك ھەرىكەت نېدېرلاندىيە ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى.

ئىسپانىيە ھۆكۈمرانلىرى خەلق ئىنقىلابىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقتى، 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى جاكارلىغان «كېلىشىش پەرمانى»دا، دىنىي كېسىمخانىنىڭ پائالىيىتىنى ۋاقىتلىق

توختىتىشقا، كالۋىن مەزھىپى مۇرىتلىرىنىڭ بەلگىلەنگەن جايدا ئىبادەت قىلىشىغا ئىجازەت بېرىشكە نائىلاج قوشۇلدى. نىدېرلاندىيەلىك ئاقسۆڭەكلەر ئاممىۋى ھەرىكەتتىن ئالاقىزادە بولۇپ كەتكەچكە، ئىسپانىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ «يول قويۇشى»نى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن قوبۇل قىلدى، بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەر ھۆكۈمەتنىڭ خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشىغا ياردەملەشتى. كالۋىنچى بۇرژۇئازلارمۇ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى ھەمدە خەلقنى ھۆكۈمەتكە بويسۇنۇشقا دەۋەت قىلدى. بۇرژۇئازلارنىڭ مۇرەسسە قىلىشى ۋە بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن، ھەر قايسى جايلاردىكى خەلق قوزغىلاڭى 1567 - يىلى باھار پەسلىدە ئەكسىيەتچىل دائىرىلەر تەرىپىدىن باستۇرۇلدى.

مەككار ئىسپانىيە پادىشاھى فىلىپ II 1567 - يىلى 8 - ئايدا ياۋۇزلۇقتا داڭقى چىققان گېرتسوگ ئالبانى 18 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ نىدېرلاندىيەگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. ئالبا: «بىر نامرات نىدېرلاندىيەنى تەڭرىگە قالدۇرسام قالدۇرىمەنكى، بىر باي نىدېرلاندىيەنى ئازازۇلغا قالدۇرۇپ قويمايمەن» دەپ جارسالدى. ئۇ ئاتالمىش «زوراۋانلىقنى يوقىتىش كومىتېتى» (يەنى «بىدئەتلىك» ۋە ئاسىيلىق دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان پەۋقۇلئاددە سوت، ئۇ تارىختا «قانلىق كومىتېت» دەپ ئاتالغان) نى قۇردى، ھەر قايسى شەھەرلەرگە ئىسپانىيە قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ، قوزغىلاڭچىلارنى ھەدەپ قولغا ئېلىپ، تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. ھەممىلا جايىنى دار ۋە دىنىي كېسىمخانىنىڭ كۆيدۈرۈش جازاسى ئىجرا قىلىنىدىغان تۈۋرۈكى قاپلىدى، 9000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى، بىۋاسىتە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەرنىڭ

سانى 1000 دىن ئېشىپ كەتتى①. ئاقسۆڭەك ئۆكتىچىلەرنىڭ ئاتامانى گراف ئۇگمونتې، گېنېرال خېئېن ۋە بۇرژۇئازلارنىڭ داھىيسى، ئانتۋېرپ شەھىرىنىڭ باشلىقى فان ستراليېن قاتارلىق كىشىلەرمۇ مۇيتۇڭزىغا ئۇزىتىلدى. ئالبا نېدېرلاندىيە خەلقىنى تالان - تاراج قىلىش ئۈچۈن، 1569 - يىلى 5 - ئايدا يېڭى باج تۈزۈمىنى ئېلان قىلدى: بىرىنچى، تۈرلۈك كۆچمە مۈلۈك ۋە كۆچمەس مۈلۈكلەرنىڭ باج نورمىسى 1%؛ ئىككىنچى، يەر سېتىش - سېتىۋېلىش بېجىنىڭ نورمىسى 5%؛ ئۈچىنچى، تاۋار سودىسى بېجى نورمىسى 10% قىلىپ بەلگىلەندى. يالغۇز بىرىنچى تۈرلۈك باج ئارقىلىقلا ھەر يىلى 30مىڭ فلورىن شىلىۋېلىناتتى. يۇقىرى باج نورمىسى ئارقىلىق شىلىۋېلىش نېدېرلاندىيەنىڭ ئىقتىسادىنى ئەجەللىك زەربىگە ئۇچراتتى.

گېرتسوگ ئالبانىڭ تېررولۇق ھۆكۈمرانلىقى ۋە تالان - تاراج قىلىش سىياسىتى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بۇرژۇئازلار ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىنى ئارقا - ئارقىدىن چەت ئەللەرگە قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. ئورانگې ۋىلىيام گېرمانىيەدىكى خوجىلىق زېمىنى ناسسائۇغا قېچىپ باردى، ئۇ يەردە گېرمانىيەلىك پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىنەزلەر بىلەن فىرانسىيەلىك خۇگېنوچى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلدى. ۋىلىيامنىڭ مۇئەييەن جەڭ قىلىش تەجرىبىسى بار ئىدى، ئۇ 21 يېشىدا چارلېز V نىڭ قول ئاستىدا ھەربىي قوماندان بولۇپ، 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا قوماندانلىق قىلغانىدى. 1568 - يىلى ئالبا ئۇنىڭغا «زوراۋانلىقنى يوقىتىش كومىتېتى»غا بېرىپ تەكشۈرۈلۈشكە بۇيرۇق قىلغاندا، ۋىلىيام 23 مىڭ كىشىلىك ياللانما قوشۇننى باشلاپ، فرىئېسلاندقا ھۇجۇم قىلغان، لېكىن

① «برىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيەسى»، 11 - توم 834 - بەت، 1974 - يىلى. ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى توغرىسىدىكى قاراشلار ئوخشاش ئەمەس.

ئالبا تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كۆپ قېتىم نىدېرلاندىيەگە ئەسكەر باشلاپ بېرىپ، ئىسپانىيە قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلدى، ئاممىنى قوزغىمىغانلىقى ئۈچۈن ھەر قېتىمدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى.

ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بۇرژۇئازلار چەت ئەللەرگە بەس ـ بەستە قېچىۋاتقاندا، جەنۇبتىكى نۇرغۇن قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ ئىشچىلىرى، قول ھۈنەرۋەنلەر، دېھقانلار ۋە قىسمەن ئىنقىلابچى بۇرژۇئازلار فىلاندېر، گېنىنېگاۋ ۋە خايىنائۇتلاردىكى قويۇق ئورمانلىقتا ئورمان پارتىزانلار ئەترىتىنى تەشكىل قىلىپ، «ئورمان قەلەندەرلىرى»[①] دەپ ئاتالدى، ئۇلار ئىسپانىيە قوشۇنىنىڭ كىچىك ئەترەتلىرىگە ئۈشتۈمتۇت ھۇجۇم قىلدى. كاتولىك دىنى پوپلىرى بىلەن ئەدلىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەدىپىنى بەردى. شىمالدىكى گوللاندىيە، زېئېللاند، فرئېسلاند قاتارلىق جايلاردىكى ماتروسلار، بېلىقچىلار ۋە پىرىستان ئىشچىلىرى دېڭىز پارتىزانلار ئەترىتىنى تەشكىل قىلىپ، «دېڭىز قەلەندەرلىرى» دەپ ئاتالدى، ئۇلار ئىسپانىيەنىڭ كېمىلىرىگە ۋە دېڭىز بويىدىكى تايانچ پونكىتلىرىغا ئۈشتۈمتۇت ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. پاتىزانلار ھەرقايسى جايلاردىكى كۈرەشلەردە ئۈزلۈكسىز غەلىبە قازاندى. پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتناشقان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ، قوشۇن كۈندىن ـ كۈنگە زورايدى، چەت ئەللەرگە قېچىپ كەتكەن بەزى ئاقسۆڭەكلەر ۋە بۇرژۇئازلارمۇ قايتىپ كېلىپ پارتىزانلار قوشۇنىغا كىردى ھەمدە بارا ـ بارا

① 1556 ـ يىلى ئاقسۆڭەكلەر ئىتتىپاقى ئايال باش ۋالىي مارگارېتاغا مۇراجىئەتنامىنى تاپشۇرغاندا، ئىسپانىيە ۋەزىرى ئۇلارنى «قەلەندەرلەر» دەپ ھاقارەتلىگەن. كېيىن ئاقسۆڭەكلەر ئىتتىپاقى قەلەندەر سۆزىنى ئۆزلىرىنىڭ يەنە بىر نامى ئورنىدا ئىشلەتكەن ھەمدە قەلەندەرلىك خالتىسىنى ئىتتىپاقنىڭ بەلگىسى قىلىپ، ئىسپاندىيەلىكلەر نىدېرلاندىيەلىكلەرگە ۋەھشىيلەرچە زۇلۇم ـ ستەم قىلىپ، ئۇلارنى قەلەندەرگە ئايلاندۇرۇپ قويدى، دېگەننى ئىپادىلىگەن.

رەھبەرلىك ئورۇننى ئىگىلىدى①.

**1572 ـ يىلى شىمالدا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ ۋە ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ** كېڭىيىشى خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى داۋاملاشتۇرۇشى ئىنقىلابنىڭ يۇقىرى دولقۇنىغا كۆتۈرۈلىشىگە تۈرتكە بولدى. 1572 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دېڭىز پارتىزانلىرىنىڭ بىر ئەترىتى زېئىللاند ئارىلىدىكى بىرىئېل شەھىرىنى ئىگىللىدى. بۇ غەلىبە دېڭىز پارتىزانلىرىنى مۇستەھكەم تايانچ پونكىتقا ئىگە قىلىش بىلەن بىللە، شىمالدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردە ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ سىگنالىغا ئايلاندى. 5 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قوزغىلاڭ زۇيدېر دېڭىزىغا كىرىش ۋە چىقىش ئېغىزى ھېسابلانغان مۇھىم سودا شەھىرى ئېنكازېن ۋە گوللاندىيە، زېئېللاندنىڭ بەزى شەھەر ئەتراپلىرى ۋە يېزىلىرىغىچە كېڭىيىپ، ئىسپانىيەگە قارشى خەلق قوزغىلىڭى شىمالدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرنى ناھايىتى تېز قاپلىدى. 1572 ـ يىلى ياز پەسلىگە كەلگەندە، پۈتكۈل گوللاندىيە ئۆلكىسى بىلەن زېئىللاند ئۆلكىسى ئىسپانىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن تامامەن دېگۈدەك قۇتۇلدى. ئورانگېچى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بۇرژۇئازلار خەلق ئىنقىلابىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ شەھەرلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالدى، خەلق قوغدىنىش ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، ئىسپانىيە ئەكسىيەتچى كۈچلىرى ئۈستىدىن ئىنقىلابىي تېررولۇق ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزدى. يېزىلاردا دېھقانلار ئاممىسى كاتولىك دىنى چېركاۋ ـ موناستىرلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى، ئۆشرە

---

① 1568 ـ يىلى باھاردا «دېڭىز قەلەندەرلىرى» قوشۇنى قۇرۇلدى. 1570 ـ يىلى ۋىلىيام «دېڭىز قەلەندەرلىرى» گە ئالاھىدە ئىجازەتنامە ئەۋەتىپ، ئوفىتسېرلار بىلەن كېمە كاپىتانلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، ئولجىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى يۇقىرىغا تاپشۇرۇشنى بەلگىلىدى. «دېڭىز قەلەندەرلىرى» ئورانگى جەمەتىنىڭ ئۈچ خىل رەڭلىك شىر سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بايرىقى ۋە بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلدى.

تاپشۇرۇش ۋە ھەرخىل فېئوداللىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشنى رەت قىلدى. 1572 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا دېكاسىدا، دوردرېختتا چاقىرىلغان گوللاندىيە ئۆلكىلىك پارلامېنت يىغىنىدا[①] ئورانگې ۋىليام گوللاندىيە، زېئىللاندىيە ۋە ئۇترېچتىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلكىنىڭ قانۇنلۇق باش ۋالىيلىقىغا سايلاندى. 1573 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا شىمالدىكى يەتتە ئۆلكە ئىسپانىيەنىڭ ئىشغالىيىتىدىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئازاد بولدى.

ئالبا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن شىمالدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە ياۋۇزلارچە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئاھالىلەرنى ۋەھشىيلەرچە قىردى. ئەمما خەلقنىڭ كۈرەش ئىرادىسى تېخىمۇ يۇكسەلدى، ئالبانىڭ ئىسپانىيەنى مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئامالى قالمىدى، ئۇ يالغۇز بىر خاللۇم شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۈچۈنلا، يەتتە ئاي ۋاقىت سەرپ قىلدى، 12 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى. 1573 ـ يىلى 12 ـ ئايدا فىلىپ II ئالبانى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دىپلوماتىيەگە ماھىر رېچۇئېسېنىنى نېدېرلاندىيەنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى.

رېچۇئېسېن نېدېرلاندىيە قوزغىلىڭىنى داۋاملىق غالجىرلارچە باستۇردى، 1574 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مۇھاسىرىگە ئېلىنغىنىغا يېرىم يىل بولغان گوللاندىيەنىڭ دېڭىز ساھىلى شەھىرى لېيدېنغا ھۇجۇم قىلدى. شەھەرنى قوغداۋاتقان ئاھالىلەر قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ بىرنەچچە ئاي قارشىلىق كۆرسەتتى. شەھەردە ئوزۇق ـ تۈلۈك تۈگىگەندە ئىسپانىيە

---

① يىغىن گوللاندىيە ئۆلكىسىنىڭ دوردرېخت شەھىرىدە ئېچىلغان. يىغىنغا جەمئىي 12 ئۆلكىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان، ئۇ شىمالدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ بىرلەشمە پارلامېنتى ئەمەس ئىدى. ئۇترېخت ئەينى چاغدا ئىسپانىيەنىڭ كونترول- لۇقىدا بولۇپ، يىغىننىڭ ساھىبخانىسى ئەمەس ئىدى،

قوشۇنى ئالداپ تەسلىم قىلدۇرۇشقا ئادەم ئەۋەتتى، شەھەرنى قوغداۋاتقانلار مەغرۇرلۇق بىلەن مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «سىلەر شەھەردە ئىتنىڭ قاۋىغىنىنى، مۈشۈكنىڭ مىياڭلىغىنىنى ئاڭلىساڭلار، شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ قالىسىلەر». «خانىم - قىزلىرىمىزنى، ئەركىنلىكىمىزنى قوغداش ۋە دىنىمىزنى چەت ئەللىك زالىملارنىڭ بەربات قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەر بىرىمىز سول قولىمىزدىن ئايرىلىپ قالساقمۇ، ئوڭ قولىمىزنى ساقلاپ قېلىشقا قادىرمىز». شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلار شەھەرنى قوغداۋاتقان ئاھالىلەرنىڭ ئىسپانىيە قوشۇنىغا باتۇرلۇق بىلەن زەربە بېرىشىگە ياردەم قىلىپ، دۈشمەنىنىڭ قاتناش لىنىيەسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، دۈشمەننىڭ كېچىك ئەترەتلىرىنى يوقاتتى. كېيىن دېڭىز پارتىزانلىرى ياردەمگە يېتىپ كەلدى. 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئورانگې ۋىلىيام نەق مەيداندا ساپيورلارغا ماس دەرياسىنىڭ قېشىنى ئالتە يەردىن ئېچىپ، دۈشمەنلەرنى سۇغا غەرق قىلىشقا قوماندانلىق قىلدى، رېچۇئېسېن قوشۇنى زور تالاپەتكە ئۇچراپ، 10 - ئايدا رەسۋاسى چىقىپ چېكىندى. ئارقىدىنلا رېچۇئېسېن يەنە سىياسىي سۇيىقەستىنى ئىشقا سېلىپ، ئىنقىلاب لاگېرىنى پارچىلىماقچى بولدى. ئۇ يېڭى باجنى توختىتىش ۋە تەسلىم بولغان ئورانگچىلارنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەمما، شىمالدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر داۋاملىق كۈچەيدى.

ئىنقىلابنىڭ شىمالدىكى غەلىبىسى جەنۇبتىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈردى. جەنۇبتىكى دېھقانلار تەشكىللىنىپ، يوللارنى كونترول قىلدى، ھەممىلا يەردە قاتراپ يۈرگەن ئىسپانىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىغا زەربە بەردى. 1576 - يىلى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى برىيۇسسېل شەھىرىدىكى ئاھالىلەر شەھەر مۇداپىئەسى قوشۇنىنىڭ ئورانگېچى قوماندانى دې خازنىڭ رەھبەرلىكىدە

قوزغىلاڭ كۆتۈردى، قوزغىلاڭچىلار پارلامېنت بىناسىنى ئىگىلەپ، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىرىنى قولغا ئېلىپ، دۆلەت ئىشلىرى يىغىنىنى تارقىتىۋېتىپ، ئىسپانىيەنىڭ نېدېرلاندىيەدىكى ئالىي ھۆكۈمرانلىق ئورگىنىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. جەنۇبتىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەر بەس ـ بەستە ئاۋاز قوشتى، بىر مۇنچىلىغان شەھەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى قۇردى. 1576 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نېدېرلاندىيەنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ۋەكىللىرى گېنت شەھىرىدە نېدېرلاندىيەنىڭ ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنىنى ئېچىپ، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ بىرلىشىپ كۈرەش قىلىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى، يىغىن ئېچىۋاتقان مەزگىلدە، ئىسپانىيە ياللانما قوشۇنى يەنە ئىسيان كۆتۈرۈپ، جەنۇبتىكى ئەڭ چوڭ شەھەر ئانتۋېرپىنى بۇلاپ ـ تالاپ، 8000 ئاھالىنى ئۆلتۈردى، شەھەر بويىچە ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى كۆيدۈرۈۋېتىلدى، تەخمىنەن 5 مىليون تىللالىق مال ـ مۈلۈك بۇلاپ كېتىلدى، بۇ ۋەقە جەنۇب بىلەن شىمالدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرنى بىرلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېلىشىمىدە تېز بىرلىككە كەلتۈردى، 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى «گېنت كېلىشىمى» ئىمزالىنىپ، ئالبا ئېلان قىلغان بارلىق قانۇن ـ پەرمانلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بەلگىلەندى، ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئەسلىدىكى ھوقۇقى ۋە سودا ئەركىنلىكى، جەنۇب بىلەن شىمال بىرلىكتە ئىسپانىيەگە قارشى تۇرۇش، جەنۇبلۇقلار يەنىلا كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىش، لېكىن كالۋىن مەزھىپىنىڭ قانۇنلۇق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش تەكىتلەندى. كېلىشىمدە فېئوداللىق يەر ئىگىدارلىق تۈزۈمىنى يوقىتىش مەسىلىسى تىلغا ئېلىنمىدى، نېدېرلاندىيەنىڭ مۇستەقىل بولۇش مەسىلىسى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى.

«گېنت كېلىشىمى» تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئىنقىلابىي كۈرەش

داۋاملىق راۋاجلاندى. 1577 ـ يىلى كۈز پەسلىدە جەنۇبتىكى بىريۇسسېل، گېنت ۋە ئانتۋېرپ قاتارلىق شەھەرلەردىكى خەلق يەنە يېڭى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، «18 كىشىلىك كومىتېت» تىن ئىبارەت ھاكىمىيەت ئورگىنى قۇردى ھەمدە بەزى دېموكراتىك تەدبىرلەرنى قوللاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا فلاندېر، برابانت قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ يېزىلىرىدىكى دېھقانلار ھەرىكىتىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، ئۇلار فېئوداللىق ئىجارە ھەققى ۋە باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشقا قارشى تۇردى، ئاقسۆڭەكلەر بىلەن چېركاۋ ـ موناستىرلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋالدى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قەلئە ـ قورغانلىرىنى ۋەيران قىلدى، ئىنقىلاب دولقۇنى جەنۇبلۇق ئاقسۆڭەكلەر، كاتولىك روھانىيلىرىنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى، ئۇلار ئىسپانىيە بىلەن مۇرەسسەلىشىش سۇيىقەستىنى پىلانلىدى، بۇرژۇئازلار ئىچىدىكى ئىسپانىيە بىلەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى بار مۇتەئەسسىپلەرمۇ ئىسپانىيە بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويۇشنى خالىمىدى. 1579 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، جەنۇبلۇق ئەكسىيەتچى ئاقسۆڭەكلەر ئارتوۋانىڭ ئۆلكە مەركىزى ئارراستا «ئارراس ئىتتىپاقى» نى تەشكىل قىلىپ، فىلىپ II «قانۇنلۇق ھۆكۈمران ۋە پادىشاھ»، كاتولىك دىنى بىردىنبىر قانۇنلۇق دىن دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ئىسپانىيە بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ، ئىنقىلابقا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇندى، شۇنىڭدىن باشلاپ جەنۇبىي نېدېرلاندىيە بىلەن شىمالىي نېدېرلاندىيە ئۆزلىرىنىڭ يولىغا قاراپ ماڭدى.

جەنۇبىي نېدېرلاندىيە بىلەن شىمالىي نېدېرلاندىيەنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس. نېدېرلاندىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەكشى بولمىغاچقا، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بازار شەكىللەنمىگەنىدى. شىمالدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردە ئايرىم ـ ئايرىم ئانتۋېرپ ۋە ئامستېردامنى مەركەز قىلغان ئۆزئارا زىت ئىككى ئىقتىسادىي

سوبستانسىيە شەكىللەندى، جەنۇبتىكى بازارلاردا ئەزەلدىن رىقابەت مەۋجۇت ئىدى. جەنۇبىي نىدېرلاندىيە ئىسپانىيەنىڭ قوي يۆڭىغا موھتاج بولۇپ، ئانتۋېرپ سودىدا ئىسپانىيە ۋە ئۇنىڭ مۇستەملىكىلىرىنى ئوبيېكت قىلغانىدى، شۇڭلاشقا جەنۇبىي نىدېرلاندىيە ئىسپانىيە بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋېتەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىماللىق بۇرژۇئازلارنىڭ كۆپىنچىسى كالۋىن مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلسا، جەنۇبلۇق ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۆپىنچىسى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. جەنۇبلۇق ئاقسۆڭەكلەر ۋە كاتولىك دىنى روھانىيلىرى شىمالدىكى دېموكراتىيەنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار كۈچىيىپ كەتسە، فېئوداللىق ئىمتىيازلىرىمىزدىن مەھرۇم بولۇپ قالارمىزمىكىن دەپ قورقۇپ، ھازىرقى ھالەتنى ساقلاپ قېلىشنى خالايتتى.

**ئۇترېخت ئىتتىپاقى ۋە ئۆلكىلەر بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى** نىدېرلاندىيە جەنۇب ۋە شىمالغا بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن، شىمالىي نىدېرلاندىيەدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەر ۋە جەنۇبىي نىدېرلاندىيەدىكى قىسمەن شەھەرلەر 1579 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «ئۇترېخت ئىتتىپاقى»نى قۇردى. ئىتتىپاق شىمالىي نىدېرلاندىيەدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەر مەڭگۈ ئايرىلماس ئىتتىپاقداشلار ئىكەنلىكىنى، ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنى ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى، پۇل تۈزۈمى ۋە ئۆلچەم سىستېمىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئورتاق ھەربىي ۋە دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. 1580 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى فىلىپ II پەۋقۇلئاددە خىتابنامە ئېلان قىلىپ، ئورانگې ۋىلىيام «ئەڭ ئەشەددىي خائىن ۋە دۆلەت ئىشلىرى جىنايەتچىسى» دەپ جاكارلىدى، كېيىنكى يىلى 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ئۇترېخت ئىتتىپاقى ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنى فىلىپ II نىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ

قىلمايدىغانلىقىنى، نىدېرلاندىيەنىڭ شىمالىدا ئۆلكىلەر بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتى، يەنى گوللاندىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى. شىمالدىكى دۆلەتمەن بۇرژۇئازلار ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئورانگې ۋىلىيامنى ئەڭ مۇۋاپىق داھىي، دەپ ئېتىراپ قىلدى. 1584 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئورانگې ۋىلىيام ئىسپانىيە ئەۋەتكەن ئىشپىيون تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئوغلى ئورانگې مائۇرس ئېسىلزادىلەر بىلەن بۇرژۇئازلاردىن تەركىب تاپقان «مىللىي كومىتېت» نىڭ رەئىسلىكىگە، شۇنىڭ بىلەن بىللە شىمالدىكى ئۆلكىلەر بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا سايلاندى.

ئىسپانىيە تاجاۋۇزچىلىرى مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىدى، يېڭى باش ۋالىي فارنېس ئارراس ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىكتە، ئالدى بىلەن جەنۇبتا ئىنقىلابىي كۈچلەرگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، ئانتۋېرپ، بريۇسسېل، گېنت قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، ئىسپانىيەنىڭ جەنۇبىي نىدېرلاندىيەدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئارقىدىنلا فارنېس باشچىلىقىدىكى قوشۇن شىمالىي نىدېرلاندىيەگە ھۇجۇم قىلغاندا، مائۇرس قوماندانلىقىدىكى شىمالىي نىدېرلاندىيە بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ كۈچلۈك زەربىسىگە ئۇچراپ، ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى. بۇ چاغدا ياۋروپانىڭ ۋەزىيىتى ئۆلكىلەر بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتىگە پايدىلىقراق بولۇپ، ئۇ ئەنگلىيە، فىرانسىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. 1588 ـ يىلى ئىسپانىيەنىڭ «تەڭداشسىز فلوتى» ئەنگلىيەگە قىلغان جازا يۈرۈشىدە پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، 1589 ــ 1598 ـ يىللىرى ئىسپانىيە ئەسكەر چىقىرىپ فىرانسىيەنىڭ خۇگېنو ئۇرۇشىغا ئارىلىشىپمۇ ئاخىرىدا يەنىلا مەغلۇپ بولدى. ئىسپانىيەنىڭ نىدېرلاندىيە ئىنقىلابىنى باستۇرغۇدەك ماجالى قالمىدى. 1609 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئىسپانىيە ئۆلكىلەر بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتى

بىلەن 12 يىللىق ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزدى، ئەمەلىيەتتە، مەزكۇر جۇمھۇرىيەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. كېيىن، 1648 ـ يىلىدا 30 يىللىق ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تۈزۈلگەن «ۋىستفارىيە شەرتنامىسى»دا گوللاندىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نېدېرلاندىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى شىمالىي نېدېرلاندىيەدە غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى.

نېدېرلاندىيە ئىنقىلابى روشەن ھالدىكى مىللىي ئازادلىق كۈرىشى خاراكتېرىگە ئىگە بولغان، دۇنيا بويىچە تۇنجى قېتىم مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بۇرژۇئا ئىنقىلابىدۇر، ئۇ مىللىي ئازادلىق كۈرىشى ئارقىلىق پۈتكۈل خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ، كەڭ دائىرىلىك مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇپ، ئىسپانىيەنىڭ زوراۋانلىقىغا بىرلىكتە زەربە بەردى. ئاخىرىدا ئىسپانىيەنىڭ مىللىي زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ، تارىختىكى تۇنجى بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. بۇ قېتىملىق ئىنقىلابمۇ دىنىي تون بىلەن نىقابلانغان ئىنقىلاب بولۇپ، ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىشۋاتقان بۇرژۇئازلار بىلەن ئاقسۆڭەكلەر كالۋىن مەزھىپىنى بايراق قىلىپ، كاتولىك دىنى دۆلەتتى بولغان ئىسپانىيەنىڭ ئەكسىيەتچىل فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇردى. ئېنگېلس: كالۋىن مەزھىپى گوللاندىيەدە بىر جۇمھۇرىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى① دېگەن. بۇ قېتىمقى ئىنقىلابنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇرژۇئازىيە ئورانگى ۋىلىيام ۋەكىللىكىدىكى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. نېدېرلاندىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى سودا بۇرژۇئازلىرى ئىدى، ئۇلار سىياسىي جەھەتتە مۆرەسسەچى ئىدى، بۇ نېدېرلاندىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدا نۇقسان پەيدا قىلدى،

---

① ئېنگېلس: «سوتسىيالىزمنىڭ خام خىيالدىن ئىلمىيلىككە قاراپ راۋاجلىنىشى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 3 ـ توم، 707 ـ بەت.

يەنى ئىنقىلاب ئۇزۇل - كېسىل ئېلىپ بېرىلمىدى. فېئوداللىق يەر ئىگىدارلىق تۈزۈمى تەلتۆكۈس پاچاقلاپ تاشلانمىدى، ئىنقىلاب پەقەت شىمالدىلا غەلىبە قازاندى. ئەمما، ياۋروپا ئومۇمىيۈزلۈك فېئوداللىق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقتا تۇرۇۋاتقان دەۋردە گوللاندىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇ ياۋروپادىكى ئاساسلىق ئەكسىيەتچىل فېئودالىق قورغان — ئىسپانىيە بىلەن رىم كاتولىك دىنى جەمئىيىتىگە قاتتىق زەربە بەردى. كاپىتالىزمغا نىدېرلاندىيەنىڭ شىمالىدا تەرەققىيات يولى ئېچىپ بېرىپلا قالماي، ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى بورژۇئا ئىنقىلابىنىڭ يول باشلىغۇچىسى بولۇپ قالدى. نىدېرلاندىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن بېشارەت بەردى.

**17 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى گوللاندىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكىلەرنى تالان - تاراج قىلىشى**

نىدېرلاندىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن قۇرۇلغان ئۆلكىلەر بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتىدە گوللاندىيە ئۆلكىسىنىڭ ئىقتىسادى ئەڭ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇ مەملىكەت بويىچە مالىيە چىقىمىنىڭ 57% نى تەمىنلەيتتى. گوللاندىيە ئۆلكىسى يەنە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىياسىي مەركىزى بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى بۇ جايدا تەسىس قىلىنغانىدى، شۇڭا ئۆلكىلەر بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتى يەنە گوللاندىيە جۇمھۇرىيىتى دەپ ئاتالدى.

17 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە گوللاندىيەدە كاپىتالىستىك ئىقتىساد ناھايىتى تېز راۋاجلاندى، ئۇنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق، چىگە توقۇمىچىلىق، يىپەك توقۇمىچىلىق ۋە كۇلالچىلىق قاتارلىق كەسىپى تارماقلىرىنىڭ نامى خەلقئارادا داڭلىق ئىدى. 17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، ئەنگلىيەنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق كەسىپى ئاخىرقى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە بوياشتا

گوللاندىيەگە تايىناتتى، گوللاندىيەدە بۇ تۈردىكى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار نەچچە مىڭ كىشىگە يېتەتتى. گوللاندىيەنىڭ كېمىسازلىقى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئەينى چاغدا دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. ئەينى چاغدا گوللاندىيە سودا كېمىلىرىنىڭ تونناژ كوئېففىتسېنتى ياۋروپا كېمىلىرىنىڭ ئومۇمىي تونناژ كوئېففىتسېنتىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيتتى. گوللاندىيە ئىسپانىيەگە چوڭ تىپلىق كېمە ياساپ بېرەتتى، ئەنگلىيەنى تەكشى تەگلىك كېمە، بېلىقچىلىق كېمىسى ۋە كۆمۈر توشۇش كېمىلىرى بىلەن تەمىنلەيتتى.

سودىنىڭ سانائەتتىن ئېشىپ كېتىشى گوللاندىيەدە كاپىتالىزم تەرەققىياتىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ، تاشقى سودا ئىچكى سودىنى بېسىپ چۈشەتتى. 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇھىم پورت شەھىرى ئامستېردام ئانتۋېرپىنى بېسىپ چۈشتى، ئۇنىڭ ئاھالىسى 100 مىڭغا يەتتى. ئۇ گوللاندىيەنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى بولۇپلا قالماي، خەلقئارالىق سودا ۋە پۇل مۇئامىلە مەركىزى ئىدى. مەزكۇر پورتتا ھەر كۈنى 2000 دىن ئارتۇق كېمە توختاپ، ئېلىپ ـ سېتىلىدىغان شەرقنىڭ، شىمالىي ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ياۋروپانىڭ تۈرلۈك تاۋارلىرىنى توشۇيتتى. گوللاندىيە سودا كېمىلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا باراتتى، سودا كېمىلىرىنىڭ سانى 10 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ تاۋارلىرىنى توشۇپ بېرەتتى، ھەتتا ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىنىڭ تاۋارلىرىنىمۇ گوللاندىيە كېمىلىرى توشۇيتتى، شۇڭا گوللاندىيە «دېڭىزدىكى ھارۋىكەش» دەپ ئاتالغانىدى. 1609 ـ يىلى گوللاندىيەدە ياۋروپا بويىچە تۇنجى كاپىتالىستىك بانكا — ئامستېردام بانكىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ تەسىرى گوللاندىيە چېگراسىنىڭ سىرتىغىمۇ كېڭەيدى، ئۇ زور كۆلەملىك ئامانەت قويۇش ۋە كىرېدىت كەسپى بىلەن شۇغۇللاندى.

17 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە گوللاندىيە كەڭ



www.uyghurkitap.com

مۇستەملىكە زېمىنغا ئىگە بولدى. مۇستەملىكىلەرگە قارىتا قانلىق تالان ـ تاراج قىلىش كاپىتالىستىك ئىپتىدائىي جۇغلانمىنىڭ مۇھىم ۋاستىسى ئىدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىلا گوللاندىيە مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىقىنى باشلىۋەتكەنىدى. ئۇ ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە ۋە ئەنگلىيەنىڭ شەرقتىكى تەسىر كۈچىنى تەدرىجىي هالدا سىقىپ چىقىرىپ، سودا هوقۇقىنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزدى. 1597 ـ يىلى گوللاندىيەنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلغان سودا ئەترىتى تۇنجى قېتىم هىندىستانغا كەلدى، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە داۋاملىق شەرققە ئىلگىرىلەپ ياۋا ۋە مالۇككا تاقىم ئاراللىرىغا يېتىپ باردى. 1602 ـ يىلى گوللاندىيەگە قاراشلىق «شەرقىي هىندىستان» شىركىتىنى قۇرۇپ، هىندى ئوكيان بىلەن تىنچ ئوكيان سودىسىنى مونوپول قىلىش هوقۇقىغا ئېرىشتى. بۇ شىركەت ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيەنى سىقىپ چىقاردى. ئەنگلىيەگە قاراشلىق «شەرقىي هىندىستان» شىركىتىنىڭ مەبلىغى بۇ شىركەتنىڭ مەبلىغىدىن ئون نەچچە هەسسە ئاز ئىدى. ئۇ باتاۋىيەدە قوماندانلىق ئىشتابى قۇرۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ياۋا، مالۇككا، سېيلونلارنى ئىشغال قىلىپ، مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇردى. هىندىستان، مالايسىيا، ئاۋستىرالىيەدە مۇستەملىكە تايانچ پونكىتلىرىنى قۇردى، يەنە ئىستراتېگىيەلىك مۇهىم جاي ـــ ماۋرىتىئۇس قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىۋالدى. بۇ شىركەت خۇش پۇراق ماتېرىياللار مول بولغان مالۇككا تاقىم ئاراللىرىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشقا ئالاهىدە ئەهمىيەت بەردى، بىۋاستە تالان ـ تاراج قىلىش، ئولپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلاش ياكى تەڭ بولمىغان قىممەتتە ئالماشتۇرۇش قاتارلىق هەرخىل رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، مالۇككا تاقىم ئارىلىنىڭ بايلىقلىرىنى شىلىۋالدى، ئۇنىڭ پايدىسى نەچچە يۈز هەسسىگە يەتتى. خۇش پۇراق ماتېرىياللارنىڭ ياۋروپا بازارلىرىدىكى يۇقىرى باهاسىنى

ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بەزىدە ئەتىۋارلىق مەھسۇلاتلارنى تۆركۈملەپ كۆيدۈردى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى يەرلىك ئاھالىلەرنى ۋەھشىيلىك بىلەن قىردى ياكى قۇل قىلىپ ساتتى، مەجبۇرىي ئىگىلىۋالغان يەرلەرنى ئېكىنزارلىقتا ئايلاندۇرۇپ قۇللارنى ئىشلەتتى. ماركس گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى شەرھلىگەندە كەسكىن قىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەن: «گوللاندىيە — ئۇ 17 ـ ئەسىردىكى ئۆلچەملىك كاپىتالىستىك دۆلەت. مۇستەملىكىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخىدا (ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق، پارىخورلۇق، قىرغىنچىلىق ۋە رەزىل ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ئاجايىپ ئېسىل كارتىنىسىدۇر)»، «ئۇلارنىڭ قەدىمى قەيەرگە يەتسە، شۇ يەرنىڭ ئاھالىسى شالاڭلىشىپ قاقاسلىققا ئايلاندى.»①

گوللاندىيە غەربتىمۇ مۇستەملىكە زېمىنلارنى بەرپا قىلدى. 1621 ـ يىلى «غەربىي ھىندىستان» شىركىتىنى قۇرۇپ، ئىسپانىيەدىن غەربىي ھىندىستاننىڭ بەزى ئارallىرىنى تارتىۋالدى. 1622 ـ يىلى، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى زېمىنلارنى ئىشغال قىلىپ، يېڭى ئامىستېردام شەھىرى (1674 ـ يىلى ئەنگلىيە تارتىۋېلىپ نامىنى يېڭى يوركقا ئۆزگەرتتى، يەنى ھازىرقى ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھىرى) نى قۇردى.

1648 ـ يىلى گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي بېشىدىن پورتۇگالىيەنى سىقىپ چىقىرىپ، مەزكۇر رايوننى گوللاندىيەگە قاراشلىق «دېڭىز تۇمشۇقى مۇستەملىكىسى» گە ئايلاندۇردى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، گوللاندىيە گېرمانىيەنىڭ تاشقى سودىسىنى تامامەن دېگۈدەك كونترول قىلىۋالدى. رۇسىيە بىلەن قىلىنىدىغان ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسىدا گوللاندىيە

① ماركس: «كاپىتال»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 1 ـ نەشرى، 2 ـ توم، 256 ـ، 257 ـ بەتلەر.

ئەنگلىيەنى سىقىپ چىقىرىپ بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلەپ، بالتىق دېڭىزى سودىسىنىڭ غوجايىنى بولدى، مەزكۇر رايوننىڭ 70% سودىسىنى گوللاندىيەلىكلەر كونترول قىلىۋالدى.

ئەينى چاغدا گوللاندىيەنىڭ سودا كېمىلىرى ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇب دېڭىز بويلىرىدىمۇ پەيدا بولغانىدى. 1624 ـ يىلى گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئېلىمىزنىڭ زېمىنى تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئالدى بىلەن ئەنپىڭدە تايانچ پونكىت قۇردى، ئاندىن كېيىن ئىشغالىيەت دائىرىسىنى ئاستا ـ ئاستا كېڭەيتتى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتى ئارالدىكى خەنزۇ ۋە گاۋشەنزۇ خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، ئۇلار كۆپ قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ گوللاندىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قاتتىق زەربە بەردى. 1661 ـــ 1662 ـ يىللىرى ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇب دېڭىز بويىدىكى خەلق مىللىي قەھرىمان جېڭ چېڭگۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە گوللاندىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى تەيۋەندىن تامامەن قوغلاپ چىقىرىپ، تەيۋەننى قايتۇرۇۋالدى.

**گوللاندىيەنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈمى ۋە سىنىپىي زىددىيەتلەر** 17 ـ ئەسىردە گوللاندىيە جۇمھۇرىيىتى بىر فېدېراتسىيەلىك دۆلەت ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى پايتەختى، يەنى خاگىدىن ئىبارەت سىياسىي پايتەختى ۋە ئامستېردامدىن ئىبارەت ئىقتىسادىي پايتەختى بار بولۇپ، ھەر ئىككىسى گوللاندىيە ئۆلكىسىدە ئىدى. گوللاندىيەنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈمى يېرىم جۇمھۇرىيەت، يېرىم مۇستەبىت خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنى دۆلەتنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرى يىغىنى ئۇنىڭ دائىملىق ئاپپاراتى ئىدى. دۆلەت ئىشلىرى يىغىنى 12 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقانىدى، ھەيئەتلەرنىڭ سانى ھەر قايسى ئۆلكىلەر تاپشۇرغان باجنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە ئاساسەن بېكىتىلەتتى، گوللاندىيە بىلەن زېئېللاندىيە تاپشۇرىدىغان باج ئەڭ كۆپ بولغاچقا، بۇ ئىككى ئۆلكە بەش نەپەر

ھەيئەتنى چىقارغان، ئەمەلىيەتتە ئۇلار دۆلەت ئىشلىرى يىغىنىنى كونترول قىلغانىدى. ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنى ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى بۇرژۇئازلار، مىسسىيونېرلار ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ قانۇن تۇرغۇزغۇش، باج ـ سېلىقنى بېكىتىش، ئۇرۇش ئېلان قىلىش، سۈلھى قىلىش، دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزەتتى. ھەر قايسى ئۆلكىلەر ۋەكىللەر سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت بىر ئاۋازلىق ئىنكار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى؛ مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقىرىلغاندا، بىردەك ماقۇللانغاندىن كېيىن ئىناۋەتلىك بولاتتى. دۆلەت ئىشلىرى يىغىنىنىڭ باشلىقى ھۆكۈمەت باشلىقى بولاتتى، ئورانگې جەمەتى ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغانىدى. ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنىدا ھەرقايسى ئۆلكە ۋەكىللىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلگەندە، كونسۇل (ھۆكۈمەت باشلىقى) ماسلاشتۇراتتى، ئەگەر ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىختىلاپ تۈگىمىسە، كونسول ئالىي ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ كېسىم قىلىپ، قارار چىقىراتتى.

بۇرژۇئازلار گوللاندىيەنىڭ ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنىدا يېتەكچى رول ئويناتتى، شۇڭلاشقا ئۇ جۇمھۇرىيەت خاراكتېرىگە ئىگە. بىراق گوللاندىيەنىڭ كونسۇلى (ھۆكۈمەت باشلىقى) بىلەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ بۇرژۇئازلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن خېلىلا قويۇق ئىدى، ئۇ ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بۇرژۇئازلار ئوتتۇرىسىدا مەنپەئەت توقۇنۇشى يۈز بەرگەندە، ئادەتتە ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن تەلەپىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى، شۇڭلاشقا گوللاندىيەنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈمى يەنە ئاقسۆڭەكلەرچە مۇستەبىت خاراكتېرگە ئىگە.

گوللاندىيەدىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەر ئۆز ئۆلكىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا كەڭ ئاپتونومىيە

ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنىنىڭ ئىجتىمائىي تەركىبى ۋە رولىمۇ ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيتتى. ئالايلۇق، گوللاندىيە ئۆلكىسىنىڭ ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنىدا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچى ئاجىز ئىدى، چوڭ بۇرژۇئازلار مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى؛ گوللاندىيەنىڭ شەرقىدىكى گىلدېرن ۋە ئوۋئىشېر ئۆلكىلىرىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنىدا كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيتتى.

17 ـ ئەسىردە كاپىتالىستىك ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە مۇستەملىكىلەرنى تالان ـ تاراج قىلىشنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، گوللاندىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي زىددىيەتلەرمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى. دۆلەت ھاكىمىيىتىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان چوڭ بۇرژۇئازلار بىلەن ئاقسۆڭەكلەر دېموكراتىيەگە ئاشكارا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىچكى سىياسەتنى يولغا قويدى. خەلق ئاممىسى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ، دۆلەت ۋە ئارمىيەنىڭ زور سوممىلىق چىقىمى ۋاسىتىلىك باج ئارقىلىق ئۇلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. كاپىتالىستلار مۇستەملىكىلەردىن بۇلاپ ـ تالاپ كەلگەن بايلىقلارنى ئۆز دۆلىتىدە كاپىتالغا ئايلاندۇرۇپ، ئىشچىلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشنى كۈچەيتتى. گوللاندىيە ئىشچىلىرىنىڭ بىر كۈنلۈك ئىش ۋاقتى 12 ـــ 16 سائەتكە يېتەتتى، ئىش ھەققى ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. قول سانائەت ئىشخانىلىرىدا نۇرغۇن ياللانما ئايال ئىشچى ۋە ئۆسمۈر ئىشچىلار ئىشلەيتتى. نۇرغۇن ئىشچىلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئاچ ـ زارلىق ئىچىدە ياشايتتى. ماركس گوللاندىيەنىڭ 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغاندا مۇنداق دېگەن: «گوللاندىيە خەلقى 1648 ـ يىللىرى ياۋروپادىكى باشقا بارلىق

www.uyghurkitap.com

دۆلەتلەردىكى خەلق ئامممىسىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر ئەگەك قىلاتتى، تېخىمۇ نامرات ئىدى، تېخىمۇ ۋەھشىي زۇلۇمغا ئۇچرايتتى.»①

ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، گوللاندىيە يېزىلىرىدا فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ قالدۇقلىرى مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىپ قالغانىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئارقىدا قالغان دېھقانچىلىق ئۆلكىلىرىدە فېئودال لىق يەر ئىگىدارلىق تۈزۈمى يەنىلا مەۋجۇت ئىدى، بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەر يەنىلا ئىمتىيازلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ، دېھقانلار ئاممىسىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلاتتى.

دېمەك، 17 ـ ئەسىردە گوللاندىيەدە سىنىپىي زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىن ئىدى. دېھقانلار پات ـ پات ئىسيان كۆتۈردى. ياللانما ئىشچىلار ۋە ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇپ، ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش، ئەمگەك شارائىتىنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلىپ، كۆپ قېتىم مۇستەقىل ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ كاپىتالىستلارغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇردى.

## 5 ـ بۆلۈم ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى غەربىي ياۋروپانىڭ خەلقئارالىق مۇناسىۋىتى ۋە 30 يىللىق ئۇرۇش

**16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى گېرمانىيە** ئىقتىسادىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى ۋە سىياسىي كۈرەش 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا گېرمانىيە ئاۋۋالقىدەكلا فېئودال لىق بۆلۈنمە ھالەتتە

---

① ماركس: «كاپىتال»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 1 ـ نەشرى، 2 ـ توم، 258 ـ بەت.

تۇرۇۋاتاتتى. يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، ياۋروپادىكى ئاساسلىق سودا يوللىرىنىڭ يۆتكىلىشى بىلەن گېرمانىيەنىڭ سودىسى پەيدىنپەي زاۋاللىققا يۈزلەندى، رېين دەرياسى ۋادىسىدىكى شەھەرلەر (كولۇن، ۋرمىس قاتارلىقلار) گوللاندىيە، ئەنگلىيەنىڭ سودا ـ سانائەتتە بىلەن رىقابەتتە تەڭ كېلەلمىدى، ھانزا ئىتتىپاقىمۇ چەت ئەللەردىكى سودا ئىمتىيازىدىن مەھرۇم بولدى. گېرمانىيە دېھقانلار ئۇرۇشى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، گېرمانىيەدىكى نۇرغۇن شەھەرلەر بېقىندى كىنەزلىك ئورنىغا چۈشۈپ قالدى، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئالاقىلىرى تېخىمۇ ئاجىزلاشتى. گېرمانىيەدە «يانچىلىق تۇزۇمىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كېلىشى گېرمانىيە سانائىتىنىڭ 17 ۋە 18 ـ ئەسىرلەردە تەرەققىي قىلالماسلىقىنىڭ بىر سەۋەبى»[①]. گېرمانىيەنىڭ قول سانائىتى كۈندىن ـ كۈنگە خارابلاشتى، گېرمانىيە سودىگەرلىرى سانائەت خام ئەشيالىرىنى ئېكسپورت قىلىپ، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلدى. گوللاندىيە، شۋېتسىيە ۋە ئەنگلىيە ئېھتىياجلىق بولغان سانائەت خام ئەشيالىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى گېرمانىيە تەمىنلەپ بېرەتتى.

16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە كىنەزلىرى زېمىنى ۋە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، شەھەرلەرنى ۋە سودا يوللىرىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئۆز ئارا ئۈزۈكسىز ئۇرۇش قىلدى. گېرمانىيەدىكى دىنىي ئىسلاھاتتىن كېيىن، كىنەزلەر پروتېستانت دىنى مۇرىتلىرى بىلەن كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىغا ئايرىلدى. پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىنەزلەر لۇتېر دىنى جەمئىيىتىنى ئۆزلىرى باشقۇردى. كىنەزلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۈرەش ھەمىشە «دىنىي ماجىرا» نىقابى ئاستىدا، دىنىي جەمئىيەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى تالىششنى مەركەز قىلغان ھالدا ئېلىپ

① «ئېنگېلس ماركسقا خەت (1882 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى)»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 35 ـ توم، 123 ـ بەت.

بېرىلاتتى. گېرمانىيەدىكى پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىنەزلەر «ئېتىقادى پاك بولغان پروتېستانت دىنى ئىنجىللىك ئەركىنلىكى» نى قولغا كەلتۈرۈش دېگەندەك چىرايلىق سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن نىقابلىنىشقا ئادەتلەنگەن بولسا، كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى كىنەزلەر «تەڭرىگە ئىشەنمەسلىك» كە قارشى تۇرۇش ۋە «بىدئەتلىك» نىڭ تارقىلىشىنى چەكلەشتىن ئىبارەت دىنىي شوئار نىقابى ئاستىدا كۈرەش قىلدى. گېرمانىيەنىڭ يەتتە چوڭ سايلىغۇچى كىنەزلىرى ئىچىدە براندېنبۇرگ، بارادىن (پفالز) ۋە ساكسونىيەنىڭ ئۈچ چوڭ سايلىغۇچى كىنەزى پروتېستانت دىنى مۇرىتى ئىدى؛ چېخ پادىشاھى، ماينز، ترىئېر، كولۇن باش ئېپىسكوپى قاتارلىق تۆت چوڭ سايلىغۇچى كىنەز كاتولىك دىنى مۇرىتى ئىدى. پروتېستانت دىنى بىلەن كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى كىنەزلەر ئوتتۇرىسىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ماجىرا يۈز بەردى، گېرمانىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دىنىي جەمئىيەتلەر شۇ جايلاردىكى كىنەزلەرگە قارايدىغان بولدى ھەمدە ئۇلارنىڭ قورالىغا ئايلاندى. گېرمانىيەنىڭ ئىمپېراتورى خابسبۇرگ جەمەتىنىڭ مىراسلىق زېمىنى ــ قۇدرەتلىك كىنەزلىك ئاۋستىرىيە ئېيزۇئىت جەمئىيىتى ئەزالىرىنىڭ پائالىيەت مەركىزى ئىدى. گېرمانىيە ئىمپېراتورى چېخ، ۋېنگرىيەنىڭ غەربىي قىسمىغىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى، ئۇنىڭ جەمەتى يەنە ئىسپانىيەنى كونترول قىلغانىدى. گېرمانىيە ئىمپېراتورى «بىدئەتلىك» كە قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، دۆلىتىدىكى پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىنەزلەرنى چەكلەپ، گېرمانىيەنى ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن كاتولىك دىنى دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى. رىم پاپاسى گېرمانىيە ئىمپېراتورىنى دىنىي ئىسلاھاتقا قارشى تۇرۇشتىكى مۇھىم تايانچىسى دەپ قارايتتى، شۇڭا خابسبۇرگ خان جەمەتىنى قوللايتتى. گېرمانىيەنىڭ ئىچكى سىياسىي كۈرىشى ئۈزۈكسىز كۈچىيىپ، گېرمانىيەنىڭ بۆلۈنمە ۋەزىيىتى تېخىمۇ

مۇستەھكەملەندى.

**17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادىكى خەلقئارالىق زىددىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈرلىششى** گېرمانىيە كىنەزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي نىقاب قىلىغان ئۇرۇش بارغانسېرى خەلقئارالىق خاراكتېرىگە ئىگە بولدى. ئىسپانىيە كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان گېرمانىيە كىنەزلىرىنى قوللاپ، پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىنەزلەرگە قارشى تۇردى، خابسبۇرگ خان جەمەتى ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە قارىتا بىر قاتار ئەكسىيەتچىل سىياسەتلەرنى يۈرگۈزدى، ۋاھالەنكى فىرانسىيە، ئەنگلىيە، گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەر گېرمانىيە ئىمپېراتورىنىڭ دۈشمەنلىرىنى قوللاپ، گېرمانىيەدە ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرەلمەيدىغان قىلىشقا ئۇرۇندى. سكاندىناۋىيە دۆلەتلىرى (دانىيە، شۋېتسىيە) گېرمانىيەنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئارىلىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، گېرمانىيەنىڭ شىمالىي دېڭىز ۋە بالتىق دېڭىزى بويلىرىدىكى زېمىنلىرى بىلەن پورتلىرىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى. گېرمانىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خابسبۇرگ خان جەمەتىنىڭ مەقسىتى، «شىمالنى كونترول قىلىپ، جەنۇبنىڭ مالىيە كۈچىگە دەخىل يەتكۈزەلەيدىغان فىلوت قۇرۇش ۋە ئۇنى قوراللاندۇرۇش، ئۇلار دانىيەلىكلەر، ئەنگلىيەلىكلەر ۋە فىرانسىيەلىكلەرنىڭ سودىسىغا توسقۇنلۇق قىلالايدىغان كۈچكە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئۆزلىرىگە تەۋە بولمىغان زېمىنلارنى ئىستېلا قىلىش ۋە ئۆزلىرى مەھرۇم بولغان نەرسىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قادىر بولۇش ئىدى»[1].

خابسبۇرگ جەمەتى ئاۋسترىيە زېمىنىدا پروتېستانت دىنى

---

① فىرانسىيەلىك دىپلومات فانكىن: «ياۋروپانىڭ 1627 ـ يىلىدىكى خەلقئارا ۋەزىيىتى توغرىسىدا»، «دۇنيا ئومۇمىي تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن تاللانمىلار» (ئوتتۇرا قەدىمكى زامان قىسمى)، 424 ـ بەت، سودا باسمىخانىسى 1974 ـ يىلى.

مۇرىتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىپ، خۇسۇسلارنى باستۇردى. گېرمانىيە ئىمپېراتورىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا يېزۇئىتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ئاۋستىرىيەدىن چېخقا باردى. رېين دەرياسى ۋادىسى ۋە گېرمانىيەنىڭ غەربىي شىمال رايونىدا كاتولىك دىنىنىڭ پائالىيىتى كۈچەيدى. گېرمانىيە ئىمپېراتورى پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىنەزلەرنى قورال كۈچىگە تايىنىپ باستۇرماقچى بولدى. گېرمانىيەنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىدىكى پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىنەزلەر كاتولىك دىنىنىڭ ئەكس تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، 1608 - يىلى پفالزنىڭ سايلىغۇچى كىنەزى فرېدرىخ باشچىلىقىدىكى سىياسىي ئىتتىپاق — «ئىنجىل ئىتتىپاقى» (پروتېستانت ئىتتىپاقى)نى قۇردى. پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىنەزلەر ئىتتىپاق قۇرغاندىن كېيىن ئەنگلىيە، دانىيە ۋە گوللاندىيەلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى ھەمدە فرانسىيە پادىشاھىنىڭ ئالاھىدە قوللىشىغا ئېرىشتى. كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىنەزلەر پروتېستانت ئىتتىپاقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن 1609 - يىلى «كاتولىك دىنى ئىتتىپاقى» نى قۇردى، ئۇلارنىڭ داھىيسى باۋارىيەلىك گېرتسوگ ماكسىمىلىئان ئىدى. ئۇلار گېرمانىيە ئىمپېراتورى، رىم پاپاسى ۋە ئىسپانىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئىككى لاگېر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە كۈرەش كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىدى، بولۇپمۇ دىنىي جەمئىيەتنىڭ مۈلكى مەسىلىسىگە مەركەزلەشكەندى، چۈنكى پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىنەزلەرنىڭ زېمىنىدىكى كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ مال - مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنغانىدى، بىراق كاتولىك دىنى مۇرىتلىرى پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىنەزلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ مۈلۈكلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى.

17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيەدىكى ئىككى رەقىب

لاگېرنىڭ زىددىيىتى ئىنتايىن روشەنلەشتى، ھەر ئىككى تەرەپ ئۇرۇشقا پائال تەييارلىق كۆردى. بۇ ئىككى چوڭ گۇرۇھنىڭ كۈرىشى ياۋروپادىكى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەسىرىدە تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر، بولۇپمۇ ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەر گېرمانىيەنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى، ئۇلار گېرمانىيە ئىمپېراتورى بىلەن كاتولىك دىنى ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرسىمۇ، لېكىن پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان گېرمانىيە كىنەزلىرىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل غەلىبىگە ئېرىشىشىنىمۇ ئۈمىد قىلمايتتى. شۋېتسىيە، ۋېنىتسىيە، ھەتتا شۋېتسارىيەمۇ پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان گېرمانىيە كىنەزلىرىنى قوللايتتى، پولشا ئاقسۆڭەكلەر جۇمھۇرىيىتى بولسا گېرمانىيە كاتولىك دىنى ئىتتىپاقى تەرەپتە تۇراتتى. ياۋروپادىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ دىققەت - نەزىرى گېرمانىيەگە تىكىلگەن بولۇپ، ئۇلار پۇرسەت كەلگەندە قول سېلىپ گېرمانىيەنىڭ زېمىنلىرىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. 1613 - يىلى گوللاندىيە گېرمانىيە پروتېستانت دىنى ئىتتىپاقى بىلەن مۇداپىئە ئىتتىپاقى ئەھدىنامىسى تۈزدى. 17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە خەلقئارا زىددىيەتلەرنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى.

**پراگا قوزغىلىڭى ۋە 30 يىللىق ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى** 1618 - يىلىدىكى «چېخ ۋەقەسى» 30 يىللىق ئۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى.

1526 - يىلىدىن كېيىن چېخ گەرچە مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ تېررىتورىيەسىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئاۋستىرىيەگە قارام بولغان، گېرمانىيە ئىمپېراتورى قوشۇمچە چېخنىڭ پادىشاھى بولغان بولسىمۇ، بىراق چېخ ناھايىتى زور ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. چېخنىڭ پارلامېنتى، مىللىي دىنىي جەمئىيىتى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، چېخ تىلى يەنىلا دۆلەت تىلى ئىدى. ئەمما خابسبۇرگ خان جەمەتىنىڭ ئىمپېراتورلىرى

چېخنى قول قىلىش نىيىتىدىن ۋاز كەچمىگەنىدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەكسىيەتچى كاتولىك دىنى كۈچلىرى چېختا ئىنتايىن غالجىرلىشىپ كەتتى. گېرمانىيە ئىمپېراتورى ماتتىئاس ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1612 ـ 1619) دە، چېخنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئۈزۈكسىز تۈردە بىۋاسىتە ئارىلىشىپ، ئۇنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى چەكلىدى، گېرمانىيەلىكلەر چېخقا بېرىپ مەنسەپ تۇتتى، گېرمانىيە ئاقسۆڭەكلىرى چېخلارنىڭ زېمىنلىرىنى سېتىۋالدى. ئەكسىيەتچى ئېيزۇئىتلار جەمئىيىتى ئەزالىرى چېختا كاتولىك دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. شۇنداق قىلىپ، چېخ جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى خابسبۇرگ خانىدانلىقىدىن ئومۇمىيۈزلۈك نارازى بولدى. 1609 ـ يىلى چېخ پارلامېنتى چېخ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئەگەر گېرمانىيە ئىمپېراتورى چېخنىڭ دىنىي ھوقۇقى ۋە ئاپتونومىيەلىك ئورنىغا كاپالەتلىك قىلمىسا، گېرمانىيە ئىمپېراتورىنى چېخنىڭ پادىشاھى دەپ ئېتىراپ قىلمايمىز، دەپ ئاشكارا بايانات ئېلان قىلدى.

گېرمانىيە ئىمپېراتورى ماتتىئاسنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا، نەۋرە ئىنىسى ستىرىيەنىڭ گېرتسوگى فېردىناندنى تەخت ۋارىسلىقىغا تەيىنلىدى. فېردىناند ئەسەبىي كاتولىك دىنى ئەربابى بولۇپ، رىم پاپاسى بىلەن ئېيزۇئىتلار جەمئىيىتىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى. ئەينى چاغدا گېرمانىيە ئىمپېراتورىنىڭ تەخت ۋارىسى بولغان كىشى مۇقەررەر ھالدا چېخنىڭ پادىشاھلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالاتتى. شۇڭلاشقا، چېخ پادىشاھىنىڭ تەخت مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا كەسكىن كۆرەش يۈز بەردى. 1617 ـ يىلى ماتتىئاس فېردىناندنى چېخ پادىشاھلىقىنىڭ تەخت ۋارىسى، دەپ جاكارلىدى. كېيىنكى يىلى، فېردىناند پراگادىكى پروتېستانت دىنى مۇرتلىرىنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈشىنى مەنئى قىلىپ،

چېخلارنىڭ سىياسىي ۋە دىنىي ھوقۇقىنى زادىلا ئېتىراپ قىلمىدى. چېخ پارلامېنتىدىكى پروتېستانت دىنى ۋەكىللىرى 1618 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، فېردىناندنىڭ چېخ پادىشاھى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلىپ، گېرمانىيە ئىمپېراتورى ماتتىئاسقا ئېتىراز بىلدۈردى. ماتتىئاس ئۇلارنىڭ ئېتىرازىنى رەت قىلدى ھەمدە چېخ پروتېستانت دىنى مۇرىتلىرى ئىسياتچىلاردۇر، ئۇلارنى جازالاش كېرەك، دەپ جارسالدى. شۇنىڭ بىلەن چېخ خەلقى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا گېرمانىيە ئىمپېراتورىغا قارشى كۈرەش قوزغىدى. 1618 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چېخ پارلامېنتى ۋەكىللىرى پادىشاھنىڭ مۇپەتتىشى ۋە پادىشاھنى ھىمايە قىلغۇچى كاتولىك دىنىدىكى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن پراگا ئوردىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، غەزەپلەنگەن قوراللىق ئامما ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپ، چېخلارنىڭ خائىنلارنى جازالايدىغان قەدىمكى ئادىتى بويىچە، پادىشاھنىڭ ئىككى مۇپەتتىشىنى دېرىزىدىن خەندەككە تاشلىۋەتتى. بۇ مەشھۇر «دېرىزىدىن تاشلىۋېتىش ۋەقەسى» چېخلارنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى قوغداش كۈرىشىنىڭ ئىپادىسى، چېختىكى پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ خابسبۇرگ خانىدانلىقىغا ئاشكارا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ باشلىنىشى، شۇنداقلا 30 يىللىق ئۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى.

**30 يىللىق ئۇرۇشنىڭ جەريانى ۋە خاراكتېرى** 1618 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، چېخنىڭ پايتەختى پراگادا پارتلىغان قوزغىلاڭنى مۇقەددىمە قىلغان 30 يىللىق ئۇرۇش تۆت دەۋرگە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، چېخ — بارادىن (پفالز) دەۋرى (1618 — 1624)، بۇ دەۋردە چېخ گېرمانىيەنىڭ قول قىلىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەققانىي ئۇرۇش قىلدى؛ ئىككىنچى، دانىيە ئۇرۇشقا قاتناشقان دەۋر (1625 — 1629)؛ ئۈچىنچى، شۋېتسىيە ئۇرۇشقا قاتناشقان دەۋر (1630 — 1635)؛ تۆتىنچى، فرانسىيە، شۋېتسىيە

ئۇرۇشقا قاتناشقان دەۋر (1635 ـــ 1648).

پراگا قوزغىلىڭىدىن كېيىن، چېختا ئەڭ دەسلەپتە گىراف تورېن باشچىلىقىدا 30 كىشىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. كېيىن گېرمانىيە پروتېستانت دىنى ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، چېخ ئاقسۆڭەكلىرى يەنە گېرمانىيە پروتېستانت دىنى ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى فرېدرىخنى چېخنىڭ پادىشاھلىقىغا سايلاپ، گېرمانىيە ئىمپېراتورىغا تاقابىل تۇردى. چېخ بىلەن پفالز سايلىغۇچى كىنەزىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى گېرمانىيە ئىمپېراتورىغا قارشى ئۇرۇش قىلدى، دەسلەپتە ئۇرۇش ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىپ، ۋېينا شەھىرىگە قىستاپ كەلدى. بىراق، كېيىنچە گېرمانىيە ئىمپېراتورى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىنەزلەرنىڭ پۇل ۋە ئەسكىرىي كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكى، ئىسپانىيە ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقى، گېرمانىيەلىك پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىنەزلەرنىڭ پفالزنىڭ سايلىغۇچى كىنەزىنىڭ تەسىرىنىڭ زىيادە كۈچىيىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى قوللىمىغانلىقى ۋە ئاقسۆڭەكلەر ۋە دۆلەتمەن شەھەر ئاھالىلىرىدىن تەركىب تاپقان چېخ ھۆكۈمىتى خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، چېخنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەغلۇپ بولدى. 1620 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى پراگا ئەتراپىدىكى ئاق تاغ جېڭىدە، كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىنەزلەر بىلەن ئىسپانىيەنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى چېخ ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن پفالزنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. فرېدرىخ گوللاندىيەگە قېچىپ كەتتى، چېخ دۆلىتى شۇنىڭدىن باشلاپ مۇستەقىللىقىدىن تەلتۆكۈس مەھرۇم بولۇپ، ئاۋستىرىيەنىڭ بوخېمىيە ئۆلكىسىگە ئايلاندى. چېخ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن كىشىنى چۆچۈتكۈدەك قىساس ئېلىندى. چېخنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن ئۈچ قىسىم ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يەر ـ زېمىنلىرى

مۇسادىرە قىلىنىپ، گېرمانىيەنىڭ كاتولىك دىنى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. چېخنىڭ قالدۇق ھۆر دېھقانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يانچىلارغا ئايلاندى. نېمىس تىلى چېخنىڭ دۆلەت تىلى دەپ جاكارلاندى، چېخ ئاھالىلىرى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇر قىلىندى، چېخنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى يوقىتىلدى، چېخ خەلقى ئۇزۇنغىچە دەھشەتلىك زۇلۇم ـ ستەم ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولدى.

خابسبۇرگ خانىدانلىقىنىڭ غەلىبە قىلىشى پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىنەزلەرنى ئالاقزادە قىلىپلا قالماي، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. گېرمانىيە ئىمپېراتورىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ زورىيىشى ۋە ئىسپانىيە قوشۇنلىرىنىڭ رېين دەرياسى ۋادىسىنى ئىشغال قىلىشى گوللاندىيە بىلەن فىرانسىيەنى قاتتىق ئەندىشىگە سالدى. ئەنگلىيە پادىشاھى جامېس I كۈيئوغلى، پفالزنىڭ سايلىغۇچى كىنەزى فىرېدرىخنىڭ تەقدىرىگە ئادەتتىن تاشقىرى كۆڭۈل بۆلدى. گېرمانىيە زېمىنىغا چېشىنى بىلەپ تۇرغان دانىيە بىلەن شۋېتسىيە خابسبۇرگ خانىدانلىقىنىڭ پۈتكۈل گېرمانىيەگە بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى خالىمايتتى. رۇسىيە بولسا ئۇكرائىنا بىلەن بېلارۇسىيەنى قوشۇۋېلىش ئۈچۈن، گېرمانىيەنىڭ كاتولىك دىنى ئىتتىپاقدىشى بولغان پولشانىڭ ئاجىزلىشىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. 30 يىللىق ئۇرۇش ئاساسەن گېرمانىيە زېمىنىدا ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ پۈتكۈل ياۋروپا قاتناشقان خەلقئارالىق ئۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە.

1625 ـ يىلى، فىرانسىيەنىڭ باش ۋەزىرى رىچېلىئېئۇنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن ئەنگلىيە، گوللاندىيە، دانىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت خابسبۇرگ خانىدانلىقىغا قارشى ئىتتىپاق تۈزدى. ئەنگلىيە بىلەن گوللاندىيە دانىيەنى ئەسكەر چىقىرىشقا قۇتراتتى ھەمدە ئىقتىسادىي جەھەتتە قوللاشقا ۋەدە قىلدى. شۇ يىلى دانىيە قوشۇنى گېرمانىيەگە كىرىپ، پروتېستانت دىنىغا

www.uyghurkitap.com

ئېتىقاد قىلىدىغان كىنەزلەر بىلەن بىرلىشىپ، گېرمانىيە ئىمپېراتورى ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا قارشى تۇردى، شۇنىڭ بىلەن 30 يىللىق ئۇرۇش ئىككىنچى دەۋرگە قەدەم قويدى. مۇشۇ مەزگىلدىن باشلانغان ئۇرۇش ھەرقايسى فېئوداللىق دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلىرى بۇلاڭچىلىق، كېڭەيمىچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئادالەتسىز ئۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن گېرمانىيە خەلقىنىڭ ئۆز زېمىنىدا چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشى ئادالەتلىك ئۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە.

گېرمانىيە ئىمپېراتورى دانىيەگە نىمسالاشقان چېخ ئاقسۆڭەكلىرى ۋاللېنستېيىنىنىڭ ياللانما قوشۇنىدىن پايدىلىنىپ تاقابىل تۇردى. 1628 — 1629 - يىللىرى، ۋاللېنستېيىنىنىڭ نەچچە ئونمىڭ ياللانما قوشۇنى ۋە كاتولىك دىنى ئىتتىپاقىنىڭ تىللى باشچىلىقىدىكى قوشۇنى پۈتكۈل شىمالىي گېرمانىيە ۋە بالتىق دېڭىزى بويلىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇدۇل كوپېنھاگېنغا قىستاپ كەلدى. بۇ چاغدا شۋېتسىيەنىڭ گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا مالىيە كۈچى يېتىشمىگەنلىكى، فرانسىيە خۇگېنوچىلار ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەپ بولالمىغانلىقتىن ئۇرۇشقا بىۋاسىتە ئارىلىشىشقا مادارى يەتمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دانىيەنىڭ گېرمانىيەدىكى ئىتتىپاقداشلىرى ئىشەنچلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇرۇشتا گېرمانىيە ئىمپېراتورى غەلىبە قازاندى. 1629 - يىلى 5 - ئايدا، ئىككى تەرەپ لۈبېك سۈلھى شەرتنامىسىنى تۈزدى، گېرمانىيە ئىمپېراتورى گېرمانىيەنىڭ شىمالىي قىسمىنى بىۋاسىتە كونترول قىلدى. شۇ يىلى گېرمانىيە ئىمپېراتورى يەنە «دىنىي جەمئىيەتنىڭ مۈلكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پەرمانى» نى جاكارلاپ، پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىنەزلەرنىڭ 1552 - يىلىدىن كېيىن قولغا كىرگۈزۈۋالغان بارلىق يەرلىرىنى كاتولىك دىنى جەمئىيىتىگە قايتۇرۇپ بېرىشى

كېرەك دەپ بەلگىلىمە چىقاردى، بۇ پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىنەزلەرنى ئالاقزەدە قىلىۋەتتى. گېرمانىيەنىڭ يەنە بالتىق دېڭىزىدا قۇدرەتلىك فىلوت قۇرماقچى بولغانلىقى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا تېخىمۇ ئەنسىزچىلىك پەيدا قىلدى، بۇنىڭغا بولۇپمۇ شۋېتسىيە بەك قارشى تۇردى. دانىيە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن شۋېتسىيە ئۇرۇشقا رەسمىي قاتناشتى. شۋېتسىيە گېرمانىيەگە ئۇرۇشقا ئاتلانغان 40 مىڭ ئەسكەرنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن فىرانسىيەنىڭ ھەر يىلى 1 مىليون لىففېر بېرىش ۋە رۇسىيەنىڭ دىپلوماتىيە ۋە ماددىي ئەشيا (ئاشلىق، سېلىتىرا قاتارلىقلار) جەھەتتە قوللاش توغرىسىدىكى ۋەدىسىگە ئېرىشتى. 1630 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شۋېتسىيە قوشۇنى پادىشاھنىڭ باشلامچىلىقىدا پومېرانىيەدە قۇرۇقلۇققا چىقتى، شۇنىڭ بىلەن 30 يىللىق ئۇرۇشنىڭ ئۈچىنچى دەۋرى باشلاندى.

شۋېتسىيە 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىمالىي ياۋروپادىكى قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندى. شۋېتسىيە قوشۇنىنىڭ يادروسى ھۆر دېھقانلار بولۇپ، ئۇلار قاتتىق مەشىق قىلدۇرۇلغانىدى، ئۇلارنىڭ قوراللىرى خىل بولۇپ① ، پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ قۇدرەتلىك زەمبىرەكچىلەر ئەترىتى بار ئىدى. ئۇرۇش دەسلەپ باشلانغان چاغدا ئىلگىرىلەش ناھايىتى تېز بولدى. گېرمانىيە بىلەن چېخنىڭ ئىچكىرى رايونلىرىدا خابىسبۇرگ جەمەتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. بۇ پايدىلىق ۋەزىيەتتە شۋېتسىيە قوشۇنى گېرمانىيەنىڭ شىمالى ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىرمۇنچە رايوننى ئىشغال قىلدى، 1632 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە تىركىشىش ھالىتى كۆرۈلدى. گېرمانىيە ئىمپېراتورى ئىسپانىيەنىڭ ياردەمچى قوشۇنىغا تايىنىپ، 1634 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نوردلىنگېن (رېين دەرياسى بىلەن دوناي دەرياسى

---

① ئۇلارنىڭ ماۋزېر مىلتىقى (چاقماق تېشى بىلەن ئوت تۇتاشتۇرۇلۇپ ئېتىلىدىغان چاقماقلىق مىلتىق) نىڭ ئېتىلىش سۈرئىتى گېرمانىيەنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە تېز ئىدى.

ئارىلىقىدا) جېڭىدە شۋېتسىيە قوشۇنىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى، گېرمانىيە ئىمپېراتورى بىلەن كاتولىك دىنى ئىتتىپاقىنىڭ كۈچى يەنە تەدرىجىي زورايدى. فىرانسىيە خابسبۇرگ خاندانلىقىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ زورىيىشىدىن قورقۇپ، باشقا دۆلەتلەردىن پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ پايدىلىنىش ئىستراتېگىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، گېرمانىيەگە ئەسكەر چىقىرىپ ئۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتناشتى، شۇنداق قىلىپ بۇ ئۇرۇش تۆتىنچى دەۋرگە قەدەم قويدى.

30 يىللىق ئۇرۇشتا، فىرانسىيە بىلەن شۋېتسىيەنىڭ بۇلاڭچىلىق ماھىيىتى پۈتۈنلەي ئاشكارىلاندى. فىرانسىيە ئەسلىدە كاتولىك دىنى دۆلىتى بولۇپ، گېرمانىيە ئىمپېراتورى، ئىسپانىيە بىلەن ھېچقانداق دىنىي ئىختىلاپى يوق ئىدى. فىرانسىيە گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشتا پۈتۈنلەي فېئوداللىق كېڭەيمىچىلىك ۋە ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ غەرىزى فىرانسىيەنىڭ تېررىتورىيەسىنى پىرىنېئوس تېغى بىلەن رېين دەرياسىغىچە كېڭەيتىش ئىدى. فىرانسىيە 1635 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شۋېتسىيە بىلەن تۈزگەن «كومپىئېگنې شەرتنامىسى»دا ئۆز ئارا بىرلىككە كەلمىگۈچە خابسبۇرگ جەمەتى بىلەن ئۆز ئالدىغا سۈلھى قىلماسلىقنى بەلگىلىگەنىدى. 5 ـ ئايدا فىرانسىيە ئۇرۇشقا قاتناشقاندىن كېيىن، فىرانسىيە قوشۇنى گېرمانىيە، ئىسپانىيە ۋە ئىسپانىيەگە قاراشلىق نېدېرلاندىيە، ئىتالىيە قاتارلىق جايلاردا ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن گېرمانىيە زېمىنى ئۇنىڭ ئاساسلىق جەڭ مەيدانى بولدى. فىرانسىيەنى شۋېتسىيەدىن باشقا، يەنە گوللاندىيە، ساۋويە، ۋېنېتسىيە، ۋېنگرىيە قاتارلىقلار قوللايتتى؛ ئىسپانىيە بىلەن گېرمانىيەدىكى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بەزى كىنەزلەر ئاساسلىق گېرمانىيە ئىمپېراتورى تەرەپتە تۇراتتى. پولشا بولسا فىرانسىيە بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ،

ھېچقايسىسىغا يان باسمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە گېرمانىيە زېمىنىغا كىرگەن فىرانسىيە، شۋېتسىيە قوشۇنى گېرمانىيە زېمىنىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى، خەلقنى رەھىمسىزلەرچە قانلىق قىرغىن قىلدى. گېرمانىيەنىڭ نۇرغۇن دېھقانلىرى ئورمانلىق تاغلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشى قوزغاپ تاجاۋۇزچىلار قوشۇنىغا زەربە بەردى. 1636 ـ يىلىدىن 1637 ـ يىلىغىچە ئىسپانىيە قوشۇنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ فىرانسىيەگە جەنۇب ۋە شىمال تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ پارىژغا يېقىنلاشتى. 40 ـ يىللارغا كەلگەندە فىرانسىيە بىلەن شۋېتسىيە ئۇرۇشتا بارا ـ بارا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. 1642 ـ يىلى كۈز پەسلىدە لېيپزىگ ئەتراپىدىكى بىلادىنۇۋېلد جېڭىدە شۋېتسىيە قوشۇنى گېرمانىيە ئىمپېراتورىنىڭ قوشۇنىنى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى؛ 1643 ـ يىلى ئەتىياز پەسلىدە، فىرانسىيە قوشۇنى غەربىي رايوندىكى لوكۋا جېڭىدە ئىسپانىيە قوشۇنىنى تارمار قىلىپ ئالساسنى ئىشغال قىلدى؛ 1645 ـ يىلى ئەتىياز پەسلىدە، شۋېتسىيە قوشۇنى چېخ زېمىنىدىكى يانكوۋتس جېڭىدە گېرمانىيە ئىمپېراتورىنىڭ قوشۇنىنى يەنە بىر قېتىم تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. 1646 ـ يىلى فىرانسىيە، شۋېتسىيە بىرلەشمە قوشۇنى باۋارىيەگە بېسىپ كىردى، شۋېتسىيە قوشۇنى پراگانى ئىشغال قىلدى. گېرمانىيە ئىمپېراتورى نائىلاج يارىشىشنى تەلەپ قىلدى.

**ۋېستفالىيە سۈلھى شەرتنامىسى** 1645 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن باشلاپ گېرمانىيەنىڭ ۋېستفالىيە رايونىدىكى مۇنستېر ۋە ئوسنابرۇكتىن ئىبارەت ئىككى شەھەردە ئۇرۇش توختىتىش سۆھبىتى ئېلىپ بېرىلدى، 1648 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بىرلا ۋاقىتتا ئوسنابرۇك سۈلھى شەرتنامىسى بىلەن مۇنستېر سۈلھ شەرتنامىسى تۈزۈلدى، بۇ ئىككى سۈلھ شەرتنامە ۋېستفالىيە سۈلھى شەرتنامىسى دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق

مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

(1) شۋېتسىيە گېرمانىيەنىڭ كەڭ زېمىنى، يەنى پوتكول غەربىي پومېرانىيە، شەرقىي پومېرانىيەنىڭ بىر قىسمى، ستايتىن شەھىرى، رۇگېن ئارىلى، ۋىسمار شەھىرى ۋە پورتى، برېمېن باش ئېپىسكوپ رايونى (برېمېن شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ۋە ۋىلدېن ئېپىسكوپ رايونىغا[①] ئىگە بولدى. نەتىجىدە گېرمانىيەنىڭ مۇھىم دەريا يولى بولغان ئودېر، ئېلبې، ۋېسېر قاتارلىق دەريالىرىنىڭ دېڭىزغا قويۇلۇش ئېغىزلىرى پۈتۈنلەي شۋېتسىيەنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن بۇيان، بالتىق دېڭىزى بىر مەزگىل «شۋېتسىيەنىڭ ئىچكى كۆلى» گە ئايلاندى. شۋېتسىيە يەنە 5 مىليون تالېرلىق تۆلەمگە ئېرىشتى، ئىمپېرىيە يىغىنىغا قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى[②].

(2) فىرانسىيە ئالساسنىڭ كۆپ قىسمىغا ئىگە بولدى ھەمدە لورراينې (فىرانسىيە 1552 - يىلى بېسىۋالغان مېتىز، تۇئول ۋە ۋېردۇن شەھىرى)نىڭ فىرانسىيەگە تەۋە بولىدىغانلىقى ئېتىراپ قىلىندى[③]. فىرانسىيەمۇ گېرمانىيەنىڭ ئىمپېرىيە يىغىنىغا قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى.

(3) گېرمانىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى، سىياسىي جەھەتتىكى بۆلۈنمە ۋەزىيەت تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. سۈلھى شەرتنامىسىدە گېرمانىيە كىنەزلىرىنىڭ پۈتۈنلەي مۇستەقىل ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىندى. كىنەزلەر ئۆز تېررىتورىيەلىرىدە ئەركىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى ۋە مۇستەقىل دىپلوماتىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولدى، شۇنداقلا چەت ئەللەر بىلەن

① «ئوسنابرۇك سۈلھى شەرتنامىسى» نىڭ 7 - ماددىسىنىڭ 2 -، 6 -، 7 - تارماق ماددىلىرى.

② «ئوسنابرۇك سۈلھى شەرتنامىسى» نىڭ 10 - ماددىسىنىڭ 9 - تارماق ماددىسى.

③ «مۈنستېر سۈلھى شەرتنامىسى» نىڭ 70 -، 73 -، 74 - ماددىلىرى.

كېلىشىم تۈزۈش، ئىتتىپاق تۈزۈش، ئۇرۇش ئېلان قىلىش، سۈلھىلىشىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. سۈلھى شەرتنامىسىدە، ھەتتا ئىمپېراتورلۇق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقى، ئىمپېرىيەنىڭ مۇھىم ئىشلىرى (ئالايلۇق، قانۇن تۈزۈش، ئۇرۇش ئېلان قىلىش، باج - سېلىقنى بېكىتىش، ئەسكەر قوبۇل قىلىش ياكى ھەربىي خىراجەت ۋە دۆلەتنىڭ ھەر قايسى جايلاردا تۈرۈشلۈق قوشۇنلىرىغا دائىر بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈش قاتارلىقلار) نى كىنەزلەر قاتناشقان ئىمپېرىيە يىغىنىدا قارار قىلىش بەلگىلىنىپ[①]، گېرمانىيە ئىمپېراتورىنىڭ ھوقۇقى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇلدى.

(4) گېرمانىيە كىنەزلىرىنىڭ 30 يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا دۆلەت ئىچىدە كېڭەيتىۋالغان زېمىنلىرى ئېتىراپ قىلىندى. براندېنبۇرگنىڭ سايلىغۇچى كىنەزى كېڭەيتىۋالغان زېمىن ئەڭ چوڭ بولۇپ، شەرقىي پومېرانىيە، ماگدېبۇرگ باش ئېپىسكوپ رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى[②]. ساكسون رۇشاتىيانى قوشۇۋالدى؛ باۋارىيە يۇقىرى پفالزنى ئىگىلىۋېلىپ، سايلىغۇچى كىنەزلىك ئورنىنى ساقلاپ قالدى. سۈلھى شەرتنامىسىنىڭ 5 - ماددىسىغا ئاساسەن يېڭىدىن سەككىزىنچى سايلىغۇچى كىنەز تەسىس قىلىندى. گېرمانىيە پروتېستانت دىنى ئىتتىپاقىنىڭ سابىق باشلىقى، رېين (سابىق پفالز) لىق فرېدرىخنىڭ ئوغلى چارلېز لۇئى تۆۋەن پفالزغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىمپېرىيەنىڭ سەككىزىنچى سايلىغۇچى كىنەزى بولدى.

---

① «ئوسنابرۇك سۈلھى شەرتنامىسى»نىڭ 8 - ماددىسىنىڭ 2 - تارماق ماددىسى.

② براندېنبۇرگنىڭ سايلىغۇچى كىنەزى 1640 - يىلى گېرمانىيە ئىمپېراتورى ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، شۋېتسىيە بىلەن ئۆز ئالدىغا سۈلھى تۈزگەن. ئۇ ئەسلىدە پرۇسسىيەنى ئىگىلىگەنىدى. سايلىغۇچى كىنەز فرېدرىخ ۋىللىيامنىڭ ئوغلى فرېدرىخ I (1688 — 1713) 1701 - يىلى پرۇسسىيەنىڭ پادشاھى بولغان. پرۇسسىيە پادشاھلىقى شۇنىڭدىن باشلانغان. پرۇسسىيەنىڭ ھەربىي كۈچى 30 يىللىق ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە كېڭەيگەن.

(5) دىن مەسىلىسى جەھەتتە، لۇتېر مەزھىپى، كالۋىن مەزھىپى مۇرىتلىرى بىلەن كاتولىك دىنى مۇرىتلىرى ھوقۇقتا باراۋەر بولدى. ئىمپېرىيە سوت مەھكىمىسىدە كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىدىن بولغان سوتچىلار بىلەن پىروتېستانت دىنى مۇرىتلىرىدىن بولغان سوتچىلارنىڭ سانى تەڭ نىسبەتتە تەسىس قىلىندى. دىنىي جەمئىيەت مۈلكىنىڭ تەۋەلىكىدە 1624 - يىلىنىڭ بېشى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئەھۋال ئاساس قىلىنىدىغان بولدى. كىنەزلەر ئۆزلىرىنىڭ خوجىلىق زېمىنىدا ھەرقانداق دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى①. بىراق، ئىمپېرىيە تېررىتورىيەسى ئىچىدە كاتولىك دىنى، لۇتېر مەزھىپى ۋە كالۋىن مەزھىپىدىن باشقا ھەر قانداق دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا يول قويۇلمىدى.

(6) سۇلھى شەرتنامىسىدە شۋېتسارىيەنىڭ مۇستەقىللىقى ئېتىراپ قىلىندى، ئىسپانىيە شۇنىڭدىن باشلاپ گوللاندىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلدى.

ۋېستفالىيە سۇلھى شەرتنامىسى گېرمانىيەدىكى ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىپ②، خابسبۇرگ خانىدانلىقىغا قاتتىق زەربە بەردى، گېرمانىيەنىڭ بۆلۈنمە ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملىدى ۋە كېڭەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئەينى چاغدىكى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەرنى خەلقئارالىق يىغىن ئارقىلىق ھەل قىلىشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى، بۇ سۇلھى شەرتنامىسى 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى فىرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى بارلىق خەلقئارالىق شەرتنامە ۋە كېلىشىمنامىلەرنىڭ دەسلەپكى ماتېرىيالى بولۇپ قالدى.

---

① «ئوسنابرۇك سۇلھى شەرتنامىسى»نىڭ 5 - ماددىسىنىڭ 35 -، 36 - تارماق ماددىلىرى؛ 7 - ماددىسىنىڭ 1 -، 2 - تارماق ماددىلىرى.

② فىرانسىيە بىلەن ئىسپانىيە ئۇرۇشى 1659 - يىلى پىرىنېئوس سۇلھى شەرتنامىسى تۈزۈلگۈچە داۋام قىلدى.

**30 يىللىق ئۇرۇشنىڭ خەلقئارالىق تەسىرى** 30 يىللىق ئۇرۇش گېرمانىيەگە قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى. گېرمانىيە زېمىنى ئاساسلىق جەڭ مەيدانى بولغاچقا، ئۇ كىشىنى چۆچۈتكۈدەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. گېرمانىيەنىڭ «ھەممىلا يېرى تارىختا ئەڭ ئىنتىزامسىز ياۋۇز ئەسكەرلەرنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا ئۇچرىدى»①، چەت ئەللىك قوشۇنلار مۇشۇنداق قىلدى، گېرمانىيە قوشۇنلىرىمۇ شۇنداق قىلدى. ماركس ۋاللېنستېيىن قوشۇنىنى «ۋاللېنستېيىن چېكەتكىلىرى» دەپ ئاتىغان. ۋاللېنستېيىن قوشۇنى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق چېخ بىلەن گېرمانىيەنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمى ۋە شەرقىي رايونلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، ئۆز خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلدى، گېرمانىيە ئىمپېراتورىنىڭ ھەربىي خىراجىتىگە ھاجىتى چۈشمىدى. ئۇرۇش مەزگىلىدە گېرمانىيەدە 1976 چېركاۋ ـ موناستىر، 1629 شەھەر، 18 مىڭ 310 كەنت تالان ـ تاراج قىلىندى. نۇرغۇن كان، تۆمۈرچىلىك ۋە قۇيمىچىلىق ئىشخانىلىرىمۇ ۋەيران قىلىندى، سودا ـ سانائەت ئومۇميۈزلۈك زاۋال تاپتى. خەلقنىڭ تۇرمۇشى ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالدى، ئۇلار دەرەخ يوپۇرمىقى ۋە قومۇشلارنى يېيىشكە مەجبۇر بولدى. نوپۇسنىڭ ئازىيىشىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ساكسون، براندېنبۇرگ قاتارلىق رايونلاردىكى ئاھالىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئازىيىپ كەتتى②. چېخنىڭ ئاھالىسى ئۇرۇشنىڭ ئالدىدىكىسىگە سېلىشتۇرغاندا ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇق (ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى ئاھالىسى 3 مىليون ئىدى، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا ئاران 780 مىڭ ئادەم قالغان)

---

① ئېنگېلس: «مارك»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 19 ـ توم، 366 ـ بەت.

② ساكسون كىنەزلىكىدە شۋېتسىيە ئۇرۇشقا قاتناشقان دەسلەپكى مەزگىلدە (1630 ـــ 1632) 934مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلگەن.

ئازىيىپ كەتتى. ئۇرۇشتىن بۇرۇن 80 مىڭ ئاھالىسى بار سودا ـ سانائەت مەركىزى ئاۋگسبۇرگ شەھىرى ئۇرۇشتىن كېيىن ئاران 12 مىڭ ئاھالىسى بار جىمجىت بازارغا ئايلىنىپ قالىدى. گېرمانىيەدە 30 يىللىق ئۇرۇشتىن كېيىن «تەقلىد قىلىنغان» يانچىلىق تۈزۈمى ئۇرۇشنىڭ ئالدىدىكىدىنمۇ تېز راۋاجلاندى.

30 يىللىق ئۇرۇشتىن كېيىن، گېرمانىيە ئىمپېراتورىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىمپېرىيە قۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى تەلتۆكۈس بەربات بولدى. پۈتكۈل گېرمانىيە 296 كىچىك ئىشتاتقا بۆلۈنۈپ كەتتى، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە نۇرغۇن «ئىمپېرىيە رىتسارلىرى» نىڭ خوجىلىق زېمىنلىرى (100 دىن ئارتۇق) بار ئىدى. ئىمپېرىيە پارلامېنتى بىلەن ئىمپېرىيە سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەھمىيىتى قالمىدى، گېرمانىيە تېخىمۇ خارابلاشتى.

گېرمانىيە ئىمپېراتورىنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلىتى ئىسپانىيەنىڭمۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقى ئۇچۇن خەلقئارادىكى ئورنى چۈشۈپ كەتتى. كاتولىك دىنى ئاقسۆڭەكلىرى جۇمھۇرىيىتى بولغان پولشا بالتىق دېڭىزى بويلىرىدىكى نۇرغۇن زېمىنىدىن ئايرىلىپ قالدى، ئۇمۇ ئاجىزلىشىپ كەتتى.

غەلىبە قىلغۇچى دۆلەت فىرانسىيە بىلەن شۋېتسىيەنىڭ تېررىتورىيەسى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كېڭەيدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا فىرانسىيە ياۋروپا قۇرۇقلۇقى ئىتتىپاقىنىڭ غوجايىنلىقىغا ئايلاندى. شۋېتسىيەمۇ شىمالىي ياۋروپانىڭ خەلقئارالىق ئىشلىرىدا يېتەكچى رول ئويناشقا باشلىدى.

30 يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا، ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەردىمۇ ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. پورتۇگالىيە ئۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئىسپانىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولدى؛ گوللاندىيە بىلەن شۋېتسارىيەنىڭ مۇستەقىللىقى ئېتىراپ قىلىندى. خابسبۇرگ خانىدانلىقى

بىلەن گېرمانىيە ئىمپېراتورى گەرچە يېڭىلگەن بولسىمۇ، چېخ يەنىلا گېرمانىيەنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلالماي، ئۇزۇنغىچە مىللىي مۇستەقىللىققا ئېرىشەلمىدى.

چاررۇسىيە ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر 30 يىللىق ئۇرۇش بىلەن بولۇپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، غالجىرلىق بىلەن مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىقى قىلىپ تېررىتورىيەسىنى ئۇزۇكسىز كېڭەيتتى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا چاررۇسىيە ئاساسلىق تاجاۋۇزچىلىق تىغ ئۇچىنى سىبىرىيەگە قاراتتى. بالتىق دېڭىزىنى پوتونلەي كونترول قىلىۋالغان شۋېتسىيە چاررۇسىيەنىڭ «غەربكە يۈرۈش قىلىش» ۋە «دېڭىزغا كىرىش ئېغىزى» نى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى زور توسالغۇ بولۇپ قالدى. 30 يىللىق ئۇرۇشتىن كېيىن، بالتىق دېڭىزىدا چاررۇسىيە بىلەن شۋېتسىيە ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈمرانلىق تالىشىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

ئەنگلىيەگە ستيۇئارت خانىدانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، پادىشاھ بىلەن پارلامېنتنىڭ زىددىيىتى كەسكىنلىشىپ كەتكەچكە، ئەنگلىيە 30 يىللىق ئۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتناشمىدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى ئەنگلىيەدە بۇرژۇئا ئىنقىلابى پارتلىغان بولۇپ، بۇ دەل 30 يىللىق ئۇرۇش ئەڭ كەسكىن بولغان تۆتىنچى دەۋرگە قەدەم قويغان چاغ ئىدى. ياۋروپادىكى فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق ئاساسلىق فېئوداللىق چوڭ دۆلەتلەر گەرچە ئەنگلىيە ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن دىققەت قىلغان بولسىمۇ، ئەكسىيەتچى فېئودال كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئەنگلىيەنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىششقا كۈچى يەتمەيتتى. ياۋروپادىكى فېئوداللىق دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىش ۋەزىيىتى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا پايدىلىق خەلقئارالىق شارائىت يارىتىپ بەردى.

www.uyghurkitap.com

بۇرژۇئا ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە كاپىتالىستىك سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە تاشقى سودىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، مۇستەملىكىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشىنى كەڭ قانات يايدۇردى. ئەينى چاغدا ئەنگلىيە بىلەن گوللاندىيەنىڭ زىددىيىتى ئىنتايىن كەسكىن ئىدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، گوللاندىيە تاشقى سودا، دېڭىز ترانسپورتى ۋە كېمىسازلىق جەھەتلەردە ئەنگلىيەدىن خېلىلا ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، چەت ئەللەرگە سالغان مەبلىغى ئەنگلىيەنىڭكىدىن 15 ھەسسە، كېمىلىرى ئەنگلىيەنىڭكىدىن 10 ھەسسە كۆپ ئىدى. گوللاندىيەنىڭ بالتىق دېڭىزىدا قاتنايدىغان 6000 كېمىسى ئەنگلىيەنىڭ بالتىق دېڭىزى بويىدىكى رايونلار بىلەن قىلىدىغان سودىسىنى قامال قىلىۋالغانىدى. ئوتتۇرا دېڭىز ۋە غەربىي ئافرىقا قىرغاقلىرىدا بولسۇن، گوللاندىيە ھەممىلا جايدا ئەنگلىيەنىڭ تەسىرىنى چەتكە قاقتى، ھەتتا ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىلىرىدىمۇ گوللاندىيە كېمىلىرى ۋە گوللاندىيە توشۇيدىغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ئەنگلىيەنىڭكىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتتى. ئەنگلىيەنىڭ گوللاندىيەدىن دېڭىزغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، 1651 ـ يىلى «دېڭىز ترانسپورتى نىزامنامىسى» نى ئېلان قىلىپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىجازىتىسىز چەت ئەل سودا كېمىلىرىنىڭ ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىلىرىدە سودا قىلىشىغا روخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى بەلگىلىشىدە دەل گوللاندىيەنى بېسىشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئارقىدىنلا ئەنگلىيە بىلەن گوللاندىيە ئوتتۇرىسىدا ئۈچ قېتىم مۇستەملىكە تالىشىش ئۇرۇشى (1652 — 1654 ـ يىللىرى؛ 1665 — 1667 ـ يىللىرى؛ 1672 — 1674 ـ يىللىرى) پارتلىدى، ئۇرۇشتا ئەنگلىيە غەلىبە قىلىپ، گوللاندىيەنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ،

دېڭىزغا ۋە مۇستەملىكىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى زومىگەرگە ئايلاندى.

17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، پۈتكۈل ياۋروپادا فېئوداللىق تۈزۈم تەدرىجىي يىمىرىلىپ، كاپىتالىزم بىخلىنىش ۋە راۋاجلىنىشتەك ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئون ئىككىنچى باب

# ئوتتۇرا ئەسىر مەزگىلىدىكى جۇڭگو بىلەن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى

جۇڭگو دۇنيادىكى تارىخى ئۇزۇن دۆلەتلەرنىڭ بىرى. ئوتتۇرا ئەسىر مەزگىلىدە جۇڭگو دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاقە قىلغان ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇردى. جۇڭگونىڭ قەغەزچىلىك، مەتبەئەچىلىك، كومپاس، پوروخ ۋە فارفور قاتارلىق زور كەشپىياتلىرى دۇنيا ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشتى. چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتىمۇ جۇڭگوغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. گەرچە جۇڭگو بىلەن بەزى چەت ئەللىك فېئودال ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە ئالاقە جۇڭگو بىلەن ھەرقايسى ئەللەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئىزچىل ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلدى.

## 1 ـ بۆلۈم جۇڭگو بىلەن شەرقىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ مۇناسىۋىتى

### 1. جۇڭگو بىلەن چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىكى ئەللەرنىڭ مۇناسىۋىتى

ھۆججەت ـ ماتېرىياللارغا خاتىرىلىنىشتىن خېلى بۇرۇنلا

جوڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئاھالىلەر بىلەن چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىكى ئاھالىلەر ئۆز ئارا باردى ـ كەلدى قىلىشقان. جوڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى چاۋشيەن يېرىم ئارىلىغا كىرگەنلىكتىن چاۋشيەن يېرىم ئارىلى جەمئىيىتى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغان. چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ داتۇڭجياڭ دەرياسى ۋادىسى بىلەن خۇاڭخاي ئۆلكىسىدىن كىيوڭساڭ ئۆلكىسىگىچە بولغان نۇرغۇن جايلاردىن خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۆمۈر قوراللار، مىس ئەسۋابلار ۋە سىرلانغان بۇيۇملار، يىپەك بۇيۇملار قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆپلەپ بايقالغان.

جوڭگونىڭ ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىكى جوڭگونىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى — كوگۇريونىڭ پېكچى، سىللا بىلەن تىركىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەنىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە گوگۇريو ھەممىدىن قۇدرەتلىك بولۇپ، جوڭگونىڭ شىمالىي سۇلالىسىگە قارايتتى؛ پېكچى بىلەن سىللا جەنۇبىي سۇلالە بىلەن كۆپرەك ئالاقە قىلاتتى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ھازىرقى جياڭسۇ، شەندۇڭ ئۆلكىلىرىنىڭ دېڭىز بويى ئەتراپىدىكى بەزى شەھەرلەردە سىللالار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ جايلار سىللانىڭ مەھەللىسى دەپ ئاتىلاتتى. ئەينى زاماندا تاڭ سۇلالىسى سىللاغا ھەرخىل يىپەك، دورا ماتېرىياللىرى، ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە كىتابلارنى چىقىراتتى، سىللا بولسا تاڭ سۇلالىسىگە كاناپ، ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئادەمگىياھ ۋە باشقا دورا ماتېرىياللىرى، مويلۇق تېرە ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى چىقىراتتى. سۇڭ سۇلالىسى كورىيە ۋاڭ جەمەتى سۇلالىسىنىڭ ئاساسلىق تاشقى سودا ئوبيېكتى ئىدى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چاۋشيەن يېرىم ئارىلىغا بارىدىغان دېڭىز قاتناش لىنىيەسىدىن، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ دېڭجۇ ئايمىقى (ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى فېڭلەي ناھىيەسى)دىن چاۋشيەننىڭ خۇاڭخاي ئۆلكىسىدىكى

www.uyghurkitap.com

ئوڭجىن يېرىم ئارىلىغا بارغىلى بولىدىغان دېڭىز يولىدىن باشقا، يەنە مىڭجۇ ئايمىقى (ھازىرقى جېجياڭنىڭ نىڭپو شەھىرى)دىن چاۋشيەننىڭ چوللا ئۆلكىسىدىكى موكپوغا بارغىلى بولىدىغان دېڭىز يولى ئېچىلغانىدى. 11 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ جۇڭگو ـ چاۋشيەن سودىسىدا خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ سودىسى دۆلەت سودىسىغا قارىغاندا تېخىمۇ جانلاندى. جۇڭگو سودىگەرلىرى ھەريىلى نەچچە قېتىم دېڭىز يولى ئارقىلىق چاۋشيەنگە بېرىپ سودا قىلاتتى، ھەر قېتىمدا نەچچە ئوندىن نەچچە يۈزگىچە سودىگەر باراتتى. جۇڭگودىن چاۋشيەنگە ھەرخىل تاۋار ـ دۇردۇن، فارفور بۇيۇملار، دورا ماتېرىياللىرى، چالغۇ ئەسۋابلار، يەنە خۇش پۇراق ماتېرىياللار، كىتاب، قەغەز، قەلەم، سىياھ قاتارلىق تۈرلۈك يېزىش ـ سىزىش قوراللىرى توشۇلاتتى. چاۋشيەندىن جۇڭگوغا ئادەمگىياھ، قارىغاي ئۇرۇقى، گۈللۈك بورا، قەغەز، قەلەم، سىياھ، قاتلىما يەلپۈگۈچ قاتارلىق بۇيۇملار توشۇلاتتى. چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىكى كائېسوڭ شەھىرىدە نەچچە يۈز جۇڭگولۇق ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇلاردىن باشقا، ئېلىمىزدىكى قىتان، جۇرجان، موڭغۇل، ئۇيغۇر قاتارلىق قېرىنداش مىللەت كىشىلىرىمۇ بار ئىدى. لى سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە چاۋشيەن ھۆكۈمىتى ئىچكى ۋە تاشقى سودىنى قاتتىق كونترول قىلغانىدى، لېكىن 17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قەرەللىك بازار سودىسى ۋە جۇڭگونىڭ چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان «تاشقى سودىسى» جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. تۇمېنجياڭ ۋە يالۇجياڭ دەريالىرى ئەتراپلىرىدا ھەريىلى قەرەللىك تاشقى سودا پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلاتتى. يالۇجياڭ دەرياسى ئەتراپىدا 1646 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەريىلى ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە ئۇيجۇنىڭ چۇڭگاڭ دېگەن يېرى (يالۇجياڭ دەرياسىدىكى لەنزى ئارىلى) دە «تاشقى سودا بازىرى» ئېچىلغان بولۇپ، ئۇ «چۇڭگاڭ بازىرى» دەپ ئاتالغانىدى.

دەسلەپتە بۇ يەردە ھۆكۈمەت تەرەپ سودىسىلا ئېلىپ بېرىلغاندى، كېيىنچە سودا تەرەققىي قىلىپ خۇسۇسىيلار سودىسى تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى، مانا بۇ «كېيىنكى چۆڭگاڭ بازىرى»دۇر. بىراق چاۋشيەنلىك سودىگەرلەر «كېيىنكى چۆڭگاڭ بازىرى» بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمىدى. چاۋشيەن ئەلچىلىرى چىڭ سۇلالىسىگە بارغاندا، ئۇيجۇلۇق ۋە كائىپسوڭلۇق باي سودىگەرلەر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، ئادەمگىياھ ۋە كۇمۇشلىرىنى ئېلىپ يالۇجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ «پېڭمىن قوۋۇقى» (فېڭخۇاڭ شەھىرىنىڭ يان قوۋۇقى) سىرتىدا سودا قىلاتتى، مانا بۇ «كېيىنكى پېڭمىن بازىرى» دۇر. «كېيىنكى پېڭمىن بازىرىدىكى ئاساسلىق تاۋارلار جۇڭگونىڭ تاۋار - دۇردۇن، ئاق رەخت، مويلۇق تېرە، دورا ماتېرىياللىرى، ياقۇت، كۆزئەينەك، يېزىش - سىزىش سايمانلىرى ۋە چاۋشيەننىڭ ئادەمگىياھ، كۇمۇش، ئالتۇن، كالا، تۆمۈر ساپان، ئاشتۇزى، قازان، كاناپ، كۆن قاتارلىق بۇيۇملىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئادەمگىياھ بىلەن كۇمۇش چاۋشيەننىڭ ئاساسلىق ئىمپورت تاۋارلىرى ھېسابلىناتتى.

جۇڭگو - چاۋشيەن خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسى مەنىۋى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. قەدىمكى زاماندا چاۋشيەننىڭ ئۆز يېزىقى يوق بولۇپ، خەنزۇچە يېزىقنى ئىشلىتەتتى. 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چاۋشيەنلىك ئالىم شۆەن سۇڭ «ئارىلاش ئوقۇش» ئۇسۇلى بويىچە خەنزۇچە كالاملارنى سىللا تىلىغا تەرجىمە قىلدى. چاۋشيەن خەلقى يەنە ئەمەلىيەت جەريانىدا خەنزۇچە يېزىق ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ يېزىقلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، 15 - ئەسىردە 28 ھەرپلىك چاۋشيەن يېزىقىنى ئىجاد قىلدى، بۇ يېزىق ھازىرغىچە ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، جۇڭگونىڭ نامشۇناسلىق ۋە تارىخشۇناسلىق ئىلمى شەرقتىكى ھەرقايسى ئەللەردە كەڭ

www.uyghurkitap.com

تارقالدى. سىللا بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، پايتەخت كيۆڭجۇدا مەكتەپ قۇرۇلۇپ كۆڭزىچىلارنىڭ كالاملىرى ئوقۇتۇلدى. يەنە تاڭ سۇلالىسىگە تەقلىد قىلىنىپ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تاللاشتا ئاساسلىق كۆڭزىچىلارنىڭ كالاملىرىدىن ئىمتىھان ئېلىندى. تاڭ، سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە چاۋشيەن جۇڭگوغا تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى، نۇرغۇن چاۋشيەنلىك ئوقۇغۇچىلار جۇڭگودا ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۆي جىيۈەن قاتارلىقلار ئەڭ مەشھۇر.

بۇددا دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشىمۇ جۇڭگونىڭ ئىچكىرى جايلىرى بىلەن چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا تەسىر كۆرسەتتى. 372 - يىلى ئالدىنقى چىن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى فۇ جيەنچيەن مەشھۇر راھىب شۈن داۋنى بۇددا نومى بىلەن بىللە كوگۇريوغا ئاپىرىپ قويىدى، ئارقىدىنلا بۇددا دىنى سىللا بىلەن پېكچېغا تارقالدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە نۇرغۇن چاۋشيەنلىك راھىبلار ۋە ئوقۇغۇچىلار تاڭ سۇلالىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سىللالىق راھىب خۈي چاۋ ئەڭ مەشھۇر. 8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خۈي چاۋ چاڭئەندىن ئايرىلىپ، سۇ يولى ئارقىلىق جەنۇبىي دېڭىزدىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ھىندىستاندا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، بەش ئەنەتكەك بۇددا خارابىلىكلىرىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، قۇرۇقلۇق يولى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ داڭلىق ساياھەت خاتىرىسى «بەش ئەنەتكەك ئېلى ھەققىدە قىسسە» ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، ئۆرپ - ئادىتى، بايلىقى ۋە مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇددا نوملىرىنى بېسىش كورىيە مەتبەئەچىلىكىنىڭ

تەرەققىي قىلىشىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. 1023 ـ يىلى كورىيە ۋاڭ جەمەتى سۇلالىسى تۇنجى قېتىم نوملار دىۋانىنىڭ ئويما بېتىنى ياساپ پۈتكۈزدى، كېيىن موڭغۇل قوشۇنى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتتى. 1236 ـ يىلىدىن باشلاپ يەنە 16 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ نوملار دىۋانىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئويما بېتىنى ياساش خىزمىتى تاماملاندى. چاۋشيەن نوملار دىۋانىنىڭ بېسىلىشى مېتال ھەرپلىك مەتبەئەنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. چاۋشيەن خەلقى جۇڭگونىڭ 11 ـ ئەسىردىكى سېغىزلاي ھەرپلىك مەتبەئە تېخنىكىسى ئاساسىدا، 13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مېتال ھەرپلىك مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلدى. بۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ دەسلەپكى مېتال ھەرپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇڭگودا ياغاچ ھەرپ ۋە قەلەي ھەرپ ئىشلىتىلدى. كېيىن ياغاچ ھەرپ ئۇسۇلىمۇ چاۋشيەنگە كىردى.

14 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى جۇڭگونىڭ پۇرۇخ ياساش تېخنىكىسى چاۋشيەنگە كىرگەندىن كېيىن، چاۋشيەن تارىخىدا پۇرۇخ ياساشقا دائىر ئېنىق خاتىرىلەر قالدۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1488 ـ يىلى چاۋشيەنلىكلەر جۇڭگونىڭ شاۋشىڭ ناھىيەسىدە سۇ چىغىرىقى ياساشنى ئۆگەندى، ئۇلار ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن دەرھال سۇ چىغىرىقى ياساشقا تۇتۇش قىلدى، كېيىن ئۇ چاۋشيەندە كۆپلەپ ئومۇملاشتۇرۇلدى.

چاۋشيەننىڭ تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ئىلمى جۇڭگونىڭ تەسىرىدە ئۇزۇكسىز راۋاجلاندى. 15 ـ ئەسىردە چاۋشيەندە تۈزۈلگەن 85 جىلدلىق «ئۆسۈملۈك دورىلار رېتسېپلىرى توپلىمى» (لۇ جۇڭلى تۈزگەن) بىلەن 365 جىلدلىق «رېتسېپلار توپلىمى» (جىن شۇنيى تۈزگەن) جۇڭگو ـ چاۋشيەن تېبابەت ئىلمىنى ئالماشتۇرۇش ئاساسىدا توپلاپ، رەتلەپ چىقىلغان زور ئىلمىي نەتىجە ھېسابلىنىدۇ، بولۇپمۇ 17 ـ ئەسىردە جى شۇجۇننىڭ «شەرق تېبابەتچىلىكىنىڭ قىممەتلىك ئەينىكى»

www.uyghurkitap.com

(1613 ـ يىلى) ناملىق ئەسىرى جۇڭگو، ياپونىيەلەردە بېسىلىپ كەڭ تارقىلىپ، كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. جۇڭگو تېبابەتچىلىكى چاۋشيەن، ياپونىيەلەردە كەڭ تارقالغان ھەمدە تېخىمۇ تولۇقلانغان ۋە راۋاجلاندۇرۇلغان، ئۆز ئالدىغا بىر سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەن بولغاچقا، «شەرق تېبابەتچىلىكى» دەپ ئاتالدى.

جۇڭگو ـ چاۋشيەننىڭ سەنئەت ئالماشتۇرۇشى ئىنتايىن قويۇق بولۇپ، سىللا سەنئىتى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانىدى. كورىيەلىك رەسسام لى نىڭ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگوغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ كورىيەنىڭ رەسساملىق سەنئىتىنىمۇ ئېلىپ كەلگەنىدى. سۇڭ سۇلالىسىدىكىلەر ئۇنى قولى چاققان دەپ تەرىپلىگەنىدى. سۇي ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە كورىيەنىڭ كۈيلىرى جۇڭگودا كەڭ تارقالدى. جۇڭگونىڭ كۈيلىرىمۇ سۇڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە كورىيەگىمۇ تارقالدى.

جوڭگو ۋە چاۋشيەن خەلقى ئۇزاق مۇددەت دوستانە ئالاقە قىلدى ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەنگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە جەڭگىۋار دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ياپونىيە قاراقچىلىرى ئىنتايىن غالجىرلىشىپ كەتكەنىدى، چاۋشيەن ھەممىشە ياپونىيە قاراقچىلىرى بۇلىغان جۇڭگو ئاھالىلىرىنى ۋەتىنىگە ئۇزىتىپ قوياتتى. چاۋشيەننىڭ رېنچېن يىللىرىدىكى ۋەتەن ئۇرۇشىدا جۇڭگو ـ چاۋشيەن خەلقىنىڭ ساپ قېنى بىلەن يۇغۇرۇلغان جەڭگىۋار دوستلۇقى تارىختا بىر پارلاق سەھىپە قالدۇردى.

## 2. جۇڭگو بىلەن ياپونىيەنىڭ مۇناسىۋىتى

ياپونىيەنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللىرى چىن، خەن

سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىن باشلاپ جۇڭگونىڭ شال ئۇرۇقى، شال تېرىش ئۇسۇلى، يەنە تۆمۈر قورال ـ سايمانلىرى، مىس ئەسۋابلىرى ۋە مېتال تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ ياپونىيەگە ئارقا ـ ئارقىدىن تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇنى جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئىقتىسادىي ئالاقە ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، دەپ قاراشقا بولىدۇ. جۇڭگونىڭ قەدىمكى هۆججەت ـ ماتېرىياللىرىدا جۇڭگو بىلەن ياپونىيەنىڭ ئالاقىسى تەخمىنەن غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرى (يەنى مىلادىيەنىڭ ئالدى ـ كەينى)دا باشلانغانلىقى خاتىرىلەنگەن. «كېيىنكى خەننامە»دە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيە 57 ـ يىلى ياپونىيە ئەلچىلىرى جۇڭگونىڭ پايتەختى لوياڭغا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا كەلگەن، شەرقىي خەن سۇلالىسى پادىشاھى گۇاڭ ۋۇدى ئۇلارغا «مۆھۈر ئىنئام قىلغان» ئىكەن. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ياپونىيەدىكى ياماتائى كوكو ساۋ ساۋنىڭ ۋېي پادىشاھلىقىنى زىيارەت قىلىشقا تۆت قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن، ئەلچىلەر ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ئالماشتۇرغانىكەن. ۋېي پادىشاھلىقىمۇ ياماتا كوكوغا زىيارەتكە ئىككى قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەنىكەن.

شەرقىي جىن سۇلالىسى، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، ياپونىيە ياماتو ئوردىسىنىڭ ئەلچىلىرى جەنۇبىي سۇلالىنىڭ پادىشاھى لىيۇ سۇڭ دەۋرىدە كۆپ قېتىم زىيارەتكە كەلگەن، نۇرغۇن جۇڭگولۇق ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ چاۋشيەن يېرىم ئارىلى ئارقىلىق ياپونىيەگە كۆچۈپ بارغان بولۇپ، بۇ جۇڭگولۇق كۆچمەنلەر ياپونىيەدە تۈرلۈك قول هۈنەر ماھارىتى، بولۇپمۇ پىلە بېقىش، شايى توقۇش، ساپال بۇيۇملارنى ياساش، ئېگەر ياساش، رەسىم سىزىش قاتارلىقلارنى تارقاتتى. ياماتو ئوردىسى جۇڭگوغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، توقۇمىچىلىق ۋە كىيىم تىكىش ئۇستىلىرىنى ياپونىيەگە بېرىپ ماھارەت

ئۆگىتىشكە تەكلىپ قىلغان. جۇڭگولۇق كۆچمەنلەر ئىچىدىكى خەنزۇچە يېزىقتا مەلۇماتلىق، يېزىقچىلىق ماھارىتىنى ئىگىلىگەن كىشىلەر ياماتو ئوردىسىدا خىزمەت قىلىپ، پۈتۈكچىلىك، دىپلوماتىيە ھۆججەتلىرىنى يېزىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ھەمدە دائىم چەت ئەللەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەن.

سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. قۇللۇق تۈزۈمدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتۈۋاتقان، فېئوداللىق دۆلەت شەكىللىنىۋاتقان دەۋردىكى ياپونىيەنىڭ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپى جۇڭگونىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمى، ئىدىيەسى، پەن - تېخنىكىسى ۋە مەدەنىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئۆزلىرىگە خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىپ، دېڭىز يولىدىكى خەۋپ - خەتەرگە پەرۋا قىلماي، جۇڭگوغا تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئەلچىلەر ئۆمىكى ۋە ئوقۇغۇچى، راھىبلارنى ئەۋەتتى. ياپونىيە ھۆكۈمىتى شاھزادە شوتوكۇ نائىبلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە، 607 - يىلى ئونونو ئوكونى سۇي سۇلالىسىگە دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، كېيىنكى يىلى سۇي سۇلالىسى پادىشاھى ياڭدى فېي شىچىڭنى ياماتوغا زىيارەتكە ئەۋەتتى. 8 - ئايدا فېي شىچىڭ ھەمراھلىرى بىلەن ياپونىيەگە يېتىپ بارغاندا، ياپونىيە پادىشاھى ئەۋەتكەن «نەچچە يۈز كىشى سەپ تارتىپ كاناي - دۇمباقلارنى ياڭرىتىپ»، ئۇلارنى ئىنتايىن تەنتەنىلىك قارشى ئالدى. 608 - يىلدىن 614 - يىلىغىچە بولغان ئالتە يىل ئىچىدە ياپونىيە سۇي سۇلالىسىگە يەنە ئىككى قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى ھەمدە ئوقۇغۇچى، ئوقۇمۇشلۇق راھىبلارنى ئەۋەتىشكە باشلىدى. بۇ كىشىلەر جۇڭگودا ئىلىم تەھسىل قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى

مەزگىللىرىدە ۋەتىنىگە قايتقان ئوقۇغۇچىلار راھىب مىنامى بۇچى نوشىيۇئان بىلەن جۇڭگودا ئوقۇغان تاكامۇكو كۇرۇمارۇ قاتارلىق كىشىلەر تاڭ سۇلالىسىگە تەقلىد قىلىنغان تايكا ئىسلاھاتىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

ياپونىيە ھۆكۈمىتى 630 ـ يىلىدىن 894 ـ يىلىغىچە بولغان ئىككى يۈز نەچچە يىل جەريانىدا تاڭ سۇلالىسىگە بىرىشقا 19 قېتىم ئەلچى تەيىنلەپ، ئەمەلىيەتتە تاڭ سۇلالىسىگە 13 قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە قېتىم «تاڭ ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋالدى» ۋە «تاڭ ئەلچىلىرىنى ئۇزىتىپ قويدى». ھەر قېتىم تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئۆمىكىگە نۇرغۇن ئادەم ھەمراھ بولاتتى، ئەڭ كۆپ بولغاندا 650 ئادەم، ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 120 ئادەم ئۆمەككە ھەمراھ بولۇپ جۇڭگوغا كېلەتتى. نارا سۇلالىسىدىن بۇيان، ياپونىيە پادشاھى ئەلچىنى تەيىنلىگەندىن كېيىن تەرتىپ بويىچە قوبۇل قىلىپ، چالغۇ، قىلىچ ئىنئام قىلىپ، زىياپەت بېرىپ غەزەل ـ كۈي بىلەن ھەيۋەتلىك ئۇزىتىپ قويغان. جۇڭگو ھۆكۈمىتىمۇ بۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قىزغىن كۈتۈۋالغان، تاڭ سۇلالىسى پادشاھى ئۇلارنى ھەمىشە قوبۇل قىلغان. ئەلچىلەر ئۆمىكى بىلەن بىللە كەلگەن ياپونىيەلىك ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇغۇچى راھىبلار تاڭ سۇلالىسىدە ئون ـ يىگىرمە يىل تۇرۇپ، جۇڭگو خەلقى بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. 8 ـ ئەسىردە جۇڭگودا ئوقۇغان ياپونىيەلىك ئابېنو ناكارو 17 يېشىدا جۇڭگوغا كېلىپ خەنزۇچە چاۋخېڭ دەپ ئىسىم قويغان، ئۇ تاڭ سۇلالىسىدە ئوقۇش جەريانىدا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر لى بەي، ۋاڭ ۋېي قاتارلىقلار بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىپ، چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان. ئۇ ۋەتىنىگە قايتىش سەپىرىدە كېمە بۇزۇلۇپ، سەرسان بولۇپ ۋيېتنامغا بارغان، كېيىن چاڭئەنگە قايتقان. بۇ مەزگىلدە ئۇنى دېڭىزدا بەختسىزلىككە ئۇچراپتۇ دېگەن خەۋەر تارقالغان.

لى بەي «چاۋخېنىغا مەرسىيە» يېزىپ، جۇڭگو ــ ياپونىيە خەلقىنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقىنى تولۇق ئىپادىلىگەن. كېيىن ئاكاماشى 70 يېشىدا جۇڭگودا ۋاپات بولغان.

ياپونىيەلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى جۇڭگونىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىلىم ـ پەننى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن رولىنى جارى قىلدۇردى، يەنە تۈرلۈك كىتاب، قانۇن ـ تۈزۈم، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئىلمىي تەجرىبە ئەسۋابلىرىنى ياپونىيەگە ئېلىپ كېتىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. 8 ـ ئەسىردە كىبى نامابىكى تاڭ سۇلالىسىدە ئىلگىرى ـ كېيىن 20 يىل ئوقۇپ ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى پۇختا ئىگىلەپ، ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن جۇڭگودا ئوقۇغان يەنە بىر ئوقۇغۇچى ياماتو ناگائوكا بىلەن بىرلىشىپ 24 ماددىلىق قانۇن ـ پەرماننى تۈزىتىپ بېكىتىپ چىقتى ھەمدە، ئۇنى ئالىي بىلىم يۇرتىدا دەرسلىك قىلىپ ئۆتتى، كىبى نامابىكى ئوڭ قول ۋەزىر بولدى. نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق راھىبلار جۇڭگوغا زىيارەت قىلىش، بۇددا دىنى تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىش ئۇچۇنلا كەلمەستىن، يەنە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بۇددا دىنىنىڭ ھەر قايسى مەزھەپلىرىنى ياپونىيەدە تارقاتتى. 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياپونىيەدە شىنگون مەزھىپىنى تەرغىب قىلغان سورا كاي جۇڭگو ئەدەبىياتى ساھەسىدە بىلىمى چوڭقۇر بولۇپ، ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن ئالتە جىلدلىق «شېئىرىيەت سىرلىرى توغرىسىدا» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ، خەنزۇچە شېئىرلاردىكى ئىستىلىستىك ئۇسۇللارنى مۇھاكىمە قىلدى، يەنە ياپونىيە بويىچە 30 جىلدلىق تۇنجى خەنزۇچە لۇغەت «خەت شەكىللىرىنىڭ نامى ۋە مەنىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ياپونىيەدە خەنزۇ يېزىقىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بەزى جۇڭگولۇقلار ياپونىيەگە بارغانىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ياپونىيە راھىبلىرىنىڭ تەكلىپىگە

بىنائەن ياپونىيەگە بارغان مەشھۇر راھىب جيەن جېننىڭ تەسىرى ئەڭ چوڭ ئىدى. جيەن جېن 743 ـ يىلىدىن باشلاپ ياپونىيەگە سەپەر قىلىپ، ھەممىسىدە مەغلۇپ بولغان، ھەتتا كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان بولسىمۇ مەيۇسلەنمەي جۇڭگو ـ ياپونىيە خەلقىنىڭ دوستلۇقى ئۈچۈن ئالتىنچى قېتىم دېڭىز سەپىرىگە ئاتلانغاندىن كېيىن، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن كۆرمىگەن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەۋپ ـ خەتەرلەرنى يېڭىپ، ئاخىر 754 ـ يىلى ناراغا يېتىپ بېرىپ، ياپونىيە ئوردىسى ۋە ئاۋام خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغانىدى. جيەن جېن رىتسۇ مەزھىپى ۋە ھەرخىل بۇددىزم نوملىرىنى تارقاتتى، جۇڭگو تېبابەتچىلىكىنى كەڭ دائىرىدە تونۇشتۇردى. جيەن جېن ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى يەنە بىناكارلىق، ئويمىچىلىقتا پەمى بار كىشىلەر ئىدى. ئۇلار جيەن جېننىڭ رىياسەتچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئىمارىتىگە تەقلىد قىلىنغان مەشھۇر ئىمارەت — توتانېتى ئىبادەتخانىسىنى ياسىدى. بۈگۈنكى كۈندە مەزكۇر ئىبادەتخانىنىڭ نارادا يەنىلا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كىندو سارىيى ياپونىيەلىكلەر تەرىپىدىن دۆلەت تەۋەررۇكى دەپ تەرىپلەنمەكتە. 763 ـ يىلى جيەن جېن مۇشۇ يەردە ۋاپات بولدى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جوڭگو بىلەن ياپونىيەنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش دائىرىسى كەڭ، تەسىرى چوڭقۇر بولدى. نارا دەۋرى ۋە خېئان دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ياپونىيەنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، قانۇن، مائارىپى كۆرۈنەرلىك ھالدا تاڭ سۇلالىسى تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى. شۇ چاغدىن باشلاپ «تاڭ مېتىنى»، «تاڭ ساپىنى»، «تاڭ مېتالچىلىقى»، «تاڭ قەغىزى»، «تاڭ سىياھى»، «تاڭنىڭ نەرسىسى» قاتارلىق ئاتالغۇلار كۆپلەپ بارلىققا كەلدى. 7 ـ ئەسىردىن باشلاپ ياپونىيە جۇڭگونىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان كالېندارىنى ئىشلەتتى، تاڭ سۇلالىسى كالېندارىنىڭ

ئۆزۈكسىز ئىلغارلىششىغا ئەگىشىپ، ياپونىيەمۇ جۇڭگونىڭ يېڭى كالېندارلىرىنى ۋاقتىدا ئىشلەتتى. جۇڭگو تېبابەتچىلىكى ياپونىيەدە خېلى بۇرۇنلا تارقالغانىدى، نارا دەۋرىدە ياپونىيە تېبابەتچىلىك ساھەسىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى جۇڭگو ئۇسۇلى بويىچە تەربىيەلەپ، خېئان دەۋرىگە كەلگەندە خەنزۇ تېبابەتچىلىك ئىلمىنى بەرپا قىلىدى. بۇ مەزگىلدە خەنزۇ ئەدەبىياتى ناھايىتى روناق تاپتى، تاڭ سۇلالىسى ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەتلەر ياسالدى، تاڭ سۇلالىسى ئۇسلۇبىدىكى ھەيكەللەر، رەسىملەر كۆپلەپ بارلىققا كەلدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن شەھىرىنىڭ لايىھەسىگە ئاساسەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ پايتەخت ھېجوكيو (نارا)، خېئانكيو (كيوتو) لار ياسالدى. تاڭ سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، تاماق ئېتىش ئۇسۇلى، شۇنىڭدەك ئۆزاق زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بايراملىرىمۇ ياپونىيەدە كەڭ تارقالدى.

مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا يېزىق بىلەن تىلنىڭ تەسىرى ئەڭ چوڭ بولدى. قەدىمكى زاماندا ياپونلارنىڭ ئۆزىنىڭ يېزىقى يوق ئىدى، 3 ـ ئەسىردە ياپونىيەگە خەنزۇچە خەت كىرگەندىن كېيىن ياپونلار خەنزۇچە خەتنى ئىشلىتىدىغان بولدى. 7 ـ ئەسىردە ياپونلار خەنزۇچە خەتنىڭ فونېتىكىسى ۋە مەنىسىدىن پايدىلىنىپ ياپون تىلىنىڭ فونېتىكىسىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلىدى. بۇنداق خەنزۇچە خەت ياپونلارنىڭ دەسلەپكى «كانا يېزىقى»، يەنى «مان يوگانا» سى ھېسابلىنىدۇ. 9 ـ ئەسىردىن كېيىن ياپونلار يەنە خەنزۇچە خەتلەرنىڭ كەيشۇ شەكلىدە يېزىلغان بەزى يان بۆلەكلىرى بىلەن بىر بوغۇملۇق بەزى قوليازما شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئايرىم - ئايرىم «كاتاكانا» بىلەن «خىراكانا» ھەرپلىرىنى ياسىدى. ياپونچە خەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تارقىلىشى ياپونىيە مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ياپونىيە تاڭ سۇلالىسىگە

ئەلچى ئەۋەتىشىنى توختاتتى، ياپونىيە كېمىلىرىنىڭ چەت ئەللەرگە سەپەر قىلىشىنى مەنئى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى سۇسلاپ كەتتى. بىراق جۇڭگونىڭ ياپونغا بارىدىغان ئەل ئىچى سودا كېمىلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى، ياپونىيەنىڭ نۇرغۇن راھىبلىرى، ئۆلىمالىرى جۇڭگونىڭ سودا كېمىلىرىگە ئولتۇرۇپ جۇڭگوغا كەلدى. ئىككى دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ بېرىش - كېلىشى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى تۇتاشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلاپ ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى نورماللاشتى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشمۇ ئىنتايىن جانلاندى. جۇڭگو ياپونىيەگە ئاساسلىق يىپەك توقۇلمىلار، خۇش پۇراق ماتېرىياللار، دورا، يېزىش - سىزىش قوراللىرى، رەسىم ۋە تۈرلۈك مەزمۇندىكى كىتابلارنى ئېكسپورت قىلدى. ياپونىيە جۇڭگوغا قۇم ئالتۇن، سىماب، گۈڭگۈرت، ياغاچ ماتېرىياللىرى ۋە يەلپۈگۈچ، پىچاق قاتارلىق ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئېكسپورت قىلدى. جۇڭگو ياپونىيەگە نۇرغۇن كىتاب چىقارغاندى، كېيىنچە جۇڭگودا يوقىلىپ كەتكەن نۇرغۇن كىلاسسىك ئەسەرلەر ياپونىيەدە ساقلىنىپ قالغان. جۇڭگو بىلەن ياپونىيە پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا ناھايىتى ياخشى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازاندى. 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سۇڭ سۇلالىسىگە كەلگەن راھىب دياۋرەن (فاجى ھەزرەت) جۇڭگودىن ئويما بەتتە بېسىلغان «خەنزۇچە بۇددىزم نوملىرى»نى ۋەتىنىگە ئېلىپ بېرىپ، ياپونىيەنىڭ ئويما بەتلىك مەتبەئەچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىدا سۇڭ سۇلالىسىگە كەلگەن راھىب ميوئان ساكائىنى جۇڭگونىڭ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە سۇڭ سۇلالىسى تېبابەتچىلىكىنى ئۆگەندى، چاي دەرىخىنى پەرۋىش قىلىش ۋە چاينىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتىنى تەتقىق قىلىپ، چاي ئۇرۇقىنى ياپونىيەگە ئېلىپ باردى. 13 -

www.uyghurkitap.com

ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ياپونىيەلىك كۇلالچى كاتاشىرو زائېموڭ كاگېماسا (قىسقارتىلىپ كاتاشىرو دەپ ئاتىلىدۇ) سۇڭ سۇلالىسىگە كېلىپ فارفور بۇيۇملارنى ياساشنىڭ يېڭى تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ، ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن ئوۋارى (ھازىرقى ئايچى ناھىيەسى) نىڭ سېتو دېگەن يېرىدە خۇمدان ياساپ، «سېتو فارفورى» نى ئىشلەپچىقىرىپ، ياپونىيەدە شۆھرەت قازاندى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ياپونىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالدى؛ «ياپون قاراقچىلىرى»① باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، پۇقرالار ئارا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سودىمۇ ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى چېڭزۇ دەۋرىدە، ئىككى دۆلەت تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە «ياپون قاراقچىلىرى» نىڭ پاراكەندىچىلىكىنى ئاساسەن تۈگەتتى» ئىككى دۆلەت «تەمتەكلىك سودا»②نى يولغا قويۇپ، بېرىش - كېلىش تازا قويۇقلاشتى. 1404 - يىلىدىن 1547 - يىلىغىچە ياپونىيە مىڭ سۇلالىسىگە 17 قېتىم كېمە ئارقىلىق نۇرغۇن قىلىچ، گۈڭگۈرت، مىس قاتارلىق تاۋارلارنى ئاپىرىپ، ياپونىيە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان مىس يارماق ۋە مەشۇت، تاۋار - دۇردۇن، دورا، فارفور، كىتاب قاتارلىقلارغا ئالماشتۇرۇپ ناھايىتى زور پايدىغا ئېرىشتى. يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە نۇرغۇن ياپونىيەلىك

---

① «ياپون قاراقچىلىرى» نىڭ كۆپىنچىسى كاماكۇرانىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى غەربىي قىسمىدىكى يەرلىك سۇنغان فېئوداللار، ۋەيران بولغان سامۇرايلار ۋە ئەتكەسچى سودىگەرلەردۇر. ئۇلار جۇڭگو، چاۋشيەنىڭ دېڭىز بويلىرىدا قاراقچىلىق قىلىپ، قەدىمى يەتكەنلا جايدا ھەممىنى بۇلاپ قۇرۇقداپ قويغان.

② «تەمتەكلىك سودا»، يەنى جۇڭگوغا كەلگەن ياپونىيە سودا كېمىلىرى «تەمتەك» ئىجازەتنامىسىنى كۆرسىتىشى كېرەك ئىدى، بۇنداق گۇۋاھنامىسى بار كېمىلەر ياپونىيەنىڭ سودا كېمىلىرى دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ، ئۆزئارا سودا قىلاتتى. ئۇنى جۇڭگو تەرەپ بېرەتتى.

دىيانە مەزھىپى راھىبلىرى جۇڭگوغا زىيارەت قىلىش، بۇددا دىنى تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىشكە كەلدى، ئۇلار بارغانلا يېرىدە جۇڭگولۇق راھىبلار ۋە دەھرىيەلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. 14 ـ ئەسىردە يۈەن سۇلالىسىگە كەلگەن راھىب يوزان شىسائى سۇڭجياڭغا زىيارەتكە بارغاندا، «زور كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ ۋۇجۇڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ قوڭغۇراقلىرى جىمىپ قالغان، زىيارەتكە كەلگۈچىلەرنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى قويغۇدەكمۇ جاي قالمىغان»، ئەھۋال ئىنتايىن ئېغىر مەزگىل ئىدى. ئەمما جۇڭگولۇق راھىبلار ياپونىيەلىك بۇ راھىب دوستىنى ئالاھىدە كۈتۈۋالدى، ئۇنى «قېرىنداشىدەك كۆرۈپ»، «قىشلاشقا تۇتۇپ قېلىپ»، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونىيە خەلقىگە بولغان دوستلۇق مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى. يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە جۇڭگوغا ئىستىقامەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بەزى راھىبلار خەنزۇچە شېئىر يازىدىغان داڭلىق شائىرلار ۋە خەنزۇشۇناسلار ئىدى. ئالايلۇق، 14 ـ ئەسىردە ياشىغان سېسوڭ يوبائى، زىككائى چيۇشىن قاتارلىقلار شېئىرلىرىدا ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى مەدھىيەلىگەن. ياپونىيەنىڭ ئويما بەت مەتبەئەچىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 14 ـ ئەسىردە چېن مېڭرۇڭ، يۈ لياڭپۇ قاتارلىق نۇرغۇن جۇڭگولۇق ئويمىكارلار ياپونىيەدە ماكانلىشىپ، ياپونىيەگە ئويما بەت مەتبەئەچىلىكىنى تونۇشتۇردى. 15 ـ ئەسىردە ياپونىيەلىك مەشھۇر رەسسام يۆكى فۇنا قاتارلىقلارمۇ جۇڭگوغا كېلىپ سىياھ رەسىم تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈردى.

مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى شېنزۇڭنىڭ ۋەنلى يىللىرىدا (1573 ـــ 1620) ياپونىيەلىك تويۇتومى خىدېشيۇ جۇڭگونىڭ قوشنىسى چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلدى ھەمدە جۇڭگونى ئىستېلا قىلىش، ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانى بولۇشقا ئۇرۇندى، شۇنىڭ بىلەن

جۇڭگو ـ ياپونىيە ئىككى دۆلەتنىڭ تىنچ، دوستانە مۇناسىۋىتى بىر مەھەل بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ياپونىيەدە توكوگاۋا باكۇفۇلۇقى قۇرۇلدى، ئىككى دۆلەت گەرچە ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەلئارا سودا زور دەرىجىدە راۋاجلاندى.

## 2 ـ بۆلۈم جۇڭگو بىلەن شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرىنىڭ مۇناسىۋىتى

### 1. جۇڭگو بىلەن ۋېيتنام، لائوس، كامبودژالارنىڭ مۇناسىۋىتى

جۇڭگو خەلقى بىلەن ۋېيتنام خەلقى ئەزەلدىن ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن.

ۋېيتنام خەلقى ۋېيتنامنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا (جەنچېڭدا) تېرىلىدىغان قۇرغاقچىلىققا چىداملىق شال سورتىنى جۇڭگودا تارقىتىپ، جۇڭگونىڭ دېھقانچىلىقىغا تۆھپە قوشتى. سوڭ سۇلالىسى پادىشاھى جېنزۇڭ دەۋرى (988 ـــ 1022)دە، جياڭسۇ، جېجياڭلاردا قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەنلىكتىن، جەنچېڭ شېلى ئۇرۇقىدىن 30 مىڭ كۇرە ئەكەلدۇرۇلۇپ تېرىلغاندى. ئەينى چاغدا جەنچېڭنىڭ قۇرغاقچىلىققا چىداملىق شېلىنىڭ گۇرۇچى چوڭ ۋە تاتلىق دېيىلەتتى. 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، جەنچېڭ شېلى فۇجيەن، جېجياڭلاردا، چاڭجياڭ ۋە خۇەيخې دەريالىرى ئەتراپلىرىدا ئۆستۇرۇلدى، كېيىن يەنە شىمالىي جۇڭگونىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كېڭەيتىلدى. جۇڭگو خەلقى ئىستېمال قىلىشقا ئامراق تاتلىق بەرەڭگىمۇ ۋېيتنامدىن جۇڭگوغا تارقالدى. كېيىنكى ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان جيا سىشېنىڭ «پۇقرالار ئۇچۇن تېرىقچىلىق دەستۇرى» ناملىق

ئەسىرىدە، «تاتلىق بەرەڭگە ... ھىندىچىنىڭ ۋۇپىڭ، جيوجېن دېگەن جايلىرىدا ئەزەلدىن تېرىلىپ كەلگەن» دېيىلگەن. جوڭگو خەلقى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردە ۋېيتنام خەلقىگە ناھايىتى زور ياردەم قىلغانىدى. جوڭگونىڭ تۆمۈردىن ياسالغان سايمانلىرى ۋە ئۇي، پىلە بېقىش، رەخت توقۇش، قەغەزچىلىك، مەتبەئەچىلىك قاتارلىق تېخنىكىلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ۋېيتنامغا كىرىپ، ۋېيتنامنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

جوڭگونىڭ بىناكارلىق تېخنىكىسى، قورال ـ ياراغ ياساش كەسپى، تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك، يىڭنە بىلەن داۋالاش قاتارلىق كەسىپلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ۋېيتنامدا تارقالدى. ۋېيتنام خەلقى ئۇزاق مۇددەت ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا ئۇلارنى راۋاجلاندۇردى ۋە ناھايىتى كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا نۇرغۇن ۋېيتنام-لىق جوڭگوغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىناكار ۋەن ئەن ئەينى چاغدا بېيجىڭدىكى سېپىل ـ خەندەكلەر، خان سارىيى ۋە يامۇل مەھكىمىلىرى قاتارلىقلارنى لايىھەلەشكە قاتناشقانىدى.

جوڭگونىڭ خەنزۇچە خېتى، خەنزۇ تىلى خېلى بۇرۇن ۋېيتنامغا كىرگەن. ۋېيتناملىق نۇرغۇن ئەدىبلەرنىڭ جوڭگونىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرى، شېئىرلىرى جەھەتتىكى بىلىمى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ۋېيتناملىقلار ئىچىدە نۇرغۇن كىشىلەر خەنزۇچە يېزىقنى پىششىق بىلىدۇ. ۋېيتناملىقلارنىڭ تىلىدا خەنزۇچە سۆزلۈكلەرمۇ كۆپ. 13 ـ ئەسىردە ۋېيتنامدا خەنزۇ يېزىقى ئاساسىدىكى «زىنەن» (جەنۇبىي ئەل يېزىقى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) يېزىقى ئىجاد قىلىندى. بىراق ساپ خەنزۇچە يېزىق يەنىلا ئاساسلىق ئىپادىلەش قورالى بولدى. جوڭگونىڭ «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «سۇ

بويىدا» ناملىق رومانلىرى ۋېيتنامدا ناھايىتى كەڭ تارقالدى.

ئۇزاقتىن بۇيان جۇڭگولۇق خەنزۇلار بىلەن ۋېيتنام خەلقىنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ دۆلىتىدە ئەمەل تۇتۇشى ۋە ئولتۇراقلىشىپ قېلىشى ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالغانىدى.

8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ۋېيتنام تخانخ خۇئالىق جياڭ گوڭپۇ تەشرىپدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى دېزۇڭنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىپ قارا دىۋان ئىشىكئاغا مەھكىمىسىنىڭ مۇئەككىلى بولغانىدى.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋېيتنام دۆلىتى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋېيتناملىق جاڭزۇلار ئېلىمىزنىڭ گۇاڭجۇ، چېنجۇ، خەينەن ئارىلى قاتارلىق جايلىرىغا ئارقا ـ ئارقىدىن كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشتى. 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەنە نۇرغۇن ۋېيتناملىقلار جۇڭگوغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭگولۇق مەشھۇر ئالىم جۇ شۇنشۇي چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلمىغا چىدىماي ئىككى قېتىم ۋېيتنامدا مۇھاجىر بولۇپ تۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ «ۋېيتنام خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرى بار.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، جۇڭگو بىلەن ۋېيتنامنىڭ سودا ئالاقىسى ئايرىم ـ ئايرىم قۇرۇقلۇق يولى ۋە دېڭىز يولى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. قۇرۇقلۇق يولى سودىسىدا ئاساسلىق ئات ـ ئۇلاغ ۋە ئادەم كۈچىگە تايىنىلاتتى، چېگرا رايوندا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاز مىقداردىكى سودا بىلەنلا چەكلەنگەن بولۇپ، ئاساسلىق كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى سودىسى قىلىناتتى. چوڭ ـ چوڭ سودا دېڭىز يولى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. جۇڭگودىن ئاساسلىقى رەخت، يىپەك، قەغەز، بوياق، چاي، دورا ماتېرىياللىرى ئېكسپورت قىلىناتتى، ۋېيتنامدىن گۈرۈچ، سىپارى، مۇچ، قارا شېكەر، ئاۋات، بامبۇك ياغىچى ۋە دېڭىز مەھسۇلاتلىرى ئىمپورت قىلىناتتى.

لائوس خەلقى بىلەن جۇڭگو خەلقى خېلى بۇرۇنلا بېرىش ـ

كېلىش قىلىشقا باشلىغان. ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى (ۋۇ پادىشاھلىقىنىڭ خۇاڭۋۇ 6 ـ يىلى، مىلادىيە 227 ـ يىلى)دا تاڭمىڭنىڭ «پادىشاھقا ھەدىيە سۇنغانلىقى» بايان قىلىنغان، بۇ شۇ چاغدىن باشلاپ جۇڭگو بىلەن لائوس ئوتتۇرىسىدا رەسمىي مۇناسىۋەت ئورنىتىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگو ۋېندەن بەگلىكى بىلەن ئىنتايىن دوستانە مۇناسىۋەتتە ئۆتكەنىدى. ۋېندەن بەگلىكىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى دوستانىلىك بىلەن كۈتۈۋېلىنغانىدى. 14 ـ ئەسىردىن كېيىن جۇڭگو بىلەن لائوس ئوتتۇرىسىدىكى ھۆكۈمەت تەرەپ ئالاقىسى يەنە كۈچىيىشكە باشلىدى. «لائوس» دېگەن نام «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا ئۇچرايدۇ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ جىياجىڭ يىللىرى (1522 ــ 1566) لائوس «نەنچاڭ»، يەنى پىل دۆلىتى (لائوستا پىل كۆپ بولغاچقا) دەپ ئاتىلىشقا باشلىغانىدى. مىڭ سۇلالىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 270 يىل ئىچىدە، لائوسنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 10 پادىشاھى جۇڭگوغا ئوتتۇز نەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، پىل، ئات، كەركىدان، ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان ئەسۋاب قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلدى، مىڭ سۇلالىسىمۇ لائوسنى زىيارەت قىلىشقا كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى. جۇڭگو بىلەن لائوسنىڭ قۇرۇقلۇق يولى قاتنىشىنىڭ قولايلىق بولۇشىمۇ ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ئۆز ئارا سودىنى قانات يايدۇرۇشىغا قولايلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى. «مىڭ سۇلالىسى پادىشاھىغا ھەدىيە قىلىنغان خەرىتىلەر» ناملىق ئەسەردە: لائوسلۇقلار «تېرىقچىلىق قىلىشنى بىلىدۇ، توقۇمىچىلىق كەسپىگە ماھىر، يۇئېر ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي چېگراسىغا يېقىن جايدا ئولتۇراقلاشقان لائوسلۇقلار ھەمىشە جۇڭگوغا كېلىپ سودا قىلىدۇ» دېيىلگەن. لائوستىن چىقىدىغان مەستىكى رۇمى، قۇستە، ئۇدېن، شيەنزى، ھېلىلە، بوراسسوس ھارىقى قاتارلىقلارنى ئېلىمىز خەلقى ياقتۇرۇپ

ئىستېمال قىلىدۇ. يەنە ئالايلۇق، لائۇسنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولغان كەترەن گۈلى ياڭجۇدا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن «كىشىلەر بەس ـ بەستە كۆرگىلى كېلىپ، قايناق بازارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن». لائۇس خەلقىمۇ جۇڭگودىن هاراق ئىشلەش، پىشلىپ بېقىش، يېپەكچىلىك ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى بېيىتتى.

كامبودژا قەدىمدە ۋۇنام دەپ ئاتىلاتتى. «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. ۋۇ پادىشاھلىقى تەزكىرىسى. لۈي دەينىڭ تەرجىمىھالى» دا جياۋجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى لۈي دەي ۋۇنام قاتارلىق دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلىشقا ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. بۇ جۇڭگو كامبودژاغا ئەڭ بۇرۇن ئەۋەتكەن ئەلچىلەر هېسابلىنىدۇ. ئەينى چاغدا ۋۇنامنىڭ جەنۇبىي دېڭىزدىكى هەر قايسى ئەللەر ۋە هىندىستان بىلەن ئالاقىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىدە ياسالغان 100 ئادەم سىغىدىغان چوڭ كېمىسى بار ئىدى. جىن سۇلالىسى جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ۋۇنامنىڭ ئەلچىلىرى جۇڭگوغا ئارقا ـ ئارقىدىن كەلدى. جۇڭگونىڭ شىمالىي سۇلالە دەۋرىدە، ۋۇنام دۆلىتىنىڭ پادىشاھى جياۋچېنرۇ «گۇاڭجۇغا سېتىشقا مال ئەۋەتتى». جەنۇبىي چى سۇلالىسىنىڭ يۇڭمىڭ 2 ـ يىلى (484 ـ يىلى) جياۋ چېنرۇ يەنە هىندىستانلىق راھىب ناگاشانىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، جەنۇبىي چى سۇلالىسىنىڭ پادىشاھىغا «ئالتۇن يىپتا ياسالغان بىر دانە سۇ ئىلاھى ھەيكىلى، ئاق سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان بىر دانە پىل ھەيكىلى، پىل چىشىدىن ياسالغان ئىككى دانە مۇنار، تۆت توپ پاختا دەرىخى، ئىككى دانە سىرلىق سۇرۇ (تاماق قاچىسى)، سىپارى ياغىچىدىن ياسالغان كارتىدا شەكىللىك بىر دانە پەتنۇس» سوۋغا قىلدى. جۇڭگو پادىشاھىمۇ جياۋ چېنرۇغا «بېغىررەڭ ئەگرى سۇناي گۈللۈك ۋە كۆك يوللۇق شايىنىڭ هەر قايسىسىدىن بەش توپ» سوۋغا قىلدى.

جۇڭگو سۇڭ، چى، لياڭ، چېندىن ئىبارەت جەنۇبىي سۇلالىلەردىن تارتىپ سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىغىچە ۋۇنام بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ساقلاپ كەلدى. ئەينى چاغدا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ بۇددا دىنى راھىبلىرى ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇراتتى. جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ۋۇناملىق بىر قانچە مۆتىۋەر راھىب جۇڭگوغا نوم تەرجىمە قىلىش ۋە شاگىرت تەربىيەلەشكە كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كابراھ، مامدارلار لياڭ سۇلالىسىدە نۇرغۇن نوملارنى تەرجىمە قىلغانىدى. 548 - يىلى جۇڭگوغا كەلگەن ۋۇناملىق مۆتىۋەر راھىب جېن دى جۇڭگودا يىگىرمە نەچچە يىل تۇرۇپ، كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگودا ياشىغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شۈەنزاڭ بىلەن جېن دى ئوتتۇرىسىدا ئۇستاز - شاگىرتلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇت ئىدى. گەرچە شۈەنزاڭ كامبۇدژاغا بارمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 10 - جىلدىدا ئىسانوپۇرا دۆلىتى (يەنى كامبۇدژا) نى تىلغا ئالغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يەنە بىر مۆتىۋەر راھىب يى جىڭ ھىندىستانغا دېڭىز ئارقىلىق نوم ئالغىلى بارغاندا، كامبودژادىن ئۆتكەندە شۇ جاينىڭ پادىشاھى ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالغان.

چېنلا ئەسلىدە ۋۇنامغا بېقىندى دۆلەت ئىدى، ئۇ تەخمىنەن مىلادىيە 6 - ئەسىردە ۋونامنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. سۇي سۇلالىسى پادىشاھى ياڭدىنىڭ دايى 12 - يىلى (616 - يىلى) چېنلانىڭ ئەلچىسى جۇڭگوغا كەلگەندە «پادىشاھقا نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ كەلگەن». تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە چېنلا ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى، ئۇنىڭ شىمالى قۇرۇقلۇق چېنلا دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۈگۈنكى كامبودژا، لائوسنىڭ زېمىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. جەنۇبى سۇلۇق چېنلا دەپ ئاتالغان، ئۇ ئەسلىدىكى ۋۇنام زېمىنى بولۇپ، ھازىرقى كامبودژا ۋە جەنۇبىي ۋيېتنامنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە قۇرۇقلۇق چىنىلا بىلەن سۇلۇق چىنىلا بىرلەشتى. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى گاۋزۇنىڭ ۋۇدې يىللىرى (618 ــ 626) دىن پادىشاھ شيەنزۇڭنىڭ يۈەنخې يىللىرى (806 ــ 820) غىچە چىنىلانىڭ ئەلچىلىرى ئىلىمىزگە ئۈزۈكسىز كېلىپ، ئۇزۇنغىچە دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرۇقلۇق چىنىلانىڭ شاھزادىسى ۋە ئورۇنباسار خان چاڭئەنگە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كېلىپ كۆندۈرۈلگەن پىل سوۋغا قىلدى. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جانپۇ (ھازىرقى ۋېيتنامنىڭ ئوتتۇرا قىسمى) نى قوشۇۋېلىپ، نامىنى بىر مەھەل جانلاغا ئۆزگەرتتى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە يەنىلا چىنىلا دەپ ئاتالدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگو ئەلچىلىرىگە ھەمراھ بولۇپ چىنىلاغا بارغان جۇ داگۇەن چىنىلادا بىر يىل تۇرۇپ، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن «چىنىلانىڭ ئىقلىمى» ناملىق ئەسەرنى يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا چىنىلانىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە بايلىقى ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ بايانىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جۇڭگودىن چىنىلاغا ئاساسلىق ئالتۇن، كۈمۈش، يىپەك، فارفور بۇيۇملار، قازان، كۈنلۈك قاتارلىق تاۋارلار ئېلىپ بېرىلاتتى، چىنىلادىن جۇڭگوغا ئاساسلىق پىل چىشى، كەركىدان مۈڭگۈزى، ياقۇت ۋە خۇش پۇراق ماتېرىيال قاتارلىق تاۋارلار ئېلىپ كېلىنەتتى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» ناملىق ئەسەردە بايان قىلىنىشىچە، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن چىنىلا ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق بولۇپ، ھەممىشە ئەلچىلەر بېرىپ ـ كېلىپ تۇرغان. جېڭ خې غەربىي دېڭىزغا سەپەر قىلغاندىمۇ چىنىلاغا بارغان. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» ناملىق ئەسەردە، چىنىلا «دۆلىتىدە ئالتۇن مۇنار، ئالتۇن كۆۋرۈك ـ قەسىرلەردىن ئوتتۇز نەچچىسى بار. پادىشاھ ۋاپات بولغاندا قاشتېشى مايمۇن، توز، پىل، كەركىدانلار روبىخەتكە ئېلىنىدۇ. بۇ 100 مۇنارلىق دەپ ئاتىلىدۇ. تۆرلۈك نازۇ نېمەتلەر ئالتۇن

تاۋاق، ئالتۇن قاچىلاردا تارتىلىدۇ، شۇڭا مال ـ دۇنياسى مول چېنلا، دېگەن تەمسىل بار»، دېيىلگەن. بۇ يەردە ئەلۋەتتە هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشى بايان قىلىنغان، ئەمما بۇنىڭدىن ئەينى چاغدىكى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ. «بۇ دۆلەت كامبودژا دەپ ئاتىلىدۇ، كېيىن كامپوچې دەپ خاتا تەرجىمە قىلىنغان، ۋەنلى يىلىدىن كېيىن كامبودژاغا ئۆزگەرتىلدى». كامبودژا دەپ تەرجىمە قىلىنغان بۇ تەرجىمە نام مىڭ سۇلالىسىدىن هازىرغىچە قوللىنىلىۋاتىدۇ.

## 2. جۇڭگو بىلەن تايلاند، مالاي يېرىم ئاراللىرىدىكى ھەرقايسى ئەللەر، ھىندونېزىيە ۋە فىلىپپىننىڭ مۇناسىۋىتى

13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تايلاند زېمىنىدا ياشايدىغان تايلار سۇكۇتاي سۇلالىسىنى قۇردى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا بۇ دۆلەت سىئام دۆلىتى دەپ ئاتالغان. سىئام دۆلىتىنىڭ جەنۇبىدا چېنلادىن ئايرىلىپ چىققان لاۋۇ دۆلىتى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇنى مونلار ۋە بىر قىسىم تايلار قۇرغانىدى. سىيام دۆلىتىنىڭ ئۈچىنچى پادىشاھى لەنمۇ گەنخېڭ (گەنمۇدىڭ) جۇڭگوغا دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن ئالتە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، نۇرغۇن جۇڭگولۇق كۇلالچىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ، مەزكۇر دۆلەتتە ساپالچىلىق ئىشخانىلىرىنى قۇرغانىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن سىئام دۆلىتى پارچىلىنىپ كەتتى، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنى جەنۇبىتىكى لاۋو دۆلىتىنىڭ ئايوتىيە سۇلالىسى قوشۇۋالدى، «شۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ سىئام دۆلىتى دەپ ئاتالدى» («يېڭى يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 252 ـ جىلد). مانا بۇ هازىرقى تايلاند دۆلىتىدۇر (1939 ـ يىلى دۆلەت نامىنى تايلاندقا ئۆزگەرتتى). تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرىدىن يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرىغىچە تايلاند بىلەن جۇڭگو

ناھايىتى قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلدى. مىڭ سۇلالىسى چاۋشيەننىڭ تويوتومى خىدېيوشى تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بېرىش كۈرىشىگە ياردەم بەرگەن چاغدا، سىيام جۇڭگوغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ياپونىيەگە ھۇجۇم قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئارقا يولىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا ئەسكەر چىقىرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا دىڭجۇ ئايمىقىلىق شې ۋېنبىن سىئام ئوردىسىدا كنيو (ۋەزىر) بولدى، سىئامغا كېلىپ ماكانلاشقان جۇڭگولۇقلارمۇ كۆپەيدى. چىڭ سۇلالىسى بىلەن سىيامنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى. شۈنجىنىڭ 9 ـ يىلى (1652 ـ يىلى) سىئام دۆلىتى «پادىشاھقا تارتۇق سۇنۇش» قا تۇنجى ئەلچىسىنى ئەۋەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سىئامنىڭ ئەلچىلىرى جۇڭگوغا قىرىق نەچچە قېتىم كەلدى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى دوستانە كۈتۈۋېلىپ، «تارتۇق ئەلچىلىرى ئېلىپ كەلگەن ماللاردىن باج ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلدى، ئۇلارنى خالىغىنىچە سودا قىلىشقا قويۇۋەتتى».

مالاي يېرىم ئارىلى بىلەن ھىندونېزىيە جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى دېڭىز قاتنىشى يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى، خەن سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇدى زامانىسىدا، جۇڭگو خەلقىنىڭ جەنۇبتىكى دېڭىز قاتنىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەللەر ۋە ھىندىستان بىلەن دېڭىز قاتنىشى مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئىككى جىن سۇلالىسى ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەردىن تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرىغىچە مالاي يېرىم ئارىلىدىكى ھەرقايسى ئەللەر جۇڭگو بىلەن قويۇق بېرىش ـ كېلىش قىلدى، بولۇپمۇ 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مالاي يېرىم ئارىلىدا قۇرۇلغان مالاككا سۇلالىسىنىڭ جۇڭگونىڭ مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق بولدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىككى دۆلەتنىڭ ئەلچىلىرى ئۈزۈكسىز بېرىش ـ كېلىش قىلدى،

بولۇپمۇ 1411 ـ يىلىدىن 1433 ـ يىلىغىچە مالاككانىڭ ئۈچ پادىشاھى جۇڭگوغا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بەش قېتىم زىيارەتكە كەلدى. مالاككا پادىشاھى 1411 ـ يىلى (يۇڭلېنىڭ 9 ـ يىلى) تۇنجى قېتىم جۇڭگونى زىيارەت قىلغاندا، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئادەم سانى 540 تىن ئېشىپ كەتكەنىدى. مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چېڭزۇ كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مالاككا پادىشاھى خوشلاشقاندا، پادىشاھ چېڭزۇ مالاككا پادىشاھى ۋە ئۇنىڭ بانۇسى، پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە جىيەنلىرى، ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئەمەلدارلارغا نۇرغۇن سوۋغا ھەدىيە قىلدى. جېڭ خېنىڭ غەربكە سەپەر قىلغان كېمە ئەترىتى مالاككانىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا مۇيەسسەر بولغان. جېڭ خې مالاككادا ئامبار سېلىپ ماللىرىنى ساقلىغان. مالاي يېرىم ئارىلىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن جۇڭگوغا ئاساسلىق ياقۇت، پىل چىشى، كەركىدان مۈڭگۈزى، خۇش پۇراق ماتېرىياللار ۋە قەلەي پارچىلىرى توشۇپ كېلىنەتتى. جۇڭگودىن ئاساسلىق يىپەك بۇيۇملار، فارفور قاچىلار ۋە تۆمۈر قوراللار چىقىرىلاتتى. سىنگاپور مۇزېيىدا جۇڭگونىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يادىكارلىقلىرى، ئالايلۇق، فارفور پەتنۇس، قەدىمكى پۇل قاتارلىقلار ساقلانماقتا.

ھىندونېزىيە ئارخېئولوگلىرى ھىندونېزىيەدىكى ئاساسلىق ئاراللار، ئالايلۇق، سۇماتېرا ئارىلىنىڭ جەنۇبى، ياۋا ئارىلىنىڭ غەربى ۋە كالىمانتان ئارىلىنىڭ شەرقىدىن خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ نۇرغۇن ساپال پارچىلىرىنى تاپقان. كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخشۇناسلار ھىندونېزىيەدىكى قەدىمكى دۆلەت ياۋادۋىيا بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختالغان. 131 ـ يىلى (شۇندى يۇڭجىيەننىڭ 6 ـ يىلى) «ياۋادۋىيا پادىشاھى ئەۋەتكەن ئەلچى قوبۇل قىلىش رەسمىيەتلىرىنى نۇقسانسىز بەجا كەلتۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

تۆھپە ياراتتى». بۇ ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ مۆتىۋەر راھىب فاشيەن سىرى لانكادىن دېڭىز يولى ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتقاندا، ھىندونېزىيەدىكى ياۋادۋىپا دۆلىتى (ياۋا ئارىلىدا بولۇشى كېرەك) گە بارغانىدى. فاشيەن ياۋادۋىپادا بەش ئاي تۇرغاندىن كېيىن، بۇ يەردىن سودا كېمىسىگە ئولتۇرۇپ ۋەتەنگە قايتقانىدى. فاشيەن ۋەتەنگە قايتىشتىن بۇرۇنلا ئىككى دۆلەت ئارىسىدا سودا كېمىلىرى قاتناپتىتى. ئادەتتە 50 كۈندە گۇاڭجۇغا بارغىلى بولاتتى.

سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، جۇڭگو خەلقى بىلەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى تېخىمۇ راۋاجلاندى. «يېڭى تاڭنامە» (43 ـ جىلدىنىڭ ئاخىرقى قىسمى) دە جيادەنىنىڭ «گۇاڭجۇدىن يات ئەللەرگە دېڭىز ئارقىلىق بارىدىغان يول»، يەنى گۇاڭجۇدىن ئاتلىنىپ، خەينەن ئارىلىدىن ئۆتۈپ، ۋيېتنامنىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغاقلىرىنى بويلاپ ماڭغاندا، ھازىرقى سىنگاپور بوغۇزىغا بارغىلى بولىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بوغۇزنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا ۋىجايا دۆلىتى بار ئىدى. گۇاڭجۇدىن ۋىجايا دۆلىتىگە 20 كۈن ئەتراپىدا بارغىلى بولاتتى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگو بىلەن ۋىجايا ۋە كالىنگا دۆلەتلىرىنىڭ دېڭىز قاتنىشى راۋان بولۇپ، سودىگەرلەر كۆپلەپ بېرىپ ـ كېلىپ تۇراتتى. بۇددا دىنى راھىبلىرى بېرىش ـ كېلىش قىلغاندا ۋە دىپلوماتىيە ئەلچىلىرى سەپەرگە چىققاندا، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سودا كېمىلىرىگە ئولتۇراتتى. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان جۇ چۈيفېينىڭ «داۋان سىرتىدىن جاۋابلار» (1178 ـ يىلى تۈزۈلگەن) ناملىق ئەسىرىدە سىرىۋىجايا ۋە ياۋادىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت سودىگەرلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ گۇاڭجۇ ۋە چۈەنجۇ

شەھەرلىرىگە كېلىش يولى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. جاۋ رۇشىنىڭ «ۋاسسال ئەللەر تەزكىرىسى» ناملىق ئەسىرىدىمۇ چۈەنجۇدىن ئاتلىنىپ بىر ئايدىن ئارتۇق ماڭغاندا ياۋاغا بارغىلى بولىدۇ، دېيىلگەن.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىككى دۆلەتنىڭ سودا دائىرىسى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كېڭەيدى، ھىندونېزىيەنىڭ نۇرغۇن رايونلىرى جۇڭگو بىلەن ئىقتىسادىي ئالاقە ئورناتتى. ئىسپاتلىنىشىچە، جۇڭگو بىلەن ھىندونېزىيەنىڭ مولۇككا تاقىم ئاراللىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ ئىقتىسادىي ئالاقە ئورناتقان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ تاشقى سودىسى گۈللەنگەن مەزگىللەردە چۈەنجۇ، شاڭخەي، گەنپۇ، ۋېنجۇ، گۇاڭجۇ، خاڭجۇ، نىڭبو قاتارلىق يەتتە ئورۇندا مەخسۇس چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ كېمىلىرىنى باشقۇرىدىغان مەھكىمە تەسىس قىلىنغانىدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جېڭ خې غەربىي دېڭىزغا سەپەر قىلغاندا، ئۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە بارغان جۇڭگولۇق دېڭىزچىلار، كاسىپلار، ئەسكەرلەر ۋە باشقا خادىملار ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەرقايسى ئەللەردە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى خەلقىمىزگە يەتكۈزگەنىدى. جېڭ خې بىلەن بىرلىكتە سەپەرگە چىققان فېي شىن بىلەن ماخۇەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا يازغان «يۇلتۇزلار ئارا ساياھەت» ۋە «دېڭىز قىرغاقلىرى مەنزىرىسى» دىن ئىبارەت ئىككى ئەسەردە جۇڭگو خەلقى بىلەن ھەرقايسى ئەللەردىكى خەلقنىڭ دوستانە ئالاقىسى بايان قىلىنغان. ھەر خىل ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىلغان تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 132 - يىلىدىن 1499 - يىلىغىچە ھىندونېزىيەنىڭ ياۋا، سۇماترا قاتارلىق ئاراللىرىدىكى قەدىمكى دۆلەتلەردىن ياۋادۋىيا، ياۋادا، خېرودان، مالايۇ، سىرىۋىجاي، ياۋا، سىرىۋىجايا، ياۋدۋىيا قاتارلىق دۆلەتلەر نامىدا، جۇڭگوغا تەخمىنەن 70 نەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن. ياۋا ۋە

سۇماتىرادىن ئىبارەت ئىككى ئارالدىكى قەدىمكى دۆلەتلەردىن باشقا قەدىمكى دۆلەتلەر بۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلمىگەن.

جۇڭگو بىلەن ھىندونېزىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئەلچىلەرنىڭ بېرىپ ـ كېلىشلىرىگە ئەگىشىپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۇچرىشىش ۋە ئالماشتۇرۇش تېخىمۇ كېڭەيدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كاتتا راھىب يى جىڭ ھىندونېزىيەدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 10 يىلدىن ئارتۇق تۇردى. ئۇنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا دەرمە تەھسىل قىلىشقا بارغان مۆتىۋەر راھىبلارنىڭ تەرجىمىھالى»، «جەنۇبىي دېڭىزدىن ۋەتەنگە دەرمە ئەۋەتىش ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق ئەسەرلىرى شەرق ئەللىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ۋە ھىندونېزىيەنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە. يى جىڭ تاڭ راھىبى خۇي نىڭ بىلەن ھىندونېزىيە راھىبى جى شيەن (روناباداراا)نىڭ بىرلىكتە نوم تەرجىمە قىلغانلىقى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرغان. خۇي نىڭ جۇڭگو چېڭدۇلۇق راھىب بولۇپ، 7 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى ياۋا ئارىلىدىكى كالىنگا دۆلىتىدە ئۈچ يىل تۇرۇپ، يەرلىك مۆتىۋەر راھىب جى شيەن بىلەن بىرلىكتە «ئاجىمونومى» نىڭ بىر قىسمىنى تەرجىمە قىلغان. كېيىن خۇي نىڭ يەنە بىر تاڭ راھىبى يۈن چىغا بۇ نومنى چاڭئەنگە ئەكېتىشكە ھاۋالە قىلغان. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدەنىيەت ھەمكارلىق ئىشلىرىغا دائىر ئېنىق خاتىرىلەنگەن ياخشى ئۈلگە ھېسابلىنىدۇ.

جۇڭگونىڭ مۇھىم كەشپىياتلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرىمۇ ھىندونېزىيە قاتارلىق ئەللەردە تارقالدى. ساپال ۋە فارفور بۇيۇملىرى بىلەن يىپەك رەختلىرى ھىندونېزىيەگە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا تارقالغانىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پىلە بېقىش، يىپەك توقۇش تېخنىكىسى ھىندونېزىيەگە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تارقالغان. «كىتابلار جەۋھىرى» ناملىق

ئەسەرنىڭ 971 ـ جىلدىدا، كەيپۇەننىڭ 12 ـ يىلى (724 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى شۇەنزۇڭ سىرۋىجايا پادىشاھىنىڭ ئەلچىسىگە «100 توپ يىپەك مال ئىنئام قىلدى» دېيىلگەن. ئەينى چاغدا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا قاتنايدىغان كېمىلەر كۆپرەك بولۇپ، سودىگەرلەر يۆتكەيدىغان تاۋار ـ دۇردۇنلارنىڭ سانى چوقۇم ئاز ئەمەس. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان جاۋرۇشىنىڭ «ۋاسسال ئەللەر تەزكىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە: «ياۋا دۆلىتىدىمۇ پىلە بېقىش، توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار، رەڭلىك كەشتىلەر بار» دېيىلگەن. جۇڭگونىڭ قەغىزىنى 7 ـ ئەسىردە يى جىڭ ھىندونېزىيەگە ئاپارغانىدى. 16 ـ ئەسىردە جۇڭگو سودىگەرلىرى قەغەزنى ھىندونېزىيەگە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ھىندونېزىيە خەلقى ئۇچلۇق پىچاق بىلەن دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا خەت يازمايدىغان بولدى، بۇ ھىندونېزىيە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. «ۋاسسال ئەللەر تەزكىرىسى» بىلەن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ۋاڭ دايۈەننىڭ «ئارالدىكى يات تائىپىلەرنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى» دىكى ھىندونېزىيەگە ئائىت ھەر قايسى مۇھىم مەزمۇنلاردىن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگونىڭ تاۋار ـ دۇردۇنلىرى، كۆك گۈللۈك چىنىسى قاتارلىق فارفور بۇيۇملىرى، لاكلانغان ساپال بۇيۇملىرىنىڭ ھىندونېزىيەگە ئۇزۇكسىز توشۇلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. جۇڭگو خەلقى ياقتۇرۇپ سېتىۋالىدىغان، ھىندونېزىيەنىڭ ھەرقايسى ئاراللىرىدا ئۆسىدىغان پاختا دەرىخى ۋە پاختا رەختلەر ئوتتۇرا ئەسىردە جۇڭگوغا ئۇزۇكسىز توشۇلدى. ئۇزاق مەزگىللىك ئىقتىسادىي ئالاقە جەريانىدا ھىندونېزىيەنىڭ تۈرلۈك خۇش پۇراق ئۆسۈملۈكلىرى، مەسىلەن، دېپتېروكارپۇس دەرىخى، ئاكۋىلارىيە دەرىخى، قەلەمپۇر، ئەنبەر، بوزنېئول قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن جۇڭگوغا توشۇپ كېلىنىپ، جۇڭگونىڭ دورىلىرى ۋە يېمەكلىك دورا ـ دەرمەكلىرىنى

موللاشتۇردى. ئۇنتتۇرا ئەسىردە ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىلگىرى ـ كېيىن مۇھاجىر بولۇپ ئولتۇراقلاشقان جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇب دېڭىز بويىدىكى ئاھالىلەر جۇڭگو خەلقىنىڭ دوستلۇق ئەلچىلىرى سۈپىتىدە ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى.

فىلىپپىندىن قېزىۋېلىنغان جۇڭگونىڭ تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئىشلەنگەن فارفور بۇيۇملىرى تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە جۇڭگو بىلەن فىلىپپىننىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسىنىڭ ناھايىتى قويۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «ۋاسسال ئەللەر تەزكىرىسى»، «ئارالدىكى يات تائىپىلەرنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ھازىرقى فىلىپپىن تاقىم ئاراللىرى دائىرىسىدىكى بەزى جايلار خاتىرىلەنگەن. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا فىلىپپىننىڭ جۇڭگوغا كۆپ قېتىم ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەنلىكى بايان قىلىنغان. يۇڭلىنىڭ 15 ـ يىلى (1417 ـ يىلى) سۇلۇ دۆلىتىنىڭ شەرق، غەرب بەگلىرى ۋە دۇڭ بېگى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىنى باشلاپ جۇڭگوغا كەلدى، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغاندا 340 نەچچىگە يەتتى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. سۇلۇ تەزكىرىسى» ناملىق ئەسەردە: ئۈچ بەگ «27 كۈن تۇرغاندىن كېيىن» خوشلاشتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن قاشتېشى بەلباغ، 100 سەر سېرىق ئالتۇن، 2000 سەر ئاق ئالتۇن، 200 توپ گۈللۈك دارايى، 300 توپ يىپەك رەخت، 100 مىڭ سەر قەغەز پۇل، 2000 تىزىق يارماق، ئالتۇن يىپتا ئەجدىھا ۋە بوبرا كىيىكنىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن بىردىن تون ئىنئام قىلىندى» دېيىلگەن. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. لۇ سۇڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا جۇڭگو مۇھاجىرى يەن خېۋۇ قاتارلىق 250 ئادەمنىڭ ئىسپانىيە

تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ زۇلۇمى ۋە خورلىشىغا چىدىماي، كېچىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئىسپانىيەنىڭ فىلىپپىندا تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسى بىلەن ئىسپانىيەلىك نۇرغۇن تاجاۋۇزچىلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئىسپانىيەنىڭ تالان ـ تاراج قىلىش پىلانىنى بەربات قىلىۋەتكەنلىكى بايان قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىلەن فىلىپپىن خەلقى كۆپ قېتىم مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى بىلەن سۇلۇ دۆلىتى قويۇق دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالدى، 1726 ـ يىلى (يۇڭجېڭنىڭ 4 ـ يىلى) دىن 1762 ـ يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 27 ـ يىلى)غىچە بولغان ئوتتۇز نەچچە يىل ئىچىدە سۇلۇ دۆلىتى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا ئون قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى پادىشاھقا سوۋغا تەقدىم قىلغىلى كەلگەن فىلىپپىن ئەلچىلىرى «ئەكەلگەن يەرلىك ماللاردىن تاموژنا بېجى ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئۆلارنىڭ ئادەت بويىچە سودا قىلىشىغا يول قويدى».

تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرىدىن كېيىن، جۇڭگونىڭ مالايا تاقىم ئاراللىرى ئەتراپلىرى بىلەن بولغان سودىسى تېخىمۇ راۋاجلاندى. مالايا تاقىم ئاراللىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى پەيدىنپەي كۆپەيدى. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، گۇيجۇ، گۇاڭدۇڭ دېھقانلىرى ئىرىكچىلىكنىڭ مۇشكۇللۇكى ۋە باج ـ سېلىقتىن قېچىپ ئۆزلۈكسىز مالايا تاقىم ئاراللىرىغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جېنىڭ خې غەرب ئەللىرىگە سەپەر قىلىشتىن بۇرۇن، سۇماترادىكى كونا پورت، ياۋادىكى دۇبان، يېڭى كەنت، سۇرابايا قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بار ئىدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يىراققا سەپەر قىلىش پائالىيىتىنى توختاتقاندىن كېيىن، ئەل ئارىسىدىكى كېمە

www.uyghurkitap.com

ئەترەتلىرى توختىماي قاتناپ تۇرغاچقا، نۇرغۇن جۇڭگولۇق مالايا تاقىم ئاراللىرىغا بېرىپ سودا قىلدى ياكى ماكانلاشتى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، يەنە نۇرغۇن جۇڭگولۇق سىيامغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشتى. 16 ـ، 17 ـ ئەسىرلەردە، مالايا تاقىم ئاراللىرىغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان گۇيجۇ، گۇاڭدۇڭ دېھقانلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى، ھىندونېزىيە بىلەن فىلىپپىنغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقانلار تېخىمۇ كۆپ بولدى. مالايا تاقىم ئاراللىرىدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە كان قېزىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار جۇڭگونىڭ ئىلغار دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قورال ـ سايمانلىرىنى تارقىتىپ، مالايا تاقىم ئاراللىرىنىڭ تەرەققىياتىغا نۇرغۇن تۆھپە قوشتى. جۇڭگو كۆچمەنلىرى مالايا تاقىم ئاراللىرىدىكى ھەرقايسى ئەل خەلقى بىلەن ئىناق ـ ئىجىل ياشاپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە غەربىي ياۋروپا تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىش جەريانىدا ئۇلار بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى.

### 3. جۇڭگو بىلەن بېرمىنىڭ مۇناسىۋىتى

«تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» ناملىق ئەسەرنىڭ پيۇ دۆلىتى دېگەن قىسمىدا، ۋېي، جىن سۇلالىلىرى ئارىلىقىدا مەلۇم بىر كىشى يازغان ئەسەردە، يۇڭچاڭ (ھازىرقى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ باۋشەن ناھىيەسىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ) نىڭ غەربىي شىمالىدىن 2000 ـ 3000 مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا پيۇ دۆلىتى (پرومېي پادىشاھلىقى ــ تەرجىماندىن) بار دېيىلگەن. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە پيۇ دۆلىتى بىلەن جۇڭگونىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى ئەنجاۋنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق ئىدى. «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر. تاڭ

سۇلالىسى ھەققىدە خاتىرىلەر» دە، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى دېزۇڭنىڭ جېنيۈەن 18 ـ يىلى (802 ـ يىلى)، پيۇ دۆلىتى «نەنجاۋنىڭ ئىچكى ھەرىمىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغاچقا، نەنجاۋ ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلغاندا ئۇلارغا خۇشاللىق بېغىشلىدى» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. پيۇ دۆلىتى تەزكىرىسى» دە، پيۇ دۆلىتىنىڭ پادىشاھى يۇڭچياڭ ئەلچى نەنتونى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتتى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى ئىچىدە 35 سازەندە بولۇپ، 32 خىل چالغۇدا، 12 كۈي ئورۇنلىدى[①] دەپ خاتىرىلەنگەن.

بۇ بىرمىلىق سازەندىلەر تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا ئورۇنلىغان نومۇرلار ناھايىتى يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن. ئەدىب ئۆلىمالار، ئالايلۇق، بەي جۈيى، يۈەن جېن قاتارلىقلار بەس ـ بەستە نەزمە يېزىپ پيۇ دۆلىتى كۈيلىرىنى مەدھىيىلىگەن.[②] شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىككى دۆلەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىمۇ كۆپەيدى. جۇڭگونىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى نەنجاۋ دۇڭچېڭ (بوگۇنكى كۇنمىڭ شەھىرى) شەھىرىنى كېڭەيتىپ ياسىغاندا، پيۇ دۆلىتىدىن نەچچە مىڭ كىشى قۇرۇلۇشقا قاتناشتى. نۇرغۇن بىرمىلىق يۇننەندە ئۇزۇنغىچە ئولتۇراقلىشىپ قالدى.

1044 ـ يىلى، پيۇ دۆلىتىنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان ئاناۋراتا بىرما پاگان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن بىرمىنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى. ئاناۋراتا يۇننەن دالىغا ساكيامۇنىنىڭ چىشىنى ئالغىلى كەلگەندە، ئۇنى جۇڭگونىڭ دالىدىكى يەرلىك ھاكىمىيىتى كۈتۈۋالدى. دالى بېگى ئاناۋراتاغا زۇمرەتتىن ياسالغان بۇت ھەيكىلى سوۋغا قىلدى. ئاناۋراتانىڭ ئوغلى كانزىتھا 1105 ـ

① چېن يەن: «تاڭ دەۋرىدىكى پيۇ دۆلىتى مۇزىكىلىرى ئۈستىدە تەھلىل»، «دۇنيا ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 1 ـــ 34 ـ بەتلەر. چىڭخەي خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىلى نەشرى.

② «بەي جۈيىنىڭ چاڭچىڭ يىللىرىدا يېزىلغان نەزمە بېيىتلىرىدىن ئالماناخ».

يىلى (سۇڭ سۇلالىسى پادىشاھى ۋېيزۇڭنىڭ جۇڭنىڭ 4 ـ يىلى) بىرمىلىق بۇددا دىنى راھىبلىرىنى ئەتىۋارلىق سوۋغات ـ پىلنى دالىغا ھەدىيە قىلىشقا ئەۋەتتى. ئىككىنچى يىلى بىرما ئەلچىلىرى بىلەن بۇددا دىنى راھىبلىرى يەنە دالىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە سۇڭ سۇلالىسىنى زىيارەت قىلىپ قىرغىن كۈتۈۋېلىندى. 1156 ـ يىلى، بىرما سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن مۇقاۋىلانغان ئۈچ جىلدلىق «ۋەجرە سۇترە» بىلەن ئالتۇن بىلەن مۇقاۋىلانغان ئۈچ جىلدلىق «يەمەنەتكە بۇدساتۋا»نى سوۋغا قىلدى. سۇڭ سۇلالىسى ئۇلارغا ئالتۇن ساپلىق شەمشەر، كەشتىلەنگەن كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلدى. تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، جۇڭگونىڭ ئىبادەتخانا بىناكارلىقى ۋە تام رەسىم سەنئىتى قاتارلىقلار بىرمىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتى. سۇڭ سۇلالىسى پاگان ئەلچىلىرىنى ناھايىتى ئەتىۋارلىدى. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. پاگان تەزكىرىسى» دە: دىۋان ۋازارەتىدىكىلەرنىڭ دېيىشىچە، «بۈگۈنكى پاگان چوڭ دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق كىچىك بەگلىكلەرنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ئەرەب، ئىمپېرىيەسى، ھىندىچىنىدىكى دۆلەتلەرمۇ ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىپ بويسۇنىدۇ» دېيىلگەن.

جۇڭگو، بىرما دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسىنى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ، تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسى تېخىمۇ راۋاجلاندى. بىرمىدىن جۇڭگوغا ئاساسلىقى پاختا دەرىخى، ئەينەك قاچا ـ قۇچىلار، يېشىل ياقۇت قاتارلىق تاۋارلار توشۇپ كېلىنەتتى، جۇڭگودىن بىرمىغا ئاساسلىقى تاۋار ـ دۇردۇنلار ئاپىرىلاتتى. 13 ـ ئەسىردە، جۇڭگو بىلەن بىرما ئوتتۇرىسىدىكى قاشتېشى سودىسى كېڭەيدى. بىرما جۇڭگودىن قاشتېشى قازىدىغان ئىشچىلارنى كان قېزىشقا تۆركۈم ـ

تۈركۈملەپ تەكلىپ قىلدى، بىرمىنىڭ قاشتاشلىرى يۈنىنىدە پىششىقلاپ ئىشلىنىپ نەپىس زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىپ، ئاندىن جۇڭگودا سېتىلاتتى. ئەينى چاغدا يۈنىنىلىك جاۋاھىرات سودىگەرلىرىنىڭ بىرمىدا 100دىن ئارتۇق دۇكىنى بار ئىدى. جۇڭگونىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرى ئەسلىدە تۆمۈر بىلەن مىسنى چەت ئەللەرگە ئېكسپورت قىلىشنى مەنئى قىلغانىدى. جۇڭگو سودىگەرلىرى مىس جاڭ، تۆمۈر قازان، قايچا قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى بىرمىغا ئاپىرىپ ساتاتتى، بىرمىدا بۇ ماللارنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىدى. بىرمىنىڭ بامو شەھىرى جۇڭگونىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگو - بىرما ئوتتۇرىسىدىكى سودا مەركىزىگە ئايلانغانىدى. ئۇزاق مۇددەتلىك قويۇق ئىقتىسادىي ئالاقە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. جۇڭگو - بىرما دۆلەتلىرىنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئەلنەغمە، پىل چىشى ئويمىچىلىقى، سىرلانغان ساپال بۇيۇملار ۋە بۇددا دىنى سەنئىتى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن ئوخشاشلىقلار بار.

## 3 - بۆلۈم جۇڭگو بىلەن جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ مۇناسىۋىتى

### 1. جۇڭگو بىلەن ھىندى يېرىم ئارىلىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مۇناسىۋىتى

جۇڭگونىڭ قەدىمكى كىتابلىرىدا ھىندى يېرىم ئارىلىدىكى ئەللەر ھىندۇ ياكى ھىندىستان، ياكى ئەنەتكەك دەپ ئاتالغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە تۇنجى قېتىم ھىندى يېرىم ئارىلىدىكى ئەللەر نامىنىڭ تەرجىمىسى ئېلان قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرا ئەسىردە «ھىندۇ» دېگەن سۆز يېرىم ئارالدىكى ئەللەرنىڭ ئومۇمىي نامى ئىدى (بۈگۈنكى ھىندىستان، پاكىستان ۋە بېنگالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). جۇڭگو بىلەن ھىندى يېرىم ئارىلىدىكى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسى ئۇزاقتىن بويان داۋاملىشىپ كەلگەن. جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىرگىچە جۇڭگو بىلەن ھىندى يېرىم ئارىلى ئوتتۇرىسىدا ۋاسىتىلىك سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان.

«خەننامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»نىڭ يۆلەرنىڭ زېمىنى دېگەن قىسمىدا، جۇڭگو بىلەن ھىندۇنىڭ جەنۇبىدىكى كانچىپۇر دۆلىتى (ھازىرقى مادراسنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى كانچىپۇرام) بىۋاسىتە ئالاقىسى بار دەپ خاتىرىلەنگەن. شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگولۇق مۆتىۋەر راھىب فاشيەن 377 ـ يىلى (جىن سۇلالىسى پادىشاھى ئەندىنىڭ لۇڭئەن 3 ـ يىلى) خۇي جىڭ قاتارلىق بەش ساۋاقدىشى بىلەن چاڭئەندىن ئاتلىنىپ، غەربىي يۇرت ئارقىلىق ھىندىستانغا نوم ئالغىلى بارغان. ئۇ گۇپتا خاندانلىقىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرىدە ھىندى يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ھەرقايسى جايلارنى كېزىپ چىقىپ، بۈگۈنكى پاكىستان، ھىندىستان ۋە بېنگاللارغا بېرىپ، ئاخىرىدا سانسكرىت يېزىقىدىكى ئەمرىمەرۇپلارنى ئېلىپ ۋەتەنگە دېڭىز يولى ئارقىلىق قايتىپ كەلگەن. فاشيەن ھىندىستاندا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جەمئىي 15 يىل، يەنى 399 ـ يىلىدىن 413 ـ يىلىغىچە ساياھەت قىلغان. ئۇ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «بۇددىزم ئەللىرىگە ساياھەت» (يەنە «فاشيەننىڭ تەرجىمىھالى» دەپ ئاتىلىدۇ) ناملىق ئەسەرنى يېزىپ، ھىندىستاننىڭ قانۇنى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە سەپەر جەريانىدا كۆرگەنلىرىنى بايان قىلغان. بۇ ئەسەر ھىندىستان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش

قىممىتىگە ئىگە. فاشيەن ھىندى خەلقىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىنى ئىنتايىن ماختىغان. فاشيەن بىلەن بىر دەۋردە ئەنەتكەكلىك ئۇلۇغ راھىب كوماراجىۋا چاڭئەنگە كېلىپ دىن تارقاتقان ۋە نوم تەرجىمە قىلغان. كوماراجىۋانىڭ ئاتىسى ئەنەتكەكلىك، ئانىسى جوڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەت يەرلىك ھاكىمىيىتى كۇسەن پادىشاھىنىڭ سىڭلىسى ئىدى. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپ بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانە تەلىماتىنى، كېيىنچە يەنە ماھايانە تەلىماتىنى ئۆگەنگەن، «غەربىي يۇرتتا تەرىقەتنى تەرغىب قىلىپ، داڭقى شەرق ئەللىرىگە پۇركەتتى». ئۇ لياڭجۇ ئايمىقىدا ئون نەچچە يىل تۇرۇپ خەنزۇ تىلىدا كامالەتكە يەتكەن، كېيىن چاڭئەنگە بېرىپ، چاڭئەندە بۇددىزمنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزغان. ئۇ ئاساسلىق بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا ئۇتۇق قازانغان. بۇرۇنقى چەت ئەللىك راھىبلار خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئىگىلىمىگەچكە ئۇلارنىڭ تەرجىمە سۈپىتى تۆۋەن، جۈملىلىرى مۇجمەل، چۈشىنىكسىز ئىدى. كوماراجىۋا ئۇدۇل تەرجىمە قىلىشنى مەنەن تەرجىمە قىلىشقا ئۆزگەرتكەن، جۈملىلەرنىڭ مەنىسىدە سانسكرىتچە نۇسخىسىنى ئاساس قىلىپ، خەنزۇ تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلغان. ئۇ چاڭئەندە ئۈچ يۈز نەچچە جىلد نومنى تەرجىمە قىلىپ، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىغا قولايلىق ياراتقان. نوم تەرجىمە قىلىش جەھەتتە، ئۈچ ئۇلۇغ تەرجىمىشۇناس دەپ ئاتالغان كوماراجىۋا، ۋۇنامىلىق مۆتىۋەر راھىب جېن دى ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇڭگولۇق ئۇلۇغ راھىب شۈەنزاڭ نوم تەرجىمە قىلىش جەھەتتە مۇھىم تۆھپە قوشقان.

جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەردىن تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرىگىچە جۇڭگوغا كەلگەن ئەنەتكەكلىك راھىبلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئەنەتكەككە نوم ئېلىشقا بارغان راھىبلار ئىچىدە فاشيەندىن باشقا، 6 ـ ئەسىردە ئۆتكەن خۇي شېڭ ۋە

سۇڭ يۈەن، 7 ـ ئەسىردە ياشىغان شۈەنزاڭ ۋە يى جىڭ قاتارلىقلار ئەڭ مەشھۇردۇر. سۇڭ يۈن، خۇي شېڭلار يازغان ساياھەت خاتىرىسى يوقىلىپ كەتكەن، پەقەت «لۇياڭدىكى ساڭراملار ھەققىدە زىيارەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسەرنىڭ 5 ـ جىلدىدا ئۇلارنىڭ ساياھەت خاتىرىسى بارلىقى بايان قىلىنغان. يى جىڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا دەرمە تەھسىل قىلىشقا بارغان مۆتىۋەر راھىبلارنىڭ تەرجىمىھالى»، «جەنۇبىي دېڭىزدىن ۋەتەنگە دەرمە ئەۋەتىش ھەققىدە قىسسە» ناملىق ئەسەرلىرى جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىدىغان مۇھىم ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ. شۈەنزاڭنىڭ ھىندى يېرىم ئارىلىنى كېزىپ چىقىشى جۇڭگو ـ ھىندىستان مۇناسىۋىتى تارىخىدىكى زور ئىش. شۈەنزاڭ تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ جېنگۈەن 1 ـ يىلى (627 ـ يىلى) كۈز پەسلى 8 ـ ئايدا چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، غەربىي يۇرت ئارقىلىق ھىندىستانغا بارغان. ئۇ ئەينى چاغدا ھىندىستاندىكى بۇددا دىنى ئالىي بىلىم يۇرتى ناراندا ساڭرامىدا مەشھۇر سىلا — بھادرا ھەزرەتتىن بەش يىل تەلىم ئالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھىندى يېرىم ئارىلىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى كېزىپ چىققان، بۈگۈنكى بېنگال، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە بارغان. جېنگۈەننىڭ 17 ـ يىلى (643 ـ يىلى) ھىندىستانلىق مەشھۇر بۇددا دىنى ئۆلىماسى راجاپۇترا سىلادىتيا شۈەنزاڭ ئۈچۈن پاترايىگا (ھازىرقى ئالاخاباد) دا «ئۈچۈق يىغىن» ئاچقان، يىغىندىن كېيىن شۈەنزاڭ نۇرغۇن نومنى ئېلىپ، قۇرۇقلۇق يولى بىلەن بۈگۈنكى پاكىستان، ئافغانىستان قاتارلىق جايلار ئارقىلىق جېنگۈەننىڭ 19 ـ يىلى (645 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەن. ئىككىنچى يىلى مەشھۇر ئەسەر «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نى يېزىش خىزمىتىنى تاماملىغان. بۇ ئەسەردە، شۈەنزاڭ ئۆزى كېزىپ چىققان 110 ۋە نامىنى ئاڭلىغان 28 شەھەر دۆلىتى، رايون ياكى

دۆلەتنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختالغان بولۇپ، مەزمۇنى ئىنتايىن مول. ئۇ يالغۇز جۇڭگو خەلقى بىلەن ھىندى يېرىم ئارىلىدىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنىڭ دوستانە ئالاقىسىنىڭ پاكىتى بولۇپلا قالماي، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىيا تارىخى بىلەن جۇغراپىيەسىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە يەنە نۇرغۇن راھىبلار ھىندىستانغا بارغان. «كىتابلار جەۋھىرى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە ئەنەتكەكتىكى ھەرقايسى ئەللەر جۇڭگوغا ئۈزۈكسىز ئەلچى ئەۋەتكەن. 641 ـ يىلى راجاپۇترا سالادىتيا ئەۋەتكەن ئەلچى جۇڭگودا زىيارەتتە بولغان، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇڭمۇ ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ تەكلىپ قىلغان.

سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە جۇڭگو بىلەن ھىندىستان داۋاملىق ئالاقە قىلىپ تۇردى. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھىندىستان شاھزادىسى سۇڭ سۇلالىسىگە كەلدى. 11 ـ ئەسىردە، سۇڭ سۇلالىسى جەنۇبىي ھىندىستاندىكى كولا دۆلىتى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى، 1015 ـ يىلى كولانىڭ 52 كىشىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكى جۇڭگوغا كەلدى، كېيىن يەنە سۇڭ سۇلالىسىگە ئۈچ قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ھىندىستانغا بارغان راھىبلىرى گايى دېگەن جايدا خەنزۇچە خەت ئويۇلغان تاش ئابىدە ئورناتتى. نىگابا داندىكى خىش بىلەن سېلىنغان ئېگىزلىكى بىر نەچچە گەز كېلىدىغان چاسا مۇنار تاكى 19 ـ ئەسىرگىچە ساقلىنىپ قالغانىدى. 15 ـ ئەسىردە ھىندى يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىدىكى بېنگال مىڭ سۇلالىسىگە نەچچە قېتىم ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى، 1409 ـ يىلىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئادەم سانى 230 نەچچىگە يەتتى، جۇڭگومۇ ھىندىستاندىكى ھەرقايسى جايلارغا ئەلچى ئەۋەتتى. جېڭ خې ھىندىستاننىڭ شەرقى، جەنۇبى ۋە غەربىي جەنۇب قىسمىدىكى

ھەرقايسى جايلارغا بارغاندى. خۇ شيەن چەت ئەللەرگە بەش قېتىم ئەلچىلىككە بارغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى قېتىم مەخسۇس ھىندىستانغا ئەلچى بولۇپ بارغاندى.

بۇددا دىنىنىڭ جوڭگودا كەڭ تارقىلىشى ۋە ئىككى تەرەپ راھىبلىرى، سودىگەرلىرى ۋە ئەلچىلىرىنىڭ ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەنەتكەك مەدەنىيىتى جوڭگوغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. فونولوگىيە جەھەتتە، خەن، ۋېي سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى سۈن يەننىڭ ئىككى خەتنىڭ شېڭمۇ ۋە يۈنمۇلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۈچىنچى بىر خەتنى ياساش ئۇسۇلى، جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە شېن يۆ ئوتتۇرىغا قويغان تۆت تون مەسىلىسى، شۇنىڭدەك تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا راھىب شۇ ۋېن ئىجاد قىلغان 36 ھەرپ قاتارلىقلار سانسكرىت تىلىدىكى نوملارنى تەرجىمە قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەدەبىيات ساھەسىدە، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى رومانتىك ھېكايىلەرمۇ ھىندىستان ھېكايىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يەنە بىر خىل ژانىر «ئۆزگىرىشچان نەسر» نوم بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. «ئۆزگىرىشچان نەسر» — شېئىر بىلەن نەسر بىرلەشتۈرۈلگەن بىرخىل ئاممىباب ۋە جانلىق ژانىر بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى جوڭگو ئەدەبىيات تارىخىدىكى بىر زور ئىش. سەنئەت ساھەسىدە، مەيلى بىناكارلىق، ئويمىچىلىق ۋە رەسساملىق بولسۇن، ھەممىسىلا ئەنەتكەكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئەنەتكەكنىڭ بۇددا دىنى سەنئىتى جوڭگو ۋە شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە كىرىپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەسلىدىكى سەنئىتى بىلەن ئۆزئارا بىرىكىپ ناھايىتى كۆپ مۇنەۋۋەر ئىجادىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. مەسىلەن، جوڭگونىڭ سەنشى ئۆلكىسىنىڭ داتۇڭ شەھىرىدىكى يۈنگاڭ تاشكېمىرى (مىڭئۆيى)، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ تيەنشۈي شەھىرى مەيجى تېغى تاشكېمىرىدىكى نەقىش ۋە ھەيكەللەر، شۇنىڭدەك گەنسۇنىڭ غەربىدىكى دۇنخۇاڭ

تاشكېمىرىدىكى تام رەسىملىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنى سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. جۇڭگونىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى، شىمالىي سۇلالىلەردە بۇددا دىنىنى گۈللەندۈرۈشتە بۇددا دىنىنى شەكلەن راۋاجلاندۇرۇشقا نۇقتىلىق ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئىبادەتخانىلار قۇرۇلۇپ، تاشكېمىرلەر ياسالدى؛ جەنۇبىي سۇلالىلەردە بۇددا دىنىنى گۈللەندۈرۈشتە بولسا، بۇددا دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىندى. كېيىن بۇددا دىنى زاۋاللىققا يۈزلەندى. شۇنداق بولسىمۇ جۇڭگو سەنئىتى بىلەن پەلسەپىسىدە ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر. جۇڭگو تېبابەتچىلىكىدىمۇ ئەنەتكەك تېبابەتچىلىكىنىڭ ئامىللىرى بار، بۇمۇ نوم تەرجىمە قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك، چۈنكى نوملاردا نۇرغۇن دورىلار، كېسەللىكلەر ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلارغا دائىر مول مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن. جۇڭگولۇق نۇرغۇن راھىبلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئەنەتكەك تېبابەتچىلىكى تونۇشتۇرۇلغان مەزمۇنلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. «سۇيىنامە. كىتابلار تەزكىرىسى» دە، ئەنەتكەك تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان نۇرغۇن تېبابەتچىلىككە ئائىت كىتابلار تىلغا ئېلىنغان. «تېبابەتچىلىك رېتسېپلىرى» دىن باشقا، ئەنەتكەكنىڭ «نەپىس ھۈنەرۋەنچىلىكى» مۇ جۇڭگوغا تەسىر كۆرسەتكەن. جۇڭگو شېكەر قايناتىش ئۇسۇلىنى تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇڭ دەۋرىدە ھىندىستاندىن ئۆگەنگەن. مۇزىكا، ئۇسسۇل، سېرك، ئاسترونومىيە ۋە تەقۋىمچىلىك قاتارلىقلارمۇ ئەنەتكەكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. جۇڭگو مەدەنىيىتى ئىچىدە ھىندىستانغا ئەڭ تەسىر كۆرسەتكىنى قەغەز ياساش تېخنىكىسىدۇر. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگو قەغىزى ئەڭ كېچىككەندىمۇ 7 ـ ئەسىردە ھىندىستانغا تارقالغان، كېيىن قەغەز ياساش تېخنىكىسىمۇ ھىندىستانغا كىرگەن. جۇڭگونىڭ ئاسترونومىيە ۋە تەقۋىمچىلىكىمۇ ھىندىستانغا تەسىر كۆرسەتكەن. جۇڭگونىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆنلۈك ياساش ھۈنىرىنى ھىندىستان خەلقى ياقتۇرۇپ قالغان. دېھقانچىلىق سەنئىتى جەھەتتە، ئالايلۇق، شاپتۇل، نەشپۈت، ئاپېلسىن، يەر ياڭىقى قاتارلىقلارمۇ ھىندىستانغا جۇڭگودىن تارقالغان.

## 2. جۇڭگو بىلەن نېپالنىڭ مۇناسىۋىتى

5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، جۇڭگولۇق مۆتىۋەر راھىب فاشيەن نېپالغا بارغانىدى. نېپال شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دە نىبور (尼波罗) دەپ ئاتالغان، «يېڭى ۋە كونا تاڭنامە»دە نىپور (尼婆罗) دەپ ئاتالغان. جېنگۈەننىڭ 17 ـ يىلى (643 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇڭ ھىندىستانغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن لى يىبياۋ نېپالدىن ئۆتكەندە، نېپال پادىشاھى نارېندرادېۋا ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالغان. جېنگۈەننىڭ 21 ـ يىلى (647 ـ يىلى) نېپال ئەلچىسى سوۋغاتلارنى ئېلىپ جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەندە، پالەك قاتارلىق كۆكتاتلارنى ئەكېلىپ ئېلىمىزنىڭ كۆكتات سورتىنى موللاشتۇردى. جېنگۈەننىڭ 22 ـ يىلى (648 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋاڭ شۈەنسېنى ھىندىستاندىكى ماگادا دۆلىتىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەنىدى، ئۇ ماگاداغا يېتىپ بارمايلا راجاپۇترا سالادىتيامۇ ۋاپات بولۇپ، ماگادا ئىچكى قالايمىقانچىلىققا پېتىپ قالغانىدى. ئاسىي ۋەزىر ئاروناسون تەختنى تارتىۋېلىپ، قوشۇن چىقىرىپ ۋاڭ شۈەنسېغا ھۇجۇم قىلىپ جۇڭگو ۋە ئەنەتكەكتىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ سوۋغاتلىرىنى تارتىۋالدى. ۋاڭ شۈەنسې شىزاڭدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ئەينى چاغدا مەلىكە ۋېن چېڭ شىزاڭدا ئىدى. شىزاڭ 1200 سەر خىل ئەسكەر، نېپال 7000 كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىپ، ۋاڭ شۈەنسې بىلەن بىللە ھىندىستانغا يولغا سالدى. ۋاڭ شۈەنسې ئاروناسوننى مەغلۇپ

قىلىپ بىۋاسىتە تۈزۈپ سۈرەتلەنگەن بولۇپ، بۇ سولاشچىلاردىن ھەر قايسى ئەللەرنىڭ سوۋغاتلىرىنى قايتۇرۇۋالدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئوتتۇرا ئەنەتكەكتىكى ماگادا ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بەردى.

يۈەن سۇلالىسى جۇڭتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (1260 ـ يىلى) يۈەن شىزۇ قۇبلاي ئاتابەگ باسپاغا شىزاڭدا بىر بۇددا مۇنارى سېلىشقا ئەمر قىلغان. نېپاللىق ئۇستىلار ھۈنەرگە كامىل بولغاچقا، باسپا نېپال (يۈەن سۇلالىسى تارىخىدا نېپال نىبور 尼博罗国 دەپ ئاتالغان) دىن 100 نەپەر ئۇستىدىن 80 نەپىرىنى تاللىغان، بىراق بىر مەھەل ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئادەم تاپالمىغان. نېپاللىق 17 ياشلىق ئانىگ ئۆزى تەلەپ قىلىپ يېتەكچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، شىزاڭغا بۇددا مۇنارى ياساشقا كەلگەن. باسپا بۇ ياشنى تاھايىتى قەدىرلەپ، باش نازارەتچىلىككە تەيىنلىگەن. ئىككىنچى يىلى مۇنار پۈتكەندىن كېيىن باسپا ئۇنىڭغا يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە بېرىشقا دەۋەت قىلغان. قۇبلاي ئۇنىڭدىن قانداق ئارتۇقچىلىقىڭ بار دەپ سورىغاندا، ئانىگ رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، ئالتۇن تاۋلاش قاتارلىق ماھارەتلەرنى ئۆگەنگەن، دەپ جاۋاب بەرگەن. قۇبلاي يىگىنە سانجىلىدىغان ئورۇنلار كۆرسىتىلگەن مودېلنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، بۇ سۇڭ سۇلالىسىدىن قېلىپ قالغان مودېل، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇزۇلۇپ مۇشۇ ھالەتكە كېلىپ قاپتۇ، ھازىرغىچە ئۇنى ياسىيالايدىغان ئادەم چىقمىدى، بۇنى ياسىيالامسەن، دەپ سورىغان. جىيۈەننىڭ 2 ـ يىلى (1265 ـ يىلى) ئانىگ مودېلنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن، مودېلدىكى بوغۇم، قان تومۇرلار ناھايىتى مۇكەممەل ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، «بۇنداق قالتىس ماھارەتكە قايىل بولۇپ، ئاپىرىن ئوقۇمىغان بىرەر زەرگەرمۇ قالمىغان». ئەينى چاغدا ئىككى پايتەخت (كەيپىڭ، بېيجىڭ) تىكى ئىبادەتخانىلاردىكى بۇت ھەيكەللىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ئانىگ ياسىغان. جىيۈەننىڭ 10 ـ يىلى (1273 ـ يىلى) ئۇ رەڭدار كۆزلۈك «ھۈنەرۋەنلەر ئاغىلاقچىسى» لىققا،

www.uyghurkitap.com

كېيىن يەنە باش ئەمىر زېمىنلىقتا تەيىنلىنىپ، «كاسىپلار دىۋانى» (خان جەمەتىنىڭ بىناكارلىق ئورگىنى) غا قوشۇمچە رەھبەرلىك قىلغان. ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەركانىيەگلىك مەرتىۋىسى بېرىلگەن. ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن شاگىرتلىرىمۇ ماھىر ئۇستىلاردىن ئىدى، شاگىرتلىرى ئىچىدە خەنزۇلار، زاڭزۇلار ۋە موڭغۇللار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ليۇ يۈەن ئاتاقلىق ئۇستىغا ئايلانغان. بۇ ئاتا ـ بالا، ئۇستاز ـ شاگىرتلار جۇڭگونىڭ بۇددا سەنئىتىگە ناھايىتى زور تۆھپە قوشقان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە نېپال نىبالا (尼八剌) دەپ ئاتالدى، خۇڭۋۇ يىلىدىن شۈەندى يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭگو بىلەن نېپالنىڭ ئەلچىلىرى ئۈزۈكسىز بېرىپ ـ كېلىپ تۇرغان، ئۆزئارا سوۋغا بېرىشكەن بولۇپ، مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھۆكۈمەتنىڭ ھۆججەت ـ ماتېرىياللىرىدا نېپال گورگا دەپ ئاتالغانىدى. نېپالنىڭ مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرىمۇ جۇڭگوغا تارقالغان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوردىدا «گورگا مۇزىكىسى» بار ئىدى. جۇڭگو مەدەنىيىتىمۇ نېپالغا تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، كاتماندۇدىكى ئىمارەتلەر جۇڭگو بىناكارلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. لىچى دەرىخى نېپالغا جۇڭگودىن تارقالغان بولۇپ، نېپاللىقلارمۇ ئۇنى لىچى دەپ ئاتايدۇ. نېپاللىقلار بەرەڭگىنى «چىن بەرەڭگىسى» دەپ ئاتايدۇ.

## 3. جۇڭگو بىلەن سىرى لانكا، مالدىۋېنىڭ مۇناسىۋىتى

سىرى لانكا بۇرۇن سېيلون دەپ ئاتىلاتتى، فاشيەن ئۇنى شىر دۆلىتى دەپ ئاتىغان، شۈەنزاڭ سىنگال دەپ ئاتىغان. ئالىملارنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، «خەننامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دىكى كانچىپور (黄支) نىڭ جەنۇبىدىكى «يىچېڭبۇ دۆلىتى (己程不国)» دەل سىرى لانكادۇر. شۇنداق بولغاندا، سىرى لانكا خەن سۇلالىسى پادىشاھى

ۋۇدى زامانىسىدىلا جۇڭگو بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت ئورناتقان بولىدۇ. فاشىيەنىڭ «بۇددىزم ئەللىرىگە ساياھەت» ناملىق ئەسىرى جۇڭگودا سىرى لانكانىڭ ئەھۋالى تەپسىلىي بايان قىلىنغان تۇنجى ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. فاشىيەن ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىدە دېڭىز يولى ئارقىلىق شىر دۆلىتىدىن ئۆتكەندە، بىر ساڭرامدا يېشىل قاشتېشىدىن ياسالغان بۇت ھەيكىلىنىڭ يېنىدا «ئۆزىنى شايى يەلپۈگۈچتە يەلپۈپ تۇرغان بىر سودىگەرنى كۆرگەن». ئۇ سودىگەر شىر دۆلىتىنىڭ ئىلگىرىكى پادىشاھلىرى جۇڭگوغا ئەلچى ئەۋەتكەن، دېگەن. بۇ، فاشىيەندىن بۇرۇنلا جۇڭگو بىلەن سىرى لانكانىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. فاشىيەن شىر دۆلىتىدە ئىككى يىل تۇرغاندىن كېيىن سانسكرىت يېزىقىدىكى نەچچە جىلد نومنى ئېلىپ سودىگەرلەرنىڭ كېمىسىگە ئولتۇرۇپ ۋەتەنگە قايتقان. يى جىڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا دەرمە تەھسىل قىلىشقا بارغان مۆتىۋەر راھىبلارنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق ئەسىرىگە ئاساسلانغاندا، فاشىيەندىن كېيىن يىجۇ ئايمىقىلىق مىڭ يۈەن بىلەن يى لاڭ، جياۋجۇ ئايمىقىلىق كۈي چۇڭ بىلەن خۈي يەن، ئەيجۇ ئايمىقىلىق داچېڭدىڭ، جىڭجۇ ئايمىقىلىق ۋۇشىڭ، لىجۇ ئايمىقىلىق سېڭ جې، دۇڭلەيلىك خۈي رى قاتارلىق جۇڭگولۇق مۆتىۋەر راھىبلار سىرى لانكاغا بارغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر ھىندىستانغا بارغان، بەزىلەر بولسا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە سىرى لانكادا تۇرۇپ قالغان (ئالايلۇق، لىجۇ ئايمىقىلىق سېڭ جې قاتارلىقلار). جۇڭگونىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگىچە جۇڭگوغا كەلگەن ئەنەتكەل راھىبلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سىرى لانكا ئارقىلىق كەلگەن. ئالايلۇق، كاسىمىرا دۆلىتىنىڭ مۆتىۋەر راھىبى چىيۇنا باما شەرققە شىر دۆلىتى ئارقىلىق كەلگەن.

ئىككى دۆلەت راھىبلىرىنىڭ ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قىلىشى ۋە دېڭىز قاتنىشىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا

ئەگىشىپ، ئىككى دۆلەت ئەلچىلىرىمۇ ھەمىشە بېرىپ ـ كېلىپ تۇرغان. جىن سۇلالىسىنىڭ يىشى يىللىرى (405 ـــ 418) نىڭ باشلىرىدا سىرى لانكا ئەلچىسى قاشتېشىدىن ياسالغان بۇت ھەيكىلى سوۋغا قىلغان، بۇتنىڭ ئېگىزلىكى تۆت چى ئىككى سۇڭ بولۇپ، ئىنتايىن نەپىس ياسالغان. «سۇڭنامە» نىڭ 97 ـ جىلدىدىكى «شىر دۆلىتى» دېگەن بۆلەكتە، «شىر دۆلىتى» يۈەنجيانىڭ 5 ـ يىلى (428 ـ يىلى) جۇڭگوغا ئەلچى ئەۋەتتى، 12 ـ يىلى (435 ـ يىلى) يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى، دېيىلگەن. «لياڭنامە» نىڭ 54 جىلدىدىكى « شىر دۆلىتى» دېگەن قىسىمدا، «شىر دۆلىتى» نىڭ پادىشاھى جەنۇبىي سۇلالىگە ئەلچىلىرى ئارقىلىق سوۋغاتلارنى ئەۋەتىپ، «لياڭ خانىدانلىقى بىلەن ئۈچ ئەردىنى (يەنى بۇددا، دەرمە، راھىب) نى راۋاج تاپقۇزۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى» نى بىلدۈرگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. «يېڭى تاڭنامە» 221 ـ جىلدىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى «شىر دۆلىتى» دېگەن بۆلەكتە، زۇڭجاڭنىڭ 3 ـ يىلى (670 ـ يىلى) «شىر دۆلىتى» ئەلچىلىرى سۇلالىمىزگە كەلدى، دېيىلگەن. «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 97 ـ جىلدىدا، تيەنباۋنىڭ 5 ـ يىلى (746 ـ يىلى) «شىر دۆلىتى» پادىشاھى سىلامىگا جۇڭگوغا ئەۋەتكەن ئەنەتكەكلىك مۆتىۋەر راھىب ۋاجرو كېپەك ئالتۇن، قىممەتلىك تاش مارجان، پالما يوپۇرمىقىغا سانسكرىت يېزىقىدا يېزىلغان «مەھاپرەجنا سۇترە» دىن بىر يۈرۈش، 40 پارچە يۇمشاق ئاق پالاز (بومباكس پاختىسىدىن ئىشلەنگەن) سوۋغا قىلدى، دېيىلگەن. تيەنباۋنىڭ 9 ـ يىلى «شىر دۆلىتى» يەنە پىل چىشى، مەرۋايىت سوۋغا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەلچىلەر ئۈزۈكسىز بېرىپ ـ كېلىپ تۇردى، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە تازا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. جېڭ خې ئۈچىنچى قېتىم غەرب ئەللىرىگە دېڭىز ئارقىلىق سەپەر قىلغان (1409 ـــ 1411) دا سەيلۇن (سىرى لانكا) غا بارغان. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» 182 ـ جىلدتا، يۇڭلېنىڭ

14 ـ يىلى (1416 ـ يىلى) سىرى لانكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلىرى يەرلىك ماللارنى سوۋغا قىلدى، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرى قايتقاندا مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چېڭزۇ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇشقا جېڭ خېنى ئەۋەتتى ھەمدە ھەر قايسى ئەللەرنىڭ پادىشاھلىرىغا يىپەك توقۇلما قاتارلىق سوۋغاتلارنى ھەدىيە قىلدى، دېيىلگەن. ئەينى چاغدا سىرى لانكا شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى دېڭىز قاتنىشىنىڭ تۈگۈنى ئىدى. جېڭ خېنىڭ كېمە ئەترىتى سىرى لانكاغا بارغاندىن كېيىن يەنە ئىككى يول بار ئىدى: بىرى، غەربتىكى ليۇشەن (يەنى ھازىرقى مالدىۋى جۇمھۇرىيىتى) گە بارىدىغان دېڭىز يولى، يەنە بىرى، غەربىي شىمال تەرەپتىكى كىچىك كارامغا بارىدىغان دېڭىز يولى. جېڭ خې يەتتىنچى قېتىم دېڭىز ئارقىلىق غەرب ئەللىرىگە بېرىش سەپىرى (1413 ــ 1415) دە، مالدىۋىقا بارغان. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى»دە يوڭلېنىڭ 14 ـ يىلى (1416 ـ يىلى) 19 دۆلەتنىڭ ئەلچىسى، جۈملىدىن سىرى لانكا بىلەن مالدىۋنىڭ ئەلچىسى جۇڭگوغا كەلگەنلىكى يېزىلغان. جېڭ خې يەتتىنچى قېتىم دېڭىز ئارقىلىق غەرب ئەللىرىگە سەپەر قىلغان (1430 ــ 1433) 1430 ـ يىلى سىرى لانكانى ئاخىرقى قېتىم زىيارەت قىلغان ھەمدە ئابىدە ئورناتقان. 1433 ـ يىلى (شۈەندېنىڭ 8 ـ يىلى) سەيلۇن پادىشاھى براكما بەھراپ جۇڭگوغا ئەلچى ئەۋەتتى. 1445 ـ ۋە 1459 ـ يىللىرى يەنە مىڭ سۇلالىسىگە ئىككى قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» 326 ـ جىلد «سەيلۇن» دېگەن بۆلەكتە سىرى ـ لانكادىن جۇڭگوغا ئەۋەتىلگەن مەرۋايىت، مارجان، ياقۇت، خىرۇستال، مۈچ، كۆندۈرۈلگەن پىل قاتارلىق ئون نەچچە خىل سوۋغات خاتىرىلەنگەن. جۇڭگو ئاساسلىق يىپەك توقۇلمىلارنى سوۋغا قىلغان، ئېنىقكى، بۇ ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئىدى.

www.uyghurkitap.com

6 ـ ئەسىردىلا، سىرى لانكا شەرق ۋە غەرب سودىگەرلىرى توپلىنىدىغان جاي بولۇپ، ئەينى زاماندا جۇڭگونىڭ يىپەكى ۋە ئاق سەندەل ياغىچى ناھايىتى ئەتىۋارلىق تاۋار ھېسابلىناتتى. تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرىدىن يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرىگىچە سىرى ـ لانكا دەل شەرق ۋە غەرب ئەللىرى دېڭىز قاتنىشىدا جەزمەن ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر جاي ئىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگونىڭ چوڭ كېمىلىرى ھىندى ئوكيان ئارقىلىق يۈرۈش قىلىپ، بۈگۈنكى ئىراقنىڭ پايتەختى باغدادقا بارغانىدى. ماراكەشلىك سەييياھ ئىبنى باتۇتەنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، 14 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ھىندىستان بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنى جۇڭگولۇقلار تىزگىنلىۋالغانىكەن. جۇڭگونىڭ چوڭ كېمىلىرى ئۈچ يەلكەنلىكتىن 12 يەلكەنلىككىچە بولۇپ، 1000 يولۇچى ئولتۇرالايتتى. ھەر بىر كېمە تۆت قەۋەتلىك بولۇپ، سودىگەرلەر ئىشلىتىدىغان ياتاقلار كۆپرەك، ئەسلىھەلىرى مۇكەممەلرەك ئىدى. شامال چىقمىغاندا پالاق ئىشلىتىلەتتى، كېمە پالىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ماچتىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى، ھەربىر پالاققا 10 دىن 30 غىچە ئادەم كېتەتتى. ھەر بىر كېمىدە يەنە باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئۈچ قولۋاق بار ئىدى. ئىبنى باتۇتە سىرى لانكانىڭ كولام شەھىرى ياۋروپالىقلار گەۋلانبوم (ھازىرقى كولومبو) دېگەن شەھەر شۇ دېگەن. غەربكە سەپەر قىلغان جۇڭگو سودا كېمىلىرى ھىندىستان يېرىم ئارىلىغا بېرىشتىن ئاۋۋال ئالدى بىلەن مۇشۇ يەردە توختايتتى. بۇ يەرگە كېلىدىغان جۇڭگولۇق سودىگەرلەرمۇ كۆپ ئىدى، بۇلاردىن ئەينى چاغدا ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسىنىڭ ناھايىتى قويۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 4 ـ بۆلۈم  جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپانىڭ مۇناسىۋىتى

### 1. جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مۇناسىۋىتى

ئوتتۇرا ئاسىيا پامىر تېغىنىڭ غەربى، كاسپىي دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ بۇگۈنكى تۈركمەنىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ بارلىق زېمىنى ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. غەربىي ئاسىيا غەربىي جەنۇبى ئاسىيا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ كاسپىي دېڭىزى، قارا دېڭىز، ئوتتۇرا دېڭىز، قىزىل دېڭىز، ئەرەب دېڭىزى ئارىسىغا جايلاشقان بولغاچقا، «بەش دېڭىز ئارىسىدىكى زېمىن» دېگەن نامىمۇ بار. غەربىي ئاسىيا ئەللىرى ئىچىدە ئىسرائىلىيە بىلەن سىپرۇستىن باشقا، شەرقتە ئافغانىستاندىن غەربتە تۈركىيەگىچە، جەنۇبتا ئەرەب يېرىم ئارىلىغىچە بولغان ئەللەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام دۆلەتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغاندىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش مۇناسىۋىتى كەڭ كۆلەمدە راۋاجلاندى. شەرقىي ۋە غەربىي خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ئاساسلىق جەنۇبىي ۋە شىمالىي يولدىن ئىبارەت ئىككى قۇرۇقلۇق يولى بولۇپ، بۇ ئىككى يول ئارساك (بۇخارا) نىڭ مەرۋى شەھىرىدە قوشۇلۇپ، غەربتە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى

www.uyghurkitap.com

ئانتىئوكىيە ① شەھىرىگە تۇتىشاتتى. جۇڭگونىڭ يىپەك ـ شايىلىرى چاڭئەندىن ئانتىئوكىيەگە تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ توشۇپ كېلىنىپ، ياۋروپا، غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىلاردا سېتىلاتتى. مىلادىيەدىن ئىلگىرى 4 ـ ئەسىردە يۇنانلىقلار جۇڭگونى «يىپەك دۆلىتى» دەپ ئاتىغان، بۇ جۇڭگو يىپەك توقۇلمىلىرىنىڭ خېلى بۇرۇنلا مۇھىم ئېكسپورت تاۋىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شەرقىي ۋە غەربىي خەن سۇلالىلىرىدىن سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىگىچە بولغان مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت جەريانىدا لوياڭ، چاڭئەنلەردىن باشلىنىپ غەربىي يۇرت ئارقىلىق ئۆتىدىغان جەنۇبىي ۋە شىمالىي يولدىن ئىبارەت ئىككى يول ئىزچىل تۈردە يىپەك توشۇلىدىغان ئاساسلىق يول بولۇپ، ئۇلارنى جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك تارىخشۇناسلار «يىپەك يولى» دەپ ئاتىدى. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە بىر «يېڭى شىمالىي يول» كۆپەيدى، ئۇ قاشقوۋۇق (يۈمېنگۇەن) نىڭ غەربىدىن باشلىنىپ، ئىدىقۇت (تۇرپان) تىن ئۆتكەندىن كېيىن، غەربىي شىمال تەرەپتىكى كۇسەن (كۇچا) گە قاراپ بۇرۇلۇپ ئوتتۇرا يولغا تۇتىشاتتى. 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن پېي جۈيى تىلغا ئالغان غەربىي يۇرتتىكى ئۈچ يول ئىچىدىكى شىمالىي يول ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى «يېڭى شىمالىي يول» بىلەن ئاساسەن ئوخشاش، بىراق پېي جۈيى

---

① ئەينى چاغدا، ئانتىئوكىيە يىپەك يولىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى، سېلېۇكوس پادىشاھلىقى (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 305 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرى 64 ـ يىلىغىچە) نىڭ ئىككى پايتەختىنىڭ بىرى ئىدى، كېيىنچە بىردىنبىر پايتەختى بولغان، هازىرقى تۈركىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ئانتاكىيە شەھىرىگە جايلاشقان. «ۋېينامە. غەربىي يۇرت ھەققىدە قىسسە» دە، بۇ شەھەر 安都 — ئانتىئوچىن شەھىرى دەپ ئاتالغان. ئۇنى سېلېۇكوس I مىلادىيەدىن ئىلگىرى 300 ـ يىلى قۇرغان، ئۇنىڭ تاشقى پورتى سېلېۇسىيە (بۇ يەردىكى سىيە ئۈچ سېلېۇسىيەنىڭ بىرى) ئورۇنت دەرياسى ئېغىزىنىڭ شىمالىدىن تۆت مىل يىراقلىقتا بولۇپ، ئۇ ھەر قايسى ئەللەرنىڭ تاۋارلىرى بىلەن جۇڭگونىڭ يىپەك ـ شايىلىرى يىغىلىدىغان ۋە تارقىتىلىدىغان بازار ھېسابلىناتتى.

شىمالىي يول بىلەن ئۇدۇل ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى (فەرەڭ) ① گە بارغىلى بولىدۇ، دېگەن. شۇنىڭدىن كېيىن موڭغۇللار غەربكە يۈرۈش قىلىشىنىڭ ئالدىغىچە، جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇقلۇق ئالاقىسى ئاساسلىق مۇشۇ ئۈچ يول ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى.

غەربىي خەن سۇلالىسىدىن سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىگىچە جۇڭگونىڭ يىپەك ماللىرىنى غەربكە توشۇشقا ئاساسلىق سوغدى ۋە ئارساك سودىگەرلىرى مەسئۇل ئىدى. سوغدى سودىگەرلىرى ئەزەلدىن خەلقئارالىق سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ داڭ چىقارغانىدى. 105 ـ يىلى سەيلۇن قەغەزنى ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتلۇق سوغدى سودىگەرلىرى جۇڭگونىڭ ئەسكى رەختلەردىن ياسالغان، ئاسان تېتىلىپ كېتىدىغان قەغىزىنى 40 — 50 يىل ئىشلەتتى. بۇنىڭدىن سىرت، خەنزۇ ئەسكەرلەر فەرغانە ئاھالىلىرىگە تۆمۈردىن قورال ـ سايمانلارنى قۇيۇش ئۇسۇلىنى ئۆگەتتى، فەرغانە رايونىدىكى قۇدۇق كولاش ۋە يەر ئاستى ئېرىقى (تەشمە) دىن پايدىلىنىش تېخنىكىسىنىمۇ خەنزۇلار تارقاتتى. بۇنداق يەر ئاستى ئېرىقى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان قۇدۇقلار يەنە كارىز دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ قۇرغاق ۋە قۇملۇق رايونلارغا ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدۇ، مۇشۇ مەزگىللەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىن جۇڭگوغا تۇلپار، ئۈزۈم، بېدە ھەمدە سىر قاتارلىق ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىمۇ كىردى. ھىندىستاننىڭ بۇددا دىنىنى توخرىلارنىڭ ئەلچىلىرى مىلادىيەدىن

① «سۈينامە. پېي جۈيىنىڭ تەرجىمىھالى» غا قاراڭ. جاڭ شىڭلاڭ «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ 1 ـ قىسمىدا، پېي جۈيى تىلغا ئالغان شىمالىي يول، يەنى رىمنىڭ رېيماكوستىن غەربىي تۈركلەرگە بارىدىغان يول بولۇپ، بۇ يول بىلەن شىمالىي يولنىڭ غەربىدىكى سۈيئابتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئارال دېڭىزىنىڭ شىمالىغا بارغىلى بولىدۇ، جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ كاۋكاز تېغىدىن ئۆتۈپ، قارا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى بويلاپ غەربكە ماڭغاندا، ۋىزانتىيەنىڭ كونستانتىنوپول شەھىرىگە بارغىلى بولىدۇ، دېگەن. «فەرەڭ (拂菻)» دېگەن نامنى پېي جۈيى تۇنجى بولۇپ قوللانغان.

ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردە جۇڭگوغا تارقاتتى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيۋۇدى زامانى (421 ـــ 451) دا توخرى سودىگەرلىرى يەنە سىر ياساش ئۇسۇلىنى جۇڭگودا تارقاتتى. شەرقىي خەن ۋە ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، بىر مەھەل تازا گۈللەنگەن قۇللۇق تۈزۈمدىكى فەرغانە كۇشان خاندانلىقى يۇ خۇەن يازغان «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا ئېيتىلىشىچە، خېلى بۇرۇنلا پارچىلىنىپ كەتكەنىدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىچىك كۇشان بەگلىكلىرى ھىندىستاننىڭ گۇپتا خاندانلىقىغا بويسۇندى، توخارىستان (باكتىرىيە) دىكى بىر قىسىم بەگلىكلەر مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى. ئەمما 5 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۇلار ئۈزۈكسىز ھالدا ئېفتالىتلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىدى. ئېفتالىتلارنى ياۋروپالىقلار ئاق ھونلار دەپ ئاتىدى، جوڭگونىڭ جەنۇبىي سۇلالىسىدىكىلەر ئېفتالىتلار (滑国) دەپ ئاتىدى، شىمالىي سۇلالىسىدىكىلەر ئابداللار (哒)دەپ ئاتىدى. ئىلگىرى جۇرجانلار (يەنى ياۋروپالىقلار ئاۋارلار دەپ ئاتىغان قوۋم) غا بويسۇنغان ئېفتالىتلار ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە جۇرجانلارنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى دەپ قارالغانىدى، شۇڭا «ۋېينامە. غەربىي يۇرت ھەققىدە قىسسە» دە، فەرغانە «شىمالدا جۇرجانلارغا تۇتىشىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان» دېيىلگەن. فەرغانىنىڭ توخارىستان (ھازىر ئافغانىستان زېمىنىدا) دىكى قالدۇق كىچىك بەگلىكلىرىنى 425 ـ يىلى ئېفتالىتلار مۇنقەرز قىلغان، دەپ قارىلىدۇ. ھىندىستاندىكى گۇپتا خاندانلىقىمۇ ئېفتالىتلارنىڭ زەربىسى تۈپەيلىدىن گۇمران بولغانىدى. ئېفتالىتلارنىڭ ئەسلىي يۇرتى، يەنى كانگىيە بىلەن توخارىستان تەخمىنەن 567 ـ يىلى ئىران ساسانىيلار خاندانلىقى ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىپ، زېمىنى بۇ ئىككى دۆلەت تەرىپىدىن بۆلۈۋېلىندى. بۇ چاغدا ئىران ساسانىيلار

خانىدانلىقىنىڭ چېگراسى ئامۇ دەرياسى بويىغا يېتىپ بارغانىدى، ئېفتالىتلارنىڭ ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ھاكىمىيىتىمۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھىندىستان قوزغىلاڭچى قوشۇنى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلانغانىدى. 657 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسمى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تېرىتورىيەسىگە كىرگۈزۈلدى. ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى دەريا ۋادىسىدىكى سوغدىيانا (سەمەرقەند)، بۇخارا باشچىلىقىدىكى توققۇز جاۋۇپ دۆلەتلىرى بەزىدە تاڭ سۇلالىسىگە بويسۇنسا، بەزىدە ئەرەبلەرگە بويسۇندى.

مەشھۇر يىپەك يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سودىگەرلىرى، ئەلچىلىرى، روھانىيلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى جۇڭگوغا ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى. «لوياڭدىكى ساڭرامىلار ھەققىدە زىيارەت خاتىرىسى» نىڭ 5 ـ جىلدىدا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە پامىرنىڭ غەربىدىن «كەلگەن ئاھالىلەر بىر تۈمەن تۈتۈندىن ئاشىدۇ»، «دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ماللارنىڭ ھەممىسىنى تاپقىلى بولىدۇ» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە: «توققۇز جاۋۇپلار بىلەن ئۇيغۇرلار بىللە كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ مىڭدەك ئادىمى ھەممىشە پايتەختتە تۇرىدۇ. ئېيتىمشلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ تىجارەت مەبلىغى ۋە مېلى ئىنتايىن كۆپ ئىمىش» دېيىلگەن. ئەرەبلەر، پارسلارنىڭ كۆپىنچىسى دېڭىز يولى ئارقىلىق گۇاڭجۇ، خۇڭجۇ (ھازىرقى نەنچاڭ)، ياڭجۇ، لوياڭلاردىن ئۆتۈپ چاڭئەنگە كېلەتتى. چاڭئەن شەھىرىدىكى غەربىي يۇرت (كەڭ مەنىدىكى غەربىي يۇرت) لۇق سودىگەرلەر ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ بىر نەچچە مىڭغا يېتەتتى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگونىڭ كېمە ياساش ۋە دېڭىزدا سەپەر قىلىش تېخنىكىسى ئالدىنقى سۇلالىلەردىكىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى، يىراق ئوكيانغا سەپەر قىلىدىغان كېمىلىرى گۇاڭجۇدىن ھازىرقى ئىراقنىڭ

www.uyghurkitap.com

باغداد شەھىرىگىچە بارالايتتى، جۇڭگونىڭ يىپەك توقۇلمىلىرى، فارفور قاچىلىرى، قەغىزى ۋە ئىپارلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلاردا سېتىلاتتى، غەربىي يۇرتلۇق سودىگەرلەر كۆپىنچە مەرۋايىت، ياقۇت، پىل چىشى قاتارلىق ئەتىۋارلىق بۇيۇملارنى جۇڭگوغا ئەكېلەتتى. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكىدىكى «تەيپىڭ يىللىرىدىكى خاتىرىلەر» گە كىرگۈزۈلگەن جۇڭگولۇقلارنىڭ ھېكايىلىرىدە، غەربىي يۇرتلۇق غۇز سودىگەرلىرىگە ئائىت نۇرغۇن ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. ئەرەبلەرنىڭ «مىگىبىر كېچە» سىدىمۇ غەربىي ئاسىيا بىلەن جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «كىتابلار جەۋھىرى» دە 651 ـ يىلىدىن 798 ـ يىلىغىچە تۆنجى ئەرەب ئەلچىسى تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەندىن تارتىپ خەلىپە ھارۇن رەشىد دەۋرىگىچە ئەرەب ئەلچىلىرى تاڭ سۇلالىسىگە ئوتتۇز نەچچە قېتىم كەلدى. ئىسلام دىنى، زارا ئاستىر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنى، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى (خىرىستىيان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى) قاتارلىق دىنلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگوغا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كىرگەنىدى. غەربىي يۇرتنىڭ كۈي، ئۇسسۇللىرى شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە جۇڭگوغا ئارقا ـ ئارقىدىن كىرىپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تازا روناق تاپتى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى 10 خىل كۈينى ئورۇنلىغانلار ئىچىدىكى بۇخارا نەغمىچىلىرى، سوغدىيانا نەغمىچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ ئىككى دۆلەتتىن كەلتۈرۈلگەن ھاپىزلار ۋە ئۇسسۇلچىلار ئىدى. سوغدىيانا، كېش، ماغىيان دۆلەتلىرى تاڭ سۇلالىسىگە غۇزلارنىڭ پىرقىرىما ئۇسسۇلىنى ئوينايدىغان قىزلارنى ھەدىيە قىلغانىدى. 751 ـ يىلى ئەرەبلەر بىلەن جۇڭگو تاڭ سۇلالىسى تالاس دەرياسى بويىدا ئۇرۇشقاندا، ئەسىر ئېلىنغان تاڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ئىچىدە بىرنەچچەيلەن قەغەز ياساشنى بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ قەغەز ياساش تېخنىكىسى غەربكە تارقالدى. 1150 ـ يىلى،

ئەرەبلەر ئىسپانىيەدە جۇڭگونىڭ قەغەز ياساش ئۇسۇلى بويىچە قەغەز ئىشلەيدىغان ئۇستىخانا قۇردى، بۇ ياۋروپا بويىچە تۇنجى قەغەزچىلىك ئۇستىخانىسى ھېسابلىنىدۇ. تالاس جېڭىدە ئەسىرگە ئېلىنغانلار ئىچىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە بەزى كىشىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن غەربىي ئاسىيادا مۇساپىر بولۇپ تۇرۇپ قالدى. دۇ خۇەننىڭ «سەپەر خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە، «خەنزۇ ئۇستىلاردىن رەسسام، جىڭجاۋلىق خەن شۇ، لىيۇسى، توقۇمىچىلىق ئۇستىسى لى چىيۇڭ، لۇلى» لارنى تىلغا ئالغان. غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىق نۇرغۇن ئەمگەكچىلەر، ھەتتا جۇڭگوغا تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ كۆچۈپ كەلگەنىدى.

بەش دەۋردىن يۇەن سۇلالىسىگىچە جۇڭگونىڭ فېئوداللىق ئىقتىسادى داۋاملىق راۋاجلاندى ھەمدە ئۇنىڭدا زاۋاللىققا يۈزلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. جۇڭگو بىر مەھەل پارچىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق قاتنىشى ئۈزۈلۈپ قالماي، داۋاملىق راۋاجلاندى. ئەرەب ئىمپېرىيەسى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سامانىيلار خاندانلىقىمۇ 999 ـ يىلى ئافغانىستاندىكى غەزنەۋىيلەر خاندانلىقى (962 — 1186) ۋە جۇڭگو زېمىنىدىكى قاراخانىيلار خاندانلىقى (يەنى پامىرنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار خاندانلىقى، (10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1213 ـ يىلىغىچە) تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن غەربىي ئاسىيادا سەلجۇق تۈركلىرى ئىمپېرىيەسى باش كۆتۈرۈپ چىقتى، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالى جۇڭگو قارا قىتان سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيەسىگە كىرگۈزۈلدى. موڭغۇللار غەربكە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، ئوبيېكتىپ جەھەتتە جوڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇقلۇق يولى ئالدىنقى دەۋرلەردىكىگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ گۈللەندى. غەربىي ئاسىيا ئىلىخان

ھۈلاكۇ خانلىقى (1256 — 1353) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە خېلى راۋاجلاندى. ئىلىكخان خانلىقىنىڭ ئاساسلىق پايتەختى تەبرىزدە جۇڭگولۇقلار رايونى ۋە ياۋروپالىقلار رايونى بار بولۇپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سودىگەرلىرى، مىسسىئونېرلىرى، ئەلچىلىرى ۋە ئەلچىلىرى بۇ يەرگە توپلانغانىدى. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ئىلىكخان خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقراق ئىدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە چۈەنجۇ (شەھەر سېپىلىنىڭغاندا، شەھەر ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ ئېرتىرىنا دەرىخى تىكىلگەن بولغاچقا، يەنە سىتۇڭ (刺桐) شەھىرى دەپمۇ ئاتالغان) شەھىرى جۇڭگونىڭ چەت ئەللەرگە قاتنايدىغان ئەڭ چوڭ پورتى بولۇپ قالدى. ماراكەشلىك ساياھەتچى باتۇتەنىڭ قارىشىچە، سىتۇڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ پورت ئىدى. چۈەنجۇدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان چەت ئەللىكلەرنىڭ سانى 10 مىڭغا يېتەتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ ئەرەبلەر، ئىرانلىقلارنىڭ سانى ھەممىدىن كۆپ ئىدى.

جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئويما بەتلىك مەتبەئە تېخنىكىسى ئىلىكخان دەۋرىدە ئىرانغا تارقالدى. ئىلىكخان خانلىقى 1294 - يىلى (ھىجرىيە 693 - يىلى) بىۋاسىتە جۇڭگوغا تەقلىد قىلىپ قەغەز پۇل تارقاتتى. قەغەز پۇلنىڭ تارقىتىلىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى شۇكى، ئىراندا جۇڭگونىڭ ئويما بەتلىك مەتبەئە تېخنىكىسى تۇنجى قېتىم قوللىنىلدى. ئىلىكخان خانلىقىنىڭ خانى قازانخان (1295 — 1304) نىڭ باش ۋەزىرى راشىددىن يازغان «جامىئۇل تەۋارىخ» ناملىق ئەسەردە، جۇڭگونىڭ ئويما بەتلىك مەتبەئە تېخنىكىسى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. مۆلچەرلىشىمىزچە، جۇڭگونىڭ ئويما بەتلىك مەتبەئە تېخنىكىسى ياۋروپاغا غەربىي ئاسىيا ئارقىلىق تارقالغان. جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى تۆت چوڭ كەشپىياتى ئىچىدىكى كومپاس بىلەن

پوروخمۇ ئالدى بىلەن غەربىي ئاسىياغا تارقالغان، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى ئەرەبلەر ياۋروپاغا تارقاتقان. جۇ يۈن (يىن يۇ)نىڭ «پىراقتىكى ئەللەر توغرىسىدىكى بايانلار» دىكى كومپاسنىڭ دېڭىز سەپىرىدە ئىشلىتىلگەنلىكىگە دائىر بايانلارنى خەلقئارا ئېتىراپ قىلدى. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شېن كونىڭ «مېڭشى ئوچېرىكلىرى» ناملىق ئەسىرىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ئەينى چاغدا ماگنىت ئىستىرېلكىنى ئىشلىتىشنىڭ تۆت خىل ئۇسۇلى بولغان، ئەڭ دەسلەپتە لەيلىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا، ماگنىت ئىستىرېلكا بىر تەچچە پىلىكئوت غولى ئۆزىكىگە ئۆتكۈزۈلۈپ سۇدا لەيلىتىلگەن. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان ھەربىي ئىشلارغا ئائىت ئەسەر «قوراللار ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (1044 ـ يىلى تۈزۈلگەن) دا، پولاتتىن ياسالغان كومپاس قاراڭغۇ كېچىدە قۇرۇقلۇقتا يۈرۈش قىلغاندا نىشاندىن ئېزىپ كەتمەسلىككە ئىشلىتىلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 13 ـ ئەسىردە، ئەرەبلەر بىلەن ياۋروپالىقلار لەيلىتىلمە ماگنىت ئىستىرېلكىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالدى.

پورتۇگالىيەلىكلەر شەرققە كېلىشتىن بۇرۇن، ھىندى ئوكياندا ئاساسلىق ئەرەبلەرنىڭ كېمىلىرى قاتنايتتى، جۇڭگونىڭ كومپىسىنى ئەرەبلەر ئوتتۇرا دېڭىز رايونىغا ئېلىپ بارغانىدى.

پوروخ گۈڭگۈرت، سېلىترا (ئەرەبلەر 12 ـ ئەسىردە ئۇنى جۇڭگو ئېيقى دەپ ئاتايتتى) ۋە ياغاچ كۆمۈر مۇئەييەن نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسىلىدۇ، گۈڭگۈرت، سېلىترالار ئەزەلدىن دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىپ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغاچ كۆمۈر قوشۇلسا يانىدىغانلىقى ئۈچۈن خەنزۇ تىلىدا يانغۇچ دورا (خەنزۇچە خەت مەنىسى بويىچە ـــ تەرجىماندىن) دەپ ئاتالغانىدى. ئۇ 7 ـ ئەسىردىكى جۇڭگولۇق شىپائى ھايات چەكلىگۈچىلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەجرىبىسىنىڭ نەتىجىسى. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى يۆي يۈنۋېن 1161 ـ

يىلى سەيشىجى جېڭىدە چېقىن توپ بىلەن جىن سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلغانىدى، ئەرەبلەر پوروختا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پوروختا ئائىت ئەسەرلىرى ياۋروپاغا تارقالدى. ياۋروپالىقلار پوروختا ئائىت بىلىملەرنى 13 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەرەبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۆگەندى. ئوت ئېچىش قورالى ۋە مېتال زەمبىرەكنى ئالدى بىلەن جۇڭگولۇقلار كەشىپ قىلدى.①

17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇن، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چېڭزۇنىڭ يۇڭلې 5 ـ يىلى (1407 ـ يىلى) دىن پادىشاھ يىڭزۇڭنىڭ تيەنشۇن يىللىرىغىچە تۆمۈر(ئەمىر تۆمۈر)نىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ھەمىشە ئەلچىلەر بېرىپ ـ كېلىپ تۇرغانىدى. يۇڭلېنىڭ 5 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەلچى ئەۋەتىپ تۆمۈرنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرگەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئەلچىلەر پات ـ پات بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدىغان بولدى. مىڭ سۇلالىسى سەمەرقەندكە ئەۋەتكەن ئەلچى چېن چېڭ يەنە «غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ، مەزكۇر جاينىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە كان بايلىقلىرىنى بايان قىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيالىق سودىگەرلەرمۇ ئەلچى نامىدا جۇڭگوغا ئۈزۈكسىز كېلىپ تۇردى. ياۋروپالىق مۇستەملىكىچىلەر شەرققە كېلىشتىن ئىلگىرى مىڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي ئاسىيانىڭ دېڭىز ئارقىلىق بولىدىغان ئالاقىسى تېخىمۇ راۋاج تاپتى. جېڭ خې غەربكە تۆت قېتىم

① ھازىرغىچە بايقالغان دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇنقى زەمبىرەك يۈەن سۇلالىسى جىشۇننىڭ 3 ـ يىلى (1332 ـ يىلى) دا ياسالغان مىس زەمبىرەكتۇر. ياۋروپالىقلارنىڭ زەمبىرەكنى كەشىپ قىلغىنىغا ئائىت ئىشەنچلىك دەلىل ـ ئىسپات يوق، ئادەتتە ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى 100 يىللىق ئۇرۇش مەزگىلىدىكى كرېئۇس جېڭى (1346 ـ يىلى) ياۋروپالىقلارنىڭ زەمبىرەكنى ئىشلىتىشىنىڭ مۇقەددىمىسى دەپ قارىلىدۇ.

سەپەر قىلغاندا پارس قولتۇقىدىكى هورمۇسقا بارغانىدى. 1416 ـ يىلى (يۇڭلېنىڭ 14 ـ يىلى) هورمۇس قاتارلىق 19 دۆلەتنىڭ ئەلچىلىرى جۇڭگوغا كەلدى، مىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى يەنە جېڭ خېدىن كەلگەن ئەلچىلەرنى سوۋغاتلار بىلەن بىرلىكتە ھەرقايسى ئەللەرگە ئاپىرىپ قويۇشقا ئەۋەتتى (يەنى 5 ـ قېتىم غەربكە سەپەر قىلغاندا، 1417 ـــ 1419 ـ يىللىرى) جېڭ خېنىڭ كېمە ئەترىتى ۋە تارماق كېمە ئەترىتى 6 ـ، 7 ـ قېتىملىق سەپىرىدە هورمۇسقا بارغاندىن سىرت، يەنە ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى مەككىگىمۇ بارغانىدى. ئەينى چاغدا ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرى جۇڭگوغا كەلگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە هۆكۈمەتلەر ئارا سودا قىلىنغان. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخى. غەربىي يۇرت ھەققىدە قىسسە» دە، غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن جۇڭگوغا كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى «ۋەنلى يىللىرىدىمۇ ئۈزۈلۈپ قالمىدى» دېيىلگەن. غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن جۇڭگو ئىچكى قۇرۇقلۇقىنىڭ دوستانە ئالاقىسى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملاشتى، ئەمما دېڭىز ئالاقىسى بولسا 16 ـ ئەسىردە پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن ئۈزۈپ تاشلاندى.

## 2. جۇڭگو بىلەن ياۋروپانىڭ مۇناسىۋىتى

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 400 ـ يىلىدىن كېيىن، يۇنان، رىم يازغۇچىلىرى جۇڭگونى «يىپەك دۆلىتى»، دەپ ئاتىغان، بۇ جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. جۇڭگوغا كەلگەنلىكى تارىختا پۈتۈلگەن تۇنجى رىملىقلار «تارىخىي خاتىرىلەر. فەرغانە ھەققىدە قىسسە» دە تىلغا ئېلىنغان «داكچىنىيە» سېھىرگەرلىرىدۇر. جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىكى داكچىنىيە، رىم، رۇم (黎轩)، داكچىن (犁靬)،

داكچىن (建革犁)، داكچىن (大秦)، ۋە فەرەڭ (拂林) دېگەن ناملار رىم ئىمپېرىيەسىنى كۆرسىتىدۇ. غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا شەرقىي رىم (ۋىزانتىيە) ئىمپېرىيەسى داچىن ياكى فەرەڭ دەپ ئاتالغان. مىلادىيە 97 ـ يىلى (شەرقىي خەن سۇلالىسى پادىشاھى خېدىنىڭ يۇڭيۈەن 9 ـ يىلى) غەربىي يۇرتنىڭ قورۇقچىبېگى بەن چاۋ گەن يىڭنى داكچىنغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەندە، ئۇ ئانتىئوكىيەگە① بارغان، پېرسىيە قولتۇقىغا يېتىپ بارغاندا ئارساكلار نەسىھەت قىلىپ توسۇپ قويغانلىقتىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. 166 ـ يىلى (شەرقىي خەن سۇلالىسى پادىشاھى خېڭدىنىڭ يەنشى 9 ـ يىلى) جۇڭگوغا رىم ئىمپېراتورى ئانتونى (161 — 180) نىڭ نامىدا ئەلچىلەر ئۆمىكى كەلگەنىدى. بۇ، رىم ئىمپېرىيەسى بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ بىۋاسىتە ئالاقە باغلىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. 226 ـ يىلى (ۋۇ پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى سۈن چۈەننىڭ خۇاڭۋۇ 5 ـ يىلى) رىملىق سودىگەر سىنرۇن ھىندىچىندىن ۋۇ پادىشاھلىقىغا كەلگەنىدى. قەدىمكى زاماندا رىم ئىمپېراتورى «ھەمىشە خەن سۇلالىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما ئارساك خاندانلىقى رىم ئىمپېرىيەسى بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ يىپەك ماللىرى بازىرىنى تالىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن ئالاقە قىلىشىنى توسۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمىدى» (كېيىنكى خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى). ئارساك

① بۇ چاغدىكى ئانتىئوكىيە ئىراقنى كۆرسىتىدۇ. فېڭ چېڭجۈننىڭ «غەربىي يۇرتتىكى يەر ناملىرى» ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ. ئىلاۋە: ئانتىئوكىيە (سېلېۇكوس پادىشاھلىقى) نىڭ قالدۇق زېمىنلىرى مىلادىيەدىن ئىلگىرى 64 ـ يىلى رىم ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان؛ بىراق ئىراقنىڭ جەنۇبىدىكى پېرسىيە قولتۇقى ئەتراپلىرى ئارساك خاندانلىقىغا بېقىنغان بولسىمۇ، ئارساكنىڭ 18 ئۆلكىسى ئىچىگە كىرگۈزۈلمىگەن بولغاچقا، «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە يەنىلا ئانتىئوكىيە دەپ ئاتالغان.

خاندانلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن ئىران ساسانىيلار خاندانلىقى (226 — 641) يىپەك - شايى سودىسىنى داۋاملىق مونوپول قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ ئىران ساسانىيلار خاندانلىقىنىڭ يىپەك - شايى سودىسى مونوپولىيەسىنى بۇزۇپ تاشلىماقچى بولۇشى ۋىزانتىيە بىلەن جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەت — غەربىي تۈركلەرنىڭ ئۆزئارا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا سەۋەبچى بولدى.

جۇڭگونىڭ يىپەك ماللىرى رىمدا كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلەتتى. قەدىمكى رىم شەھىرى بىلەن كونستانتىنوپولدىكى سىنات ئەزالىرى نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان جۇڭگو شايىسىدىن تون كىيىشنى شەرەپ دەپ بىلگەنىدى. خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتى راۋاجلانغاندىن كېيىن، روھانىيلارنىڭ مۇراسىم كىيىمى، قاردلىق كىيىمى، پەردە، نەزىر - چىراغ مېھرابىنى بېزەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدىلا يىپەككە ئېھتىياج تۇغۇلدى. دەھرىي بايلارمۇ ئومۇمىيۈزلۈك شايىدا تون كىيەتتى. ۋىزانتىيەنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىقى جۇڭگونىڭ مەشۇتلىرىغا كۆپلەپ ئېھتىياجلىق ئىدى، سۈرىيەنىڭ كەشتىلىرى، ھەتتا يىراق جۇڭگودا سېتىلاتتى. 552 - يىلى ۋىزانتىيە جۇڭگودىن پىلە بېقىش، مەشۇت تارتىش ئۇسۇلىنى ئۆگەنگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا جۇڭگونىڭ يىپەك - شايىلىرىغا ئېھتىياجلىق بولغانىدى. 6 - ئەسىردە جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئوتتۇرىسىدا جەمئىي ئۈچ سودا يولى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى شىمالىي يولنىڭ كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدىن قارا دېڭىزغا بارىدىغان بۆلىكى ھەم ئۇزۇن، ھەم خەتەرلىك ئىدى؛ ئوتتۇرا يول بىلەن جەنۇبىي يول، يەنى ئەنئەنىۋى يىپەك يولى پېرسىيەدە قوشۇلغاندىن كېيىن ۋىزانتىيەگە تۇتىشاتتى. بۇ ئىككىنچى يول ھېسابلىناتتى. ئۈچىنچى يول دېڭىز يولى بولۇپ، بۇ يول بىلەن جۇڭگودىن سەيلۇن (سىرى لانكا) ئارقىلىق قىزىل دېڭىزغا بارغىلى بولاتتى. ئەينى چاغدا جۇڭگونىڭ يىپەك - شايىلىرىنىڭ ئاساسلىق خېرىدارلىرى ۋىزانتىيە-

لىكلەر بىلەن ئىرانلىقلار بولۇپ، ئوتتۇرىدا ئېلىپ ـ ساتقۇ-
چىلار سوغدىلار (سەمەرقەندنى پايتەخت قىلغان سۇي، تاڭ
سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە سوغدىيانا دەپ ئاتالغان) ئىدى. ئىران
ساسانىيلار خاندانلىقى ۋىزانتىيەنىڭ ھەم قىزىل دېڭىز بويى-
دىكى يەمەندىن مەشۇت سېتىۋېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى، ھەم
سوغدىلارنىڭ ماللىرىنى پېرسىيە زېمىنىدىن يۆتكەپ توشۇشىغا
يول قويمىدى. سوغدىلار ئىلگىرى ئېفتالىتلارغا بويسۇنغانىدى،
غەربىي تۈركلەر ئېفتالىتلارنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن،
سوغدىلار غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئىستەمىدىن ئارىغا كىرىپ
ئىرانغا ئادەم ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى، غەربىي تۈركلەر ئىرانغا
ئىككى قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئىران پادشاھى
ئانۇشىرۋان خۇسراۋ I تەرىپىدىن رەت قىلىندى. ئىستەمى قاغان
قاتتىق نارازى بولدى. سوغدى مانىياق يىپەك ماللىرىنى
ۋىزانتىيەدە سېتىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ ئىستەمى قاغانغا ۋىزانتىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش
توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ئىستەمى قاغان مانىياقنى ۋىزانتى-
يەگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. مانىياق قاتارلىقلار كونستانتىنوپولغا
بېرىپ ئىمپېراتور يۇستىنىئان II (يۇستىنىئاننىڭ جىيەنى
565 ــ 578)نىڭ ھۇزۇرىغا كۆرۈشكىلى كىردى ھەمدە 568 ـ
يىلى ۋىزانتىيە ئەلچىسى گىكوماس بىللە بىلەن غەربىي
تۈركلەرنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى (ئەينى چاغدا ئىستەمى
قاغان ئاق تاغ ـ تەڭرىتېغى ئەتراپىدا، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇ-
بى، بۇگۇنكى كۇچادىكى تەسكەي تاغنىڭ نېرىسىدىكى تېكەس
ۋادىسىدا تۇراتتى). ئۇزۇن ئۆتمەي غەربىي تۈركلەر ئىرانغا يۈرۈش
قىلدى، ئەمما مەغلۇپ بولدى. 571 ـ يىلى غەربىي تۈركلەر
ۋىزانتىيەگە يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، يۇستىنىئان II دىن ئىران
بىلەن 562 ـ يىلى تۈزگەن «50 يىللىق سۇلھى كېلىشىمى» نى
بىكار قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئىككىنچى يىلى ۋىزانتىيە
ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئىرانغا قارشى يەنە

بىر قېتىم ئۇرۇش قوزغىدى (572 ــ 591). ئۇرۇشتا ئىران بىلەن ۋىزانتىيە ئوخشاشلا زىيان تارتتى، بۇنىڭدىن كېيىنچە ئەرەبلەر پايدىلىنىپ كەتتى.

سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى فەرەڭ دەپ ئاتىلاتتى. سۈي سۇلالىسى پادىشاھى ياڭدى ھەممىشە فەرەڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئۈنتۈق قازىنالمىغانىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋىزانتىيە جۇڭگوغا بەش قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى: جېنگۇەننىڭ 17 ـ يىلى (643 ـ يىلى) فەرەڭنىڭ ئەلچىلىرى تاڭ سۇلالىسىگە كېلىپ، قىزىل ئەينەك، يېشىل ئەينەك، تاش بوياق، ئائۇرىن قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلدى، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇڭ مەكتۇپ يېزىپ ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىدىن ھال ـ ئەھۋال سوراپ، ئۇنىڭغا جاۋابەن تاۋار ـ دۇردۇن سوۋغا قىلدى. چيەنفېڭنىڭ 2 ـ يىلى (667 ـ يىلى) فەرەڭ ئەلچىلىرى تاڭ سۇلالىسىگە كېلىپ، دورا دېيىگانى ھەدىيە قىلدى. كېيىن دازۇنىڭ تۇنجى يىلى (701 ـ يىلى)، جىڭيۈننىڭ 2 ـ يىلى (711 ـ يىلى) فەرەڭ تاڭ سۇلالىسىگە يەنە ئىككى قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى. كەييۈەننىڭ 7 ـ يىلى (719 ـ يىلى) فەرەڭ ئىمپېراتورى توخرىلارنىڭ باش سەردارىنى ئىككى شىر، ئىككى بۆكەن ھەدىيە قىلىشقا ئەۋەتتى. تيەنباۋنىڭ تۇنجى يىلى (742 ـ يىلى) فەرەڭ ئىمپېراتورى نېستورىيان دىنى مۇرىتلىرىنى تاڭ سۇلالىسىگە دوستانە ئالاقە ئورنىتىشقا ئەۋەتىپ، ۋىزانتىيە دىنىنىڭ بىر مەزھىپىنى جوڭگودا تارقاتتى. كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قاتناش يولى توسۇلۇپ قالغاچقا، فەرەڭ بىلەن جۇڭگونىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى.

12 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سىسىلىيە پادشاھى روگېر II (1127 ــ 1155) ئەھلىسەلىپ ئىككىنچى قېتىم شەرققە جازا يۈرۈشى قىلغاندا، ۋىزانتىيەنىڭ تېبېس ۋە كورىنس شەھەرلىرىنى بېسىۋېلىپ، توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنى سىسىلىيە ئارىلىدىكى پالېرمو شەھىرىگە تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ مەجبۇرىي

يۆتكىدى، شۇنىڭ بىلەن يىپەك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ئىتالىيەگە، كېيىن بارا - بارا غەربىي ياۋروپاغا تارقالدى. ئىتالىيەدىكى فلورېنسا جۇمھۇرىيىتىنىڭ يىپەك سودىگەرلىرى ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭ يەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي ئۇيۇشمىسىنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى، فلورېنسا يەنىلا جۇڭگونىڭ مەشۇت ۋە تورقا (گۈللۈك تاۋار) لىرىغا ئېھتىياجلىق ئىدى. 14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى باھا بويىچە، فلورېنسانىڭ تىللاسى بولغان بەش فلورىنغا 19 ياكى 20 فۇت (ژېنوۋانىڭ فۇتى ئەنگلىيە فۇتىدىن يېنىك) قىتان (جۇڭگو) يىپەكى سېتىۋالغىلى بولاتتى. بەش فلورىنغا قىتاندىن گۈللۈك شايىدىن ئۈچ يېرىم توپ ياكى زەرلىك كىمخابتىن ئۈچ يېرىم توپتىن بەش توپقىچە سېتىۋالغىلى بولاتتى. موڭغۇل ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە، جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولى يەنىلا ئاساسەن يۇقىرىدىكى ئۈچ يول بولۇپ، شىمالىي يول يۈرۈنقىدىن بىخەتەر ئىدى. دۇنخۇاڭدىن ئاتلىنىپ قۇمۇل، بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار)، ئالمىلىق (غۇلجا ئەتراپىدا)، ئوترار ۋە ئۇرگەنچتىن ئۆتۈپ، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىي تەرىپى ئارقىلىق قارا دېڭىز بويىدىكى تانا شەھىرىگە بارغىلى بولىدىغان يول قىپچاق يولى دەپ ئاتىلاتتى. ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان ئىككىنچى سودا يولى بويىچە، دۇنخۇاڭدىن ئاتلىنىپ لوپنۇردىن ئۆتكەندىن كېيىن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى يولنى بويلاپ مېڭىپ، پامىر تېغىدىن ئۆتۈپ، بەدەخشان (ھازىرقى فەيزاباد)، خوراسان ئارقىلىق ئىلىكخان خانلىقىنىڭ پايتەختى تەبرىزگە، ئاندىن كېيىن ياۋروپادىكى ھەرقايسى جايلارغا بارغىلى بولاتتى. بۇ يول پېرسىيە يولى دەپ ئاتىلاتتى. ئۈچىنچى يول دېڭىز يولى بولۇپ، بۇ يول بويىچە چۈەنجۇ ۋە گۇاڭجۇلاردىن يولغا چىقىپ، ھىندى ئوكيان ئارقىلىق پېرسىيە قولتۇقىغا ياكى قىزىل دېڭىزغا بارغىلى بولاتتى. بۇ ئۈچ يولنىڭ غەربتىكى ئاخىرقى

نۇقتىسىدا ئاساسلىق ئىتالىيەدىكى ئۈچ جۇمھۇرىيەت، يەنى ۋېنىتسىيە، ۋېنىتسىيە، فلورېنسانىڭ سودىگەرلىرى ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. ۋېنىتسىيەلىك مەشھۇر ئەرباب ماركو پولو 1271 ـ يىلى ئاتىسى بىلەن بىللە جۇڭگوغا كېلىپ، يۈەن سۇلالىسى ئۈچۈن ئۇزۇن يىل ئىشلىگەن، 1295 ـ يىلى دېڭىز يولى ئارقىلىق ۋەتىنىگە قايتىپ كەتكەن. ئۇ ساياھەت خاتىرىسىدە جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى بايان قىلغان. كولۇمبو ھەقىقەتەن ماركو پولونىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، دېڭىز ئارقىلىق غەربكە سەپەر قىلىپ جۇڭگوغا بېرىش نىيىتىگە كەلگەن.

13 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە، رىم پاپاسى جۇڭگوغا ئارقا ـ ئارقىدىن مىسسىئونېرلارنى ئەۋەتىپ، جۇڭگونىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلاردا چېركاۋ ـ موناستىرلارنى سېلىپ، دىن تارقاتتى. رىم پاپاسى يۈەن سۇلالىسىنىڭ كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىنى ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى، ئۇ 13 ـ ئەسىردە بىرنەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىتتىپاق تۈزۈپ، خىرىستىيان دىنىنىڭ مۇقەددەس شەھىرى ئېرۇسالېمنى ئىشغال قىلىۋالغان ئىسلام دىنى كۈچلىرىگە ئىككى ياقتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. يۈەن سۇلالىسى 1288 ـ يىلى ۋە 1336 ـ يىلى رىمغا مەخسۇس ئەلچى ئەۋەتىپ، رىم پاپاسى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتى.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگو بىلەن ياۋروپانىڭ قۇرۇقلۇق يولى قاتنىشى تۈركىيە كونستانتىنوپولنى (1453 ـ يىلى) ئىشغال قىلغان ھەمدە سۈرىيە بىلەن مىسىرنى (1517 ـ يىلى) ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن ھەقىقەتەن ئالدىنقى دەۋرلەردىكىدەك بولماي قالدى، بىراق دېڭىز قاتنىشى بولسا ئالدىنقى دەۋرلەردىكىگە قارىغاندا پەيدىنپەي تەرەققىي قىلدى. تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇش ياۋروپادا كاپىتالىزمنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ

www.uyghurkitap.com

جىددىي ئېھتىياجى بولۇپ قالغانىدى. 16 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، پورتۇگالىيە، ئىسپانىيە ۋە گوللاندىيەلەر ئالدى بىلەن قورال كۈچى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى.

16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇڭگو بىلەن ياۋروپانىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسى باشلاندى، كاتولىك دىنىنىڭ ئىيزوئىت جەمئىيىتى شەرققە كېلىپ دىن تارقاتتى، بۇ چاغدا جۇڭگوغا ئىيزوئىت جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىدىن لىمادۇ، ئايرۇلو، دېڭ يۈخەن، شيۇڭ سەنبا، تورروۋان قاتارلىق كىشىلەر كەلدى. ئۇلار غەربىي ياۋروپانىڭ ئاسترونومىيە، كالېندارشۇناسلىق، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە قاتارلىق پەنلىرىنى جۇڭگوغا تونۇشتۇردى، جۇڭگونىڭ «تۆت كىتاب»، «دورا ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن غەربكە تونۇشتۇردى. 17 ـ ئەسىردە، جۇڭگونىڭ يىڭنە سانجىپ داۋالاش تېخنىكىسىنى مىسسىئونېرلار فرانسىيەگە تارقاتتى.

## 5 ـ بۆلۈم  جۇڭگو بىلەن ئافرىقا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى

### 1. جۇڭگو بىلەن شىمالىي ئافرىقىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مۇناسىۋىتى

جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرى ئىچىدە «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» نىڭ 30 ـ جىلدتىكى پىي سۇڭجىنىڭ ئىزاھاتىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى. غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە»دە، ئافرىقا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەر ئەڭ دەسلەپ تىلغا ئېلىنغان، مەزكۇر كىتابتىكى ۋۇ

چىسەن (乌迟散) شەھىرى ئادەتتە، مىسىرنىڭ ئىسكەندەرىيە پورتى دەپ قارىلىدۇ. «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 - ئەسىردە تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەينى چاغدا جۇڭگولۇقلارنىڭ يىراقتىكى مىسىر ئېلىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ روناق تېپىشى ۋە ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو بىلەن ئەرەبىستاننىڭ ئالاقىسى كۈندىن - كۈنگە قويۇقلاشتى، جۇڭگودا مىسىرغا ئائىت بىلىملەرمۇ تەدرىجىي كۆپەيدى. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان جۇ جۈيفېينىڭ «داۋان سىرتىدىن جاۋابلار» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان «ۋۇسىلى (勿斯里) دەل مىسىردۇر. جاۋ رۇشىنىڭ «ۋاسسال ئەللەر تەزكىرىسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ «ۋۇسىلى بەگلىكى» دېگەن قىسمىدا: «ۋۇ سىلى بەگلىكى بەيدا (白达) دۆلىتىگە قارايدۇ» دېيىلگەن. بەيدا دۆلىتى (يەنى باۋدا (报达) باغدادنى كۆرسىتىدۇ) ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ ئابباسىيلار خانىدانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «ۋاسسال ئەللەر تەزكىرىسى»دە تىلغا ئېلىنغان ئىبكېنتو بەگلىكى مىسىرنىڭ ئىسكەندەرىيە پورتىدۇر. بۇ پورت قەدىمكى زاماندا رىم ئىمپېرىيەسى (داكچىن) بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى سودا پونكىتى ئىدى. 640 - يىلىدىن ئاۋۋال، مىسىر رىم ئىمپېرىيەسى بىلەن ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىگە قارايتتى. شۇڭلاشقا، جۇڭگو بىلەن داكچىننىڭ دېڭىز ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان سودىسى جۇڭگو بىلەن مىسىر سودىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگونىڭ چوڭ كېمىلىرى پېرسىيە قولتۇقى ۋە باغدادقا باراتتى، جۇڭگو ماللىرى پېرسىيە قولتۇقىدا باشقا كېمىلەرگە قاچىلىنىپ مىسىرغا توشۇلاتتى، ئاندىن كېيىن غەربىي ئافرىقىغا يەتكۈزۈلەتتى. جۇڭگونىڭ فارفور بۇيۇملىرى بىلەن يىپەكلىرىنى مىسىرلىقلار ياقتۇراتتى. فاتىمە خانىدانلىقىدىن باشلاپ مىسىرلىق ھۈنەرۋەنلەر سۇڭ سۇلالىسىنىڭ فارفور

بۇيۇملىرىغا تەقلىد قىلىپ فارفور بۇيۇملارنى ياساشقا باشلىدى. مىسىر ئارخېئولوگلىرى قاھىرەدىكى شەھەر فۇستات خارابىلىكىدىن جۇڭگونىڭ نۇرغۇن فارفور بۇيۇملىرىنى بايقىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مىسىرلىقلار تەقلىد قىلىپ ياسىغان فارفور بۇيۇملارمۇ بار ئىدى.

جۇڭگو بىلەن شىمالىي ئافرىقىدىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشلىرىمۇ ھەرقايسى ئەللەر خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. جۇڭگونىڭ قەغەز ياساش ئۇسۇلىنىڭ 8 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئەرەب ئىمپېرىيەسىگە تارقىلىشى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا زور دەرىجىدە پايدىلىق بولدى. جۇڭگونىڭ زەمبىرەك قاتارلىق ئوت ئېچىش قوراللىرىنى 13 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا موڭغۇللار مىسىرغا ئېلىپ باردى. مىسىرنىڭ مەملۇكىلەر خاندانلىقى سۈرىيەدە موڭغۇللارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئوت ئېچىش قوراللىرى ۋە ئۇلارنى ياساش ئۇستىلىرىغا ئىگە بولدى. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ھەرقايسى ئىسلام دۆلەتلىرى (مىسىرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) پوروخ ياساشقا ئائىت بىلىمنى ئىگىلىۋالدى. مىسىرلىقلار جۇڭگونىڭ شېكەرچىلىك كەسپىگە تۆھپە قوشتى. ماركو پولونىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ ۋېنگەن شەھىرىدىكى ئاھالىلەر يۈەنشىزۇ قۇبلاي ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن ئاۋۋال شېكەر ئىشلەپچىقىرىشنى بىلمەيدىكەن، پەقەت قىيام قاينىتىشنىلا بىلىدىكەن، قىيام سوۋۇغاندىن كېيىن قاپقارا تېرىپقا ئايلىنىپ قالىدىكەن. قۇبلاي مەزكۇر جايغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇردىدا خىزمەت قىلىدىغان مىسىرلىقنى مەزكۇر شەھەرگە شېكەر ياساش تېخنىكىسىنى ئۆگىتىشكە ئەۋەتكەن، ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ كۈلىدىن پايدىلىنىپ شېكەر ياسىغان. بۇنىڭدىن باشقا، مىسىرنىڭ ئىسكەندەرىيە شەھىرىنىڭ

ئاستىرونوم، جۇغراپىيەشۇناس پتولېمېينىڭ ئاستىرونومىيە توغرىسىدىكى ئەسىرى («ئاستىرونومىيەدىن ئومۇمىي بايان» (ئەرەبلەر «ئۇلۇغ نەزەرىيە» دەپ تەرجىمە قىلغان.) سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە جۇڭگوغا كىرگەنىدى. جۇڭگونىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاستىرونوم گو شۇجىڭ كالېندار تۈزگەندە مىسىرلىق ئاستىرونوم ئىبنى يۇنۇس (1007 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ قاھىرەدىكى رەسەتخانىدا تۈزگەن كالېندارىدىن پايدىلانغانىدى.

خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، 1300 ـ يىلى، دىياۋجىئېر (吊吉尔) ئەلچىلىرى جۇڭگوغا دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا كەلگەن، بۇ يەردىكى دىياۋجىئېر دەل ماراكەشنىڭ پايتەختى تانگېرنى كۆرسىتىدۇ. ماراكەشلىك سەيياھ ئىبنى باتۇتە شەرقىي ئافرىقا، غەربىي ئاسىيا، ھىندىستانلارنى ساياھەت قىلغان ھەمدە 1347 ـ يىلى جۇڭگوغا كەلگەنىدى، ئۇ «ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە چۈەنجۇ، گۇاڭجۇ ۋە خاڭجۇنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان، بولۇپمۇ چۈەنجۇ پورتى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان بولۇپ، ئۇ چۈەنجۇ پورتى دۇنيا بويىچە ئەينى چاغدىكى ئەڭ چوڭ پورت دەپ قارىغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا جۇڭگودا سودا قىلىۋاتقان مىسىرلىق ۋە ماراكەشلىك كىشىلەرمۇ خېلى كۆپ ئىدى.

## 2. جۇڭگو بىلەن شەرقىي ئافرىقا ۋە غەربىي ئافرىقىنىڭ مۇناسىۋىتى

جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىكى شەرقىي ئافرىقا توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ئەڭ دەسلەپتە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان دۇ خۇەننىڭ «سەپەر خاتىرىلىرى» (قامۇسنامىگە كىرگۈزۈلگەن) ناملىق ئەسىرىدە ئۇچرايدۇ. ئىسپاتلىنىشىچە، «سەپەر خاتىرىلىرى» دە تىلغا ئېلىنغان مولىڭ (摩邻) دەل مىلىڭ

سۇلالىسى دەۋرىدىكى مالىن (麻林)، يەنى بۈگۈنكى كونىكى كېنىيەنىڭ مالىندى دېگەن يېرى ئىكەن. دۇ خۇەندىن سەل كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ياشىغان دۇەن چېڭشى يازغان «يۇياڭ مەجمۇئەسى» ناملىق ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان بالى (拔力) دۆلىتى دەل بۈگۈنكى سومالىنىڭ پىپىلا دېگەن يېرى ئىدى. تاڭ سۇلالىسى بىلەن جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگودا شەرقىي ئافرىقىغا ئائىت بىلىملەرمۇ پەيدىنپەي كۆپەيدى. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن جۇ چۈيفېينىڭ «داۋان سىرتىدىكى جاۋابلار»، جاۋ رۇشىنىڭ «ۋاسسال ئەللەر تەزكىرىسى» (1225 ـ يىلى تۈزۈلگەن) ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ۋاڭ دايۈەننىڭ «ئارالدىكى يات تائىپىلەرنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى» (1350 ـ يىلى تۈزۈلگەن) قاتارلىق ئەسەرلەردە شەرقىي ئافرىقا بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىغا ئائىت بىر قەدەر تەپسىلىي بايانلار بار. «ۋاسسال ئەللەر تەزكىرىسى»دە تىلغا ئېلىنغان بىپالو (弼琶罗) دەل «يۇياڭ مەجمۇئەسى» تىلغا ئېلىنغان بالى، يەنى بۈگۈنكى بوپپلا (柏培拉) بولۇپ، ئۇ كەڭ مەنىدە سومالىنى كۆرسىتىدۇ. «ۋاسسال ئەللەر تەزكىرىسى»دىكى لى دۆلىتى (理国) بۈگۈنكى سومالىنىڭ شەرقىي شىمال رايونى بىلەن سوكولات ئارىلىنى كۆرسىتىدۇ. «ۋاسسال ئەللەر تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان سېڭبا (层拔) دۆلىتى، يەنى «ئارالدىكى يات تائىپىلەرنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان سېڭبالو (层拔罗) دەل بۈگۈنكى شەرقىي ئافرىقىدىكى زانزىباردۇر. ئادەتتە، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»دا تىلغا ئېلىنغان سېڭتەن دەل سېڭبا، يەنى زانزىباردۇر، دەپ قارىلىدۇ. «داۋان سىرتىدىن جاۋابلار» بىلەن «ۋاسسال ئەللەر تەزكىرىسى» تىلغا ئېلىنغان كۇنلۇنسېڭچى (昆仑层斯国) دۆلىتى دەل بۈگۈنكى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى موزامبىكنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرى بىلەن ماداغاسقار ئارىلى

ئەتراپلىرىدۇر.

جۇڭگو بىلەن شەرقىي ئافرىقىلىقلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ بىۋاسىتە ئالاقە قىلغانىدى. دۇ خۇەن 751 ـ يىلى غەربكە بېرىپ، 762 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەرەب ئىمپېرىيەسى ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ پايتەختى ئەل كۇفا (باغداد)تا تۇرغانىدى. ئۇ يەردە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئەرەبلەر، جۈملىدىن شەرقىي ئافرىقىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەرەبلەر بار ئىدى. شەرقىي ئافرىقىلىق نېگىر ئەمگەكچىلەر بەختكە قارشى قۇل قىلىنىپ ھەرقايسى جايلاردا سېتىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە جۇڭگوغا كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى. «يېڭى تاڭنامە»، 222 ـ جىلدنىڭ ئاخىرىدىكى كالىنگا دۆلىتى دېگەن قىسمىدا، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى شيەنزۇڭنىڭ يۈەنخې 8 ـ يىلى (813 ـ يىلى) دا «سېڭچى (僧祇) لىق تۆت قۇل ھەدىيە قىلىندى» دېيىلگەن. سېڭچى زانزىبار بولۇپ، ئۇ نېگىرلار زېمىنى ياكى نېگىرلار دۆلىتى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما، ئوتتۇرا ئەسىردە ئەرەبلەرنىڭ زانزىبار دېگىنى شىمالدا سومالىدىكى جۇبا دەرياسى («مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا جۇبۇ 竹步 دېيىلگەن) ئېغىزىدىن جەنۇبتا موزامبىكنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى دېلگادو تۇمشۇقىغىچە بولغان پۈتكۈل شەرقىي ئافرىقا قىرغاقلىرىنىڭ ئەتراپلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگونىڭ چوڭ كېمىلىرى پېرسىيە قولتۇقىغا بىۋاسىتە بارالايتتى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگونىڭ دېڭىز قاتنىشى تېخنىكىسى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگو كېمىلىرىنىڭ بىۋاسىتە شەرقىي ئافرىقىغا بېرىش ئېھتىماللىقى چوڭ ئىدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شەرقىي ئافرىقىدىكى زانزىبارنىڭ ئەلچىلىرى جۇڭگونى ئىككى قېتىم، يەنى بىرىنچى قېتىم 1017 ـ يىلى، ئىككىنچى قېتىم 1083 ـ يىلى زىيارەت قىلغانىدى. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. سېڭتەن تەزكىرىسى»دە: «يۈەنفېڭنىڭ

6 ـ يىلى (1083 ـ يىلى) سېڭتەننىڭ ئەلچىسى ياندىش كەيتاۋۇل يەنە بىر قېتىم ئوڭۇشلۇق يېتىپ كەلدى» دېيىلگەن. دەۋر ۋېيسۇننىڭ قارىشىچە، «سېڭتەننى (层檀尼)» دېگەن خەتنىڭ ئوقۇلۇشى «سېڭچى (僧祇)» (يەنى سېڭبا (层拔) ) دېگەن خەتنىڭكىگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخشۇناسلىرى ئومۇمەن سېڭتەن (层檀) دېگەنلىك سىڭبا (层拔)، يەنى سېڭچى (僧祇) دېگەنلىكتۇر، دەپ قارايدۇ. يېڭى تارىخىي ماتېرىيال تېپىلىشتىن بۇرۇن بۇنى جۇڭگوغا كەلگەن تۇنجى ئافرىقا ئەلچىسى دېيىشكە بولىدۇ. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، جۇڭگولۇق ئۇلۇغ سەيياھ ۋاڭ دايۈەن 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سېڭبا دۆلىتىگە بارغانىدى. يۈەنشىزۇ قۇبلاينىڭ ئەلچىلىرىمۇ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ماداغاسقار ئارىلىغا بارغانىدى. مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چېڭزۇ زامانىسىدا، جېڭ خېنىڭ كېمە ئەترىتى ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىرغاقلىرىغىچە بارغانىدى، ئۇنىڭ دېڭىز قاتنىشى خەرىتىسى جۇڭگو بويىچە تۇنجى قېتىم ئافرىقىغا كىرگەن دېڭىز خەرىتىسى ھېسابلىنىدۇ. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» دە يۇڭلېنىڭ 13 ـ يىلى (1415 ـ يىلى) مالىننىڭ ئەلچىلىرى جۇڭگوغا كېلىپ، شۇ يىلى ۋەتىنىگە قايتتى؛ يۇڭلېنىڭ 14 ـ يىلى 11 ـ ئايدا (1416 ـ يىلى) مۇقدىشۇ براۋا، مالىندى قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەتنىڭ ئەلچىلىرى جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىپ، ئات ۋە كەركىدان، پىل قاتارلىق يەرلىك ماللارنى سوۋغا قىلدى، دېيىلگەن. جېڭ خېنىڭ كېمە ئەترىتى غەربكە تۆتىنچى قېتىم سەپەر قىلىپ شەرقىي ئافرىقىدىكى مالىندى، مۇقدىشۇ، براۋاغا بارغانىدى. جېڭ خې غەربكە بەشىنچى قېتىم سەپەر قىلغاندا، 18 دۆلەتنىڭ ئەلچىلىرىنى ۋەتىنىگە قوغداپ ئاپىرىپ قويۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. جېڭ خېنىڭ تەرجىمىھالى»دا، يۇڭلېنىڭ «14 ـ يىلى (1416 ـ يىلى) قىش پەسلىدە مالاككا، گۇرى قاتارلىق 19 دۆلەتنىڭ ئەلچىلىرى

تارتۇقلارنى ھەدىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن پادىشاھ بىلەن خوشلاشتى، پەرمانغا بىنائەن جېڭ خې قاتارلىقلار ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سەپەرگە ئاتلاندى، جېڭ خېغا ئاتامان دېگەن نام بېرىلدى. 17 ـ يىلى (1419 ـ يىلى) جېڭ خې قايتىپ كەلدى» دېيىلگەن (نەنشەن ئىبادەتخانىسىدىكى ئابىدىدە بۇ قېتىملىق سەپەرگە چىققان ۋاقىت 1417 ـ يىلى دەپ يېزىلغان). «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» دە 19 دۆلەتنىڭ نامى كۆرسىتىلگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە شەرقىي ئافرىقىدىكى مۇقدىشۇ، براۋا، مالىندى دۆلەتلىرىنىڭ نامى بار، يەنە بىر دۆلەت نامىنىڭ تەرجىمىسى ئىككى خىل يېزىلىپ قالغاچقا، ئەمەلىيەتتە 18 دۆلەتنىڭ ئەلچىلىرى جۇڭگوغا كەلگەن. يۇڭلېنىڭ 18 ـ يىلى (1420 ـ يىلى) مالىندىنىڭ پادىشاھى ۋارىدونبېن خوتۇنى ۋە ئەلچىلىرىنى باشلاپ ئېلىمىزدە دوستانە زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، ئۇ فۇجوۇغا كەلگەندە ۋاپات بولغان، مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چېڭزۇ ئۇنىڭغا «ئەلگە ئاسايىشلىق بېغىشلىغۇچى پادىشاھ دەپ نام بېرىش، ئۇنى مىنىشيەن ناھىيەسىگە دەپنە قىلىش، يىلى توشقاندا نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى».

شەرقىي ئافرىقىدىن خۇش پۇراق ماتېرىياللار ۋە پىل چىشى كۆپ چىقىدۇ. تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە جۇڭگو ئېھتىياجلىق بولغان خۇشپۇراق ماتېرىياللار بىلەن پىل چىشى ئاساسەن شەرقىي ئافرىقىدىن كەلتۈرۈلەتتى. جۇڭگودىن شەرقىي ئافرىقىغا ئاساسلىق فارفور بۇيۇملار بىلەن يىپەك مال ئېلىپ بېرىلاتتى. تاڭ ۋە سۇڭ سۇلالىلىرىنىڭ پۇللىرىمۇ شەرقىي ئافرىقىغا ئۈزۈكسىز كىرگەنىدى. ھازىرقى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇ (摩加迪沙) («مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى مۇقدىشۇ (榾都束)، براۋا (布腊瓦) («مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى براۋا 不剌哇)، تانزانىيەنىڭ زانزىبار ئارىلى، مافىيە ئارىلى قاتارلىق جايلاردىن جۇڭگونىڭ پۇلى ۋە فارفور بۇيۇملىرى داۋاملىق بايقالماقتا. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ زور بايقاش 1945 ـ

www.uyghurkitap.com

يىلى زانزىباردىن جۇڭگونىڭ 176 دانە يارمىقى بايقالغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سەككىز يارماقنىڭ ۋاقتىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولمىغاندىن باشقا، قالغان يارماقلارنىڭ ھەممىسى تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرىنىڭ يارماقلىرى (7 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە) ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، شەرقىي ئافرىقىنىڭ ئادەن قولتۇقىدىن زانزىبارغىچە بولغان پۈتكۈل دېڭىز قىرغىقىدا جۇڭگو فارفور بۇيۇملىرىنىڭ پارچىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، ھەتتا رودېسسىيەدىكى ترانسۋالدىمۇ بۇنداق فارفور پارچىلىرى بار. تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ فارفور بۇيۇملار پارچىلىرىنىڭ سۇڭ سۇلالىسى ياكى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇ فارفور بۇيۇملار بىلەن يارماقلارنىڭ قانداق يوللار ئارقىلىق شەرقىي ۋە جەنۇبىي ئافرىقىغا بېرىپ قالغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ شۇ جايلاردىن تېپىلىشى جۇڭگو بىلەن شەرقىي ئافرىقا ۋە جەنۇبىي ئافرىقا ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقە تارىخىنىڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىلادىيەنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى مەشھۇر ماروئېي (ھازىرقى سۇدان دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررىتورىيەسى ئىچىدە) مەدەنىيىتىمۇ جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كەئېسار برىتانىيەگە يۈرۈش قىلغاندا، برىتانىيە يەنىلا ئىنتايىن قاقاسلىشىپ كەتكەن جاي ئىدى. ئەمما بۇ چاغدا ماروئېي ئافرىقىنىڭ تۆمۈر تاۋلاش مەركىزى ھېسابلىناتتى. جۇڭگو ماللىرى مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىلا قىزىل دېڭىز ۋە ئوتتۇرا دېڭىز ئەتراپلىرىغا توشۇپ كېلىنگەنىدى. ماروئېينىڭ خارابىلىكىدىن جۇڭگوچە داڭقان بايقالدى.

## 2. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ مۇناسىۋىتى

جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا قىتئەسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت

ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. نۇرغۇن ئالىملار قەدىمكى ئامېرىكا قىتئەسى مەدەنىيىتى بىلەن ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ، بولۇپمۇ جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ باغلىنىشى بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئارخېئولوگلار مېكسىكىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت مەركىزى تېئوتىۋاكان شەھىرىدىكى مەشھۇر قۇياش پىرامىداسىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن قېزىۋېلىنغان يېزىق ئويۇلغان بىر تاش پارچىسىدىكى خەتلەرنىڭ جۇڭگوچە تەسۋىرىي يېزىققا ئوخشايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىكى «قۇياش» (日)، «ئاي» (月)، «شەھەر» (市) دېگەن خەتلەرنى ئېنىق تونۇغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. پېرۇدىمۇ « ئىلاھ ـ يىل ئىلاھى» (太岁) دېگەن خەت ئويۇلغان قەدىمكى ئابىدە بايقالغان. ئېكۋاتوردىمۇ خەن سۇلالىسىنىڭ ۋاڭ ماڭ دەۋرىدىكى پۇلى تېپىلغان. ھەرخىل پاكىتلار قەدىمكى زاماندا جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئالاقىسى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئەگەر يۇقىرىدا بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئىلمىي باھالاشتىن ئۆتكۈزۈلگەن ئارخېئولوگىيەلىك يىل دەۋرى تازا يېتەرلىك ئەمەس دېيىلسە، ئۇ ھالدا ئېلىمىزنىڭ جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشىڭ ناھىيەسىدىكى چيەنشەنياڭ خارابىلىكى بىلەن جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ شيۇشۈي ناھىيەسىدىكى پاۋمالىڭ خارابىلىكىدىن تېپىلغان ئالتە تال يەر ياڭاقى مېغىزىنى كاربون 14 بىلەن ئۆلچەش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ 4000 يىلنىڭ ئالدىدىكى مېغىز ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتلىنىشى پۈتۈن دۇنيانىڭ تېخىمۇ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. ھەممىمىزگە ئايان، ئېلىمىزدە ياۋايى يەر ياڭاقى بايقالمىغانىدى، يەر ياڭاقىنىڭ مەنبەسى جۇڭگو ئىكەنلىكىگە دائىر دەلىل ـ ئىسپاتلارمۇ يوق، ۋاھالەنكى بۇ ئالتە تال مېغىز ئەسلىدە بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇن جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بولىۋىيەدە ئۆستۈرۈلگەن يەر ياڭاقىنىڭ مېغىزى بولۇپ، ئېلىمىز بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى ئالاقىسىنىڭ مۇھىم ماددىي

ئىسپاتى سۈپىتىدە ھەقىقەتەن خېلىلا قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە.

ئېلىمىزنىڭ ھۆججەت - ماتېرىياللىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ سودا ئالاقىسى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى يىللىرىدىن، يەنى لاتىن ئامېرىكىسى ئىسپانىيە، پورتۇگالىيەلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان دەسلەپكى مەزگىللەردە باشلانغان بولۇپ، ئۇ ھازىرغىچە 400 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئامېرىكا، ئىسپانىيە ۋە پېرۇدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتكە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن جاڭ يىنخېڭنىڭ «ئۈچ قىتئە خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە، ئېلىمىز بىلەن لاتىن ئامېرىكىسى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسى «ۋەنلىنىڭ 3 - يىلى، يەنى غەرب كالېندارى بويىچە 1575 - يىلى» باشلانغان، «مېكسىكا جۇڭگو بىلەن سودا قىلغان بولۇپ، يىلدا بىرنەچچە كېمە بىلەن جۇڭگونىڭ يىپەك، سىر قاتارلىق ماللىرىنى تىنچ ئوكياندىكى ئاكاپۇلكوغا ئاپىرىپ ساتاتتى، كېيىن بۇ ماللار ئىسپانىيەنىڭ ھەرقايسى ئاراللىرى (ئىسپانىيەگە قاراشلىق مۇستەملىكىلەرنى كۆرسىتىدۇ) توشۇلاتتى» دەپ خاتىرىلىگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئىسپانىيە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كەڭ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقى ھەمدە 1565 - يىلى فىلىپپىننى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «تەھقىقلەش بۇيرۇقى» نى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن، شەرقىي جەنۇب دېڭىز ياقىسىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردە سودا، قول ھۈنەرۋەنچىلىك كۈندىن - كۈنگە گۈللەندى، فىلىپپىن ۋە باشقا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى بىلەن قىلىنىدىغان سودىمۇ كۈنسېرى روناق تاپتى. مۇستەملىكىلەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان ئىسپانىيە 16 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، «باھا ئىنقىلابى»نىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى

يامانلىشىپ، لاتىن ئامېرىكىسى ۋە فىلىپپىندىكى مۇستەملىكە زېمىنلىرىنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا بولغان جىددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆمىدىنى جۇڭگو بىلەن قىلىدىغان سودىغا باغلىدى، «مانىلا كېمىسى» (لاتىن ئامېرىكىسىدىكىلەر «جۇڭگو كېمىسى» دەپ ئاتايدۇ) دىن ئىبارەت سودا تۈزۈلمىسى ئارقىلىق لاتىن ئامېرىكىسىغا جۇڭگونىڭ تاۋارلىرىنى ساتتى ھەمدە قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ سېتىشتىن كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك پايدىغا ئېرىشتى. 1572 ـ يىلى جۇڭگونىڭ ئۈچ سودا كېمىسى مانىلا پورتىغا كىردى ھەمدە يەنە بەش كېمىسى فىلىپپىننىڭ جەنۇبىدىكى ئاراللارغا باردى، 1587 ـ يىلىغا كەلگەندە جۇڭگونىڭ چوڭ تىپلىق 30 سودا كېمىسى مانىلا پورتىغا كىردى. مانىلادىكى سودا تازا گۈللەنگەن يىللاردا، جۇڭگونىڭ ھەر يىلى 20 — 60 سودا كېمىسى مانىلاغا باراتتى، سودا سوممىسى 300 — 400 مىڭ پېسودىن كەم بولمايتتى، بەزى يىللىرى ھەتتا 1 مىليون پېسودىن ئېشىپ كېتەتتى.

مانىلادىكى يەلكەنلىك كېمە سودىسىدا سېتىۋېلىنغان جۇڭگونىڭ يىپەك ماللىرىنى ئاساس قىلغان ماللار مېكسىكىنىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىدىكى ئاكاپۇلكو پورتىغا توشۇلاتتى، بۇ يەردىكى بازاردىن سودىگەرلەر مال سېتىۋالغاندىن كېيىن، ماللىرىنى خېچىرلىرىغا ئارتىپ مېكسىكا شەھىرىگە ياكى مېكسىكىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە ئاپىرىپ ساتاتتى. بۇ ماللارنىڭ بىر قىسمى مېكسىكىنىڭ شەرقىدىكى ۋېراكرۇز پورتىغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، كېمىلەرگە قاچىلىنىپ كارىب دېڭىزىدىكى ئاراللارغا ياكى ئاتلانتىك ئوكياننىڭ نېرىسىدىكى ئىسپانىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ئاپىرىپ سېتىلاتتى. يەنە بىر قىسىم مال مېكسىكا شەھىرىدىن ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىگە سېتىلاتتى. 1581 ـ يىلىدىن 1582 ـ يىلىغىچە، ئەينى چاغدا كۈمۈش بايلىقى مول بولغان پېرونىڭ باش ۋالىيسى

www.uyghurkitap.com

تەۋەلىكىدىكى رايونلار فىلىپپىنغا كېمە ئەۋەتىپ بىۋاستە سودا قىلماقچى بولغاندا، ئىسپانىيە خان جەمەتى چەكلەش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن، پېرۇ سودىگەرلىرى نائىلاج ئاكاپۇلكودىكى بازاردىن جۇڭگو ماللىرىنى سېتىۋېلىپ، پېرۇغا ئەكېلىپ، كۆپ قىسمىنى ئۆزلىرى ساتقان، بىر قىسمىنى ئارگېنتىنا، پاراگۋاي ۋە ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىدىكى ھەرقايسى جايلارغا ئاپىرىپ ساتقان.

جۇڭگو ئاپىرىپ ساتقان تاۋارلارنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقلىرى: مىس بۇيۇملار، تۆمۈر قورال - جابدۇقلار، فارفور قاچا - قۇچىلار، ساپال بۇيۇملار، يىپەك، ئۈنچە - مارجان، سىماب، پوروخ، مۇچ، قەلەمپۇر، دارچىن، زەرنىخ، شېكەر، شام، تۆمۈر، قەلەي، مىس، شايى، يىپەك توقۇلما، ئۇن، گۈرۈچ ئۇنى، تۈرلۈك ھۆل ۋە قۇرۇق مېۋە، ھەتتا چارۋا، ئۆي قۇشلىرى، قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يىپەك ماللار بەك داڭلىق ئىدى. جۇڭگو يىپەك ماللىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نەپىس توقۇلغان ھىلھىلە شايى، گىرىپتىشىن، كەشتىلىك يىپەك، مامۇق، سەتىن، گۈللۈك سەتىن، يىپەك - يۇڭ ئارىلاش توقۇلمىلار، زەرىپتا نەپىس نەقىش ئىشلەنگەن كۆپتۈرمە گۈللۈك كىمخاب قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇلاردىن باشقا، يەنە تەييار يىپەك ماللار، ئالايلۇق، پايپاق، پلاش، كۆڭلەك، مامۇق چاپان، تون، ئۇخلاش كىيىمى، چايشاپ، گۈللۈك ئەدىيال، داستىخان، قولياغلىق ۋە چېركاۋ موناخلىرى ئىبادەت قىلغاندا كىيىدىغان مۇراسىم كىيىمى قاتارلىقلار بار ئىدى. 16 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، مېكسىكىدا 14 مىڭ كىشى يىپەك مال ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ خام ئەشيا - ماتېرىياللىرىنىڭ كۆپىنچىسى جۇڭگونىڭ خاڭجۇ ۋە گۇاڭجۇلاردىن كەلتۈرۈلەتتى. جۇڭگونىڭ فارفور بۇيۇملىرى بىلەن پاختا توقۇلمىلىرى ئامېرىكا قىتئەسى خەلقلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. فارفور بۇيۇملار

ئۆيلەرنىڭ بېزەك بۇيۇمى ۋە ئۆزئارا سوۋغا ھەدىيە قىلىنىدىغان قىممەتلىك سوۋغا بۇيۇمى بولۇپ قالغانىدى. دېمەك، جۇڭگونىڭ تۈرلۈك ماللىرى ئامېرىكا قىتئەسى خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى.

سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگولۇق نۇرغۇن سودىگەرلەر ۋە دېڭىزچىلار يەلكەنلىك چوڭ كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ مېكسىكىغا كەلدى، ئۇلار كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، يەرلىك ئاياللارغا ئۆيلەندى ھەمدە ئىسپانىيەچە ئىسىم ـ فامىلە ئىشلەتتى. 16 ـ ئەسىردە مېكسىكا شەھىرىدە «جۇڭگولۇقلار كوچىسى» بىنا قىلىندى، جۇڭگولۇق ئاھالىلەر ئىچىدە توقۇمىچىلىق، كېمىسازلىق، دوختۇرلۇق، كىيىم تىكىش، ياغاچچىلىق، زەرگەرچىلىك، تۆمۈرچىلىك، ساتىراشلىق قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر بار ئىدى. 1635 ـ يىلى، مېكسىكا شەھىرىدىكى يەرلىك ساتىراشلار يەرلىك ھۆكۈمەتكە جۇڭگولۇق ساتىراشلارنىڭ رىقابىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ مۇراجىئەتنامە سۇندى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگولۇق ساتىراشلار مېكسىكا شەھىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى.

ئېلىمىز بىلەن لاتىن ئامېرىكىسى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسىدە، لاتىن ئامېرىكىسى ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىغا ئاساسلىق كۆپلەپ كۈمۈش تەڭگە چىقىم قىلىش ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىپ، ئېلىمىزدىكى تاۋار ـ پۇل مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىسپانىيە مېكسىكا شەھىرىدە قۇيغان ئەۋلىيانىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كۈمۈش تەڭگە 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئېلىمىزنىڭ گۇاڭجۇغا كىرىشكە باشلىدى.. «جىياچىڭ يىللىرى شەرقىي قەسىردە ساقلانغان خاتىرىلەر» ناملىق ئەسەردىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئېلىمىزگە ھەر يىلى كىرىدىغان كۈمۈش تەڭگە 4 ـــ 5 مىليون يۈەنگە يەتكەن. مېكسىكا مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن قۇيغان بۈركۈتنىڭ باش سۈرىتى

چۈشۈرۈلگەن كۈمۈش تەڭگە 1854 ـ يىلدىن بۇيان ئېلىمىزگە تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كىرىشكە باشلىدى، 1911 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئومۇمىي سانى تۆت ـ بەش يۈز مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. بۇ ئىككى خىل چەت ئەل پۇلى ئېلىمىزنىڭ پۇل ئوبوروت ساھەسىدە مۇھىم رول ئويناپ، ئېلىمىزنىڭ كۈمۈشنى پۇل ئورنىدا سەرلەپ ئىشلىتىش تۈزۈمىنى كۈمۈش تەڭگە ئىشلىتىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتىغا بىۋاسىتە تۈرتكە بولدى.

لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىندىئانلار ئۆستۈرگەن نۇرغۇن زىرائەتلەر، ئالايلۇق، كومىمىقوناق، بەرەڭگە، شوخلا، كۆك ۋە قىزىل مۇچ، ئاناناس، كاۋا ۋە تاماكا قاتارلىقلارمۇ تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئېلىمىزگە تارقالدى. جۇڭگودا تاماكا ئۆستۈرۈش ۋە تاماكا چېكىش ئادىتى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى يىللىرىدا فىلىپپىننىڭ لۇزۇن دېگەن يېرىدىن جۇڭگوغا كىردى. لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ تاماكىسىنى ئۆستۈرۈش جۇڭگودا ئومۇملاشقانلىقتىن، تاماكا چېكىشمۇ كېڭەيدى.

سودا ئالاقىسىنىڭ كۆپىيىش جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا قىتئەسى خەلقىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس يارىتىپ بەردى.

# چوڭ ئىشلار يىلنامىسى

( مىلادىيە يىلى )

226 ــ 641 ئىران ساسانىيلار خاندانلىقى دەۋرى.
317 ــ 420 جۇڭگو شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرى.
320 ــ 570 ھىندىستان گۇپتا خاندانلىقى دەۋرى. (بەزىلەر 520 ـ يىلى ياكى 540 ـ يىلى مۇنقەرز بولغان دەيدۇ).
375 ــ 413 ھىندىستان ۋىكرامادتىيا پادىشاھى.
376 ــ غەربىي گوتلار دوناي دەرياسىدىن ئۆتكەن، گېرمان مىللىتىنىڭ زور كۆلەملىك كۆچۈشى باشلانغان.
386 ــ 581 جۇڭگو شىمالىي سۇلالىلىرى دەۋرى.
395 ــ رىم ئىمپېرىيەسى شەرقىي رىم ۋە غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن.
399 ــ 412 فاشيەن غەربكە سەپەر قىلغان.
410 ــ غەربىي گوتلار رىم شەھىرىنى ئىشغال قىلغان.
419 ــ 714 غەربىي گوت پادىشاھلىقى دەۋرى.
420 ــ 589 جۇڭگو جەنۇبىي سۇلالىلىرى دەۋرى.
439 ــ 534 ۋاندال پادىشاھلىقى دەۋرى.
455 ــ ۋانداللار رىم شەھىرىنى تالان ـ تاراج قىلغان.
457 ــ 534 بورگۇندى پادىشاھلىقى دەۋرى.
476 ــ غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى مۇنقەرز بولغان.
476 ــ 493 ئىتالىيە ئودوياك دۆلىتى دەۋرى.
481 ــ 511 فرانك پادىشاھى كلوۋىس.
481 ــ 751 فرانك مېروۋىڭ خاندانلىقى دەۋرى.

www.uyghurkitap.com

486 ــ سوئىسسون جېڭى.

491 ــ 529 ئىراندىكى مەزدەك قوزغىلىڭى.

493 ــ 555 شەرقىي گوت پادىشاھلىقى دەۋرى.

496 ــ كلوۋىس رىم كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلغان.

529 ــ 565 ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى يۇستىنىئان I .

529 ــ 534 ۋىزانتىيەدە «ھەق تەلەپ قانۇنى قامۇسى» تۈزۈلگەن.

531 ــ 579 ئىران پادىشاھى خۇسراۋ I .

532 ــ ۋىزانتىيەدىكى نىكا قوزغىلىڭى.

552 ــ جۇڭگونىڭ پىلە بېقىش، مەشۇت تارتىش تېخنىكىسى ۋىزانتىيەگە كىرگەن.

563 ــ 568 تۈركلەر ئېفتالىتلارنى مۇنقەرز قىلغان.

568 ــ لومباردلار شىمالىي ئىتالىيەنى ئىستېلا قىلغان، گېرمانلارنىڭ كۆچۈشى ئاساسەن ئاخىرلاشقان.

570 ــ 632 ئىسلام دىنىنىڭ بەرپاچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام.

572 ــ 628 ئىران يەمەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

579 ــ فرانك رىموژ خەلقى قوزغىلىڭى.

581 ــ 618 جۇڭگو سۈي سۇلالىسى دەۋرى.

587 ــ ياپونىيە سوگا جەمەتى موتسۇبې جەمەتىنى ھالاك قىلغان.

590 ــ 604 پاپا گرېگورى I .

593 ــ 621 ياپونىيە شاھزادىسى شوتوكۇ نائىبلىق قىلغان

596 ــ رىم كاتولىك دىنى برىتانىيەگە كىرگەن.

602 ــ ۋىزانتىيەدىكى فوگاس قوزغىلىڭى.

604 ــ ياپونىيە شاھزادىسى شوتوكۇ 17 ماددىلىق «ئاساسىي قانۇن» ئېلان قىلغان.

604 ــ 628 ۋىزانتىيە ـ ئىران ئۇرۇشى.

606 ــ 647 ھىندىستان پادىشاھى راجەپوترا سىلادىتىيا.

610 ــ 695 ۋىزانتىيە ھېراكلىئو خانىدانلىقى دەۋرى.
611 ــ جۇڭگودا سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن.
618 ــ 907 جۇڭگو تاڭ سۇلالىسى دەۋرى.
622 ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن يەترىپ (مەدىنە)گە ھىجرەت قىلغان.
623 ــ 658 چېخ سامو كىنەزلىكى دەۋرى.
627 ــ 645 شۈەنزاڭ غەربكە سەپەر قىلغان.
630 ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىنى ئىشغال قىلغان.
630 ــ 894 ياپونىيە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تاڭ سۇلالىسىگە 16 قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن.
632 ــ 661 ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى تۆت خەلىپە دەۋرى.
637 ــ 651 ئەرەبلەر ئىراننى ئىستېلا قىلغان.
642 ــ ئەرەبلەر مىسىرنى ئىشغال قىلغان، نىخاۋىن جېڭى.
645 ــ 654 ياپونىيە ساماۋى پادىشاھى تاكائاكى.
646 ــ ياپونىيەدە تايكا ئىسلاھاتى باشلانغان.
657 ــ تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرنى مۇنقەرز قىلغان.
661 ــ 750 ئەرەب ئۇمەۋىيلەر خانىدانلىقى دەۋرى.
663 ــ بەيسوڭجياڭ جېڭى (تاڭ سۇلالىسى بىلەن سىللانىڭ بىرلەشمە قوشۇنى پېكچى بىلەن ياپونىيەنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان).
668 ــ كوگۇريۇ مۇنقەرز بولغان.
676 ــ سىللا چاۋشيەننى بىرلىككە كەلتۈرگەن.
679 ــ 1018 ـ 1 بۇلغارىيە پادىشاھلىقى دەۋرى.
687 ــ فرانك پادىشاھلىقىنىڭ ئوردا ئىشلىرى ۋەزىرى خرىستال پېپىن فرانك ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغان.
7 ـ ئەسىر جۇڭگودا پوروخ كەشىپ قىلىنغان.
7 ــ 13 ـ ئەسىرلەر ھىندونېزىيە سىرىۋىجايا دۆلىتى.

710 ـــ 794 ياپونىيەنىڭ نارا دەۋرى.
711 ـــ ئەرەبلەر شەرقتە ھىندىستانغا، غەربتە ئىسپانىيەگە تاجاۋۇز قىلغان.
715 ـــ 741 فرانك ئوردا ئىشلىرى ۋەزىرى چارلېز مارتېل.
718 ـــ ئىسپانىيەدە ئاستۇرىيە خاندانلىقى قۇرۇلغان.
722 ـــ سىللادا نوپۇس تېرىلغۇ يېرى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان.
732 ـــ پوئىتىئېرس جېڭى (فرانكلار ئەرەبلەرنى مەغلۇپ قىلغان).
739 ـــ ۋىزانتىيەدە دېھقانچىلىق قانۇنى ئېلان قىلىنغان.
741 ـــ 768 فرانك پەتەك پېپىن.
747 ـــ 750 ئەرەب مۇسلىم قوزغىلىڭى.
750 ـــ 1222 ھىندونېزىيە سەيلېندرا سۇلالىسى دەۋرى.
750 ـــ 1258 ئەرەب ئابباسىيلار خاندانلىقى دەۋرى.
751 ـــ تالاس جېڭى، قەغەز ياساش تېخنىكىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق غەربكە تارقالغان.
751 ـــ 762 دۇ خۇەن ئەرەبىستانغا ساياھەت قىلىپ بارغان.
751 ـــ 987 فرانك كارولىن خاندانلىقى دەۋرى.
754 ـــ 763 جيەن جېن ياپونىيەگە بېرىپ، نارادا ۋاپات بولغان.
756 ـــ كوردوۋانىڭ ئەرەب باش ۋالىيسى ئابدۇراھمان I مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، كېيىنكى ئۇمەۋىيلەر خاندانلىقى («ئاق يەكتەكلىكلەر» دېيىلىدۇ) نى قۇرغان.
762 ـــ ئەرەب ئىمپېرىيەسى ئابباسىيلار خاندانلىقى باغدادنى پايتەخت قىلىپ بېكىتكەن («قارا يەكتەكلىكلەر» دېيىلىدۇ).
768 ـــ 814 ئىمپېراتور كارلوس ماگنۇس.
772 ـــ 804 كارلوس ماگنۇسنىڭ ساكسېنلارنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشى.

776 ــ 783 بۇخارادىكى مۇقەننا (نىقابلىقلار) قوزغىلىڭى.
794 ــ 1192 ياپونىيەنىڭ خېيئان (ئەمىنلىك) دەۋرى.
800 ــ فرانك چارلېز ئىمپېراتورلۇق تاجىنى كىيگەن.
800 ــ 847 مۇھەممەد ئىبنى مۇسا.
800 ــ 909 شىمالىي ئافرىقا ئەغرەب خانىدانلىقى (تۇنىس) دەۋرى.
802 ــ 1431 كامبودژا ئاڭكور سۇلالىسى دەۋرى.
816 ــ 837 ئەزەربەيجاندىكى بابەك قوزغىلىڭى.
818 ــ 906 بۈيۈك موراۋىيە دۆلىتى دەۋرى.
821 ــ 823 ۋىزانتىيەدىكى دوما قوزغىلىڭى (كىچىك ئاسىيا).
829 ــ ئانگلو ـ ساكسونلار ئېنگلاندنى بىرلىككە كەلتۈرگەن.
841 ــ 842 ساكسونىيەدىكى سېتللىنگا قوزغىلىڭى.
843 ــ «ۋېردون شەرتنامىسى» ئىمزالانغان، كارلوس ماگنۇس ئىمپېرىيەسى پارچىلانغان.
847 ــ غەربىي فرانك پادىشاھى چارلېز «مېرسىن پەرمانى»نى ئېلان قىلغان.
858 ــ 1086 ياپونىيەدە فۇجىۋارا جەمەتى «نائىب بەگ» بولۇپ، نائىبلىق قىلىش، كامپاكۇ ھوقۇق تۇتۇش دەۋرى باشلانغان.
862 ــ ۋاللاخىيەلىك رورىك نوۋگورود كىنەزى بولغان.
865 ــ بۇلغارىيە كىنەزى بورس خىرىستىيان دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىشقا قوشۇلغان.
867 ــ 1054 ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى ماكېدونىيە خاندانلىقى دەۋرى.
869 ــ 883 ئەرەب ئىمپېرىيەسىدىكى نېگىر قۇللار قوزغىلىڭى.
874 ــ 884 جۇڭگودىكى خۇاڭچاۋ قوزغىلىڭى.

877 ــ غەربىي فرانك پادىشاھى «كرېسسى پەرمانى» نى ئېلان قىلغان.
882 ــ ئولېگ كىيېۋنى ئىشغال قىلغان.
883 ــ سىللادىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى.
891 ــ 903 سىلالىق لياڭ جى رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى.
891 ــ 906 ئەرەب ئىمپېرىيەسىدىكى كارماتچىلار قوزغىلىڭى.
892 ــ سىللادىكى جېن شۈەن قوزغىلىڭى.
900 ــ كىيېۋدىكى پېكچى دۆلىتى قۇرۇلغان.
906 ــ چېخ (بوخېمىيە) مۇستەقىل بولغان.
907 ــ 960 جۇڭگونىڭ بەش (سۇلالە) دەۋرى.
909 ــ 1171 شىمالىي ئافرىقا فاتىمىيلار خانىدانلىقى (يېشىل يەكتەكلىكلەر) دەۋرى.
910 ــ ئاستۇرىياس پادىشاھلىقى نامىنى لېئون پادىشاھلىقىغا ئۆزگەرتكەن.
918 ــ 1392 كورىيە ۋاڭ جەمەتى سۇلالىسى دەۋرى.
919 ــ 1024 گېرمانىيە ساكسېن خانىدانلىقى دەۋرى.
925 ــ سىمېئون ئۆزىنى «بولغارىيەلىكلەر بىلەن يۇنانلىقلارنىڭ پادىشاھى» دەپ جاكارلىغان.
929 ــ 1031 ئەرەبلەرنىڭ ئىسپانىيەدىكى ئۇمەۋىيەلەر خانىدانلىقى دەۋرى.
936 ــ كورىيە چاۋشيەننى بىرلىككە كەلتۈرگەن.
939 ــ ۋېيتنام مۇستەقىل بولغان.
950 ــ 951 ئوتتو I ئىتالىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ، لومباردىيەنى ئىشغال قىلغان.
960 ــ 1127 جۇڭگو شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى.
960 ــ 1370 پولشا پىياست خانىدانلىقى دەۋرى.
962 ــ ئوتتو I گېرمانىيەدە ئىمپېراتورلۇق تاجىنى

كېيگەن، 12 ـ ئەسىردىن باشلاپ «گېرمانىيە مىللىتى مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسى» دەپ ئاتالغان).
962 ــ 1186 ئافغانىستاندىكى غەزنەۋىيلەر خانىدانلىقى دەۋرى.
968 ــ 979 ۋېيتنامدىكى دىڭ قەبىلىسىنىڭ سەردارى داجۇيۈ دۆلىتىنى قۇرغان.
976 ــ كورىيەدە تېرىلغۇ يەر ـ ئورمان، مەرتىۋە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان.
980 ــ 1009 ۋېيتنام ئالدىنقى لى سۇلالىسى دەۋرى.
980 ــ 1037 ئىبنى سىنا (ئاۋسېننا).
987 ــ 1328 فىرانسىيە كاپېت خانىدانلىقى.
988 ــ كىيېۋرۇس پراۋۇسلاۋىيە دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ بېكىتكەن.
993 ــ 995 جۇڭگودىكى ۋاڭ شىيابو، لى شۇن قوزغىلىڭى.
996 ــ 1306 چېخ پشېمىس خانىدانلىقى دەۋرى.
997 ــ فىرانسىيەدىكى نورماندىيە دېھقانلىرى قوزغىلىڭى
997 ــ 1038 ۋېنگىرىيە پادىشاھى ستېفېن I .
998 ــ 1030 غەزنەۋىيلەر خانىدانلىقىنىڭ سۇلتانى مەھمۇد.
1001 ــ 1026 غەزنەۋىيلەر خانىدانلىقىنىڭ سۇلتانى مەھمۇد ھىندىستاننى ئىستېلا قىلغان.
1006 ــ سىرىۋىجايا دۆلىتى ماتارامىنىڭ پايتەختىنى ئىشغال قىلغان.
1010 ــ 1225 ۋېيتنام لى سۇلالىسى دەۋرى.
1017 ــ 1042 كانيۇت ئىمپېرىيەسى دەۋرى.
1024 ــ فىرانسىيەدىكى برىتاگې دېھقانلىرى قوزغىلىڭى.
1024 ــ 1125 گېرمانىيە فرانكونىيە خانىدانلىقى دەۋرى.
1025 ــ پولشا مۇستەقىل پادىشاھلىققا ئايلانغان.

www.uyghurkitap.com

1040 — 1041 سېربىيە ۋە بۇلغارىيە دېھقانلىرى قوزغىلىڭى.

تەخمىنەن 1041 — جۇڭگولۇق بى شېڭ ھەرپلىك مەتبەئەنى كەشىپ قىلغان.

1044 — 1287 بىرما پاگان خاندانلىقى دەۋرى.

1044 — 1047 بىرما پادىشاھى ئاناۋراختا.

1054 — شەرق ۋە غەرب خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتى ئاخىر بۆلۈنۈپ كەتكەن.

1055 — سەلجۇق تۈركلىرى ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى باغدادنى ئىشغال قىلغان.

1056 — 1106 گېرمانىيە ئىمپېراتورى ھېنرى IV.

1066 — نورماندىيەلىك ۋىللىيام ئەنگلىيەنى ئىستېلا قىلغان، خاستىڭ جېڭى.

1066 — 1154 ئەنگلىيە نورماندىيە خاندانلىقى دەۋرى.

1068 — كىيېۋ خەلق قوزغىلىڭى.

1069 — پولشا كىيېۋنى ئىشغال قىلغان.

1072 — 1092 سەلجۇق تۈركلىرىنىڭ سۇلتانى مالىك.

1073 — 1075 گېرمانىيە ساكسېن قوزغىلىڭى.

1073 — 1085 پاپا گرېگورى VII.

1077 — «كانوسساغا بېرىش».

1078 — سەلجۇق تۈركلىرى ئېرۇسالېمنى ئىشغال قىلغان.

1081 — 1185 ۋىزانتىيە كومنېن خاندانلىقى دەۋرى.

1086 — ئەنگلىيە پادىشاھى ۋىللىيام I يەر ۋە نوپۇسنى تەكشۈرۈپ، «يەر بېجى قوللانمىسى» («قىيامەتلىك ھۆكۈمنامە» دېيىلىدۇ)نى تۈزگەن.

1087 — 1192 ياپونىيەنىڭ مەھكىمە ھاكىمىيىتى دەۋرى.

1088 — 1095 جۇڭگولۇق شېن كو كومپاسنى قۇراشتۇرۇشنىڭ تۆت خىل ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلغان، يەر ماگنىتىنىڭ ئېغىش بۇلۇڭىنى بايقىغان.

1088 ـــ 1099 پاپا ئۇربان II .
1095 ـــ كلېرمون دىن يىغىنى.
1096 ـــ 1099 ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە بىرىنچى قېتىم تاجاۋۇز قىلىشى.
1099 ـــ ئەھلىسەلىپ ئېرۇسالېمنى ئىشغال قىلغان.
1108 ـــ فىرانسىيەدىكى لائون شەھىرى ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن كۆرەش قىلغان.
1113 ـــ غەربىي ئاسىيا خەلقى ئەھلىسەلىپكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن.
1120 ـــ 1122 جۇڭگودىكى سۇڭجياڭ، فاڭلالارنىڭ قوزغىلىڭى.
1122 ـــ ۋورمىس دىن يىغىنى.
1127 ـــ جۇڭگودا جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان.
1137 ـــ ئاراگون پادىشاھلىقى كاتالونىيەنى قوشۇۋالغان.
1138 ـــ 1193 مىسىر ئەييۇبىيلار خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى سالاھىددىن.
1143 ـــ پورتۇگالىيە مۇستەقىل پادىشاھلىققا ئايلانغان.
1145 ـــ كورىيەلىك جىن فۇشى تۈزگەن «ئۈچ پادىشاھلىق تارىخى» نەشردىن چىققان.
1147 ـــ موسكۋا شەھىرى قۇرۇلغان.
1147 ـــ 1149 ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە ئىككىنچى قېتىم تاجاۋۇز قىلىشى.
1147 ـــ 1269 شىمالىي ئافرىقا ئالموخاد خاندانلىقى دەۋرى.
1152 ـــ 1190 گېرمانىيە ئىمپېراتورى قىزىل ساقال فرېدرىخ I .
1154 ـــ 1189 ئەنگلىيە پادىشاھى ھېنرى II .
1154 ـــ 1399 ئەنگلىيە قاراغان (ئانجۇ خاندانلىقى) خاندانلىقى دەۋرى.

www.uyghurkitap.com

1158 — پولىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغان.

1162 — 1227 تېمۇرچىن (چىڭگىزخان).

1167 — ئىتالىيەدە لومباردى ئىتتىپاقى بارلىققا كەلگەن.

1168 — ئەنگلىيە ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغان.

1171 — 1250 ئەييۇبىيلار خانىدانلىقى دەۋرى.

1174 — فرېدرىخ ئىتالىيەگە يۇرۇش قىلغان.

1176 — 1177 كورىيەدىكى ۋاڭ يى، ۋاڭ سويى رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى.

1179 — رۇتلاند دىن يىغىنى.

1180 — 1223 فىرانسىيە پادىشاھى فىلىپ Ⅱ.

1187 — 1396 2. بۇلغارىيە پادىشاھلىقى.

1187 — مىسىر ئەييۇبىيلار خانىدانلىقىنىڭ سۇلتانى سالاھىددىن ئېرۇسالېمنى قايتۇرۇۋالغان.

1189 — 1193 ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە ئۈچىنچى قېتىم تاجاۋۇز قىلىشى.

1190 — ۋىزانتىيە سېربىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلغان.

1192 — 1333 ياپونىيە كاماكۇرا باكۇفۇ (شوگۇنلۇقى) لۇقى دەۋرى.

1198 — 1216 پاپا ئىننوسېن Ⅲ.

1200 — پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغان.

1200 — 1646 غەربىي ئافرىقا مالى پادىشاھلىقى دەۋرى.

1202 — مۇقەددەس شەمشەر رىتسارلار پولكى قۇرۇلغان.

1202 — 1204 ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە تۆتىنچى قېتىم تاجاۋۇز قىلىشى.

1204 — 1261 لاتىن ئىمپېرىيەسى دەۋرى.

1206 — 1526 ھىندىستان دېھلى سۇلتانلىقى دەۋرى.

1206 — 1290 ھىندىستان دېھلى سۇلتانلىقىنىڭ قۇللۇق تۈزۈم دەۋرى.

1206 ـــ تېمۇرچىن قاغان (چىڭگىزخان دەپ ئاتالغان).
1209 ـــ كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغان.
1209 ـــ 1244 فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدا ئالبىچىلار ئۇرۇشى يۈز بەرگەن.
1214 ـــ لاسناۋاس ـ دېتوروسا جېڭى.
1214 ـــ 1294 روگېر باكون.
1215 ـــ ئەنگلىيە پادىشاھى «بۈيۈك ئاساسىي نىزام» نى ئەستىقلاپ ئىمزاسىنى قويغان.
1218 ـــ 1221 موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلغان.
1220 ـــ سېربىيەدە ستىفېن پادىشاھ بولغان.
1221 ـــ ياپونىيەدە يوتېكو رانشو توپىلىڭى يۈز بەرگەن.
1224 ـــ ئىتالىيەدە ناپلېس ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغان.
1225 ـــ 1274 ئىتالىيەلىك سكولاستىك پەيلاسوپ (مەدرىسە پەيلاسوپى) توماس ئاكۇنا.
1225 ـــ 1400 ۋېيتنام چېن سۇلالىسى دەۋرى.
1226 ـــ 1270 فىرانسىيە پادىشاھى لوئى Ⅸ.
1230 ـــ 1237 تىئۇدون رىتسارلار پولكى پرۇسسىيەنى بېسىۋالغان.
1230 ـــ لېئون پادىشاھلىقى بىلەن كاستېل پادىشاھلىقى بىرلەشكەن.
1231 ـــ موڭغۇللار كورىيەگە تاجاۋۇز قىلغان.
1232 ـــ ياپونىيە باكۇفۇ (شوگونلۇقى) لۇقى 51 ماددىلىق «جوئېئى نىزامى» نى تۈزگەن.
1236 ـــ 1242 باتۇخاننىڭ ئىككىنچى قېتىم غەربكە يۈرۈش قىلىشى.
1238 ـــ 1377 تايلاند سۇكۇتاي سۇلالىسى دەۋرى.
1240 ـــ باتۇخان كىيېۋنى ئىشغال قىلغان.
1242 ـــ «مۇز ئۈستىدىكى شىددەتلىك جەڭ» (نوۋگورود

گېرمانىيە رىتسارلىرىنى مەغلۇپ قىلغان).
1242 ــ 1480 قىپچاق خانلىقى (ئالتۇن ئوردا خانلىقىمۇ دېيىلىدۇ) دەۋرى.
1250 ــ 1517 مىسىر مەملۇكىيلەر خاندانلىقى دەۋرى.
1251 ــ فىرانسىيە «پادىچىلار» قوزغىلىڭى.
1253 ــ 1258 ھىلاكونىڭ غەربكە ئۈچىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىشى.
1258 ــ موڭغۇللار باغدادنى ئىشغال قىلغان، ئابباسىيلار خاندانلىقى مۇنقەرز بولغان، ئەنگلىيەدە «ئوكسفورت نىزامى» ئېلان قىلىنغان.
1260 ــ ئايىنزاروُت جېڭى (مىسىر موڭغۇللارنى مەغلۇپ قىلغان).
1261 ــ ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، لاتىن ئىمپېرىيەسى ھالاك بولغان.
1265 ــ ئەنگلىيەدە تۇنجى پارلامېنت چاقىرىلغان.
1265 ــ 1321 دانتې ئالگىرى.
1270 ــ ئەھلىسەلىپىنىڭ شەرققە سەككىزىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىشى.
1271 ــ 1368 جۇڭگو يۈەن سۇلالىسى دەۋرى.
1271 ــ 1295 ماركو پولو ياۋروپادىن جۇڭگوغا كەلگەن.
1274 ــ 1281 موڭغۇل قوشۇنى ياپونىيەگە تاجاۋۇز قىلغان.
1277 ــ 1280 بۇلغارىيەدىكى ئىۋايلو قوزغىلىڭى.
1280 ــ 1752 بىرما تونگو خاندانلىقى دەۋرى.
1282 ــ فىرانسىيەگە قارشى كۆتۈرۈلگەن پالېرمو قوزغىلىڭى (سىسىلىيەدىكى كەچلىك ئىبادەت قوزغىلىڭى).
1285 ــ 1314 فىرانسىيە پادىشاھى فىلىپ IV.
1291 ــ ئەھلىسەلىپ شەرقتىكى ئەڭ ئاخىرقى تايانچ پونكىتى ئاققىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان، شۋېتسارىيە

فېدېراتسىيەسى قۇرۇلغان.
1293 ــ فلورېنسا كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان.
1293 ــ 1478 ھىندونېزىيە مادجا پاھىت پادىشاھلىقى دەۋرى.
1294 ــ 1300 سۇكۇتايلىق لانموكا نخېن جۇڭگونى ئىككى قېتىم زىيارەت قىلغان.
1294 ــ 1304 ئىلىكخان خانلىقىنىڭ خانى قازانخان ئىسلاھات ئېلىپ بارغان.
1302 ــ فىرانسىيەدە ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنى ئېچىلغان.
1303 ــ 1307 ئىتالىيەدىكى دولكىنو قوزغىلىڭى.
1304 ــ 1374 ئىتالىيەلىك شائىر پېترارك.
1308 ــ 1378 پاپا «ئاۋىگنون مەھبۇسى».
1313 ــ 1375 ئىتالىيەلىك يازغۇچى بوكاسو.
1320 ــ 1384 ئەنگلىيەنىڭ دىنىي ئىسلاھاتچىسى جون ۋىكلىف.
1321 ــ 1414 ھىندىستان تۇغلۇق خانىدانلىقى دەۋرى.
1324 ــ ۋاللاخىيە كىنەزى باساراب I ئۆزىنى پۇتكۇل رومىنىيەنىڭ كىنەزى ۋە ھۆكۈمدارى دەپ ئاتىغان.
1325 ــ 1341 موسكۋا كىنەزى ئىۋان دانىلوۋىچ (ئىۋان كارىدا).
1326 ــ ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسى قۇرۇلغان.
1328 ــ موسكۋا كىنەزى ۋىلادىمىر كىنەزى دېگەن نامغا ئېرىشكەن.
1328 ــ 1589 فىرانسىيە ۋاررويا خانىدانلىقى دەۋرى.
1331 ــ 1355 سېربىيە پادىشاھى ستېفېن دۇشان.
1336 ــ 1573 ياپونىيە مۇرۇماچى باكۇفۇلۇقى دەۋرى.
1336 ــ 1392 ياپونىيەنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلىرى دەۋرى.

1337 ــ 1453  ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى 100 يىللىق ئۇرۇش.
1342 ــ 1349  ۋېنىتسىيە زېمىلوت قوزغىلىڭى.
1343 ــ ئەنگلىيە پارلامېنتى يۇقىرى ۋە تۆۋەن پالاتاغا ئايرىلغان.
1346 ــ ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ 100 يىللىق ئۇرۇشىدىكى كرېسى جېڭى.
1348 ــ چېخ پراگا ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغان.
1349 ــ سېربىيە «ستېفېن دۇشان قانۇنى» تۈزۈلگەن.
1350 ــ 1767  تايلاند ئايوتىيە سۇلالىسى دەۋرى.
1351 ــ 1363  جۇڭگو قىزىل ياغلىقلىقلار قوزغىلىڭى.
1354 ــ تۈركىيە شەرقىي جەنۇبى ياۋروپاغا ھۇجۇم قىلغان.
1356 ــ گېرمانىيەدە «ئالتۇن تامغىلىق يارلىق» ئېلان قىلىنغان، پوئىتىئېرس جېڭى (ئەنگلىيە فىرانسىيەنى مەغلۇپ قىلغان).
1356 ــ 1358  فىرانسىيە پارىژ ئېتىنىنى مارسېل قوزغىلىڭى.
1358 ــ فىرانسىيە «جاككۇس» قوزغىلىڭى.
1359 ــ 1389  تۈركىيە سۇلتانى مۇراد I .
1359 ــ مولداۋىيە كىنەزلىكى قۇرۇلغان.
1360 ــ ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە «برېتىگنى سۇلھى شەرتنامىسى» تۈزۈلگەن.
1364 ــ پولشا كراكوۋ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغان.
1368 ــ 1644  جۇڭگو مىڭ سۇلالىسى دەۋرى.
1369 ــ 1415  بوخېمىيەلىك دىنىي ئىسلاھاتچى يوھان خۇس
1370 ــ 1405  تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسى دەۋرى.
1371 ــ مارىچا دەرياسى جېڭى (تۈركىيە سېربىيە، بولغارىيە، رومىنىيە، ۋېنگرىيەلەرنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان).

1377 ـــ مادجاپاھىت پادىشاھلىقى سىرىۋىجايا دۆلىتىنى قوشۇۋالغان.
1378 ـــ فلورېنسادىكى يۇڭ تىتىش ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى (جەلدى ـ جەۋەڭلەر قوزغىلىڭى).
1378 ـــ 1417 رىم دىنىي جەمئىيىتى پارچىلانغان.
1378 ـــ 1468 ئىران قارا قويۇنلۇ خانىدانلىقى دەۋرى.
1378 ـــ 1502 ئىران ئاق قويۇنلۇ خانىدانلىقى دەۋرى.
1380 ـــ كولىكوۋ جېڭى (رۇسىيە ئالتۇن ئوردا خانلىقىنى مەغلۇپ قىلغان).
1381 ـــ ئەنگلىيەدىكى ۋات تەيلېر قوزغىلىڭى.
1385 ـــ پولشا بىلەن لىتىۋا بىرلەشكەن.
1388 ـــ كورىيەدىكى لى چېڭگۈي ھەربىي ئۆزگىرىشى.
1389 ـــ كوسوۋو جېڭى (تۈركىيە سېربىيە، رومىنىيە، بۇلغارىيە بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان).
1391 ـــ چاۋشيەندە «ئەمەل يېرى قانۇنى» يولغا قويۇلغان
1392 ـــ 1910 چاۋشيەن لى سۇلالىسى دەۋرى.
1396 ـــ نىكوپول جېڭى (تۈركىيە ۋېنگىرىيە، پولشا، چېخ ۋە فىرانسىيە، گېرمانىيە رىتسارلىرى بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان).
1397 ـــ كالمار ئىتتىپاقى (دانىيە، شۋېتسىيە، نورۋېگىيەلەرنىڭ دانىيە پادىشاھىنى ئورتاق پادىشاھ قىلىپ بېكىتكەن ئىتتىپاقى).
1398 ـــ 1399 تۆمۈر ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلغان.
1400 ـــ 1407 ۋېيتنام خۇ سۇلالىسى دەۋرى.
1402 ـــ ئەنقەرە جېڭى (تۆمۈر تۈركىيەنى مەغلۇپ قىلغان).
1403 ـــ 1468 ئالبانىيەلىك ئىسكەندەر بەگ.
1405 ـــ 1433 جېڭ خې يەتتە قېتىم غەربكە سەپەر قىلغان.

www.uyghurkitap.com

1410 — گرۇنۋارد جېڭى (پولشا، رۇسىيە، لىتۋا بىرلەشمە قوشۇنى تېئودون رىتسارلار پولكىنى مەغلۇپ قىلغان).
تەخمىنەن 1410 — 1431 فىرانسىيەنىڭ مىللىي قەھرىمانى جېنناد يارك.
1414 — 1418 كونستانس دىن يىغىنى.
1415 — پورتۇگالىيە سېۋتانى ئىشغال قىلغان.
1418 — ۋېيتنام لەنشەن قوزغىلىڭى.
1419 — 1434 چېختىكى خۇسچىلار ئۇرۇشى.
1428 — 1789 ۋېيتنام كېيىنكى لى سۇلالىسى دەۋرى.
1429 — ياپونىيە خارىما كوگۇسىدىكى (بەگلىكى) دېھقانلار قوزغىلىڭى، جېنناد يارك ئورلېئانىسنى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزغان.
1430 — ۋېيتنامدا «يەر تەڭشەش قانۇنى» يولغا قويۇلغان.
1434 — رىپان جېڭى (مۇقەددەس جامچىلار تابورچىلارنى مەغلۇپ قىلغان).
1434 — 1464 كوسمومېدىچى فلورېنسا ھاكىمىيىتىنى تىزگىنلىۋالغان.
1436 — گېرمانىيەلىك يوھان گۇدېنبېرگ ھەرپلىك مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغان.
1437 — 1438 رومىنىيەدىكى ترانسىلۋانىيە دېھقانلار قوزغىلىڭى.
1437 — 1806 گېرمانىيە خابسبۇرگ خانىدانلىقى دەۋرى.
1440 — 1442 مولداۋىيەدە دېھقانلار قوزغىلىڭى.
1440 — 1486 ئازتېك ئىمپېراتورى مونتېزۇما I .
1442 — چاۋشيەندە يامغۇر ئۆلچىگۈچ كەشىپ قىلىنغان.
1443 — 1479 ئالبانىيەدە تۈركىيەگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن.
1447 — ۋېيېتنام لائوسقا تاجاۋۇز قىلغان.
1450 — ئەنگلىيەدىكى جېك كادې قوزغىلىڭى.
1451 — 1526 ھىندىستان لودى خانىدانلىقى دەۋرى.

1452 ـــ 1519 ئىتالىيەلىك سەنئەتكار لېئوناردو داۋىنكى.
1453 ـــ تۈركىيە كونستانتىنوپولنى ئىشغال قىلغان، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى هالاك بولغان.
1454 ـــ پولشادا «يېسزاۋا نىزامى» ئېلان قىلىنغان.
1455 ـــ 1485 ئەنگلىيەدىكى ئەتىرگۇل ئۇرۇشى («قىزىل ۋە ئاق ئەتىرگۇل ئۇرۇشى»).
1456 ـــ بېلگراد ئۇرۇشى (رومىنىيە، ۋېنگرىيە، پولشا، چېخ ۋە گېرمانىيەنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى تۈركىيەنى مەغلۇپ قىلغان).
1457 ـــ 1504 مولداۋىيە كىنەزى ستېفان.
1459 ـــ تۈركىيە سېربىيەنى ئىستېلا قىلغان.
1460 ـــ 1497 ۋېيتنام كېيىنكى لى سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شېڭزۇڭ.
1462 ـــ 1497 كاتالونىيەدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى.
1462 ـــ 1505 رۇسىيە كىنەزى ئىۋان Ⅲ.
1466 ـــ 1472 رۇسىيەلىك نىكتىن دېڭىز ئارقىلىق ھىندىستانغا بارغان.
1467 ـــ 1536 نېدېرلاندىيەلىك گۇمانىزمچى ئېراسمو.
1467 ـــ 1573 ياپونىيە يېغىلىق دەۋرى.
1467 ـــ 1477 ياپونىيە «يىڭىنتو توپىلىڭى».
1469 ـــ 1492 فلورېنسادىكى لورېنزو مېدىچ دىكتاتۇرىسى.
1469 ـــ 1527 ئىتالىيەلىك سىياسىي مۇتەپەككۇر ۋە تارىخشۇناس نېكورو ماكىياۋېللى.
1470 ـــ ۋېيتنام لى سۇلالىسى جاپنۇنى يۇتۇۋالغان، لائوسنى ئىستېلا قىلغان.
1471 ـــ 1503 ئىنكا تۇپاك ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ئامېرىكا قىتئەسى بويىچە ئەڭ چوڭ دۆلەتكە ئايلانغان.
1473 ـــ 1543 پولشالىق ئاسترونوم نېكولاي كوپېرنىك.

www.uyghurkitap.com

1475 — ئېگىز كۆۋرۈك جېڭى (رومىنىيە تۈركىيەنى مەغلۇپ قىلغان).

1475 — 1564 ئىتالىيەلىك نەققاش ۋە رەسسام مىكېلانگېلو.

1476 — گېرمانىيەدىكى هانس بوهېيم قوزغىلىڭى.

1479 — تۈركىيە ئالبانىيەنى يۇتۇۋالغان، كاستېل بىلەن ئاراگون بىرلەشكەن، ۋۇ شىلىيەن «بۈيۈك ۋېيتنام تارىخىي قامۇسى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ پۈتكۈزگەن.

1480 — ياپونىيەدىكى كيوتو خەلقى قوزغىلىڭى، ئىسپانىيەدە دىنىي كېسىمخانا قۇرۇلغان، رۇسىيە موڭغۇللارنىڭ هۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغان.

1483 — 1548 گېرمانىيە دىنىي ئىسلاهاتچىسى مارتىن لۇتېر.

1483 — 1520 ئىتالىيەلىك رەسسام رافائېللو.

1485 — 1493 ياپونىيەدىكى ياماشىرو خەلقى قوزغىلىڭى

1485 — 1603 ئەنگلىيە تۇدۇر خانىدانلىقى دەۋرى.

1487 — ياپونىيە كاگا كوگوسىدا ئىككىشۇ مەزهىپى قوزغىلىڭى باشلانغان، پورتۇگالىيەلىك دىئاس ئۈمىد تۇمشۇقىغا بارغان.

1488 — 1523 گېرمانىيەلىك ئىنسانپەرۋەر ئۇلرىخ ۋون خوتتېن.

1489 — 1525 گېرمانىيەلىك مۇتەپەككۇر، دېهقانلار بىلەن ئاددىي پۇقرالارنىڭ رەهبىرى توماس مىيۇنزېر.

1490 — 1492 مولداۋىيەدىكى دېهقانلار قوزغىلىڭى.

1492 — كولومبو ئامېرىكا قىتئەسىگە بارغان، ئىسپانىيە گرانادانى قايتۇرۇۋالغان.

1493 — گېرمانىيەدىكى ئالساس «كەش جەمئىيىتى» هەرىكىتى.

1494 — ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيە «توردېسىللاس»

شەرتنامىسىنى تۈزگەن، «پاپا مىرىدىيانى» بەلگىلەنگەن.
1494 ـــ 1553 فىرانسىيەلىك ئەدىب فرانسوۋا رابىللائىس
1494 ـــ 1559 ئىتالىيە ئۇرۇشى.
1496 ـــ پولشادا يانچىلىق تۈزۈمنى كۈچەيتىدىغان «پېترو ـ كوۋ نىزامى» ئېلان قىلىنغان.
1498 ـــ پورتۇگالىيەلىك داگاما ھىندىستانغا بارغان، پادىشاھ يەن شەنجۈن دەۋرىدە، چاۋشيەدە مەزھەپلەر كۈرىشى يۈز بەرگەن («ئەھلى ئىلىملەر ئاپىتى»).
1499 ـــ 1504 ئىتالىيەلىك ئامېرىگو ۋېسپۇچ يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇقنى تەكشۈرگەن.
1499 ـــ شۋېتسىيە مۇستەقىل بولغان.
1500 ـــ پورتۇگالىيەلىك كابرال دېڭىز ئارقىلىق بىرازىلىيەگە بارغان.
1502 ـــ 1722 ئىران سافىيلار خانىدانلىقى دەۋرى.
1503 ـــ گېرمانىيە سىۋابىيە «نامرات كونرادلار» ئىنقىلابى تەشكىلاتى.
1509 ـــ پورتۇگالىيە دىيۇ ئارىلى ئەتراپىدا ئەرەب، تۈركىيە، ھىندىستان فىلوتىنى مەغلۇپ قىلغان.
1509 ـــ 1547 ئەنگلىيە پادىشاھى ھېنرى VIII .
1509 ـــ 1564 ياۋروپادىكى دىنىي ئىسلاھاتچى جون كالۋىن.
1510 ـــ ھىندىستاننىڭ گوئا شەھىرىنى پورتۇگالىيە ئىشغال قىلغان، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى خورتۇندۇ خەلقى پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى يوقاتقان.
1511 ـــ پورتۇگالىيە مالاككانى ئىشغال قىلغان، ئىسپانىيەلىكلەر كۇبانى بېسىۋالغان.
1511 ـــ 1512 كىچىك ياشار قۇلنىڭ تۈركىيەگە قارشى قوزغىلىشى.
1512 ـــ 1520 تۈركىيە سۇلتانى سېلىم I .

1513 ـــ 1521   پاپا لېئو X .
1514 ـــ 1594   ئاندىرىي ۋىسسارىيوس.
1514 ـــ ۋېنگىرىيەدىكى گېئورگىي دوسا قوزغىلىڭى.
1515 ـــ 1547   فىرانسىيە پادىشاھى فىرانكىس I .
1516 ـــ توماس مورنىڭ «ئۇتوپىيە» ناملىق ئەسىرى نەشىر قىلىنغان.
1517 ـــ قاھىرە جېڭى (تۈركىيە مىسىر مەملۇكىيلەر خانىدانلىقىنى يوقاتقان).
1519 ـــ تۈركىيەدىكى جېرال قوزغىلىڭى.
1519 ـــ 1521   ئىسپانىيەلىك مۇستەملىكچى كورتېس مېكسىكىغا تاجاۋۇز قىلغان.
1519 ـــ 1522   پورتۇگالىيەلىك كولومبو يەر شارىنى ئايلىنىپ چىققان.
1519 ـــ 1556   گېرمانىيە ئىمپېراتورى چارلېز V (ئىسپانىيە پادىشاھى چارلېز I ).
1520 ـــ 1521   مېكسىكىلىق ستېكلارنىڭ ئىسپانىيەگە قارشى قوزغىلىڭى، ئىسپانىيە شەھەر كوممۇنالىرى قوزغىلىڭى
1521 ـــ ئىسپانىيە تاۋاررې پادىشاھلىقىنى قوشۇۋېلىپ بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تاماملىدى.
1522 ـــ 1523   گېرمانىيە رىتسارلىرى قوزغىلىڭى.
1523 ـــ شۋېتسىيە «كالمار ئىتتىپاقى» دىن چېكىنىپ چىقىپ مۇستەقىل بولغان.
1524 ـــ 1526   گېرمانىيە دېھقانلار ئۇرۇشى.
1526 ـــ موخاچ جېڭى (تۈركىيە ۋېنگىرىيە بىلەن چېخنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان).
1526 ـــ 1857   ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيەسى دەۋرى.
1527 ـــ ۋېنېتسىيانىڭ «جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلىرى» دەۋرى، گېرمانىيە ئىمپېراتورى چارلېز V قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ رىمنى تالان ـ تاراج قىلغان.

1529 ــ ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيە «سادا كوزا شەرتنامىسى» نى قايتا ئىمزالاپ، مولۇككا تاقىم ئاراللىرىنىڭ مەنسۇبىيىتىنى بەلگىلەپ، مۇستەملىكە دائىرىسىنى قايتا بېكىتكەن.

1531 ــ 1533 ئىسپانىيەلىك پىزاررو پېروغا تاجاۋۇز قىلغان.

1531 ــ 1550 بىرما پادىشاھى تابىنشۋېختى.

1531 ــ 1752 بىرما تونگو سۇلالىسى دەۋرى.

1533 ــ 1584 رۇسىيە چارپادىشاھى ئىۋان IV.

1534 ــ تۈركىيە باغداد بىلەن مېسوپوتامىيەنى ئىشغال قىلغان، ئەنگلىيە پارلامېنتى «ئەڭ ئالىي قانۇن لايىھەسى» نى ئېلان قىلغان، دىنىي ئىسلاھات باشلانغان.

1536 ــ ئىسپانىيە چىلىغا تاجاۋۇز قىلغان، شۋېتسىيەدە كالۋىن دىنىي ئىسلاھاتقا رەھبەرلىك قىلغاندا فرانسىيە ـ تۈركىيە ئىتتىپاقى قۇرۇلغان، ئىنكا خان جەمەتى ئەزاسى مانكا ئىسپانىيەگە قارشى قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلغان.

1538 ــ ئىسپانىيە كولومبىيەنى ئىستىلا قىلغان، گېرمانىيە ئىمپېراتورى، پاپا ۋە ۋېنېتسىيە تۈركىيەگە قارشى مۇقەددەس ئىتتىپاق تۈزگەن.

1539 ــ 1540 نېدېرلاندىيە گېنت قوزغىلىڭى.

1539 ــ 1542 پارىژ لىئون مەتبەئە ئىشچىلىرى ئىش تاشلىغان.

1543 ــ كوپېرنىكنىڭ «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرى دۇنياغا كەلگەن.

1547 ــ ئىۋان IV چار پادىشاھ دەپ ئاتالغان.

1547 ــ 1616 ئىسپانىيەلىك يازغۇچى سېرۋانتېس.

1548 ــ 1600 ئىتالىيەلىك مۇتەپەككۇر جوردانو برونو.

1549 ــ ئىسپانىيە ئارگېنتىنانى ئىستىلا قىلغان، ئەنگلىيەدىكى روبېرت كېت قوزغىلىڭى.

1550 ــ رۇسىيە قانۇن تۈزۈپ، قانۇنلارنى بىرلىككە

كەلتۈرگەن.

1552 — رۇسىيە قازاننى ئىشغال قىلغان.

1553 — 1558 چىلىدىكى لاۋتارو رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭ.

1555 — تۈركىيە بىلەن ئىران سۈلھى شەرتنامىسى
ئىمزالىنغان، ئاۋگسبۇرگ دىنىي سۈلھى شەرتنامىسى تۈزۈلگەن.

1555 — 1566 چى چىڭۋاڭ ياپونىيە قاراقچىلىرىنى
تىنچىتقان.

1556 — رۇسىيە ئاستراخاننى بېسىۋالغان.

1556 — 1598 ئىسپانىيە پادىشاھى II .

1556 — 1605 ھىندىستان موغۇل خانىدانلىقىنىڭ
پادىشاھى ئەكبەر.

1557 — ئاۋمېننى پورتۇگالىيە بېسىۋالغان، رۇسىيە
كاۋكازنى ئىستېلا قىلىشنى باشلىغان.

1558 — 1603 ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ئېلىزابېت.

1558 — 1583 لىۋونىيە ئۇرۇشى.

1561 — 1626 ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ فرانكوس بېكون.

1562 — 1594 فىرانسىيە خۇگېنو ئۇرۇشى.

1564 — 1616 ئەنگلىيەلىك دىراماتورگ، شائىر
شېكىسپېر.

1564 — 1642 ئىتالىيەلىك ئالىم گالىلې.

1565 — ئانگولانىڭ ئايال پادىشاھى ئاننا زىنگا
پورتۇگالىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ
تاشلىغان.

1565 — 1571 ئىسپانىيە فىلىپپىننى ئىشغال قىلغان.

1566 — 1609 نىدىرلاندىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى.

1568 — 1639 ئىتالىيەلىك خىيالىي سوتسىيالىزمچى
كامپانېللا.

1569 — ھىندىستاننىڭ كونگالى باشچىلىقىدىكى فىلوتى
پورتۇگالىيەنىڭ دېڭىز ئارمىيەسىنى تارمار قىلغان، پولشا

بىلەن لىتۋا بىرلىشىپ لۇبلىن ئىتتىپاقىنى قۇرغان.
1571 ــ لېپانتو دېڭىز ئۇرۇشى (ئىسپانىيە، ۋېنىتسىيە بىرلەشمە فىلوتى تۈركىيە فىلوتىنى مەغلۇپ قىلغان).
1571 ــ 1630 گېرمانىيەلىك ئاسترونوم يوھان كېپلېر.
1571 ــ 1572 ئىراندىكى تەبرىز خەلقى قوزغىلىڭى.
1572 ــ نېدېرلاندىيە دېڭىز پارتىزانلىرى برئېلنى ئىشغال قىلغان.
1574 ــ 1582 ياپونىيەگە ئوتانوبۇ ناگا ھۆكۈمرانلىق قىلغان.
1578 ــ 1657 تەجرىبە فىزىئولوگىيەسىنىڭ پېشۋاسى ئەنگلىيەلىك ۋىللىيام خارۋې.
1578 ــ ماخازىن دەرياسى جېڭىدە ماراكەش (سائادىيلار خانىدانلىقى) پورتۇگالىيەنى مەغلۇپ قىلغان.
1580 ــ ئىسپانىيە لىسبوئانى بېسىۋېلىپ، پورتۇگالىيەنى قوشۇۋالغان.
1581 ــ نېدېرلاندىيەنىڭ شىمالىدا ئۆلكىلەر بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتى (يەنى گوللاندىيە) قۇرۇلغان.
1581 ــ 1584 سىبىرىيە خانلىقى رۇسىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنىغا زەربە بېرىپ غەلىبە قىلغان.
1582 ــ 1598 ياپونىيەگە تويوتومى خىدېيوشى ھۆكۈمرانلىق قىلغان.
1585 ــ ئاراگون دېھقانلار قوزغىلىڭى.
1586 ــ فىرانسىيەدىكى نورماندىيە دېھقانلار قوزغىلىڭى.
1587 ــ 1629 ئىران پادىشاھى ئابباس I.
1588 ــ ئەنگلىيە ئىسپانىيەنىڭ «تەڭداشسىز فلوتى» نى تارمار قىلغان.
1589 ــ 1792 فىرانسىيە بوربون خانىدانلىقى دەۋرى.
1591 ــ مولداۋىيە دېھقانلار قوزغىلىڭى.
1592 ــ 1598 رېنچېن ئۇرۇشى (كورىيە بىلەن جۇڭگو

ياپونىيەنى مەغلۇپ قىلغان).
1592 ـــ 1670 چېخ پېداگوگى جان ئاموس كومېنسكى.
1593 ـــ 1596 فىرانسىيە «كلوكان» قوزغىلىڭى.
1593 ـــ 1606 ئاۋستىرىيە ـ تۈركىيە ئۇرۇشى (ئاۋستىرىيە غەلىبە قىلغان).
1596 ـــ 1603 تۈركىيە سۇلتانى مۇھەممەد Ⅲ .
1596 ـــ 1650 فىرانسىيەلىك پەيلاسوپ، تەبىئىي پەن ئالىمى رېناي دېسكار تېس (ئەسكەرتىش: ئىلگىرى دېكارت دەپ ئېلىنغان).
1598 ـــ چاررۇسىيە سىبىرىيە خانلىقىنى يوقتۇۋالغان.
1599 ـــ 1603 تۈركىيەدىكى ئاناتولىيە دېھقانلار قوزغىلىڭى.
1600 ـــ ئەنگلىيەنىڭ «شەرقىي ھىندىستان» شىركىتى قۇرۇلغان.
1602 ـــ گوللاندىيەنىڭ «شەرقىي ھىندىستان» شىركىتى قۇرۇلغان.
1603 ـــ 1625 ئەنگلىيە ستۇئارت خانىدانلىقىنىڭ پادىشاھى جامېس I .
1603 ـــ 1867 ياپونىيە توكو گاۋايشو.
1604 ـــ فىرانسىيەنىڭ «شەرقىي ھىندىستان» شىركىتى قۇرۇلغان.
1606 ـــ 1607 رۇسىيەدىكى بولوتنىكوف قوزغىلىڭى.
1606 ـــ 1669 گوللاندىيەلىك رەسسام رېمبراند.
1608 ـــ گېرمانىيەلىك پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىنەزلەرنىڭ «پروتېستانت ئىتتىپاقى» («ئىنجىل ئىتتىپاقى») قۇرۇلغان.
1609 ـــ گېرمانىيەلىك كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىنەزلەرنىڭ «كاتولىك ئىتتىپاقى» قۇرۇلغان. ئىسپانىيە مورىسكولارنى قوغلاپ چىقارغان.

1613 ــ 1917 رۇسىيە رومانوف خاندانلىقى دەۋرى.
1614 ــ فىرانسىيەدە «ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنى» تارقىتىۋېتىلگەن.
1615 ــ ياپونىيەدە «سامۇرايلار مىزانى» ئېلان قىلىنغان.
1618 ــ ئەنگلىيە ـ گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى سىئامنى تالىشىپ ئۇرۇش قىلغان.
1618 ــ 1648 ياۋروپادىكى 30 يىللىق ئۇرۇش.
1619 ــ گوللاندىيە جاكارتانى بېسىۋېلىپ، نامىنى باتاۋىيەگە ئۆزگەرتكەن.
1621 ــ گوللاندىيەنىڭ «غەربىي ھىندىستان» شىركىتى قۇرۇلغان.
1624 ــ 1642 فىرانسىيەنىڭ باش ۋەزىرى رىچېلىيۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان.
1624 ــ گوللاندىيە تەيۋەننى بېسىۋالغان.
1625 ــ ئەنگلىيە، گوللاندىيە، دانىيە خابىسبۇرگ خاندانلىقىغا قارشى ئىتتىپاق تۈزگەن.
1627 ــ 1691 ئەنگلىيەنىڭ خىمىيە ۋە فىزىكا ئالىمى بويلې.
1628 ــ 1645 جۇڭگودىكى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى.
1630 ــ شەرقىي ئافرىقىدىكى ئەرەب خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى قوغلاپ چىقارغان
1630 ــ 1677 گوللاندىيەلىك پەيلاسوپ بېئېدىكت سپىنوزا.
1632 ــ چاررۇسىيەنىڭ ياكۇتسك تاجاۋۇزچىلىق تايانچ پونكىتى قۇرۇلغان.
1637 ــ 1638 ياپونىيەدىكى شىمابارا دېھقانلار قوزغىلىڭى.
1639 ــ ياپونىيەدە «دۆلەت دەرۋازىسىنى تاقاش پەرمانى» ئېلان قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com

1640 — پورتۇگالىيە مۇستەقىل بولغان.

1643 — چارروسىيە خېيلۇڭجياڭ دەرياسى ئەتراپلىرىغا تاجاۋۇز قىلغان.

1644 — 1911 جۇڭگو چىڭ سۇلالىسى دەۋرى.

1648 — «ۋېستفالىيە سۇلھى شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ، 30 يىللىق ئۇرۇش ئاخىرلاشقان، ئۇكرائىنا خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، روسىيە «قاچقۇن يانچىلارنى مۇددەتسىز قوغلاپ تۇتۇش قانۇنى» نى ئېلان قىلغان.

1654 — روسىيە ئۇكرائىنانى قايتا قوشۇۋالغان.

1658 — سۇڭخۇاجياڭ - مۇدەنجياڭ ئۇرۇشى (جۇڭگو ئارمىيە ۋە خەلقى چارروسىيەنى مەغلۇپ قىلغان).

1659 — ئىسپانىيە بىلەن فىرانسىيە «پىرىنېئوس سۇلھى شەرتنامىسى»نى تۈزگەن.

1662 — جېڭ چېڭگوڭ تەيۋەننى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قايتۇرۇۋالغان.

1665 — باخەي جېڭى (جۇڭگو چارروسىيەنى مەغلۇپ قىلغان).

1667 — «روسىيە - پولشا ئاندروسوۋ ئۇرۇش توختىتىش شەرتنامىسى» تۈزۈلگەن.

1667 — 1671 روسىيەدىكى ستېپان رازىن قوزغىلىڭى.

1689 — «جۇڭگو - روسىيە نېرچىنسكىي شەرتنامىسى» ئىمزالانغان.

بۇ كىتاب خەلق نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاي 7 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据人民出版社1997年4月第1版，2001年7月第7次印刷本翻译出版。

# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

## (ئوتتۇرا ئەسىر قىسمى)

---

**تۈزگۈچى:** ليۇ مىڭخەن
**تەرجىمە قىلغۇچىلار:** يىمىت ئېلى، سانىيە قەمبەر، گۈلزار نىياز
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** رەيھانگۈل قۇربان
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ئايگۈل سابىت
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ياسىن زايىموف
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991 - 2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا خۇالوڭ باسمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 37
**نەشرى:** 2011 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2011 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 — 3000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 14237 - 8
**باھاسى:** 90.00 يۈەن

---